مۇھەممەتجان سادىق

# گۈمبەزلىك قەبرىنىڭ سىرى



شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

گۈمبەزلىك قەبرىنىڭ سىرى

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى


مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

گۈمبەزلىك قەبرىنىڭ سىرى

ISBN 978-7-5371-5428-4

باھاسى: 30.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

مۇھەممەتجان سادىق

# گۈمبەزلىك قەبرىنىڭ سىرى

( تارىخىي رومان )

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: نىجات مۇخلىس
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

# گۈمبەزلىك قەبرىنىڭ سىرى

(تارىخىي رومان)

**ئاپتورى: مۇھەممەتجان سادىق**

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 ـ كوچا، 1 ـ قورۇ، پ: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ جىڭبەن باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 18
2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىل 9 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
ISBN978—7—5371—5428—4
باھاسى: 30.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز



مۇھەممەتجان سادىق

كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە خەلپەم بۇزۇرۇكۋار قەبرىستانلىقى .................. 1

بىرىنچى باب جاڭجۇن مەھكىمىسىدىكى يىغىن ............... 13

ئىككىنچى باب مەزەمزات ھېكىمبەگ ..................... 49

ئۈچىنچى باب ئەخمەتخان خوجىنىڭ چۈشى ................ 83

تۆتىنچى باب «مېنىڭ دەيدىغىنىم شۇ» .................... 114

بەشىنچى باب بىلالنىڭ مۇخەممىسى ...................... 147

ئالتىنچى باب ئۈزراخانىنىڭ كۆز يېشى .................... 177

يەتتىنچى باب قوزغىلاڭچىلارنىڭ بەش ۋەكىلى ............. 208

سەككىزىنچى باب «باھادىر ئاتالدى بۇ جەڭدە ئەمىر» ... 241

توققۇزىنچى باب قازىكالان كەتتى ھوشىدىن ............. 287

ئونىنچى باب باياندىي قەلئەسىنىڭ ئېلىنىشى ........... 324

ئون بىرىنچى باب مۇبارەك تېنى بولدى قىزىل قان ...... 363

ئون ئىككىنچى باب چەڭزىگە سانجىلغان باش ........... 400

ئون ئۈچىنچى باب «ئوتتۇز ئالتە كۈن پوچى بولدى سىپاھ» ........................................ 431

ئون تۆتىنچى باب كۈرەنىڭ ئېلىنىشى ................. 461

ئون بەشىنچى باب ئاخۇنۇم بىلەن سىڭار كۆزنىڭ تەقدىرى ........ 499

خاتىمە ئىش ئىلكىمىزدىن كېتىپتىكەن — دە ........... 555

uyghurkitap.com
Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No:7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

## مۇقەددىمە

# خەلپەم بۇزرۇكۋار قەبرىستانلىقى

1970 - يىلنىڭ ياز پەسلى يېڭىدىن باشلىنىۋاتاتتى . كۆكۈچ ئاسماندا ئالىقانچىلىك بۇلۇتمۇ كۆرۈنمەيتتى . ئالتۇن قۇياش كۈنچىقىش ئۇپۇقىدىن خىلىلا ئېگىز ئۆرلەپ ، گويا يېڭىدىن كۆرۈۋاتقاندەك ئوتلۇق ھاياجان ئىچىدە گۈزەل ئىلى ۋادىسىغا تويماي قارايتتى .

مەن ئىككى تەرىپى ئاق تېرەكلىك كوچىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى پىيادىلەر يولىدا كۈنگەيدىن تەسكەيگە قاراپ كېتىۋاتاتتىم . قۇلىقىمغا كوچىنىڭ ھويلىلار تەرىپىدىكى ئون نەچچە يىللىق ئاق تېرەكلەر قاتار تۇرغان ئېرىقىدا ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى . ئۇچرىغان تونۇش - بىلىشلەر بىلەن سالاملىشىپ ، يولۇمنى توختىماي داۋام قىلاتتىم . بەزى يەرلىرىگە سۇ سېپىلگەن ، بەزى يەرلىرىگە سۇ سېپىلمىگەن ئانچە كەڭ بولمىغان چوڭ يولدا ماشىنىلار ، خادىك ھارۋىلار ۋە ئېشەك ھارۋىلىرى ئۈزۈلمەي كېتىپ باراتتى . سۇ سېپىلمىگەن يەرلەردىن توپا - چاڭ ئۆرلەيتتى . گاھىدا ماشىنىنىڭ تويۇقسىز سىگنالى قۇلىقىم تۈۋىدە دەھشەتلىك ياڭراپ ، مېنى ئىختىيارسىز قاراشقا مەجبۇر قىلاتتى . كۆزلىرى چەكچەيگەن شوپۇر يول بەرمىگەن ئېشەك ھارۋىسىنىڭ ئىگىسىدىن ئاچچىقلىنىپ توختىماي سىگنال ياڭرىتاتتى . ھودۇقۇپ كەتكەن بىچارە ھارۋىكەش ئۆزىگە بويسۇنمىغان جاھىل ئېشىكىنى ھەدەپ

ئۆرۈپ ـ تىللايتتى...
مانا ، دۆڭگىمۇ يېتىپ كەلدىم . دۆڭمەھەللىدىن باشلىنىپ خەنزۇ بازىرىغا بارىدىغان چوڭ يول مۇشۇ دۆڭدىن سايغا چۈشەتتى . مەن كەلگەن كوچا چوڭ يولغا كىلىپ قوشۇلۇپ كېتەتتى . خېلىلا چوڭ ۋە كەڭ سايغا چۈشكەن يول كۈنگەي تەرەپتىكى تۈگمەندىن چىقىدىغان بىر ئۆستەڭ سۇنىڭ ئۆستىگە سېلىنغان ياغاچ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ ، كۈنچىقىش تەرەپكە سوزۇلاتتى . ئاستىدىن كۆپۈكلىنىپ چىقىۋاتقان ئۆستەڭ سۈيىنىڭ ئۈستىدىكى ياغاچ تۈگمەننىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى يولدىن ئۆتۈۋاتقانلارغا ئېنىق ئاڭلىناتتى . بۇ سۇ توختىماي تەسكەيگە قاراپ ئېقىپ ، سايغۇشقا بېرىپ ئاندىن ئىلى دەرياسىغا قۇيۇلاتتى .

ياغاچ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ ، يولنىڭ تەسكەي چېتى بىلەن ماڭدىم . كۆۋرۈكتىن ئۆتكەن يول ئىككى تەرىپى ئانچە ئېگىز بولمىغان تۆپىلىكنىڭ ئارىسى بىلەن بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئېگىزلىككە ئۆرلەيتتى . مەن يولنىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى تۆپىلىكتىن باشلانغان كونا ، شورلۇق سوقما تاملارغا تىكىلىپ خىيال ئىچىدە يولۇمنى داۋام قىلدىم . بۇ ئانچە ئېگىز بولمىغان تاملارنىڭ ئۇ تەرىپىدە خەلپەم بۇزرۇكۋار مازىرى بولۇپ ، يۈز نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە ئىدى .

19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئارائۆستەڭلىك خۇداقۇلى خەلپەم غۇلجا شەھىرىدە سوپىلىق ـ ئىشانلىقنىڭ بولمىغانلىقىنى ئەيىبلەپ ، بەدەخشانلىق ئىشانشاھ ئەۋلىيانى غۇلجا شەھىرىگە ئالدۇرۇشنى تەكلىپ قىلدى . بۇ چاغدا ئىلىنىڭ ھاكىمبېگى خۇشىنىزات گۇڭ بولۇپ ، خۇداقۇلى خەلپەم بىلەن قۇدا ئىدى . ئۇ خۇداقۇلى خەلپەمنىڭ قىزىنى ئوغلى خالزاتخانغا ئېلىپ بەرگەنىدى . خۇشىنىزات ھېكىم ھۆرمەتلىك قۇدىسىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلالماي ، نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئىلىنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن تەشكىللەنگەن ئەلچىلەر ئۆمىكىنى بەدەخشانغا ئەۋەتتى . بۇ ئۆمەك «يول ئازابى — گۆر ئازابى» دېگەن ئازاب — ئوقۇبەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ ، ئۇزۇن يول بېسىپ ، بەدەخشانغا يېتىپ كېلىپ ، ئىشانشاھ ئەۋلىيا بىلەن كۆرۈشتى . بىراق ئىشانشاھ ئەۋلىيا : مۇرىت ـ تالىپلىرىنىڭ نۇرغۇنلۇقىنى ، ئۇلارنى تاشلاپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، غۇلجىغا بارالمايدىغانلىقىنى ئوچۇق بىلدۈردى . ئەۋلىيا : «سىلەر ئۇزاق يوللارنى بېسىپ كەپسىلەر ، سىلەرنى شۇنداقلا قايتۇرۇۋەتسەم ياخشى بولماس ! گادامۇھەممەد ئىسىملىك بىر شاگىرتىم ئىلى تەرەپكە تىجارەت بىلەن كېتىۋىدى . مەن ئۇنىڭغا قارىتىپ خەت يېزىپ بېرەي ، ئۇ مېنىڭ ئورنۇمدا ئىلىدا سوپى ـ ئىشانلىقنى يولغا قويسۇن» دېدى . ئۈمىدسىزلىكتە تەمتىرىگەن ئەلچىلەر ئىشانشاھنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى بىلەن يەنە خۇشاللىق گۈلىستانىغا قايتتى . بەدەخشانلىق ئەۋلىيانىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ قايتقان ئىلىلىق مۆتىۋەرلەر غۇلجىغا كېلىپ ، گادامۇھەممەدنى كۈرەدىن تېپىپ ، ئۇستازى ئىشانشاھ ئەۋلىيانىڭ خېتىنى بەردى . لېكىن ، گادامۇھەممەد : «پىرىم كېلىپ ، بۇ ئىشنى باشلاپ بەرمىسە ، مەن باشلىيالمايمەن !» دەپ تۇرۇۋالدى . ئەلچىلەر يەنە يولغا چىقىپ ، بەدەخشانغا بېرىپ ، ئىشانشاھ ئەۋلىيانى گادامۇھەممەد دېگەندەك ، غۇلجىدا سوپى ـ ئىشانلىقنى باشلاپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى . سوپى ـ ئىشانلىقنىڭ مەشھۇر پىرى ئىلىلىقلارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ ، ئەلچىلەر بىلەن بىللە قەشقەر ئارقىلىق غۇلجىغا كەلدى...

مەن چۆچۈگەندەك خىيال لەگلىكىمنى يىغىپ ، تەسكەي تەرەپتىكى تاملارغا قاراپ كەلگەن ئورنۇمدا توختىدىم . مېنى چۆچۈتكەن ئوي توغرا چىقتى . مەن قەبرىستانلىققا كىرىدىغان چوڭ شورىدىن خېلىلا يىراقلاپ كەتكەنىدىم . كەينىمگە يېنىپ بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن ، قەبرىستانلىققا كىرىدىغان شورىنىڭ

يېنىغا كەلدىم . شورىدىن يېنىغا ئاتلاپ ئۆتۈپ ، قەبرىستانلىققا كىرىپ ، ئىگىزرەك بىر تۆپىلىككە چىقىپ ، قەبرىستانلىققا تىكىلدىم .

1970 - يىلى غۇلجا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى خەلپەم بۇزرۇكۋار قەبرىستانلىقىنى قارادۆڭ قەبرىستانلىقىغا يۆتكەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى . شۇ كۈنلەردە بۇ جىمجىت قەبرىستانلىقنىڭ ئۇيقۇسى بۇزۇلۇپ ، قەبرىلەر بىر - بىرلەپ ئېچىلىۋاتاتتى . ئېچىلغان قەبرىلەردىكى سۆڭەكلەرنى ئاق خالتىلارغا سېلىپ ، ئىگىلىرىنىڭ ھەقدارلىقىدا قارادۆڭ قەبرىستانلىقىغا قايتىدىن دەپنە قىلىنىۋاتاتتى .

قۇلىقىمغا يىراقتىن كېلىۋاتقان يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى . بەلكىم ، ئۇ يەردە ئاتىسى ، ئانىسىنىڭ سۆڭىكىنى كۆرگەن سادىق پەرزەنتلەر ، ئاكا - ئىنى ، ھەدە - سىڭلىسىنىڭ سۆڭىكىنى كۆرگەن قېرىنداشلار ، ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ سۆڭىكىنى كۆرگەن ئاتا - ئانىلار يەنە بىر ھازا ئېچىپ يىغلاۋاتقاندۇر ؟ ! بۇ يىغا ئۆلگۈچىگە بولغان بىر خىل ھۆرمەت ۋە مېھىر - مۇھەببەتنىڭ ئىپادىسى ئەمەسمۇ ؟ ! يىغلاۋاتقانلارنىڭ كۆزلىرىگە ئۆلگۈچىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى سىيماسى كېلىپ ، يادىغا ئۇ توغرۇلۇق ئاجايىپ خاتىرىلەرنى كەلتۈرگەنلىكى تەبىئىيغۇ ؟ ! ئەسلەش ، يادلاشمۇ ئۆلگەنلەرنىڭ روھىغا ئەڭ كاتتا نەزىر بولىدىغۇ ! ؟...

مەن تېخىچىلا تۆپىلىك ئۈستىدە تۇرۇپ قەبرىلىرى ئېچىلىۋاتقان قەبرىستانلىققا قارايتتىم . ھەممىلا يەردە قەبرىلەر ئېچىلىۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ يېنىدا ئەر - ئاياللارنىڭ بەزىلىرى ئۆزئارا پاراڭلىشىپ ، بەزىلىرى جىمجىت قاراپ تۇراتتى . ئېچىلىۋاتقان قەبرىلەردىن توپا - چاڭ كۆتۈرۈلەتتى . مەن بايا ئۈزۈلۈپ قالغان خىيالىمنى يادىمغا ئېلىپ ، يەنە خىيال سۈرۈشكە باشلىدىم :

بەدەخشانلىق ئىشانشاھ ئەۋلىيا غۇلجىدا كاتتا داغدۇغا بىلەن

www.uyghurkitap.com

قىزغىن قارشى ئېلىندى. مەمىيار يېزىسىنىڭ يۈزبېگى مۇھەممەديار[1] ئىشانشاھ ئەۋلىياغا قول بېرىپ، شەھەر ئىچىدىكى چوڭ باغلىق قورۇسىنى خانىقا قىلىشقا تەقدىم قىلدى. بۇ كاتتا باغلىق قورۇ سۇدەرۋازىنىڭ ناغىرچىغا كېتىدىغان ئۆستەڭلىك كوچىنىڭ باش تەرىپىدە بولۇپ، يوغان ئىككى قاناتلىق دەرۋازىسى جەنۇبقا قاراپ تۇراتتى. بەدەخشانلىق ئەۋلىيا غۇلجىدا ئۈچ ئاي تۇرۇپ، خانىقا قۇرۇپ، گادامۇھەممەدنى خەلپەم قىلىپ تەيىنلەپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەتتى. يىللار ئۆتۈپ گادامۇھەممەد خەلپەم بۇرنىغا ئۆلۈم پۇرايدىغان بولۇپ قالغاندا، ئۆزىنى خانىقانىڭ غەربىي تەرىپىدىكى كەڭ دالىنى قەبرىستانلىق قىلىپ شۇ يەرگە دەپنە قىلىشنى ۋەسىيەت قىلدى. 1818 - يىلى گادامۇھەممەد خەلپەم ۋاپات بولدى، ۋەسىيىتى بويىچە جەسىتى ئۆزى دېگەن يەرگە دەپنە قىلىندى. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ، خەلپەم كۆرسەتكەن ئاق يەردە قەبرىستانلىق پەيدا بولۇپ، خەلپەم بۇزرۇكۋار مازىرى ياكى خەلپەم بۇزرۇكۋار قەبرىستانلىقى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

قەبرىستانلىقنىڭ شىمال تەرىپى دۆڭمەھەللىدىن خەنزۇ بازىرىغا بارىدىغان يولنىڭ چېتىگە؛ شەرق تەرىپى بېدە بازىرىغىچە، جەنۇب تەرىپى خانىقا بار كوچىغىچە، غەرب تەرىپى بايا مەن ئۆتكەن ساينىڭ شەرق تەرىپىدىكى قىرغاققىچە سوزۇلاتتى. بۇ چوڭ قەبرىستانلىقنى ئىككى هارۋا بىمال ئۆتۈشەلەيدىغان توپىلىق كوچا ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلەتتى. ئۇنىڭ شەرق تەرىپى شەرقىي قەبرىستانلىق، غەرب تەرىپى غەربىي قەبرىستانلىق دەپ ئاتىلاتتى. بۇ قەبرىستانلىقنى ئىككىگە بۆلۈپ تۇرغان كوچىنىڭ ئىككى يېنىدا ئاجايىپ يوغان قارىياغاچ ۋە ئاق تېرەكلەر بولۇپ، كەچتە قارا قاغىلارنىڭ قاقىلدىشىدىن ئىككى

---

[1] مۇھەممەديار يۈزبېگىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان يېزىنىڭ ئىسمى بارا - بارا ئۆزگىرىپ مەمىيار بولۇپ قالغان.

تەرەپتىكى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇ دەرگاھىنىڭ ئىغىر جىمجىتلىقى بۇزۇلاتتى. بۇ كوچا خانىقا بار كوچىغا چىقاتتى.

مەن تۆپىلىكتىن چۈشۈپ ئالدىمغا قاراپ ماڭدىم.

«بۇ قەبرىستانلىقنىڭ تارىخىنى گادامۇھەممەد خەلپەم ۋاپات بولغان 1818 - يىلىدىن باشلىساق ھازىرغىچە بىرىيۈزئەللىك ئىككى يىل ئۆتۈپتۇ!» دېدىم، گۆرلۈكى ئېچىلىپ سۆڭىكى ئەكېتىلگەن، تېخى ئېچىلمىغان قەبرىلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ.

مەن چۇچۇمەل ھەم تارقىتىۋاتقان شىۋاقلار ئارىسىدا كېتىۋېتىپ، كۆڭلۈمگە كەلگەن بىر پىكىرنى ئويلىنىپ قالدىم: بۇ قەبرىلەر ئىلىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنى ئۆز ئىچىدە ساقلاپ كېلىۋاتقان مۇزېيلار ئەمەسمىدى؟! بۇ خىيالىمدىن تومۇرلىرىمدا ئېقىۋاتقان قانلىرىم ئۇيۇپ، يۈرىكىم توختاپ قالغاندەك بىر ھالەتتە كەلگەن ئورنۇمدا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. ئاستا - ئاستا ئېسىمنى يىغىپ، مۇشۇ قەبرىستانلىق پەيدا بولغاندىن كېيىنكى ئىلىدا بولۇپ ئۆتكەن تارىخىي ۋەقەلەرنى بىر - بىرلەپ ئەسلەشكە باشلىدىم. مېنىڭ كۆز ئالدىمدىن خۇددى كىنو سۈرەتلىرىدەك ھەمرا ۋە ئانارخاندەك ئاشىق - مەشۇقلار، روزى تەمبۇردەك ئاتاقلىق ناخشىچى، مۇقامچىلار، «غەزەلىيات»، «غازات دەرمۇلكى چىن» دەك نادىر ئەسەرلەرنى ياراتقان موللا بىلال نازىمدەك شائىرلار، مايىمخاندەك ئەلنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن جان پىدا قىلغان ئاياللار، ئىلى دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ سادىردەك باتۇرلىرى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قەھرىمانلىرى بىر - بىرلەپ ئۆتتى؛ ئۇلار مېنىڭ ئالدىمدىن: «بىز ئۆلمىدۇق، بىز ھايات!» دەپ توۋلاپ ئۆتەتتى، ئۇلار ئۆلمىدى! ئۇلار مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ! تارىخ كۆمۈلگەن قەبرىلەر قارادۆڭگە يۆتكەلسىمۇ، تارىخ يەنىلا يوقالمايدۇ! يۈرەكلەردىكى تارىخ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ!...

مەن بىردەم تۇرۇۋېلىپ، يەنە خىيالىمنى داۋام قىلدىم: «بۇ قەبرىستانلىقتا يەنە مەزەمزات، ئەخمەتخان خوجا، موللا شەۋكەت ئاخۇنۇمدەك ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن ئەل - يۇرتنى قۇربان قىلغانلار؛ كەتمەن ئۇرۇشىدا زەربە يەپ قاچقان چاررۇسىيە ئەسكەرلىرىنى غۇلجىغا باشلاپ كىرگەن بېشىربەگ جىلىل ئوغلىدەك خائىنلارنىڭ تارىخىمۇ بار. بۇ سەلبىي دەرسلىكمۇ يۈرەكلەردە ساقلىنىشى كېرەك! ياماننى بىلمىسەك، ياخشىنىڭ قەدرىگە يېتەلمەيمىز!...»

مەن مېڭىپ ئانا جەمەتىمىزنىڭ چۆرىسى سوقما تام بىلەن قورشالغان، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تاملىرى پاكارلاپ كەتكەن كىچىك قەبرىستانلىققا يېقىنلاپ كەلدىم. ئاكام تېيىپجان ھادى مېنىڭ كېلىۋاتقانلىقىمنى يىراقتىنلا كۆرۈپ يولۇمغا قاراپ تۇراتتى. ئىلى تارىخىنى پىششىق بىلىدىغان، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر يازغۇچى تېيىپجان ھادى ئىنىنىڭ، مەن ھەدىنىڭ ئوغلى — بىر نەۋرە ئىدۇق.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — دېدىم ئاكامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قول باغلاپ.

ئۇ سالىمىمغا سالام قايتۇرغاندىن كېيىن، ئوچۇق چىراي ماڭا قاراپ:

— كېچىكىپ قالدىڭغۇ؟! — دېدى.

— ھە — ... دېدىم، لېكىن سەۋەبىنى چۈشەندۈرمىدىم، — قانداق، بۈگۈن قەبرىلەر كولىنىپ تۈگەيدىغاندەكمۇ؟...

— ياق! ئەتە چۈشلەردە تۈگەر! — دېدى تېيىپجان ئاكام كولىنىۋاتقان قەبرىلەرگە قاراپ، — بىلەمسەن، بۇ كولىنىۋاتقان قەبرىلەر بوۋىمىز ھاداجىمنىڭ قەبرىسى!

مەن قىزىقىپ قالدىم. تىرىكلىكىدە كۆرمىگەن بوۋامنىڭ جەسەت سۆڭەكلىرىنى بولسىمۇ كۆرۈش ئىستىكى يۈرىكىمنى



www.uyghurkitap.com

خۇددى بىر ئىسسىق يالقۇندەك قىزىتىۋەتتى . مەن كولىنىۋاتقان قەبرىنىڭ يېنىغا كەلدىم . ئارقامدىن تېيىپجان ئاكاممۇ كېلىپ يېنىمدا توختىدى . ئىچ گۆر تۆپىسىدىن ئېچىلىۋاتاتتى ، قاۋۇل ئىككى يىگىت گۇرجەك بىلەن توپىنى بىر چەتكە تاشلاۋاتاتتى··· كۆپ ئۆتمەي ئىچكى گۆرنىڭ ئۈستى ئېچىلىپ ، ئىچىدىكى ئادەم ئىسكىلىتىگە ئوخشاش چېچىلىپ ياتقان جەسەت سۆڭەكلىرى كۆرۈندى . ئالدىدا تېيىپجان ئاكام ئىچ يەرلىككە سەكرەپ چۈشتى ، ئارقىدىن مەنمۇ سەكرەپ چۈشۈپ ، بوۋامنىڭ سۆڭەكلىرىگە تىكىلدىم . ئانچە ئېگىز بولمىغان ، كەڭ يەلكىلىك بوۋامنىڭ چىرايىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈشكە تىرىشقان بولساممۇ كەلتۈرەلمىدىم . پەقەت ئۇنىڭ ئېڭىكى ئاستىغا چۈشكەن قارا كۈيلەردىن ساقال ـ بۇرۇتىنىڭ قويۇق ۋە قارا ئىكەنلىكىنى بىلدىم .

گۆر ئىچىگە كۆزلىرى يوغان ، چىرايى تاتىراڭغۇ ، ئوتتۇرا بويلۇق بىر ئادەم ئاق خالتىنى تۇتۇپ چۈشتى . بۇ كىشى بەيتىللا مەسچىتىنىڭ مەزىنى ئىدى . ئۇ تېيىپجان ئاكام ئىككىمىزنى ئولتۇرۇشقا شەرەت قىلىپ ، ئۆزى قىبلىگە قاراپ ، ئىككى پۇتىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى . مۇڭلۇق باشلانغان قۇرئان ئايىتى ئېچىلغان گۆر ئىچىدىن كۆكۈچ بوشلۇققا ئۇچۇپ چىقتى . مەن ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ ئوقۇلۇۋاتقان قۇرئان ئايىتىنى ئاڭلايتتىم ، لېكىن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى زادىلا چۈشەنمەيتتىم ، بۇ ئەرەبچە سۆزلەر گويا سېھرى باردەك يەنىلا مېنى ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى . بۇ ئەلۋەتتە ئېتىقادنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى !···

ئاق سەللىلىك مەزىن ئايەتنى ئوقۇپ تۈگىتىپ قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى . بىزمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئالىقانلىرىمىزنى ئېچىپ ، يۈزىمىزنىڭ ئالدىغا يايدۇق . دۇئا تۈگىگەندىن كېيىن كۆزلىرى يوغان مەزىن ئورنىدىن تۇرۇپ ، بوۋىمىزنىڭ سۆڭەكلىرىنى ئاق خالتىغا سېلىشقا باشلىدى . تېيىپجان ئاكام

ئىككىمىز قەبرىدىن سىرتقا چىقىپ كەتتۇق .

— ھەي تېيىپجان ! — دېگەن ئاۋاز مېنىڭ قەبرە تېشىغا چىقىشىمغا ئاڭلاندى . مەن ئۆرە تۇرۇپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدىم . بىزدىن ئانچە يىراق بولمىغان كولانغان ۋە كولانمىغان قەبرىلەر ئارىسىدىكى يالغۇزئاياغ يولدا ئوتتۇرا بويلۇق ، تېيىپجان ئاكام بىلەن تەڭ دېمەتلىك بىرى بىز تەرەپكە قاراپ تۇراتتى . ئۇ ئاجايىپ بىر خەۋەرنى يەتكۈزىدىغاندەك ھاياجان ئىچىدە تېيىپجان ئاكامغا تىكىلەتتى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! — دېدى تېيىپجان ئاكام كىيىمىگە يۇققان توپىلارنى قېقىۋېتىپ ، — قەيەردىن كېلىشىڭ ؟ !...

— سەن مېنىڭ قەيەردىن كېلىشىمنى سورىما ! ئەسلىي ھالىتى بۇزۇلۇپ كەتمەستە ، تېزرەك بېرىپ ئابدۇرۇسۇل ئەمىرنىڭ قېيىناتىسى ئەخمەت خەزىنىچى بەگنىڭ قەبرىسىنى كۆرگىن ، قەبرىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى ئاڭلىغانلىكى ئادەم بېرىپ كۆرۈۋاتىدۇ . مېنىڭ شۇ يەردىن كېلىشىم . سەن تارىخچى ، ئىلىنىڭ تارىخىغا تولىمۇ قىزىقىسەن ! ياخشىسى ، ئۆزۈڭ بېرىپ بىر كۆرگىن ! بۇ تېپىلمايدىغان تارىخىي ماتېرىيال ، تارىخىي پاكىت !

تېيىپجان ئاكام ئاغىنىسىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تۇرالماي قالدى .

— خەۋىرىڭ راستتىنلا قالتىسكەن ! رەھمەت ساڭا ! — دېدى ئۇ ، ئاغىنىسىگە ، ئاندىن ماڭا بۇرۇلدى ، — بارامسەن ، بارساڭ يۈر ! تېزرەك بارمىساق ، سۆڭەكلەرنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى بۇزۇۋېتىشى مۇمكىن . مەن بېرىپ كۆرىمەن ! — ئۇ مېنىڭ جاۋاب بېرىشىمنى كۈتمەيلا ، ئالدى ـ كەينىگە قارىماي ئالدىراپ قەدەم تاشلىدى . مەن ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدىم . تېيىپجان ئاكام شۇنچىلىك ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ تېز ماڭدىكى ، مەن ئۇنىڭغا يېتىشەلمەي قالدىم . ئاكامنىڭ بۇنداق تېز مېڭىشىنىڭ سەۋەبى ،

بايا ئۆزى دېگەندەك : قەبرىدىكى سۆڭەكلەرنىڭ ئەسلىي ھالىتى بۇزۇلۇپ كەتمەستە بىرىپ كۆرۈۋېلىش ئىدى . ئادەتتە قان بېسىمى يۇقىرى ئاكام زادىلا تېز ماڭمايتتى ، بىر خىل ئاستا يۈرەتتى . بۇ قېتىم ئۇ ئۆزىنىڭ ئاغرىقىنىمۇ پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ ، شۇنچىلىك تېز يۇگۈرۈپ دېگۈدەك كېتىۋاتاتتىكى ، ھاسىرىغىنى خېلىلا كەينىدە كېلىۋاتقان ماڭا ئوچۇق ئاڭلىناتتى . مەن ئۇنىڭ بۇ ئۆزىنى ئۇنتۇپ مېڭىشىدىن ئۆز كەسپىگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى كۆرگەندەك بولدۇم .

بىز ئۇستى ساك قەبىلىلىرىنىڭ قالپىقىدەك ، كۆك خىشتىن ياسالغان گۇمبەزنىڭ كۇنچىقىش تەرىپىدىكى دۆگىلەك ئاركىلىق ئىشىكىدىن ئىچىگە كىردۇق . يۇزىدىن تەر قۇيۇلۇۋاتقان تېيىپجان ئاكام ئۇستى ئېچىلغان ئىچ يەرلىكنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى . ئەخمەت خەزىنىچى بەگ يەرلىكنىڭ چۆرىسىدە تۇرغان ئادەملەرمۇ خېلىلا بار ئىدى . مەن ئالدىمدىكى ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ قەبرىنىڭ قىرىغا كەلدىم ، تېيىپجان ئاكام ئاللىقاچان يەرلىكنىڭ ئىچىگە چۈشۈۋالغانىدى .

مەن يەرلىك ئىچىگە قارىدىم : تولىمۇ چوڭ ۋە كەڭ قېزىلغان بۇ يەرلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇددى مېنىڭ بوۋامدەك بويى ئانچە ئېگىز بولمىغان ، كەڭ يەلكىلىك ئەخمەت خەزىنىچى بەگنىڭ ، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە قاسىمبەگ ۋە ئاخۇنبەگ دەيدىغان ئىككى نەۋرىسىنىڭ سۆڭىكى بوغۇملىرىدىن ئاجراپ ئۆز رېتى بىلەن ياتاتتى . مەن ئابدۇرۇسۇل ئەمىرنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ باشسىز گەۋدىسىنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇم . تېيىپجان ئاكام گويا مېنىڭ ھەيران بولغانلىقىمنى سەزگەندەك يەرلىك ئىچىدىن ماڭا بويىنىنى سوزۇپ قارىدى...

قۇياش ئابرال تاغلىرىدىن ئۆتۈپ جەنۇبتىكى دىلمۇك تاغلىرىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى . يېشىل ئالەم ئۇنىڭ ئىسسىق نۇرىدىن ھۇزۇرلىنىپ بىر ئىزگۇ ھاياجان ئىچىدە ياتقاندەك

كۆرۈنەتتى .

بىز ئەخمەت خەزىنىچى بەگنىڭ گۇمبەزلىك قەبرىسىدىن چىقىپ ، يانمۇيان كېلەتتۇق . تېيىپجان ئاكامنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇچقۇنلار چاقنايتتى . بۇ ئۇچقۇنلار ئۆز ئويى ، ئۆز مەلۇماتىنىڭ توغرىلىقىنى بىلگەندىن كېيىنكى تارىخچىنىڭ ھاياجان ۋە خۇشاللىق گۈلخانىدىن چېچىلاتتى .

— مەن ئەخمەت خەزىنىچى بەگ بىلەن بېشى يوق ئىككى نەۋرىسى بىللە كۆمۈلگەن ، دەپ ئاڭلىغۇدىم . بۈگۈن ئاڭلىغىنىم توغرا چىقتى ، — دېدى ئۇ ، ماڭا بېشىنى بۇراپ ، سەل - پەل ھاياجانلىنىپ قاراپ .

— نېمىشقا ئىككى نەۋرىسى باشسىز كۆمۈلگەن ؟— دېدىم ھەيران بولۇپ ، مەنمۇ بېشىمنى بۇراپ تېيىپجان ئاكامغا قاراپ .

— بۇ ئۇزۇن بىر تارىخ ! بىر - ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن سۆزلەپ بەرگىلى بولمايدۇ ! بۇ بىزنىڭ خەلقىمىز ، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىز بىلمىسە بولمايدىغان بىر سەلبىي تارىخ ، بىر سەلبىي دەرسلىك ! ئالدىرىما ، مەن ساڭا كېيىن سۆزلەپ بېرىمەن !...

تېيىپجان ئاكام سۆزىدىن توختاپ چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتتى - دە ، قەدىمىنى تېزلەتتى . بايا بىز بۇياقتا ماڭغاندا قەبرە ئاچىدىغانلار ئانامنىڭ قەبرىسىنى ئاچىدىغان بولۇپ قېلىشىدى ، مېنىڭ ئاياغلىرىممۇ ئىتتىكلىدى . كۆز ئالدىمغا تالادا شۇۋىرغان چىقىۋاتقان ئۇزۇن قىش كېچىلىرى ، يېشىل يوپۇرماقلار ئاستا شىلدىرلاۋاتقان ياز ئاخشاملىرى ماڭا ئالدىرىماي ، ھاياجان بىلەن چۆچەك ئېيتىپ بېرىۋاتقان سۆيۈملۈك ئانام كۆزۈمگە كەلدى . يۈرىكىم : «ئانا ! جېنىم ئانا !» دەپ پىچىرلىدى...

كۈنلەر ، ئايلار ۋە يىللار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يورغىلاپ ئۆتۈۋەردى . تېيىپجان ئاكامنىڭ ئىلى تارىخى ھەققىدىكى ئۆلمەس



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ماقالە ۋە ھېكايىلىرى ئۆزۈلمەي ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، ئەخمەت خەزىنىچى بەگنىڭ قەبرىسىدىكى سىر ئېچىلمىدى. ئۇ بۇ سىرنى ئاچىدىغان بىرەر ماقالە ياكى ھېكايىمۇ ئېلان قىلمىدى، ماڭىمۇ سۆزلەپ بەرمىدى.

مەن نەچچە قېتىم ئۇنىڭغا ئەخمەت خەزىنىچى بەگنىڭ قەبرىسىدە بەرگەن ۋەدىسىنى ئەسكەرتتىم. ئۇ ماڭا:

— مېنى ئۇنتۇپ قالدى دەمسەن؟ ياق، مەن ئۇنتۇمىدىم، يېقىن ئارىدا چوقۇم يېزىپ چىقىمەن! — دېدى، خىيالچان مۇلايىم كۆزلىرى چاقناپ.

ئارىدىن يەنە بىرقانچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، رەھىمسىز تەقدىر ئۇنى مۇرادىغا يەتكۈزمىدى. تازا بېسىپ ئىشلەۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يېزىق شىرەسىنىڭ يېنىدا، بۇ ئىلى تارىخىنى پىششىق بىلىدىغان تارىخچى ۋە يازغۇچى مېڭىسىگە قان چۈشۈپ يىقىلدى، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي بۇ ئالەمدىن يازىدىغانلىرىنى يېزىپ بولالماي كېتىپ قالدى.

شۇنداق، بىر ئادەم ھامان ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ، ئويلىغان ۋە دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى تەلتۆكۈس قىلالماي ئالەمدىن ئۆتىدۇ. زادى كىم بۇ ئۆچ كۈنلۈك ئالەمدە مۇرادىغا يەتكەن!؟ دائىم ئۈمىدلەر كېيىنكىلەرگە قېلىپ كېلىۋاتقان جاھانغۇ بۇ!؟

ئەخمەت خەزىنىچى بەگ قەبرىسىنىڭ سىرىنى تېپىپچان ئاكام ئۆزى يازغان بولسا، مېنىڭدىن ياخشى يازىدىغانلىقىغا يۈزدە يۈز ئىشىنىمەن. ئۇنىڭدەك يازالمايدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرسامۇ، يەنىلا قولۇمغا قەلەم ئالدىم. ياخشى يېزىلمىسىمۇ، يازمىغاندىن ياخشى! دېگەن ئەقىدە ماڭا غەيرەت بولدى. يازغىنىم ئەل ـ يۇرتۇمنىڭ كۆڭلىدىكىدەك چىقمىسا، ئەلۋەتتە، بۇ گۇناھتىن كەچۈرۈم سوراپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ!...

2002 ـ يىل 5 ـ نويابىر، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## بىرىنچى باب

# جاڭجۇن مەھكىمىسىدىكى يىغىن

جاڭجۇن ئۇيقۇسى قېچىپ، ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆرۈلۈپ ياتاتتى. يېنىدا چىرايلىق خانىشى يېنىك پۇشۇلداپ تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. جاڭجۇن ئايالىنى ئويغىتىۋېتىشتىن ئېھتىيات قىلغاندەك ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ پەنجىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ ھويلىغا قۇلاق سالدى. پەنجىرە ئازراق بولسىمۇ يورۇمىغان، ھويلا جىمجىت، ھەممە ئېغىر ئۇيقۇدا ياتاتتى. ئۇ ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ پەنجىرە يېنىدا خېلىغىچە تۇردى. بۈگۈن چايدىن كېيىن ئېچىلىندىغان يىغىننى ئويلىدى، بىراق خىيالى ئۇزاق داۋاملىشالمىدى. چاڭ چىڭ ئېغىر ئۇھ تارتىپ، يەنە كاڭلىق سۇپىنىڭ قىرىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئايالى ئۆرۈلۈپ، بىرنېمىلەرنى دەپ جۆيلۈپ، يەنە يېنىك پۇشۇلداشقا باشلىدى.

چاڭ جاڭجۇن بىردىنلا شۆھرەتلىك ئاتا - بوۋىلىرىنى ئەسلەپ قالدى. بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەندە، شان - شەرەپ تەختىدە كۆلگەن ئەجدادلىرىنى سېغىنىش بىر ئادەت بولسا كېرەك!؟ بىردىنلا ئۇنىڭ خىياللىرى قاناتلىنىپ شىمال دالىلىرىغا ئۇچۇپ كەتتى…

… مانجۇلار[1] توڭغۇسلارنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ،

---

① مانجۇلار — جۇرجىتلارنىڭ ئەۋلادى.

شىمالدىكى دالىلاردا روناق تاپقان قۇدرەتلىك چارۋىچى مىللەت . ئۇزاق تارىخقا ئىگە مانجۇلار 16 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا يەنە بىر قېتىم قۇدرەت تاپتى . ئاتاقلىق سىياسەتچى ۋە ھەربىي ئالىم نۇرخاچ 1583 ـ يىلى ئۆز قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، ھاكىمىيەت بىلەن ھەربىي بىرلەشكەن سەككىز تۇغلۇق تۈزۈمنى ئورناتتى . ئۇ 1616 ــ يىلى خىتتۇئالادا كېيىنكى چىن سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنى قۇردى . نۇرخاچىنىڭ سەككىزىنچى ئوغلى خۇاڭ تەيجى 1636 ـ يىلى تەختكە چىقىپ مىللىتىنى مانجۇ ، دۆلىتىنى چىڭ دەپ ئۆزگەرتتى . 1644 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نۇرخاچىنىڭ ئون تۆتىنچى ئوغلى دورگۇن لەشكەر تارتىپ ، سەددىچىن سېپىلىدىن ئۆتۈپ ، بېيجىڭغا كىرىپ مەركىزىي ھاكىمىيەتنى ئىگىلىدى...

جاڭجۇن يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ پەنجىرىنىڭ قېشىغا كەلدى . ئۇ تېخى سەككىز جىڭ (گىڭ ) غا جاڭ ۋە دۇمباق ئۇرۇلمىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ ، يەنە ھويلىغا قۇلاق سالدى : ماڭغان ئادەمنىڭ ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلانمايتتى . ھەر كۈنى تاڭ يورۇغاندىن تارتىپ كۈن پاتقانغا قەدەر بولغان ۋاقىتنى سەككىز جىڭ دەپ ھېسابلاپ ، ھەربىر جىڭنىڭ ۋاقتىنى سائەتكە قاراپ بەلگىلىمەستىن ، مەخسۇس ياسالغان شاڭنىڭ سەككىز يېرىگە ئوخشاش ئارىلىقتا يىپ باغلاپ ، ھەربىر يىپنىڭ ئارىلىقىنى بىر جىڭ دەپ بىلەتتى . مەخسۇس قارايدىغان ئادەم كۈجىنى بىر قاچىغا سېلىپ ، ياندۇرۇپ كۆزىتىپ تۇراتتى . كۈجە كۆيۈپ بىر يىپتىن يەنە بىر يىپقا كەلگەندە ، مەخسۇس قارايدىغان ئادەم ئاۋۋال دۇمباقنى بىرقانچە قېتىم ئۇرۇپ ، ئاندىن جاڭنى بىر قېتىم ئۇراتتى . شۇنداق قىلىپ سەككىز جىڭ بولغاندا ، يەنە دۇمباقنى بىرقانچە قېتىم ئۇرۇپ ، ئاندىن جاڭنى سەككىز قېتىم چالاتتى . سەككىزىنچى جىڭغا جاڭ ئۇرۇلغاندا ، تاڭ يورۇغان ، دەپ

www.uyghurkitap.com

قارىلىپ ، ھەممە ئادەم ئورۇنلىرىدىن قوپاتتى . دۇمباق ۋە جاڭ ئۇرۇلغاندا ، قاراۋۇللار ، كۆزەتچىلەر ئالمىشاتتى : ئاھالىلەر ئۇلتۇرغان مەھەللىلەردىكى جىسەكچىلەر قولىدىكى تاكتىكىنى ئۇرۇلغان دۇمباق ۋە جاڭ بىلەن بىردەك ئۇرمىسا ، قەلئە قاراۋۇللىرى ئۇلارنى جازالايتتى . ئاھالىلەر جىسەكچىلەرنىڭ ئۇرغان تاكتىكىغا قاراپ ، تۈننىڭ قانچە جىڭ بولغانلىقىنى بىلەتتى . بىرىنچى قېتىم جاڭ ئۇرۇلۇشى بىلەنلا سېپىلنىڭ بارلىق دەرۋازىلىرى بېگى تەرىپىدىن قۇلۇپلىنىپ ، ئاچقۇچلار شەھەر باشقۇرۇش ئامبىلىغا تاپشۇرۇپ بېرىلەتتى . سەككىز جىڭ توشۇپ جاڭ ئۇرۇلغاندا ، دەرۋازا بېگى ئاچقۇچنى شەھەر باشقۇرۇش ئامبىلىدىن قايتا ئېلىپ دەرۋازىلارنى ئاچاتتى . ئۈچ جىڭدىن كېيىن كىشىلەرنىڭ كوچىدا يۈرۈشى مەنئى قىلىناتتى . ناۋادا ئۈچ جىڭدىن يەنە كوچىدا يۈرگۈچىلەر كۆرۈلسە ، قاماپ قوياتتى ياكى جەرىمانە ئېلىناتتى . كېچىدە چوڭ كوچا ، راۋاق ئەتراپى ، جاڭجۈن مەھكىمىسى ۋە يامۇللارنىڭ ئالدىغا شام بىلەن يورۇتۇلغان چوڭ پانۇس ، مەھەللىلەرگە كىچىك پانۇسلار ئېسىلاتتى . بۇ پانۇسلارنى ياندۇرۇشمۇ دۇمباق ۋە جاڭلارنىڭ ئۇرۇلۇشى بىلەن بولاتتى .

چاڭ جاڭجۈن تېخىچىلا ئۈزۈن ئاق يىپەك كۆڭلەك ۋە تامبىلىدا ، يالاڭۋاشتاق پەنجىرە يېنىدا تۇراتتى . ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن موڭغۇل ئويىراتلىرى ئۆتۈشكە باشلىدى :

16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ، ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان موڭغۇللار جۇڭغار[①] (جۇراس ) ، تورغۇت ، دۇربۇت ، خوشۇت دېگەن تۆت قەبىلىگە بۆلۈنۈپ كەتتى . جۇڭغارلار بالقاش

---

① جۇڭغار — موڭغۇلچە سۆز ، «سول قانات» دېگەن مەنىدە .

كۆلىنىڭ شىمالى ۋە ئىلى رايونىدا؛ تورغۇتلار تارباغاتايدا؛ دۇربۇتلار ئالتاي تاغلىرى ۋە ئېرتىش بويلىرىدا؛ خوشۇتلار ئۈرۈمچى ئەتراپىدا ياشىدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، 1634 - يىلى قاراقۇرا ئۆلدى. ئوغلى باتۇر قۇنتەيجى[①] دادىسىنىڭ ئورنىغا چىقتى. ئۇ تىبەتلىك دالاي لامانىڭ تەقدىم قىلىشى بىلەن باتۇر قۇنتەيجى ئاتىلىپ، تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىپ، باشقا قەبىلىلەرگە ئۇرۇش قوزغىدى. باتۇر قۇنتەيجىنىڭ كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى بىلەن تورغۇتلار رۇس يېرىگە كۆچۈپ كەتتى. خوشۇتلار كۆكنۇر (چىڭخەي) گە كۆچۈپ ئۈرۈمچىنى جۇڭغارلار ئىگىلىۋالدى. دۇربۇتلارغا تەۋە خۇيتلار چۆچەككە كۆچۈپ كەلدى. 1672 - يىلى باتۇر قۇنتەيجى ئۆلدى، ئورنىغا ئوغلى سىڭگى تەيجى بولدى، كېيىنچە سىڭگىمۇ قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بۇ چاغدا سىڭگىنىڭ ئىنىسى غالدان (يەنە بىر ئىسمى گىگىن قۇتلۇق) تىبەتتە لاما بولۇپ تۇراتتى، ئاكىسى ئۆلتۈرۈلۈپ كېيىنكى يىلى غالدان جۇڭغارلار ئارىسىغا قايتىپ كېلىپ، توپىلاڭنى تىنچىتىپ، ئۆزى تەختتە ئولتۇردى. غالدان ئىنتايىن قارا نىيەت ئادەم بولۇپ، خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇپلا كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى قوزغىدى. ئۇ «ماڭا ئاسىيلىق قىلغانلارنى قوبۇل قىلدى...» دېگەن باھانە بىلەن كۆكنۇردىكى خوشۇتلارغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، تەسىر دائىرىسىنى كۆكنۇر - تىبەت ئېگىزلىكىگە قەدەر كېڭەيتتى...

كەينى - كەينىدىن سەككىز قېتىم ئۇرۇلغان جاڭنىڭ ئاۋازى چاڭ جاڭجۇڭنى خىيالدىن توختاتتى...

---

① قۇنتەيجىنى ئۇيغۇرلار قونتاجى دەيدۇ. قۇنتەيجى — چوڭ تەيجى دېگەن سۆز بولۇپ، قەبىلە باشلىقلىرى شۇنداق ئاتىلاتتى. تەيجى — خەنزۇچە تەيزى (تەخت ۋارىسى، شاھزادە) دىن كەلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

*　　　　*

ھاۋا ئوچۇق، كۈنچىقىش تەرەپ ئاپئاق ئاقىرىپ، بىلىنەر - بىلىنمەس ھال رەڭ يۈگۈرۈۋاتاتتى. ئاق يىپەك كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىگە قارا تاۋاردىن كالتە چاپان كىيگەن جاڭجۈن تۆت چاسا، ئازادە قورۇغا چىقتى. يوغان، گەۋدىلىك، ئەللىك ياشلاردىن ھالقىغان بۇ ئادەمنىڭ پېشانىسى تار، كۆزلىرى ئالما ئۈرۈقىدەك، ئىككى مەڭزى تومپىيىپ چىققان بولۇپ، چىرايى تاتىراڭغۇ، كونا سۈپۈرگىنىڭ كوتمەك بېشىدەك شالاڭ قېشىدىن باشقا يوغان بۇرنى ئاستىدا ۋە كەتمەن ئېڭىكىدە بىر تال تۈكمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ تازا بىر كېرىلىۋېتىپ خالاغا قاراپ ماڭدى.

ئازادە قورۇنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تاملىرى گۈل - نەقىشلىك، پەنجىرىلىرى چوڭ، ئالدى پېشايۋانلىق، كۆك خىشتىن خەنزۇ ئۇسلۇبىدا سېلىنغان بەش ئېغىز ئۆي جاڭجۈننىڭ مەھرەمخانىسى، ئىستىراھەت - دەم ئېلىش ئۆيلىرى بولۇپ، ئىچى ھەر تۈرلۈك قىممەت باھالىق ئۆي جاھازلىرى بىلەن زىننەتلەنگەنىدى. بۇ قورۇدا بىرنەچچە مۇلازىم يىگىت ۋە كېنىزەك قىزلار يۈگۈرۈپ يۈرۈپ جاڭجۈن ۋە ئۇنىڭ خانىشىغا خىزمەت قىلاتتى. بېيجىڭدىكى خانغا بېقىنىسىمۇ، جاڭجۈن بۇ يەردە ئۆز ئالدىغا بىر يۈرۈش يەرلىك سىياسەتلەرنى يۈرگۈزۈپ، دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان بولۇپ، ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇپ، ھۆكۈم سۈرەتتى. بۇنداق تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىغا يەرلىك خاقان بولغان جاڭجۈننىڭ ئايالى ئەلۋەتتە خانىش بولىدۇ - دە!...

چاڭ چىڭ ئولتۇرىدىغان ئۆيلەرنىڭ ئىككى تەرىپىدە يەنە نۇرغۇن ئۆيلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر قىسمىدا جاڭجۈن ۋە

خانىشنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان مۇلازىم ۋە كېنىزەكلەر ئولتۇراتتى ؛ قالغانلىرى ئاشخانا ، يۇيۇنۇش ـ تارىنىش ئۆيلىرى ، قورۇنىڭ شەرق تەرىپىدە جاڭجۇننىڭ ئىشخانىسى ، تامغا تۇتىدىغان تامغىچى ، پۈتۈكچى (كاتىپ) ۋە مۇھاپىزەتچىلىرى تۇرىدىغان ئۆيلەر ، غەرب تەرىپىدە ئالاھىدە ياسالغان كاتتا ۋە ھەشەمەتلىك ساراي بولۇپ ، بۇ سارايدا جاڭجۇن مۇھىم يىغىنلارنى ئاچاتتى ، مۇھىم مېھمانلارنى قوبۇل قىلاتتى . بۈگۈن چاڭ چىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ۋە مۇھىم ئىشنى مۇشۇ ياسىداق سارىيىدا ھەربىي ۋە مۈلكىي ئەمەلدارلىرى بىلەن بىللە مۇزاكىرە قىلاتتى .

جاڭجۇن خالادىن چىققاندا ، ئۇنى زىلۋا بويلۇق بىر مۇلازىمى كۈتۈپ تۇراتتى . ئۇ مېڭىپ مۇلازىمى يېنىغا كەلگەندە توختىماي :

— بېرىپ ئاشپەزلەرگە دېگىن ، ھازىرلا ناشتىلىق تەييارلىسۇن ! — دېدى . مۇلازىم ئاشخانا تەرەپكە كەتتى .

چاڭ چىڭ يۇيۇنۇش ـ تارىنىش ئۆيىگە ماڭدى… ئۇ يۇيۇنۇپ چىققاندا كۈنچىقىش ئۇپۇقى خېلىلا ئاقىرىپ ، ھويلا ئىچىمۇ خېلىلا يورۇپ قالدى . چاڭ چىڭ ھويلىنىڭ غەربىي تەرىپىگە قاراپ مېڭىپ ، يۇمىلاق ئىشىككە كەلدى . ئىشىكتىن كىرگەن ھۆكۈمراننىڭ ئالدىدا ئانچە چوڭ بولمىغان باغ تۇراتتى . چۆرىسىگە مېۋىسىز دەرەخلەر تىكىلگەن ، ئوتتۇرىسىدا گۈل ـ نەقىشلىك خەنزۇچە ئۇسلۇبتا ياسالغان شىپاڭ تۇرغان بۇ ئانچە چوڭ بولمىغان قورۇق باغ بولسىمۇ ، كىچىك باغ سانىلاتتى . شىپاڭنىڭ چۆرىسىگە باھاردىن تارتىپ قىشقىچە تىزىلىدىغان قاچا گۈللەر ئېچىلىپ خۇشبۇي پۇراق چاچاتتى . چىرايلىق قەپەسلەرگە سولانغان تۇرنا ، شاتۇتى ، بۇلبۇل ، تورغاي ، كەكلىك قاتارلىق قۇشلار سايراپ باغ ئىچىنى جانلاندۇرۇۋېتەتتى . تېخى بۇ قاچا گۈللەر ۋە قۇشلار باغقا چىقمىغان بولۇپ ، ئالاھىدە بىر ئۆيدە

ئادەملەر قارايتتى .

ئېگىز بويلۇق جاڭجۇن بۇگۇن قىلچىنى ئېلىپ چىقمىدى ، چامباشمۇ ئوينىمىدى ، قوللىرىنى ئادەتتىكىدەك ھەرىكەتلەندۈرۈپ قويۇپ ، شىپاڭنىڭ يېنىغا كېلىپ يەنە خىيالغا كەتتى...

غالدان تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش خىيالىدا ياشايتتى . بۇ چاغدا چىڭ خاندانلىقىنىڭ خانى كاڭشى بولۇپ ، ئۇمۇ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىغا ، جۇڭغارلارنىڭ ھەرىكىتىگە كۆز تىكەتتى . تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا «ئاق تاغلىقلار» بىلەن «قاراتاغلىقلار»نىڭ كۈرىشى كەسكىنلىشىپ كەتتى . «ئاق تاغلىقلار» نىڭ سەردارى ئاپاق خوجا غالداندىن قوشۇن چىقىرىپ ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى . ئاپاق خوجىنىڭ بۇ تەلىپى قارانىيەت غالدان ئۈچۈن تېپىلمايدىغان پۇرسەت ئىدى . ئۇ 1678 ـ يىلى قوشۇن باشلاپ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا ئاتلاندى . غالدان يولدا قارشىلىق كۆرسەتكەن بارلىق كۈچلەرنى تارمار قىلىپ ، يەكەن خاندانلىقىنىڭ خانى ئىسمائىل خاننى ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنى ئەسىر ئالدى . غالدان ئاپاق خوجىنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا قورچاق خان قىلىپ تىكلىدى...

قارا نىيەت غالدان 1688 ـ يىلى شەرققە ھەربىي يۈرۈش قىلىپ ، موڭغۇل زېمىنىغا ھۇجۇم قىلدى . نەتىجىدە چىڭ سۇلالىسى تەدبىر قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى . چىڭ سۇلالىسى غالداننى 1696 ـ يىلى جومۇتۇ دېگەن يەردە مەغلۇپ قىلدى . غالدان يېڭىلىپ ، كېيىنكى يىلى (1697 ـ يىلى ) ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى . ئۇنىڭ ئورنىغا سېۋان ئارابتان ۋارىسلىق قىلدى . سېۋان ئارابتان تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلارغا خۇددى غالداندەكلا قاتتىق پوزىتسىيە قوللاندى . غالدان ئۆلۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەكەن خاندانلىقىنىڭ خان جەمەتى ۋە ئاپاق خوجىنىڭ نەۋرىسى ئەھمەتخان جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش

ئۇچۇن ھەرىكەت قىلدى ، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى سېۋان ئارابتان تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇلدى .

يەكەن خاندانلىقى پارچىلىنىپ ، جايلاردا بىرمۇنچە يېڭى فېئودال ھۆكۈمرانلار بارلىققا كەلدى . بۇلارنىڭ ئىچىدە قۇمۇل ، تۇرپان ، ئۇچتۇرپان ، يەكەندىكى نەسەبىي فېئودال جەمەتلىرى گۇرۇھىنىڭ كۈچى ئەڭ زور ئىدى .

غالدان ئۆلگەندىن كېيىن ، قۇمۇلنىڭ ھۆكۈمرانى ئەبەيدۇللا بەگ ھەممىدىن ئاۋۋال جۇڭغارلاردىن ئايرىلىپ چىقتى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئوغلى گوپا بەگنى ئەۋەتىپ غالداننىڭ ئوغلى سەمپىل بالجىدنى تىرىك تۇتۇپ چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئاپىرىپ بەردى . ئەبەيدۇللا بەگنىڭ بۇ خىزمىتى ئۇچۇن 1697 - يىلى كاڭشى خان ئۇنىڭغا بىرىنچى دەرىجىلىك «جاساق» لىق ئوتۇغاتىنى بېرىپ ، مۆھۈر ، قىزىل ئەلەم ۋە كۈمۈش پۇللارنى ئىنئام قىلدى . ئوغلى گوپا بەگكە ئىككىنچى دەرىجىلىك بەگ ئۇنۋانىنى بەردى .

سېۋان ئارابتان ئەبەيدۇللا بەگنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسىنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە تۇتۇپ بەرگەنلىكىدىن غەزەپلىنىپ 1700 - يىلى ئۇ يەنە ئىككى مىڭ لەشكەر چىقىرىپ ، قۇمۇل شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى . چىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇلنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان قوشۇنلىرى بىلەن ئەبەيدۇللا بەگنىڭ قوشۇنلىرى بىرلىكتە جۇڭغارلارنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي شىمالدىكى ئالدىنقى سېپىنى مۇستەھكەملىدى…

چاڭ چىڭ خىيالدىن توختاپ ، باغنىڭ شىمالىي تېمىدىكى ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىدى . ئۇ بۇ ئىشىكنىڭ سىرتىغا چىقايمۇ - چىقمايمۇ دېگەندەك بىردەم قاراپ تۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ بېشىدىن ئىبارەت پىكىر قىلىش تۈگمىنى توختاپ ئىنكاس قايتۇرمىدى . ئەگەر زىلۋا بويلۇق مۇلازىمى يۈگۈرۈپ كېلىپ

ئىشىكنى ئاچمىغان بولسا، جاڭجۇن يەنىلا ئىشىككە قاراپ تۇرۇۋەرگەن بولاتتى. ئىشىكتىن چىققان چاڭ چىگىنىڭ ئالدىدا ئىككى ـ ئۈچ يۈز مو كېلىدىغان، «جاڭجۇن بېغى» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ بىر باغ تۇراتتى. باغنىڭ ئەتراپىدا قارىياغاچ، ئاق تېرەك، ئەرمۇدۇن، دولانا قاتارلىق دەرەخلەر قويۇق كۆرۈنەتتى. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يوغان كۆل گويا ئاجايىپ چوڭ زەڭگەر ئەينەكتەك پارقىراتتى. ئۇنىڭ بىر قىرغىقىدا پالاقلىق قولۋاقلار سۇ ئۈستىدە لەيلەپ يېنىك چايقىلاتتى. سۇ يۈزىمۇ سەھەرنىڭ سەلكىن شامىلىدا بىلىنەر ـ بىلىنمەس تەۋرىنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بۇ كۆلدە جاڭجۇن ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، جاڭجۇن مەھكىمىسىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ۋە مۇلكىي ئەمەلدارلار ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرى دەم ئالغان چاغلىرىدا قولۋاق بىلەن ئۈزۈپ سەيلە ـ ساياھەت قىلىپ ئوينايتتى. بۇ باغقا ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنمايتتى.

جاڭجۇن كۆلنىڭ بويىغا كەلدى. سۈپسۈزۈك سۇ ئۇنىڭ خىيالچان كۆزىگە گويا كۆك ئېكراندەك كۆرۈندى. يەنە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن تارىخىي ۋەقەلەر بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى:

... چىڭ سۇلالىسى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىغا قوشۇن چىقىرىشنى بىرقانچە قېتىم ئويلىغان بولسىمۇ، پۇرسەت پەيشىمىغانلىقتىن چىقىرالمايۋاتاتتى. جۇڭغارلارنىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇقىدىن تويغان قۇمۇل بېگى ئەبەيدۇللا، تۇرپان قاراغوجىلىق ئىمىن بەگلەر چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىگە تەۋەلىك بىلدۈرۈپ، خاننىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ غەربىي يۇرتقا كىرىشى ئۈچۈن زېمىن ھازىرلاندى. بۇ مەزگىلدە تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن جۇڭغارلارنىڭ ھاكىمىيەت

تالىشىش ئىچكى كۈرەشلىرى كۆپىيىپ كەتتى . 1754 - يىلى جۇڭغارلارنىڭ باشلىقى داباچ بىلەن ئامۇرسانا ئوتتۇرىسىدا ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى يۈز بەردى . بۇ جىددىي كۈرەشتە ئامۇرسانا چىڭ سۇلالىسىگە ئەل بولدى . ئۆزۈندىن بۇيان تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كويىدا بولۇپ كەلگەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى كەلگەن ياخشى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جۇڭغارلارغا قارشى يۈرۈش قىلىش قارارىغا كەلدى . 1755 - يىلى چيەنلۇڭ خان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى ئىككى يۆنىلىش بويىچە ماڭدۇردى . بەندىنى جاڭجۈن ، ئامۇرسانا مۇئاۋىن جاڭجۈن بولۇپ شىمالىي يول بىلەن ماڭغان قوشۇنلار ئۇلاستايدىن[1] ئۆتۈپ بورتالاغا قاراپ ئىلگىرىلىدى . يۇڭچياڭ جاڭجۈن ، سادىلى مۇئاۋىن جاڭجۈن بولۇپ غەربىي يول بىلەن ماڭغان قوشۇنلار بارىكۆلدىن ئۆتۈپ بورتالاغا يول ئالدى . بۇ ئىككى قوشۇن 4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى بورتالادا ئۇچراشتى . ئىككى ئايلىق ئۇزۇق - تۈلۈك ، يەم - خەشەك ئېلىپ ماڭغان قوشۇنلار بورتالادىن داۋاملىق ئىلگىرىلەپ بىر قىسمى ئىلى دەرياسىنىڭ غۇلجا كېچىكىدىن ئۆتۈپ تۆمۈرلۈك تېغىغا ئاتلاندى ؛ يەنە بىر قىسمى ئىلى دەرياسىنىڭ كاتەك كېچىكىدىن ئۆتۈپ داباچ تۇرغان گىدىڭ[2] تېغىغا كەلدى . داباچ تەسلىم بولۇشقا كۆنمەي ، گىدىڭ تېغىغا چىقىپ ، ئىستىھكام ياساپ ، مۇداپىئەلىنىپ تۇراتتى . 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى كېچىدە ، يېڭىدىن تەسلىم بولغان جۇڭغارلارنىڭ زەيسەنى ئايۇشنىڭ باشلامچىلىقىدا يىگىرمە ئىككى نەپەر چېرىك سەزدۈرمەي داباچنىڭ چېرىكلىرى تۇرغان جايغا بىراقلا بېسىپ كىرىپ ئالىتاغىل چۇقان كۆتۈرۈشتى . داباچنىڭ

---

① ئۇلاستاي — بۇ جاي ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىيىدە .

② گىدىڭ — جۇڭغار تىلىدا باش سۆڭەكنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى دوقىنى بىلدۈرىدۇ . گىدىڭ تېغى موڭغۇلكۈرەدە .

ئالته مىڭ بەش يۈز ئاتلىق لەشكىرى تەسلىم بولدى، شۇنداقلا داباچىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىمۇ ئۈچتۇرپانغا قېچىپ بېرىپ ئەسىرگە چۈشتى.

1700 - يىلى جۇڭغارلار ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىغان ئەھمەتخاننى تۇتۇپ، ئىلىدا نەزەربەند قىلغانىدى. ئەھمەتخان ئىلىدا ئىككى ئوغۇل پەرزەنت كۆردى: چوڭىنىڭ ئىسمى بۇرھانىدىن (چوڭ خوجا)، كىچىكىنىڭ ئىسمى خوجاجاھان (كىچىك خوجا) بولۇپ، ئاتىسى ئەھمەتخان ئۆلگەندىن كېيىن تۇتقۇنلۇق ھاياتىنى كەچۈردى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى داباچ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئۈچتۇرپاننىڭ مۆتىۋەرى خوجاسى بەگ بىلەن ئاقسۇنىڭ ھاكىمبېگى ئابدۇلۋاھاپلار تەكلىپ بېرىپ، چىڭ خانىدانلىقىدىن بۇرھانىدىن خوجا بىلەن خوجاجاھان خوجىنى تۇتقۇنلۇقتىن ئازاد قىلدۇردى، ئىككى خوجا ئۇيغۇرلار رايونىغا ھۆكۈمران بولدى. ئىككى ئاكا - ئۇكا خوجىلار مىڭدىن ئارتۇق لەشكەرلەرنى باشلاپ ئاۋۋال قاراتاغلىقلار ئىگىلەپ تۇرغان ئۈچتۇرپاننى ئالدى، ئارقىدىن قەشقەرنىمۇ ئىشغال قىلدى. ئۇلار قەشقەردە لەشكەرلىرىنى كۆپەيتكەندىن كېيىن، يەكەنگە قاراپ ئاتلاندى. بۇ چاغدا قاراتاغلىقلارنىڭ سەردارى خوجا جاھان خوجا بولۇپ، كەلگەن ئىككى خوجىنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن قاتتىق سوقۇشتى. ئاخىرىدا ئاكا - ئۇكا خوجىلار غەلىبە قىلىپ خوجاجاھان خوجىنى ئەسىر ئېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى ۋە «زامان زامانىنىڭ، زامان خاقانى چىنىنىڭ!»[1] دەپ جاكارلىدى.

بۇ چاغدا چىڭ سۇلالىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان ئامۇرسانا تېخىمۇ چوڭراق مەنسەپكە ئېرىشىش تەمەسىدە چىڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈدى. ئامۇرسانانىڭ چىڭ سۇلالىسىدىن يۈز

---

[1] «تارىخىي ھەمىدى» دىن ئېلىندى.

ئۆرۈگەنلىكى خوجا جاھانغا تەسىر قىلدى . بۇرھاندىن ئۆزلىرىنى جۇڭغارلارنىڭ نەزەربەندىدىن ئازاد قىلغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇشنى خالىماي ، ئارىسالدى بولۇپ قالدى . بۇرھاندىن خوجىنىڭ ئارىسالدىلىقى خوجاجاھان تەرەپدارلىرىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلدى . 1757 - يىلى خوجا جاھان «باتۇرخان دۆلىتى» دېگەن بايراقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ، مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەن چىڭ سۇلالىسىدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزدى . چىڭ سۇلالىسى يارخاشەننى جاڭجۈن ، ئىمىن خوجا ، خانىڭئانى مەسلىھەتچى ئامبال ، شۈندىنا ، ئەيلۈڭئا ۋە يۈسۈپنى قوشۇن باشلىقلىرى قىلىپ ، ئون مىڭدىن ئارتۇق چېرىكنى تۇرپاندىن ئاتلاندۇردى . 5 - ئايدا كۇچاغا يېتىپ كەلگەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى شەھەرنى ئۈزۈنغچە مۇھاسىرە قىلىپ ياتتى . كۇچا ھاكىمى ھادى يارخاشەنگە : خوجاجاھاننىڭ قاچىدىغان يولىنى توسۇش ئۈچۈن ئۆگەن دەرياسىدا چېرىك تۇرغۇزۇشنى تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ ، جاڭجۈن ئاڭلىمىدى . چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى 8 - ئايدا كۇچا شەھىرىنى ئالدى . خوجاجاھان قېچىپ كەتتى . چيەنلۇڭ خان خوجاجاھاننى قاچۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن يارخاشەننى جاڭجۈنلۈكتىن ئېلىپ تاشلاپ ، ئورنىغا ئوردا ھەربىي باشقارمىسىدا پۈتۈكچىلىك خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان مانجۇ سېرىق بايراق قەبىلىسىنىڭ خادىمى جاۋخۇينى جاڭجۈن قىلىپ ئەۋەتتى .

مەسلىھەتچى ئامبال ئىمىن خوجا ئۆز چېرىكلىرىنى باشلاپ ، يۇلتۇز ئارقىلىق ئىلىغا قاراپ يولغا چىقتى . ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلىدىكى قوشۇنلىرىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن كېتىۋاتاتتى . ئىمىن خوجا تاغ ئارىسىدا تۇرپانغا قاراپ كېتىۋاتقان چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرىنى يولۇقتۇردى . بۇ چېرىكلەر : چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئابرال تېغىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قورشاۋدا قالغانلىقىنى ، ئوزۇق - تۈلۈكتىن قاتتىق

قىسىلغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە چېرىك ياردەم سوراپ تۇرپانغا كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئىمىن خوجا ئۆزىنىڭ ئۇلارغا ياردەم بەرگىلى كېتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ، يولىنى داۋام قىلىۋەردى. ئۇ ئىلىغا كېلىپ، ئابرال تېغىدا مۇھاسىرە قالغان چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرىنى قۇتقۇزدى. غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى قارادۆڭگە جايلاشقان ئالتىن سۇمگە[1] ھەر تەرەپتىن قېچىپ كېلىپ قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان جۇڭغارلارنى پۈتۈنلەي يوقاتتى.

ئىمىن خوجا ئىلى ۋادىسىنى جۇڭغارلاردىن تازىلاپ بولغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ۋە ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا ئاتلاندى. ئۇ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا ياردەملىشىپ، جەنۇبنى تىنچلاندۇردى. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقى تولۇق تىكلەنگەندىن كېيىن، ئىمىن خوجا ئۆز قوشۇنى بىلەن ئىلىغا قايتىپ چىقىپ، ئابرال تېغىنىڭ كۈنگېيىدىكى قاشقا قورغان ياساپ سېپىل سوقتۇردى ھەم شۇ يەرگە ئورۇنلاشتى.

چىڭ سۇلالىسى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، 1762 ـ يىلى ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسىنى قۇردى. كۈرەدە قۇرۇلغان بۇ ھەربىي مەھكىمە — ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى باشقۇرىدىغان ئورگان بولدى. بۇ مەھكىمىگە بىر جاڭجۈن مەسئۇل بولۇپ، ئۇ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى باشقۇرىدىغان ئالىي ئەمەلدار ئىدى. ئۈرۈمچىدە ئۈرۈمچى رايونىنى باشقۇرىدىغان «زەڭگى» تۇرغۇزۇلدى. ئىلى، تارباغاتاي، قەشقەر رايونلىرىدا

---

[1] ئالتۇن سۇمى — ئالتۇن قۇبىلىق ئىبادەتخانا.



www.uyghurkitap.com

«مەسلىھەتچى ئامبال» ، مەسلىھەتچى ئامباللارغا قاراشلىق شەھەرلەردە خان ئامبال ، كىچىك شەھەرلەردە ئاغلاقچى ئامباللارنى قويدى . خان ئامبال ۋە ئاغلاقچى ئامباللار مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ ، مەسلىھەتچى ئامبال ۋە زەڭگىلەر ئىلى جاڭجۇننىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى···

چوڭ باغقا بويى پاكار ، ئوتتۇرا ياشلىق بىر مۇلازىم كىرىپ ، جاڭجۇننىڭ كەينىدە تۇرغان زىلۋا بويلۇق مۇلازىمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا بىرنېمىلەرنى پىچىرلاپ دېدى ـ دە ، يەنە كەلگەن يولى بىلەن باغدىن چىقىپ كەتتى .

— ناشتىلىق تەييار بوپتۇ ، — دېدى ياش مۇلازىم جاڭجۇننىڭ يېنىغا كېلىپ .

يالاڭۋاشتاق ، ئادەتتىكى ئاق يىپەك كۆڭلەكنىڭ ئۈستىگە قارا تاۋاردىن كالتە چاپان ، كەڭ پۇچقاقلىق ئىشتان كىيگەن جاڭجۇن گەپ قىلماي كەينىگە بۇرۇلۇپ باغ ئىشىكىگە قاراپ ماڭدى . ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتۇپ كېتىۋاتقان ئېگىز بويلۇق جاڭجۇننىڭ ئالما ئۇرۇقىدەك كۆزلىرىدە تېخىچىلا خىيال ئۇچقۇنلايتتى ، مۇلازىم ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ يول ئالدى .

* *

چاڭ چېڭنىڭ بۈگۈن قاراڭغۇدا تۇرۇپ ، كۈن چىقماستىلا ناشتا قىلىشىنىڭ سەۋەبى ئاچىدىغان مۇھىم يىغىننىڭ ئالدىدا ئىبادەتخانىغا بېرىپ كۆجە كۆيدۈرۈپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىۋېلىش ئىدى . ئۇ بۇنى ئاخشام ئۇرۇنغا كىرىۋېتىپ كۆڭلىگە پۈككەندى .

ئالدىراپ ناشتا قىلغان جاڭجۇن جاڭجۇنلۇق ھەربىي كىيىمىنى تولۇق كىيىپ ، ئائىلە تەۋەلىرىنى ئېلىپ ، نۇرغۇن

www.uyghurkitap.com

قوراللىق مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ھىمايىسىدە ئىبادەتخانىغا كەلدى.

ئىبادەتخانا جاڭجۇن مەھكىمىسى بار شەرقىي چوڭ كوچىدا بولۇپ، جاڭجۇن مەھكىمىسىدىن ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. بۇ ئىبادەتخانا «جاڭجۇن ئىبادەتخانىسى» دەپمۇ ئاتىلاتتى. «جاڭجۇن ئىبادەتخانىسى» غا ياندىش سېلىنغان كۆڭزى ـ مىڭزى ئىبادەتخانىسىمۇ «جاڭجۇن ئىبادەتخانىسى» دەكلا ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى.

«جاڭجۇن ئىبادەتخانىسى» ئىلى جاڭجۇنىگە تەۋە جايلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ھەشەمەتلىك، ئەڭ ھەيۋەتلىك ۋە ئەڭ سەلتەنەتلىك ئىبادەتخانا بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى خەنزۇچە؛ ئاستى ـ ئۈستى، تام ـ تورۇسلىرى يېشىل، سېرىق، كۆك ساپاللار بىلەن زىننەتلىنىپ تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنەتتى. ئىبادەتخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈچ دەرۋازىلىق پەشتاق «پەيپىگمېن» تۇراتتى. بۇ ئىبادەتخانىنى يۇقىرالار «بۇتخانا» ياكى «ئەلەم بۇتخانىسى» دېيىشەتتى. بۇ يەردىكى «ئەلەم» سۆزى «ھەربىي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. جاڭجۇن بۇگۇنكىدەك ئادەتتىكى چاغلاردا كېلىپ ئىبادەت قىلىشتىن تاشقىرى، پۈتۈن ھەربىي ئەمەلدارلار بىلەن بىللە يىلدا ئىككى قېتىم دۇئا ـ تىلاۋەت قىلاتتى. بۇ كاتتا ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىمدا كالا، قوي، توڭگۇزلارنى سويۇپ، پۈتۈن پېتى بۇتلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ كۆجە كۆيدۈرەتتى. جاڭ، داقا ـ دۇمباقلارنى چېلىپ، جاڭجۇن باشلىق ھەربىي ئەمەلدارلار بۇتلارغا باش ئۇراتتى. ئۇ چاغدا سىرتتا توققۇز پاي ئوق ئېتىلاتتى. باش راھىبنىڭ دۇئا ـ تىلاۋىتى تۈگىگەندىن كېيىن، قوڭغۇراق چېلىنىپ، يەنە بۇتلارغا تەزىم قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىبادەت تاماملىناتتى. ئاندىن بۇتخانىنىڭ چوڭ زالىدا مۇراسىمغا كەلگەن ھەربىي ئەمەلدارلارغا كاتتا زىياپەت بېرىلەتتى. زىياپەت تۈگىگەندىن كېيىنلا جاڭجۇن باشلىق

ھەربىي ئەمەلدارلار قايتاتتى. يىلدا ئىككى قېتىم بولىدىغان بۇ ئىبادەت كۈنلىرى ئىبادەتخانىنىڭ دەرۋازىسىغا چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇغى ئېسىلاتتى.

«ئەلەم بۇتخانىسى» نىڭ يېنىدىكى كۇڭزى ـ مېڭزى ئىبادەتخانىسىمۇ ئىنتايىن ھەشەمەتلىك ياسالغان بولۇپ، بۇ ئىبادەتخانىنى پۇقرالار «قەلەم بۇتخانىسى» ياكى «مۇلكىي ئەمەلدار بۇتخانىسى» دەپ ئاتايتتى. بۇ بۇتخانىدا كۇڭزى ـ مېڭزىنىڭ ئىسمى يېزىلغان ئاق سىردا سىرلانغان تاختايلار بولاتتى. بۇ تاختايلارنىڭ چۆرىسىگە ۋە قويۇلغان شىرەلەرنىڭ ئۈستىگە ئېگىزلىكى يىگىرمە — ئوتتۇز سانتىمېتىر كېلىدىغان، ئاق سىردا سىرلانغان نۇرغۇن ئاق تاختايلار تىزىقلىق تۇراتتى. بۇ تاختايلارغا قارا سىياھ بىلەن چوڭ ـ كىچىك شەكىللەردە خەنزۇچە خەتلەر يېزىلغانىدى. مۇلكىي ئەمەلدارلارمۇ يىلدا ئىككى قېتىم كۇڭزى ـ مېڭزىنى خاتىرىلەيتتى. بۇ كۈنلىرى ئىبادەتخانا دەرۋازىسىغا چىڭ خاندانلىقىنىڭ تۇغى بىلەن باشقا ئەمەلدارلارنىڭ تۇغلىرىمۇ ئېسىلاتتى. مۇراسىم ۋاقتىدا بىر پاي ئوق ئېتىلاتتى. بۇ يەردىمۇ جاڭجۇن ئىبادەتخانىسىدىكىگە ئوخشاش دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىنىپ، مۇراسىمدىن كېيىن بارلىق مۇلكىي ئەمەلدارلار ئاق تاختايلارغا يېزىلغان كۇڭزى ـ مېڭزىنىڭ سۆزلىرىنى ئوقۇپ، ئاخىرىدا زىياپەت يەپ تارقىلاتتى...

چاڭ جاڭجۇن ئۆز مەھكىمىسى قورغىنىغا يانداش سېلىنغان چىڭخۇاڭمياۋ ئىبادەتخانىسىغا بارماي، جاڭجۇن ئىبادەتخانىسىغا كېلىشىنىڭ سەۋەبى ئېنىق ئەمەس، بولمىسا چىڭخۇاڭمياۋ ئىبادەتخانىسى مەھكىمىگە يېقىن بولۇپلا قالماي، يەنە چوڭ ئىبادەتخانا ھېسابلىناتتى. بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئوتتۇرا دەرۋازىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە لايدىن ياسالغان بىر ئاق يۈزلۈك

www.uyghurkitap.com

مۇلازىم بولۇپ ، ئۇ لايدىن ياسالغان ئاق بوز ئاتنى ؛ دەرۋازىنىڭ غەربىي تەرىپىدە قوڭغۇر يۈزلۈك مۇلازىمنىڭ ھەيكىلى بولۇپ ، ئۇ قوڭغۇر رەڭلىك بىر ئاتنى تۇتۇپ تۇراتتى . رىۋايەتلەردە : ئاق يۈزلۈك مەبۇدنىڭ مېھرىبانلىقى تۇتقاندا ، ئۇ ئاق بوز ئاتنى مىنىپ سىرتقا چىقىپ كۆرەنى ئايلىنىپ ، پۇقرالارغا ئىلتىپات ۋە مەرھەمەت قىلىپ ، گۇناھلىرىنى كەچۈرۈپ قايتىدىكەن . ئەگەر دۈشمەن كېلىپ ئاپەت كەلتۈرسە ياكى شەھەر خەلقى ھەددىن تاشقىرى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ ئازغۇنلۇق يولىغا ماڭسا ، قوڭغۇر يۈزلۈك مەبۇد غەزەپكە كېلىپ ، قوڭغۇر رەڭلىك ئاتقا مىنىپ ، ئۇمۇت ئېلىپ غەزەپ بىلەن دۈشمەنلەرنى ، ئازغان پۇقرالارنى ئۇرۇپ - سوقۇپ شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىپ ، شەھەرنى تىنچلاندۇرىدىكەن··· ئىبادەتخانىنىڭ ئىچىدە بىر ئالتۇن يۈزلۈك مەبۇدنىڭ ھەيكىلى بولۇپ ، يىلدا بىر قېتىم جوغا سېلىپ ، كوچىلارنى ئايلاندۇرۇپ كاتتا دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈلەتتى . بۇ مۇراسىمدا ھەتتا بەزى ئېتىقادى كۈچلۈكلەر مەبۇد ئالدىدا ئۆزىنى قۇربان قىلىشتىن يانمايتتى . مۇھەببەت ئۈچ باسقۇچلۇق بولىدۇ : بىرىنچى باسقۇچى : سۇيۇق دەۋرى ، خۇددى سۇتكە ئوخشاش ؛ ئىككىنچى باسقۇچى : قويۇق دەۋرى ، خۇددى قېتىققا ئوخشاش ؛ ئۈچىنچى باسقۇچى : قاتقان دەۋرى ، خۇددى قۇرتقا ئوخشاش . بۇ ئۈچ باسقۇچ مۇھەببەت ، ئەقىدە ۋە ئېتىقاد دەپ ئاتىلىدۇ . مۇھەببەتنىڭ قاتقان ، ئېتىقادغا ئايلانغان باسقۇچى يا ئۆلۈم ، يا كۆرۈم بىلەن ئاخىرلىشىدۇ . شۇنداق بولغانلىقتىن ، بەزى ئېتىقاد ئىگىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئېتىقاد قىلغان مەبۇد ئالدىدا ئۆلتۈرۈۋېلىشى غەلىتە ئىش ئەمەس .

بۇ كاتتا مۇراسىمغا كۆرەدىكىلەرلا ئەمەس ، ئېلى تەۋەسىدىن بىرقانچە مىڭ ئەر - ئايال كېلىپ قاتناشتى . بۇ مۇراسىمغا قاتناشقانلار ، مەيلى ئەمەلدار ياكى پۇقرا بولسۇن ، بويىنىغا تاقاق

سېلىپ ياكى زەنجىر بىلەن بويىنىنى باغلاپ مەبۇدنىڭ ئالدىدىن تىزىلىپ ئۆتۈپ ، مەبۇدتىن گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىشنى يىغا ـ زار ، نالە ـ پەرياد بىلەن تەلەپ قىلاتتى . بۇ مۇراسىم بولۇشنىڭ ئالدىدا پۈتۈن كورە شەھىرى ئالاھىدە زىننەتلىنەتتى . بازار جانلىنىپ ، سودا ـ سېتىق قىزىپ كېتەتتى...

چاڭ جاڭجۈن بېشىغا كەلگەن خەتەرنى ئويلىسا ، مۇشۇ ئىبادەتخانىغا كېلىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلسا بولاتتى . ئۇ ، ئاق ، قوڭۇر ۋە ئالتۇن يۈزلۈك مەبۇدلاردىن بېشىغا بالا بولۇۋاتقان «توپىلاڭچىلار» نى يوقىتىشنى تىلىشى كېرەك ئىدى ! ئەمما ، نېمىشقىدۇر ئۇ ، بۇ يەرگە كەلمەي جاڭجۈن ئىبادەتخانىسىغا باردى . بەلكىم ئۇ بارغان ئىبادەتخانا ئۆز نامىدا ئاتالغانلىقى ئۈچۈنمىكىن ؟ !...

كۈنچىقىش ئۈپۈقىغا يېقىنلا ئۆرلەپ چىققان قۇياش تېخى تولۇق ئالتۇن رەڭگە كىرىپ بولمىغانىدى . ئۇنىڭ سېرىق ـ قىزغۇچ نۇرى ھەيۋەتلىك ئىبادەتخانىنىڭ چېدىرلىق ئۆگزىسىدە جۇلالىناتتى . شىمالىي تاغلاردىن كېلىۋاتقان سەلكىن شامال يېنىك ئۇچاتتى . بىخلانغان سۆگەتتىكى قۇشقاچلار كېلىۋاتقان باھارنى سېزىپ قايناپ ۋىچىرلايتتى .

چاڭ چىڭ ئالدىن خەۋەر بېرىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ، يوغان ، قوش قاناتلىق دەرۋازا ئالدىدا ئىبادەتخانىنىڭ باش راھىب ۋە بارلىق راھىب ـ راھىبەلىرى ئۆزئارا پاراڭ قىلىشىپ جاڭجۈننى كۈتۈپ تۇراتتى . بېشى پاكىز چۈشۈرۈلگەن ، ئۇستىگە ئاق يوللۇق ھال كاسايا كىيگەن ، ئالدىغا ئۇزۇن كەھرىۋا مونچاق ئاسقان يۈزى بىلىنەر ـ بىلىنمەس چوقۇر راھىب ئائىلە تەۋەلىرى بىلەن كېلىۋاتقان چاڭ چىڭنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا ماڭدى . قالغان ئەر ـ ئايال راھىب ۋە راھىبەلەرمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئۈن ـ تىنسىز ئەگەشتى . ئالدىراپ كەلگەن جاڭجۈن باش راھىب بىلەن ئىككى

www.uyghurkitap.com

قولىنى تۇگۇپ، گەۋدىسىنى ئازراق ئېگىپ قىزغىن كۆرۈشتى…

تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن، باش راھىب بىلەن جاڭجۈن ھەممىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ ئىبادەتخانا دەرۋازىسىدىن كىردى. چاڭ چىڭ ئىبادەتخانىنىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكىگە كەلگەندە، چوڭقۇر بىر نەپەسلەندى. ئۇ بىر بالا راھىب ئىككىلا قانىتىنى ئېچىپ تۇرغان ئىشىكتىن كىرىۋېتىپ، كۆڭلىدە: «ئۇلۇغ تەڭرىم! مەن سېنىڭ دەرگاھىڭغا كەلدىم. مېنى بۇ شانۇ شەۋكەتلىك ئورنۇمدىن ئايرىمىغايسەن! بىزگە قۇدرەت ئاتا قىلغايسەن! مەن ساڭا باش قويۇپ شۇلارنى سورىغىلى كەلدىم!» دېگەنلەرنى ئويلىدى…

*　　　*

شەرقىي ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش ئىلى ۋادىسىغا ئىللىق نۇرىنى چاچاتتى. كۆنلەر خېلىلا ئىسسىپ، دەل ـ دەرەخلەر بىخلىنىپ باھارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر بېرەتتى. كۆكۈچ ئاسماننىڭ يۈزىدە پارچە ـ پارچە ئاقۇچ بۇلۇتلار ئۈزەتتى.

چۆرىسى ھەيۋەتلىك سېپىللار بىلەن قورشالغان كۈرە شەھىرى شۇ كۈنلەردە ئۇرۇش ۋەھىمىسى ئىچىدە ياشايتتى. سېپىللار، كوچىلاردا، جاڭجۈن مەھكىمىسى ھەممىلا يەردە خۇددى قارا قاغىدەك مىغىلداپ ئالدى ـ كەينىگە «بىڭ»① دېگەن خەنزۇچە خەت يېزىلغان چېرىكلەر يۈرەتتى. بۇ يەردىكى ئەمەلدار، چېرىك ۋە پۇقرالارنىڭ ئاغزىدا پەقەت ئۇرۇشلا سۆزلىنەتتى. ئۇلار ئەتىكى كۈننىڭ قانداق بولۇشىدىن ئەنسىرىشەتتى.

---

① بىڭ (兵) — ئەسكەر دېگەن مەنىدىكى خەنزۇچە خەت.

بۇگۇن جاڭجۇن مەھكىمىسىدە چوڭ يىغىن ئېچىلاتتى . دەرىجىسى بويىچە ئۇستىدە قىزىل چۇچىسى بار دۇگىلەك قالپاقلارنى ، ئالدى ـ كەينىگە چاسا گۇللۇك تاۋار تىكىلگەن قارا رەڭلىك ئۇزۇن تاۋار چاپانلارنى ، پۇتىغا قىلىن چەملىك ئۆتۈكلەرنى كىيگەن ھەربىي ئەمەلدارلار ، زەر تونلارنى كىيىپ ، بەللىرىگە زەر گۇللۇك كەمەرلەرنى باغلىغان مۇلكىي ئەمەلدارلار جاڭجۇن مەھكىمىسىگە قاراپ كوچىدا كېلىۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ ھەيۋە يېغىپ تۇرغان قەددى ـ قامەتلىرىدە كۆرەڭلىك ۋە مەنمەنلىكنىڭ سۆلىتى كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ ، گۆشلۇك ۋە قان تامغان چىرايلىرىدا خىيال ، ۋەھىمە خۇددى شامال تەۋرەتكەن كۆل سۇيىدە جىمىرلايتتى . تۇنۇگۇنلا قاقاقلاپ كۇلۇپ بۇ كوچىلارغا پاتمىغان بۇ ئەمەلدارلار بىردىن ـ ئىككىدىن جاڭجۇن مەھكىمىسىگە كىرىپ كېتىۋاتاتتى...

شەرقىي چوڭ كوچىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان جاڭجۇن مەھكىمىسى ئۇستىگە ساپال كاھىشلار چېدىرچە يېپىلغان تاملىرى ئېگىز چوڭ قورغاننىڭ ئىچىدە بولۇپ ، ئۇنىڭ قوش قاناتلىق دەرۋازىسى كۇنچىقىشقا قارايتتى . بۇ ھەيۋەتلىك دەرۋازا يېنىدىكى خان سارايلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك دەرۋازىلىرى ئېگىز ياسىلىپ ، ئىككى قانتى پولات بىلەن قاپلىنىپ ، ئۇستى رەڭلىك ساپال كاھىشلار بىلەن چېدىرچە يېپىلغانىدى . ئىككى تەرىپىدىكى ئاپئاق ئاقارتىلغان تاملىرىنىڭ يۇزىگە يېشىل خىشتىن ياسالغان ئەجدىھا ۋە سېرىق سىردا سىرلانغان ساپال گۇللەر چىرايلىق نەقىشلىنىپ ، دەرۋازىنى تېخىمۇ ھەشەمەتلىك كۆرسەتتى . ئۇستى دۇگىلەك ئاركىلىق دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تاشتىن ياسالغان ، ئېگىزلىكى ئىككى يېرىم مېتىر كېلىدىغان ئىككى شىر بىر ـ بىرىگە ھومىيىپ قارىشاتتى . تىزىغا كېلىدىغان قارا چاپان ، ئۇستىگە ئالدى ـ كەينىگە «بىڭ» دېگەن خەنزۇچە خەت يېزىلغان

پـــنجـەك كـيگەن چېرىكلەر قىلىچ ئېسىپ ، نەيزە ۋە تۆپەك مىـــلــتـــىـقـلارنـى تـۇتـۇپ كېلىۋاتقان مانجۇ ، خەنزۇ ۋە شىبە ئـەمـەلـدارلارغـا قارىشىپ تۇراتتى . ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى پـارتـلـىـغـانـدىن كېيىن ھەسسىلەپ كۆپەيتىلگەن بۇ قاراۋۇل چېرىكلەر دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ، ئىككى يېنىدا ۋە كوچىنىڭ ئىككى چېتىدە ئايلىنىپ يۈرەتتى . كۆزەينەك تاقىغان ، ئۆچكە ساقاللىق تەكشۈرگۈچى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار كەلسە ھېجىيىپ ، ئېگىلىپ ، قول باغلاپ قىلىدىغانغا قىلىق تاپالماي قالاتتى…

مـەھـكـىـمە دەرۋازىسىدىن كىرگەندە ، دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى ئۆي بولۇپ ، بىرىدە دەرۋازىۋەن ۋە دەرۋازىنى باقىدىغان چېرىكلەر ، يەنە بىرىدە ئوق ئاتىدىغان ئېگىز بويلۇق ئاۋاق ، ئۇزۇن چاچ قېرى پوچى ، پو بەتلىگۈچى ۋە پوغا دورا تـەيـيارلىغۇچى قاتارلىقلار تۇراتتى . ئۇلار ھەر كۈنى مەھكىمە دەرۋازىسى ئېچىلىدىغان ئەتىگەندە ، چۈشتە ، دەرۋازا تاقىلىدىغان كـەچـتـە بىر قېتىمدىن ئوق ئاتاتتى . بۇنىڭدىن باشقا جاڭجۇن مـەھـكـىـمـىـدىـن چـىـقسا ۋە كىرسە توققۇز پايدىن ، خانىش مەھكىمىدىن چىقسا ۋە كىرسە يەتتە پايدىن ئوق ئېتىپ ، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرەتتى .

كـوچـا دەرۋازىسىدىن كىرگەن ئادەم يىگىرمە مېتىردەك مېڭىپ كەڭ ۋە ئېگىز ئىككى سۇپىغا كېلەتتى . بىر ـ بىرىگە يـانـداش تـۇرغـان بۇ سۇپىلارنىڭ ئۈستىدە گۈل ـ نەقىش ۋە تـۇۋرۇكلىرى ھەرخىل سىرلاردا سىرلانغان خەنزۇچە شىپاڭلار تـۇراتـتـى . شـىـپـاڭلارنىڭ بىرىدە ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتىردەك كېلىدىغان چوڭ ، بوم ئاۋازلىق كاناي ، كىچىك سۇناي ، داقا ـ دۇمباق ، جاڭ ۋە تەبىل قاتارلىق ساز قوراللىرىنى تۇتقان ؛ يەنە بـىـرىـدە غېجەك ، قومۇش بالىمان ، پۈۋلەپ چالىدىغان جەمشىد بـالـمـانـى قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلارنى تۇتقان سازەندىلەر قاتار

تىزىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىزىل تاۋاردىن ئالدى ـ كەينىگە ئەنقارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئۇزۇن چاپان، بېشىغا چىغدىن توقۇلغان قىزىل پۆپۈكلۈك قالپاق، پۇتىغا قىزىل لاتىدىن تىكىلگەن ئۆتۈك كىيەتتى. ئۇلار ھەر كۈنى ئەتىگەن، چۈش ۋە كەچتە جاڭجۈن ۋە ئۇنىڭ خانىشى تاماققا ئولتۇرغان ۋە دەم ئالغان چاغلىرىدا ساز چېلىپ، نەغمە ـ ناۋا قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاچاتتى. بۇنىڭدىن باشقا جاڭجۈن مەھكىمىسى مېھمان چاقىرىپ زىياپەت بەرگەندە، چوڭ يىغىن، چاغان، بايرام ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرىدىمۇ ساز چېلىپ، مەھكىمىنىڭ ئىچىنى ئاجايىپ جانلاندۇرۇۋېتەتتى. شۇ كۈنلەردە بۇ سازەندىلەرمۇ ۋەھىمىگە چۈشۈپ، ئۇرۇشنىڭ كۆرەگە كېلىشىدىن قورقۇپ، بۇرۇنقىدەك ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ ساز چالالمايدىغان، نەغمە ـ ناۋا قىلالمايدىغان بولدى.

بىرىنچى دەرۋازا بىلەن ئىككىنچى دەرۋازىنىڭ ئارىلىقى يۈز مېتىردەك بولۇپ، ئىككىنچى دەرۋازىمۇ ئالاھىدە چىرايلىق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ گۈل ـ نەقىشلىرى ئالدىنقى دەرۋازىنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. بۇ دەرۋازىدىمۇ مەخسۇس دەرۋازا باقىدىغان دەرۋازىۋەن ۋە چېرىكلەر بولۇپ، ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز دەرۋازىدىن ئايرىلمايتتى. بىرىنچى دەرۋازا بىلەن ئىككىنچى دەرۋازىنىڭ شەرق ۋە غەربىدىكى ئۆيلەردە مەھكىمىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان بىر گارنىزون بولۇپ، بىر روتىدەك چېرىك تۇراتتى. ئىككى تەرەپتىكى ئۆيلەرنىڭ ئارىسى ئىككى مىڭدەك ئادەم سىغىدىغان كەڭ مەيدان بولۇپ، چېرىكلەر بۇ مەيداندا كۈندە دېگۈدەك ھەربىي مەشىق قىلىپ جەڭ قىلىش ماھارىتىنى ئۆستۈرەتتى.

ئۈچىنچى دەرۋازىنىڭ ئالدىدا بىر مېتىردەك ئېگىزلىكتە ياسالغان كەڭ سەھنە بولۇپ، بۇ سەھنىگىمۇ مىڭدەك ئادەم

www.uyghurkitap.com

سىغاتتى. بۇ يوغان سەھنە ۋاڭ ـ گۈڭلارنىڭ ئوردىسىغىلا ئوخشايتتى. ئۇ كۆپ تۈۋرۈكلۈك بولۇپ، سەھنىنىڭ تۆرىگە چىڭ خاندانلىقىنىڭ خانىنىڭ سۈرىتى ئېسىلغانىدى. بۇ ھەشەمەتلىك سەھنىنىڭ تورۇسىدا خان ئەۋەتكەن، تاختايغا ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىلغان تەبرىكنامىلەر، قىزىل تۈۋرۈكلەردە خانغا، خاندانلىققا، جاڭجۇڭگە ۋە ئۇنىڭ دۆلىتىگە ئۇزۇن ئۆمۈر، ئەبەدىي بەخت ـ سائادەت تىلىگەن خەتلەر يېزىلغان تاختايلار ئېسىقلىق تۇراتتى. سەھنىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئالتۇن زەر بىلەن ئەجدىھانىڭ سۈرىتى كەشتىلەنگەن سېرىق ۋە قىزىل تۇغلار لەپىلدەيتتى. بۇ سەھنە «داتاڭ»[1] دەپ ئاتىلاتتى. «داتاڭ» نىڭ تۆرىدە قوش قاناتلىق ئىككى چوڭ ئىشىك بولۇپ، بۇ ئىشىكلەرنى «ئەرمىڭ»[2] دەپ ئاتايتتى. بۇ ئىككى ئىشىك بىلەن پەقەت جاڭجۇن ۋە ئۇنىڭ دۇتۇڭ[3] دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بىلەن ئۇلارنىڭ خانىشلىرىلا قاتنىيالايتتى، قالغانلار يان ئىشىكلەردىن كىرىپ ـ چىقاتتى. بۇ ئىشىكلەردىمۇ ئىككىدىن تۆت چېرىك قورال تۇتۇپ، ئىچكىرىگە كىرمەكچى بولغان ئادەملەرنى تەكشۈرۈپ، كىرىشكە رۇخسەت قىلغان قەغەز بولسا ئاندىن كىرگۈزەتتى. بۇنداق قەغەز بولمىسا زادىلا كىرگۈزمەيتتى. بۇ كۈنلەردە تەكشۈرۈش تېخىمۇ چىڭىپ، كىرىدىغان ئادەمنى قاتتىق تەكشۈرەتتى. «داتاڭ» نىڭ ئوڭ تەرىپىدە پۈتۈكچىلەر، ئالاقىچىلەر، تەكشۈرگۈچىلەر تۇراتتى. ئۇلار جاڭجۇن بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن ئەمەلدارلارنى باشقۇرغۇچى ئامبالنىڭ قېشىغا ئەكىرەتتى. بۇ يەردە كەلگۈچى دەپتەرگە خاتىرىلەنگەندىن كېيىن، جاڭجۇنگە مەلۇم قىلىناتتى. جاڭجۇن قوشۇلسا، باشقۇرغۇچى

---

[1] داتاڭ — چوڭ سورۇن ياكى سوراقخانا.
[2] ئەرمىڭ — ئىككى ئىشىك.
[3] دۇتۇڭ — ياମۇل مەھكىمىسى.

ئامبال كەلگۈچىنى باشلاپ جاڭجۈن بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ چىقاتتى. ئەگەر كەلگۈچىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى بولسا، مۇھاپىزەتچى مۇشۇ يەردە ساقلاپ قالاتتى.

«داتاڭ» نىڭ بىر تەرىپىدىكى ئۆيلەردە ھەربىي ئىشلار، قاراۋۇل — مۇھاپىزەتچى چېرىكلەرنىڭ بۆلۈملىرى بولۇپ، ھەممىسىنىڭ باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلىرى بولاتتى. يەنە بىر تەرىپىدىكى ئۆيلەردە پۈتۈكچى، خوجىلىق ۋە باشقا بۆلۈملەر تۇراتتى.

«داتاڭ» دىن ئۆتۈپ شەرق تەرىپىگە ئەللىك مېتىردەك ماڭغان ئادەم يان تەرەپتىكى ئېگىز تامغا ئېگىزلىكى ئىككى يېرىم مېتىر كېلىدىغان، كۆك خىشتىن ياسالغان يۇملاق ئىشىككە كېلەتتى. ئىشىكتىن كىرگەندىكى ھويلىنىڭ چۆرىسىدە كورپۇس - كورپۇس ئۆيلەر بولۇپ، بۇلاردا چېرىكلەر تۇراتتى. ھەربىي ئامبارمۇ مۇشۇ ھويلىنىڭ ئىچىدە ئىدى. غەرب تەرىپىدىكى يۇملاق ئىشىك ئىچىدە مەمۇرىي ئىشلار ۋەزىرلىرىنىڭ ئىشخانىلىرى بولۇپ، بۇ ئىشخانىلاردا ئامبال، غالدا، باخشى قاتارلىق ئەمەلدارلار ئىشلەيتتى. ئۇلارنىڭ كۆپى مانجۇ ۋە شىبەلەر ئىدى. بۇ ئەمەلدارلارنىڭ قول ئاستىدا پۈتۈكچىلەر، تىلماچلار، ئالاقچى ۋە چاپارمەنلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى مانجۇ، شىبە ۋە خەنزۇلار ئىدى. بۇ ھويلىدىكى ئىشخانىلار ئىلى جاڭجۈنگە قاراشلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر، موڭغۇل، خۇيزۇ، شىبە، داغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى، نوپۇسىنى، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى، يەر، سۇ، ئالۋان — ھوسۇل قاتارلىقلارنى، مەنسەپكە قويۇش، مەنسەپتىن قالدۇرۇش، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاشنى باشقۇراتتى.

مۇشۇ قورۇنىڭ بىر چېتىدە يەنە بىر ھويلىغا چىقىدىغان ئىشىك كۆرۈنەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە بىر - بىرىگە ئوخشاپ

www.uyghurkitap.com

كېتىدىغان نەچچە ئون ئۆي ، بۆلۈم ۋە ئىشخانىلار بولۇپ ، بۇلاردا خەزىنە ، مالىيە ـ ئىقتىسادقا مەسئۇل ئامباللار ئىشلەيتتى . بۇ قورۇنىڭ شەرق تەرىپىدىكى يەنە بىر تۆمۈر ئىشىك دائىم دېگۈدەك قۇلۇپلاقلىق تۇراتتى . بۇ تۆمۈر ئىشىكلىك قورۇنىڭ شىمال ، غەرب ۋە جەنۇب تەرەپلىرىدىكى پولات پەنجىرىلىك ، تۆمۈر ئىشىكلىك ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى قوپال زەنجىرلەر بىلەن زەنجىرلىنىپ يوغان قارا قۇلۇپلار بىلەن قۇلۇپلانغانىدى . ھەربىر ئىشىككە خەنزۇچە خەت بىلەن نومۇر سېلىنغان بولۇپ ، بۇ ھويلا دائىم دېگۈدەك جىمجىت بولاتتى . مانا مۇشۇ تۆمۈر ئىشىكلىك ئۆيلەردە ئىلى جاڭجۈنىنىڭ قورال كۈچى ئارقىلىق ئىلى خەلقىدىن بۇلاپ ـ تالىغان ئالتۇن ـ كۈمۈش ، قىممەت باھالىق جاۋاھىراتلار ، ئالتۇن جام ، ئالتۇن كەمەر ، ئەڭ قىممەتلىك ئوتتۇغات ، بۆكەن ، بۇغا مۈڭگۈزلىرى ، مېھرىگىياھ قاتارلىق قىممەت باھالىق دورىلار ساقلىناتتى . بۇ ھويلا ئىنتايىن مەخپىي بولۇپ ، قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىناتتى . خەزىنىچى ئامبالدىن باشقا ھەرقانداق كىشى بۇ ھويلىغا كىرەلمەيتتى .

ئۈچىنچى دەرۋازىدىن كىرىپ ، ئەللىك مېتىردەك ماڭغاندا ، تۆتىنچى دەرۋازىغا كېلەتتى . بۇ دەرۋازىدىمۇ قاراۋۇل چېرىكلەر ۋە دەرۋازىغا قارايدىغانلار بار ئىدى . دەرۋازىدىن كىرگەندىكى ئازادە ، تۆت چاسا قورۇدا جاڭجۈن ئائىلىسى بىلەن تۇراتتى . پاكىز سۈپۈرۈلگەن ، ئۆيلەرنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرى سۈرتۈلگەن جاڭجۈن قورۇسىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئالاھىدە ياسالغان ھەشەمەتلىك ۋە چوڭ مەجلىسخانىنىڭ ئالدىدا جاڭجۈن ئىشخانىسىنىڭ چىرايلىق كىيىنگەن ئەمەلدارلىرى كېلىۋاتقان يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپدارلارنى پايپېتەك بولۇپ كۈتۈپ ، مەجلىسخانىغا باشلايتتى . ئىشىك ئالدىدا بىر ـ بىرىنى كۆرگەن تونۇش ـ بىلىشلەر قىزغىن سالاملىشىپ ھال ـ ئەھۋال

سورىشاتتى...

قوياش خېلىلا ئېگىز ئۆرلەپ، ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالدى.

*　　　*

مەجلىسخانا خېلىلا چوڭ بولۇپ، ئىچى ئىنتايىن ھەشەمەتلىك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ تام - تورۇسلىرىدا ئالتۇن ھەل بېرىلىپ يېزىلغان لەۋھە، بايراق ۋە سىرلانغان تاختايلار ئېسىقلىق تۇراتتى. بۇ كاتتا سارايىنىڭ تۆرىگە ئەجدىھا سۈرىتى كەشتىلەنگەن كىمخاب تارتىلغان بولۇپ، ئالدىغا قويۇلغان «تەخت» ئۈستىگە يولۋاس تېرىسى سېلىقلىق كۆرۈنەتتى. جاڭجۈن چوڭ ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىدىغان ئالاھىدە يىغىنلاردا مۇشۇ «تەخت» ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى.

سارايىنىڭ ئىچىگە تولدۇرۇپ سېلىنغان خوتەننىڭ ئىران نۇسخىلىق گىلەملىرى مەجلىسخانىنى تېخىمۇ چىرايلىق ۋە ھەشەمەتلىك كۆرسىتەتتى. سارايىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىككى رەت قىلىپ قويۇلغان ئىككى ياغاچ ئورۇندۇقنىڭ ئالدىدا تۆت پۇتلۇق بىردىن شىرە قويۇلغان بولۇپ، ئۈستىدە ئاغزى يېپىلغان، تېگىدە خونچىسى بار چاي سىركايىلىرى تۇراتتى.

يوغان سارايىنىڭ ئىچى بۇزۇلغان ھەرە ئۇۋىسىدەك غوڭۇلدايتتى. كەلگەن مانجۇ، خەنزۇ، شىبە، سولۇن قاتارلىق مىللەتلەردىن بولغان ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ بەزىلىرى ئولتۇرۇپ، بەزىلىرى ئۆرە تۇرۇپ پاراڭلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا نەرسىنى — باياندايىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلىشەتتى. سۆزلىشىۋاتقانلارنىڭ چىرايلىرى خۇشاللىقنى كۆرمىگىنىگە خىجىل بولغاندەك، قايغۇلۇق كۆرۈنەتتى. شۇڭلاشقا ئۇلار سۆز

ئارىلىرىدا ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىپ قوياتتى .

سارايغا كىرىپ بوسۇغىدىلا توختىغان سىپمىز ، بويى پاكار ئادەم پاراڭلىشىۋاتقانلارغا قاراپ ئاغزىنى ئاچتى :

— جاڭجۇن كەلدى !

ساراي ئىچى خۇددى سۇ سەپكەندەك جىمىدى . ئۆرە تۇرغانلار ئورنىغا بېرىپ ، ئولتۇرغانلار ئۆرە تۇرۇپ ئىشىككە تىكىلدى .

كوتمەك سۇپۇرگىدەك قېشى تىكىلىنىپ ، ئۆرۈك مېغىزىدەك كۆزى ئارانلا ئېچىلغان ، ئۆكۈزدەك يوغان جاڭجۇن قولىنى كەينىگە تۇتقان ھالدا ئىشىكتىن كىرىپ ، «تەخت» ئورۇندۇقى ئالدىغا كېلىپ ئۆرە تۇردى . ئۇ ئۆزىگە باش ئېگىپ سالام قىلغان ئەمەلدارلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆزىدىن ئۆتكۈزدى .

— جاڭجۇنگە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمىز ! — دېگەن ئاۋازلار ساراي ئىچىنى بىر ئالدى .

— رەھمەت ! — دېدى جاڭجۇن ئۆز ئورنىغا ئولتۇرۇۋېتىپ ، — ئولتۇرۇڭلار ! ...

يىغىن مانا مۇشۇنداق باشلاندى . ئالدىدا جاڭجۇن بىر يۆتىلىۋېتىپ ئاغزىنى ئاچتى . يەنىلا ئۇنىڭ تاتىراڭغۇ چىرايىدا قايغۇ - ھەسرەت پۇرقىرايتتى .

— توپىلاڭنى قانداق باستۇرۇشنىڭ چارە - تەدبىرلىرىنى مۇزاكىرە قىلىش ، بۈگۈنكى يىغىنىنىڭ مەقسىتى . ھەربىي قەلئە بايانداي قوزغىلاڭچىلارنىڭ قورشاۋىدا تۇرۇۋاتىدۇ . بىزنىڭ بايانداي دىكى چېرىكلىرىمىز سىپىلنىڭ قۇۋقىلىرىغا كىگىز تارتىپ ، ئۇنىڭ دالدىسىدا ئوت تاشلاپ ، قىزىق ماي تۆكۈپ ، تاش - خىش ئېتىپ ، ئوقيا ۋە تۆپەك مىلتىقلىرىدىن ئوق ئۈزۈپ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلماقتا . ئەقىل - ھوشىنى يوقاتقان توپىلاڭچىلار ئوت ، قىزىق ماي ، تاش ، خىش ، ئوقيا ۋە تۆپەك مىلتىقلارغا پەرۋا قىلماي ، شوتىلار بىلەن سېپىلغا چىققان

بولسمۇ ، تېخىچە سېپىلنى ئالالمىدى . باياندا ي قەلئەسىدىكى چېرىكلىرىمىزمۇ قورشاۋنى بۆسۈپ چىقالمىدى ، — جاڭجۈن چوڭقۇر بىر تىنىپ سۆزىدىن توختىدى . بۇ ئۇزۇن ، كەڭ سارايىنىڭ ئىچى چۈشتىن ئۇچسا ئاڭلىنىدىغان ئېغىر جىمجىتلىققا چۆكۈپ ، گويا ھاسىراۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى ، — بايانداي دىكى قوشۇنلىرىمىز قورشاۋغا قانچىلىك ۋاقىت چىداشلىق بېرەلەيدۇ ؟ ئۇلارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى ، ئوق - دورىسى قاچانغىچە يېتىدۇ ؟ بۇ ئەھۋاللار ماڭا قاراڭغۇ ، بايانداي بىلەن بولغان ئالاقىمىز ، بايانداي قورشاۋدا قالغان كۈندىن باشلاپ ئۈزۈلگەن ، ھازىر ئەھۋالنى بىلمەيمەن . شۇ نەرسە ئېنىقكى : بىز ياردەم بەرمىسەك ، باياندايدىكىلەر قورشاۋنى بۆسۈپ چىقالمايدۇ . قوزغىلاڭچىلار بايانداينى ئېلىۋالسا ، كۈرەگە ھۇجۇم قىلىدۇ . بۇ ئەقىلدىن ئازغانلارنىڭ كۈرەنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىشىدىن ئۇلۇغ تەڭرىم ئۆزى ساقلىسۇن ! ياخشىسى بىز ، ئۇلارنى بايانداي ئەتراپىدىلا يوقىتىشىمىز كېرەك ! توپىلاڭچىلارنى بايانداي ئەتراپىدا يوقىتىشنىڭ قانداق ياخشى چارە - تەدبىرلىرى بار ؟ سىلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىمىزگە كۆيۈنۈپ ، ياخشى چارە - تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇڭلارنى سورايمەن .

چاڭ چىڭ يەنە چوڭقۇر تىنىپ سۆزىدىن توختىدى . ئۇ شۇ تاپتىكى چىرايى ۋە روھىي ھالىتى بىلەن جېنىغا قادالغان خەتەرنىڭ ئالدىدا ئامالسىز قالغان بىچارىگىلا ئوخشايتتى . تېخىچە ئېغىز ئاچماي ، ئېغىر تىنىپ ئولتۇرغان ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىغا بېشىنى كۆتۈرۈپ : «قېنى ، بىرنېمە دېمەمسىلەر ؟ » دېگەندەك يېلىنىپ تىكىلدى .

سارايدا گۇدۇڭ - گۇدۇڭ باشلاندى . جاڭجۈن يېنىدىكى شىرەگە قويۇلغان خونچىلىق ، ئاغزى يېپىلغان سىركايىنى قولىغا ئېلىپ ، قاپقىقى بىلەن چايىنىڭ يۈزىدىكى شاملارنى كەينىگە

سۇرۇپ بىرقانچە قېتىم ئوتلىدى. ئىشىك يېنىدا ئۆرە تۇرغان زىلۋا بويلۇق مۇلازىمى دەرھال كېلىپ، خوجايىنىنىڭ قولىدىن سىركايىنى ئالدى.

سارايىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە، ئالدىنقى قاتاردا ئولتۇرغان ئوتتۇرا بويلۇق، سېمىز، رەڭگىروي ۋە تۇرقىدىن مەنمەنلىك يېغىپ تۇرغان شى دارېن ئورنىدىن تۇرۇپ، شىرە يېنىدىكى بوش ئورۇنغا چىقتى. ئۇنىڭ گۆشلۈك يۈزىدىن ماي چىقىپ تۇرغاندەك پارقىرايتتى، پۇچۇق بۇرنىنىڭ ئاستى ۋە دۇگىلەك ئېڭىكىدە بىر تال تۈكمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ ئاق پاختىسى يوغان كۆزلىرى خۇددى ئېسىقلىق چىراغتەك ياناتتى.

— مەن، — دەپ سۆزىنى باشلىدى شى دارېن، جاڭجۇنگە قاراپ. ئۇ ئازراق تىلىنى چايناپ، بىلىنەر - بىلىنمەس كېكەچلەپ سۆز قىلاتتى، — جاڭجۇن جانابلىرى، سىلىنىڭ كۆز قاراشلىرىغا قوشۇلىمەن. باياندايدىكى چېرىكلىرىمىز قورشاۋنى ئۆزلىرى بۆسۈپ چىقالمايدۇ، چىقسا بۇ كەمگىچە چىققان بولاتتى. مەن قوشۇن چىقىرىپ باياندايدىكىلەرنى قورشاۋدىن قۇتۇلدۇرۇشنى تەكلىپ قىلىمەن، — ئۇ ئالدى - كەينىدىكىلەرگە كۆرەڭلىگەندەك بىر قارىۋېتىپ سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى، — قولىغا تاياق - توقماق، ئارا - گۈرجەك ئېلىپ قوزغالغان بۇ توپىلاڭچىلارنى باستۇرۇش ئۇنچىلىك قىيىن ئەمەس. بىزنىڭ توپ - زەمبىرەك، ئوقيا، نەيزە - قىلىچ ۋە مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان، ئۇرۇش قىلىشنى بىلىدىغان چېرىكلىرىمىز ئۇلارنى چوقۇم سۇر - توقاي قىلالايدۇ. مانا، ماڭا بىرنەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇن بېرىلسە، مەن باياندايىنى بىر كۈندە ئېلىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئانا - مانىسىنى كۆزىگە كۆرسەتكەن بولاتتىم...

شى دارېندىن كېيىن سۆزلىگۈچىلەر كەينى - كەينىدىن

ئورنىدىن تۇردى . ئۇلارنىڭ كۆپى سېمىز شى دارىنىڭ تەكلىپىنى قوللىدى . بەزىلىرى بېيجىڭدىن قوشۇن سوراش تەكلىپىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى .

— مەن شى دارىنىڭ تەكلىپىنى قوللاپ ، يەنە مۇنداق بىر تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويىمەن ، — دېدى ئورنىدىن تۇرغان ، يېشى ئوتتۇزلاردىن ئاشقان ، كالپۇكلىرى قېلىن ، سۆلەتلىك بىر ئەمەلدار جاڭجۇنگە قاراپ ، — خانغا مەكتۇپ يازايلى ! بىزگە قوشۇن - تۇرپاندىكى قوشۇنلىرىمىزدىن ئون مىڭ چېرىك ئەۋەتىپ بەرسە ، بۇ ئۆزىنى بىلمەي شىلتىڭ ئاتقان توپىلاڭچىلارغا جەھەننەمنى كۆرسىتەتتۇق…

چاڭ چىڭ ئۇن - تىنسىز ئولتۇرۇپ سۆزلەۋاتقانلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلايتتى . بىراق ، ئۇ تەشنالىقنى قاندۇرىدىغان سۆزلەرنىڭ بولمايۋاتقانلىقىدىن ئازابلىناتتى . گەرچە ئۇ ئۆزى ئۇسسۇلۇقنى قاندۇرىدىغان چارە - تەدبىرلەرنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىسىمۇ ، ئوتتۇرىغا چۈشكەن تەكلىپ - چارىلەر ئۇنى قانائەتلەندۇرمەيتتى . ئۇ قانداقتۇر بىر مۆجىزىلىك چارىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىنى كۈتەتتى .

شالاڭ ساقال - بۇرۇتلىرىغا خېلىلا ئاق سانجىلغان ، ئالدىغا پۈلتىيىپ چىققان ماڭلىيىغا خېلى كۆپ سىزىقلار تارتىلغان ، كۆزلىرى خۇددى مۈشۈكنىڭ كۆزىگىلا ئوخشايدىغان ، ئېگىز بويلۇق ، يېشى ئاتمىشتىن ھالقىغان بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ ، شىرەدىن چىقىپ ئۆرە تۇردى . نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن بۇ مۇلكىي ئەمەلدارنى جاڭجۇنمۇ ھۆرمەت قىلاتتى . چاڭ چىڭ فامىلىلىك بۇ دالويىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭغا كۆزلىرىنى ئېچىپ قارىدى .

— نۇرغۇن تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى ، — دېدى ئۇ ، سىم ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ ، ئۇنىڭ مۈشۈكنىڭكىگە

ئوخشايدىغان كۆزلىرىدە بىر كۆكۈچ نۇر چاقناپ كەتتى، — ھەممىمىزگە ئايان: ئۇرۇشنىڭ توققۇزى رەڭ، بىرى جەڭ بولىدۇ…

— ھۆرمەتلىك دالويى! — دەپ ئادەتتىكىدىن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، سۆزلەۋاتقان چىڭ دالوينىڭ سۆزىنى بۆلدى جاڭجۇن، — ئولتۇرۇپ سۆزلىسىلە!

— رەھمەت! — دېدى ئۆچكە ساقاللىق دالويى جاڭجۇنگە قاراپ، — جەڭنىلا قىلىپ، رەڭنى قىلمىغانلار ئۇرۇشتا كۆپىنچە يېڭىلمەيدۇ. قارشى تەرەپنى ھىيلە قاپقىنىغا چۈشۈرگەندىلا، ئاندىن ئۇنى ئوبدان كالتەكلىگىلى بولىدۇ.

ساراي ئىچى جىمجىتلىققا چۆمدى. يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئېگىز بويلۇق قېرى دالوينىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلايتتى. چاڭ چىڭمۇ ئوڭ قولىنى «تەخت» ئورۇندۇقىنىڭ تۇتقۇچىغا قويۇپ، ئالدىغا سەل ئۇمتۇلگەن قىياپەتتە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ سۆزىنى تىڭشايتتى.

— مەن ئۇيغۇرلارنى ئوبدان بىلمەمەن، قۇمۇلدا ئۇزۇن تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئاچچىق ئۆچىيىدىكىنىمۇ بىلىپ كەتتىم، — چىڭ دالوينىڭ تاتىراڭغۇ چىرايى ۋە مۈشۈكنىڭ كۆزىدەك كۆزلىرىدە بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلكە كۆرۈنەتتى. بۇ خۇشاللىق، ھاياجان ۋە زوقلىنىش كۈلكىسى بولماي، بەلكى زاڭلىق — مەسخىرە كۈلكىسىگە ئوخشايتتى… — بىزنىڭ قولىمىزدا، ھۆرمەتلىك جاڭجۇن، بىر ۋاڭپەي[1] بار! مەن مانا شۇ ۋاڭپەيدىن پايدىلىنىش تەكلىپىنى بېرىمەن!… ئۇيغۇرلاردا تارىختىن تارتىپ كېلىۋاتقان بىر ئاجىزلىق بار. «ئوتنى كوچىلىساڭ ئۆچىدۇ، قوشنىنى كولىساڭ كۆچىدۇ»

---

① ۋاڭپەي — كوزىر.

دېگەن ماقال بىزدە يوق . باشقا مىللەتلەردىمۇ بولمىسا كېرەك . ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ماقالدا بايان قىلىنغان ئىش ، يىرگىنىدىغان بىر ئىش سۈپىتىدە ئەمەس ، بىر قىممەتلىك تەجربە سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن . ئۇيغۇرلار بىر - بىرىنى كۆرەلمەيدىغان بىر ناچار ئىللەتنىڭ كاساپىتىدىن نۇرغۇن زىيان تارتقان خەلق . بۈگۈنمۇ بىز يەنىلا ئۇلارنىڭ مۇشۇ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ ، بىر - بىرىنى ئۆلتۈرگۈزۈپ غەلىبە شارابى ئىچىمىز !

چىڭ دالويى سۆزدىن توختاپ ، ئېگىشىپ شىرەدىكى خونچىلىق سىركايىنى قولىغا ئېلىپ ، ئۇنىڭ قاپقىقىنى ئازراق ئېچىپ چايدىن ئوتلىدى . ئۇ خونچىلىق سىركايىنى يەنە شىرەگە قويۇپ ، جاڭجۇنگە قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى :

— ئۇيغۇرلاردا يەنە بىر رىۋايەت بار . بۇ رىۋايەتمۇ ئۇلارنىڭ ئۇتتۇق قازانغان قېرىنداشلىرىنىڭ خۇشاللىقىنى بىللە سۈرەلمەيدىغان ، بىر - بىرىنى كۆرەلمەيدىغان ، بىر - بىرىنى كولايدىغان ئىللىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . مەن سىلىگە بۇ رىۋايەتنىمۇ سۆزلەپ بېرەي !

جاڭجۇن چىڭ دالوينىڭ سۆزلىرىگە شۇنچىلىك قىزىقىپ قالدىكى . ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئاڭلايتتى . گەرچە ئۇ ، ئۇيغۇرلاردا بىر - بىرىنى كۆرەلمەيدىغان ئىللەت ئېغىر ، دەپ ئاڭلىغان بولسىمۇ ، چىڭ دالويى دېگەن ماقالنى ، ئەمدى ئېيتىپ بەرمەكچى بولۇۋاتقان رىۋايەتنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغانىدى . بەلكىم ، چاڭ چىڭ كۈتۈۋاتقان مۆجىزىلىك تەدبىر ئاشۇ ماقال ، ئەمدى سۆزلىنىدىغان رىۋايەتتىن تېپىلىدىغاندۇر ؟ !...

— مەن بۇ رىۋايەتنى قومۇلدىكى چاغلىرىمدا ئەبەيدۇللا بەگنىڭ ئوردىسىدىكى بىر ئەمەلداردىن ئاڭلىۋىدىم . ئەمدى مەن سىلەرگە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ رىۋايىتىنى سۆزلەپ بېرەي ! قەدىمكى زامانلاردا دۇنيادىكى بارلىق ئادەم ۋە ئۇچار قۇش ، ھايۋانلارغا

سۇلايمان ئىسمىلىك بىر پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىكەن ، ئۇنىڭ قولىدا ئاجايىپ سېھىرلىك كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بىر ئۈزۈك بولۇپ ، بۇ ئۈزۈككە ھېچنېمە تەڭ كېلەلمەيدىكەن . شۇڭلاشقا بۇ دۇنيادىكى بارلىق پادىشاھلار ، دىۋە ـ پەرى ، جىنلار ، ئۇچار قۇش ۋە ھايۋانلار ئۇنىڭغا بويسۇنىدىكەن . بۇ قۇدرەتلىك سۇلايمان پادىشاھ پۈتۈن ئىقلىمدىكى خانىدانلىق ۋە مىللەتلەردىن بىردىن ۋەكىل چاقىرىپ كاتتا قۇرۇلتاي ئاچماقچى بولىدىكەن . دېگەن كۈنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مىللەتلەردىن بىردىن ۋەكىل سۇلايمان شاھنىڭ ئوردىسىغا كېلىدىكەن . ئالتۇن تەختىگە چىقىپ ئولتۇرغان ھەيۋەتلىك پادىشاھ كەلگەن ۋەكىللەرگە قارايدىكەن . ئۇ دۇنيادىكى ھەممە مىللەتلەردىن بىردىن ۋەكىل كېلىپ ، پەقەت ئۇيغۇرلاردىنلا ئىككى ۋەكىل كەلگەنلىكىنى كۆرىدىكەن . پادىشاھ بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ ، ئىككى ئۇيغۇردىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورايدىكەن .

«بىزنىڭ خاقانىمىز ، — دەپتۇ ئېگىزرەكى سۇلايمان پادىشاھقا تەزىم قىلىپ ، — ناۋادا ، دۇنيانىڭ شان ـ شۆھرەتلىك ھۆكۈمرانى سوۋغا ـ سالام بېرىپ قالسا ، بىر ئادەم بىر قىسمىنى تىنچ ئېلىشى مۇمكىن ، ئىككى ئادەم بارسا ، ئۇنداق قىلالمايدۇ ، دەپ ئىككىمىزنى ئەۋەتتى .»

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان سۇلايمان پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ، بۇرۇتلىرى تىك تۇرۇپ كېتىپتۇ :

«سىلەر ، — دەپتۇ ئۇ ۋارقىراپ ، — بىر ـ بىرىڭلارغا ئىشەنمەيدىغان ، بىر ـ بىرىڭلارنى كۆرەلمەيدىغان ئادەملەر ئىكەنسىلەر ، ‹ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ› دەپ مەن سىلەرگە بىر ‹ھېكمەتلىك تاياق› ھەدىيە قىلاي ! بۇ تاياق بىلەن بۇ ئالەمدىن بىر ـ بىرىڭلارنى كوچىلاپ ئۆتۈڭلار !...» شۇنىڭدىن بېرى ئۇيغۇرلار سۇلايمان پادىشاھ بەرگەن «ھېكمەتلىك تاياق»

بىلەن بىر - بىرىنى كۈچلاپ كېلىۋاتقۇدەكمىش ، — چىڭ دالويى بىر تىنىۋېلىپ ، يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى . ئۇ خېلىلا قىزىپ ، مۈشۈك كۆزىدەك كۆزلىرى پارقىراپ چاقنايتتى ، — بىز نېمىشقا ئۇلارنىڭ بۇ ئىللىتىدىن پايدىلانمايمىز ؟ ! مەن سۆزۈمنىڭ بېشىدا : «قولىمىزدا بىر ۋاكېپەي بار» دېۋىدىم ، نېمىشقا بۇ ۋاكېپەينى مەيدانغا چىقارمايمىز ؟ ! مېنىڭ دەۋاتقان ۋاكېپېيىم دەل مەزەمزات ھېكىمبەگ ، ئۇنى تازا ئىندەككە كەلتۈرۈپ ، تازا بابلاپ ئۇچۇرۇۋەتسەك ، بىز قىلالمىغان ئىشنى ئۇ قىلماسمۇ ؟ ! كىم مەزەمزات ھېكىمبەگنى ئۆز نەپسى ، ئۆز ھوقۇقى ، شان - شۆھرەت ۋە ھاكىمبەگلىك ئورنىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىلىدىغان ھەممە يامانلىق ۋە قاتىللىقنى قىلمايدۇ ، دېيەلەيدۇ ؟ ! — ئۇ ئالدىدا جاڭجۇڭگە ، ئارقىدىن ئالدى - كەينى ۋە يان تەرىپىدىكى ئەمەلدارلارغا پارقىراپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن قاراپ چىقىپ سۆزىنى يەنە باشلىدى ، — مەن جاڭجۇن جانابلىرىنىڭ مەزەمزات ھېكىمبەگنى قاماقتىن چىقىرىپ ، چىرايلىق سۆزلەر بىلەن كۆڭلىنى ئېلىپ ، دەرھال قوزغىلاڭچىلار ئارىسىغا ئەۋەتىشىنى تەكلىپ قىلىمەن . ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ ھېكىمبەگ بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ ئادەمنىڭ بەز يېمەيدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن . ئۇ چوقۇم جاڭجۇن بەرگەن بەزنى يەپ ، خۇددى غىلىپىدىن چىققان خەنجەردەك ، ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ ئابرۇي قازانغان قېرىنداشلىرىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئاتلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن .

چىڭ دالويى سۆزىنى تۈگىتىپ ، ئۆز ئورنىغا ئولتۇردى . ساراي ئىچىدە يەنە گۇدۇڭ - گۇدۇڭ پاراڭ باشلىنىپ كەتتى . ئۆزئارا قىزىپ سۆزلىشىۋاتقانلارنىڭ چىرايىدىن چىڭ دالوينىڭ سۆزىنى قوللاۋاتقانلىقلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . جاڭجۇن قولىنى كۆتۈردى . ئۆزئارا سۆزلىشىۋاتقانلار سۆزلىرىدىن توختاپ ساراي

ئىچى يەنە سۇ سەپكەندەك تىنچلاندى .

— ھۆرمەتلىك چىلڭ دالويى ، — دەپ سۆزىنى باشلىدى چاڭ چىلڭ ، ئۇنىڭ تاتىراڭغۇ چىرايىدا ئەمدى خەتەردە قالغان تەقدىرىنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ توغرا يولىنى تاپقان ئادەمنىڭ خاتىرجەملىكى بىلەن خۇشاللىقى ئىپادىلىنەتتى . ئۇ مۆجىزىلىك چارە ـ تەدبىرنى تاپقان بىر قىياپەتتە ، كوتمەك سۇپۇرگىدەك قاشلىرىنى تىكلەپ ، كۆزلىرىنى چاقنىتىپ ، مەنمەنلىك بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى ، — مەن ماڭا تويىلاڭنى تىنچىتىشنىڭ مۆجىزىلىك تەدبىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن مۆھتەرەم ئۇستازغا رەھمەت ئېيتىمەن ! راست ، ئەڭ ياخشى ئۇسۇل : ئۆزىنى ئۆزىگە سېلىش ، بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرگۈزۈش ، ئارقىلىق سېپىلنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ ، ئاخىرىدا ئۇستۇن چىرىك كۆچى بىلەن تارمار قىلىشتىن ئىبارەت . بۇنىڭدا مەزەمزات راستتىنلا ۋاڭپەي ! بۇ ئادەمنىڭ مىجەزى ماڭا بەش قولدەك ئايان : ئۇ مەنسەپ ، ھوقۇق ، ئابرۇي ، مەنپەئەت دېسە جېنىنى بېرىشتىن يانمايدۇ ، ھەرقانداق ئەسكىلىكنى قىلىشتىن قايتمايدۇ ! كۆك تەڭرىم ئۇستىدە تۇرۇپتۇ : مەن مەزەمزاتنى ئوڭايلا ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ ، بىر ـ ئىككى كۈننىڭ ئىچىدە يولغا سالىمەن . ئۇ بېرىپ ئەقىل ـ ھوشىدىن ئازغان تويىلاڭچىلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى بىر ـ بىرلەپ يوقىتىشقا باشلىغاندا ، سېپىلنىڭ قالايمىقانلاشقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ، دەرھال ئۇستىگە قوشۇن تارتىمىز .

چاڭ چىلڭ گويا قوشۇن تارتىپ ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرغاندەك بىر قىياپەتتە سۆزىدىن توختىدى . ئۇنىڭ ئالما ئۇرۇقىدەك كۆزلىرى ئويناپ ، ھاردۇقى چىققاندەك كۆرۈنەتتى .

— مەن چيەنلۇڭ خانغا دوكلات يېزىپ ، تويىلاڭچىلارنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلدىم . مەكتۇپۇمنىڭ ئاخىرىدا چىرىكمۇ سورىدىم . تېخى جاۋاب كەلمىدى . مەيلى ياردەمگە قوشۇن كەلسۇن

ياكى كەلمىسۇن ، قولىمىزدىكى بارلىق قوشۇنلار ئۇرۇش ھالىتىدە جەڭگە تەييار بولۇپ تۇرسۇن ! بۇيرۇق مەيلى كېچىسى ياكى كۈندۈزى چۈشسۇن ، دەرھال ئاتلىنالايدىغان بولسۇن ! بىز پات ئارىدا باياندايغا ياردەمگە قوشۇن ئەۋەتىمىز !

يىغىن تۈگىدى . يىغىنغا قاتناشقانلار كەلگەن چاغدىكى قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىدىن يېنىكلەپ قالغاندەك ، چىرايلىرىغا قان يۈگۈرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇردى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى باب

## مەزەمزات ھېكىمبەگ

جاڭجۇن ھويلىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە ئۇنىڭ ھەشەمەتلىك ئىشخانىسى بولۇپ، قوش قاناتلىق ئىشىكى غەربكە قارايتتى. ئىشخانىسىنىڭ تۆر تەرەپتىكى تېمىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان يوغان يېزىق ئۈستىلى ئۈستىدە دەستىلەنگەن دەپتەر ۋە ھۆججەتلەر، ھەرخىل پەي قەلەملەر سېلىنغان بامبۇك قەلەمدان، سىياھ ئېزىدىغان تۆت بۇرجەك قارا قۇتا قاتارلىقلارمۇ تىزىلىپ تۇراتتى. چاڭ چىلىڭ ئولتۇرىدىغان بۇ يۆلەنچۈكى ئېگىز، ئىككى تەرىپىدە تۇتقۇچى بار، ئاستىغا يۇمشاق كۆرپە سېلىنغان ئورۇندۇق، رەڭ ۋە ياسىلىش جەھەتتە ئۈستەلگە پارە كېلەتتى. ئىشخانىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە ئۈستەلنىڭ كەينىدىكى ئورۇندۇقتەك ئىككى ئورۇندۇق تامغا يۆلەپ قويۇلغان، ئىككى ئورۇندۇقنىڭ ئارىسىدا تۆت چاسا شىرە بولۇپ، بىرەرى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقا تولىمۇ باب كېلەتتى. ئىشخانىنىڭ ئاستىغا سېلىنغان خوتەننىڭ يوغان رەڭدار گىلىمى ئۆزىنىڭ گۈل - چېچەكلىرى بىلەن گۈلچىمەنگە ئوخشاش كۆرۈنەتتى.

چىرايلىق ئىككى پەنجىرىدىن چۈشۈۋاتقان قۇياش نۇرى ئۆي ئىچىنى يورۇتاتتى. ئىشخانىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئىككى ئورۇندۇقتا جاڭجۇن بىلەن مەزەمزات ھېكىمبەگ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شىرەگە داستىخان سالمايلا، كىچىك -

كىچىك خونچا تەخسىلەردە ناۋات ، ياڭاق مېغىزى ، قارا گازىر ، خاسىڭ ، كۆك كىشمىش قاتارلىقلار تۇراتتى . خونچا ئۈستىدىكى قاپقاقلىق ، ئەجدىھا گۈللۈك ئىككى سىركايىگە قۇيۇلغان چاي شىرەنىڭ ئىككى چېتىدە جاڭجۈن بىلەن ھېكىمبەگنىڭ ئىچىشىنى كۈتەتتى .

مەزەمزات چاڭ چىڭنىڭ ئۆزىنى قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقىدىن ھەيران بولۇپ ئولتۇراتتى ، روھىي ھالىتىدىن جاڭجۈننىڭ ئىشخانىسىغا يېڭى كىرگەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى . ئۇنىڭ دوقا ماڭلىيى ۋە قويۇق ، ئۆسكىلەڭ قاشلىرى تېگىدىكى يوغان ، قوڭۇر كۆزلىرى ، تېخى قىزىللىقى يوقالمىغان چىرايىدىن جاڭجۈننىڭ تۇيۇقسىز ئۆزگەرگەن مۇئامىلىسىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي ھاڭ - تاڭ بولۇۋاتقانلىقى بىلىنەتتى ؛ شۇنداقلا ئۆزىنى نېمىشقا چاقىرتقانلىقىنىمۇ بىلمەي قىينىلاتتى . ئۇ ئۆزىگە قاراپ ئوچۇق چىراي ھال - ئەھۋالىنى سوراۋاتقان چاڭ چىڭغا گاھى ھېجىيىپ ، گاھى ئېگىلىپ ، گاھى باش لىڭشىتىپ جاۋاب بېرەتتى . لېكىن ، ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرى خىيال چاچاتتى . بۇغداي ئۆڭ ، يۇزى كەڭ ، بۇرۇتى شالاڭ ، ئۆچكە ساقال مەزەمزات بېشىغا جۇڭزا قالپاق ، ئۇچىسىغا تەيجى ئۇنىۋانلىق سارغۇچ گۈللۈك پەرىجە ، پۇتىغا قىلىن چەملىك خەي كىيىپ ، يېڭىلا غۇلجىدىن كەلگەندەك كۆرۈنەتتى ؛ ئۇنىڭ بۇ تۇرقىدىن قاماقتىن چىققانلىقى قىلچىلىك بىلىنمەيتتى...

... ئۆتكەن يىلى 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەزەمزات جاڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ : «تۆشۈك نان» يېقىپ تاپشۇرۇش ، بەش يۇز ئۇيغۇر چېرىكنى كۈرەگە ئەۋەتىپ بېرىش پەرمانىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ، دەرھال ئىجرا قىلىشقا كىرىشتى . چىڭ خاندانلىقىغا سادىق بۇ ھاكىمبەگ نەچچە تونۇر تۆشۈك نان ياقتۇرۇپ ، ئۇيغۇر چېرىكلىرىدىن بەش يۇزنى تاللاۋاتقان كۈنلەردە كۈرە جاڭجۈننىڭ بىر پارچە مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋالدى .

«تۆشۈك نان» سېلىقى پات ـ پات چۈشۈپ تۇرىدىغان سېلىقلارنىڭ بىرى . تۆشۈك نان ئادەتتىكى ئۇيغۇر توقاچلىرىدەك يېقىلىپ ، ئوتتۇرىسى تۆشۈك بولاتتى ، قىسقا مۇددەتلىك ۋەزىپە بىلەن سىرتقا ماڭغان چېرىكلەر تۆشۈك نانلارنى شوينىغا ئۆتكۈزۈپ بويىنىغا ئېسىۋالاتتى ، قورسىقى ئاچقاندا بويىنىدىن ئېلىپ يەيتتى .

ئىلى هاكىمبەگ ئوردىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا مىڭ ئاتلىق ئۇيغۇر چېرىك بولۇپ ، ئۇلار هوسۇل يىغىش ، قارشىلىق قىلغانلارنى جازالاش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيتتى . جاڭجۇننىڭ تەستىقى بىلەن تەشكىللەنگەن بۇ مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئىلىدىكى خۇيزۇلار قوزغىلىڭىدىن كېيىن ، چىڭ سۇلالىسى هاكىمىيىتىگە خەۋپ دەپ بىلگەن چاڭ چىڭ پەرمان چۈشۈرۈپ ، ئۇنىڭ بەش يۈزىنى كۈرەگە ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى .

مەزەمزات هاكىمبەگ ئۆزى باش بولۇپ جاڭجۇن مەهكىمىسى چۈشۈرگەن بۇ ئىككى ۋەزىپىنى جان ـ دىلى بىلەن ئورۇنداۋاتقاندا ، ئۆزىنى كۈرەگە چاقىرغان مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالدى . بۇ ئىككى ۋەزىپىنى داۋاملىق ئورۇنداشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ، مۇهاپىزەتچى ۋە مۇلازىمەتچىلىرىنىڭ هەمرايىدە كۈرەگە ماڭدى...

چوڭ يولدىن جەنۇبقا قاراپ بۇرۇلغان مەزەمزات كۈرەنىڭ ئېگىز راۋىقىنى كۆرۈپ ، بۇلتۇر كەچ كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ، جاڭجۇن بىللە ئولتۇرۇپ يورغىلار بەيگىسىنى كۆرگەنلىكىنى يادىغا ئالدى . «جاڭجۇن بېغى» نىڭ شەرقىدىكى تامنىڭ سىرتىدا مەهكىمىنىڭ ئات قورۇسى بولۇپ ، ئارغىماق ، يورغا ۋە يۈگۈرۈك ئاتلار لاپاسنىڭ ئاستىدا بېقىلاتتى . بۇنداق نەسىللىك ئاتلارنىڭ بىرىنى بىر ئادەم باقاتتى . ئات باقارلارنى «خاۋتۇر» دەپ ئاتىلىدىغان باشقۇرغۇچى باشقۇراتتى . ئات

باقىدىغانلار ھەر يەكشەنبە كۈنى يورغا ئاتلارنى ئالدى بىلەن يۇيۇپ، يال - قۇيرۇقلىرىنى تارايتتى، ئاندىن يورغا ئاتلاردىن بىر قانچىسىنى ئېگەرلەپ، بويىنىغا يىگىرمە — ئوتتۇز سېرىق تۇچ قوڭغۇراق بېكىتىلگەن تاسمىنى ئېسىپ، چوڭ كوچىغا ئاچىقاتتى. بۇ چاغدا دۇتۇڭ، لۇۋدۇي[1]، سىلىڭ يامۇل[2]، ئامبال يامۇل[3] قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ يورغىلىرىمۇ ئېگەرلىنىپ، قوڭغۇراقلار ئېسىلىپ، راۋاق ئالدىغا كېلەتتى. راۋاقنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدە ئولتۇرغان جاڭجۈن ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئۆز يورغىلىرىنىڭ بەيگىسىنى كۆرەتتى. بۇلتۇرقى جاڭجۈننىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ كۆرگەن بەيگىدە، مەزەمزات جاڭجۈنگە تەقدىم قىلغان يۇلتۇزنىڭ يورغىسى بىرىنچى بولغانلىقى ھاكىمبەگنىڭ يادىغا كەلدى. خۇش بولۇپ كەتكەن چاڭ چىڭ مەزەمزاتقا نۇرغۇن قىممەت باھالىق سوۋغىلارنى ھەدىيە قىلغانىدى...

مەزەمزات خىيال بىلەن ھەيۋەتلىك سېپىلنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەي قالدى. قوزاچۇشكە يېقىنلاپ قالغان قۇياش قىش كېلىۋاتقان ۋادىنى ئازراق ئىسسىتاتتى. ھېكىمبەگنىڭ پېشانىسى ۋە يوغان بۇرنىنىڭ ئۇستىدە تەر تامچىلىرى چاقنايتتى. ئاستىدىكى تەرلىگەن كۆرەڭ قاشقا ئۇزۇن يول بېسىپ كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا يۇگەن سىلىكىپ يۇلقۇناتتى. يۈزى پوكاندەك قىزارغان مەزەمزات ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، كۆك پىششىق خىشتىن ياسالغان مۇستەھكەم، ئاركىلىق سېپىل دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا توختىدى. ئۇنىڭ ئادەملىرىمۇ ئاتلىرىنى توختاتتى. ئىككى قاپقاقلىق تۆمۈر دەرۋازا ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ، ئىككى تەرىپىدە قوراللىق

① لۇۋدۇي — سەرلەشكەر.
② سىلىڭ يامۇل — ساقچى مەھكىمىسى.
③ ئامبال يامۇل — قوماندانلىق شتاب.

www.uyghurkitap.com

چېرىكلەر تۇراتتى . ھاكىمبەگ جاڭجۇن مەھكىمىسى بەرگەن دەستەكنى چېرىكلەرگە كۆرسىتىپ ، ئېتىنى يېتىلەپ دەرۋازىدىن كۇرە شەھىرىگە كىردى . ئاتلىرىنى يېتىلىگەن مۇھاپىزەتچى ۋە مۇلازىملارمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى .

شەرقىي دەرۋازىدىن غەربىي دەرۋازىغا ، شىمالىي دەرۋازىدىن جەنۇبىي دەرۋازىغا چوڭ كوچا ئېلىنغان كۇرە شەھىرى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ ، جەنۇبتىن شىمالغا تۆت چاقىرىم ، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى ئىككى چاقىرىم كېلەتتى . كۇرە قەدىمىي ئالمالىق شەھىرىدىن قالسىلا يەنە بىر ئاۋات شەھەر ھېسابلىناتتى . ئەڭ ئاۋاتلاشقاندا كۇرەنىڭ ئاھالىسى قىرىق مىڭغا يېتىپ ، شامان ، بۇددا ۋە مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرى بولغانىدى . ئەبۇ ناسىر سامانىنىڭ ئوغلى ئابدۇلفەتتاھ قوماندانلىقىدىكى قاراخانىيلار قوشۇنلىرى ئىلىغا كېلىپ ئۇيغۇرلارنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇردى . ئىلى ئۇيغۇرلىرى مىلادىيە 970 ـ يىللاردىن باشلاپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى . كۇرەدىمۇ مانا شۇنىڭدىن كېيىن ئىسلام مەسچىتلىرى قۇرۇلدى . ئىلى جاڭجۇن مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، بۇ شەھەر تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى سورايدىغان مەركىزىي شەھەرگە ئايلاندى .

مەزەمزات ئېتىنى بىر خىل يورغىلىتىپ كېتىپ باراتتى ، ئۇنىڭ كەينىدىن مۇھاپىزەتچىلىرى ۋە مۇلازىملىرىمۇ توختىماي ئاتلىرىنى دېۋىتىپ كېلەتتى . ئۇلار توختىماي مېڭىپ ھەيۋەتلىك راۋاق ئالدىغا كەلدى . غەربتىن شەرققە ، شىمالدىن جەنۇبقا ئېلىنغان ئىككى مەركىزىي كوچا راۋاق بار يەرگە كەلگەندە كېسىشەتتى . مانا شۇ يەردە ئېگىزلىكى يەتتە مېتىر ، كەڭلىكى ئەللىك مېتىرلىق كۆك خىشتىن ياسالغان ، تۆت ئەگمە دەرۋازىلىق سۇپا ئۈستىدە جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبىدا ئۈچ قەۋەت قىلىپ ياسالغان راۋاق قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . ئۈستى

گۈمبەزلىك شەكىللىك راۋاق ئالتە بۇرجەكلىك بولۇپ، ھەربىر بۇرجەكنى بويلاپ چىقىرىلغان قىر، گۈمبەزنىڭ چوققىسىغا تۇتىشاتتى. بۇ قىرلارغا ئەجدىھا، ھەرخىل قۇشلار، كاھىشتىن گۈللەر ئورنىتىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ رەڭدار سىرلىرى بىلەن قۇياش نۇرىدا ئاجايىپ چىرايلىق جۇلالىناتتى. شۇنچىلىك ئېگىز ۋە ھەيۋەتلىك راۋاقنى ئالتە ياغاچ تۈۋرۈكنىڭ كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەمنى ھەيران قالدۇراتتى. بىرمۇ مىخ ئىشلىتىلمەي، ساپلا ياغاچ بىلەن قۇراشتۇرۇلۇپ، پىشاڭ بىلەن چىڭىتىلغان بۇ راۋاق ئۆزىنىڭ ئاجايىپ سەنئىتى بىلەن كۆرگەنلەرنى ئاپىرىن ئوقۇتاتتى. ئۇنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەرخىل ياغاچ ئويمىلار، گۈل ـ نەقىشلەر ئۆزىنىڭ جەلپكارلىق گۈزەللىكى بىلەن تاماشىچىلارنى زوقلاندۇراتتى.

شەھەر مەركىزىگە بۇ راۋاقنىڭ ياسىلىشى سەۋەبسىز ئەمەس، ئۇنىڭغا دۇمباق ۋە جاڭلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئۇخلاش ۋە تۇرۇشىنى، قاراۋۇللارنىڭ تۇرۇش ۋە چۈشۈشىنى دۇمباق ۋە جاڭلار ئارقىلىق باشقۇراتتى. شۇنداقلا راۋاق ئۈستىگە قويۇلغان كۆزەتچى قەلئەنىڭ ئىچى ـ سىرتىنى كۆزىتىپ، بىرەر ئورۇندا ئوت ـ يانغىن كۆرۈلسە قوڭغۇراقنى جىددىي چېلىپ، ئادەملەرنى ئوت ئۆچۈرۈشكە ھەرىكەتلەندۈرەتتى.

مەزەمزات ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچى ۋە مۇلازىملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، راۋاقنىڭ يېرىم ئاي شەكىللىك دەرۋازىسىدىن چىقىپ جاڭجۇن مەھكىمىسى بار كوچىغا يول ئالدى...

ئاتلىرىنى يېتىلەپ جاڭجۇن مەھكىمىسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن كىرگەن ھاكىمبەگ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئۈچىنچى دەرۋازىغا كېلىپ، «داتاڭ» دىگەن تەكشۈرگۈچىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ چاڭ جاڭجۇن بىلەن كۆرۈشىدىغان مۇھىم ئىشى بارلىقىنى مەلۇم قىلدى. تەكشۈرگۈچى مەزەمزاتنى باشقۇرغۇچى ئامبالنىڭ يېنىغا

ئەكىردى . ھاكىمبەگ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى دەپتەرگە بىر - بىرلەپ تىزىملىغاندىن كېيىن ، باشقۇرغۇچى ئامبال جاڭجۇننىڭ قېشىغا كىرىپ كەتتى . ئۇ ھايال بولماي چىقىپ ، مەزەمزاتنى باشلاپ جاڭجۇن ھويلىسىغا يول ئالدى . مۇھاپىزەتچى ۋە مۇلازىملار مۇشۇ يەردە قالدى...

باشقۇرغۇچى ئامبال مەزەمزاتنى چاڭ چىڭنىڭ ئىشخانىسىغا ئەكىرىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى . ھاكىمبەگ قاپىقىدىن قار - مۇز يېغىپ ئولتۇرغان جاڭجۇننىڭ ئالدىغا قول باغلاپ كېلىپ ، بېشىنى ئېگىپ تەزىم قىلدى . چاڭ چىڭ قاپىقىنى تۈرۈپ ، بۇرۇن كەلگەن چاغلىرىدىكىدەك مەزەمزاتقا ئورۇن كۆرسەتمىدى .

— جانابلىرىنىڭ پەرمانىنى ئېلىپ ، پېقىر قۇللىرى ئالدىلىرىغا يېتىپ كەلدى .

چاڭ چىڭ دائىم ئولتۇرىدىغان شىمالىي تامدىكى ئىككى ئورۇندۇقنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئورۇندۇقتا غادىيىپ ئولتۇراتتى . ئۇ ئالدىدا قول باغلاپ ، ئېگىلىپ تۇرغان ھاكىمبەگكە كوتەك سۈپۈرگىدەك قاشلىرىنى تىكلەپ ھومىيىپ قارىدى ، ئاندىن قېلىن كالپۇكلۇق ئاغزىنى ئېچىپ سۆزلەشكە باشلىدى .

— تۆشۈك نان بىلەن بەش يۈز چېرىكنى ئەكەلدىڭمۇ ؟ — بۇ قوپال ۋە قەھرلىك ئاۋازدا دېيىلگەن سۆزلەردىن مەزەمزات چۆچۈپ كەتتى . ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ قول باغلاپ ، ئېگىلىپ تۇرغان قىياپىتىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي ئاغزىنى ئاچتى :

— تۆشۈك نان يەنە ئىككى - ئۈچ كۈندە يېقىلىپ بولۇنىدۇ . چېرىكلەرمۇ مىڭ چېرىك ئىچىدىن تاللىنىۋاتىدۇ . بۇ ئىشمۇ يەنە ئىككى - ئۈچ كۈندە تۈگەيدۇ ، — ھاكىمبەگنىڭ كەڭ يۈزى ھىجىيىپ ، كۆزلىرى جاڭجۇنگە خۇشامەت چاچاتتى .

— سېنىڭ ئىككى - ئۈچ كۈن دېگىنىڭ ھەرقاچان ئىككى - ئۈچ ئايغا سوزۇلىدۇ . ئۆستۈرمە ھوسۇلنى تولۇق

تاپشۇرمىدىڭ ، بۇمۇ ۋەدە قىلغان كۈنۈڭدىن ئۆتۈپ كەتتى .
جاڭجۇننىڭ ئالما ئۇرۇقىدەك كۆزلىرى چاقناپ ، تاتىراڭغۇ چىرايىدىن قۇيۇن ئۆرلىدى .
— ھەي ، كىم بار ! ؟ دەرھال كىرىپ مۇنۇ ئۆزىنى بىلمىگەن ھاكىمبەگنى گۇندىخانىغا تاشلاڭلار !...
ئىشىكنى ئېچىپ ئىككى چېرىك كىرىپ كەلدى . ئۇلار مەزەمزاتنى ئىككى بىلىكىدىن تۇتۇپ ، جاڭجۇننىڭ ئىشخانىسىدىن ئاچىقىپ كەتتى . بۇنداق بولۇشىنى زادىلا كۈتمىگەن بۇ سادىق ھاكىمبەگ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالدى...
ئارىدىن بىرقانچە ئاي ئۆتتى . جاڭجۇن باشلىق ھەممە ئەمەلدارلار گۇندىخانىدىكى مەزەمزاتنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك ، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى ، يېنىغىمۇ ھېچكىم كىرمىدى . بۇگۈن ناشتىدىن كېيىن ئۆزىنى جاڭجۇننىڭ چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىغان ھاكىمبەگ قۇلىقىغا بىر ئىشىنىپ ، بىر ئىشەنمەي قالدى . شۇڭلاشقا ئۇ چاڭ چىڭنىڭ قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقىدىن ، تۇيۇقسىز ئۆزگەرگەن ئوچۇق چىرايىدىن ھەيران بولۇپ تېگىگە يېتەلمەي ئولتۇراتتى...
«ئاھ ! — ... دېدى روھىي ھالىتى ۋە تەقى - تۇرقىدىن ھەيرانلىق ، ۋەھىمە ۋە قورقۇش چىقىپ تۇرغان ھاكىمبەگ بېشىنى سىلىپ ئولتۇرۇپ ، — مېنى نېمىگە چاقىرغاندۇر ؟ ! بىردىنلا ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىسى يۈزدە يۈز ئۆزگىرىپ قاپتىغۇ ؟ !... بۇنىڭ سەۋەبى نېمىدۇر ؟ ! ياراتقان ئىگەم ، بۇلارنىڭ تېگىدە بىر شۇملۇق يوقتۇر ؟ ! تەڭرىم مېنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن !... »
— بىلىمەن ، — دەپ سۆز باشلىدى جاڭجۇن ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ، مەزەمزاتقا بۇرۇلۇپ خۇشخۇي چىراي بىلەن قاراپ ، — سېنىڭ ئىمىن ۋاڭدىن تارتىپ بارلىق بوۋىلىرىڭ ۋە ئاتاڭ خالزاتخانىمۇ چىڭ خاندانلىقىغا سادىقلىق بىلەن خىزمەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلغان ھۆرمەتلىك ئادەملەر !...

چاڭ چىڭ ئىغىر - بېسىقلىق بىلەن ئالدىرىماي سۆزلەيتتى . ئۇ گەپنى يىراقتىن باشلاپ ، مەزەمزانتقا ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىنى ئەسلىتىپ ، ئۇنى ئۆز مۇددىئاسىغا مىدىر - سىدىر قىلماي كۆندۈرۈشكە قىلتاق قۇرۇۋاتاتتى . جاڭجۇننىڭ كۆزلىرىدىكى شەيتاننىمۇ ئۇسسۇلغا سالالايدىغان مۇغەمبەرلىك ئورنىنى ياسالما مېھرىبانلىق ئىگىلەپ ، ئۇنىڭ ئاۋازىدىنمۇ تۆكۈلەتتى .

شۇنچىلىك ئاچچىقى يامان ئادەممۇ ، مېھرىبان ۋە ياۋاش ، سەمىمىي بولالايدۇ . چۈنكى بۇ دۇنيادا شۇنداق قىلدۇرالايدىغان بىر سېھىرلىك كۈچ — مەنپەئەت بار . ئۆز مەنپەئىتىنى جېنىدەك ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەر خۇددى خامېلېئوندەك[1] ھەرخىل ئۆزگىرەلەيدۇ . شۇ تاپتا ئاچچىقى يامان جاڭجۇننىڭ بىر دوملاپلا پەرىشتىگە ئايلىنىپ قېلىشى ، بۆرىنىڭ قوزىنى ئالداپ يېيىشكە ئۇرۇنۇشىدىن ئىبارەت ، خالاس .

چاڭ چىڭ ھاياجان بىلەن قىزىپ سۆزلىمەكتە . ئۇ مەزەمزانتقا ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ چىڭ خاندانلىقىغا سادىق بولۇپ كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىنى ئىنتايىن تەسىرلىك بايان قىلماقتا...

* *

جۇڭغار قوشۇنلىرى پات - پات كېلىپ تۇرپاننى بۇلاڭ - تالاڭ قىلاتتى . بۇ ئەھۋال تۇرپان خەلقىنىڭ ، جۈملىدىن ئىمىن خوجىدەك ئابرۇيلۇق زاتلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى . قارىغوجىنىڭ چوڭ ئاخۇنى نىياز خوجىنىڭ ئوغلى ئىمىن خوجا قەشقەرگە ئادەم ئەۋەتىپ ، ئاپاق خوجىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ياردەم سورىدى . «ئاق تاغلىق» ، «قارا تاغلىق» بولۇپ ، ئۆزئارا

[1] خامېلېئون — بىر خىل كەسلەنچۈك ، ئۇ تەبىئەتكە قاراپ رەڭگىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ .

بىر ـ بىرىنى قىرىۋاتقان خوجىلار ئىمىن خوجىنىڭ ئادەملىرىگە قاراپمۇ قويمىدى… ئىمىن خوجا پادىشاھ چىيەنلۇڭغا ئەلچى ئەۋەتتى . چىيەنلۇڭ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەلگەن ئەلچىلەرنى قىزغىن كۈتۈۋالدى . ئۇلارغا قىممەت باھالىق سوۋغىلارنى ھەدىيە قىلدى . 1732 ـ يىلى چىيەنلۇڭ يارلىق چۈشۈرۈپ ئىمىن خوجىنى «جاساق» مەنسىپى بىلەن تارتۇقلىدى . ئىمىن خوجىنىڭ چىڭ سۇلالىسى خانىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ياردەم سورىغانلىقىنى ئاڭلىغان جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى قوشۇنى تۇرپاننى بۇلاپ ـ تالاشقا باشلىدى . ئىمىن خوجا ئۆز ئادەملىرىنى ئېلىپ «داشئاتا»[①] ئەتراپلىرىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشتى ، بوز يەر ئاچتى ۋە جۇڭغارلارنىڭ ھۇجۇملىرىنى چېكىندۈردى . بۇ خىزمىتى ئۈچۈن چىيەنلۇڭ ئىمىن خوجىنى 1733 ـ يىلى پۇگوگۇڭ (دۆلەتكە ياردەم بەرگۈچى گۇڭ ) ، 1756 ـ يىلى «جىڭگوگۇڭ» (دۆلەتنى تىنچلاندۇرغۇچى گۇڭ ) دېگەن ئۇنۋانلار بىلەن مۇكاپاتلىدى . 1758 ـ يىلى چىيەنلۇڭ ئىمىن خوجىغا جۇنۋاڭ (ۋىلايەت بېگى ) مەنسىپىنى بېرىپ ، ئىككىنچى يىلى رەسمىي يارلىق بىلەن جاكارلىدى .

جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى قوشۇنىنىڭ پاراكەندە قىلىشى بارغانسېرى كۈچەيدى . قۇمۇل ، تۇرپان ، پىچانلار كەينى ـ كەينىدىن ئەلچى ئەۋەتىپ چىڭ خاندانلىقىدىن ياردەم سورىدى . 1757 — يىلى چىيەنلۇڭ تەڭرىتېغىغا قوشۇن ئاتلاندۇردى . ئىمىن خوجىمۇ ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن يۇلتۇز ئارقىلىق ئىلىغا چىقتى . ئۇ ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىنى تىنچىتىشقا قاتنىشىپ ئىلىغا قايتىپ كەلدى . ئىمىن خوجا ئىلىغا چىققاندىن كېيىن چىيەنلۇڭغا ئىلى ۋادىسى ھەققىدە

---

① «داشئاتا» — دۇنخۇاڭ .

www.uyghurkitap.com

ئالاھىدە مەكتۇپ يازدى. ئۇ بۇ مەكتۇپىدا تۆۋەندىكى تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

مانجۇ، خەنزۇ، شىبە، سولۇن ۋە داغۇر قوشۇنلىرىنىڭ تۇرىدىغان ئورنىنى بېكىتىپ ياساش، بۇ قوشۇنلارنىڭ ئوزۇقىنى تەييارلايدىغان دېھقانلارنى جەنۇبتىن كۆچۈرۈپ چىقىش[1]، كۆچۈپ چىققان دېھقانلارغا ئولتۇرىدىغان جاي، تېرىيدىغان يەر كۆرسىتىپ بېرىش، بۇلارنى باشقۇرىدىغان بىر يەرلىك مەھكىمە بولۇش··· قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى.

ئىمىن خوجىنىڭ بۇ تەكلىپلىرىنى توغرا تاپقان چيەنلۇڭ 1762 ـ يىلى كۈرەدىكى جاڭجۈن مەھكىمىسى بىلەن بىللە، ئىلى گۇڭ بەگلىكى — ھاكىمبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىشقا يارلىق چۈشۈردى. خېتى مانجۇ، خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر يېزىقلىرىدا ئويۇلغان مەھكىمىنىڭ تامغىسىنىمۇ ئەۋەتىپ بەردى. چيەنلۇڭ يارلىق بىلەن ئىمىن خوجىنىڭ ئوغلى مۇسا گۇڭنى ئىلى ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىدى.

مۇسا ئاتىسى ئىمىن خوجا بىلەن بىللە تەكرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى تىنچىتىشقا قاتناشقان؛ چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئۇنىڭغا 1760 ـ يىلى پۇگوگۇڭ ئۇنۋانىنى بەرگەن. 1761 ـ يىلى

---

① بۇ چاغدا ئىلىدا جۇڭغارلار بىلەن بىللە كېلىۋاتقان ئىككى ئۇيغۇر بەگلىكى بولۇپ، بىرى شىمالدىكى غول بورغۇسۇن (ھازىر بوربۇسۇن دەپ ئاتىلىدۇ) بەگلىكى، يەنە بىرى قاينۇق ئەتراپىدىكى مۇھەممەد ئىمىن بەگ بەگلىكى ئىدى. بۇ ئىككى بەگلىك جۇڭغارلارنىڭ ئۆزئارا قىلىشىۋاتقان ئىچكى جېدەللىرىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭغارلار ئوردىسىدىكى بارىمتاي (رەنىگە قويۇلغان) لىقتا يۈرگەن خوجىلار بىلەن بىرلىشىپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇلار جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن يەتتە كۈن ئۇرۇشۇپ ئاخىرى تەڭ كېلەلمەي، كۆكنەك داۋىنى ئارقىلىق كۇچاغا قېچىپ كەتتى. كۇچا ھاكىمى ئابدۇكېرىم بەگ بۇلارنىڭ ئالدىغا مىڭ ئاتلىق چېرىك، مىڭ دانە ئېگەر توقۇملۇق ئات ئەۋەتتى. جۇڭغارلار بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئىچىدە بىر تۈرلۈك «ئۆتكەك كېسىلى» پەيدا بولۇپ قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ئىككى بەگلىكنىڭ قاچماي ئۆز ئورنىدا قالغان ئاھالىسى ئادەتتىكىدەك تىرىكچىلىكىنى داۋام قىلغان، لېكىن بۇ سان جەھەتتىن كۆپ ئەمەس ئىدى.

يەنە خان ئىككى كۆزلۈك توز پەي تاجى (ئوتۇغات) بىلەن تارتۇقلىغانىدى.

مۇسا گۇڭ ئىلىنىڭ ھاكىمبېگى بولغاندىن كېيىن، لەڭزە قاراسۇيىنى ئاساس قىلىپ غۇلجا شەھىرىنى بىنا قىلىشقا كىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە غۇلجا شەھىرىنىڭ مەركىزىدە ئىلى گۇڭ - بەگلىك ئوردىسىنى[1] ياساشقىمۇ باشلىدى.

مۇسا گۇڭ غۇلجىدا تۇنجى مەھكىمە شەرئىنى قۇرۇپ، تۇرپانلىق موللا روزى ئاخۇننى ئەلەم قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ يەنە چيەنلۇڭ بەرگەن بىر تۈمەن سەر كۈمۈش بىلەن 1773 - يىلى ئىلى بەيتۇللا مەدرىسىنى ياساتتى.

مۇسا گۇڭ جەنۇبىي ۋە شەرقىي تەڭرىتاغدىن ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى ئىلىغا كۆچۈرۈشتە ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتى. ئۇ بىرىنچى قېتىم ئاقسۇغا چۈشۈپ ئاقسۇنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى شۇخادەن بىلەن يىغىن ئېچىپ، 1760 - يىل 6 - ئايدا ئاقسۇدىكى يەتتە شەھەر ۋە ناھىيىلەردىن بەش يۈز ئائىلىنى ئىلىغا كۆچۈردى. مەسلىھەتچى ئامبال ئاگۇينىڭ چىڭ خاندانلىقىغا يازغان دوكلاتىدا شۇ چاغدىكى ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنىدى: «ئىلىدا ئىلگىرىمۇ ئۇيغۇرلار دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ مەھسۇلات ئالغان. بۇ مەھسۇلاتلار بىلەن مىڭ ئائىلە ئۇيغۇرنى تەمىنلىگىلى بولىدۇ. شۇ يىلى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئادەم ئۈچ يۈز نەپەر[2] ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي شۇخادەن بەش يۈز نەپەر ئادەمنى ئەۋەتتى. بۇلار بۇغداي پىشقاندىن كېيىن كەلدى.»[3] 1763 -

---

① ھازىرقى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئورنى.

② بۇ ئۈچ يۈز دېھقان قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئىككى بەگلىكتىن قاچماي ئۆز يۇرتىدا قالغان ئۇيغۇرلار ئىدى.

③ تېيىپجان ھادىنىڭ «چىڭ سۇلالىسى ۋە ئۇنىڭ يۇرۇشلىرى» ماقالىسىدىن، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 1988 - يىل 3 - سان.

يىلى مۇساگۇلۇڭ يەنە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا چۇشۇپ بىر مىڭ بەش يۈز ئائىلىنى ئىلىغا كۆچۈردى . بۇنىڭ ئىچىدە يىگىرمە ئالتە ھۈنەرۋەن ئائىلىسى بارئىدى . كېيىن ئۇ يەنە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شەرقىدىن نۇرغۇن ئائىلىلەرنى ئىلىغا كۆچۈرۈپ چىقتى .

چىڭ خانىدانلىقى مۇسا ھاكىمبەگكە بىريۈز ئون بەش سەر كۈمۈش ، ئاغىچىسىغا ئون ئالتە سەر كۈمۈش ، يىلىغا جەمئىي بىر مىڭ بەش يۈز يەتمىش ئۈچ سەر كۈمۈش مائاش بېرەتتى . خانىدانلىق يەنە ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن پۈتۈن چۇلۇقاي يېزىسىنى بېرىپ ، تۇرپاندىن يەنە يۈز يانچى تەقدىم قىلدى . ئۇ ئىنىسى ئورانزىپ باشلىغان يىگىرمىدەك ئۆز تۇغقانلىرىنىڭ ئائىلىرىنى يېرى مۇنبەت ، سۈيى مول ، باغۋارانلىق چۇلۇقايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ، ئۇلارغا «ئۆز شاھ » دەپ نام بەردى .

ھاكىمبەگ مەھكىمىسىدە ھاكىمبەگ بىرىنچى ئورۇندا تۇراتتى ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى : ئالۋان ـ ھوسۇلنى باشقۇرۇش ، مەھكىمىدىكى بەگلەرنىڭ خىزمىتىنى باشقۇرۇش بولۇپ ، ھاكىمبەگلىكتىن كېيىن شاغىبەگ[1] تۇراتتى . يەنە ھاكىم (شەنگەن ) ، زۇنتۇ دارىنلار بولۇپ ، ئۇلار جاڭجۇنىڭ پەرمانىنى يەتكۈزۈش ، ھاكىمبەگ ۋە ئۇنىڭ مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىنى نازارەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى . سۇگۇلۇڭ ئوردىسىدا يەنە تۆۋەندىكىدەك بەگلەر بولاتتى .

(1) خەزىنىچى بەگ — يەر ـ زېمىن ، مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇراتتى .

(2) شاڭ بېگى — غەللە ـ پاراق تاپشۇرۇش ئىشلىرىنى باشقۇراتتى .

(3) دىۋانبېگى — جايلارنىڭ خەت ـ ئالاقە ، ئارخىپ ،

---

[1] شاغىبەگ — مۇئاۋىن ھاكىم .

ئەمەلدارلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇراتتى .

(4) سەدىر بېگى — كوچا ، ئورمان ، باغۋارانلارنى باشقۇراتتى .

(5) باجگىر بېگى — باج ۋە باھا ئىشلىرىنى باشقۇراتتى .

(6) مىراب بېگى — سۇ قۇرۇلۇشى ، سۇغىرىش ئىشلىرىنى باشقۇراتتى .

(7) مىڭبېگى — مىڭ ئائىلىنى باشقۇراتتى .

(8) يۈزبېگى — يۈز ئائىلىنى باشقۇراتتى .

(9) ئونبېگى (ئونبېشى) — ئون ئائىلىنى باشقۇراتتى .

(10) قازىبەگ — بارلىق دەۋا ئىشلىرىنى باشقۇراتتى .

(11) پاششاپبېگى — باسقۇنچى ، ئوغرى - قاراقچى قاتارلىقلارنى تۇتۇش ، تەكشۈرۈش ۋە جازالاشقا مەسئۇل .

بۇلاردىن باشقا ئىش قۇللار ، چاپارمەنلەر بولاتتى .

ئىلىدا جاڭجۇن مەھكىمىسى بىلەن ئىلى ھاكىمبەگ مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئىمىن خوجا ئۆز يۇرتىغا قايتتى . ئۇ لۇكچۇندە تۇرۇپ ، مەشھۇر ۋاڭ ئوردىسىنى ياساتتى .

1765 - يىلى ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى پارتلىدى . ئىمىن خوجا ئۆز ئوغۇللىرى ۋە چېرىكلىرى بىلەن چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرىگە قوشۇلۇپ ، قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا قاتناشتى . چىيەنلۇڭ بۇ خىزمىتى ئۈچۈن ئىمىن خوجىنى ۋاڭلىققا تەيىنلىدى . ئىمىن ۋاڭ 1777 - يىلى سەكسەن ئۈچ يېشىدا ۋاپات بولغان .

مۇسا گۇڭ ئاتىسىدىن بۇرۇن 1766 - يىلى ۋاپات بولدى . ئۇ تۆت يىل ئىلىغا ھاكىمبەگ بولۇپ ، ھۆكۈم سۈردى . تالدىن توقۇلغان چوڭ ئىككى سېۋەتنىڭ بىرىگە مۇساگۇڭنىڭ جەسىتىنى ، يەنە بىرىگە بىر قارىينى سېلىپ ، قىرىق ئادەم قۇمۇلغا ئېلىپ ماڭدى . قارىي تا قۇمۇلغا بارغۇچە قۇرئان ئوقۇپ ماڭدى . بەش تۆگىگە سۇ ۋە يەيدىغان ئوزۇقلار ئارتىلدى .

مۇساگۇڭنىڭ جەسىتى قۇمۇلدىكى ۋاڭلار قەبرىستانلىقى «ئالتۇنلۇق» قا دەپنە قىلىندى .

مۇسا گۇڭنىڭ پەرزەنتى بولمىغانلىقتىن ، ئورنىغا 1766 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئىنىسى ئورانزىپ هاكىمبەگ بولدى . ئورانزىپنىڭ ۋاقتىدا ئىلىغا يەنە ئىككى مىڭ ئۆيلۈك ئۇيغۇر كۆچۈرۈلدى . ئۇنىڭ بىلەن ئىلىغا كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇرلار سەككىز مىڭ ئۆيلۈككە يەتتى . «ئىلى سەككىز مىڭ» دېگەن ئاتالغۇ مانا شۇنىڭدىن كېلىپ چىقتى .

ئورانزىپ هوسۇل (ئالۋان) نى هەسسىلەپ ئۆستۈردى . ئۇنىڭ بۇ خىزمىتى ئۇچۇن خانىدانلىق ئۇنىڭغا گۇڭ ئۇنۋانىنى بەردى . ئورانزىپ ئوتتۇز توققۇز يىل هاكىمبەگ بولۇپ ، 1805ـ يىلى ئۆلدى . ئۇنىڭ جەسىتىمۇ قۇمۇلغا دەپنە قىلىندى .

ئىلىغا كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلارنى يۈز ئائىلىدىن قىلىپ دەسلەپتە قاراسۇ بويلىرىدىكى ئاق يەرلەرگە ، كېيىن ئۆستەڭ چېپىلىدىغان بوزلارغا ئورۇنلاشتۇردى . ئۇنىڭ بىلەن ئىلىدىكى «يۈز» لەر مەيدانغا كەلدى . بۇ يۈزلەر شۇ يۈز ئائىلىگە باشلىق بولغان ئادەملەرنىڭ نامى بىلەن (جېلىلىيۈزى — هازىرقى جېلىلىيۈزى…) ياكى يۈزگە توشمىسا «بەشئون» ، «ئوچئون» دەپ ئاتالدى . بەزى يېزىلارغا شۇ يېزىغا ئورۇنلاشقان ئەسلى كەلگەن يۇرتىنىڭ نامى (مەسىلەن ، تۇرپانيۈزى) قويۇلدى .

ئورانزىپنىڭ ئورنىغا ئوغلى مېلىكىزات هاكىمبەگ بولدى . ئۇ 1814 ـ يىلى ۋاپات بولۇپ ، جەسىتى ئاتىسى ئورانزىپنىڭ قېشىغا دەپنە قىلىندى . مېلىكىزاتنىڭ ئورنىغا چوڭ ئوغلى خۇشنىزات 1814 ـ يىلى ئولتۇرۇپ ، ئىلىدا تۇنجى قېتىم خانىقا قۇرۇپ ، سوپى ـ ئىشانلىقنى يولغا قويىدى . چىڭ خانىدانلىقى خۇشنىزاتقىمۇ گۇڭلۇقنى بەردى . ئۇ تۆت يىل هاكىمبەگ بولۇپ ، 1818 ـ يىلى ۋاپات بولدى . ئۇ ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئۆز جەسىتىنى قۇمۇلغا ئېلىپ بارماي غۇلجىنىڭ ئۆزىگە دەپنە قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغانلىقتىن ، غۇلجىنىڭ شىمالىدىكى يېڭى

قەبرىستانلىقتا قويۇلدى . بۇ قەبرىستانلىق كېيىن قۇمۇل ۋاڭلار قەبرىستانلىقىدەك «ئالتۇنلۇق» دەپ ئاتالدى . ئوغلى خالزاتخان تۇرپاندىن ئۇستىلارنى ئەكەلدۇرۇپ ، ئاتىسىنىڭ قەبرىسىگە ھەشەمەتلىك گۈمبەز ياساتتى . يەكەندىن قىرىق ئۆيلۈك دەرۋىشلەرنى كۆچۈرۈپ چىقىپ ، «ئالتۇنلۇق» ئەتراپىدىن ئۇلارغا ئۆي - جاي بېرىپ ، «سوپىلار مەھەللىسى» دەپ ئاتالغان مەھەللىنى بەرپا قىلدى . بۇ سوپىلار خۇشىنىزات ھاكىمبەگنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا - تىلاۋەت قىلغاندىن تاشقىرى ، ھەر پەيشەنبە كۈنى كۇلاھ ۋە جەندىلىرىنى كىيىپ ، بازار ئارىلاپ دۇئا - تەكبىر ئوقۇپ قايتاتتى .

خالزاتخان ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ھاكىمبەگ بولۇپ ، ئىلى ھاكىمبەگلىرى تارىخىدا تاجى ھېكىم دەپ ئاتالدى . ئۇنىڭ بۇنداق ئاتىلىپ قېلىشى : خانىدانلىق بەرگەن تەيجى ئۇنۋانىنى خەلق تاجى دەپ چۈشىنىپ قالغانلىقتىن بولدى .

خالزاتخان ئاقئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا ياخشى رەھبەرلىك قىلالمىغانلىقتىن ، شاغىبەگلىككە چۈشۈرۈلۈپ ، ئورنىغا باقى ئاخۇن[1] ئۇرلاڭ ھاكىمبەگ[2] بولدى . باقى ئاخۇن ئۆلۈپ ، ئورنىغا دۆلەت ھاكىمبەگ بولغان بولسىمۇ ، ئىككى كۆزى تۇتۇلۇپ ئىشلىيەلمىدى . مۇھەممەدئىمىن (چورۇق ) ھاكىمبەگ بولۇپ ، ئاقئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلدى . 1825 - يىلى ئاقئۆستەڭ پۈتتى .

چورۇق ھېكىم ھاكىمبەگلىكتىن قالدۇرۇلدى . گۇڭلۇقتىن قالدۇرۇلغان خالزاتخان تەيجى ئۇنۋانى بىلەن يەنە ھاكىمبەگ ۋە ئالتىنچى دەرىجىلىك مىراب بېگى بولدى . ئۇ باشقا يۇرت بەگلىرى بىلەن بىللە بېيجىڭغا تەكلىپ قىلىندى . يولدا قۇمۇلغا چۈشۈپ

① باقى ئاخۇن روشەن ئىسىملىك قىزىغا ئاتاپ كاتتا باغ بىنا قىلىدۇ . غۇلجىدا قۇرۇلغان چارروسىيە كونسۇلخانىسى «روشەن» دەپ ئاتالغان بۇ باغقا ئورۇنلىشىدۇ .

② ئۇرلاڭ ھاكىمبەگ — ۋاقىتلىق ھاكىمبەگ .

www.uyghurkitap.com

بېشىر ۋاڭ بىلەن كۆرۈشتى . ئۇنىڭ ئايالى ئۆلگەنلىكىگە تەسەللى ئېيتتى . بېيجىڭدىن قايتىپ يەنە قۇمۇلدا توختىغان خالزاتخان بېشىر ۋاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كىچىك دادىسىنىڭ قىزى مېھرىبانۇمنى ۋەدە قىلدى . مېھرىبانۇم چىرايلىق ، ئەقىللىق ۋە ئەخلاقلىق قىز ئىدى . غۇلجىغا بېشىر ۋاڭنىڭ ئەلچىلىرى كېلىپ ، مېھرىبانۇمنى بېشىر ۋاڭنىڭ خەنجىرىگە نىكاھ ئوقۇدى . كېلىن ئەللىككە يېقىن ئۇرۇق - تۇغقان ۋە مۇلازىملىرى بىلەن قۇمۇلغا كۆچۈرۈلدى . قۇمۇلغا بارغاندىن كېيىن مېھرىبانۇم پۇچۇنخان دەپ ئاتالدى . پۇچۇنخان ناخشىلىرى — مېھرىبانۇم ناخشىلىرى بولۇپ ، بۇ ناخشىلار ئاشۇ بىر تارىخنىڭ گۈزەل خاتىرىسى . مېھرىبانۇمنىڭ ئانىسى قىزىنىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ ھاراققا ئۆگىنىپ قالدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ «شارابچى خېنىم» دېگەن نامغا ئېرىشتى .

خالزاتخان ھاكىمبەگ بولغان دەۋردە ئىلى خەلقى ئەڭ ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈردى . 1830 - يىل 9 - ئايدا تەكرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى تۆت شەھەردە قوزغىلاڭ پارتلىدى . بۇ قوزغىلاڭ 12 - ئايغىچە داۋاملاشتى . قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئىچكىرىدىن چىققان ئوتتۇز مىڭ چېرىك ئاقسۇغا كېلىپ توختىدى . بۇ چېرىكلەرگە ئاشلىقنى ئۈرۈمچى ۋە ئىلىدىن يۆتكىدى . ئىلى جاڭجۈنى ئىلى دېھقانلىرىدىن ئىككى مىڭنى تاللاپ ، ھەربىر كىشى ئەللىك جىڭدىن ئاشلىق كۆتۈرۈپ ئاقسۇغا يەتكۈزۈشنى خالزاتخانغا ئەمر قىلدى . ئىلى بىلەن ئاقسۇنىڭ ئارىلىقى بىرمىڭ ئۈچ يۈز چاقىرىم يول ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇزداۋاندەك خەتەرلىك تاغلاردىن ئۆتەتتى . تاللانغان ئىككى مىڭ دېھقان ئەللىك جىڭدىن ئاشلىقنى كۆتۈرۈپ ئاقسۇغا يەتكۈزگىچە كۆرمىگەن جاپا - مۇشەققەتنى كۆردى . يوللاردا كۆپلىرىنىڭ جەسىتى قالدى . بۇ زۇلۇم ۋە زورلۇقلار خەلقنىڭ خالزاتخانغا بولغان غەزىپىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى .

خالزاتخان ئاتىسىنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە ھەشەمەتلىك

گۇمبەز ياساش ، سوپىلارنى ئالدۇرۇش ، مېھربانۇمنىڭ تويى ، قۇمۇلغا سوۋغا ـ سالام ئەۋەتىش ۋە ئۆزىنىڭ ھەشەمەتلىك تۇرمۇشى قاتارلىقلارنىڭ بارلىق چىقىمىنى سېلىقتىن ئالاتتى . ھوسۇل ھاكىمبەگ مەھكىمىسى تەرىپىدىن يىغىۋېلىنىپ ، جاڭجۇن مەھكىمىسىگە تاپشۇرۇلاتتى . خالزاتخان كېيىنكى چاغلاردا ھەربىر ئائىلىدىن ئېلىنىدىغان ھوسۇلنى ئون ئالتە خۇ[1] غا كۆتۈرۈپ ، قاتتىق قوللۇق بىلەن ۋەھشىيلەرچە يىغدى . ئۇ يىغىلغان ھوسۇلنىڭ بىر قىسمىنى جاڭجۇن مەھكىمىسىگە تاپشۇرۇپ ، بىر قىسمىنى ئۆزى يېدى . ئۇ بىر يىلدا ئالتە مىليون پۇت ئاشلىقنى يەۋالدى . خالزاتخان جاڭجۇن مەھكىمىسى سۈرۈشتۈرسە ، «پۇقرالار تېخى تولۇق تاپشۇرۇپ بولالمىدى» دەپ يالغان مەلۇمات بەردى . پۇقرالارغا بولسا : «يەنە ئۈستىدىن قوشۇمچە سېلىق سېلىنىدى» دەپ پۇقرالارنى ئالدىدى . بۇنى كۆرۈپ پۇقرانىڭ ھالىغا ئېچىنغان بىر قىسىم ئاخۇنلار جاڭجۇنگە ۋەكىل ئەۋەتىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى . جاڭجۇن بەش كىشىلىك تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەشكىللەپ خالزاتخاننىڭ قىلغانلىرىنى ئېنىقلىدى ، ئاخىرىدا ئۇنى ھاكىمبەگلىكتىن قالدۇرۇپ ، بارلىق مەنسەپ ـ دەرىجىلىرىنى ئېلىپ تاشلاپ تۇرپانغا سۈرگۈن قىلدى .

خالزاتخان تۇرپاندا ئۇزاق تۇرمىدى . ئۇ يەنە غۇلجىغا يېنىپ كېلىپ 1854 ـ يىلى ئۆلگىچە ھاكىمبەگ بولدى . ئۇ بۇ ئالەمدىن كەتكەندىن كېيىن ئورنىغا ئوغلى مەزەمزات ئولتۇردى .

مەزەمزات دەۋرىدە خەلق قوزغىلاڭلىرى كەينى ـ كەينىدىن كۆتۈرۈلدى . تەيپىڭ تيەنگو پارتلىدى . ئىچكىرىدىكى خان ئىقتىسادي جەھەتتىن قاتتىق قىيىنچىلىقتا قېلىپ ، ھەر يىلى ئىلىغا ئەۋەتىدىغان پۇلنىمۇ بىرىشكە چامى يەتمىدى . كۈرەدىكى جاڭجۇن ھەممىنى ئىلى خەلقىنىڭ ئۈستىگە ئارتتى .

---

[1] بىر خۇ — تۆت پۇت ، بىر پۇت ئوتتۇز ئىككى قاداق ، ئون ئالتە كىلوگرام .

شۇنداق قىلىپ 1863 ـ يىلىغا كەلگەندە ھەربىر ئائىلىنىڭ تۆلەيدىغان ھوسۇلى بىراقلا ئوتتۇز ئىككى خوغا كۆتۈرۈلدى. دېھقانلار تولىمۇ ئېغىر كۈنلەردە قالدى، ھەتتا جانجىگەر پەرزەنتلىرىنى سېتىشقا مەجبۇر بولدى. بەزىلىرى ھوسۇلنى تۆلىيەلمەي تاغۇتاشلارغا قېچىپ كەتتى.

ئالۋان ـ ھوسۇلۇم تولا،
قۇياي دېسەم ئېشىم يوق.
بۇ ھوسۇلنى قۇيمىسام،
تىرىكلىكتە بېشىم يوق.

مانا بۇ، شۇ دەۋردە خەلقنىڭ ھەسرەتلىك يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىققان قوشاق بولۇپ، شۇ زاماننىڭ ئوبرازلىق ئىپادىسى.

جاڭجۇن چاڭ چىڭ خانىدانلىقنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ مەزمەزاتنى كۆرەگە چاقىرىپ كېلىپ، «يېڭى ئۆستۈرمە ئاشلىقلارنى تولۇق تۆلىمىدىڭ» دەپ گۇندىخانىغا تاشلىدى. ئۇ مەزمەزات ھاكىمبەگنىڭ مۇئاۋىنى، مۇھەممەد ئىمىن (چورۇق) نىڭ ئوغلى ئابدۇرۇسۇل بەگنى ئۇرلاڭ ھاكىمبەگ قىلىپ پەرمان چىقاردى. بۈگۈن چاڭ جاڭجۇن مەزمەزاتنى گۇندىخانىدىن ئاچىقىپ، قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ شۇنچىلىك ھاياجان بىلەن سۆزلىدىكى، ھەتتا ھاكىمبەگ تەسىرلىنىپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

* *

— شۇنداق، — دەپ سۆزىگە خۇلاسە ياسىدى مەزمەزاتقا تولۇق بۇرۇلۇپ قارىغان چاڭ چىڭ يۈزىگە ياسالما خىجىللىق تۇيغۇسىنى يۈگۈرتۈپ، — ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى چىڭ خاندانلىقىغا سادىق بولۇپ، تىللاردا داستان بولغۇدەك

تۆھپىلەرنى ياراتقان ! سىلىمۇ ئاتا - بوۋىلىرىدەك چىڭ خانىدانلىقىنىڭ سادىق قۇلى ئىدىلە ! مەن بۇنى بىلىپ تۇرساممۇ ، ئاچچىقىمغا ھاي بېرەلمەي ، ئۆزلىرىنى گۇندىخانىغا تاشلاپ قىيناپ قويدۇم ، ئۆزلىرىدىن ، ھۆرمەتلىك ھاكىمبەگ جانابلىرى ، مىڭ مەرتەم كەچۈرۈم سورايمەن !...

جاڭجۇن ئورنىدىن تۇرۇپ ، مەزەمزاتنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇشىغا ، ئورنىدىن ئېتىلىپ تۇرغان ھاكىمبەگ ، چاڭ چىڭنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ، ئورنىدىن تۇرغۇزدى .

— نېمە قىلغانلىرى بۇ ، جاڭجۇن جانابلىرى ! ؟ سىلى ئەمەس ، مەن تىزلانسام بولىدۇ . ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك پەرمانلىرىنى ۋاقتىدا ئورۇندىيالمىغان گۇناھ مېنىڭدە ! — دەيتتى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي مەزەمزات چاڭ چىڭنىڭ قولتۇقىدىن تۇتۇپ ، ئۆز ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇۋېتىپ ، — مېنىڭ قېنىم ئاتا - بوۋىلىرىمنىڭ قېنى بىلەن ئوخشاش . شۇنداق بولغانلىقتىن مېنىڭ ئىشەنچ ، ئىرادە ۋە ئەقىدەممۇ ئۇلارنىڭكى بىلەن بىردەك ! مەن بۈيۈك چىڭ خانىدانلىقىغا مەنسۇپمەن ! جېنىم تېنىمدىلا بولسا ، بۈيۈك چىڭ خانىدانلىقى ئۈچۈن جان - دىلىم بىلەن خىزمەت قىلىمەن !...

جاڭجۇننىڭ كۆتكىنى دەل مەزەمزاتنىڭ مۇشۇ سۆزلىرى ئىدى . ئورنىغا ئولتۇرغان چاڭ چىڭ چاقناپ كەتكەن ئالما ئۇرۇقىدەك كۆزلىرىنى ئۆزگە ھاياجان بىلەن تىكىلىپ تۇرغان ھاكىمبەگكە ئاغزىنى ئاچتى .

— ئولتۇرسىلا ! ئولتۇرسىلا ، ھاكىمبەگ جانابلىرى ! — دېدى ئۇ ، قولى بىلەن ياندىكى ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ ، — ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈل - كۆكسى نېمىدېگەن كەڭ ، ئىلى ۋادىسىغىلا ئوخشايدىكەن !

يېڭىلا ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرغان مەزەمزات ، جاڭجۇننىڭ سۆزلىرىدىن بېشى ئاسمانغا يەتكەندەك بولدى .

— مەن سىلىنى ئورۇنسىز گۇندىخانىغا تاشلاپ قىيىنغان

بولسامۇ مېنى ئەيىبلىمەي كەچۈرۈۋەتتىلە! ھەتتا مېنىڭ قىلغىنىمنى توغرا دېدىلە! بۇ نېمىدېگەن كەڭ قورساقلىق! مەن سىلىگە قايىل بولدۇم! — چاڭ چىڭ قىزىپ ھاياجان بىلەن سۆزلەيتتى، — راست، سىلى دەرگۇمانسىز چىڭ خاندانلىقىمىزنىڭ سادىق قۇلى! مەن بۇنىڭغا بۈگۈن يۈزدە يۈز ئىشەندىم. مەن ئۆزلىرىنىڭ بۇ سادىقلىقىنى بۈيۈك خانىمىزغا مەلۇم قىلىمەن! سىلىنى يېڭى ئۇنۋان بىلەن تارتۇقلاشنى سورايمەن!...

ئۆز خوجىسىنىڭ سۆزلىرىدىن ھاكىمبەگنىڭ ئاغزى - قۇلىقىغا يېتىپ ئىچ - ئىچىدىن خۇشاللىق قايناپ تاشتى. ئۇ جاڭجۈنگە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، رەھمەتنىڭ بىر تاغىرىنى ئالدىغا تۆكتى...

— ھۆرمەتلىك جاڭجۈن جانابلىرى، — دېدى مەزمەزات جاڭجۈنگە ھاياجان بىلەن قاراپ، ئۇنىڭ يوغان، قوڭۇر كۆزلىرىدە خۇشامەتنىڭ سېرىق نۇرى ئۇچقۇنلايتتى، — سىلى مېنىڭ ئاتام! بىزدە ئاتىنىڭ سۆزلىرى بالا ئۈچۈن پەرز دېيىلىدۇ. پەرز دېگەن سۆز ئىسلام دىنىدا ئاللانىڭ قىلمىسا بولمايدىغان سۆز ۋە ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ناماز ئوقۇش پەرز، مەن سىلىنىڭ دېگەنلىرىنى پەرز بىلىپ، سادىق ئوغۇللىرىدەك ئىجرا قىلىمەن! — ئۇنىڭ كۆزلىرىدە لىغىرلاۋاتقان ياش، كۆزى مىدىرلىسىلا تۆكۈلىدىغاندەك كۆرۈنەتتى...

چاڭ چىڭ ئوسا قىلغان يېرىنىڭ تازا تاۋۇغا كەلگەنلىكىنى كۆردى. ئۇ شۇ تاپتا بۇ قويۇلغان ئۆپكىدەك يەرگە تاش تېرىسىمۇ ئۈندىغانلىقىغا تولۇق ئىشەندى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىن مۇنۇ پىكىر خۇددى ئىزىدىن كۆچكەن يۇلتۇزدەك ئۆتتى: «ئەمدى ۋاقتىنى زايە قىلماي! پۇرسەت پىشىپ يېتىلدى. دەيدىغاننى ئوچۇق دەپ بۇ زەھەرلىك ئوقيا ئوقىنى بۈگۈن كېچىدىلا ئىلى توپىلىڭىنىڭ يۈرىكىگە ئېتىۋېتەي!...»

— مەن ئۆزلىرىنىڭ بىزگە بولغان سەمىمىي ۋە

سادىقلىقىدىن تولىمۇ تەسىرلەندىم . سىلىدەك ئادەملەر خاندانلىقىمىزنىڭ جۇملىدىن ئىلى ۋادىسىدىكى مەھكىمىمىزنىڭ تۈۋرۈكى ! — جاڭجۈن باشلىغان سۆزىدىن توختاپ چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتتى . ئۇنىڭ تاتىراڭغۇ چىرايىغا يۇرىكىدىكى غەم ـ ئەندىشىسى تېپىپ چىقىپ ، چىرايىنى تېخىمۇ تاتارتىۋەتتى . ئۇ شۇ تاپتا نېمە قىلارىنى بىلمەي يۇرگەن كۇندىكى چاڭ چىڭغا ئايلاندى ، — ئۆزلىرىنى بۇ يەردە تۇتۇپ قالغىنىمدىن كېيىن ، مەن ئابدۇرۇسۇل شاغىبەگكە مەكتۇپ ئەۋەتىپ ، ئۇنى ئۇرلاڭ هاكىمبەگ قىلغانلىقىمنى بىلدۇردۇم . شۇنىڭ بىلەن بىللە «تۆشۈك نان» بىلەن بەش يۇز چېرىكنى دەرھال كۇرەگە ئەكېلىشنى بۇيرۇدۇم . بىلىدىلا ، هاكىمبەگ جانابلىرى ، ئۇنىڭ دادىسى چورۇقمۇ چىڭ خاندانلىقىغا تازا سادىق ئەمەس ئىدى . ئاقسۇغا پالانغانلىقىدىن خەۋەرلىرى بولسا كېرەك . «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق» دېگەندەك ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ ئالا كۆڭۈل ئىكەنلىكىنى بىلمەپتىمەن . ئۇ مەكتۇپىغا ئاق ياكى قارا دەپ جاۋاب قايتۇرمايلا قالماستىن ، ھەتتا بىزدىن يۇز ئۆرۈدى . مېنىڭ ئىگىلىگەن مەلۇماتلىرىمغا قارىغاندا ئۇ سىلىنىمۇ ئۆزىگە تەڭ قىلماسمىش . سىلى گۇندىخانىغا چۈشكەندىن كېيىن ، ھەر يەردە يامان گەپلىرىنى قىلىپ ، ئەل ـ يۇرت ئىچىدە ئىناۋەتلىرىنى تۆككەنمىش ··· بۇ ، مەزەمزات ، — دېدى جاڭجۈن بېشىنى مەزەمزات تەرەپكە سۇرۇپ ، — سىلى قايتىپ غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن ، يوقىتىدىغان ئادەملىرىنىڭ ئەڭ بىرىنچىسى···

جاڭجۈن سۆزىدىن توختاپ ئېچىلىۋاتقان ئىشىككە قارىدى . ئىشىكخانىغا ئۇنىڭ زىلۋا بويلۇق مۇلازىمى كىرىپ كەلدى . ئۇ تاپىسىدىلا توختاپ ، جاڭجۈنگە قارىدى :

— شى دارېن ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتىكەن . هويلىدا كۇتۇپ قالدى .

— ئۆزلىرىنى يالغۇز قالدۇرۇپ قويىدىغان بولدۇم .

رەنجىمىگەيلا ، چىقىپلا كىرىمەن ! — دېدى جاڭجوڭ ئورنىدىن تۇرۇپ ، مەزەمزاتقا بۇرۇلۇپ قاراپ .

— نېمىگە رەنجىيمەن ، چىقىۋەرسىلە ، جاڭجوڭ جانابلىرى ، مەن ساقلاپ تۇرىمەن ، — دېدى ھاكىمبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ ، قول باغلاپ ئالدىغا ئازراق ئېگىلىپ .

چاڭ چىڭ چىقىپ كەتتى . مەزەمزات ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇپ خىيال سۈرگەن ھالدا بىر تال كىشمىشنى ئاغزىغا سالدى .

«مەن بۇرۇنلا ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ ماڭا تىكىلگەن مىخلىقىنى پەملەپ يۈرەتتىم . بۈگۈن بۇ پەمىمنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلاندى . ياق ، مەن ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ مېنىڭ بەختىمگە ئولتۇرۇشىنى خالىمايمەن ! ئۇ ، مېنىڭ يولۇمغا پۇتلىكاشاڭ بولماي يوقىلىشى كېرەك ، ھايات دېگەن شۇنداق ؛ سەن يولۇڭغا پۇتلىكاشاڭ بولىدىغاننى يوقاتمىساڭ ، ئۇ سېنى يوقىتىدۇ . بۇ جاھان ئېلىشمىغۇچە ، بەختكە يەتكىلى بولمايدىغان كۈرەش مەيدانى ! ئابدۇرۇسۇل ! ئابدۇرۇسۇل ! سېنى شۇنداق جايلىۋېتەيكى ، خەلقئالەممۇ بۇنىڭدىن قىلچىلىك قۇسۇر تاپالمىسۇن ! راست ، سەن ئەقىللىق ، باتۇر ! لېكىن ، مېنىڭ ئالدىمدا سەن يەنىلا ئاسان ئالدىنىدىغان بىر بالا !...»

ئىشىك ئېچىلىپ ، جاڭجوڭ ئالدىراپ كىرىپ كەلدى .

*　　　*

— بىلىسەن ، ھاكىمبەگ ، ئىچكىرىدە توپىلاڭلار كۆپىيىپ ، خان ھەر يىلى بىزگە بېرىدىغان كۈمۈشنى بېرەلمەي قالدى . بۇنچىلىك نۇرغۇن چېرىك ۋە ئەمەلدارلارنى بېقىش ئاسانمۇ ؟ ! چېرىكلەرنىڭ كىيىمى ، يېمەك ـ ئىچمىكى ، قورال ـ يارىغى قاتارلىقلارغا كېتىدىغان كۈمۈش ئاز ئەمەس . ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇلكىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ ئىش ھەققىمۇ چېرىكلەرنىڭ چىقىمىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ . ئۇلۇغ خان ئەۋەتىپ بېرەلمىگەندىن

كېيىن ، مەن بۇ پۇللارنى سىلەردىن ئالماي نەدىن ئالىمەن ؟ ئۇن
ئالتە خۇ ئاشلىق سېلىقى ئوتتۇز ئىككى خۇغا كۆتۈرۈلدى .
راست ، بۇ خەلق كۆتۈرەلمەيدىغان دەرىجىدە ئېغىرلىشىپ كەتتى .
لېكىن ، ئېيتقىنا ، مەزەمخان ، شۇنداق قىلماي ، قانداق
قىلىمەن ؟ چېرىك ۋە ئەمەلدارلارنى قانداق باقىمەن ؟
چاڭ چىلەك بىر ئۇھ تارتىپ توختىدى . ئۇ شۇ تاپتا ، بىر
تەرەپتە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن خەلق ، يەنە بىر تەرەپتە ئاغزىنى
ئەجدىھادەك ئېچىپ تۇرغان چېرىك ۋە ئەمەلدارلاردىن ئىبارەت
ئىككى تۈگمەن تېشىنىڭ ئارىسىدا يانجىلىۋاتقان قارىمۇچقا
ئوخشايتتى . ئۇ بۇرۇلۇپ بىچارە قىياپەتتە ھاكىمبەگكە قارىدى .
ئۇنىڭ ئالما ئۇرۇقىدەك كۆزلىرىدە : «مېنىڭ سۆزۈم ساڭا تەسىر
قىلىۋاتامدۇ ؟ » دېگەندەك بىر ئىپادىدە كۆرۈنەتتى . مەزەمزات
بولسا : «مەن سىلىگە ئىشىنىمەن ، سىلى بۇ سېلىقلارنى
ئامالسىزلىقتىن ئۆستۈردىلە ! بىراق بۇنى نادان خەلق قانداق
چۈشەنسۇن ؟ ! خاتىرجەم بولسىلا ، مەنلا بولسام ، سىلىنى
بۇ قىيىنچىلىقتىن چوقۇم قۇتۇلدۇرىمەن ! » دەۋاتقاندەك
قىلاتتى .

— سىلەرگە چىشلىرىڭلارنى چىشلەپ بۇ سېلىقنى
تۆلەۋەتتىڭلار ، لېكىن جاھىل ، زوۋان ئۇقمايدىغان خۇيزۇلار
چىقىپ بىزگە قارشى جەڭ باشلىدى . مەن قوشۇن چىقىرىپ
ئۇلارنى قاتتىق باستۇردۇم . باشلىقلىرىدىن يەنسېن ، فىتامۇلارنى
بوينىكېسىكتە جادۇغا باستىم . بىرقانچە ئاينىڭ ئالدىدا ھايات
قالغان چوڭلىرىدىن ئاشۇ خەنجە ئاخۇن ، ئىسمائىل ئاخۇن ، ياقۇپ
ئاخۇن دېگەنلىرى ئابدۇرۇسۇلنىڭ يېنىغا كىرىپ ، يىغلاپ ــ
قاقشاپ ، ئۇرلاڭ ھاكىمبەگنىڭ ئۆزلىرىگە ياردەم بېرىشىنى
سورىدى . ئابدۇرۇسۇل موللاناسىر ئەلەم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ،
خۇيزۇلارغا قوشۇلدى . بىز مەنسەپ بېرىپ ، كۈمۈش بېرىپ
ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىۋاتساق ، تۇزۇڭنى يەپ تۇزلۇقۇڭغا ئولتۇراي
دېگەندەك ، بىزگە قارشى مۇشت كۆتۈردى…

www.uyghurkitap.com

— ئۇنىڭ كۆڭلىدە، سىلى بىلمەيدىلا، جاڭجۇن جانابلىرى، — دېدى مەزەمزات ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، بېشىنى ئۇ ئولتۇرغان تەرەپكە سوزۇپ، — سىلەر ئاقسۇغا پالىغان ئاتىسى چورۇقنىڭ[1] قىساسى بولۇشى مۇمكىن.

— مەن بۇ قارىشىڭىزنى قوللايمەن: ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىزگە قارشى ئاداۋەت بولمىسا، مۇشت كۆتۈرمەيتتى...

جاڭجۇن يەنە سۆزىدىن توختاپ، يېنىدىكى قاپقاقلىق، ئەجدىھا گۈللۈك سىركايىنى تېگىدىكى خونچىسى بىلەن بىللە قولىغا ئېلىپ، قاپقىقىنى قىيا ئېچىپ بىرقانچە ئوتلىدى. چاي ئىچىۋاتقان مۇغەمبەرنىڭ يۇمىلاق كۆزلىرى ئوغرىلىقچە هاكىمبەگكە قارايتتى. مەزەمزات بېشىنى سىلاپ خىيال سۈرەتتى. ئۇ: «ئەگەر بۇ يەردىن ساق ـ سالامەت غۇلجىغا قايتىپلا قالسام، ئالدى بىلەن ئابدۇرۇسۇلنى ئۆلتۈرىمەن» دەيتتى، ئابدۇرۇسۇل بەگنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ.

قولىدىكى سىركايىنى شىرەگە قويغان چاڭ چىڭ مەزەمزات تەرەپكە بېشىنى بۇراپ، يەنە قېلىن كالپۇكلۇق ئاغزىنى ئاچتى:

— كۆپ گەپ قىلىپ سىلىنى زېرىكتۇرۇپ قويدۇمغۇ دەيمەن، — ئۇ بىر تىنىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۈگۈن ساڭا، هاكىمبەگ، چىڭ خاندانلىقىنىڭ هاجىتى چۈشتى. ئىمىن ۋاڭدەك بوۋىلىرىڭنىڭ ئۆز ۋاقتىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلەرنى باستۇرۇشىمىزغا چېرىكلىرى بىلەن ياردەم بەرگەنلىكىنى بىلەرسەن! سەنمۇ، مەزەمزات، ئەڭ چوڭ بوۋىلىرىڭ ئىمىن ۋاڭ، مۇسا گۇڭلارنىڭ يولىدا مېڭىپ، قىيىن ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقان بىزگە ياردەم قىلىشىڭنى ئۆتۈنىمەن. سەن بۈگۈن كېچىدىلا دەرىيادىن كېمە بىلەن ئۆتۈپ، چاپچال ئارقىلىق غۇلجىغا

---

① ئىلى جاڭجۇنى چورۇق هېكىمنى 1828 ـ يىلى ئاقسۇغا ئون يىللىق پالايدۇ، ئۇ مۇددىتى توشۇپ ئىلىغا قايتىپ كېلىپ، 1837 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

قايتىسەن . سېنىڭ قوغدىغۇچى ۋە مۇلازىملىرىڭمۇ تېخى كۈرەدە ، ئۇلار سېنىڭ بىلەن بىللە قايتىدۇ . بارغاندىن كېيىن مۇنداق ئۈچ ئىشنى قىلساڭ بولىدۇ : بىرىنچىسى ، ئابدۇررۇسۇلنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەت ، ئىككىنچىسى ، قېرىنداشلىرىڭنى ئاچچىقىدىن ياندۇرۇپ ، خۇيزۇلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقتىن چېكىندۇرۇپ چىق . بۇ ئىشلار ئابدۇررۇسۇلنىڭ قىلغان ئىشلىرى ، دەپ ئۇيغۇرلىرىڭنى باياندىي يېنىدىن ئەكەت . سەن تېخى بىلمەيسەن . قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلەر هازىر غۇلجىنى ئىگىلەپ ، باياندىي هەربىي قەلئەسىنى قورشىۋالدى . قېرىنداشلىرىڭ قورال تاشلاپ بايانداىدىن چېكىنىپ ئۆز ئۆيلىرىگە قايتسىلا ، بىز ئۇلارغا تەگمەيمىز ، هەتتا سۈرۈشتۈرمەيمىز . ئۈچىنچىسى ، هەممە گۇناھ خۇيزۇلار بىلەن ئابدۇررۇسۇلدا ! ئۇيغۇرلارنى ئازدۇرغان خۇيزۇلار بىلەن ئابدۇررۇسۇل ! سەن ئابدۇررۇسۇلنى ئۆلتۈرۈپ ، قېرىنداشلىرىڭنى خۇيزۇلاردىن بۆلۈۋالساڭ ، بىز خۇيزۇلارنى قاتتىق جازالايمىز !...

جاڭجۇن توختىماي سۆزلەيتتى . مەزەمزات ئۆزىنىڭ بۈگۈن كېچىدىلا غۇلجىغا قايتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇپ ، ئولتۇرالماي قالدى . ئۇ ھېلىتىنلا كېچىنىڭ تېزرەك كېلىشىنى كۈتكەندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ ، پەنجىرىگە قارىدى . گۈللۈك پەنجىرە يورۇپ تۇراتتى . هاكىمبەگنىڭ ئالدىرىشىغا خوتۇن — بالىلىرىنى سېغىنغانلىقى ئەمەس ، بەلكى ئۇرلاڭ هاكىمبەگ بولغان ئابدۇررۇسۇل بەگنى ئۆلتۈرۈپ ئۆز ئورنىنى ئېلىۋېلىشقا كۆڭلى داپ چالاتتى . زەھەرلىك قارا يىلان ئۇۋۇسىدىن چىقىدىغان چاغدا بىر ۋىشىلداپ زەھەرلىك تىلىنى چىقىرىدۇ . شۇ تاپتا مەزەمزاتمۇ زەھەرلىك تىلىنى چىقىرىپ ۋىشىلداۋاتقان قارا يىلانغىلا ئوخشايتتى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قارىغايدەك قامەتلىك ، ماڭلىيى كەڭ ، ئىككى مەڭزى شەپەقتەك كۈلگۈن ، بۇركۈت كۆزىگە ئوخشايدىغان كۆزلىرىدە ئەقىل ۋە جەسۇرلۇق نۇرى چاقناپ تۇرىدىغان ، ئۇزۇن بۇرۇتلۇق ، قىرقىما

ساقاللىق ئابدۇرۇسۇل بەگ تۇراتتى . «سېنى ، — دېدى مەزەمزات يوغان ، قوڭۇر كۆزلىرىدە بىر سىرلىق كۆكۈچ نۇر چاقناپ ، — سېنى ، ھەي ، ئابدۇرۇسۇل ، شۇنداق بۇ ئالەمدىن ئىزىڭنى ئۆچۈرەيكى ، خەلقئالەم غىڭ قىلالماي قالسۇن !… »

— ئۇزاق پاراڭلاشتۇق ، — دېدى چاڭ چىڭ ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ھاكىمبەگكە بېشىنى بۇراپ ، — قېنى ، مېنىڭ دېگەنلىرىمگە سەن نېمە دەيسەن ؟ سېنىڭ ئۆز ئاتا ـ بوۋاڭنىڭ ئىرادىسىگە قارشى ماڭمايدىغانلىقىڭغا ئىشەنسەم بولامدۇ ؟

جاڭجۇن كېيىنكى سوئالنى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ شۇنداق دېدىكى ، مەزەمزاتنىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى . ئۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ ئاغزىنى ئاچتى :

— بولىدۇ ، جانابلىرى ، بولىدۇ ، بولىدۇ !… —مەزەمزات سۆزگە ئۇستا ، ھەرقانداق ئەھۋالدا تىلىنى چاينىماي ، تۆت ئېغىز گەپنى جايىدا دېيەلەيدىغان ئادەم . ئاق سېرىق چىرايىغا جىددىيلىك يۇگۇرگەن ھاكىمبەگ ئاسانلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ، سۆزلىرىنى خۇددى يىپقا مەرۋايىت تىزغاندەك تىزىپ سۆزلەشكە باشلىدى ، — مېنىڭ تومۇرۇمدىكى قان ئاتا ـ بوۋىلىرىم قېنىنىڭ داۋامى ، مەن زادىلا ئۇلارنىڭ روھىغا داغ كەلتۈرىدىغان قارا يۈزلۈكنى قىلمايمەن ، — ئۇ ئويلىنىپ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزنى يەنە داۋام قىلدى ، — بىراق ، ئالىيلىرى ، تۆمۈرنى قىزىتىپ ، ئاندىن سوقىدىغان گەپ ، مەنمۇ بىرىپلا سىلى دېگەنلەرنى دېسەم ، كاللام كېتىدۇ . تۆمۈرنى قىزىتىشمىغا ۋاقىت كېرەك . ئۇ قىزىغاندىلا ئاندىن سوققىلى بولىدۇ . بۇنى سىلى ئوبدان بىلىدىلا ! جاڭجۇن جانابلىرى ، خاتىرجەم بولسىلا ! مەن بىرىپ ئالدىدا ئۇلارنىڭ سېپىگە كىرىشىم ، ئۇلار نېمە دېسە شۇنى دېيىشىم ، شۇنداق قىلىپ ھارۋىنىڭ بوجىسىنى قولغا ئېلىشىم زۆرۈردۇر . بۇلارنى ئاڭلاپ ، يەنە ، جانابلىرى ، مېنى يۈز ئۆرۈپتۇ

دېمىسىلە! ھارۋىنىڭ بوجىسىنى قولۇمغا ئېلىۋالسام، ئاندىن ھارۋىنى خالىغان تەرىپىمگە ھەيدىيەلەيمەن، — ئۇ سىم ساقىلىنى بىر سىلاپ، كۈلكە يۈگۈرگەن چىرايىنى چاڭ چىڭغا تىكتى، — مۇشۇ كۈنگىلا يېتىۋالسام، سىلىگە كۈندە بىر خۇش خەۋەر يەتكۈزىمەن. يەنە بۇرۇنقىدەك دەۋران سۈرۈپ، يېگەنلىرى يېگەن، كۈلگەنلىرى كۈلگەن بولۇپ ئۆتىدىلا، جانابلىرى! مانا مېنىڭ دەيدىغانلىرىم! ماڭا، جاڭجۇن جانابلىرى، ئۆزلىرىگە ئىشەنگەندەك ئىشەنسىلە!...

چاڭ چىڭ مەزەمزاتىنىڭ سۆزلىرىدىن قانائەت ھاسىل قىلدى. شۇڭلاشقا ئۇ، يېنىدا ئولتۇرغان ھاكىمبەگكە تولۇق ئىشەنگەن قىياپەتتە تىكىلدى:

— ساڭا ئىشەنمىسەم، سېنى يولغا سېلىپ قويامدىمەن؟! مەن ساڭا يۈزدەيۈز ئىشىنىمەن. سەن بېرىپ مەن دېگەنلەرنى قىلالايسەن! — ئۇ سۆزىدىن توختاپ، ئىچ يانچۇقىدىن زەنجىرلىك ئالتۇن سائىتىنى ئېلىپ، قاپقىقىنى ئېچىپ قارىدى. سائەت ئون بىردىن ئېشىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن چاڭ چىڭ ئالدىراپ ئاغزىنى ئاچتى، — بولدى، پاراڭ مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن! چۈشمۇ بولۇپ قاپتۇ. ئەتىگەن ئاشپەزلەرگە ئوبدان سەيلەرنى قورۇپ بىر شىرە زىياپەت تەييارلاڭلار، دېۋىدىم، ئۇلار بىزنى كۈتۈپ قالمىسۇن. قېنى، تۇر، ھاكىمبەگ، زىياپەت ئۆيىگە چىقايلى!...

جاڭجۇن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ، ئىشىككە قاراپ يول ئالدى. ئۇنىڭ كەينىدە دەل قول باغلاپ، ئېگىلىپ ماڭغان مەزەمزات ھېجىيىپ خۇشاللىقىنى باسالمايتتى.

* *

ئەمدى يازىدىغان كۈرە ھەققىدىكى بۇ بايانلىرىم ئاساسى

www.uyghurkitap.com

ۋەقەلىك بىلەن ئۇنچىلىك مۇناسىۋىتى يوقتۇر؟! لېكىن، بىر زامانلاردا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى سورىغان بۇ شەھەرنى تولۇق تەسۋىرلىگۈم كېلىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە مېنىڭ شەخسىي خاھىشىمدىن تۇغۇلغان ئىستەك بولماي، بەلكى كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمنىڭ بىلىشىنى ئارزۇلىغان ئويۇمدىن تۇغۇلدى.

ئۈستىدە تۆت چېرىك قاتارلىشىپ بىمالال ماڭالايدىغان كۆرە سېپىلىنىڭ تۆت دەرۋازىسى بولۇپ، شەرقىي دەرۋازىسى «دۆڭگۈەن»[1]، جەنۇبىي دەرۋازىسى «نەنگۈەن»[2]، غەربىي دەۋازىسى «تارجى»، شىمالىي دەۋازىسى «بېيگۈەن»[3] دېيىلەتتى. بۇ ھەربىي قەلئە ھېسابلىنىدىغان كۆرەنىڭ شەرقىي، شىمالىي، غەربىي ۋە جەنۇبىي تۆت مەركىزىي كوچىسىغا ئورۇنلاشقان مەھكىمە، يامۇل قاتارلىقلار خېلىلا كۆپ ئىدى.

غەربىي مەركىزىي كوچىدا داتۇڭ يامۇلى بولۇپ، بۇ جاڭجۈن مەھكىمىسىدىن قالسىلا، ئالىي «ئەلەم» ئەمەلدارى تۇرىدىغان مەھكىمە ئىدى. يامۇلنىڭ ئىچكى بىناسىغا بارغىچە ئۈچ دەرۋازىدىن ئۆتەتتى. ھەربىر دەرۋازىنى مەخسۇس چېرىك ۋە دەرۋازا باقارلار ساقلايتتى. يامۇل ئىچىدە يامۇلنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئىككى باتالىيون چېرىك بولاتتى. ئومۇمەن داتۇڭ يامۇلى بارلىق پىيادە، توپچى ۋە ئاتلىق قىسىملارغا قوماندانلىق قىلاتتى. بۇ كوچىدا يەنە سىلىڭ، زۇلىڭ يامۇللىرى[4]، مۇزىكا دۈي، پىيادە قىسىملار گازارمىلىرى، شۇنداقلا ئاھالىلەر ۋە

---

① «دۆڭگۈەن» — شەرقىي دەرۋازا، بۇ دەرۋازىدىن چىققانلار كۆپىنچە غۇلجىغا باراتتى.

② «نەنگۈەن» — جەنۇبىي دەرۋازا، بۇ دەرۋازا «سۇمۇل دەرۋازىسى» دەپمۇ ئاتىلاتتى. دەرۋازىدىن چىققانلار دەريادىن ئۆتۈپ چاپچالغا باراتتى.

③ «بېيگۈەن» — شىمالىي دەرۋازا بۇ دەرۋازىدىن چىققانلار كۆپىنچە سۈيدۈڭگە باراتتى. شۇڭا بۇ دەرۋازا «سۈيدۈڭ دەرۋازىسى» دەپمۇ ئاتىلاتتى.

④ سىلىڭ، زۇلىڭ يامۇللىرى — ھەربىي قوشۇن تۇرىدىغان ئورۇنلار.

تىجارەتچىلەرمۇ تۇراتتى .

شىمالىي مەركىزىي كوچىدا بىر لۇۋدۇي ، ئىككى سىلىڭ يامۇلى ، خەۋەرلىشىش ئورنى ، بىر چوڭ بۇتخانا ، شەخسىي سودىگەرلەرنىڭ چوڭ دۇكانلىرى ، شەخسلەر بىرلىشىپ ئاچقان ھاراق زاۋۇتى ، ئاشخانىلار ، ئۇششاق تىجارەتچىلەرنىڭ دۇكانلىرى ، ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرى بولاتتى .

جەنۇبىي مەركىزىي كوچىدىمۇ سودىگەرلەر جەمئىيىتى — شاڭۋۇخۇي ، بىر لۇۋدۇي ، بىرنەچچە زۇلىڭ يامۇللىرى ، پىيادە ، توپچى ۋە ئاتلىق چېرىكلەرنىڭ گازارمىلىرى ، بىر چوڭ ئىبادەتخانا ، سودىگەرلەرنىڭ دۇكانلىرى ، ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرى بولاتتى .

شەرقىي مەركىزىي كوچىدا جاڭجۇن مەھكىمىسى قاتارلىقلارنىڭ بارلىقىنى دېۋىدۇق . بۇ تۆت كوچىدىن باشقا يەنە مانجۇ خاڭزىسى ، خەنبىڭ خاڭزىسى① ، شىبە خاڭزىسى② دېگەن كوچىلار بار .

مانجۇ خاڭزىسى — مانجۇ كوچىسى دېگەنلىك بولۇپ ، بۇ كوچا كۆرەنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ ، قورۇلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بىر - بىرى بىلەن ئوخشاش ئىدى . بۇ كوچىدا ئاساسەن مانجۇ ئەمەلدارلىرى ، مانجۇ ئاھالىلىرى تۇراتتى . ھەربىر مانجۇ ئەمەلدارىنىڭ ئۆزىگە خاس ياسالغان يامۇلچىلىرى ، چىرايلىق - ئازادە ئۆي جايلىرى بولاتتى . ھەممىسىنىڭ قورۇسى ئىچكىرى ۋە تاشقىرى بولۇپ ، كوچىغا قارىغان دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدىكى تامدا ئويۇپ ياسالغان ئويۇقچە كۆرۈنەتتى . بۇ ئويۇقچىدا قورۇنى ساقلىغۇچى مەبۇدنىڭ ئىسمى يېزىلغان تاختا كېچە - كۈندۈز تۇراتتى . قورۇ ئىگىسى ھەر كۈنى كەچتە ئويۇقچىدىكى مەبۇدقا ئاتاپ شام يېقىپ ، دۇئا - تىلاۋەت

① خەنبىڭ خاڭزىسى — خەنزۇ چېرىكلىرى كوچىسى .
② شىبە خاڭزىسى — شىبە كوچىسى .

قىلىپ ، قورۇنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاشنى ئۆتۈنەتتى .
بۇ كوچىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە سىپىلغا يۆلەپ سېلىنغان «نىياڭنىياڭمىياۋ »[1] بولۇپ ، ئىبادەتخانىنىڭ ئىچكى ئۆيى ۋە تاشقى زاللىرىدا لايدىن ياسالغان نۇرغۇن مەبۇدلار تۇراتتى . ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئاياللارغا بەخت ئاتا قىلىدىغان ئانا بۇت ، بالا تەلەپ قىلغۇچىلارغا بالا ئاتا قىلىدىغان ئانا بۇت ، ئۆمۈرنى ئۇزۇن قىلىدىغان ئانا بۇت ، قىزىل ئانا بۇت ، چېچەك ئانا بۇت ، ئاق ئانام ئانا بۇت ، كۆك ئانام ئانا بۇت دېگەندەك ئىسىملىرى بولاتتى ، كۆرەدىكى مانجۇ ، خەنزۇ ، شىبە ئاياللىرى قەمەرىيە يىل ھېسابى بويىچە 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئەڭ ياخشى كىيىملىرىنى كىيىپ ، باللىرىنى يېتىلەپ ، قوللىرىغا رەڭگارەڭ قەغەز گۈللەرنى ۋە گۈل سېۋەتلىرىنى تۇتۇپ ، تۈرلۈك يېمەكلىكلەرنى ئەكېلىپ ئىبادەتخانىدا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلاتتى . ئۇلار ئىبادەتخانىغا كىرگەندىن كېيىن كۈجە كۆيدۈرۈپ شاڭ ياقاتتى ، بۇتلارغا باش ئۇراتتى . ئاندىن ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ كېلىشتىكى مەقسەت ـ مۇددىئاسى بويىچە تېگىشلىك مەبۇد ئانىلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەكەلگەن گۈل ۋە يېمەكلىكلىرىنى قويۇپ ، ئۆز تەلىپىنى ئېيتىپ باش قوياتتى . ئاندىن كەلگەنلەر راھىبەلەرگە نەزىر ـ سەدىقلىرىنى بېرىپ ، ئۆزلىرىگە پال ئاچقۇزاتتى .
بۇ ئىبادەت كۈنى ئۈچ كۈن داۋام قىلاتتى . ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا بۇتلارغا ئاتاپ چاڭچىلە ئويۇنى ئوينىلاتتى . شۇنداقلا بۇ يەر بازارغا ئايلىنىپ ، تىجارەتچىلەرگە تولۇپ كېتەتتى . يىراق ـ يېقىندىكىلەر مەپىدە ، ھارۋىدا ۋە پىيادە كېلىپ ئىبادەت قىلاتتى ، تاماشىغا قاتنىشاتتى . بۇ يەردە يەنە مەيخانىلەر ئېچىلىپ ، ئەپيۇن چېكىش ، قىمار ئويناشلارمۇ قىزىپ كېتەتتى .
كۆرەنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا «خەنىيڭ خاڭزىسى» ئورۇنلاشقان بولۇپ ، كوچىسى رەتلىك ، ئېغىزىغا دەرۋازا

---

① «نىياڭنىياڭمىياۋ» — ئاياللار ئىبادەتخانىسى .

ئورنىتىلغان، دەرۋازا ھەر كۈنى كېچىدە تاقىلاتتى. بۇ كوچىغا خەنزۇ ئەمەلدارلىرى ۋە خەنزۇ ئاھالىلىرى ئورۇنلىشىپ ھەربىرىنىڭ قورۇ ـ جاي، باغۋارانلىرى بولاتتى.

بۇ كوچىنىڭ جەنۇبىغا ئىنتايىن چوڭ ئاشلىق ئامبىرى، چوڭ ھەربىي ئەسلىھەلەر ئامبىرى ئورۇنلاشقانلىقتىن «نەنكۇ»[1] دەپ ئاتىلاتتى. ئاشلىق ئامبىرىدا ئىلى تەۋەسىدىكى دېھقانلاردىن يىغىۋېلىنغان ئاشلىق ۋە يەم ـ خەشەك تولۇپ تۇراتتى.

دېھقانلارغا سېلىق سېلىناتتى. دېھقانلار قانچىلىك سېلىق سېلىنغان بولسا، ئۆزىدە بار ـ يوقلۇقىغا قارىماي ھەممىسىنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى. بۇ سېلىق يولىنىڭ يىراق ـ يېقىنلىقىدىن قەتئىينەزەر كۆرەدىكى مۇشۇ ئاشلىق سېڭىغا تۆكۈلەتتى. بېدە، ئوت ـ چۆپ، يەم ـ خەشەكمۇ شۇنداق قىلىناتتى. يوقسۇل دېھقانلار سېلىق ـ ھوسۇلنى تاپشۇرالمىسا ھالىغا ۋاي بولاتتى: بوينىغا زەنجىر سېلىنىپ باغلىناتتى، ئۇرۇپ بەدىنى قېنىغا بويىلاتتى، بەزى دېھقانلار تاياق زەربىسىدىن ئۆلۈپمۇ كېتەتتى.

ھەربىي ئەسلىھەلەر ئامبىرىدا چېرىكلەرگە كېرەكلىك ئەشيالار، چېرىكلەرنىڭ كىيىم ـ كېچىكى، ئاتلىق چېرىكلەرنىڭ ئېگەر ـ جابدۇقلىرى ساقلىناتتى.

قەلئەنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى كوچىغا شىبەلەرنىڭ ئائىلىلىرى ئورۇنلاشقانلىقتىن، بۇ كوچا «شىبە خاڭزىسى» دېيىلەتتى. بۇ چاغدا شىبەلەردىن لۇۋدۇي ئامباللىرى، زۇڭگەن، باقشى، غالدا، مۇشقا دېيىلىدىغان ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ «شىبە خاڭزىسى» دا ئولتۇراتتى. ھەربىر ئائىلىنىڭ ھويلا ۋە ئۆيلىرى، يامۇل ۋە ئىشخانىلىرى بولاتتى…

شىبە كوچىسىنىڭ شىمالىي بۇلۇڭىدا بىر قورغان بار ئىدى.

---

[1] «نەنكۇ» — جەنۇبىي ئىسكىلات.

بۇ ئايرىم ـ ئايرىم تۆت كىچىك قورغاندىن تۈزۈلۈپ ، ھەربىر ئەشيالار قويۇلاتتى . بۇ يەرنى «بېيكۇ»① دەپ ئاتايتتى . بىرىنچى قورغانچىدا ھەرخىل توپ ئوقلىرى ؛ پىلتا بىلەن ئېتىلىدىغان قوغۇشۇن ئوقلۇق قارا مىلتىق ، پىلتىلىك ئۇزۇن تاپانچىلار ؛ ئىككىنچى قورغانچىدا زەمبىرەك ۋە مىلتىق دورىلىرى ؛ ئۈچىنچى قورغانچىدا ھەردەرىجىلىك ئەمەلدارلار ۋە چېرىكلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ، كەمەر ۋە ئۆتۈكلىرى ؛ تۆتىنچى قورغانچىدا قالقان ، ھەرخىل قىلىچلار ، تەبەرلەر ، نەيزىلەر ، ئوقيا ۋە ئوقيا ئوقلىرى ساقلىناتتى . بۇ قورغانچىلارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن ئامبال مەسئۇل بولاتتى . چېرىكلەر كېچە ـ كۈندۈز قاراۋۇللۇقتا تۇرۇپ قوغدايتتى...

چۈشتىن كېيىن كۈنپېتىشتىن چىققان قارا بۇلۇتلار بارغانسېرى قويۇقلىشىپ كەچكە بارمايلا ئاسماننىڭ يۈزىنى قاپلاپ كەتتى . قاتتىق شامال قوزغىلىپ ، بىخلانغان دەل ـ دەرەخ شاخلىرىنى زارلىتىپ ، توپا چىقىپ قالغان يوللاردىن توپا توزۇتاتتى...

تېخىچىلا چۈشتە يىگەن زىياپەت ۋە ئىچكەن ـ شارابلارنىڭ تەسىرى كەتمىگەن مەزەمزات شەھەر مەركىزىدىكى ھەيۋەتلىك راۋاقنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى ئەگمە دەرۋازىسىدىن كۆرەڭ قاشقىسىنى ئوينىتىپ چىقىپ كەلدى . ئاتمىشلاردىن ھالقىغان بۇ ھاكىمبەگ بايا جاڭجۈن بىلەن كۆرۈشكەندىكى ئەمەل كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ ئەمدى بېشىغا سۆسەر تۇماق ، ئۇستىگە موۋۇت پەرىجە ، پۇتىغا قارا خۇرۇم ئۆتۈك كىيىپ ، تىزگىن سىيرىپ كېتىۋاتقان ئارغىماق چىلىش ئاتنىڭ ئۇستىدە گىدىيىپ ، تەكەببۇر قىياپەتتە ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ بۇ تۇرقىدىن بايا جاڭجۈن بىلەن پاراڭلاشقاندىكى قول باغلاش ، ئېگىلىش ۋە ھىجىيىشلاردىن زەررىچىلىك تەسىر قالمىغاندەك كۆرۈنەتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ بىر توپ

① بېيكۇ — شىمالىي ئىسكىلات .



www.uyghurkitap.com

مۇھاپىزەتچى ۋە مۇلازىملىرى ئارىسىدا جەنۇبىي مەركىزىي كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىنى يېرىپ، سېپىلنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭدى. كۆپ ئۆتمەي ئۇلار سېپىلنىڭ سۇمۇل دەرۋازىسىدىن چىقىپ ئىلى دەرياسىنىڭ بويىغا يول ئالدى.

ئانا دەريا — ئىلى دەرياسى گويا غەزىپى كەلگەن قارا قاسىراقلىق ئەجدىھادەك كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقا قاراپ، ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ كېتىۋاتاتتى. دەريانىڭ ئۇ قانىتىدا كۆز يەتمەيدىغان بىپايان زېمىن، ئۇنىڭ چېتىدە چوققىلىرى ئاپئاق ئەزىم تاغلار ئۈستىگە قايغۇ-ھەسرەت پەردىسىنى يېپىپ، ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان بوران، بارغانسېرى قارىيىۋاتقان زۇلمەت بىر-بىرى بىلەن ياقا سىقىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. يۈگەن سىيرىپ كېتىۋاتقان كۈرەڭ قاشقىسىنىڭ ئۈستىدە مىخلاپ قويغاندەك ئولتۇرغان ھاكىمبەگ ھاۋاغا قاراپ، ئۆزىنى جاڭجۈن مەھكىمىسىدە ئۇزىتىپ قالغان چاڭ چىڭنىڭ سۆزىنى يادىغا ئالدى.

«جاڭجۈن دېگەندەك، مېنى بىرى قوغلاۋاتمىغاندىكىن، ئەتە ئەتىگەن يولغا چىقساممۇ بوپتىكەن، قاراڭغۇ كېچىدە قارا بوراندا قالارمەنمۇ؟ — دېگەنلەرنى ئويلىغان مەزەمزات بىر تىنىۋېلىپ خىيالىنى داۋام قىلدى، — يەنىلا بىر كۈن بولسىمۇ بالدۇر بارغىنىم ياخشى! ئۆز ئورنۇمنى ھېلىقى ئابدۇرۇسۇل دېگەندىن بىر كۈن بۇرۇن تارتىۋالىمەن ئەمەسمۇ!»

ئالدىنقى پىكرىنى كېيىنكى رەت قىلغان پىكرى كۆڭلىگە ياققان ھاكىمبەگنىڭ روھىي كەيپىياتى تېخىمۇ كۆتۈرۈلدى. ئۇ ئۆزىنى دەريا بويىدا كۈتۈپ تۇرغان كېمىنى كۆرۈپ، ئىككى پۇتى بىلەن كۈرەڭ قاشقىنىڭ بىقىنىنى نىقتىدى. ئات يۇلقۇنۇپ ئالدىغا ئېتىلدى…

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۈچىنچى باب

## ئەخمەتخان خوجىنىڭ چۈشى

كېچىلەپ توختىماي يول ماڭغان مەزەمزات قوغۇنچىغا① كېلىپ مىھرىدىن بەگنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. قاتتىق ئۇخلاۋاتقان مىھرىدىن بەگ ئائىلىسى ئۇندەرەپ دەرۋازىنى ئاچقاندا، كۈنچىقىش تەرەپ بىلىنەر - بىلىنمەس ئاقىرىپ كېلىۋاتاتتى. ئاق كۆڭلەك، ئاق تامبال بىلەن ئۈستىگە قارا پەشمەتنى يېپىنىپ چىققان ئوتتۇرا بويلۇق مىھرىدىن بەگ كۆرەڭ قاشقىسىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇتۇپ تۇرغان مەزەمزاتنى كۆرۈپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي هاڭ - تاڭ قالدى. ئۇ دەرهال ئىشىنى يىغىپ، قول باغلاپ، ئېگىلىپ سالام قىلدى. ئارقىدىن ئۇ، ئۆزىنى چاقىرتىپ چىققان شادىپاچاق مالىيغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— هوي، هاكىمبەگ جانابلىرىنى ئاتتىن چۈشۈرمەي، نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟! قېنى، قولتۇقىدىن تۇتۇپ، ئاۋايلاپ ئاتتىن چۈشۈرگىن!...

مىھرىدىن بەگنىڭ شادىپاچاق مالىيى يۈگۈرۈپ بېرىپ هاكىمبەگنى قولتۇقىدىن تۇتۇپ ئاتتىن چۈشۈرۈۋالدى.

— قېنى، جانابلىرى، ئۆيگە مەرهەمەت! — دېدى مىھرىدىن بەگ ئېگىلىپ، بىر قولى بىلەن كەڭ ئېچىۋېتىلگەن دەرۋازىنىڭ ئىچىنى كۆرسىتىپ. چارچاپ هالىدىن كەتكەن هاكىمبەگنىڭ

① قوغۇنچى — چاپچال ناهىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

مۇھاپىزەتچى ۋە مۇلازىملىرىمۇ ئاللىقاچان ئاتلىرىدىن چۈشۈپ تېزرەك ھويلىغا كىرىشنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇلار ئۆز خوجايىنىنىڭ قورۇغا ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ، مەزەمزات بىلەن مېھرىدىن بەگدىن كېيىن، ئاتلىرىنى يېتىلەپ ھويلىغا ماڭدى. مېھماننى ئاتتىن چۈشۈرگەن شادىپاچاق ئادەم كۈرەك قاشقىنى يېتىلەپ ھەممىنىڭ ئاخىرىدا قورۇغا كىردى.

ئالدى جەنۇبقا قارىغان، ئاپئاق ئاقارتىلغان پېشايۋانلىق ئۆيلەرنىڭ پەلەمپىيىدىن ئالدىدا چىققان مەزەمزاتنى مېھرىدىن بەگ كۈنچىقىش تەرەپتىكى ئەڭ چوڭ ۋە ھەشەمەتلىك سارىيىغا باشلىدى. ساھىبخانىنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ قوپقان توقلى يۇز - كۆزىنى يۇيۇپ، چېچىنى تاراپ ۋە تۈزەپ، چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىپ، سارايىنىڭ ئىچىۋېتىلگەن ئىشىكى يېنىدا ھاكىمبەگنى كۈتۈۋالدى. ئۇ ئىككى قولىنى تولغان كۆكسىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ، ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. ئايال زاتىنى كۆرمىگىنىگە ئۇزۇن بولغان مەزەمزات قاش - كۆزىنى ئوينىتىپ ئۆزىگە سالام بېرىۋاتقان ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدىكى چىرايلىق چوكانغا يەۋەتكۇدەك تىكىلىپ قاراپ، تىنچلىق - ئامانلىق سورىدى. ئۇ مېكىياننى كۆرۈپ قانات سۆرىگەن خورازدەك، سۆسەر تۇماقلىق بېشىنى كۆتۈرۈپ، مەيدىسىنى كېرىپ سارايغا قەدەم تاشلىدى. مېھرىدىن بەگ بىلەن ناز - كەرەشمىلىك توقلى كەينىدىن كىرىپ، تاپسىدىلا قاتار تۇرۇپ ھاكىمبەگنى تۆرگە تەكلىپ قىلدى. تۆردىكى قوش قەۋەت دۇخاۋا كۆرپىگە كېلىپ ئولتۇرغان ھاكىمبەگ خۇشياقمىغاندەك ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى. ئۆي ئىگىلىرىمۇ تەڭلا كۆتۈرگەن قوللىرىنىڭ ئالقانلىرىنى يېيىپ، مەزەمزاتقا ئەگىشىپ، ئاپەت ئۆرۈلگەن ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى سىيپىدى.

— كۆرە بىلەن قوغۇنچىنىڭ ئارىلىقى ئۇزاق يول. ئات بىلەن كەلگۈچە ھاكىمبەگ جانابلىرى خېلىلا جاپا تارتىپتۇ،

هېرىپ ـ چارچاپتۇ . قاراپ تۇرماي يېنىغا ئىككى مامۇق ياستۇق قويۇپ بەرگىن ! — دېدى ئۇ يېنىدىكى تېخىچىلا خۇشخۇي تەبەسسۇمىنى يىغىۋالمىغان ياش توقلىغا قاراپ ، — يانپاشلاپ يېتىپ ئارام ئالسۇن !

چىرايلىق چوكان خۇددى كەكلىكتەك يورغىلاپ بېرىپ ، بۇلۇڭدىكى يۈكلەرنىڭ ئۈستىدىكى قوش ـ قوش مامۇق ياستۇقلاردىن ئىككىنى ئېلىپ مەزەمزاتنىڭ يېنىغا قويۇپ بەردى .

— يۆلىنىپ ئارام ئالسىلا ، هاكىمبەگ جانابلىرى ! — دېدى چوكان ياستۇقنى قويۇپ بولۇپ ، مەزەمزات ئۈستىگە تېگى شاپتۇل چېچىكى رەڭگىدىكى گۈللۈك تاۋاردىن كەڭ ئېتەكلىك كۆڭلەك كىيگەن ، گۈللۈك ياغلىقنى چېكىلەپ تاڭغان چوكاندىن كۆز ئۈزەلمەي قالدى . ئۇنىڭ قارا كۆزلىرىدىكى جىلۋە ، ئاق يۈزىدىكى تەبەسسۇم هاكىمبەگنىڭ يۈرىكىگە ئوت ياقتى . ئەگەر ئېرى قاراپ تۇرمىغان بولسا ، ئۇ تولكىنى باسقان بۈركۈتتەك ، بۇ گۈزەل چوكاننى قۇچاقلىۋالاتتى . شەهۋانىي نەپسى قوترىغان مەزەمزات تەستە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ، ئېرىنىڭ قېشىغا كېتىۋاتقان چوكاننىڭ تولغان ساغرىسىغا هەسرەت بىلەن تىكىلدى .

— سەن چىقىپ ، — دېدى مېهرىدىن بەگ يېنىغا كەلگەن ئايالىغا قاراپ ، ئۇ خوتۇنىنى هاكىمبەگنىڭ يامان كۆزلىرىدىن تېزرەك چىقىرىۋېتىشنى ئويلاپ قالدى ، — چاي تەييارلىغىن ! ئۇزاق يول بېسىپ كەلگەن هاكىمبەگ جانابلىرى ئۇسساپ قالغاندۇر ؟

— هازىرلا تەييار قىلىمەن ! — دېدى چوكان يەنە مەزەمزاتقا خۇش چىراي تىكىلىپ .

چوكان مەزەمزاتنىڭ كۆزىنىڭ يىغىنى يەپ سارايدىن چىقىپ كەتتى . مېهرىدىن بەگ كۆڭلى ئورنىغا چۈشۈپ ، ئىشىكنىڭ يېنىدىلا ئولتۇردى .

— مېهرىدىن بەگ ، — دېدى يانپاشلاپ ياتقان هاكىمبەگ

ئۆي ئىگىسىگە بېشىنى كۆتۈرمەيلا قاراپ ، — مېنىڭ مۇھاپىزەتچى ۋە مۇلازىملىرىم ئورۇنلاشقاندۇر ؟ ئۇلار قاتتىق چارچاپ كەتتى…

— سىلى بىردەم يېتىپ ئارام ئېلىپ تۇرسىلا ، مەن چىقىپ ھالىدىن خەۋەر ئالاي ! — دېدى مېھرىدىن بەگ ئورنىدىن تۇرۇپ .

— شۇنداق قىلىڭ !…

ساھىبخانا چىقىپ كەتتى . سارايدا مامۇق تەكىيلەرگە يۆلىنىپ يانپاشلاپ ياتقان ھاكىمبەگلا قالدى . ئۇنىڭ كۆزىدە بەدىنى تولغان ، شوخ ۋە ناز - خۇلقلىق چوكان تۇراتتى . «خەپ ، ۋاقتىم تولىمۇ زىچ - دە ، بولمىسا بۇ يەردە بىر - ئىككى كۈن تۇرۇپ بۇ كۆزلەرنىڭ يېغىنى يەيدىغان چوكاننىڭ قەنتىنى چاقاتتىم !» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن مەزەمزات ئاستا خورەك تارتىشقا باشلىدى .

ئارىدىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتۈپ سارايغا كىرگەن مېھرىدىن بەگ مېھمانىنىڭ خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ، سارايىنىڭ ئىشىكىنى يېپىپ تالاغا چىقىپ كەتتى…

*　　　*

گۈللىرى كۆك - ئاق داستىخان سېلىنغان ئۇزۇن شىرەنىڭ تۆر تەرىپىدە بېشىغا قىزىل مانچېستېر دوپپا ، ئۇستىگە تۆش يانچۇقىدىن يانچۇق سائىتىنىڭ زەنجىرى ساڭگىلاپ تۇرغان قارا مۇۋۇت پەشمەت كىيگەن مەزەمزات كېرىلىپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچىۋاتاتتى . شىرە ئۇستىدە دەستىلەنگەن يوغان ئاق نانلار ، ئۇنىڭ چۆرىسىدە ئوشتۇلغان ئاق نان ۋە يۇزى قىزلارنىڭ مەڭزىدەك قىزىرىپ پىشقان توقاچلارنىڭ پارچىلىرى ، ھاكىمبەگنىڭ ئالدىدا ، قەندەللەردە ئاقماي ، ھەسەل ۋە قايماقلار تۇراتتى .

www.uyghurkitap.com

يۇزى كۆرۈنمەيدىغان قايماقلىق ئەتكەنچاي ، چىلانغان ئاق نان بىلەن توقاچنى مەززە قىلىپ يەۋاتقان مەزەمزات ئالدىدىكى ساھىبخانىغا قارىدى .

— مىھرىدىن بەگ ، شەھەر تەرەپتىن ئاڭلىغان خەۋەرلىرىڭ باردۇر ؟ سۆزلىگەچ ئولتۇرمامسەن ؟ — دېدى ھاكىمبەگ نان پارچىسىنى قىسىۋالغان چوكىنىڭ ئۇچىنى ئاغزىغا ئېلىپ بېرىپ…

شىرەنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ، مەزەمزاتنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان مىھرىدىن بەگ ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى ، سېمىز ، قورساق سالغان ، قاشلىرى ئوتتۇرا بارماقتەك كەڭ ۋە قارا ، كۆزلىرى يوغان ، يۇزى دۇگىلەك ئادەم ئىدى . ئۇنىڭ قاپقارا بۇرۇتى كالپۇكلىرى قىلىن ئاغزىنىڭ ئىككى تەرىپىگە چۈشۈپ ، دۇگىلەك ئېڭىكىنى قاپلىغان قارا تەكشى قىرقىلغان ساقىلىغا قوشۇلۇپ كېتەتتى . بېشىغا بىغىررەڭ مانچېستىر دوپپا ، ئۈستىگە قارامتۇلدىن پەشمەت كىيىپ ، بېلىنى قارا پوتىدا باغلىۋالغان بۇ بەگ ، تومۇزنىڭ ئەڭ ئىسسىق كۈنلىرىمۇ بېلىدىكى قارا پوتىنى زادىلا يەشمەيتتى . شۇڭلاشقا يېزىدىكىلەر مىھرىدىن بەگنى «پوتا» دېيىشەتتى . ئۇنىڭ ئولتۇرغان تۇرقىدىن بويىنىڭ ئانچە ئېگىز ئەمەسلىكىمۇ بىلىنەتتى .

— تۈنۈگۈن غۇلجىدىن بىر ئادەم چىقتى . ئۇنىڭ دېيىشىچە ، بىرنەچچە قېتىم باياندايغا ھۇجۇم قىلىنغان بولسىمۇ ، بىزنىڭكىلەر تېخىچە ئۇنى ئالالماپتۇدەك . ھازىر كەڭ كۆلەملىك بىر ھۇجۇمغا تەييارلىنىۋاتقان ئوخشايدۇ . ئابدۇرۇسۇل بەگ ھەرقايسى يېزىلاردىكى بەگلەرگە مەكتۇپ يېزىپتۇ ، جۈملىدىن ماڭىمۇ يازغان مەكتۇپنى كەلگەن ئادەم ئەكەلدى .

مىھرىدىن بەگ ئالدىدىكى ئاپقۇر چىنىنى قولىغا ئېلىپ چېيىدىن بىرقانچە ئوتلىدى . تاقىتى تاق بولغان مەزەمزات ساھىبخانىغا قاپاقلىرى تۈرۈلگەن ھالدا تىكىلدى .

— ئۇ مەكتۇپىدا نېمە دەپتۇ ؟

مىھرىدىن بەگ قولىدىكى ئاپقۇر چىنىنى شىرەگە قويۇپ ، گەپكە ئاغزىنى ئاچتى :

— نىيازلار[1] بولسا دەرھال شەھەرگە ئەۋەتىپ بېرىشىمنى ئېيتىپتۇ . بۇگۈن بىز قوغۇنچىنىڭ نىيازلىرىنى شەھەرگە ئاتلاندۇرماقچى بولۇۋاتاتتۇق .

— قانچىلىك ئادەم ماڭىدۇ ؟

— ئۈزلۈكىدىن كېلىپ ماڭا ئۆزىنى مەلۇم قىلغان ئون بەش ئادەم . ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن يەنە ئۆزىنى مەلۇم قىلىدىغانلار چىقىشى مۇمكىن .

— ياخشى ! — دېدى ھاكىمبەگ تۇيۇقسىز چىرايىنى ئۆزگەرتىپ ، ئازراق ھاياجان يۇگۇرتۇپ ، — بىر يېزىدىن ئون بەشتىن نىيازلار بارسىمۇ ، سەكسەن يېزىدىن[2] بىر مىڭ ئىككى يۈز نىياز بارىدۇ ، دېگەن گەپ . بۇمۇ ئاز سان ئەمەس .

— مېنىڭ ئاڭلىشىمچە ، باياندايي ۋە باشقا جەڭ مەيدانلىرىدا جەڭ قىلىۋاتقان قوزغىلاڭچىلار ئوتتۇز مىڭدىن ئاشارمىش… — دېدى مىھرىدىن بەگ ، مەزەمزاتنىڭ سۆزىگە ئۇلاپ .

گويا دېيىلىدىغان گەپ ـ سۆزلەر تۈگىگەندەك ، مېھمان بىلەن ساھىبخانا ئۈن ـ تىنسىز چاي ئىچىش بىلەن بولۇپ كەتتى . تۇيۇقسىز مىھرىدىن بەگنىڭ يادىغا بىر ئىش كەلگەندەك بۇ جىمجىتلىقنى بۇزدى .

— بۈرۈن ئەمىرنىڭ يېشىل چېدىرى باياندايي سېپىلىغا يېقىنلا ئوچۇقچىلىق يەردە ئىكەندۇق ، يېنىغا دېگۈدەك باياندايدىن ئېتىلغان توپ ئوقلىرى چۈشەتتىكەن . ئالىمادىس بىرەر خەتەرنىڭ

---

① نىيازلار — پىدائىيلار .

② سەكسەن يېزا — بەزى تارىخىي كىتابلاردا ئىلى ۋادىسىدىكى يېزىلارنى سەكسەن ئىككى دەپ كۆرسەتكەن . موللا بىلالنىڭ «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدا «ھەشتاد» (پارسچە سۆز) سەكسەن دېيىلىدۇ .

يۈز بىرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ چېدىرىنى يىراقراق ھەم دالدىراق قىزىل دۆڭگە يۆتكىگەن ئوخشايدۇ .

«ئاھ ، خۇدا ! — دېدى ئىچىدە مەزەمزات ، كۆڭلىدىن ئۆرلىگەن زەھەر ئاق سېرىق چىرايىغا چىقىپ ، — نېمىشقا بىرەر توپ ئوقنى لەنتىنىڭ چېدىرى ئۈستىگە چۈشۈرۈپ ، كۆل قىلىپ كۆيدۈرۈۋەتمىگەنسەن ؟ !··· »

ساھىبخانا ھېلىلا سەل ھاياجان بىلەن كۆرۈنگەن چىرايىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ : «ھاكىمبەگكە نېمە بولدى ، خاتا سۆزلەپ قويمىغاندىمەن ؟ — دەپ ئويلاپ قالدى ، — چىرايى ، — دېدى مېھرىدىن بەگ ئۆيىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — بىردىنلا زەھەر ئىچكەن ئادەمنىڭكىدەك بىر قىسما بولۇپ كەتتىغۇ ؟··· »

سارايغا يېشىل كورىنى كۆتۈرۈپ ، تۈنۈگۈندىكىدىنمۇ چىرايلىق ياسانغان ، تېخى بىر قېتىممۇ سالمىغان گۈللۈك يۈك ياغلىقىنى بېشىغا چېكىلەپ تاڭغان مېھرىدىن بەگنىڭ توقلى قاش ـ قاپىقىنى سۈزۈپ ، ناز ـ كەرەشمە بىلەن كىرىپ كەلدى . ئۇ چاينىڭ ئالدىدا بىر قېتىم كىرىپ ، مەزەمزاتقا سالام قىلغانلىقى ئۈچۈن ، بۇ قېتىم سالام قىلمىدى . مىجەزى يېنىك ، خۇشخۇي ، ئادەتتىمۇ قاش ـ كۆزىنى ئوينىتىپ ، ناز ـ كەرەشمە بىلەن يۈرىدىغان بۇ چوكاننىڭ كۆڭلىدە يامان ئويلار بولمىسىمۇ ، كۆرگەن ئەرلەرنىڭ كۆڭلىدە ھەرخىل شەھۋانىي ھېسسىياتلار ئويغىناتتى .

— ھاكىمبەگ جانابلىرى ! ئۆزلىرىنىڭ ناشتىلىرى ئالاھىدە بولسا كېرەك . بىز سەھرالىقلارنىڭ تېپىۋالغىنىمىز مۇشۇ ئەتكەنچاي ! قېنى ، بىزنىڭ كۆڭلىمىز ئۈچۈن بولسىمۇ ، ئىچسىلە ! — دېدى چوكان ، قولىدىكى كورىنى يەرگە قويۇۋېتىپ . ئۇ گەپ ـ سۆزدە خېلىلا چېچەن بولۇپ ، ئۆزىنى



www.uyghurkitap.com

گەپدان دەپ يۇرگەنلەرنى چېڭىدا قالدۇراتتى . ئۇ يېشىل كورىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ، يۇزىدىكى قايماقلارنى قاپاق چۆمۈچى بىلەن سۈزۈۋېلىپ ، ئېڭىشىپ تۇرۇپ ، ئىككى قوللاپ ھاكىمبەگنىڭ ئاپقۇرىغا ئېلىپ باردى .

«ئىچەلمەيمەن !» دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئازراق ئاچقان بولسىمۇ ، شالاڭ بۇرۇتىنىڭ ئىككى ئۇزۇن ئۇچى ئاغزىنىڭ ئىككى تەرىپىگە چۇشۇپ تۇرغان مەزەمزات سۈزىنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ ، ئاپقۇرنى قولىغا ئالدى . بەلكىم بۇ ئەيش ـ ئىشرەتكە ئامراق ھاكىمبەگ ، شۇنداق بىر نازىنىنىنىڭ قولىنى قايتۇرۇۋېتىشنى گۇناھ دەپ ھېسابلىغان بولۇشى مۇمكىن .

— ئەتكەنچىيىڭىز شۇنداق ئوخشاپتۇ . بەئەينى ئىلىك ! — دېدى ھېجىيىپ ، ئۇڭ قولىنىڭ بىگىز بارمىقى بىلەن بۇرۇتىنى تۇزەپ ، — كۇرەدە ئۇزۇن تۇرۇپ قېلىپ ئەتكەنچاي سېغىنىپ قاپتىكەنمەن ، ئىچسەم ـ ئىچسەم قانمايۋاتىمەن .

قاش ـ قاپىقىنى تۇرۇپ ئولتۇرغان مېھرىدىن بەگنىڭ كۆزلىرىدىن ئاچچىق خىيال چېچىلاتتى . ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرگەن توقلىغا قانات سۆرەۋاتقان ھاكىمبەگكە ئىچى ـ ئىچىدىن غەزىپى ئۆرلەيتتى .

«ھۇي خوتۇن تالاق ! — دېدى ئۇ مەزەمزاتقا قاراپ ئولتۇرۇپ ، — راستىنىلا ئېشەك مىجەز ئادەم ئىكەنسەنغۇ ؟ !··· مېدە كۆرسە ، ھايا ـ نومۇس دېگەنلەرنى ئالا تاغنىڭ كەينىگە چۆرۈۋېتىپ يوگۇرىدىغان ھاڭگىنىڭ ئۆزىلا ئىكەنسەنغۇ ! ؟··· »

چوكان ھاكىمبەگنىڭ چىنىسىگە چاينى قۇيۇپ بولۇپ ، كەينىگە بۇرۇلدى ، ئۇنىڭ كۇلۇپ تۇرغان كۆزلىرى ئېرىنىڭ تۇرۇلگەن قاپىقىنى كۆرۇپ ، كۇلكىدىن توختىدى . ئۇ يېشىل كورىسىنى كۆتۇرگەن پېتى ، كەينىگىمۇ قارىماي سارايدىن چىقىپ كەتتى .

ئۆيگەن مېھمان كەلسە ، مېھرىدىن بەگ بىلەن توقلى دائىم

دېگۈدەك جېدەللىشىپ قالاتتى . مېھمان كەتكەندىن كېيىن ، ئەر ئۆز ئايالىنى : «سەن ئۈنىڭغا قاراپ ھىجايدىڭ ، قاش ـ قاپىقىڭنى ئويناتتىڭ » دەپ ئەيىبلەيتتى . چوكان : «شۇنداق ئۆگىنىپ قالغان تۇرسام ، قانداق قىلىمەن ؟ يە مېنىڭ بىرەر بۇزۇقچىلىقىمنى كۆردىڭىزمۇ ، ئاڭلىدىڭىزمۇ ؟ » دەپ يىغلايتتى . بەلكىم ، توقالنىڭ ئالدىراپ چىقىپ كېتىشى ، ئېرىنىڭ تۇرۇلگەن قاش ـ قاپىقىدىن ، مېھمان كەتكەندە بولىدىغان جېدەلنى كۆرگەنلىكىدىن بولسا كېرەك .

— قېنى ، ھاكىمبەگ جانابلىرى ، چاي ئىچەيلى ! — دېدى مېھرىدىن بەگ توقىلىنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىدىن كۆڭلى ئورنىغا چۈشۈپ .

شۇ چاغدا سارايىنىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكى ئېچىلىپ ، بىر قارا توقلىنى ئېگىشىپ تۇتقان شادىپاچاق مالاي كۆرۈندى .

— بۇ نېمە گەپ ئەمدى ، مېھرىدىن بەگ ؟ مەن كېتىمەن ، ئالدىرايمەن ، غۇلجىغا تېزرەك يېتىپ بارمىسام بولمايدۇ ، مۇھىم ئىشىم بار ! — دېدى مەزەمزات بىر توقلىغا ، بىر مېھرىدىن بەگكە قاراپ .

— خۇدايىم بۇيرۇسا ، مەزەمزات جانابلىرى ، چۈشتىن كېيىن چىرايلىق يولغا سېلىپ قويىمەن . ئۆيىمىزگە بىر كەلدىلە ، يەنە بۇنداق تەقدىر بىزگە نېسىپ بولامدۇ ، بولمامدۇ . بىر ئاللادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ . بىر قوزىمىزنى يېمەي كەتسىلە ، كۆڭلىمىز ئۆلگۈچە ئارمان ۋە ھەسرەتتە قالمامدۇ ؟ ! قېنى ، دۇئا قىلىپ بەرسىلە ! — دېدى ئورنىدىن يېرىم تۇرغان مېھرىدىن بەگ ، مەزەمزاتقا يېلىنغاندەك قاراپ .

— مېنىڭ كۆڭلۈم يۇمشاق ، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىشنى خالىمايمەن . خەير بوپتۇ ! چۈشتىن كېيىن يولغا چىقسام چىقاي ! — ئۇ سۆزىدىن توختاپ ، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى ، — ياراتقان ئىگەم ، دۆلەتلىرىنى

تېخىمۇ زىيادە قىلغاي !...

قارا توقلىنى دۇئاغا ئەكەلگەن شادىپاچاق دۇئادىن كېيىن سويغىلى ئېلىپ ماڭدى. ھاكىمبەگ بىلەن مىھرىدىن بەگ چاي ئىچكەچ پاراڭغا چۈشتى.

* *

مىھرىدىن بەگ بىلەن ئۇنىڭ خۇشخۇش، ناز - كەرەشمىلىك توقلى يوغان ئاق دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ئۇزىتىپ قالدى.

— خوش، ھاكىمبەگ جانابلىرى! — دەپ ۋارقىرايتتى مىھرىدىن بەگ كۆرەڭ قاشقىسىنى ئىتتىك يۈگۈرتۈپ كېتىۋاتقان مەزەمزاتنىڭ كەينىدىن. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان گۈزەل چوكانمۇ توختىماي ئوڭ قولىنى پۇلاڭلىتاتتى...

كۆكۈچ ئاسماندا بىر پارچىمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. دەريا تەرەپتىن كېلىۋاتقان يۇمشاق شامال باھارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پۇرىقىدەك، خىلىلا باغلانغان سۆگەت ۋە تېرەكلەرنىڭ، ئىللىق ئاپتاپنىڭ پۇرىقىنى دىماغلارغا ئۇراتتى. نۇرلۇق قۇياش بىر خىل مېڭىشى بىلەن جەنۇبتىكى دىلمۇك تاغلىرىنىڭ ئۈستىدىن كۈنپېتىشقا قاراپ كېتىۋاتاتتى.

قارا توقلىنىڭ مايلىق گۆشىگە تويۇپ، مايلىق شورپىسىغا قانغان مەزەمزات، چىرايلىق قۇلاقلىرىنى دىك تۇتۇپ، ئىتتىك يورغىلىتىپ كېلىۋاتقان كۆرەڭ قاشقىنىڭ ئۈستىدە غادىيىپ مىختەك ئولتۇراتتى. سۆلەتلىك جانىۋار ئېغىزدۇرۇقىنى چايناپ، يۈگەن سىيرىپ، شۇنداق تېز يورغىلاپ كېتىۋاتاتتىكى، كەينىدىكى مۇھاپىزەتچى ۋە مۇلازىملارنىڭ ئاتلىرى ئۆكرەك تاشلاپ يۈگۈرسىمۇ يېتىشەلمەي خىلىلا ئارقىدا كېلەتتى. ھاكىمبەگ ئەشمە تاسمىسىنى قىزىل تېۋىلغا سېپى بىلەن قوشۇپ تۇتقان قامچىنى قوش تۇمشۇقلۇق ئېگىرىنىڭ ئالدىغا تىرەپ

ئولتۇرۇپ ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بۇلتۇرقى ئوتلىرى قۇرۇپ قالغان داللارغا خىيال بىلەن تىكىلەتتى . ئۇنىڭ بۇ ئولتۇرۇشى ۋە تېخى كۆكەرمىگەن داللارغا تىكىلىشىدىن بۇ كەڭ ، مۇنبەت زېمىننى تاماشا قىلىپ زوقلىنىۋاتقانلىقى زادىلا كۆرۈنمەيتتى . ئۇنىڭ بىپايان دالىغا تىكىلگەن كۆزلىرىدە خۇددى ئۆكۈزدەك يوغان بىر ئادەم تۇراتتى . پېشانىسى تار ، قاشلىرى ئۆسكىلەڭ ۋە قويۇق ، سىڭار كۆزلۈك ، ئىككى مەڭزى تومپىيىپ چىققان ، پېشانە تەرىپى تارراق ، ئېڭەك تەرىپى كەڭ يۈزلۈك ، يۈزىنىڭ ئىككى چېتىنى ۋە بۇرنىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىنى قاپقارا بۇرۇت ۋە ساقال قاپلىغان بۇ ئادەم مەزەمزاتنىڭ كۆزىدىن كەتمەي ، بۇرۇن بولغان بىر ئىشنى يادىغا سالاتتى...

*　　　*

... كۆز ئايلىرى ، ھاكىمبەگ بىرقانچە يېقىنلىرىنى يېنىغا ئېلىپ ، ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچى ۋە مۇلازىملىرىنىڭ ھىمايىسىدە يېزىلىرىنى ئايلىنىپ ، چىغلىقمازارغا كېلىپ قالدى .

ئۆزىنى خوجا ئەۋلادى دەپ تونۇشتۇرغان سىڭار كۆز ئەخمەتخان خوجا يېزا مۆتىۋەرلىرى بىلەن مەزەمزاتنىڭ ئالدىغا ھجىيىپ ، ئېگىلىپ ، قول باغلاپ چىقىپ قىزغىن كۈتۈۋالدى . بۇ تازا بۇغدايلار يىغىلىپ بولۇنغان ، ئالتۇن كۈز باشلانغان ئايلار بولۇپ ، قوزىلار تازا يېتىلگەن مەزگىل ئىدى . بىر كۆزلۈك ئەخمەتخان خوجىنى يىراق ـ يېقىندىكى بىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى «سىڭار كۆز» دەپ ئاتايتتى . بۇ جىسمانىي ئاجىزلىق ئۇنىڭغا لەقەم بولۇپ سىڭىپ قالدى ، ئۆزىمۇ خۇددى چۆچەكلەردىكى بىر كۆزلۈك جادۇگەر ـ يەكچەشمىلەرگە ئوخشايتتى . ئەخمەتخان خوجا ئۆز يېزىسىغا ئىلىنىڭ ھاكىمبېگى مەزەمزاتنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ، «ئوخۇمۇ ، چۇشۇمۇ !...» دەپ تۈگمەس خۇشاللىقتا

چۈمدى . شەھەردىن يىراق بىر يېزىدا ياشاپ كېلىۋاتقان سىڭار كۆز ئابرۇي ـ شۆھرەتنىڭ ، بەخت ـ تەلەيىنىڭ ھۇمايۇن قۇشى بېشىغا قونغاندەك كۆرەڭلەپ كەتتى . ئۇ ھويلىسىنىڭ كەينىدىكى كاتتا بېغىغا گىلەم ، قوش ـ قوش تاۋار ـ دۇردۇن كۆرپىلەرنى سالدۇرۇپ ، ھاكىمبەگ باشلىق مېھمانلارنىڭ قولتۇقىغا قوش ـ قوش مامۇق ياستۇقلارنى قويۇپ كاتتا كۇتۇۋالدى . سېلىنغان داستىخاننىڭ يۈزىنى تىزىلغان مايلىق قاتلىمىلار ، تەخسە ـ تەخسىلەردىكى ئاقماي ، قەندەل ـ قەندەللەردىكى ھەسەل ، قەنت ـ ناۋات ، تاتلىق ئۈزۈم ، كۈزنىڭ مەي بولغان مېۋە ـ چېۋىلىرى قاپلىۋالدى . تىلىنغان قوغۇن ـ تاۋۇزلارنىڭ خۇش پۇرىقى دىماغنى ياراتتى .

پاقلان ـ قوزىلار سويۇلدى . كاۋاپ ، گۆش ، نېرىنلار داستىخاننى بىر ئالدى . يىراق ـ يېقىن يېزىلاردىن چاقىرىپ كېلىنگەن مەشھۇر سازەندىلەر ۋە ناخشىچىلار يوپۇرماقلىرى ئالتۇن رەڭگە كىرىۋاتقان باغ ئىچىنى جاراڭلىتىۋەتتى . تۆردە ، قوش قەۋەت كۆرپىدە ، مامۇق تەكىيىلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان مەزەمزات بۇ قېتىمقى سەپىرىدە بۇگۈنكىدەك كېرىلىپ ـ يېيىلىپ ئولتۇرمىغانىدى . ئۇ ئەخمەتخان سىڭار كۆزدىن تولىمۇ رازى بولۇپ كەتتى...

«راستىنلا بۇ خوجا قولى ئوچۇق ، سېخىي ، ئۇلۇغلارنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدىغان ئاق كۆڭۈل ئادەمدەك كۆرۈنىدۇ !» دەپ ئويلىغان ھاكىمبەگ ، ئۆزىگە ئالاھىدە ياققان ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى يازىدىغان كۆڭۈل دەپتىرىگە يېزىۋالدى .

سىڭار كۆز زىياپەت جەريانىدا پات ـ پات كېلىپ ، ھاكىمبەگنىڭ كەينىنى قول باغلاپ ، ئېگىلىپ ، ھىجىيىپ ئالاھىدە سوراپ تۇردى . كۆڭلى خالايدىغان تائام ، نەغمە ـ ناۋا ياكى باشقا نەرسىلەر بولسا تارتىنماي دېيىشىنى تەلەپ قىلدى . لېكىن ، خوجا ، مەزەمزات بىلەن باشقا ئادەم بولمىغان ، خالىي

شارائىتتا سۆزلىشەلمەيۋاتقانلىقىدىن قاتتىق تىت ـ تىت بولاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ، بۇنداق پۇرسەتنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ، ھاكىمبەگكە تېخىمۇ ياخشى كۆرۈنۈش يولىدا قىلىدىغان سۆز ۋە قىلىقلارنىڭ ھەممىنى قىلاتتى.

چوڭ پانارلار يورۇۋاتقان باغ ئىچىنى مەزەمزاتنىڭ قاپاقتىن تۆكۈلگەن سۇدەك كۈلكىسى ياڭرىتاتتى. پەستە ئولتۇرۇپ ھاكىمبەگدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرغان خوجا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېگىلىپ، قول باغلاپ، ھىجىيىپ ئۇنىڭ يېنىغا يورغىلاپ كەلگەن كەكلىكتەك يېتىپ كېلەتتى. ئۇ ئېڭىشىپ مەزەمزاتقا قاراپ قاپقارا تۈك ئورنىۋالغان ئاغزىنى ئاچاتتى:

— سىلىنىڭ كۈلگەنلىرىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىم ئىچ ـ ئىچىمگە پاتماي قالدى. مەن ئۆزلىرىنىڭ، ھاكىمبەگ جانابلىرى، سادىق قۇللىرى! سىلىنى تازا كۈڭلۈمدىكىدەك كۈتۈۋالالمايۋاتقانلىقىمنى بىلىپ تۇرسامىمۇ، ئامالىم قانچە؟! بىلىدىلا، سەھرا دېگەن بىر قىزىل قىيامەت!...

ئەللىك ياشلارغا كىرگەن بۇ خوجا جىمىكى ھۈنىرىنى ئىشلىتىپ، مەزەمزاتنىڭ يۈرىكىگە چىقمايدىغان بولۇپ كىرىۋېلىشنى ئويلايتتى.

— ئۇنداق دېمىسىلە! — دېدى ھاكىمبەگ سىگار كۆزگە خۇش چىراي تىكىلىپ، — مەن سىلى بىلەن تونۇشقانلىقىمدىن بەكمۇ خۇشال بولدۇم. بىر كۆرۈشكەن تونۇش دېيىلىدۇ. ياق! بىر كۆرۈشۈپلا تونۇش ئەمەس، دوست، تۇغقان بولۇپ كەتكىلىمۇ بولىدۇ. مانا بىز، ئەخمەتخان خوجام، شۇنداق دوست، تۇغقان بولۇپ كەتتۇققۇ!؟ ئىش ـ پىشلىرى بولسا، شەھەرگە كىرىپ، تارتىنماي مېنى ئىزدىسىلە! سىلىگە مەيلى ئۆيۈمنىڭ بولسۇن، مەيلى مەھكىمىنىڭ بولسۇن ئىشىكى ھەمىشە ئوچۇق!...

ھىيلىگەر ۋە كاززاپلارنى ئەقلىسىز دېگىلى بولمايدۇ.

قانچىلىك ھېلىگەر ۋە كاززاپ بولسا، شۇنچىلىق ئەقىللىق بولىدۇ. ئەخمەتخان خوجا مەككارلىق ۋە كاززاپلىقتا ئىبلىسقا دەرس بېرەلەيدىغانلاردىن ھېسابلىناتتى. ئۇ مەزەمزاتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى. ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەرقانداق ئىپلاسلىقنى قىلىشتىن يانمايدىغان بۇ مۇناپىق ئاغزىنى ھاكىمبەگنىڭ قۇلىقىغا ئەكەلدى.

— بۇگۈن كېچە ... بىرەر نازىنىن كۆڭۈللىرىنى ئاچسا ... نېمە دەيلىكىن؟...

مەزەمزات چىرايلىق چوكانلارنى كۆرسە تۇرالماي قالاتتى. كۆرەدە بىرنەچچە ئاي ئايال زاتىنى كۆرمىگەن بۇ بۇقىنىڭ ئەخمەتخان خوجىنىڭ سۆزىگە ياق دېيىشى مۇمكىنمۇ؟! ئۇ «نازىنىن» سۆزىنى ئاڭلاپلا خۇددى چىۋىن چاققان ئاتتەك بېشىنى لىڭشىتىپ ھجايدى... سىڭار كۆز كەتتى. بىردىنلا ھاكىمبەگ زىياپەتتىنمۇ، ناخشا ـ سازلاردىنمۇ زېرىكتى. ئۇنىڭ كۆزىگە بەدەنلىرى ئاپئاق بىر نازىنىن كېلىپ شەھۋانىي نەپسىنى غىدىقلىغىلى تۇردى. مەزەمزات ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا قانچىلىك ئۇرۇنسىمۇ، مىدە كۆرۈپ قالغان ھاڭگىدەك پېتىرلاپ ئولتۇرالماي قالدى.

— ئەخمەتخان خوجام نەدە؟ قىچقىرىڭلار، دەيدىغان گېپىم بار! — دېدى ئاخىرى چىدىيالماي قالغان مەزەمزات مۇلازىملاردىن بىرىنى قىچقىرىپ.

يۇگۈرۈپ دېگۈدەك ماڭغان مۇلازىم سىڭار كۆزنى خېلىغىچە تاپالمىدى. ئۇ كىچىك توقىلىنى كۆندۈرۈپ، ئۇنىڭ ھۇجرىسىدىن چىققاندىلا، مۇلازىم يىگىت ئۇنى تەستە تاپتى. خوجا ئۆزىنى مەزەمزاتنىڭ قىچقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ باغقا قاراپ ئۇچتى. ئۇ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدىگەن پېتى ھاكىمبەگنىڭ يېنىغا كېلىپ، قول باغلاپ، ئېگىلىپ، ھىجىيىپ «نېمە گەپ؟» دېگەندەك تىكىلدى.

www.uyghurkitap.com

— زىياپەتنى يىغىشتۇرساقمىكىن ! ئۇزۇن يول يۈرۈپ ھېرىپ قاپتىمەن . يېتىپ ئارام ئالاي ، خوجام ! — دېدى مەزەمزات ئۆزىگە ئېغىشىپ قاراپ تۇرغان بۇ ساقاللىققا قاراپ . ئۇنىڭ ئۆزىگە تىكىلگەن يوغان ۋە قوڭۇر كۆزلىرىدىن شەھۋانىي كۆڭلىنىڭ ئۇچقۇنلىرى ئۇچۇپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سىڭار كۆز ، ھاكىمبەگ سۆزىنىڭ تېگىدىكى مۇددىئانى بىلىپ ، بىلىنەر - بىلىنمەس ھىجايدى .

— ئېسىم قۇرۇسۇن ! سىلىنىڭ ئۇزاق يول يۈرۈپ كەلگەنلىرىنى نېمىشقا ئويلىمىغاندىمەن . راست ، تولىمۇ ھېرىپ كەتتىلە ! دەم ئالمىسىلا زادى بولمايدۇ ، — دېدى ئەخمەتخان خوجا ، تۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقان ھاكىمبەگنى قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇپ .

سىڭار كۆز ئولتۇرغانلارغا بىر ئېغىز گەپ قىلماي ، مەزەمزاتنى قولتۇقىدىن تۇتۇپ ئېلىپ ماڭدى . باغدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ ئەخمەتخان خوجا كۈتكەن پۇرسەتنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدى . ئەمدى ئۇ ئۆز كۆڭلىنى ھاكىمبەگكە خالىغانچە دەۋالسا بولاتتى . كەينىدىن كېلىۋاتقان مەزەمزاتنىڭ مۇھاپىزەتچىسىنى شەرەت بىلەن قايتۇرۇۋەتكەن ئەخمەتخان خوجا ھويلىغا چىقىپ ئاغزىنى ئاچتى :

— بايا دېگەن سۆزلىرى ، ھاكىمبەگ جانابلىرى ، مېنىڭ كۆڭلۈمگە يېزىلدى ، — دەپ باشلىدى سۆزىنى سىڭار كۆز مەزەمزاتنى يۆلەپ كېتىۋېتىپ ، — ئەمدى مەن ئۆزلىرىنىڭ قولىدىكى قارچىغا ، قاياققا قويۇپ بەرسىلە شۇ ياققا ئۇچىدىغان ! سىلى ئۈچۈن بۇ جېنىم پىدا ! — خوجىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى يىغا پۇراپ چىقتى .

ھەرقانداق كەلگەن پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيدىغان خوجا ، ئۇزاقتىن بېرى ئارزۇلاپ كەلگەن كۈننىڭ بۈگۈن كەلگەنلىكىنى بىلدى . بۇ قىممەتلىك پۇرسەتنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويۇش

ئەخمەتخان خوجا ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بەختسىزلىك بولاتتى .

— بولدى ، مېنىڭ سۆزۈمگە ئىشەنسىلە ! سىلى ئەمدى ، ئەخمەتخان خوجام ، مېنىڭ ئەڭ يېقىن ، ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىمدىن بولۇپ قالدىلا !...

شۇنداق ! ھاياتتا مەزەمزات بىلەن ئەخمەتخاندەك ئادەملەر بىر كۆرۈشۈپلا ئاپاق - چاپاق دوستلاردىن بولۇپ كېتىدىغانلىقى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس . چۈنكى ھەممە نەرسىلەر خىلى ۋە تۈرىگە قاراپ بىر - بىرى بىلەن بىرلىشىدۇ . ئۇي - پىكرى ، مىجەز - خۇلقى بىر خىل ئادەملەر بىر كۆرۈشۈپلا ئەڭ يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالىدۇ . . .

مەزەمزاتنى خالاغا ئېلىپ بېرىپ ئاندىن كىچىك توقىلىنىڭ ئۆيىگە كىرگۈزۈپ قايتقان سىڭار كۆز كۆڭلى تىنغاندەك باغقا چىقتى . باغدا تېخى زىياپەت ۋە نەغمە - ناۋا قىزىۋاتاتتى...

كۈرەڭ قاشقىنىڭ ئۈستىدە بىر يانغا سەل قىيسىيىپ ئولتۇرغان ھاكىمبەگ ئوزاقى يىلى كۈزدە چىغلىقمازارغا كېلىپ ، ئەخمەتخان خوجا بىلەن بولغان ئۇچرىشىشنى ئەنە شۇنداق ئەسلەپ ئۆتتى . تازا قىيىن كۈنلەردە قالغان مەزەمزاتقا ئەخمەتخان خوجا تازا ھاجەت ئەمەسمۇ ؟ ! ئۆزىنى «مەن سىلىنىڭ قارچىغىلىرى ، جېنىمنى سىلىگە پىدا قىلىدىغان مالايلىرى» دېگەن سىڭار كۆز شۇ كۈنلەردە تولىمۇ زۆرۈر ئەمەسمۇ ؟ ! ئىلى دەرياسىدىن ئۆتسىلا ، ئەخمەتخان خوجىنىڭ يۇرتى چىغلىقمازارغا بارىدۇ . بۈگۈن ئۇ ، بۇ يەردە بىر كېچە قونماي ، ئەخمەتخان خوجىغا كۆڭلىدىكىلەرنى ئېيتماي قانداق كېتىدۇ ؟ !

«ياق ! بۇ قارچىغىنى قولۇمغا قوندۇرىدىغان ۋاقىت كەلدى . جېنىنى ماڭا پىدا قىلىدىغان سادىق مالايىنى بۈگۈن ئىشقا سالمىسام قاچان سالىمەن ؟ !... » دېدى ئۇ ئۈنلۈك سۆزلەپ...

كەچ كىرىپ قالدى ، كۈنپېتىش ئۇپۇققا يانپاشلىغان

قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى چاقناۋاتقان ئىلى دەرياسى كۆرۈندى . دەريا تەرەپتىن كېلىۋاتقان گۇر ـ گۇر شامال كۇرەڭ ئاتنىڭ تىنىك تــۇرغان قومۇش قۇلاقلىرى يېنىدىن ئاۋاز چىقىرىپ ئۆتەتتى . مــەزەمــزات ئــۆتــۈكــىنىڭ پاشىنىسى بىلەن ئېتىنىڭ بىقىنىنى بىقىنداپ ، ئۇنىڭ مېڭىشىنى تېزلەتتى . ئادەم ، ئات ـ ئۇلاغ ، هارۋىلار بېسىلغان كېمە دەريانىڭ ئۇ قېتىدىن بۇ قېشىغا قاراپ ئۈزۈپ كېلەتتى . بۇ يەر قارايەر دەپ ئاتىلاتتى . هاكىمبەگ ۋە ئۇنىڭ مۇهاپىزەتچى ۋە مۇلازىملىرى كېمە بۇ قاتقا يېتىپ كېلىشى بىلەن كېمە توختايدىغان يەرگە كېلىپ ئاتلىرىدىن چۈشتى…

*　　　*

ئۈستى تۆت بۇرجەكلەنگەن بەش لىم ۋە سىلىق رەندىلەنگەن پەن بىلەن بېسىلغان يوغان ساراي ، ئىچ پەردە ، ئىككى تەرىپىگە يىغىپ قويغىلى بولىدىغان ئىككى بۆلەكلىك ، ئاستىغا ئاق تور تۇتۇلغان تاش پەردە تارتىلغان ئۈچ دېرىزە كۈنگەيگە قارايتتى . شــىمالىي تەرەپتىكى تامغا تېگى يېشىل ، قاچا گۈللۈك خوتەن گىلەمى تارتىلىپ ، گىلەم ئېسىلغان مىخلارغا گۈللۈك پەتنۇسلار ئــېســــقىلىق تۇراتتى . كۈنپېتىش تەرىپىدىكى تامنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىككى تۆگە ساندۇق قويۇلۇپ ، ئۈستىگە دۇخاۋا ، تاۋار ئورۇن ـ كۆرپىلەر ، قىرلاپ قويۇلغان گۇل كەشتىلەنگەن ماموق يــاســتۇقلار تىزىلغانىدى . يۈزى سىرلىق مىس تالالىرى بىلەن چــىــرايــلىق گۈللەنگەن ئىككى تۆگە ساندۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ، ئۈستى ئىككى تارتمىلىق ، ئاستى ئىككى قاپقاقلىق شىرە ئۆزىنىڭ گۇل ـ نەقىشلىرى ۋە چىرايلىق ياسالغانلىقى بىلەن كۆزلەرنى ئۆزىگە تارتاتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە رەت ـ رەت قويۇلغان يوغان سىرلىق ساماۋار ، دەستىلەنگەن جانان تاۋاق ، تەخسە ، خونچىلار ، ئاپقۇر ۋە سىركايىلەر خۇددى بىر كۆرگەزمىدەك كۆرۈنەتتى .

قوش قاناتلىق كۆك ئىشىك سارايىنىڭ شەرقىي تېمىدا بولۇپ ، بىر تەرىپىدە ئاق پەردە تارتىلغان كىيىم ئاسقۇچ ، يەنە بىر تەرىپىدە يوغان مىخ قوزۇقتا ئېسىلغان ئاستى چۆچىلىق ئاق لۆڭگە تۇراتتى . ساراي يېزا بايلىرىنىڭ ياسىداق سارايلىرىغا ئۆلگە بولالايتتى .

ئۆي ئىچىگە تولدۇرۇپ سېلىنغان تېكىمەت كىگىزلەرنىڭ تۆر تەرىپىگە يەنە قوشلاپ ئىران نۇسخىلىق چوڭ گىلەم سېلىنغانىدى . گىلەم تارتىلغان تامغا تاقاپ قويۇلغان قوش ـ قوش مامۇق ياستۇقلارغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ھاكىمبەگ توختىماي كېكىرىپ ، ئۆزى دۇئا قىلغان توقلىنىڭ گۆشىنى سىڭدۈرۈشكە تىرىشاتتى . تاماقتىن كېيىن گۈللۈك ئاق داستىخان ئالماشتۇرۇلۇپ سېلىنغان تۆت پۇتلۇق جوزىنىڭ ئۈستىدىكى مايلىق توقاچلار ، قۇرۇق يەل ـ يېمىشلەر ، قەنت ـ گېزەكلەرگە قول تەگكۈزمەي تۆر تەرەپتە ئولتۇرغان ھاكىمبەگ بىلەن جوزىنىڭ بۇ تەرىپىدە ، مېھماننىڭ قارشىسىدا ئولتۇرغان ئەخمەتخان خوجا ئۆزئارا پاراغلىشىپ قىنىق دەملەنگەن سىنچاينى ھوزۇرلىنىپ ئىچىشەتتى .

مەزەمزات خوجىدىن كوچىلاپ قوزغىلاڭنىڭ ئەھۋالىنى سورايتتى . سىڭار كۆز شىرەگە بىر يېنى بىلەن يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ، ئارائۆستەڭ بولاقبېشى مەھەللىسىدىكى شەمشىدىن خەلپەم بىلەن ياماتۇغا چېرىك باشلاپ بېرىپ ، ۋۇ دارىن ، ساغلادا ي ۋە ئۇلارنىڭ چېرىكلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ، تورغۇتتىن ئەكەلگەن بىر مىڭ ئىككى يۈز ئېتىنى ئولجا ئالغانلىقىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىنىپ سۆزلەيتتى . ئۇنىڭ بۇ ۋەقەنى ھاكىمبەگكە سۆزلەپ بېرىشىدە : بىرى ، مەن ئاپىكىزنىڭ ئىنىسى شەمشىدىن خەلپەم بىلەن يېقىن ، دېگەن ؛ يەنە بىرى ، ئۆزىنىڭ قولىدىن چوڭ ـ چوڭ ئىشلار كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش غەرىزى بار ئىدى .

مەزەمزات خالزات ھاكىمبەگنىڭ ئوغلى . خالزاتخان ھاكىمبەگ ئىلىدا سوپى - ئىشانلىقنى يولغا قويغان ئارائۆستەڭ بۇلاقبېشىلىق خۇداقۇلى خەلپەمنىڭ قىزىنى ئالغان . شەمشىدىن خەلپەم بولسا ، خۇداقۇلى خەلپەمنىڭ ئوغلى ، خالزاتخان ئايالىنىڭ ئىنىسى ، شۇنداق بولغاندا ، شەمشىدىن خەلپەم مەزەمزات ئانىسىنىڭ ئىنىسى ياكى مەزەمزاتنىڭ كىچىك دادىسى بولىدۇ .

— ئەگەر ، — دېدى سىڭار كۆز ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ، بېشىنى ھاكىمبەگ تەرەپكە سوزۇپ ، — ۋۇ دارىن بىلەن ساغلاداي تورغۇتتىن ئالغان بىرمىڭ ئىككى يۈز ئاتنى كۈرەگە ساق - سالامەت يەتكۈزۈۋالسا ، بىرمىڭ ئىككى يۈز پىيادە چېرىكى ئاتلىق بولاتتى . ئابدۇرۇسۇل بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ، شەمشىدىن خەلپەم بىلەن ماڭا مەكتۇپ ئەۋەتىپتۇ . ئۇ مەكتۇپىدا : «ئىككىڭلار دەرھال چېرىك باشلاپ ياماتۇغا بېرىپ ۋۇ دارىن ، ساغلاداي ۋە ئۇلارنىڭ چېرىكلىرىنى يوقىتىپ ، بىرمىڭ ئىككى يۈز ئاتنى قولغا چۈشۈرۈڭلار !» دەپتۇ . كىچىك دادىمىز بىلەن ئىككىمىز دەرھال چېرىكلىرىمىزنى باشلاپ ياماتۇغا كەلدۇق . كېچىسى ئۇلارنىڭ ياتقان يېرىگە ھۇجۇم قىلىپ ، ۋۇ دارىن ، ساغلاداي ۋە ئۇلارنىڭ چېرىكلىرىنى ئۆلتۈردۇق . بىرمىڭ ئىككى يۈز ئاتنى ساق - سالامەت قولغا چۈشۈردۇق .

ئەخمەتخان سۆزىدىن توختاپ ، قوش - قوش ماموق تەكىيىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان ھاكىمبەگكە قارىدى . ئۇ مەزەمزاتنىڭ ئۆزىگە تىكىلگەن يوغان ۋە قوڭۇر كۆزلىرىدىن : «سىلى نېمىشقا مەن ئىنتىزار بولۇۋاتقان ئەھۋاللارنى سۆزلىمەيدىلا !» دېگەن مەنىنى كۆردى . شۇنداق بولسىمۇ ، ئۇ باشلىغان سۆزىنى ئاياغلاشتۇرۇشنى لايىق كۆرۈپ ، داۋامىنى سۆزلەشكە ئېغىز ئاچتى :

— بىز ھەرەمباغقا كېلىپ چۈشتۇق . ئابدۇرۇسۇل ئۆرلاڭ

هاكىمبەگ بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزنى ئاڭلاپ ، بىر توپ يېقىنلىرى بىلەن كېلىپ بىز بىلەن كۆرۈشتى . ئۇ بىزنى چوڭ بوۋىلىرى مۇسا گوڭ ياساتقان ئوردىغا تەكلىپ قىلدى . چورۇقنىڭ ئوغلى ئوردىدا بىزگە كاتتا زىياپەت بېرىپ تارتۇقلىدى ، — خوجا يەنە سۆزىدىن توختاپ مەزەمزاتنىڭ چىرايىغا قارىدى . ئۇنىڭ چەكچەيگەن يەكچەشمە كۆزى : «بۇ دېگەنلىرىم سىلىنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى تەشنالىقنى قاندۇرالمىدى . بۇنى مېنىڭ بىلگۈچىلىكىم بار . سىلى ئورۇنلىرىنى ئىگىلىۋالغان ئابدۇرۇسۇلغا قىزىقىدىلىغۇ ؟ ! ئەمدى ئۆزلىرىگە سىلى قىزىقىدىغان گەپنى قىلىپ بېرىمەن» دەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى .

ئەخمەتخان خوجا سىنچى ئادەم ئىدى . ئۇ كىشىلەرنىڭ رەڭگىرويى ، روھىي ھالىتىنى كۆزىتىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋېلىشقا تىرىشاتتى ، كۆپ ھاللاردا بۇ مەككارنىڭ «بىلىۋالغانلىرى» توغرا چىقاتتى . شۇ تاپتا ئۇ ، ئۆز ئورنىنى ئىگىلەپ ئىلى بەگلىك ئوردىسىغا ھاكىمبەگ بولۇۋاتقان ، بۈگۈنكى كۈندە ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ خەلقنىڭ ئىشەنچ ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشىۋاتقان ئابدۇرۇسۇلنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشكە مەزەمزاتنىڭ شۇنچىلىك ئىنتىزار ئىكەنلىكىنى توغرا مۆلچەرلىدى . ئۆزى بىلەن پاراڭ قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ نېمىگە قىزىقىدىغان ، نېمىگە ئىنتىزار ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئادەم ، سۆھبەتدىشىنىڭ قىزىقىدىغىنىنى ، ئىنتىزار نېمىسىنى بىلسە ، ئۇلارنى دەپ بېرىپ ، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان . سىڭار كۆزىدىن قۇۋلۇق ـ شۇملۇق يېغىپ تۇرىدىغان ھىيلىگەر ئەخمەتخان شەمشىدىن خەلپەم بىلەن يېقىنلىقىنى ، ياماتۇدا كۆرسەتكەن تۆھپىسىنى دەپ ئۆزىنىڭ قولىدىن چوڭ ئىشلار كېلىدىغانلىقىنى دەۋالغاندىن كېيىن ، گەپنى مەزەمزات ئىنتىزار بولۇۋاتقان ئابدۇرۇسۇل بەگكە يۆتكىدى .

— نېمىشقىدۇر ، ھاكىمبەگ جانابلىرى ، — دەپ سۆزىنى باشلىدى خوجا ، يۈزىگە ھەيرانلىق رېڭىنى بېرىپ ، — ئاشۇ ئابدۇرۇسۇل دېگەن بىرنېمە مېنىڭ كۆزۈمگە زادىلا سىغمىدى . ئۇنىڭدىن ماڭا سىلىدەك ئۇلۇغلارنىڭ ئەمەس ، گادايلارنىڭ پۇرىقى كېلىۋاتقاندەك بىلىندى . ئۇ سىلىنىڭ ئاتا مىراس ئورۇنلىرىنى ئىگىلىۋېلىپ ، ئاسمان بۆكۈم ، زېمىن كەشىم ، دەپ يۈرگەندەك قىلىدۇ . ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇق ھەيۋىسىنى سۆزلىمەيلا قوياي ! شەمشىدىن خەلپەمگە ئاز ـ تولا قارىغان بولسىمۇ ، ماڭا قاراپمۇ قويمىدى . مەن ئاشۇ كۆرۈشۈشتىن بۇ ئادەمنىڭ بىزگە نىسبەتەن خەتەرلىك ئادەملىكىنى پەملىدىم . مېنىڭ كۆزۈم باشقىلارنىڭكىدەك ئىككى بولمىسىمۇ ، لېكىن ئۇ ئىككى كۆزى بارلار كۆرەلمىگەنلەرنى كۆرەلەيدۇ ! — سىڭار كۆز سۆزىدىن توختاپ ئۆز سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتقان مەزەمزاتقا بىر قارىۋالدى . ئۇ ئالدىدا ئولتۇرغان ئادەمنىڭ تەقدىرى ئۆز تەقدىرى بىلەن باغلانغانلىقىنى كۆردى ، — سىلى بىلەن سىرداشلاردىن ، تەقدىرداشلاردىن بولۇپ قالدىم . كۆڭلۈمگە كەلگەننى سىلىگە ئوچۇق دەۋېرەي ! — خوجا ئۆز سۆزىنى دىرىزىنىڭ سىرتىدىن تىڭشاۋاتقان ياكى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ئۆچىنچى بىر ئادەم باردەك ئورنىدىن كۆتۈرۈلۈپ ، بويىنىنى سوزۇپ ، ئاۋازىنى پەسرەك چىقىرىپ سۆزلەشكە باشلىدى ، — مەن بۇ چورۇقنىڭ ئوغلىنى ئەتە بېشىمىزغا بالا بولىدۇ ، دەپ بىلىمەن . ماڭا ئىشەنسىلە ، مېنىڭ دېگەنلىرىم ، كۆپ چاغلاردا ، ھاكىمبەگ جانابلىرى ، خاتا چىقمايدۇ . بۇ بەتبەختنى— ··· ئۇنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ پەسىيىپ كەتتى . مەزەمزات ئاڭلىماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئالدىغا — شىرەنىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ كەلدى . ھاكىمبەگنىڭ بېشى بىلەن خوجىنىڭ بېشى بىر ـ بىرىگە تەگكۈدەك يېقىن تۇراتتى ، — پۇرسەت تېپىپ ۋاقتىدا كۆزىمىزدىن يوقاتمىساق ، قاراپ تۇرسىلا ، ئۇ بىزنى

يوقىتىۋېتىدۇ !...
مەزەمزاتىنىڭ يوغان ، قوڭۇر كۆزلىرى پارقىراپ ، چىرايى جىددىيلەشتى . باشقىلاردىن ئۆز كۆڭلىدىكى گەپنى ئاڭلىغان ئادەم مانا شۇنداق ھالەتكە كېلىدۇ . بىرقانچە كۈننىڭ ئالدىدا چاڭ چىلىڭ دېگەن گەپنى ، ئەمدى ئەخمەتخان خوجىدىن ئاڭلاپ ، ھاكىمبەگ ئالدىدىكى ئادەمنى ئۆزىگە ياردەمگە خۇدا ئەۋەتكەندەك خۇشال بولدى . ئۇ شىرەنىڭ ئۈستىگە ئىككى قولىنى قويۇپ ، بېشىنى كۆتۈرۈپ تىك ئولتۇرۇپ ، ئۆزىگە سىنچى كۆزلىرى بىلەن قاراپ تۇرغان خوجىغا تىكىلدى .
— سىلى ، خوجام ، موللا تاپقاق ئوخشايدىلا ! مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى تېپىۋالدىلا ! مەن ماڭا شاغىبەگ بولغان چاغلاردىلا ، ئابدۇرۇسۇلنىڭ ماڭا سادىق ئادەم ئەمەسلىكىنى بىلگەنىدىم . جاڭجۈن جانابلىرىمۇ بۇ ئادەمنىڭ دۇرۇس ئادەم ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ ، ئالدى بىلەن ئۇنى يوقىتىشىمنى بۇيرۇدى ، — ئۇ بىر تىنىۋېلىپ ، يەنە ھاياجان بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — راست ، بۇ ئادەمنى يوقاتماي بولمايدۇ ! ئۇ بىر كۈن ھايات بولسا ، بىزگە بىر كۈن خەتەر بولىدۇ ! ئۇ بەتبەختنى توغرا تونۇپتىلا ! سىلىگە ئاپىرىن ! سىلىگە قول قويدۇم !...
— مېنى ئاشۇرۇپ ماختىۋەتتىلە ! ئاشۇرۇپ ماختىۋەتتىلە ! مەن تېخى بۇنداق ماختاشلارغا سازاۋەر بولغۇدەك ئىش قىلمىدىم . خۇدا بۇيرۇسا ، شۇنداق ئىشلارنى قىلغۇم بار ! مانا ، شۇ چاغدا ، ھاكىمبەگ جانابلىرى ، ھازىر دېگەنلىرىنى دەپ مېنى ماختىسىلا بولىدۇ ! — ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ ، يەنە ئېغىزىنى ئاچتى . ئۇنىڭ سىڭار كۆزلىرى شۇنچىلىك يوغىناپ كەتتىكى ، قاپقارا قۇيۇن چېچىلاتتى ، — قاراپ تۇرسىلا ، ئابدۇرۇسۇلنىڭ قاتىلى مانا ، مەن ئۆزۈم بولىمەن !...
مەزەمزات ئابدۇرۇسۇلنى يوقىتىدىغان ئادەمنى تاپقانلىقىدىن

خۇشال بولۇپ ، نېمىدەپ ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى يوغىناپ ، چىرايى ھاياجان بىلەن يالقۇنلىنىشىپ ، ئاغزىمۇ كالچاراپ كەتتى .

— سىلى مەن بىلەن بىللە غۇلجىغا بارسىلا ! — دېدى مەزەمزات ئوڭ قولىنىڭ بىگىز بارمىقى بىلەن شالاڭ ، ئاغزىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ساڭگىلاپ چۈشكەن بۇرۇتىنىڭ ئوڭ تەرەپ ئۇچىنى تۈزەشتۈرۈپ ، ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن گويا ئابدۇرۇسۇل بەگنى ئۆلتۈرۈپ مۇرادىغا يەتكەن تەكەببۇرلۇقى بىلەن خۇشاللىقى كۆرۈنەتتى ، — بۇنىڭدىن كېيىن ، خوجام ، مېنىڭ ئەتىۋارلىق ئادىمىم سۈپىتىدە ، مېنىڭ بىلەن بىللە بولسىلا !...

نەق شۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغان ئەخمەتخان خوجا تېخىمۇ ئىچ - ئىچىدىن شادلىنىپ ، قاپقارا تۈكلەر ئارىسىدىكى ئاغزىنى ئاچتى .

— تېخىچە باياندايىنى ئالالمىغانلىقىدىن ئىچىم پۇشۇپ ، ئۆزۈممۇ ئەتە - ئۆگۈن چېرىكلىرىم بىلەن غۇلجىغا باراي دەپ تۇراتتىم . سىلى بىلەن بىللە بارسام باراي ! سىلىنىڭ مەدەت بېرىپ ، ئەقىل كۆرسىتىشلىرى بىلەن باياندايىنى ئالسام ئەجەب ئەمەس ! — سىڭار كۆز : «مانا مەن قانداق ؟ !» دېگەندەك بىر مەنە بىلەن ھاكىمبەگكە چەكچىيىپ تىكىلدى .

— بايا سىلى بىر گەپنى قىلىشىدىلە : ئابدۇرۇسۇلنىڭ قاتىلى مانا ، مەن ئۆزۈم بولىمەن ! دەپ . مەن بىرىنچى قەدەمدىلا ئابدۇرۇسۇلنىڭ جېنىنى ئېلىشنى مۇۋاپىق بولماسمىكىن ، دەپ ئويلاۋاتىمەن . ئۆزلىرى : ئابدۇرۇسۇل ئەل - يۇرتنىڭ ئىناۋىتىگە ئىگە بولۇۋېلىپ ، كۆرەڭلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى دېگەنىدىلە ! — دېدى ھاكىمبەگ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ، خىيال بىلەن خوجىغا تىكىلىپ .

— شۇنداق دېدىم ، — دېدى خوجىمۇ ھاكىمبەگكە بىر ئاز جىددىي ھالەتتە قاراپ . ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا مەزەمزاتنىڭ نېمە

دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى تېخى بىلەلمىگەن ھاڭ ـ تاڭلىقىمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

— بۇنداق ئەھۋالدا ، ئابدۇرۇسۇلنى ئۆلتۈرۈۋەتسەك خەلق گۇمانلىنىپ قالىدۇ . ئالدى بىلەن ، مېنىڭچە ، ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىنى يوقىتىپ يۈرىكىگە پۈتمەس ـ تۈگىمەس قايغۇ ـ ھەسرەت سالايلى . ئاندىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ، كېلىشتۈرۈپ ، خەلق گۇمانلانمايدىغان قىلىپ ئابدۇرۇسۇلنى جايلىۋەتسەك بولىدۇ ! — دېدى ھاكىمبەگ ، يۈزىدىكى ھاڭ ـ تاڭلىقى يوقىغان خوجىغا يەنە شۇ مەنمەنلىكى بىلەن كۆز تىكىپ .

— ئىنتايىن توغرا دېدىلە ! — دېدى مەزەمزاتنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن سىڭار كۆز ، قويۇق ، قاپقارا ساقىلىنى سىيپاپ ، — ئەمىسە ، ئالدى بىلەن ئەخمەت خەزىنىچىنى جايلىۋېتەيلى ! ھازىر شەھەر ئىچىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە قېيىناتىسى مەسئۇل بولۇۋېتىپتۇ . ئابدۇرۇسۇلنىڭ باش مەسلىھەتچىسى دەل ئەخمەت خەزىنىچى ! بىز ئۇنى بىر باھانە ـ سەۋەب تېپىپ جايلىۋەتسەك ، ئابدۇرۇسۇل تۈگىشىدۇ !...

— ياخشى ! — دېدى مەزەمزات كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ، — مانا بىز ، خۇدا بۇيرۇسا ، بىرىنچى بولۇپ پىچاقنى ئەخمەت خەزىنىچى بەگنىڭ يۈرىكىگە سالىمىز ! بۇ ئىشنى ، خوجام ، پۈرسىتىنى تېپىپ ئۆزلىرى ئورۇندايدىلا !...

— خوپ ! — دېدى سىڭار كۆز ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ يەكچەشمە كۆزى يېنىۋاتقان ئېسىقلىق چىراغقىلا ئوخشايتتى .

قىلىنىدىغان پاراڭ تۈگەپ ، بۈگۈن بىر كۈندە ئىككى پاقلاننىڭ گۆشىنى يەپ شورپىسىنى ئىچكەن ھاكىمبەگنىڭ كۆزىگە ئوزاقى يىلقى چوكان كېلىپ ، شەھۋانىي نەپسىنىڭ ئالا قۇرتلىرى لۆمۈلدىگىلى تۇردى . قانداق ئېغىز ئېچىشنى بىلەلمەي قىينىلىۋاتقان مەزەمزات گاھ تاتىرىپ ، گاھ قىزىرىپ خوجىغا

www.uyghurkitap.com

توختىماي قارايتتى . ئەخمەتخان بىر قاراپلا ئۆز مېھمىنىنىڭ بىرنېمە دېيەلمەي قىينىلىۋاتقانلىقىنى سەزدى .

— ھاكىمبەگ جانابلىرى ، نېمە بولدىلا ! يەنە ماڭا دەيدىغان گەپ ـ سۆزلىرى بارمىدى ؟ — دېدى سىڭار كۆز ھەيران بولغان ھالدا مەزەمزاتقا قاراپ .

— شۇنداق ! ··· شۇنداق ! ··· قارىسىلا ئەمدى ··· كۆرەدە ئۇزۇن تۇرۇپ قالدىم··· ئايال زاتىنى كۆرمىدىم ، ··· يادىمغا ··· ھېلىقى ··· ھېلىقى ··· چوكان ··· — ئۇ دۇدۇقلاپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋېتىپ ، بېشىنى تۆۋەن سالدى .

— ھە ··· ھە ··· بىلدىم ··· بىلدىم ، — دېدى خوجىمۇ بىر سۆزنى تەكرارلاپ ، دۇدۇقلاپ ، — بىراق ئۇ چوكان بەندىچىلىك قىلىپ خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتتى ، — ئۇ بىر ئاز ئويلانغاندەك تۇرۇۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — ئېسىم قۇرۇسۇن ! سىلى كەلگەندىلا بۇ ئىشنى نېمىشقا ئويلىمىغاندىمەن ؟ يېزىدىن بىرەر چىرايلىق چوكاننى تېپىپ قويمايتتىممۇ ؟ ھازىر يېرىم كېچە بولۇپ قالدى . بىرەرنى تېپىپ كەلگۈچە تاڭمۇ ئاتىدۇ . قانداق قىلساق بولىدىكىن ؟ — دېدى ئەخمەتخان قىيىن ئەھۋالدا قالغاندەك ئىنجىقلاپ···

— بولدى ! — دېدى بېشىنى كۆتۈرۈپ ھاكىمبەگ ، ئۇنىڭ ئاق سېرىق چىرايىدا پۇشايمان دېسە پۇشايمانغا ئوخشاشمايدىغان ؛ ھەيرانلىق دېسە ، ھەيرانلىققا ئوخشاشمايدىغان ؛ قايغۇ ـ ھەسرەت دېسە ، قايغۇ ـ ھەسرەتكە ئوخشاشمايدىغان بىر قىسما ھېسسىيات ئىپادىلىنەتتى ، — ئۇ ··· چوكان نېمە بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى ؟ تېنىنى ساق كۆرۈۋىدىمغۇ ؟ !

— تۇيۇقسىز يىقىلىپ··· بىر كۈنمۇ ئورۇن تۇتۇپ ياتمايلا بۇ ئالەمدىن خوشلاشتى . نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەيلا قالدۇق !— دېدى خوجا ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ .

— مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن ! — دېدى

مەزەمزاتمۇ قولى بىلەن شىرەگە يۆلىنىپ تۇرۇۋېتىپ ، — ياتايلى ، تۇنمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى !...

*　　　*

ئەخمەتخان خوجا ئۇياققا ئۆرۈلۈپ ، بۇياققا ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى ، خىلمۇ خىل شېرىن خىياللار گۈلزارلىقىغا كىرىپ قىلىپ كۆزلىرىنى ھەرقانچە يۇمسىمۇ ، كىرپىكلىرى چېتىلمىدى . ئادەم سىڭار كۆزدەك ئۆز بەختىنى كۆرگەن چاغدا ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالماي ، تاتلىق ئويلار قاينىمىغا كىرىپ قالىدۇ .

خوجا ياشلىقىدىن تارتىپ شۇ يېشىغا كەلگۈچە يېزىدىكى بەگلىك ئورنىدىن رازى بولماي ، كۆزى كور تەقدىردىن ئاغرىنىپ ، قايغۇ ـ ھەسرەت ئىچىدە ياشاپ كەلدى . ئۇ ئۆزىنى : چوڭ ئىشلارغا يارالغان ئادەم ئىدىم ، زايە بولۇپ كېتىۋاتىمەن ، دەپ بىلەتتى .

دۇنيادا ئادەملەرنى ئوڭايلا ئازدۇرىدىغان ئۈچ ئېزىتقۇ بار ، ئۇنىڭ بىرى ، بايلىق ؛ بىرى ، ھوقۇق ؛ يەنە بىرى ، شان ـ شۆھرەت . تەلۋە ئاچ كۆزلۈك ، ھوقۇق تەمەسى ۋە شان ـ شۆھرەتتىن ئىبارەت ئۈچ ئېزىتقۇنىڭ ئىلكىدە ياشاپ كېلىۋاتقان ئەخمەتخان شەھەرگە يېقىندىن بېرى بىرقانچە قېتىم كىرىپ چىقىپ ، ئۆزىنىڭ شېرىن خىياللىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان پەيتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى خۇشاللىق بىلەن كۆردى . كىچىك توقىلىنى قويىنغا سېلىپ بەرگەن مەزەمزاتنىڭ ئۆزىگە تازا ئەسقاتىدىغان كۈنلەردە كۈرەدە بولۇپ قالغانلىقى ئۇنى قاتتىق ئازابلىدى . شۇنداق بولسىمۇ ئۇ توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاشنى ئويلاپ چېرىكلىرى بىلەن شەھەرگە كىرىشكە تەييارلىنىۋاتقان كۈنلەردە ، خۇددى ئاسماندىن توككىدە چۈشكەن تەلەيدەك ،

مەزەمزاتنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېلىشى ، ئۇنىڭ بېشىغا ھۇمايۇن قۇشىنى قوندۇردى . ئەتە ئۇ ، ھاكىمبەگ بىلەن شەھەرگە كىرىدۇ . بۇ ئەلۋەتتە ، ئۆزى كىرگەندىكىدىن مىڭ ھەسسە ئابرۇيلۇق بولامدۇ ؟ ! مەزەمزاتنىڭ يېنىدا كۆرگەن سىڭار كۆزگە مەيلى تونۇغانلار بولسۇن ، مەيلى تونۇمىغانلار بولسۇن ، ئېگىلىپ قول باغلىمامدۇ ؟ ! ھۆرمەت - ئابرۇيغا ئىگە بولۇش يۇقىرى تەبىقىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى ئەمەسمۇ ؟ ! بۇ مۇقەددىمە كېيىنكى شۆھرەتلىك داستانىنىڭ باشلىنىشىغۇ ! ؟ شۇنداق كۈنگە ئېرىشۋاتقان ئەخمەتخاننىڭ كۆزگە ئۇيقۇ كەلمەسلىكى ، شېرىن خىياللاردا بولۇشى تەبىئىي بىر ئىشقۇ ! ؟

خوجا تورۇسقا قاراپ ياتاتتى ، ئاجايىپ تاتلىق خىياللار ئىچىدە يايرايتتى... مانا گۈزەل نازىنىنلار ئۇنىڭ چۆرىسىدە ناز - كەرەشمە قىلىپ ، ئۇنى بىر - بىرىدىن قىزغىناتتى . خوجا بۇنىڭدىن ئۆلگۈدەك خۇشال بولۇپ ، ئۇلارنى تېخىمۇ دەيدەيگە سېلىپ قاقاقلاپ كۈلەتتى . مۇلازىملار پات - پات كىرىپ ، قول باغلاپ ، ئېگىلىپ يەنە نېمە كېرەك ؟ دەپ سورايتتى . ئۇنىڭ ئالدىدىكى داستىخاندا نازۇنېمەتلەر تولۇپ تۇراتتى...

خۇددى ئېكراندىكى سۈرەت ئۆزگەرگەندەك ، ئۇنىڭ خىيالىمۇ ئۆزگەردى . سىڭار كۆز بېشىغا مەزەمزاتنىڭ سۆسەر تۇمىقىدەك تۇماق ، ئۇچىسىغا موۋۇت تون ، پۇتىغا يېڭى ، پارقىراپ تۇرىدىغان خۇرۇم ئۆتۈك كىيىپ خۇددى ئوردىدىكىدەك يوغان ساراي ئىچىدە بېشىنى تىك تۇتۇپ ، ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ ، تۆت تەرەپكە سىلىنغان قوش قەۋەت كۆرپىگە قاراپ باراتتى . ئىككى تەرەپتە باشلىرىغا ئاق سەللە يۆگىگەن ، بىغىررەڭ مانچېستېر دوپپا ياكى قاما تۇماقلارنى كىيگەن سالاپەتلىك ئادەملەر قول باغلاپ ، ئېگىلىپ تۇراتتى...

يېڭى ـ يېڭى خىياللار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىپ، سىڭار كۆزنى زادىلا ئۇخلاتمىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ قۇلىقىدا مەزەمزاتنىڭ: «سىلى مەن بىلەن بىللە غۇلجىغا بارسىلا! بۇنىڭدىن كېيىن، خوجام، مېنىڭ ئەتىۋارلىق ئادىمىم سۈپىتىدە، مېنىڭ بىلەن بىللە بولسىلا!...» دېگەن سۆزلىرى جاراڭلىدى. بۇ سۆزلەر ئەخمەتخاننى خۇددى بايا كۆرگەن گۈزەل سۈرەتلەر دۇنياسىغا چاقىرىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

خوجا ياتقان ئورنىدىن ئۇچۇپ تۇرۇپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن تۆۋەندىكى سۆزلەر ئېتىلغان قوناقتەك ئېتىلىپ چىقتى: «مەن ئىلى خەلقىنىڭ ئەخمەتخان خوجىسى بولمىسام، ئېتىمنى يۆتكىۋېتىمەن!»

سىڭار كۆز يەنە سوزۇلۇپ ياتتى. يەنە خىياللار... خىياللار... ئۇ شۇنداق يېتىپ ئۆزىنىڭ قاچان ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلمەي قالدى.

... كەڭ دالا. جەسەتلەر ساينىڭ تېشىدەك ياتاتتى. ياربدارلارنىڭ قاقشاۋاتقان نالە ـ پەريادلىرى ھەممىلا يەردە ياڭرايتتى. خوجا يالاڭئاشتاق، ئىككى بىلىكىنى تۇرۇۋېتىپ، ئىككى قولىغا ئىككى قىلىچ تۇتۇپ، جەسەتلەر ۋە ئىڭراۋاتقان ياربدار ئارىسىدا كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يەكچەشمە كۆزىگە قان تولۇپ، خۇددى ئوتتەك ياناتتى. چىرايى تۇتۇلغان ئاسماندەك قارىيىپ، ئاغزىدىن يالقۇن ئاقاتتى. ئۇ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ توختىماي ئالدىغا قاراپ ماڭاتتى.

ئالدىدىن بىرى چىقىپ قولىنى كۆتۈردى. سىڭار كۆز: «ھۇي، بۇ ئەخمەت خەزىنىچىغۇ! ئالدىمغا بىچارىنى ئەجىلى باشلاپ كەپتۇ ـ دە!» دەپ ئويلىدى. ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ قېيناتىسى: «ھەي خوجا! بۇ ماڭغان يولۇڭ خەتەرلىك!» دەپ ۋارقىردى. يېتىپ كەلگەن ئەخمەتخان بىر قىلىچ ئۇرۇپ ئەخمەت

خەزىنىچى بەگنىڭ بېشىنى كېسىپ تېنىدىن جۇدا قىلدى . قىزىل قان ئېقىنلاتقان باش خۇددى پوكۇزەكتەك قانغا بويالغان زېمىن ئۈستىدە قاڭقىپ سەكرەيتتى .

«ئوزۇلۇپ چۈشكەن باش يەردە جىم ياتماي ، خۇددى پوكۇزەكتەك قاڭقىپ سەكرىگىنى قىزىقكەن !» دەپ ئويلىغان خوجا ، قىلىچىدىكى ئەخمەت خەزىنىچى بەگنىڭ قېنىنى يالاپ ، يەنە يولىنى داۋام قىلدى . ئۇ كېتىۋېتىپ : «ئاھ ياراتقان ئىگەم ! ئابدۇرۇسۇلنىمۇ قېيناتىسىدەك ئالدىمغا ئەكېلىپ بەرگەن بولساڭ ، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى» دەپ خىيال قىلدى . ئۇ يىراقتا بىر ئاق چېدىرنى كۆردى . ئاق چېدىر بىپايان دالىغا قونغان ئاق قۇغىلا ئوخشايتتى . «بۇ كىمنىڭ چېدىرىدۇ ؟» دەپ ئويلىدى سىگار كۆز كۆرۈنگەن ئاق چېدىرغا قاراپ كېتىۋېتىپ .

خوجا ئاق چېدىرغا يېتىپ كېلىپ ، ئوچۇق ئىشىكى ئالدىدا توختىدى . ئۇ ئۇسۇپ چېدىرغا كىرىپ تاپىسىدا توختىدى . ئاق جايناماز ئۈستىدە ئاق سەللە يۆگىگەن ، ئاق پەشمەت ، ئاق ئىشتان كىيگەن ئابدۇرۇسۇل بەگ قىبلىگە قاراپ ئولتۇراتتى . ئىككى پۇتىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان بۇ پەرىشتىدەك ئادەم قوللىرىنى كۆتۈرۈپ يىغلاپ ، ئۈنلۈك دۇئا قىلىۋاتاتتى :

«ھەي ، ياراتقان پاك پەرۋەردىگار ! مەن سېنىڭدىن ئۆزۈمگە ئەمەس ، جانجىگەر ئەل - يۇرتۇمغا بەخت تىلەيمەن ! ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھالال ئەمگىكى بىلەن تىنچ - خاتىرجەم ، بەختلىك ياشىسىلا ، مەنمۇ بەختلىك بولاتتىم !...»

«ياق ! — دېدى ئەخمەتخان ۋارقىراپ ، ئۇنىڭ يەكچەشمە كۆزلىرى چەكچەيدى ، — گادايلار ئۆز ئەمگىكىنىڭ قەنتىنى چېقىپ تىنچ - خاتىرجەم ياشىسا ، بىز خار بولمامدۇق !؟ سېنىڭ دېگىنىڭ ، ھەي ، ئابدۇرۇسۇل ، زادىلا بولمايدۇ ! سەن ئۆلىسەن ! مەن سېنىڭ جېنىڭنى ئالغىلى كەلگەن جەبرائىل !...»

خوجا قىلىچىنى كۆتۈرۈپ ، تېخىچە دۇئا قىلىۋاتقان

ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ كەينىدىن گەجگىسىگە ئۇردى . پەرىشتىدەك ئاق جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرغان ئادەمنىڭ سەللىلىك بېشى ئاق جايناماز ئۈستىگە چۈشۈپ ، چېچىلىۋاتقان قىزىل قېنى بىلەن ئاق جاينامازنى چوغدەك گۈل ـ چېچەكلەرگە تولدۇرۇۋەتتى . يىقىلماي تۇرغان باشسىز گەۋدە بىر هازادىن كېيىن گۈل ـ چېچەك ئۈستىگە يىقىلدى .

سىڭار كۆز يەنە قىلىچىدىكى قاننى يالىدى . ئۇ چېدىردىن يېنىپ چىقىپ يولىنى داۋام قىلدى . بىر تۆپىلىك ئۈستىدە مەزەمزات قاقاقلاپ كۈلۈپ ، خوجىنى ھەدەپ ماختايتتى .

«يارايسەن ، ئەخمەتخان ، يارايسەن !… »

خوجا تۆپىلىك تەرەپكە بۇرۇلۇپ ماڭدى . ئۇ كېتىۋېتىپ : «مەن ‹ئىلى ئالىمىنىڭ خوجىسى بولىمەن !› دەپ قەسەم ئىچمىگەنمىدىم ، ئۇ هاكىمبەگ بولۇۋەرسە ، مەن قانداق ئىلى ئالىمىنىڭ خوجىسى بولىمەن ؟ ! ياق ! ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا مەن هاكىمبەگ بولۇشۇم كېرەك !» دېگەنلەرنى ئويلىدى . سىڭار كۆز تۆپىلىككە يېقىنلاپ كەلدى . قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقان مەزەمزات ئەخمەتخاننى مېنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىۋاتىدۇ ، دەپ ئويلاپ ، تۆپىلىكتىن ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشتى . شۇ چاغدا ئاسماندىن : «مەن ئۇلۇغ مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىزنىڭ پۇشتى بولىمەن ! مېنى بۇ يەرگە ياراتقان ئاللا ئەۋەتتى !» دېگەن ئاۋاز كەلدى . سىڭار كۆز توختاپ ، تۆپىلىك ئۈستىدە تۇرغان ئالىيېشىل بەقەسەم چاپانلىق بىر ئادەمنى كۆردى . ئاسماندىن چۈشكەن بەقەسەم چاپانلىق ، يەر تېپىپ ۋارقىرايتتى :

«نېمىگە قاراپ تۇرىسەن ، ھەي ، هاڭۋاقتى ؟ ! ئالدىڭدىكى ئادەمنى ئۆلتۈرمەمسەن ؟ ! ئۇ بۇ زېمىندىن يوقالمىسا ، ئىككىمىزگە هاكىمبەگلىك بولامدۇ ؟ »

مەزەمزات دەرهال قاچتى . ئەخمەتخان كەينىدىن قوغلىدى . تۆپىلىكتىكى يېشىل بەقەسەملىك چاۋاك چېلىپ كۈلەتتى :

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«توغرا قىلدىڭ ! تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋەت !… »

سىڭار كۆز شۇنداق قىلدى . ئۇ يېتىپ كېلىپ ، قىلىچىنى مەزەمزاتقا ئۇردى . ھاكىمبەگ : «سەن ! … سەن !… » دەپ دۇم چۈشتى . ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشكەن سۆسەر تۇماقلىق باش قان چېچىپ يەر ئۈستىدە سەكرەپ ـ سەكرەپ ئاخىرى بىر ئازگالغا چۈشۈپ كەتتى…

ئەخمەتخان خوجا ئىككى قىلىچ تۇتقان ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، تۆپىلىكتە تۇرغان خوجىغا سالام بەرگىلى ماڭدى . ئۇ ئەمدىلا تۆپىلىككە چىقىشىغا ئاسمان گۈلدۈرلەپ ، چاقماقلار چېقىپ كەتتى . ئاجايىپ بىر ئاۋاز چىقىرىپ تۆپىلىك يېرىلدى . ئالىيېشىل بەقەسەم چاپان كىيگەن خوجا بىلەن ئەخمەتخان خوجا قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ يېرىلغان يەرگە يىقىلدى . ئىككىسى گاھ باشلىرى تۆۋەن ، پۇتلىرى يۇقىرى ، گاھ پۇتلىرى تۆۋەن ، باشلىرى يۇقىرى بولۇپ يېرىلغان يەرگە چۆكۈپ باراتتى . زۇلمەتكە چۈشۈپ كېتىۋاتقان سىڭار كۆز بار ئاۋازى بىلەن دەھشەتلىك ۋارقىرىدى :

«هاي ، مېنى قۇتقۇزۇڭلار !… »

تەرلەپ سۇ بولۇپ كەتكەن خوجا ئۆزىنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇرۇپ ، چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى ئەسلىدى . ئۇنىڭ يۈرىكى سىلىپ ، ئۆزىمۇ توختىماي ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەيتتى…

# تۆتىنچى باب

## «مېنىڭ دەيدىغىنىم شۇ»

قۇياش كۈنپېتىش ئۇپۇقىغا ئولتۇرۇۋاتقاندا، مەزەمزات ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچى ۋە مۇلازىملىرى بىلەن، ئەخمەتخان خوجا ئۆزىنىڭ چېرىكلىرى بىلەن ئارائۆستەڭ يېزىسىنىڭ بۇلاقبېشى مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدى.

ئالدىن چاپتۇرۇلغان خەۋەرچى نامازدىگەرلەردە كېلىپ، شەمشىدىن خەلپەمگە: مەزەمزات ۋە ئەخمەتخان خوجىلارنىڭ كەچتە كېلىدىغانلىقىنى يەتكۈزدى. بۇ خەۋەردىن شەمشىدىن خەلپەم چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدى. ئۇنىڭ بۇنچىلىك خۇشال بولۇشى سەۋەبسىز ئەمەس: بىرى، ھەدىسىنىڭ ئوغلى كۆرەگە بېرىپ گۇندىخانىغا چۈشكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان شەمشىدىن خەلپەم مەزەمزاتنىڭ ھاياتىدىن ئەندىشە قىلىپ يۈرەتتى. «قوزغىلاڭچىلار ناۋادا كۆرەگە ھۇجۇم قىلىپ قالسا، ھەدەمنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن...» دەپ ئويلىغان شەمشىدىن خەلپەمنىڭ يۈرىكى سۇ بولاتتى. يەنە بىرى، ھەدىسىنىڭ كۆزىدىن كېچە ـ كۈندۈز ياش قۇرۇمايتتى. ئۇ ئوغلىنىڭ دەردىدە بىر قىسمىلا، ئېلىشىپ قالغاندەك يۈرەتتى. شەمشىدىن خەلپەم پات ـ پات شەھەرگە كىرىپ، ھەدىسىگە تەسەللى بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ ئىنىسىنىڭ سۆزىنى زادىلا ئاڭلىمايتتى...

شەمشىدىن خەلپەم خەۋەرچىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يوغان بىر ئەركەك قوينى ئەكەلدۈرۈپ، ئېغىلغا

www.uyghurkitap.com

باغلاتتى . ئەللىكبېشى ، ئونبېشىلارغا چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان چېرىكلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى تاپشۇردى .

قۇياش پېتىۋاتقان كۈنچىقىش تەرەپ گويا قىزىل بوياق ئىچكەندەك قىزىرىپ لاۋۇلدايتتى . ئۇ يەردە تۇرغان بىرەن - بىرەن بۇلۇتلارمۇ چوغ رەڭگىدەك چاقنايتتى . كەچتە تاغ تەرەپتىن كېلىدىغان گۈر - گۈر شامال بولاقبېشى مەھەللىسىنىڭ ئەگرى - توقاي كوچىلىرىنى ئارىلاپ ئىلى دەرياسى تەرەپكە ئۇچاتتى . بىخلانغان سۆگەت ۋە ئاق تېرەكلەر كۆلگۈن شەپەقنىڭ شولىسى چۈشۈپ ئاجايىپ چىرايلىق كۆرۈنەتتى···

«كەلدى ! كەلدى···» دېگەن چۇقانلار شەمشىدىن خەلپەمنى ئولتۇرغان ئورنىدىن تۇرغۇزدى . ئۇ پېشايۋانغا چىقىپ دەرۋازا تەرەپكە قارىدى . كەينىدىن چىققان ئۆزىدىن پاكارراق ئايالىمۇ يېنىغا كېلىپ كېلىۋاتقان چۇقانلارغا قۇلاق سالدى .

شەمشىدىن خەلپەم مەزەمزاتتىن ئون ياش دېگۈدەك چوڭ بولسىمۇ ، يەنىلا مۇڭگۈز سۈيى ئىچكەندەك تېتىك ، تىمەن يۈرەتتى . پېشانىسى كەڭ ، قاشلىرى قويۇق ، ئورا كۆز ، يۈزى كەڭ ، بۇرنى قاڭشارلىق ، ساقال - بۇرۇتى قوڭۇر بۇ ئادەمنىڭ بويى ئوتتۇرا بويلۇقلاردىن ئېگىزرەك ، ئېگىز بويلۇقلاردىن پاكارراق بولۇپ ، غوللۇق ، كۆكسى ئالدىغا چىققان ئادەم ئىدى . ئۇ ئاتىسى خۇداقۇلى خەلپەمگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى .

شەمشىدىن خەلپەم پېشايۋاندا تۇرۇپ ھەدىسىنىڭ ئوغلىنى كۈتۈۋېلىشنى ھەدەم ۋە ھەدەمنىڭ ئوغلىغا ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ ، دەپ ئويلىدىمۇ ، پېشايۋان پەلەمپىيىدىن چۈشۈپ ، يوغان ئاق دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى . ئۇ دەرۋازىدىن چىقىپ ، ھاكىمبەگ ۋە ئەخمەتخان خوجىلار كېلىدىغان كوچىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە قارىدى . خەلپەم كوچىنىڭ بېشىدا ئاتلىق كېلىۋاتقان مەزەمزاتنى ، چىغلىقمازارلىق ئەخمەتخان خوجىنى ، ئۇلارنىڭ مۇھاپىزەتچى ، مۇلازىم ۋە چېرىكلىرىنى كۆردى . ئۆز ھەدىسىنىڭ

ئوغلىنى كۆرگەن شەمشىدىن خەلپەمنىڭ يۈرىكى ئاجايىپ بىر خۇشاللىق بىلەن تىپچەكلىدى…

مەزەمزات كىچىك دادىسىنى كۆردى بولغاي ، يىراقتىنلا كۆرەڭ قاشقىسىدىن چۈشۈپ ، ئىتىنىڭ چۇلۋۇرىنى بىر مۇھاپىزەتچىسىگە تۇتقۇزدى . ھاكىمبەگنىڭ ئاتتىن چۈشكەنلىكىنى كۆرگەن ئەخمەتخانمۇ خوددى قاراكىچىدەك قارا ئىتىدىن چۈشۈپ ، چۇلۋۇرىدىن يېتىلەپ ماڭدى . مەزەمزات سەل ئالدىغىراق ، سىگار كۆز ئۈنىگدىن سەل كەينىدىرەك مېڭىپ ، دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان شەمشىدىن خەلپەمگە يېقىنلاپ كەلدى…

مەزەمزاتنىڭ يېزىغا كىرگەنلىكىنى ئاڭلىغان يۇرت چوڭلىرى بىرلەپ ـ ئىككىلەپ شەمشىدىن خەلپەمنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توپلاندى . كەلگەن يۇرت چوڭلىرى بىلەن بىللە كەلگەن دېھقانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى . بىردەمدە ئاق دەرۋازىنىڭ ئالدىغا نۇرغۇن ئادەم يىغىلدى . كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىۋاتقان مەزەمزات ، ئەخمەتخان خوجا ، مۇھاپىزەتچى ، مۇلازىم ۋە چېرىكلەرنىڭ ئىككى تەرىپىدىمۇ كېلىۋاتقان يېزىلىقلار ، باللارمۇ خېلىلا كۆپ ئىدى . كوچا ئىشىكلىرىنى قىيا ئېچىپ ياكى قورۇلارنىڭ چېتىدە تۇرۇپ قاراۋاتقان ، يۈزىنى ياغلىقلىرى بىلەن توسۇۋالغان ئايالالارمۇ كۆرۈنەتتى .

يىغىلغان يۇرت چوڭلىرى ۋە دېھقانلار ئالدىدا تۇرغان شەمشىدىن خەلپەم چىدىمىدى ، ئۇ كېلىۋاتقان ھەدىسىنىڭ ئوغلىغا قاراپ ھاياجانلىق ئىچىدە قەدىمىنى تېزلەتتى . ئۇنىڭ كۆزىدە ياش لىغىلدايتتى . شەمشىدىن خەلپەم ئىتتىك كېلىپ ، ئۈن ـ تىنسىز ئېگىز بويلۇق مەزەمزاتنى قۇچاقلىۋالدى . مەزەمزاتمۇ بويى مۇرىسىگە كېلىدىغان كىچىك دادىسىنى قۇچاقلاپ ، يۈزىنى يۈزىگە ياقتى . ئەخمەتخان خوجا ئىتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ بىر چەتتە قاراپ تۇراتتى . مۇھاپىزەتچى ، مۇلازىم ۋە چېرىكلەرمۇ ئاتلىرىدىن چۈشتى .

— مەرھابا ! ساق ـ سالامەت كەلگەنلىكىڭىزدىن خۇشاللىقىم ئىچىمگە پاتماي قالدى . مۇبارەك دىدارىڭىزنى ئىككى كۆزى ياش ھەدەم كۆرسە ، قانچىلىك خۇش بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن ! — دېدى كىچىك دادىسى ياش تۆكۈپ .

— تەنلىرى ئازا ، كۆڭلىرى خاتىرجەم ئۆتتۈۋاتقاندۇر ، كىچىك دادا ؟ — دېدى مەزەمزات شەمشىدىن خەلپەمنىڭ قولتۇقىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ ، — سىلى بىلەن ساق ـ سالامەت دىدارلاشقانلىقىمدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم ، — ئۇ بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ يەنە ئېغىزىنى ئاچتى ، — ئانامنىڭ ئەھۋالى قانداق ؟ سالامەت تۇرغاندۇر ؟

مەزەمزاتنىڭ ئانىسى سەكسەن ياشتىن ئېشىپ قالغان بولسىمۇ ، يەنىلا تېتىك ، تىمەن يۈرەتتى . ئوغلى كۈرەگە كېتىپ ، گۈندىخانىغا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن ، چاچلىرى ئاق ئانا كېچە ـ كۈندۈز ياراتقان ئىگىسىگە نالە ـ پەرياد قىلىپ يىغلاپ ، خېلىلا ھالىدىن كەتتى . ئانا بالىنىڭ ئوتىدا كۆيىدىغان پەرۋانە ، غەم ـ قايغۇسىدا يىغلاپ قاقشايدىغان ۋەيرانە ! شۇ كۈنلەردە ئۇ ئوغلى بار چاغدا تۇتمىغان ھاسىسىنى تۇتۇپ ، مۈكچىيىپ ، كۆزلىرىدىن توختىماي ياش تۆكۈپ ، يۈرەك پارىسىنىڭ يولىغا تەلمۈرەتتى . ياراتقان پاك پەرۋەردىگاردىن ئوغلى ئوت ئىچىدە كۆيمىگەن ئىبراھىمدەك[1] ساقلاشنى تىلەيتتى .

شەمشىدىن خەلپەم بىلەن مەزەمزاتنىڭ كۆرۈشۈشى تۈگەي دېگەندە ، بۇلاقبېشى مەھەللىسىنىڭ چوڭلىرى كېلىپ ھاكىمبەگ ۋە ئەخمەتخان خوجىلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ، مەزەمزاتنىڭ ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىنى مۇبارەكلەشتى ، كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ، باشلىرىغا ئاق سەللە يۆگىگەن ، قىزىل دوپپا ۋە تۆپە كىيگەن ، ئۇچلىرىغا ئۇزۇن پەرجە ، كالتە پەشمەت ، كالتە چاپان كىيگەن چوڭلار

---

① ئىبراھىم — ئىبراھىم پەيغەمبەر .

ساھىبخانا ۋە مېھمانلار بىلەن خوشلاشتى . شەمشىدىن خەلپەم كۆڭلى تارتقان يېقىنلىرىدىن ئىككى ـ ئۈچىنىڭ قولىقىغا پىچىرلاپ ئېلىپ قالدى . شۇ ئارىلىقتا يېزىنىڭ ئەللىكبېشى ، ئونبېشى قاتارلىق بولاقبېشىنىڭ ئەمەلدارلىرى قېلىپ سىڭار كۆزنىڭ چېرىكلىرى بىلەن مەزەمزاتنىڭ بىر قىسىم مۇھاپىزەتچى ۋە مۇلازىملىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئېلىپ ماڭدى . شەمشىدىن خەلپەم ھەدىسىنىڭ ئوغلى ، ئەخمەتخان خوجا ۋە ئېلىپ قالغان يېزىلىقلىرىنى باشلاپ ھويلىغا قاراپ ماڭدى...

* *

قەنت ـ گېزەكلەر بىلەن قانغۇچە سىنچاي ئىچكەن ، ئارقىدىن مەزەمزاتقا دۇئا قىلدۇرۇپ سويۇلغان ئەركەك قوينىڭ نېرىنىغا تويغان مېھمانلار يەنە قېنىق دەملەنگەن سىنچاي ئىچىپ پاراڭغا چۈشتى .

ئاتىسىدىن قالغان جايدا ئولتۇرۇۋاتقان سالاپەتلىك شەمشىدىن خەلپەمنىڭ يوغان ، ياسىداق سارىيى مېھرىدىن بەگنىڭ سارىيىغا ئوخشاپ كېتەتتى . گۈللۈك ئاق داستىخان يېپىلغان ئۇزۇن شىرەنىڭ ئۈستىدە قىزىرىپ پىشقان توقاچلار بىلەن تاتلىق ـ تۈرۈملەر سېلىنغان تەخسىلەر تىزىلىپ تۇراتتى . شىرەنىڭ تۆر تەرىپىدە يېزىنىڭ كەم سۆز ئىمامى بىلەن مەزەمزات ، ئوڭ تەرىپىدە ئەخمەتخان خوجا ، سول تەرىپىدە ساھىبخانىنىڭ قارا تۆپىلىك ، بۇرنىنىڭ ئۈچى قىزىل يېقىنى ، تۆۋەن تەرىپىدە شەمشىدىن خەلپەم بىلەن گۆش يۇزلۇك ، بېشىغا بېغىررەڭ مانچېستېر دوپپا كىيگەن يەنە بىر يېقىنى ئولتۇراتتى . گەپنى ساقال ـ بۇرۇتىغا خېلىلا ئاق سانجىلغان ، قارا تۆپىلىك باشلىدى .

www.uyghurkitap.com

— ئاڭلىدىڭلارمۇ ؟ — دېدى ئۇ ئالدىدا يوغان سەللىلىك ئىمام ، مانچېستېر دوپپىلىق ھاكىمبەگكە ، ئارقىدىن ئاق بۆك كىيگەن ئەخمەتخان خوجا ، شەمشىدىن خەلپەم ۋە گۆش يۈزلۈككە بىر - بىرلەپ قاراپ چىقىپ ، — سادىر تۆگىنىڭ قىزى يوقىلىپ كېتىپتۇ ! — ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ ، گويا ئۆز خەۋىرىنىڭ ئولتۇرغانلارغا قانداق تەسىر قىلغانلىقىنى كۆزەتكەندەك ھەممەيلەنگە يەنە بىر كۆز يۈگۈرتتى ، — قوزغىلاڭ باشلىنىشىنىڭ ئالدىدا قىيامەتلىك ئاغىنىلەر نۇدەر بەگ بىلەن سادىر تۆگە قۇدىلىشىپ ، نۇدەر بەگنىڭ ئوغلىغا سادىر تۆگىنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىدىغان بولۇپ چاي ئىچۈرگەنىدى . ئۇلارنىڭ تويى بولىدىغان چاغدا نۇدەر بەگنىڭ ئوغلى قوزغىلاڭغا قاتنىشىپ كېتىپ ، توي بولمىدى . بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدىكى باياندايغا قىلىنغان ھۇجۇمدا نۇدەر بەگنىڭ ئوغلىغا توپ ئوقى تېگىپ قۇربان بولدى ، ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا باتۇر يىگىتنى يەرلىككە قويدۇق . شۇ يىگىتنىڭ چاي ئىچۈرۈپ قويغان لايىقى ھېچكىمگە بىر ئېغىز گەپ قىلماي ، ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىپتۇ . ھازىر مەھەللىدە ھەر قىسما گەپ ، بەزىلەر : قىز بىلەن نۇدەربەگنىڭ ئوغلى چاي ئىچۈرۈشتىن بۇرۇنلا بىر - بىرىنى ياخشى كۆرىدىغان ئاشىق - مەشۇقلار ئىكەندۇق ، ياخشى كۆرگەن يىگىتىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلىغان قىز ئۆزىنى دەرياغا تاشلىۋالدىمىكىن ، دېسە ؛ يەنە بەزىلەر : يىگىتنى ياخشى كۆرىدىغان بولغانلىقتىن ، سەۋدايى بولۇپ چىقىپ كېتىپتۇ ، دېيىشمەكتە . ئۈچىنچى خىل ئادەملەر : قىز ئۆزىنى دەرياغىمۇ تاشلىمىدى ، سەۋدايىمۇ بولۇپ چىقىپمۇ كەتمىدى ، يىگىتلەردەك ياسىنىپ باياندايغا جەڭ قىلغىلى كەتتى ، دېدى...

قىزىل بۇرۇننىڭ خەۋىرى ئولتۇرغانلارنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتىپ ، كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرۇلمىدى . ھەتتا كەم سۆز قارا تۆپىلىكنىڭ سۆزلىرىدىكى ئاشىق - مەشۇق دېگەنلەر ياقمىغاندەك

ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپمۇ قويدى . ھېچكىم بىرنېمە دەپ ئىنكاس قايتۇرمىغانلىقتىن ، ساقال - بۇرۇتى خېلىلا ئاقارغان قارا تۆپىلىك خىجىل بولغاندەك بېشىنى سىلىپ ئولتۇرۇپ قالدى .

سارايىنى ئېغىر جىمجىتلىق قاپلىۋالدى . ئولتۇرغانلار گەپنى نەدىن ، قانداق باشلاشنى بىلەلمەي ، شەمشىدىن خەلپەم بىلەن مەزەمزاتقا قارايتتى . ئاخىرى بۇ جىمجىتلىقنى ساھىبخانا بۇزدى . ئۇ ھەدىسىنىڭ ئوغلىغا قاراپ ئاپئاق ئاقارغان ساقىلىنى بىر سىلاپ قويۇپ ، سۆزىنى باشلىدى :

— قوزغىلاڭچىلار غۇلجىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن بايانداي قەلئەسىنى ئېلىش قىيىن بولۇۋاتىدۇ . بىرقانچە قېتىم جىددىي تەييارلىق قىلىپ ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ ، سېپىلغا چىقالمىدى يا قەلئە دەرۋازىسىنى بۇزۇپ كىرەلمىدى . بۇ جەڭلەردە نۇرغۇن ئادەملەر قۇربان بولدى . نۇدەرنىڭ ئوغلىدەك ئون گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلمىغان سانسىز نەۋقىرانلار ئۆلدى . سېپىلدىكى دۈشمەنلەر ئوق ئېتىپ ، ئوت ئېچىپ ، قايناق سۇ ، ماي تۆكۈپ ، تاش - كېسەك ئېتىپ بىزنىڭكىلەرنى سېپىلغا زادى يېقىن يولاتمىغان ، ئىلىغا پۇر كەتكەن ئوغرى سادىر ئوغۇللىرى بىلەن سېپىلنىڭ تېگىدىن ھازىر لەخمە كولاۋېتىپتۇ . سېپىلنى پارتلىتىپ بىرەر يېرىدىن كىرىدىغان تۆشۈك ئاچالىسا ، بىزنىڭكىلەر چۇقان - سۈرەن بىلەن بېسىپ كىرەتتى . ھازىر سەھرا - سەھرا يەنە نىيازلارنى باياندايغا ئەۋەتمەكتە ، بۇ بۇ قېتىمقى ھۇجۇمنى تاشقىنىدەك قۇدرەتلىك كۈچ بىلەن ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بولۇۋاتقان تەييارلىقلار — ، ... شەمشىدىن خەلپەم بىردەم تۇرۇۋېلىپ ، چايدىن ئوتلىدى ، ئارقىدىن سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى ، — بىزمۇ بۇلاقبېشى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى مەھەللىلەردىن ئىككى مىڭدىن كۆپرەك نىيازلارنى توپلىدۇق . ئەتە بۇ نىيازلارنى ئېلىپ باياندايغا يولغا چىقماقچى بولۇۋاتاتتۇق . سىلى كېلىپ قالدىلا !...

— ئەخمەتخان خوجىمۇ ، — دەپ سۆز باشلىدى ھاكىمبەگ كىچىك دادىسىنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن ، — يۈزدەك نىيازلارنى ئېلىپ مېنىڭ بىلەن بىللە غۇلجىغا ماڭدى . ياخشى بولدى . ئەتە سىلەر بىلەن بىللە ئاتلىنىدىغان بولدۇق .

— بۇ يەردە ئىككى - ئۈچ كۈن تۇرمامسىز ؟ بۇ ئۆيمۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئۆيىغۇ ! ؟ — دېدى شەمشىدىن خەلپەم جىيەنىنىڭ ئەتە كېتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قايغۇرغاندەك بىر قىياپەتتە سۆز باشلاپ...

— بىر كېچە قونسام بولار ، يەنە چىقمامدىمەن ! بىرى ، ئانامغا تېزرەك كۆرۈنۈپ ، كۆز يېشىنى توختاتمىسام ؛ يەنە بىرى ، ئۇ يەردە قىلىدىغان ئىشلار كۆپ ، دەرھال بارمىسام بولمايدۇ . كىچىك دادا ، ماڭا رۇخسەت قىلسىلا !

شەمشىدىن خەلپەم بىرئاز ئويلىنىپ قالدى .

— ئەمىسە ، مەنمۇ بىللە باراي ! — دەپ ئېغىزىنى ئاچتى خەلپەم ھاكىمبەگكە قاراپ ، — ئەتە تاڭ ئاتماي بىر مۇھاپىزەتچىڭىزنى غۇلجىغا ئاتلاندۇرايلى ، بىزنىڭ ئەتە بارىدىغانلىقىمىزنى قازىكالان موللا ناسىر ئاخۇنۇم بىلەن ئابدۇرۇسۇل ئەمىرگە يەتكۈزسۇن !...

مەزەمزات كۈرەدىن چىققاندىن بېرى : «مېنىڭ غۇلجىغا كېتىۋاتقانلىقىمنى غۇلجىدىكىلەر ئاڭلىغانمىدۇر ؟ ! ئاڭلىغان بولسا مېنى قانداق كۈتۈۋالىدىكىن ؟ ئاڭلىمىغان بولسا قانداق قىلىمەن ؟ » دېگەنلەرنى ئويلاپ كېلىۋاتاتتى . ھەتتا «ئۇ مېنىڭدىن گۇمانلىنىپ قالارمۇ ؟ » دېگەننى ئويلاپ ۋەھىمىمۇ يېدى . كىچىك دادىسىنىڭ ئالدىن چاپارمەن ئەۋەتىش دېگەن سۆزىدىن سۆيۈنگەن ھاكىمبەگنىڭ يوغان ، قوڭۇر كۆزلىرى چاقناپ كەتتى . ئۇ ئىچىدە : «ئالدىمغا قارشى ئالغىلى قازىكالانلار چىقسا ، مېنىڭدىن گۇمان قىلمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ . ناۋادا چىقمىسا بۇ باشقا گەپ بولىدۇ » دېگەنلەرنىمۇ ئويلىدى .

— كىچىك دادا ! بۇنى ياخشى ئويلاپسىز ! ئەتە تاڭ سەھەردىلا مېنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىمدىن بىرى ئاتلانسۇن ، — دېدى ھاكىمبەگ چىرايىغا خۇشاللىق يۈگۈرتۈپ…

يەنە پاراڭ تۈگىگەندەك ئۆي ئىچىنى جىمجىتلىق قاپلىدى .

— سىلىنى ، ھاكىمبەگ جانابلىرى ، جاڭجۇن قانداق قويۇپ بەردى ؟ — دەپ سوراپ قالدى يۇقىرىقى كالپۇكىنىڭ ئۈستىگە بۆرۈتى تولۇپ كەلگەن ، ئىككى ئۈچى سەل كەينىگە قايرىلغان مانچېستېر دوپپىلىق مەزەمزاتقا قاراپ . بۇ سوئال بىلەن تەڭ ھەممەيلەن ھاكىمبەگكە تىكىلدى . بۇ كۆزلەر : سەن خائىنمۇ ؟ دەۋاتقاندەك ، مەزەمزاتنىڭ پۈتۈن بەدىنى شۈركۈنۈپ كەتتى . ئۇ نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى ئويلاپ قوشۇمىسىنى تۈردى . ئۇنىڭ ئاق سېرىق چىرايىدىكى خۇشاللىقلار ياز تۈگىگەندەك تۈگەپ تاتاردى . ئۇ ئۆزىدىكى ھودۇقۇشنى ئەستە يوقىتىپ ، يەنە بۇرۇنقى ھالىتىگە كەلدى . سوئال قويغان بېغىررەڭ دوپپىلىققا خۇش چىراي تىكىلىپ ئاغزىنى ئاچتى :

— مېنى تۈيۇقسىز گۇندىخانىدىن چىقاردى . بۇنىڭدىن مەنمۇ ھەيران بولدۇم . كەچتە جاڭجۇن مېنىڭ بىلەن كۆرۈشتى . ئۇ ماڭا : «سېنى گۇندىخانىدىن بوشاتتىم . ھاكىمبەگلىكىڭنى ئەسلىگە كەلتۈردۈم . بۇنىڭدا ئىمىن ۋاڭ ، موسا گۇڭ قاتارلىق بوۋىلىرىڭنىڭ يۈزىنى قىلدىم . ئەمدى غۇلجىغا قايتىپ كەتسەڭ بولىدۇ . سەن بېرىپ قېرىنداشلىرىڭغا دېگىن ، بىز سىلىقنى ئازايىتايلى ، پەيلىدىن يانسۇن !» دېدى . مەن نېمە دەيمەن ؟ «خوپ» دېدىم ـ دە ، غۇلجىغا ساق ـ سالامەت كېتىۋېلىشنىڭ غېمىدە بولدۇم…

مەزەمزات سۆزىنى تۈگىتىپ ، ئولتۇرغانلارغا بىر ـ بىرلەپ قاراپ چىقتى . ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن گۇمانلانغان بىرمۇ چىراينى كۆرمىدى ، كۆڭلى ئورنىغا چۈشكەن ھاكىمبەگ كىچىك دادىسىغا قارىدى :

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئەمدى دەم ئالساقمىكىن؟ ئەتە يەنە ماڭىمىز ئەمەسمۇ؟!
— بولىدۇ! سىز ئىككى كۈن يول يۈرۈپ تازا چارچىغانسىز!؟... دەم ئالايلى، دەم ئالايلى!
ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇردى.

* *

قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئوردىسىغا ئوخشىتىپ ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبى بىلەن ياسالغان ھاكىمبەگ ئوردىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا قازىكالان موللا ناسىر ئەلەم ئاخۇنۇم، ئابدۇرۇسۇل ئەمىر باشلىق يۇرت كاتتىلىرى ئۆزئارا پاراڭلىشىپ تۇراتتى. ئۇلار ئارىلاپ ئالدىدىكى چوڭ يولنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە قاراپ قوياتتى. ئۇلارنىڭ بۇ قارىشىدا ئۆزلىرى كۈتۈۋاتقان ئادەملەرنىڭ قارىسى كۆرۈنەمدۇ؟ دېگەندەك مەنە ئىپادىلىنەتتى. تۇرغانلارنىڭ بەزىلىرى بېشىغا ئاق سىرىق، يېشىل سەللە، بەزىلىرى سۆسەر، قاما تۇماق ۋە تۆپە، بەزىلىرى بېغىررەڭ مانچېستىر دوپپا، ئۇچىلىرىغا موۋۇت تون، كالتە پەشمەت، ئۈزۈن پەرىجە، پۇتلىرىغا خۇرۇم ئۆتۈك، خۇرۇم مەسە - كالاچ كىيگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشىدىن سۆلەتلىك غۇرۇر، تەكەببۇرلۇق كىبرى، مەنسەپ - دەرىجىلىرىگە قاراپ شەكىللەنگەن گىدىيىش - ھجىيىشلار ئوچۇق - ئاشكارا كۆرۈنەتتى.
ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرغان قازىكالان موللا ناسىر ئەلەم ئاخۇنۇم ئېگىز بويلۇق ئادەم بولۇپ، توپنىڭ ئىچىدىن ئالاھىدە چىقىپ تۇراتتى. ساقال - بۇرۇتلىرى قاردەك ئاپئاق ئاقارغان، بۇۋرۇل قاشلىرى ئۆسكىلەڭ، يۈزى ئاق سىرىق، ئىككى مەڭزى ئالاھىدە تومپىيىپ چىققان، ئورا كۆز، قارامونچاقتەك كۆزلىرىدە ھېكمەتلىك بىر نۇر چاقناپ تۇرغان بۇ مويسىپىت بېشىغا سىرىق

يىپەك سەللە يۆگەپ ، ئۇستىگە موۋۇت پەرىجە ، پۇتىغا مەسە ـ كالاچ كىيىپ ، بويى ئۆزىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان ئىككى مەڭــزى قىپقىزىل ۋە گۇلگۇن ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ سۆزىنى ئــاڭــلايــتــتــى . ئــۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە سەممىمي ۋە قىزغىن قاراشلىرىدىن ، سۆزلىرىنى بىرلىپ ئاڭلاشلىرىدىن ئوي ـ پىكرى ئوخشاش ، بىر ئېقىمدىكى ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى .

— هــۇجــۇمغا جىددىــي تــەييارلىنىۋاتىمىز . هــەرقــايسى سەهــــرالاردىن كېلىدىغان نىيازلارمۇ كېلىۋاتىدۇ . بۇ قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن دېھقانلارنىڭ جاسارىتى يۇقىرى . ئۇلار : «بۇ قېتىم بۇ باياندايي قەلئەسىنى چوقۇم ئالىمىز !» دېيىشمەكتە .

— پاك پەرۋەردىگار ، — دەپ ئەمىرنىڭ سۆزىنى قوللىدى موللا ناسىر ئەلەم ئۆزىگە هۆرمەت بىلەن تىكىلگەن ئابدۇرۇسۇل بەگكە مېهرىبانلىق بىلەن قاراپ ، — نۇسرەت بەرسە ، بۇ قەلئەنى ئــالــىدىغانلىقىمىزدا شەك يوق ! شۇنداقتىمۇ ، ئەمىر ئۇگۇت ـ تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ قوزغالغان خەلقىمىزنى بىر نىيەت ، بىر مــەقسەتكە كەلتۈرەلىسەك ، باياندايي سېپىلىغىلا ئەمەس ، كۇرە سېپىلىغىمۇ چىقالايمىز !…

قــازىــكــالان ، ئــەمــىر باشلىق يۇرت چوڭلىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ، خىلمۇ ئارىلىق قالدۇرۇپ ئەرلەر ، ئاياللار ، ئوغۇل ـ قــىــز بــالــىلار بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ ، يوغان دەرۋازا ئالدىدا تۇرغانلارغا قارىشاتتى .

— ئەنە ئاۋۇ سېرىق يىپەك سەللىلىك بوۋاي قازىكالان موللا ناسىر ئەلەم !…

— قــازىكالاننىڭ يېنىدىكى كېلىشكەن ئادەم ئابدۇرۇسۇل ئەمىر !…

كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىدىمۇ يۇرت چوڭلىرىغا قاراپ تۇرغانلار ئاز ئەمەس ، ئۇلارمۇ قوللىرىنى سوزۇپ ئۆزلىرى تونۇيدىغانلارنى يــېــنىدىكىلەرگە تونۇشتۇراتتى . تونۇشتۇرغانلارنىڭ چىرايلىرىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلارنى تونۇغانلىقىدىن پەخىرلىنىدىغان بىر خىل ھاياجان ۋە ماختىنىش تۇيغۇسى ئىپادىلىنەتتى...

قۇياش ئالدىراپ كۈنپېتىش ئۇپۇقىغا يېقىنلاپ باراتتى. ئۇنىڭ ئالتۇن نۇرى ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىپ قىزغۇچ رەڭگە كىرىۋاتاتتى. شىمال تەرەپتىكى تاغلاردىن كېلىۋاتقان باش باھارنىڭ سەلكىن شامىلى ئادەملەرنىڭ يۈزلىرىنى ئەركىلەتكەندەك سىيپاپ ئۆتەتتى.

«كېلىۋاتىدۇ!» دېگەن ئاۋاز خۇددى چاقماق چاققاندەك جاراڭلاپ چىقىپ ئوردا ئالدى ۋە كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرغانلارنى قارادۆك تەرەپكە قاراتتى. كەينىدىكىلەر ئاياغلىرىنىڭ ئۇچىدا تۇرۇپ، بويۇنلىرىنى سوزۇپ قارىسىمۇ، كېلىۋاتقانلارنى كۆرەلمەي تېرىكەتتى. ئۇلار ئاخىرى بولالماي سەكرەپ كوچىنىڭ كۈنچىقىش بېشىغا تىكىلەتتى...

چوڭ يولنىڭ باش تەرىپىدە كېلىۋاتقان نۇرغۇن ئاتلىقلار كۆرۈندى. ھەممىنىڭ ئالدىدا جەرەن ئاتقا مىنگەن شەمشىدىن خەلپەم، ئۇنىڭ يېنىدا كۈرەڭ قاشقىسى يۈگەن سىيرىۋاتقان مەزەمزات كېلىۋاتاتتى. ھاكىمبەگنىڭ سەل كەينىدىرەك قاراگىرىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇتقان سىڭار كۆز كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرغانلارغا قارايتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدە پىيادە تۆت ـ بەشتىن قالايمىقان كېلىۋاتقان نىيازلار ئۆمرىدە بىر قېتىم كۆرمىگەن شەھەر ۋە شەھەرلىكلەرگە ھەيران بولۇپ تىكىلەتتى.

يول بويى «مېنى قارشى ئېلىشقا چىقارمۇ، چىقماسمۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ كەلگەن مەزەمزاتنىڭ يوغان، قوڭۇر كۆزلىرى شۇ تاپتا چاقناپ، چىرايىدىن كۈلكە ـ تەبەسسۇم چېچىلاتتى. ئۇ يىراقتىنلا ئۆزىنى قارشى ئېلىشقا چىققان قازىكالان موللا ناسىر ئەلەم ئاخۇنۇمنى، ئابدۇرۇسۇل بەگنى ۋە ئەمەلدار، يۇرت چوڭلىرىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىنى باسالماي قالدى، يۈرىكى دۈپۈلدەپ سېلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ئىسسىق تۇيغۇ

ئۇرغۇدى··· يۇگەن سىيرىپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ كېلىۋاتقان كۇرەڭ قاشقىنىڭ ئۇستىدە ئەمدى كېرىلىپ ئولتۇرغان ھاكىمبەگنىڭ كۆڭلىدە يولدىكى ۋەھىمىلەردىن قىلچىلىكمۇ قالمىدى. ئۇ ئېتىنى دېۋىتىپ تېزرەك ئۆزىنى قارشى ئالغىلى چىققانلارنىڭ ئالدىغا بېرىشقا ئالدىرىدى. ئەقىللىق ئات ئۆز ئىگىسىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك، ئاياغلىرىنى تېزلىتىپ، بىر دەمدىلا ئوردا ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ئېتىدىن بىر سەكرەپ چۈشكەن مەزەمزات، چۇلۇۋۇرىنى يېتىپ كەلگەن مۇھاپىزەتچىسىگە تۇتقۇزۇپ، ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان قازىكالان، ئابدۇرۇسۇل ئەمىر ۋە يۇرت چوڭلىرىنىڭ ئالدىغا كەكلىكتەك يورغىلاپ يېتىپ كەلدى. ئۇ موللا ناسىر ئەلەمگە ئېگىلىپ، قول باغلاپ سالام قىلىپ، ئارقىدىن ئىتتىك كېلىپ قولىنى تۇتۇپ سۆيدى.

— قانداق تۇردىلا؟ تەنلىرى سالامەتمۇ؟ — دېدى ھاكىمبەگ تىترىگەن ئاۋازى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ، ئۇنىڭ يوغان، قوڭۇر كۆزلىرى ياش بولۇشقىلا ئوخشايتتى.

— مېنىڭ ئەھۋالىم يامان ئەمەس. ئۆزلىرىچۇ، ھاكىمبەگ جانابلىرى؟ — دېدى قازىكالان، مەزەمزاتقا خۇش چىراي قاراپ، — ياراتقان ئاللاغا شۈكرى! ساق - سالامەت دىدارلاشقانلىقىمىزدىن ئىنتايىن خۇشالمەن!···

— شۇنداق! ··· شۇنداق! ··· — دەيتتى ھاكىمبەگ، ئۇنىڭ سۆزلىرى ياش بىلەن يۇيۇلۇپ چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى، — ئۇستۇمدە ياراتقان ئىگەم تۇرۇپتۇ! كۇرەنىڭ سېپىسىق، زەي گۇندىخانىسىدا پىت - بۈرگىلەرگە يەم بولۇپ ياتقان چاغلىرىمدا سىلەر بىلەن ساق - سالامەت كۆرۈشىدىغانلىقىم ئۇخلىسام چۈشۈمگىمۇ كىرمەيتتى. شۇ تاپتا سىلەر بىلەن ساق - سالامەت كۆرۈشكەنلىكىمدىن ئۆزۈمگە ئىشەنمەي قېلىۋاتىمەن! ياراتقان ئاللا ھەقىقەتەن ئۇلۇغ! ئۇ پاختىنىمۇ ئوت ئىچىدە ساق - سالامەت ساقلايدىكەن!···

مەزەمزات ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئابدۇرۇسۇل بەگنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بۇرۇلدى. باياتىن چورۇق ھېكىمنىڭ ئوغلى بىلەن كۆرۈشكەن شەمشىدىن خەلپەم، ئەخمەت سىڭار كۆزلەر ئەمدى موللا ناسىر ئەلەم بىلەن كۆرۈشتى. مەزەمزات ئابدۇرۇسۇل ئەمىرنى قۇچاقلىۋالدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش تۆكۈلۈۋاتىسمۇ، يۈرىكى «بۇ زېمىن ئۈستىدە يەنە قانچىلىك ياشىيالايسەن؟! سېنىڭ ئەتىكى قاتىلىڭ — مەن كەلدىم!» دېگەندەك تىپىرلايتتى. بەزى ئادەملەرنىڭ كۆزى كۈلۈۋاتىسمۇ، كۆڭلى زەھەر چېچىۋېرىدۇ. ھاكىمبەگ ئۇزاق ئايرىلىپ سېغىنغاندەك كۆزلىرى ياش تۆكۈپ ئەمىرنى قۇچاقلىۋالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ يۈرىكى زەھەرلىك يىلاندەك ۋىشىلدايتتى.

— خۇش كەپسىلە! سىلىنى ھۆرمەت بىلەن قارشى ئالىمىز! — دېدى ئابدۇرۇسۇل بەگ مەزەمزاتقا تىكىلىپ، بۇركۈتنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشايدىغان كۆزلىرىدە ئەقىل ۋە سەمىمىيلىكنىڭ نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدىغان بۇ قەيسەر ئەمىر شۇ تاپتىمۇ ئالدىدا تۇرغان ئىچى زەھەر ھاكىمبەگكە ھۆرمەت ۋە سەمىمىيلىك بىلەن قارايتتى.

ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي ئادەملەر كۆپىنچە باشقىلارنىمۇ خۇددى ئۆزىدەك ھېسابلايدۇ؛ ئۇلار كۈلۈپ تۇرغان، كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆككەن ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى ئەڭ خەتەرلىك ئادەملەر ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. خۇددى توڭلىغان يىلانغا رەھىمى كېلىپ ئىچىگە سېلىۋالغان دېھقان، يىلان تىرىلىپ ئۆزىنى چاقمەن دېگەندىلا پۇشايمان قىلغىنىدەك؛ قىلىچ كۆكسىگە تەڭلەنگەندىلا، ئاق كۆڭۈل ۋە سەمىمىي ئادەملەر «دوست چىراي» نىڭ ئىچى زەھەر يامان ئادەملىكىنى بىلىدۇ. لېكىن، بۇ چاغدا ئۇ تولىمۇ كېچىككەن بولىدۇ. ئۇ ئۆزى ھۆرمەتلىگەن ۋە ئەزىزلىگەن «قېرىندىشى» نىڭ قولىدا ئۆلىدۇ. تېخىچە ياش تۆكۈۋاتقان يوغان ۋە قوڭۇر كۆزلەردە ساختا،

كىشىنى ئاسانلا ئازدۇرىدىغان مېھىر - مۇھەببەت كۆرۈنەتتى .

— شاغىبېگ ، — دېدى قەستەن مەزەمزات ، گويا ئابدۇرۇسۇل ئەمىرگە «سەن مېنىڭ مۇئاۋىنىم» دېگەننى ئالاھىدە ئەسكەرتكەندەك ، — شۇ تاپتىكى خۇشاللىقىمنى سۆز بىلەن ئېيتىپ بېرەلمەيمەن . مەن بۇ يورۇق ئالەمدىن ئۈمىد ئۈزگەنىدىم . سىلەر بىلەن ساق - سالامەت كۆرۈشكەنلىكىمگە تېخىچىلا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ ! راست ، ياراتقان ئىگەم ، بارلىق مۆجىزىلەرنى يارىتىدىغان ئۇلۇغ قۇدرەت ئىگىسىسەن !...

موللا ناسىر ئەلەم بىلەن كۆرۈشۈپ بىر چەتتە ، شەمشىدىن خەلپەمنىڭ يېنىدا تۇرغان سىڭار كۆز ئابدۇرۇسۇل ئەمىر بىلەن كۆرۈشۈۋاتقان مەزەمزاتنىڭ كۆزلىرىدىكى ياشنى كۆرۈپ پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى .

«ھەي ، كاززاپ ! — دېدى ئۇ ، شۇ دەمدە خىزىر قىياپىتىگە كىرىۋالغان مەزەمزاتقا قاراپ ، — كېچىلا ئالدىڭدىكى ئادەمنى ئۆلتۈرىمەن دېۋىدىڭ ، ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدا كۆزۈڭنىڭ سۈيىنى ئېقىتىپ ، ئۇنىڭغا كۈچۈكلىنىۋاتىسەن ! سەن نېمىدېگەن مەككار ! ئېبلىسمۇ سەن قىلالىغاننى قىلالمايدۇ ، — سىڭار كۆز بىردەم تۇرۇۋېلىپ خىيالىنى يەنە داۋام قىلدى ، — ھاياتمۇ قىزىق ، ئۇنىڭ بىر مەڭزى ئاق ، بىر مەڭزى قارا ، ئۇ ئۆز مۇددىئاسى ئۈچۈن ئىككى مەڭزىنى بىر - بىرىگە ئالماشتۇرالايدۇ . بۇ دۇنيادا ھىجايغان قاپاق تۇرەلەيدۇ ، ئېگىلگەن گىدىيەلەيدۇ . ئاجايىپ ھىيلە ۋە شۇملۇقلىرى كۆپ بۇ جاھان ئادەملەرنى ئەنە شۇنداق ئويىنىتالايدۇ . »

ئەخمەتخان خوجىنىڭ خىيالى ئۈزۈلۈپ قالدى . موللا ناسىر ئەلەم شەمشىدىن خەلپەم ، مەزەمزات ، ئابدۇرۇسۇل ئەمىر قاتارلىقلارنى باشلاپ ئوردىغا قاراپ يول ئالدى . ھاكىمبەگ ئەتىتىك كېلىپ قازىكالاننىڭ قولتۇقىدىن تۇتۇپ ، ئۇنىڭ بىر يېنىدا بىرنېمىلەرنى دەپ ماڭدى . سىڭار كۆز ئاران ئېرىشكەن

بۇ تۈپتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورققاندەك ئىتتىك كېلىپ مەزەمزاتتىن كېيىنلا خىيال سۈرۈپ ئاياغ تاشلىدى .

«هاكىمبەگكە دەپ بۇ يەردە قالماي باياندايغا بۇگۈنلا كېتەي ! بۇ قېتىمقى باياندايغا قىلىنىدىغان هۇجۇمدا ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ ، داڭقىمنى چىقىراي !» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈرگەن ئەخمەتخان تاملىرى ئېگىز ئوردىنىڭ يوغان دەرۋازىسىدىن هويلىغا كىردى .

*　　　*

ئەخمەتخان ئۆزى ئويلىغىنىدەك ، ئوردىدىكى قارشى ئېلىش زىياپىتىدىن كېيىن ، چېرىكلىرىنى باشلاپ باياندايغا كەتتى . زىياپەتتە مەزەمزات ئەخمەتخان خوجىنى كۆپچىلىككە ئالاهىدە تونۇشتۇرۇپ ، بۇ قېتىمقى باياندايغا هۇجۇم قىلىش جېڭىدە تىللاردا داستان بولغۇدەك تۆهپە يارىتىدۇ ! دەپ ماختىدى . سىڭار كۆزمۇ هاكىمبەگنىڭ سۆزلىرىدىن ئاغزى ـ قۇلىقىغا يېتىپ ئۆزىنى بىلەلمەي قالدى . ئۇ يۇرت چوڭلىرى بىلەن بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشۈپ ، ئۇلارغا مەزەمزات دېگەنلەرنى ئۆز ئاغزى بىلەن دېدى . شۇنداق قىلىپ يەكچەشمە ئەخمەتخان قارشى ئېلىش زىياپىتىدىن باشلاپ هەممىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقان شەخس بولۇپ قالدى .

كۈنچىقىش تەرەپ ئاقىرىشقا باشلىدى . ئورنىدىن ئەتىگەن تۇرىدىغان خوجا ئېرىقتىكى سۇدا تاهارەت ئېلىپ ، ناماز ۋاقتى بولغۇچە ئەتراپنى ئايلاندى . ئۇ ئوتى ئۆچكەن گۇلخانلارنىڭ چۆرىسىدە ئۇخلاۋاتقان قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ ، ئەمىر چېدىرى تەرەپكە كەلدى . قورallıq قاراۋۇللار ئايلىنىپ يۈرگەن ئاق ، يوغان چېدىر ئۇنىڭ كۆزىگە قانىتىنى يېيىپ ئۆزىگە ئېتىلىشقا تەمشىلىۋاتقان ئاق قۇدەك كۆرۈنۈپ كەتتى .

بىرقانچە ھەپتىنىڭ ئالدىدا ئابدۇرۇسۇل ئەمىرنىڭ ئاق چېدىرى بايانداي سېپىلىدىن ئانچە يىراق بولمىغان سۆگەتلىكنىڭ چېتىدە بولۇپ ، دۈشمەننىڭ توپ ئوقلىرى يېتىمىدا دېگۈدەك چۈشەتتى . بىر قېتىم باياندايغا كەلگەن قازىكالان بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ، ئەمىرنىڭ چېدىرىنى يىراقراق بىر پىنھان جايغا كۆچۈرۈشنى تەكلىپ قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ئابدۇرۇسۇل ئەمىرنىڭ چېدىرى سېپىلدىن خېلىلا يىراق قىزىلدۆڭ تەرەپكە كۆچۈرۈلدى .

ئەخمەتخان ئابدۇرۇسۇل ئەمىرنىڭ ئاق چېدىرىغا قاراپ ئۇزاق تۇرمىدى . ئۇ بىردەم تۇرۇپلا قولىنى كەينىگە قىلىپ ، ئاستا مېڭىپ بايانداي سېپىلىغا يېقىنلاپ كەلدى .

چۆرىسىنى ھەيۋەتلىك سېپىل ئورىغان بايانداي قەلئەسى ھەربىي قەلئە بولۇپ ، غەربىي شىمالدىكى تەخمىنەن سەككىز چاقىرىم يىراقلىقتا بولغان سۇلۇق ئالمۇتا غولىنىڭ ئاغزىدىكى تۈزلەڭلىكتە تۇراتتى . بۇ قەلئەنى 18 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شەرقىدىن ئىلىغا كۆچۈرۈلگەن سەككىز مىڭ ئۇيغۇر بىنا قىلغان ، ئۇ ، بۇ ئۇيغۇرلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇلغان ئىلى گۇڭ - بەگلىكى تۇرىدىغان غۇلجا شەھىرى بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى ئىدارە قىلىدىغان ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى ئورۇنلاشقان كۇرە قەلئەسىنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ ، چىڭ خاندانلىقى ھاكىمىيىتىنىڭ كۇرەدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ھەربىي مۇداپىئە قەلئەسى ھېسابلىناتتى . سېپىلى مۇستەھكەم ، ئۆزى ھەر تەرەپتىن خاتىرجەم ۋە قۇدرەتلىك دەپ قارىلىدىغان بۇ قەلئەگە پۈتۈن جاڭجۈن مەھكىمىسىگە تەۋە چېرىكلەرنىڭ ئوزۇقلۇقى ئۈچۈن ئاتمىش «يۇز»[①] دىن ئېلىنىدىغان ھوسۇلنى تۆكىدىغان چوڭ - چوڭ ساڭلار ، ھەربىي ئەسلىھە ، قورال - ياراغ ، ئوق -

---

① ئىلىدىكى «يۇز» لۇك يېزىلار ئاتمىش ئىدى .

دورا ، چىرىكلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەك ئامبارلىرى ، ئارخىپ ئۆيلىرى ، چىرىكلەرنىڭ گازارمىلىرى ئورۇنلاشقاندى .

قوزغىلاڭ باشلانغاندىن كېيىن ، ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى بۇ قەلئەنى قوغداش ۋە قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن كۆرە ھەم باشقا جايلاردىن نۇرغۇن چىرىك يۆتكەپ كېلىپ ، باياندايى قەلئەسىنىڭ مۇداپىئە كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى .

سىڭار كۆز بايانداي سېپىلىغا قاراپ ، بىر قىر ئۈستىدە تۇراتتى . ھەيۋەتلىك قەلئە يورۇپ كېلىۋاتقان تاڭ سەھەر قوينىغا ئالغىلى بولمايدىغان ئاجايىپ ئېگىز ۋە تاملىرى قېلىن قورغاندەك كۆرۈنەتتى .

«پو ئېتىپ قويدۇمۇ ، نېمە ؟ — دېدى ئۇ خىيال سۈرۈپ ، — بۇ سېپىلنى راستتىنلا ئالغىلى بولارمۇ ؟ ھەي ، بىر مۆجىزە يۈز بېرىپ ئېلىنمىسا ، شوتا ـ پوتا بىلەن چىقىپ ئالغىلى زادىلا بولمايدىغاندەك !...»

... بايانداي سېپىلىنى تەگرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شەرقىدىن ئىلىغا كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇرلار سوقۇۋاتاتتى . سېپىل سوقۇشقا ئىلىنىڭ ھەرقايسى يېزىلىرىدىن كەلگەن مىڭ دېھقان ئون بۆلەككە بۆلۈنۈپ ، ھەر يۈز ئادەملىك بۆلەككە بىر يۈزبېگى باشلىق بولاتتى . ھەر يۈز ئادەملىك بۆلەك يەنە ئون كىچىك بۆلەككە بۆلۈنۈپ ، ھەر ئون كىشىلىك بۆلەككە ئونبېشى قارايتتى . ھەر يۈز كىشىلىك بۆلەكتە يەنە بىردىن بوتۇڭ بولۇپ ، ئۇ ھاشارلارنىڭ قېچىپ كەتمەسلىكىگە مەسئۇل بولغاندىن تاشقىرى ، سېپىل سوقۇش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆلچەپ بېرەتتى . پۈتۈن تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن سېپىل سوقۇش شەرق ، شىمال ، غەرب ۋە جەنۇبتىن بىرلا ۋاقىتتا باشلاندى . سوقۇلىدىغان سېپىلنىڭ ئېگىزلىكى يەتتە يېرىم مېتىر ، ئاستى بەش مېتىر ، ئۈستى تۆت مېتىر بولۇپ ، ئۈستىدە قاتار تىزىلغان تۆت چىرىك بىمالال

ماڭالايتتى . سېپىلنىڭ ھەر ئىككى يۈز مېتىر ئارىلىقىدا بەش چېرىك ئازادە تۇرالايدىغان كىچىك قوقتا (پوتەي) ، سېپىلنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا ئىككى قەۋەتلىك خەنزۇچە شەكىلدە چېدىرلىق قىلىپ ، بىر پەي چېرىك تۇرالايدىغان چوڭ قوقتا ياسالدى . سېپىلنىڭ تۆت تەرىپىگە كۆك پىششىق خىشتىن پۇختا ، ئاركىلىق تۆت دەرۋازا ياسىلىپ ، دەرۋازىلارنىڭ ئۈستىگە ئىككى قەۋەتلىك چوڭ قوقتا سېلىندى . سېپىلنىڭ دەرۋازىلىرى تۆمۈر بىلەن قاپلىنىپ ، ئۇنىڭغا ئون ـ يىگىرمە جىڭ ئېغىرلىقتىكى قۇلۇپ سالىدىغان زەنجىر بېكىتىلدى . سېپىل پۈتكەندە ھەربىر دەرۋازىغا بىر پەي چېرىك تۇرغۇزۇپ ، بىردىن زەمبىرەك قويۇلدى . يەنە سېپىلنىڭ چۆرىسىگە كەڭ ۋە چوڭقۇر خەندەك كولىنىپ ، دۈشمەن ھۇجۇم قىلىپ كەلسە خەندەكلەرگە سۇ باشلىنىپ ، سېپىلنى مۇداپىئە قىلاتتى .

ئوقيا تۇتقان چېرىكلەر ئىش مەيدانىنى كۆزىتىپ تۇراتتى . بىرەر ھاشار ئىشتىن توختاپ قالسا ، چېرىكلەر ئوقيالىرىدىن ئوق ئۈزۈپ ، ئۇنىڭ جېنىنى ئالاتتى .

«بىز سېپىلغا چىققاندا ،
خۇدايىم ساقلىسۇن ئوقتىن .
ئەجەبمۇ تويۇپ كەتتۇق ،
جانغا پاتقان زورلۇقتىن .»

دېگەن قوشاق مانا شۇ چاغلاردا ، سېپىل سوققانلارنىڭ ھەسرەتلىك يۈرەك ـ باغرىدىن ئېتىلىپ چىققان ! قولىغا سىم ئورالغان ئەشمە قامچا تۇتقان يۈزبېگى ، ئونبېشىلارمۇ ئىش ئورنىنى تىنىم تاپماي ئايلىناتتى ، سېپىل سوقۇۋاتقانلارنى بىردەممۇ ئارام ئالدۇرمايتتى . مۇبادا ، بەزىلىرى چارچاپ قەددى ـ قامىتىنى رۇسلىۋېلىش ئۈچۈن بىردەم ـ يېرىمدەم تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن يۈزبېگى ۋە ئونبېشىلار ئۇلارنى شۇ يەردىلا

باستۇرۇپ ئۇرۇپ، قىزىل قېنىغا بويىۋەتتى، ئۇنىڭ نالە-پەريادىدىن ئاسماندىكى قۇياشمۇ چىدىيالماي سارغىيىپ كېتەتتى. ھاشارلار مانا شۇنداق دەھشەتلىك زوراۋانلىق ئاستىدا بىرقانچە مېتىر يىراقتىن توپا قېزىپ، توپىنى قاپ، تاغار، زەمبىللەر بىلەن سوقۇلۇۋاتقان سېپىلغا ئاچىقاتتى. ئېغىر ئەمگەك، دەم ئېلىشنىڭ يوقلۇقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېمەك-ئىچمەكنىڭ ناچارلىقى ۋە يېتەرسىزلىكىدىن نۇرغۇنلىرى ئېغىر كېسەل بولۇپ، بۇ ئالەمدىن ئىگراپ خوشلىشاتتى. ھەر كۈنى دېگۈدەك ئون نەچچە ئادەم يا كېسەل سەۋەبى بىلەن، يا تاياق زەربىسىدىن قان يۇتۇپ ئۆلەتتى. ئۆلگەنلەر قايسى «يۈز» دىن بولسا، ئورنىغا يەنە شۇ سەھرادىن ئادەم تولۇقلىناتتى. ئۆلگەنلەرنىڭ جەستى كۆمۈلمەي چەتكە تاشلاپ قويۇلاتتى. يېتىپ قالغان ئېغىر ئاغرىقلارمۇ سېپىلغا توپا ئېلىنغان ئورەكلەردە يېتىپ قالاتتى. ئۇلار كېسەل ۋە ئاچلىق ئازابى بىلەن خۇداغا نالە قىلىپ بۇ يورۇق ئالەمدىن خوشلىشاتتى. بوتۇك ئۆلچەپ بەرگەن سېپىل تېمى پۈتكەندە، يۈزبېگى ئامبالغا مەلۇم قىلاتتى، ئامبال تەكشۈرۈپ ئۆلچەمگە لايىق بولسا ئالاتتى، بولمىسا ئالمايتتى. تەكشۈرۈش قاتتىق بولۇپ، ئامبالنىڭ تەكشۈرىدىغان ئادىمى قولىغا ئۇزۇن ساپلىق نەيزە ئېلىپ، نەيزىنى كۈچ بىلەن سېپىلغا سانجىيتتى. ئەگەر نەيزە مەلۇم يېرىگىچە سېپىلغا پېتىپ كەتسە، بۇنداق سوقۇلغان يەر ئۆتكۈزۈۋېلىنمايتتى. ھەتتا مەسئۇل بولغان بوتۇڭنى شۇ يەردىلا بېسىپ ئۇرۇپ قان قىلىۋېتەتتى. شۇڭلاشقا بوتۇڭلار ئامبال كېلىپ تەكشۈرۈشنىڭ ئالدىدا كوزىلاپ ياخشى ھاراق، چېكىشكە ئەپيۇن تەييارلاپ، ئامبال ۋە يۈزبېگىلەرنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ يىغلاپ، ئاز دېگەندە يىگىرمە — ئوتتۇز سەر ئاق كۈمۈش تارتۇق قىلاتتى. سېپىل مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ نالە-پەريادى، قان-تەر، شېرىن جېنى بەدىلىگە ئۈچ يىلدا ئاران پۈتتى...

سېپىلغا ئۇن ـ تىنسىز قاراپ تۇرغان خوجا بۇ قان ـ ياشلىق تارىخنى بىلمەيتتى ، ئۇ بۇنداق ئەل ـ يۇرتنىڭ قان ۋە يېشى بىلەن يېزىلغان تارىخنى ئاڭلاشنىمۇ خالىمايتتى . ئۇ پەقەت قانداق قىلىپ ئىلى ۋادىسىدا شۆھرىتىنى چىقىرىپ ، ئەڭ چوڭ ھوقۇقنى ئىگىلەش ، ھەددى ـ ھېسابسىز مال ـ دۇنياغا ئىگە بولۇشنىلا ئويلايتتى . سىڭار كۆز بۇ سېپىلنى ئالغىلى بولمايدۇ ، دەپ قارىسىمۇ ، يەنىلا شۇملۇق ، ھىيلە ـ مىكىر بىلەن بۇ قېتىمقى بايانداىغا قىلىنىدىغان ھۇجۇمدا ئۆزىنى كۆرسىتىشنى خىيال قىلاتتى . ئۇ ئامىتى كېلىپ ئىلىغا شۆھرىتىنى تارقىتالىسا ، كېيىنكى يولى ھەسەن ـ ھۇسەنگە ئايلىنىپ ، مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتەلەيتتى .

«ياراتقان ئىگەم ! — دېدى ئۇ ، ئاستا پىچىرلاپ ، — سەن جىمىكى كارامەتلەرنىڭ ئىگىسى ! بۇ قېتىمقى باياندايى جېڭىدە ماڭا نۇسرەت ئاتا قىلىپ مۆجىزە يارىتىشىمغا مەدەت بەرگەيسەن ! ئەڭ بولمىغاندا ماڭا ئەقىل بېرىپ ، داڭقىمنى چىقىرالايدىغان بىرەر ئامال تېپىشىمغا يول كۆرسەتكەيسەن !...»

يىراقتىن بامداتنىڭ ئەزىنى ئاڭلاندى . خوجا كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۆز چېرىكلىرى قالغان تەرەپكە يول ئالدى . ئۇ كېتىۋېتىپ بۇ قېتىمقى باياندايى جېڭىدە قانداق قىلىپ شۆھرەت ـ داڭقىنى چىقىرىشنى ئويلايتتى .

* *

ئابدۇرۇسۇل بەگ ئاق چېدىرنىڭ شىمالىي تەرىپىدە ، ئىككى قەۋەت كۆرپىنىڭ ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئازادە ئولتۇراتتى . ئۇ ئالدىدىكى ئانچە چوڭ بولمىغان شىرەنىڭ ئۈستىگە بىر قولىنى قويۇپ ، دىققەت بىلەن ئەخمەتخان خوجىنىڭ سۆزىنى ئاڭلايتتى . قەددى ـ قامەتلىك ، كەڭ ماڭلىيى تېشىغا تەپكەن ، ئەقىل ۋە

سەممىيلىك چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بۈركۈتنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشايدىغان، ئىككى مەڭزى جۇلالانغان شەپەقتەك كۈلگۈن، ئۇزۇن بۇرۇتلۇق، قىسقا قىرقىما ساقاللىق ئەمىر ھاياجان بىلەن سۆزلەۋاتقان خوجىنىڭ سۆزلىرىگە قىزىقىپ قۇلاق سالاتتى. ئاتىسى چورۇق ھېكىمدەك ئادالەت ۋە خەلقنى قىزغىن سۆيىدىغان ئابدۇررۇسۇل بەگ شۇ كۈنلەردە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن خەلقنىڭ سۆيىدە ئېقىپ، ئوتىدا كۆيەتتى. ئۇ ھەربىر تىنىقىنى سۆيۈملۈك ئەل ـ يۇرتىنىڭ غېمىدە ئالسا، ھەربىر قەدىمىنى ئۇنىڭ نەپىسىدە تاشلايتتى. ئۇلۇغ شائىر موللا بىلال بىن موللا يۇسۇپ ئۆزىنىڭ «غازات دەرمۇلكى چىن» دېگەن مەشھۇر داستانىدا ئابدۇررۇسۇل ئەمىرنى تۆۋەندىكىدەك تەسۋىرلىگەنىدى:

«بەھادىر ئاتاندى بۇ جەڭدە ئەمىر،
نەدۇركىم ئەمىر، شاھ ساھىب سەرىر.
ئەمىردىن ھەممەنىڭ دىلى بولدى شاد،
دۇئا ئەيلەدى تاپتى غەمدىن نىجات.
دېدى بارچە ئادەم يۈرەكلىك ئەمىر،
كى بىزلەرگە دائىم كېرەكلىك ئەمىر.
كى ئابدۇرەسۇل بەگ دىلىدۇر دۇرۇست،
دىلى دۇرۇست ئۈچۈن تۇتتى خەلق ئانى دوست.»①

ئەخمەتخان سىنچى سىڭار كۆزى بىلەن ئابدۇررۇسۇل بەگنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ، ئۇنىڭ روھىي ھالىتىنى كۆزىتەتتى. خوجا ئۆزىگە قىزىقىپ دىققەت بىلەن تىكىلگەن كۆز ۋە چىرايىدىن غەيرىي تۇيغۇ كۆرەلمىگەنلىكتىن، قىسىلماي، ھاياجان بىلەن قايناپ سۆزلەيتتى.

---

① «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995-يىل 3 ـ سان 12 ـ بەت.

— بايانداي سېپىلى تېخىچە ئېلىنماپتۇ. بۇ يەرگە كېلىپ، ئۇنىڭ تېخىچە ساق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئىچىم سىيرىلدى. قوزغىلاڭچىلار بۇ چاغقىچە ھەرقانچە مۇستەھكەم بولسىمۇ قەلئەنىڭ ئىچىگە ئۇلۇغ قىياندەك بېسىپ كىرىپ بولۇشى كېرەكتى! — ئۇ بىر ئۇھ تارتىپ سۆزىدىن توختىدى. باياندايىنىڭ ئېلىنمىغانلىقىدىن قاتتىق ھەسرەتلەنگەندەك ھېسسىياتنى ئىپادىلىگەن سىڭار كۆز يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن كۆپ ئويلاندىم. سىلەرنىڭ بۇ قېتىمقى بايانداي ھۇجۇمىغا قانداي تەييارلىقلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن. مېنىڭ كەلگەن ئىرادەم مۇنداق: ئۆز چېرىكلىرىم بىلەن بولىدىغان ھۇجۇمنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، بىرىنچى بولۇپ سېپىلغا چىقىمەن. يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم! جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولمايدۇ، قۇربان بەرمەي سېپىلغا چىققىلىمۇ بولمايدۇ! ناۋادا، ھۆرمەتلىك ئەمىر، بۇ ئۇلۇغ جەڭدە ئۆلۈپ كەتسەم، ئۆلۈكۈمنى چىغلىقمازارغا دەپنە قىلارسىلەر!

ئابدۇرۇسۇل بەگ بۇ بىر كۆزلۈك ئادەمنىڭ ھاياجانلىق سۆزلىرىدىن خېلىلا تەسىرلەندى. ئۇنىڭ ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان باتۇر مىجەزى ئەمىرگە ياقتى. باتۇر ئادەملەر ئۆزىدەك باتۇر ئادەملەرنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاق كۆڭۈل، سەممىمىي بەگ خوجىنىڭ ساختا، كىشىنى ئالدايدىغان سۆزلىرىگە ئاسانلا ئىشىنىپ كەتتى. چورۇق ھېكىمنىڭ ئوغلى ئالدىدا ئولتۇرغان ئادەمنىڭ ئىبلىسلىقىنى بىلەلمەي، ئۇنىڭ چىرايلىق سۆزلىرىگە ئالدىنىپ، كۆڭلىدە سىڭار كۆزنى باتۇر ئادەمدەك قىلىدۇ، دەپ ئويلىدى.

— راست، دېدىلە، ئەخمەتخان خوجام، — دەپ سۆز باشلىدى ئالدىرىماي، ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن ئابدۇرۇسۇل بەگ ئەقىل ۋە سەممىمىيلىك نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى سىڭار كۆزگە تىكىپ، — نەچچە قېتىم سېپىلغا ھۇجۇم قىلغان

بولساقمۇ ئالالمىدۇق. ئۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىز قۇربان بولدى. دۈشمەنلەر سېپىلغا كىگىز تارتتى، تاي ـ تاي پاختا ۋە يۇڭلارنى تىزىۋەتتى. ئۇلار تاش ـ كېسەك، توپ ـ مىلتىق ئېتىپ، قىزىق ماي چېچىپ بىزنى سېپىلغا يېقىن يولاتمىدى. دېھقانلار دېگەندەك: «سېپىلغا ئۇسۇپ، بېشىمىزغا تاش يېدۇق» ··· — ئەمىر سۆزىدىن توختاپ، خىيال سۈرگەندەك توختاپ قالدى. ئۇ ئوڭ قولى بىلەن ئۇزۇن بۇرۇتىنىڭ ئۇچىنى بۇراپ، خوجىغا قارىدى، — «گاچىنى ئىت قوغلىسا، تىلى چىقىدۇ، ئەخمەقنىڭ بېشىغا توقماق تېگىۋەرسە، ئەقلى پۈتىدۇ» دېگەن گەپ بار. مەن ئويلاپ بىر چارە تاپتىم: «سېپىلنىڭ ئاستىدىن بىر لەخمە كولاپ، لەخمىگە دورا كۆمۈپ پارتلاتساق، بىزنىڭ قوزغالغان خەلقىمىز ھۇررا توۋلاپ بېسىپ كىرىدىغان تۆشۈك ئېچىلامدۇ؟» دەپ خىيال قىلىپ، بۇ تەدبىرىمنى موللا ناسىر ئەلەم ئاخۇنۇمغا ۋە باشقا سەردار ـ پالۋانلارغا دېۋىدىم، ئۇلار بىر ئېغىزدىن توغرا تاپتى. موللىتوختىيۈزىنىڭ يۈزبېگى كېلىپ: «بۇنداق لەخمە كولاشقا سادىر دېگەن ئوغرى باشى، ئۇ ھازىر ئوغلى بىلەن دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ مەشەدە!» دېدى. مەن ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. موللىتوختىيۈزىنىڭ يۈزبېگىنى دەرھال بېرىپ سادىرنى باشلاپ كېلىشكە بۇيرۇدۇم. چېدىردا ئولتۇرالماي چېدىر ئالدىغا چىقىپ سادىرنى كۈتتۈم. موللىتوختىيۈزىنىڭ يۈزبېگى ھايال بولماي سادىرنى باشلاپ كەلدى. بۇرۇن سادىرنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان بولسامۇ، دىدارلاشمىغانىدىم. دېۋىدەك[1] يوغان ئادەمنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. پېشانىسى كەڭ، كۆزلىرى يوغان، كەكە ساقال، ئاق مالخاي كىيگەن سادىر ئالدىمغا كېلىپ قول ئۇزاتقاندىلا، ئېسىمگە كېلىپ قولۇمنى بەردىم. مەنمۇ خېلىلا ئېگىز ئادەمغۇ،

① سادىرنىڭ قەبرىسىنى قېزىپ ئاچقاندا، ئۇنىڭ ياتقان سۆڭىكىنى بېشىدىن تاپىنىغىچە ئۆلچىگەندە ئىككى مېتىر ئىككى سانتىمېتىر چىققان.

ئۇنىڭ يېنىدا مەن پاكار بولۇپ قالدىم . بىز چېدىرغا كىردۇق . سادىر چېدىردىن ئېگىلىپ تەستە كىردى ، — ئەمىر يەنە سۆزىدىن توختاپ ، گويا سادىرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندەك جىمجىت تۇرۇپ قالدى .

ئەخمەتخان سادىرنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغانىدى . ئۇ ئۇنى بىر كۆرۈشنى كۆڭلىگە پۈكتى . «ناۋادا قولىدىن ھەرقانداق ئىش كېلىدىغان بۇ دېۋىنى ئاغزىمغا قارىتىۋالسام ، كېيىنكى ئىشلىرىمدا ماڭا ئەسقاتىدۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن خوجا بۇگۈنلا سادىر بىلەن كۆرۈشۈشنى ئويلىدى .

— مەن ئۆز ئويۇمنى سادىرغا دېيدىم . ئۇ توغرا تاپتى . ئىلىغا داڭقى پۇر كەتكەن پالۋان ماڭا قاراپ ئاغزىنى ئاچتى . ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭلۈك چىرايىدا تارتىنىش دېگەندىن زەررىچە ئەسەرمۇ كۆرۈنمەيتتى . ئۇ ئەركىن - ئازادە ئولتۇرۇپ قورۇنماي سۆزلەيتتى :

«مەن ئۈچ ئوغلۇم بىلەن بۇ قوزغىلاڭغا قاتناشتىم . قولۇمدىن كېلىدىغان ھەرقانداق ئىشنى قىلىش ، مېنىڭ قوزغىلاڭغا قاتنىششتىكى ئىرادەم . بىلىدىلا ، مەن تارتمىغان جەبىر - جاپالار ، مەن ياتمىغان گۈندىخانىلار ، مەن يېمىگەن مۇشت - تاياقلار ، مەن قېچىپ كەزمىگەن دەشت - چۆل ۋە تاغلار قالمىدى . ئۆلمىدىم ، ئۇنىڭ بىرىسى بولدۇم . بۇ قوزغىلاڭغا مەن قاتناشماي كىم قاتنىشىدۇ ؟ قولۇمدىن كېلىدىغان ھەممە ئىشنى قىلماي چىدىيالامدىمەن ؟ ! ياق ! سادىر دېگەن خوخەنزە ! ئۇ ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ كۆزىگە مىخ - زىخ بولۇپ ياشىمىسا ، ياشىغان بولمايدۇ ! بوۋام خوتەنلىك ، بىرنى بىر دەيدىغان ، قىلمەن دېگىنىنى قىلىدىغان مىجەز — مېنىڭ مىجەزىم !…»

ئۇ خىڭىلداپ سۆزلەيتتى ، شۇڭلاشقا خەلق ئۇنى «قاڭرۇق» دەيتتى . ئۇنىڭ چىرايىدا قەيسەرلىك ئىپادىلىنەتتى . مەن بۇ پالۋاننىڭ سۆزلىرىنى بىرىلىپ دىققەت بىلەن ئاڭلىدىم . بىر ئاز

تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، سادىر يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :
«لەخمە كولىماي بولمايدۇ . لەخمە كولىمىساق ، مۇستەھكەم ئۇۋىسىغا كىرىۋالغان چاشقاننى سۇر - سۇر قىلىش تەس ! كىرىشكە تۆشۈك ئېچىۋالساق ، ئۇ چاغدا چاشقاننىڭ ھالىغا ۋاي ! مەن دەۋرانقۇلى ، ئاللاقۇلى ، كېرىمقۇلى ئىسىملىك ئۈچ ئوغلۇم بىلەن لەخمىنى كولاي ! لەخمە پۈتكەندە دورا كۆمۈپ سېپىلنى پارتلىتىمىز . سېپىل پارتلاش بىلەن تەڭلا ھۇررا توۋلاپ ھۇجۇمغا ئۆتىمىز ! »
ئابدۇرۇسۇل بەگ سۆزىدىن توختىدى . لېكىن ئۇ ، بىر پىكىر يادىغا كەلگەندەك دەرھال يەنە ئاغزىنى ئاچتى :
— بىلىدىلا ، ئەخمەتخان خوجام ، سادىر تالاي - تالاي يامۇلىلارنى تېشىپ قاچقان ، تالاي - تالاي بايلارنىڭ ئۆي ۋە ئېغىللىرىنى تېشىپ مال - دۇنيا ۋە ئات - كالىسىنى ئوغرىلىغان داڭلىق ئوغرى بولغاچقا ، لەخمە كولاشنىڭ پىرى ھېسابلىنىدۇ .
ئەمىر يەنە سۆزىدىن توختاپ ، خىيال سۈرگەندەك قىياپەتتە خوجىغا تىكىلدى . سىڭار كۆز ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ سەمىمىي ، ئاق كۆڭۈل ، ئوچۇق - يورۇق مىجەزىنى بىلىپ ، كۆزدىن يوقىتىشنىڭ ئاسانلىقىنى ئويلاۋاتاتتى .
«سەمىمىي ، ئاق كۆڭۈل ، ئوچۇق - يورۇق ئادەملەر ئوڭايلا ئالدىنىدۇ . مەيلى ئۇ ، قانچىلىك ئەقىللىق ۋە باتۇر بولمىسۇن ، مەككارلارنىڭ تۇزىقىدىن قۇتۇلالمايدۇ . بۇنداق ئادەملەر يا تۆھمەتتە قېلىپ ئازابلىنىدۇ ، يا جېنىدىن ئايرىلىدۇ… »
— مەن سادىر پالۋانغا كېرەكلىك سايمانلارنى تەخ قىلدۇرۇپ بەردىم . ئۇ ھازىر ئوغۇللىرى بىلەن كېچە - كۈندۈز جاپالىق لەخمە كولاۋاتىدۇ . جالال دورغا بۇ ئىشقا باش بولدى .
ئەمىرنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا ، ئەخمەتخان سۆز باشلاپ كەتتى . ئۇنىڭ يەكچەشمە كۆزىدە ۋە قارىراق كەلگەن چىرايىدا جىددىيلىك كۆرۈنەتتى .

— بۇ قالتىس ئوبدان پىلان بوپتۇ! ھۆرمەتلىك ئەمىر، لەخمىنىڭ پۇتۇشىنى كۈتەيلى! مەن لەخمە پۇتكىچە چېرىكلىرىمنى قىلىچ، نەيزە ئىشلىتىشنى مەشىق قىلدۇرىمەن! ئارا - گۇرجەك تۇتۇپ ئۆگەنگەن دېھقانلىرىمىز قىلىچ، نەيزە ئىشلىتىشنى بىلىپ كەتمەيدۇ، — ئۇ بىر تىنىۋېلىپ يەنە ئاغزىنى ئاچتى، — ناۋادا ماڭا ھاجەتلىرى چۈشسە، خىزمەتلىرىگە تەييارمەن!

— رەھمەت!

خوجا ئورنىدىن تۇردى. ئابدۇرۇسۇل بەگمۇ سىڭار كۆزىنى ئۇزىتىپ چېدىردىن چىقتى. ئىككىسى چېدىر ئالدىدا، قول باغلاپ، ئېگىشىپ بىر - بىرى بىلەن خوشلاشتى.

قۇياش جەنۇبتىكى دىلمۇك تاغلىرىنى بويلاپ كۇنپېتىشقا قاراپ كېتىۋاتاتتى. كۈنلەر خېلىلا ئىسسىپ، ئاق تېرەكلەر پوتلا چىقىرىپ، سۆگەتلەرنىڭ شاخلىرى جالا بولۇپ قالدى.

* *

سادىرنىڭ قېشىغا كېچىسىلا بارغىلى بولاتتى. كۈندۈزى بارسا سېپىل ئۈستىدىكى چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى مىلتىق ۋە ئوقيالىرىدىن ئوق ئۈزۈپ، قىزىتىلغان ماي چېچىپ، خىش - تاش ئېتىپ جاننى ئالاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن سادىرنىڭ سېپىل تېگىدە لەخمە كولاۋاتقانلىقىنى دۈشمەنلەرگە بىلدۈرمەسلىكمۇ كېرەكتى. دۈشمەنلەر بىلىپ قالسا، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم لەخمە كولىشىغا يول قويمايلا قالماستىن، يەنە ئۆلتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلاتتى. بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەرسىز ئەخمەتخان پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، سادىرلار لەخمە كولاۋاتقان سېپىل تەرەپكە يول ئالدى. ئۇ يېنىغا بىرمۇ مۇھاپىزەتچى ئالماي، ئۆزى يالغۇز سېپىل يېنىغا كەلدى. خوجا بىر يوغان قارىياغاچنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ئۆزىدىن ئانچە يىراق

بولمىغان سېپىلغا قارىدى . كىگىز تارتىلغان سېپىلنىڭ ئۈستىدە ئارىلاپ ـ ئارىلاپ چىلىق سۇلالىسى چېرىكلىرىنىڭ بېشى كۆرۈنۈپ قالاتتى . سىڭار كۆز سادىرلار لەخمە كولاۋاتقان يەرنى بىلەلمەي خېلى ئۇزاق قاراپ تۇردى . ئۇ سېپىلنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە قاراپ چىققان بولسىمۇ ، لەخمە كولاۋاتقان ئورۇن ۋە سادىرلارنى كۆرەلمىدى . خوجا سېپىل تۈۋىگە بېرىش قارارىغا كېلىپ ، بار كۈچى بىلەن يۈگۈردى . سېپىل ئۈستىدىكى چىلىق سۇلالىسى چېرىكلىرى سېپىلغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان خوجىنى كۆرۈپ قالدى . ۋىژىلداپ ئېتىلغان مىلتىق ۋە ئوقيا ئوقلىرى يامغۇردەك توكۇرلاپ ئۇنىڭ چۆرىسىگە چۈشتى . سىڭار كۆزنىڭ كۆزىگە چەكچىيىپ كېلىۋاتقان جەبرائىل كۆرۈندى ، ئۇ : «نېمىشقىمۇ كەلگەندىمەن ؟» دەپ پۇشايمان قىلدى . ئەخمەتخان سېپىلغا يېقىنلاپ قالدى ، ئەمدى كەينىگە قېچىشقا بولمايتتى ، بىردىنبىر يول توختىماي ئالدىغا يۈگۈرۈش ئىدى . ئۆلۈم ھەر تەرەپتىن قوغلاپ كېلىۋاتقاندا ئادەم توشقاندەك يۈگۈرۈك بولۇپ كېتىدۇ . شۇ تاپتا چىرايى تاتىرىپ ، يەكچەشمە كۆزى چەكچەيگەن خوجا گويا قانات چىققاندەك ئۇچاتتى .

تۇيۇقسىز ئېتىلغان مىلتىق ، ئوقيالارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان سادىر لەخمىنىڭ تۆشۈكىگە كېلىپ ، بېشىنى چىقىرىپ قارىدى . ئۇ توكۇرلاپ چۈشۈۋاتقان دۈشمەن ئوقى ئىچىدە ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي سېپىل تەرەپكە قېچىپ كېلىۋاتقان بىر ئادەمنى كۆرۈپ ھەيران بولدى .

«جىنىدىن تويغان كىمدۇر بۇ ؟» دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ ، سادىر ۋارقىرىماقچى بولۇپ ئاغزىنى ئاچتى ـ دە ۋارقىرىمىدى ، ئۆزلىرىنى دۈشمەنگە سەزدۈرۈپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلدى . پەقەت پالۋان قولىنى چىقىرىپ پۇلاڭلىتىپ بەلگە بەردى . «قاڭرۇق» نىڭ كۆڭلىگە : «كۈپكۈندۈزدە قانداق مۇھىم ئىش بىلەن مېنىڭ يېنىمغا كەلگەندۇر بۇ ئەخمەق ؟»

دېگەن خىيال كېلىپ، يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقاندىن كۆز ئۈزمىدى.

سىڭار كۆز ئاغزىدىن ئاللانىڭ ئىسمىنى چۈشۈرمەي تەرلەپ ـ پىشىپ يۈگۈرەيتتى. ئۇ سېپىلدىن تاشلانغان بىر يوغان تاشقا پۇتلىشىپ دۈم چۈشتى. تاتلىق جان ئۇنى دەرھال ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي ئالدىغا ماڭدۇردى، قارىغۇ ئەجەل خوجىنىڭ جېنىنى ئالالمىدى، ئۇ بىر يوغان قول پۇلاڭلىغان سېپىل تۈۋىگە يېتىپ كەلدى. ئەخمەتخاننىڭ يەكچەشمە كۆزى چەكچىيىپ، يۈزىدىن تەر قۇيۇلاتتى، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ زادىلا ئۆزىنى باسالمايتتى.

— نېمىدەپ كەلدىڭ؟ — دېدى ھەرقانداق ئادەمنى سەنلەپ سۆزلەيدىغان سادىر، خوجىغا ئەجەبلىنىپ قاراپ. پالۋانغا ئەخمەتخاننىڭ يەكچەشمە كۆزى شۈملۈكنىڭ ئۇۋىسىدەك كۆرۈندى.

— سېنىڭ بىلەن سۆزلىشەي دەپ كېلىۋىدىم.

— سۆزلىشىشتىن باشقا مۇھىم ئىشىڭ يوقمۇ؟

— سېنىڭ بىلەن سۆزلىشىشمۇ مۇھىم ئىشقۇ!

— كېچىدە كەلمەمسەن؟ كۈندۈزى كەلسەڭ، جېنىڭدىن ئايرىلىدىغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ ھېلىمۇ، يەكچەشمە، تەلىيىڭ بار ئىكەن، ئۆلمەي تىرىك قالدىڭ!

— مەن ئاسان ئۆلىدىغانلاردىن ئەمەس!

— ئەپتىڭدىن ئاسان ئۆلىدىغانلاردىن ئەمەسلىكىڭ چىقىپ تۇرىدۇ. كۆپىنچە ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، ياخشى ئادەملەر ئاسان ئۆلىدۇ. بۇ جاھاندا ياخشىغا كۈن يوق، دېگەننى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، — سادىر سۆزىدىن توختاپ، ئۇنىڭغا ھومىيىپ قارىدى، — سەن ئۆزۈڭ كىم؟ نەدىن كەلدىڭ؟ ئىسمىڭ نېمە؟ ... مېنىڭ بىلەن نېمە توغرىسىدا سۆزلەشمەكچىدىڭ؟...

— ئېتىم ئەخمەتخان، مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەۋلادى خوجا بولىمەن! يۇرتۇم چىغلىقمازار. باياندايغا بىرقانچە كۈننىڭ

www.uyghurkitap.com

ئالدىدا چىرىكلىرىمنى باشلاپ مەزەمزات هاكىمبەگ بىلەن بىللە كەلدىم...

— مەزەمزاتنى كۆرەدە گۇندىخانىدا دەپ ئاڭلىغۇدىم، ئۇ قانداق كەپتۇ؟ — دېدى سادىر ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ، لەخمىنىڭ ئاغزىدا سىپىلغا يۆلىنىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرغان خوجىغا قاراپ، — مېنى بىلەمسەن؟ ئىسمىم سادىر، ئىلىدا داڭقى چىققان ئوغرى! — ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ يەنە ئاغزىنى ئاچتى، — لەخمىگە چۈش! كىچىكمەي سىپىلدىكىلەر قىزىتىلغان ماي چاچىدۇ، ئىچىدە قېلىپ كۆيۈپ كەتمىگىن! بولدى. قاراڭغۇ چۈشكىچە قايتىپ كېتەلمەيسەن. بۇنىڭ ئىچىدە ماڭا دەيدىغانلىرىڭنى خاتىرجەم دېيەلەيسەن.

سادىرنىڭ سۆزى ئۈزۈلۈپ قالدى. سىپىلدىن قىزىتىلغان ماي چېچىلىشقا باشلىدى. ئەخمەتخان سادىرنىڭ سۆزى بىلەن لەخمىگە چۈشۈۋالغاچقا، قىزىق ماي ئىچىدە قالمىدى. لەخمە ئاغزى سىپىلنىڭ ئاستىدا بولۇپ، قىزىتىلغان ماي ئىچىگە چۈشمەيتتى. پەقەت يەرگە چۈشكەن ماي ئېقىن هاسىل قىلالىسىلا، لەخمىنىڭ گەمىنىڭ ئاغزىدەك ئاغزىدىن ئېقىپ ئىچىگە كىرىشى مۇمكىن ئىدى.

لەخمىنىڭ ئىچى دىڭخۇلۇ[1] بىلەن يورۇپ تۇراتتى. خۇددى سادىردەك قەددى ـ قامەتلىك ئۈچ ئەركەك لەخمە كولايتتى. يىگىتلەرنىڭ بىرى لەخمە كولىسا، قالغانلىرى دەم ئېلىپ، كولاشنى زادىلا توختاتمايتتى.

قاڭرۇق بىلەن سىڭار كۆز لەخمىنىڭ ئاغزىدا، ئىككى تېمغا يۆلىنىپ، بىر ـ بىرىگە قارىشىپ زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى.

— هە، يەكچەشمە، ئەمدى ماڭا دەيدىغانلىرىڭنى دېسەڭ بولىدۇ!

سادىرنىڭ ئۆزىنى «يەكچەشمە» دەپ ئاتىغانلىقىدىن،

① دىڭخۇلۇ — چىراغ.

خوجىنىڭ ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئەخمەتخان: «ماڭا ئەگەشسىلا، مېنى نېمە دېسە دېمەمدۇ؟» دەپ ئۆزىگە تەسەللى بەردى.

— سېنىڭ بىلەن، سادىر، جان ئاغىنە بولغىلى كەلدىم، خالىساڭ پاك پەرۋەردىگارنىڭ مۇبارەك نامى بىلەن قول بېرىشىپ سادىق ئاغىنە بولايلى! — دېدى خوجا يالغۇز كۆزىنى پالۋانغا چەكچەيتىپ تىكىپ.

سادىر كۇلۇپ كەتتى.

— نېمىشقا مېنىڭ بىلەن ئاغىنە بولغۇڭ كېلىپ قالدى؟ هۇي، يەكچەشمە، بۇنىڭدا بىر غەرىزىڭ بارغۇ دەيمەن؟…

— نېمە غەرىزىم بولسۇن!؟ داڭقى چىققان پالۋانلار بىلەن جان ئاغىنە بولۇش مېنىڭ ئادىتىم. سېنىڭ بىلەن دوستلىشاي دېگىنىمنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ!…

— شۇنداق بولسىغۇ ياخشى! لېكىن، دوپپامغا جىگدە سالمەن دېسەڭ، بىلگەن كۇنۇم ئانا ـ ماناڭنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىپ قويىمەن! بىلىسەن، مەن بىر ئاددىي ئادەم، لېكىن ياخشى ـ يامانىنى، ئاق ـ قارىنى ئايرىۋالغۇچىلىكىم بار! — دېدى سادىر جىددىي قىياپەتتە ئەخمەتخانغا تىكىلىپ. پالۋاننىڭ چاقناپ تۇرغان يوغان كۆزلىرىدىن چېچىلغان ئۇچقۇن خوجىنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى كۆيدۈرۈپ، ئەيمەندۇرۇۋەتتى.

— دوپپاڭغا جىگدە سالسام، ماڭا نېمە پايدا يا سەن بىر هاكىمبەگ بولمىساڭ، قازىكالان بولمىساڭ؟! تازا گۇمانخورمۇ نېمە سەن؟! مەن، بىلەمسەن، چوڭ ئىشلارنى قىلىشنىڭ غېمىدە يۈرگەن بىر ئادەم! بۇ يولدا ماڭا يۆلەك بولارمىكىن دەپ سېنىڭ بىلەن ئاغىنە بولماقچىمەن.

سادىر ئويلىنىپ قالدى. ئۇ ئوقۇمىغان بولسىمۇ، ئاق ـ قارىنى ئايرىۋالالايتتى. خوجىنىڭ بىر كۆرۈپلا ئۆزىگە ياقمىغان ئەپتىدىن سەمىمىيلىك ۋە ئاق كۆڭۈللۈكنى كۆرمىدى، بۇ

چەكچەيگەن كۆزلەردە بىر شۇملۇق چاقناۋاتقاندەك قىلاتتى .
— چوڭ ئىشلار بولۇۋاتىدىغۇ ! خەلقنىڭ زۇلۇم ۋە زورلۇقتا چىدىماي قوزغالغانلىقى چوڭ ئىش ئەمەسمۇ ؟ ! قوزغالغان خەلققە ياردەم قىلىپ ، ئۇنى مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتكۈزسەك ، چوڭ ئىش قىلغان بولىمىزغۇ ؟ ! بۇنىڭدىن باشقا سىنىڭ يەنە قانداق چوڭ ئىشىڭ بار ئىدى ؟ !...
— دېگىنىڭغۇ توغرا ! — دېدى سىڭار كۆز سادىرغا ھىيلە ـ مىكىر ۋە شۇملۇق چېچىۋاتقان كۆزلىرىنى تىكىپ ، — ئاخىرى يۇرتقا ئاتا كېرەكقۇ ؟ سەن بىلەن مەن ئاتا بولساق بولامدىكەن ؟ ئاتىلىق سىنىڭ بىلەن ماڭا ياراشامدىكەن ؟ مېنىڭ دەۋاتقان چوڭ ئىشىم ، مانا شۇ !...
سادىر خوجىنىڭ غەرىزىنى چۈشەندى . ئۇ قوزغىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپ ، «ئاتا» بولۇش غېمىدە يۈرگەن بىر قارا نىيەت ئىكەنلىكىنى بىلدى . پالۋان ئۇنىڭدىن يىرگەندى ، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن غۇژژىدە غەزەپ ـ نەپرىتى ئۆرلەپ ، خوجىنى لەخمىدىن كۆتۈرۈپ تاشلىۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى ، سىپىل ئۈستىدىن تېخىچە ماي چېچىلىۋاتقانلىقىدىن ئېغىر خورسىنىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى .
— يەكچەشمە ، بۇ يەرگە خاتا كەپسەن ! مەن سېنىڭدەك ئادەملەر بىلەن ئۇلپەت بولۇپ بىر يولدا ماڭىدىغانلاردىن ئەمەس ! مەن دېگەن ئەل ـ يۇرتنىڭ غېمىدە يۈرگەن بىر ئادەم ! ماڭا «ئاتىلىق» ، «ئەمەل» دېگەنلەر كېرەك ئەمەس . ئەل ـ يۇرتۇم كۈلسە ، ماڭا بەخت شۇ ! قوزغىلاڭ ئۇتۇق قازانسىلا ، ئۆز يۇرتۇم مۇستەقىل بولۇپ مۇللىتوختىيوزىگە كېتىمەن . ئاخىرقى ئۆمرۈمنى تىنچ ـ خاتىرجەم ياشاپ ئۆتكۈزسەم بولدى . بىلەمسەن ، يەكچەشمە ، شالۋۇرۇمنى كاۋاپ قىلىپ يېگەن ، گۈندىخانىدا پىت ـ بۈرگىلەرگە يەم بولۇپ ياتقان چاغلىرىمدىمۇ ئەل ـ يۇرتنىڭ بەختىنى ئويلىدىم ، ئاتا بولۇشنى زادىلا ئويلىمىدىم . مېنىڭ دەيدىغىنىم شۇ ! ماڭا يەنە چۈشەندۈرمەن دېمىگىن ! سۆز بىر ، قۇلاق ئىككى ! مەن تەكرارلانغان سۆزلەرنى ياخشى كۆرمەيمەن !

قاراڭغۇ چۈشكىچە لەخمىدە ئولتۇرۇپ ، قاراڭغۇ چۈشكەندە قۇيرۇقۇڭنى قىسىپ ئاستا كېتىۋال ! ساڭا دەيدىغان باشقا گېپىم يوق !...

سادىر ئورنىدىن تۇرۇپ ئوغۇللىرىنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى . خوجا ئۇنىڭ كەينىدىن ئاغزىنى ئېچىپ ، نېمە دېيىش ، نېمە قىلىشنى بىلمەي ھاڭۋېقىپ قالدى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرېسى

## بەشىنچى باب

# بىلالنىڭ مۇخەممىسى

كېچە ئۆزىنىڭ قاپقارا چاچلىرىنى يېيىپ ئادەملەرنى ئۇيقۇغا چىللايتتى . ئوچۇق ئاسماندىكى يۇلتۇزلار جىمىرلاپ جۇلالىناتتى . شىمالدىكى تاغلاردىن كېلىۋاتقان شامال لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان گۇلخانلارنىڭ يالقۇنلىرىنى سوزۇپ ، ئالتۇن ئۇچقۇنلىرىنى ئۇچۇرۇپ ئوينىناتتى . قاراڭغۇلۇقتا ھەر تەرەپكە سوزۇلغان يالقۇنلار ، چېچىلىۋاتقان زەر ئۇچقۇنلار ئاجايىپ چىرايلىق مەنزىرە ھاسىل قىلاتتى . ھەربىر گۇلخان چۆرىسىدە ئولتۇرغان قوزغىلاڭچىلارنىڭ يۈزلىرى يورۇپ ، كۆزلىرى چاقنايتتى . بەزى گۇلخانلاردا قىزىق پاراڭ بولۇۋاتسا ، بەزى گۇلخانلاردا چېلىنىۋاتقان تەمبۇر ۋە دۇتارغا جور بولغان ناخشا ياڭرايتتى .

مانا ، قارىياغاچ يېنىدا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان گۇلخاندىن ياڭرىغان مۇقام ئۆزىنىڭ مۇڭلۇق ئاھاڭى بىلەن ئولتۇرغانلارنى ئۆزىگە بەند قىلىۋالدى . دۇتار ، تەمبۇردىن چىقىۋاتقان سىرلىق ئاھاڭ ، ئۇنىڭغا تەڭكەشلىنىپ ئېيتىلىۋاتقان نەچچە مىڭ يىللاردىن كېلىۋاتقان مۇقەددەس مۇھەببەت قىزىلدۆڭنىڭ كەينىدىكى كەڭ غولنىڭ ئىچىگە پاتماي ئاسمان بوشلۇقىغا ئۇچاتتى . ئىچ ـ ئىچىدىن پىغانى ئۆرلەپ تەمبۇر چېلىپ ، مۇقام ئېيتىۋاتقان ئادەم بېشىغا قىزىل دوپپا ، ئۇچىسىغا قارا پەرىجە

كىيگەن پېشانىسى كەڭ ، قارا قاشلىرى تېگىدىكى قوي كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان ، قاڭشارلىق ، ئېڭىكىنى تەكشى قىرقىلغان قارا ساقال قاپلىغان ئۇزۇن بۇرۇتىنىڭ ئايىغى ساقىلى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن ئوتتۇز ئالتە ياشلاردىكى ئاتاقلىق شائىر موللا بىلال بىن موللا يۇسۇپ ئىدى . بىلالنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى «نازىم» بولۇپ ، ئۇنىڭ يېنىدا دۇتار چېلىۋاتقان كىشى شائىردىن پاكارراق بولۇپ ، جانجىگەر ئاغىنىسىنىڭ يۈرەك مۇڭىغا بارلىق ماھارىتىنى تەڭكەش قىلاتتى . گويا يەر ـ ئاسمان ، دەل ـ دەرەخلەر مۇرادىغا يېتەلمىگەن ئاشىقنىڭ چىن ، ساپ ۋە گۈزەل مۇھەببىتىنى جىمجىتلىق ئىچىدە ئاڭلايتتى .

پېقىرچىلىقتا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان يىگىرمە تۆت ياشلىق نازىم بىر ساھىبجامال گۈزەلگە ئاشىق بولۇپ قالىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن شائىر بەيتۇللا مەدرىسىنىڭ موسەمماسى[1] غا چىقىپ ، ئۆز مەشۇقى ھەققىدە نەزمە يازىدۇ . ئۇ مۇشۇنداق ئۈچ يىلنى ئۆتكۈزىدۇ . موللا بىلال يازغان نەزمىلىرىنى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە رەتلەپ ، تۈپلەپ ، بىر يېشىل تاۋار جىلتىغا سېلىپ ، مەشۇقى ساھىبجامالغا تەقدىم قىلىدۇ . يارىمۇ بۇ نەزمىلەر توپلىمىنى ساندۇقتا سېلىپ قىممەتلىك بۇيۇم سۈپىتىدە ساقلايدۇ .

قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى شائىرنى «گاداي» ساناپ ، قىزنىڭ رايىغا باقماي ، باشقا بىرىگە مەجبۇرىي ياتلىق قىلىۋېتىدۇ . نازىم بۇ جۇدالىقتىن قاتتىق ئازابلىنىدۇ ، لېكىن مۇرادىغا يېتەلمىگەن ئاشىق بۇ مۇھەببىتىنى ، تارتقان قايغۇ ـ ئازابلىرىنى ئۇنتۇيالمايدۇ . ئۇ گاھىدا تەمبۇر چېلىپ ، ناخشا ئېيتىپ ئۆز يىغانىنى يەرۇ ئاسمانغا چاچىدۇ . شۇ تاپتىمۇ كونا ـ يېڭى يارۇ بۇرادەرلىرى بىلەن گۈلخان چۆرىسىدە ئولتۇرۇپ ، ئاشۇ ئازابلىق كەچۈرمىشلىرىنى يىغان بىلەن بايان قىلىۋاتاتتى . ئۇ ئۆز

---

[1] موسەمماسى — ئەزان ئېيتىدىغان جاي — پەشتاق .

www.uyghurkitap.com

مەشۇقىنى غۇلجا شەھىرىدە بىرىنچى قېتىم كۆرگەندىكى ھېس ـ تۇيغۇلىرى بايان قىلىنغان غەزىلىنى «ئەجەم» مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسىگە سېلىپ پىغان بىلەن ئېيتىۋاتاتتى :

«مەن ئىلى شەھىرىدە كۆردۈم ۋەھ ئەجايىپ بىر پەرى ،
نەپەرىدۇر مەھۋەشكىم ھۇر سۇفەتلىك دىلبەرى .
دۇختەرىدۇر جىلۋىلىك نازۇكەرەشمە بىرلە كىم ،
قۇيدىلەر ناگاھ قەدەم ئول كوچادىن بازار سەرى .
كەينىدىن سۇرئەت بىلەن باردىم كۆرەي دەپ يۈزىنى ،
ناگىھان ئاچتى يۈزىنى ئول سائادەت ئەختەرى .
ئول زەمان كۆردۈم يۈزىنى بۇ باشىمدىن كەتتى ھوش ،
قالدى ھەسرەتتە قەمەر ، ھەيران خۇرشىد خاۋەرى .
نەبالاغا ئۇچرادىم كەتتىم ئۆزۈمدىن ئول كۈنى ،
يىغلادى ھالىمغە كۇھىستان ئارا ياشۇ قېرى .
ئاتەشى ئىشق تۇتاشتى ئۆرتەدى باغرىمنى كۆپ ،
بۇ جەھەتتىن تۇتى ئى دىل شاد ئەمەس ئاندىن بىرى .»

نازىمىنىڭ كۆڭۈل مۇڭىغا تويۇنغان ئاۋازى بارغانسېرى يۇقىرى ئۆرلەپ ، بىر گۈزەل ، پاك ۋە يالقۇنلۇق مۇھەببەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ كۈيلەيتتى . بۇ بىر كۆرۈپ يۈرىكىگە ئوت كىرگەن ئاشىقنىڭ ناخشىسى بولۇپ ، تەبىئىي ئويغانغان مۇھەببەتنىڭ سېھىرلىك كۈچ ـ قۇدرىتىنى بايان قىلاتتى . گۈلخان چۆرىسىدە ئولتۇرغانلارنىڭ بەزىلىرى تاماكا چېكىپ ؛ بەزىلىرى تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئاھ ئۇرۇپ ؛ بەزىلىرى ئۈن ـ تىنسىز مۇقامغا بەند بولۇپ ئاڭلايتتى .

ياخشى ۋە تەسىرلىك ئېيتىلغان ناخشا يۈرەككە خۇددى توك تەگكەندەك تېگىپ ، دەرھال كۆڭلىنى ئەسىرگە ئېلىۋالىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئاڭلىغۇچى ناخشىغا بەند بولۇپ ، پۈتۈن ئەس ـ يادى

بىلەن ئاڭلايدۇ . شۇ تاپتا گۈلخان چۆرىسىدىكى ئاڭلىغۇچىلار نازىمنىڭ مۇقامىغا مانا شۇنداق ھالەتتە قۇلاق سالاتتى .

«مەن نەدەپ ۋەسفىنى ئېتەي ھۆرى جەنان يەڭلىغ ئېرۇر ،
ھۆسنى ئىقلىمدا گويا بارچە قىزلار سەرۋەرى .
جۈملە دۇختەر ئەختەر ئولسە ، ئول پەرۋىش شەمسىدۇر ،
بارچە بەلكى لەئلى بولسە ، ئول سەدەفنىڭ گەۋھەرى .
بەلكى مېھراب قاشىنىڭ ، تال بويىنىڭ ، گۈل رۇيىنىڭ ،
بولمىغاي مانەندەسى شەھبال پەرىنىڭ دۇختەرى .
ھەر كىشى ۋەسفىن ئىشىتتى ئىشقىدە بولدى ئەسىر ،
ھەم بىلالى تەلبەدۇر ئۇشبۇ ئەسىرلەرنىڭ بىرى .»

نازىم ئەجەم مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسىنى تۈگىتىپ ، گويا ئۆز ۋاقتىدىكى مۇھەببەت قايغۇ - ئەلەملىرى يۈرىكىنى ئېلىكىگە ئېلىپ ، يىغان قوزغىغاندەك تەمبۇرىنى تۇتۇپ جىمجىت ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا سۆيۈملۈك مەشۇقى كېلىپ ، قىيا بېقىپ كۈلۈمسىرەيتتى . بىلال چىدىماي : «ئاھ !» دەۋەتتى . ئاشىقىنىڭ ئىشق دەردىنى بىلىدىغانلار بۇ «ئاھ !» نىڭ سىرىنى چۈشەندى .

ئولتۇرغانلار ئارىسىدا شائىرنىڭ يۈرەك دەردىنى بىلمەيدىغانلارمۇ بار ئىدى . بۇرۇتى ھىلال ئايدەك ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت گەپ باشلاپ قالدى .

— بىر كۆرگەن يىگىتنىڭ يۈرىكىگە ئوت سالغاندەك ئاجايىپ گۈزەل پەرى - پەيكار ئوخشىمامدۇ ؟ !

— ناتايىن ! ... — دېدى يەنە بىر قاشلىرى قارلىغاچ قانىتىدەك كەڭ ۋە قويۇق ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم ، — ئادەتتىكىدەك قىزلارنىمۇ بىر كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ قالىدىغانلار بولىدۇ . ئۇنىڭ ئىللىق چىرايى ، تەبەسسۇمى يىگىتلەرنىڭ

يۈرىكىگە ئوت يېقىشى مۇمكىن . مۇھەببەت — ئۇ تەقدىر! لەيلىنى يۈزلىرى چوقۇر سەت قىز دېيىشىدۇ . قەيس ئۇنىڭ ئىشقىدا مەجنۇن بولۇپ دەشت ـ چۆللەرگە چىقىپ كەتتىغۇ ! ؟ لەيلىنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرۈش ئۈچۈن مەجنۇننىڭ كۆزى كېرەك ، دېگەن سۆز بەلكىم بىكار چىقمىغاندۇر ! ؟… بىزدە كۆرگەن چىرايلىق ئەمەس ، سۆيگەن چىرايلىق ، دېگەن گەپمۇ بارغۇ ! ؟…

شۇنداق قىلىپ گۈلخان چۆرىسىدە ئولتۇرغانلار بەس ـ مۇنازىرىگە چۈشۈپ كەتتى . موللا بىلال ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ يالغۇز ئايلىنىشنى خالاپ قالغانىدەك گۈلخاندىن يىراقلاپ كەتتى . ئۇ تېخىچىلا ئۆزىگە قاراپ تەبەسسۇم قىلىۋاتقان مەشۇقى بىلەن خىيالەن سۆزلىشەتتى .

«مېنى ئۇنتۇپ كەتتىڭىزمۇ ؟ — دەيتتى ئۇ يالغۇز كېتىۋېتىپ ، — يا ئەسلەپ تۇرامسىز ؟…»

* *

ھاۋا خېلىلا ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى . دەل ـ دەرەخلەر خېلىلا كۆكىرىپ ، دالا — تۈزلەردىمۇ يېشىل گىياھلار پەيدىرلايتتى . كۈنلەر ئىسسىپ ئادەملەر كۆڭلەكلىرىنىڭ ئۈستىگە يالاڭ چاپانلىرىنى كىيىپ ، قېلىن ۋە پاختىلىق چاپانلىرىنى سېلىۋەتتى .

قىزىلدۆڭنىڭ باغرىدىكى ئاق چېدىر ئالدىدا ۋە ئەتراپىدا مۇھاپىزەتچىلەر تۇراتتى ۋە ئايلىنىپ يۈرەتتى . ئۇلارنىڭ قوللىرىدا قىلىچ ، نەيزە ، مىلتىق قاتارلىق قوراللار بولۇپ ، يۇلتۇزدەك كۆزلىرى ھەر تەرەپكە چاقناپ تىكىلەتتى . ئاق چېدىرنىڭ ئارقا ۋە يان تەرەپلىرىدە ئۈچ چېدىر كۆرۈنەتتى . تۆپىلىكنى كولاپ ياسىغان گەمىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق تۇراتتى . بۇ

گەمە ۋە چېدىرلاردا ئابدۇرۇسۇل ئەمىرنىڭ مۇلازىم ۋە مۇھاپىزەتچىلىرى، ناغرىچىلار ياتاتتى. كۆنگە قاقلانغان ناغرىلار بىلەن چوڭ دۇمباق ئادەملەرنىڭ دىققىتىنى تارتاتتى.

ئابدۇرۇسۇل ئەمىرنىڭ يوغان ئاق چېدىرىدا ناماز پېشىندىن كېيىن باشلانغان كېڭەش داۋام قىلىنىۋاتاتتى. تېگىگە تولدۇرۇپ كىگىز، تۆر تەرىپىگە رەڭدار گىلەم سېلىنغان چېدىرنىڭ ئىچىدە، چېدىر ياقىلىتىپ سېلىنغان تاۋار كۆرپىلەردە ئادەملەر باداشقان قۇرۇپ ئولتۇراتتى. تۆر تەرەپتە سېرىق يېپەك سەللىلىك، كۆزلىرىدە دائىم ھېكمەتلىك نۇر چاقنايدىغان قازىكالان موللا ناسىر ئەمەل ئاخۇنۇم، ئۇنىڭ سول تەرىپىدە كىمخاب تۇماق، موۋۇت پەرىجە كىيگەن، يوغان ۋە قوڭۇر كۆزلىرى خىيال چېچىۋاتقان مەزەمزات، ئوڭ تەرىپىدە كەمچەت تۆپە، قىسقا پەشمەت كىيگەن، بۇغداي ئۆڭلۈك چىرايىدا ئۇلۇغۋار تۇيغۇلار جۇلالانغان ئابدۇرۇسۇل ئەمىر ئۈچى كۆپچىلىككە كۆز تىككەتتى. چېدىرنىڭ ئىككى تەرىپىدە قوزغىلاڭچىلارنىڭ سەردارلىرى جىددىي، كۆڭۈل قويۇپ بولۇۋاتقان پاراڭلارغا قۇلاق سالاتتى. ھاكىمبەگنىڭ تەكلىپى بىلەن بۈگۈنكى كېڭەشكە ئەخمەتخان خوجىمۇ قاتنىشىپ، چېدىرنىڭ سول تەرىپىدە بىر پۇتىنى تىزلەپ، بىر پۇتىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، يەكچەشمە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ئولتۇرغانلارغا سىنچىلىق بىلەن تىكىلەتتى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن ئۆزىگە دوست بولالايدىغانلارنى ئىزدەۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

قېرىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا قېرىلىقىغا تەن بەرمەي كېلىۋاتقان قازىكالان ئىچىگە ئولتۇرغان كۆزلىرىنى ئۇچقۇنلاندۇرۇپ، ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى تومپىيىپ چىققان ئاق چىرايىدا يۈرىكىنىڭ نۇرى چاقنايتتى.

— باياندايدىكى دۈشمەنلەر باياندايغا خېلىلا پۇختا

ئورۇنلىشىۋالدى . ئىلىنىڭ كىگىز ۋە تاي ـ تاي پاختا ، يۇڭلىرىنى دالدا قىلىۋالغانلىقتىن ، يەنە ئۇلاردا پو ۋە مىلتىقلار بولغانلىقتىن سىپىلغا قىلغان ھۇجۇملىرىمىز پايدىسىز بولۇپ كەلدى . تۇتۇلغان «تىل» دىن ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا قارىغاندا ، باياندايدىكىلەر بىر يىلغىچە ئوزۇق ـ تۈلۈك ، ئوق ـ دورىدىن غەم قىلمايدىكەن . ئۇلار قاراسۇدىن يەر ئاستى ئېرىقى قېزىپ ، سىپىل ئىچىگە ئەكىرىۋاپتۇدەك . يەنە ئېھتىياتتىن قۇدۇقلارنىمۇ قازغان ئوخشايدۇ .

قازىكالان ئاپئاق ساقاللىرىنى سىلاپ خىيال سۈرگەندەك كۆپچىلىككە قاراپ سۆزىدىن توختىدى . ئۇنىڭ سۆزدىن توختىشى ، دەيدىغانلىرىنىڭ بىر قىسمى تۈگىگەنلىكىدىن ، ئەمدى يېڭى قىسمىنى باشلايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى . موللا ناسىر ئەلەم كۆپچىلىككە بىر قاراپ چىققاندىن كېيىن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— ئابدۇرۇسۇل ئەمىر باياندايىنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن ، بىرنەچچە كېچە ئۇخلىيالماي قاتتىق ئازابلاندى . ئۇ باياندايىنى ئېلىشنىڭ ئۇسۇل ـ چارىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ ، ئاخىرى سىپىلنىڭ ئاستىدىن لەخمە كولاپ ، دورا كۆمۈپ باياندايغا كىرىش يولى ئېچىشنى توغرا تاپتى . مەن ئەمىرنىڭ بۇ چارىسىنى توغرا تاپتىم . ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ لەخمە كولاشقا ئىلىدا داڭقى چىققان پالۋان سادىرنى لايىق كۆردۇق . ئۇنىڭ نۇرغۇن يامۇللارنى تېشىپ چىققانلىقى ھەممىگە ئايان . خەلق ئازادلىقى يولىغا ئاتلىنىپ چىققان سادىر بۇ ۋەزىپىنى خۇشاللىق بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ، ئالدىنقى كۈنى كەچتە لەخمىنى كولاپ بولدى ، — موللا ئەلەمنىڭ خاسىيەتلىك بىر نۇر چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى كۆپچىلىككە تىكىلدى . ئۇ شۇ تاپتا تازا تاۋىغا كېلىپ كۆرۈنگەن ئوۋىغا ئېتىلىشقا تەييارلانغان قېرى ، لېكىن كۈچىدىن قالمىغان بۈركۈتكىلا ئوخشايتتى ! — بۈگۈن كېچە لەخمىگە

كۆمۈلـدىغان دورىنى يەتكۈزۈپ بەرسەڭ ، ئەتە تاڭ سەھەرگىچە بـۇ دورا لـەخـمـىگە كۆمۈلۈپ ، دورا قۇيۇلغان پىلتە — كالا ئـۈچـىـيـىـنىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇپ بولىدۇ . بىز تولۇق تەييارلىق قىلىپ ، خۇدانىڭ بىر قۇتلۇق كۈنىنى تاللاپ ، سېپىل پارتلىغان زامـان ھۇجۇمغا ئۆتسەڭ ، خۇدا بۇيرۇسا ، بۇ قېتىم باياندايىنى چوقۇم ئالىمىز ! ... — موللا ناسىر ئەلەم يەنە سۆزدىن توختاپ ، كـېـچـەش ئـەھـلىگە قاراپ چىقتى . ئولتۇرغانلارنىڭ چىرايىدا چـاقـنـاۋاتـقـان ئـىـشەنچ ۋە خۇشاللىقنى كۆرۈپ ، قازىكالانمۇ ھـايـاجانلاندى . ئۇ ئوڭ تەرىپىدىكى ئابدۇرۇسۇل ئەمىرگە بىر قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى ، — بۈگۈن بىزنىڭ بۇ يەرگە يىغىلىشىمىزنىڭ سەۋەبى سىلەرگە ئېنىق بولۇپ بولدى : قايسى كۈنى قايسى ۋاقىتتا لەخمىگە ئوت يېقىپ ھۇجۇمنى باشلايمىز ؟ بـۇ جـەڭـنى قانداق ئېلىپ بارىمىز ؟ دېگەن ئىككى مەسىلىنى كېڭىشىش ، بۈگۈنكى يىغىلىشىمىزنىڭ مەقسىتى ، — قازىكالان سـۆزىـنـى تـۈگـىـتـىـپ ، ئـابـدۇرۇسۇل ئەمىرگە : «سىزنىڭ دەيـدىـغـانـلىرىڭىز بارمۇ ؟ » دېگەندەك تىكىلدى . بەگ بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس لىڭشىتىپ : «گېپىم يوق ! » دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپ جىم ئولتۇردى ، — قېنى ئەمىسە پىكىر قىلىدىغانلارغا ئىجازەت...

يوغان ئاق چېدىرنىڭ ئىچىنى ئېغىر جىمجىتلىق قاپلىدى . كـۆپـچـىـلىك كېرىلىپ ئولتۇرغان مەزەمزاتقا قاراپ تۇراتتى . ھاكىمبەگ سۆزلىمەي تۇرۇپ گەپ قىلىشنى ئەدەپسىزلىك دەپ بـىـلـگـەن كـېـچـەش ئەھلى مەزەمزاتنىڭ سۆزلىشىنى جىمجىت كـۈتـەتـتى . قـازىـكـالان بـۇ جىمجىتلىقنىڭ سىرىنى بىلىپ ، ھاكىمبەگكە بۇرۇلدى :

— ئـۆزلىرى باشلاپ بەرمىسلە ، ھاكىمبەگ جانابلىرى ، باشقىلار سۆزلەشكە قانداق پېتىنالايدۇ ؟ !...

ھـاكـىـمـبـەگ كـەكە ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ ، تەكەببۇر

قىياپەتتە مەنمەنلىك بىلەن سۆزىنى باشلىدى . ئۇنىڭ ئاق سىرىق چىرايىدا ھىجايغاندەك سىرلىق بىر ھېسسىيات ئىپادىلىنەتتى . بۇ مەسخىرىمۇ ياكى قازىكالاننىڭ ئۆزىنى سۆزگە تەكلىپ قىلغانلىقىدىن خۇشال بولغانلىقىمۇ بىلگىلى بولمايتتى .

— سادىر ئەل ـ يۇرتنى قاقشىتىپ كەلگەن ئاتاقلىق ئوغرى ، — دەپ سۆزىنى باشلىدى مەزەمزات ئوڭ قولىنىڭ بىگىز بارمىقى بىلەن بۇرۇتىنىڭ ئوڭ تەرىپىنى سىلاپ تۇرۇپ ، يوغان ، قوڭغۇر كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ ، — بۇنداق ئادەمگە ئىشەنگىلى بولامدۇ ؟ ! ئۇنىڭ كولىغان لەخمىسىنى بىرىپ تەكشۈرگەنلەر بارمۇ ؟ ! ئەگەر تەكشۈرۈپ كەلمىگەن بولساق ، ئالدىدا بىرىپ بىر كۆرەيلى . ئاندىن بىرنىمە دېسەك بولار ! — ئۇ ئابدۇرۇسۇل ئەمىرگە سۆز قىلىشنىڭ ئالدىدىكى سىرلىق ھىجىيىشى بىلەن قاراپ قويۇپ ، سۆزىنى تۈگەتتى .

ھاكىمبەگنىڭ سۆزى خۇددى قايناۋاتقان قازانغا بىر چۆمۈچ سوغۇق سۇ قۇيغاندەك بولدى . ھەممەيلەن مەزەمزاتنىڭ سۆزىدىن ھەيران بولغاندەك بىر ـ بىرىگە قاراشتى . ھاكىمبەگنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان يوغان يېشىل سەللىلىك ، مۈرىلىرى كەڭ ، يۈزى سوزۇنچاق ، بۇرنىنىڭ ئۇچىدا يوغان ، قويۇق ساقال ـ بۇرۇتلۇق موللا شەۋكەت ئاخۇنۇم موللا ناسىر ئەلەم بىلەن ئابدۇرۇسۇل بەگنى ياخشى كۆرۈپ كەتمەيتتى . ئۇ قازىكالاننىڭ دىگەنلىرىنىڭ توغرىلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ، يەنىلا قايىل بولماي ، مەزەمزاتقا دوست تارتتى .

بۇ دۇنيادا شۇنداق ئادەملەرمۇ بولىدۇكى : باشقىلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى ، سۆزلەۋاتقان سۆزىنىڭ توغرىلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ، ئۆزىنىڭ كۆزلىگەن مۇراد ـ مەقسىتىگە پايدىسىز بولسا ، ئاقنى قارا ، قارىنى ئاق دېيەلەيدۇ . ئۇلار باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىدىن ، تاپا ـ تەنىسىدىن قورقماي ، باشقىلارنىڭ كۆزىگە يەنە قارىيالايدۇ . موللا شەۋكەت ئاخۇنۇممۇ خۇددى ئەخمەتخان

خوجىدەك بايلىق ، ھوقۇق ۋە شۆھرەت تەمەسىدە ئارمانلىرىنى كۆلدۈرىدىغان پۈرسەتنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىپ ، ھەممىلا يەردە تىڭتىڭلاپ يۈرەتتى . بىر قانچە كۈننىڭ ئالدىدا ئالاھىدە يالغۇز بېرىپ ، قول باغلاپ ھال - ئەھۋالىنى سورىغان بۇ ئاخۇنۇم ، ھاكىمبەگكە موللا ناسىر ئەلەم بىلەن ئابدۇرۇسۇل بەگنى يەتكۈچە يامانلاپ بەردى . «بۈگۈن مەزەمزاتنىڭ سۆزىنى قوللاپ چىقمىسا بولامدۇ؟ ھاكىمبەگ باشقىچە ئويلاپ قالامدۇ؟ ياق ، ئۇنىڭ سۆزى تازا ئورۇنلۇق ۋە توغرا بولمىغان بولسىمۇ ، دېگەنلىرىنى قوللاش پايدىلىق ! ئەجدادىدىن تارتىپ ھاكىمبەگلىك ئورنىدا ئولتۇرۇپ كېلىۋاتقان بۇ ئادەمنى ئاسان چاغلىغىلى بولمايدۇ ، ئۇ كۆرەدىكى جاڭجۇن بىلەن نېمىلەرنى دېيىشتى . بىر ئاللادىن باشقا كىم بىلسۇن؟ ! كېلىپ يەنىلا تۆرگە چىقتى . ئەزىز نەدىلا بولسا ئەزىز !» دېگەنلەرنى ئويلىغان موللا شەۋكەت ئاخۇنۇم ئاغزىنى ئاچتى :

— ھۆرمەتلىك مەزەمزات جانابلىرى توغرا دېدى ، مەنمۇ شۇ پىكىردە ! ئەل - يۇرتنى قاقشاتقان بىر ئوغرىنىڭ قازغان لەخمىسىنى كۆرمەيلا ئىشىنىش تازىمۇ ئەخمەقلىق بولامدۇ ! ؟ ھاكىمبەگ دېگەندەك ، لەخمە كولاشنى بىلىدىغانلاردىن ئىككى - ئۈچ ئادەمنى تەكشۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتەيلى . ئۇلارنىڭ تەكشۈرگەن سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، بىرنېمە دېسەكمۇ كېچىكمەيمىز !

مەزەمزاتنىڭ سۆزىنى پىسەڭتىدە كۈلۈپ ئاڭلىغان ئەخمەتخان خوجا موللا شەۋكەت ئاخۇنۇمغا قىزىقىپ قالدى . ئۇ ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلمەيتتى ، بىر قېتىم ھەمسۆھبەتتىمۇ بولمىغانىدى . ئۇ سالام بەرگىلى بېرىپ بىر پاراڭلىشىپ كېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى . «قارىغاندا موللا شەۋكەت بىلەن مەن بىر پەلەكنىڭ خەمەكلىرىدەك قىلىمىز . ئۇنىڭ مەزەمزاتنى قوللىشىدا بىر غەرەز باردەك ، بولمىسا ھاكىمبەگنىڭ كېڭەش ئەھلىگە

ياقمىغان سۆزىنى بىلىپ تۇرۇپ قوللامدۇ؟» دەپ ئويلاۋاتقاندا، ئابدۇرۇسۇل بەگ سۆز باشلاپ، سىڭار كۆزنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى.

ئابدۇرۇسۇل ئەمىر ھاكىمبەگ بىلەن موللا شەۋكەت ئاخۇنۇمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ چىدىيالمىدى. ئۇنىڭ ئەقىل ۋە سەمىمىيلىك نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرى ئۇچقۇنلاپ، ئېغىر - بېسىق، تەمكىن مىجەزىمۇ دولقۇنلۇق دەرياغا ئوخشاپ قالدى.

— مەن خوپتەن مەزگىلى كەلگەن سادىردىن لەخمىنىڭ پۈتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، بىر مۇھاپىزەتچىم بىلەن كىچىلەپ لەخمىنى كۆرگىلى باردىم. پالۋان ماڭا ئۆزىنىڭ ئۈچ ئوغلى بىلەن قازغان لەخمىسىنى كۆرسەتتى. قېزىلغان لەخمىدە قىلچىلىك ئۇقسانىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم تىندى. سادىر راست بىر ئاتاقلىق ئوغرى! لېكىن ئۇ، ھازىرغىچە بىر كەمبەغەلنىڭ چوكا قاتارلىق نەرسىسىنى ئوغرىلاپ باققىنى يوق! ئۇ ھۆكۈمەت ۋە بايلارنىڭ مال - دۇنياسىنى، چارۋا ماللىرىنى ئوغرىلىدى، ئوغرىلىغان ماللىرىنىڭ كۆپىنى كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بەردى، — سەل ھاياجانلىنىپ قالغان ئابدۇرۇسۇل بەگ سۆزىدىن توختاپ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇندى. ئۇ قولياغلىقى بىلەن يۈز - كۆزىنى ئېرتىپ، سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى، — بۇ قوزغىلاڭنى سادىر باشلىدى. بۇنى ھەممىمىز بىلىمىز، ئۇ ئون بەش يېشىدىن باشلاپلا زۇلۇم ۋە زورلۇققا قارشى چىقىپ، ئەل - يۇرتنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئاتقا مىندى. ئۇنىڭ تاغۇ دەشتلەردە، گۇندىخانىلاردا تارتمىغان ئازابى، يېمىگەن تايىقى، ئاڭلىمىغان تىل - ئاھانىتى قالمىدى. ئۇ بۇ جاپا - مۇشەققەت ۋە زۇلۇملاردىن قورقۇپ قالمىدى، بەلكى تېخىمۇ ئىرادىسى چىڭىپ، ماڭغان يولىنى داۋاملاشتۇردى.

سادىر پالۋاننىڭ ئاجايىپ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى ئىلى

ۋادىسىنىڭ ھەممە يېرىدە بار . بۇنداق ئادەم ئەل ـ يۇرتنىڭ ئىشىنى قول ئۇچىدا قىلمايدۇ . بۇنى بىلسەممۇ يەنە بېرىپ كۆرۈپ ، ئۇنىڭ ئەل ـ يۇرت دېگەن يۇركىنى كۆرگەندەك بولدۇم ...

چوڭقۇر ھېكىم ئوغلىنىڭ ئىككى مەڭزى تېخىمۇ چوغلىنىپ ، خۇددى تاڭ شەپىقىدەك گۈلگۈنلىشىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئەقىل ۋە سەممىيلىك چېچىلىۋاتقان قوي كۆزلىرى چاقناپ ئۇچقۇندايتتى .

ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان مەزەمزاتنىڭ چىرايى قاردىپ ، چوڭ قوڭۇر كۆزلىرى تېخىمۇ چوڭايدى . ئۇ گويا تېگىدە ئوت كۆيۈۋاتقاندەك ئۆز ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى . ئېتىلىپ بېرىپ ئابدۇرسۇل ئەمىرنىڭ گېلىنى بوغۇپ شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا ئۆلتۈرۈۋەتكۇسى كەلدى .

«خەپ ! — دېدى ئۇ ، كۆزى بىلەن ئەخمەتخان خوجىنى ئىمزەپ ، — سېنى ئۆلتۈرۈۋەتمىسەم ، ماڭا ئاراملىق بولمايدىكەن ! »

ھاكىمبەگ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان سىڭار كۆزنى كۆرۈپ «مېنىڭ ھالىمنى كۆردۈڭمۇ ؟ » دېگەندەك تىكىلدى . ئۇنىڭ بۇ تىكىلىشىدە يېلىنىش ، شۇنداقلا : «ئابدۇرۇسۇل دېگەن بۇ گادايپەرەسنى ئۆلتۈرۈۋەتمىسەڭ ، كۆردۈڭمۇ ، ماڭا كۈن يوق ! ئۇنىڭ دادىسىمۇ بىر چوڭقۇر ئىدى ! » دېگەن مەنە ئىپادىلىنەتتى . خوجا چۈشىنىپ ، بېشىنى : «بولىدۇ ! » دېگەندەك لىڭشىتتى .

— بۇگۈن قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن لەخمىگە كۆمۈلىدىغان دورىنى يەتكۈزۈپ بېرىمەن . خۇدايىم بۇيرۇسا ، ئەتە كەچكىچە بۇ دورا لەخمىگە كۆمۈلۈپ ، ئوت تۇتاشتۇرۇلىدىغان پىلتىمۇ قادىلىدۇ . ئەتىسى تاڭ سەھەردە پىلتىغا ئوت يېقىپ ، سېپىلنىڭ توپىسىنى كۆككە ئۇچۇرتۇپ ، ئېچىلغان يولدىن بايانداي ئىچىگە تەگبىر بىلەن بېسىپ كىرسەك ! شۇنداق بولغاندا پەيشەنبە كۈنى

سەھەردە ھۇجۇم باشلىغان بولىمىز ! — ئەمىر سۆزىدىن توختاپ، قولىدىكى قولياغلىقىدا يەنە يۈز ـ كۆزىنى ئېرتىپ ، ئاغزىنى ئاچتى ، — ئېچىلغان يولدىن ئەڭ ئالدىدا توقلەك مىڭبېگى باياندايغا ھۇررا بىلەن ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ كىرىدۇ . ئارقىدىن قالغانلار ئاتلىنىدۇ . بۇ مېنىڭ ئويلىغانلىرىم ، كۆپچىلىكنىڭ مۇھاكىمە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن .

ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ سۆزى تۈگە ـ تۈگمەي ، سىڭار كۆز ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى .

— ياق ، توقلەك مىڭبېگى ئەمەس ، ئەڭ ئالدىدا مەن ئۆز چېرىكلىرىم بىلەن كىرىمەن ! بۇنى بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى دەپ كېلىۋاتىمەن . ئەمىر جانابلىرى ، سىلىگىمۇ دېگىنىم يادىمدا ، — ئۇ قانداق تېز تۇرغان بولسا ، يەنە شۇنداق تېز ئورنىغا ئولتۇرۇپ مەزەمزاتقا : «سىلى بىرنېمە دېسىلە !» دېگەندەك قارىدى .

ھاكىمبەگ بىر يۆتىلىپ ، ئاغزىنى ئاچتى :

— مېنىڭچىمۇ ، باياندايغا ئىچكە ئەخمەتخان خوجا ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن بىرىنچى بولۇپ كىرسۇن ! ئۇ ماڭا چىغلىقمازاردا ئۇچراشقاندىن تارتىپ دەپ كېلىۋاتاتتى .

قازىكالان ئابدۇرۇسۇل ئەمىرگە قارىدى . ئەمىر يەنە ھاكىمبەگنىڭ سۆزىنىڭ شىخىنى يېرىۋېتىشنى لايىق كۆرمەي ، باش لىڭشىتتى .

— بولىدۇ ! باياندايغا بولىدىغان ھۇجۇمنىڭ ئالدىنقى ئورنىنى ئەخمەتخان خوجىغا بېرەيلى ! توقلەك مىڭبېگى ئۇنىڭ كەينىدىن ئاتلانسۇن !...

قازىكالاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان سىڭار كۆز بېشىنى كۆتۈرۈپ ، كېكەش ئەھلىگە تەكەببۇرلۇق بىلەن قارىدى . ئابدۇرۇسۇل ئەمىر ئۇنىڭ چىراي تۇرقىنى كۆرۈپ مىيىقىدا كۇلۇپ قويدى . «قېنى ، بۇ قېتىمقى ھۇجۇمدا قانچىلىك باتۇرلۇق كۆرسىتىسەن . كۆرەيلى ! — دېدى ئۇ خىيال سۇرۇپ ، —

قۇيرۇقۇڭنى ئىچىڭگە تىقىپ تىكىۋەتمىسەڭ بولىدىغۇ!؟...»

*　　*

بايانداي يولىدىكى يالغۇز قارىياغاچنىڭ تېگىدە ئەخمەتخان كىمدۇر بىرىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ باشقا بىرىنى ئەمەس، مەزەمزاتنى كۈتەتتى. كېچەش تۈگىشى بىلەن ھاكىمبەگ سىڭار كۆزىنىڭ يېنىغا كېلىپ، «مېنى يالغۇز قارىياغاچنىڭ يېنىدا كۈتۈپ تۇرۇڭ، ئۆزلىرىگە دەيدىغان گېپىم بار» دېدى. ھاكىمبەگنىڭ سۆزى خوجىنى يالغۇز قارىياغاچنىڭ يېنىغا ئەكەلگىنىگە خېلى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قارىسى تېخىچە كۆرۈنمىدى.

«ھەرقاچان، — دەپ ئويلايتتى سىڭار كۆز، قارىياغاچ تېگىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ، يەكچەشمە كۆزىنى بايانداي تەرەپتىن كېلىدىغان ھارۋا يولىدىن ئۈزمەي، — ھاكىمبەگ ماڭا ئابدۇرۇسۇلنى ياكى ئۇنىڭ بىرەر يېقىنىنى ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇيدۇ. ئۆلتۈرسەم ئۆلتۈرمەمدىم!؟ ئەمىرنىڭ مەزەمزاتقا قارىتىپ داڭلىق ئوغرى سادىر ھەققىدە دېگەنلىرى ھەقىقەتەن ئادەمنى چۆچۈتىدۇ. ئابدۇرۇسۇل ھاكىمبەگنىڭ مۇڭگۈزىگە ئۇرغان بولسىمۇ، مېنىڭ تۇيىقىم سىرقىرىدى. ئەمىردەك ئادەملەر بولىدىكەن، بىزگە كۈن بولمايدۇ. مېنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىممۇ كۆلمەيدۇ. ياخشى، پۇرسىتى كەلگەندە، مەزەمزات دېمىسىمۇ، ئابدۇرۇسۇلنى جايلىۋېتىشىم كېرەك! ئۆز يولىدىكى پۇتلىكاشاڭلارنى ئېلىۋەتمىگەن ئادەم، قانداقمۇ كۆزلىگەن مەنزىلىگە يېتەلەيدۇ؟...»

سىڭار كۆز ئېتىنى ئىتتىك يورغىلىتىپ كېلىۋاتقان ھاكىمبەگنى كۆرۈپ، خىيالىنى توختىتىپ قارىياغاچنىڭ تېگىدىن چىقىپ، يول بويىغا كەلدى. مەزەمزاتمۇ يېتىپ كېلىپ

www.uyghurkitap.com

ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى. ئۇ يۈگەن سىيرىپ، ئېغىزدۇرۇقىنى چايناۋاتقان كۆرەڭ قاشقىنىڭ ئۈستىدىن ئىتتىك چۈشۈپ، چۇلۋۇرىنى مۇھاپىزەتچىلەردىن بىرىگە بەردى. ھاكىمبەگ خوجا بىلەن يانمۇ يان مېڭىپ قارىياغاچ تۈۋىگە كەلدى. مەزەمزاتنىڭ ئىككى مۇھاپىزەتچىسى يول ياقىسىدا قالدى.

— خوجام! — دېدى ھاكىمبەگ يىغلىۋېتىدىغاندەك بىر قىياپەتتە سىڭار كۆزگە تىكىلىپ، — ئابدۇرۇسۇلنىڭ بايا قىلغان سۆزلىرىنى ئۆز قۇلاقلىرى بىلەن ئاڭلىدىلا! ئۇ بىر داڭقى چىققان ئوغرىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، مېنى يەرگە ئۇردى. چورۇقنىڭ ئوغلى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئىززەت - ئابرۇيۇمنى تۆكتى. مەن يەرگە كىرەي دېسەم يەر قاتتىق، ئاسمانغا چىقاي دېسەم ئاسمان يىراق بولۇپ، بېشىمنىمۇ كۆتۈرەلمەي ئولتۇردۇم. بۇ نېمە كۈن، نېمە خورلۇق! ئاھ، خۇدا، بۇنىڭدىن ماڭا ئۆلۈم ياخشى ئەمەسمۇ!؟ — مەزەمزاتنىڭ سۆزلىرىدىن خۇددى يامغۇرنىڭ ئالدىدىكى ھاۋادىن يامغۇر پۇرىغاندەك ياش پۇرايتتى. ئۇنىڭ يوغان، قوڭۇر كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ، ھېلىلا تۆكۈلىدىغاندەك كۆرۈنەتتى، — ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردىلە، ئۆز قۇلاقلىرى بىلەن ئاڭلىدىلا، مېنىڭ بىرىنچى دۈشمىنىم ئابدۇرۇسۇل! ئۇ بۇ يورۇق دۇنيادا بولىدىكەن، زېمىن ئۈستىدە مېڭىپ يۈرىدىكەن، ماڭا خۇشاللىق بولمايدۇ! ئەخمەتجان خوجام، سىلىدىن ئۆتۈنۈپ سورايمەن، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسىلە، قۇتلۇق ئۆيلىرىدە دېگەنلىرىمىز ئەسلىرىدىن چىقمىغاندۇر؟ ئەمىرنىڭ كۆكرىكىنى يېرىپ قارا يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالسىلا! بۇ خىزمەتلىرى ئۈچۈن سىلىنى بېشىمدا كۆتۈرىمەن، نېمە دېسىلە شۇنى قىلىپ بېرىمەن!...

يىغلامسىرىغان، ھاياجانلانغان مەزەمزات خوجىنىڭ ئالدىدا يېلىنىپ، بىچارە قىياپەتتە ئۇنىڭغا قارايتتى. سىڭار كۆز ھاكىمبەگ كېلىشتىن بۇرۇنلا ئابدۇرۇسۇل ئەمىرنى

ئۆلتۇرۇۋېتىش نىيىتىگە كېلىپ بولغان بولسىمۇ، يەنىلا مەزەمزاتنى ئالقىنىغا ئېلىۋېلىش ئۈچۈن چوكاندەك نازلاندى.

— سىلىنىڭ دېگەنلىرى مەن ئۈچۈن بۇيرۇق! — دېدى خوجا مەزەمزاتقا قاراپ، — لېكىن، ئەھۋالغا قارىمىساقمۇ بولماس، ھازىر پۈتۈن خەلق ئابدۇرۇسۇل بەگنى بېشىدا كۆتۈرمەكتە، بۇنداق ئەھۋالدا، ئۇنىڭغا پىچاق كۆتۈرسەم، خەلقنىڭ تاش ـ بورىنىدا قالمامدىمەن؟! مەن بۇ سۆزۈم بىلەن ئەمىرنى ئۆلتۈرمەيمەن دېمەكچى ئەمەس، ئۇنى چوقۇم ئۆلتۈرىمەن، لېكىن خەلقنىڭ ئاغزىنى ئاچالمايدىغان قىلىپ، ئاندىن ئۇنى ئۆلتۈرۈش كېرەك، بولمىسا ئۆزىمىز ھارام ئۆلىمىز، — خوجا بىرئاز تۇرۇۋېلىپ، مەزەمزاتنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قاراپ سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — مەن دەسلەپتىلا ئابدۇرۇسۇلغا تەگمەي، ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن بىر ئادىمىنى ئۆلتۈرەي، شۇنداق قىلسام ئەمىرنىڭ ئىككى كۆزى ياشقا تولىدۇ، يۈرىكىنى قايغۇ ـ ئازاب قىينايدۇ. ھاكىمبەگ جانابلىرى، مېنىڭ دەسلەپتە ئۆلتۈرىدىغان ئادىمىم، ئابدۇرۇسۇلغا ئەقىل ئۆگىتىدىغان، ھازىر شەھەردىكى ئىشلارنى باشقۇرۇۋاتقان، ئەمىرنىڭ قېيناتىسى ئەخمەت خەزىنىچى بەگ بولىدۇ. ئۆزلىرىمۇ مېنىڭ ئۆيۈمدە دەسلەپ خەزىنىچى بەگنى ئۆلتۈرۈشۈمنى دېۋىدىلە، ئۇنىڭدىن كېيىن نۆۋەت ئابدۇرۇسۇلغا كېلىدۇ. ئۇنىڭغىچە بىزمۇ خەلقنىڭ ئاغزىنى ئاچقۇزمايدىغان بىر چارە تاپارمىز.

ھاكىمبەگ خوجىنىڭ ئىككى قولىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە يېلىنغاندەك تىكىلدى.

— مېنىڭ بارلىق ئۈمىد ـ ئىشەنچىم ئۆزلىرىدە، ئەخمەتخان خوجام! — دېدى ئۇ، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ، — مېنى ئابدۇرۇسۇل ئەمىرنىڭ ئەلەم ۋە ھەسرەتلىرىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان

www.uyghurkitap.com

خىزىر سىلىلا بولىدۇ، ئالدىدا قېيناتىسى ئەخمەت خەزىنىچى بەگنى ئۆلتۈرۈۋەتسىلە! ئاندىن ئەل ئاغزىنى ئاچالمايدىغان بىر سەۋەب تېپىپ، ئەمىرنى ئۇ ئالەمگە ئۇزىتىدىلا! ئەمدى كېچە ـ كۈندۈز مېنىڭ ئوي ـ خىياللىرىم ئەل ئاغزىنى تۇۋاقلايدىغان سەۋەبنى تېپىشتا بولىدۇ. ئەمىسە، خوجام، شۇنداق كېلىشتۇق، — دېدى مەزەمزات باياندىي تەرەپكە قاراپ، — مەن كېتەي! ئادەم كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. ئىككىمىزنىڭ بىر يەردە تۇرغانلىقىنى كۆرسە ياخشى بولمايدۇ. قازىكالان ئابدۇرۇسۇلنىڭ ئادىمى، ئەمىرنى ياغاچ ئاتقا مىندۇرگەندىن كېيىن، موللا ناسىرنىمۇ باقىي دۇنياغا چىرايلىقچە ئۇزىتىمىز! خوش! — مەزەمزات كەينىگە بۇرۇلۇپ مېڭىپ يەنە توختىدى، — خوجام، ئۆي تاماقلىرىنى سېغىنىپ قالسىلا، بىز تەرەپكە بارارلا، ئۆزلىرىگە ھەرقاچان ئىشىكىم ئوچۇق!···

— رەھمەت! — دېدى سىڭار كۆز مەزەمزاتنىڭ سۆزىدىن خۇشال بولۇپ.

ھاكىمبەگ تېز مېڭىپ يول بويىغا كەلدى. ئاتلىرىدىن چۈشۈپ قاراپ تۇرغان ئىككى مۇھاپىزەتچىنىڭ ئېگىزرەكى مەزەمزاتنىڭ قولتۇقىدىن تۇتۇپ، ئۇنى ئېتىغا مىندۇردى. ئارقىدىن مۇھاپىزەتچىلەرمۇ ئاتلىرىغا مىنىپ، ھاكىمبەگنىڭ كەينىدىن ماڭدى. مەزەمزات كۆرەڭ قاشقىسىنى يورغىلىتىپ كېتىۋېتىپ، قارىياغاچ ئاستىدا تۇرغان سىڭار كۆزگە قول پۇلاڭلاتتى. لېكىن ئۇ، شۇ تاپتا خوجىنىڭ كۆڭلىدىكى: «ئابدۇرۇسۇلدىن كېيىن ئۇ ئالەمگە ئۇزايدىغىنى سەن بولىسەن!··· » دېگەن ئويىنى بىلمەيتتى···

جەنۇبتىكى دىلمۇك تاغلىرىنىڭ ئۇستىدە كېتىۋاتقان قۇياش كۈنپېتىشقا يېقىنلاپ باراتتى. نامازدىگەر مەنزىلىدىن يېڭىلا ئۆتۈپ، ئون بىر ـ ئون ئىككى كۈنلۈك ئاي چىقىدىغان كېچىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. زەڭگەر رەڭلىك ئاسماندا قارامتۇل بۇلۇتلار

ئۆزۈپ يۈرەتتى. غەربتىن كېلىۋاتقان شامال بارغانسېرى كۈچىيىپ، بىر جۇدۇندىن خەۋەر بېرەتتى...

*　　　*

نامازشاملاردا باشلانغان يېرىم كېچىلەردە توختاپ، ئىلى ۋادىسىنى سۈكۈنات ئىچىدە ئۇخلاتتى. گۈزەل يۇرت ياغقان يامغۇرنىمۇ سەزمەي، تا تاڭ ئاتقۇچە تاتلىق ئۇخلىدى. قۇياش ئالتۇن رەڭ لىباسىنى كىيىپ مەشرىق دىيارىدىن كۆتۈرۈلدى. دەل - دەرەخلەر تېخىمۇ ياشىرىپ، يېرىلغان بىخلاردىن چىققان كىچىككىنە يوپۇرماقلار ئىللىق نۇر ئىلكىدە كۈلۈۋاتقان بوۋاقلارغىلا ئوخشايتتى. ئانا يەرمۇ خاسىيەتلىك يامغۇرغا قېنىپ، ئۆز باغرىنى يېشىل گىياھلار بىلەن بېزىدى. باغلار خۇددى قىزىل ياكى ئاق تۇمانغىلا ئوخشايتتى. باش باھار ئۆزىنىڭ ئاجايىپ گۈزەللىكى بىلەن بۇ زېمىنغا كەلدى. بايانداي ھاياجان ئىچىدە تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ بۇگۈن كۈندۈزنى جەڭ تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش ئۆتكۈزدى. ئايدىڭ كېچە باشلىنىپ، يېقىلغان گۈلخانلار چۆرىسىدە بىلالنىڭ تەمبۇرى جاراڭلىدى. مۇھەببەت چېچىۋاتقان تەمبۇر ئولتۇرغانلارنى ئەتىكى جەڭدە باتۇرلۇق كۆرسىتىشكە چىللايتتى.

ئېغىر زۇلۇم ۋە زورلۇقتىن قۇتۇلۇپ، ئەركىن - ئازادە ياشاش ئۈچۈن قوزغالغان دېھقانلار بۈگۈنكى كېچىنى كىرپىك قاقماي دېگۈدەك ئۆتكۈزدى. ئۇلار پىلتىغا ئوت يېقىلىشىنى، توپىسى ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن سېپىلدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىدىغان يولنىڭ ئېچىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى. ئۇلارنىڭ ھېسسىيات ۋە ئوي - خىياللىرىدا زەررىچىلىك ئۆلۈم ۋەھىمىسى كۆرۈنمەيتتى.

— ئالدىراپ كېتىۋاتىمەن! — دېدى موللا بىلالنىڭ قارشى

تەرپىدە ئولتۇرغان ئاق مالخايلىق دېھقان كۆپچىلىككە قاراپ
— مەنمۇ !... ماڭا بۇگۈنكى ھۇجۇم ئەتىكى باياشات، خاتىرجەم ۋە بەختلىك تۇرمۇشىمىزنىڭ يولىدەك بىلىنمەكتە، — دېدى ھاياجان ئىچىدە بېشىغا قىزىل بۆك كىيگەن ئوتتۇزبەش ياشلاردىكى ئادەم .

— بىزگە شۇنداق كۈنلەرمۇ كېلەرمۇ ؟ ! — دېدى چوڭقۇر بىر خۇرسىنىپ پۇتىغا چورۇق تارتىۋالغان چارساقال كىشى...

بېشىغا كەمچەت تۆپە ، ئۇستىگە قارا پەشمەت كىيگەن ، بېلىنى نەچچە ئوراپ قارا پوتىدا چىڭ باغلاپ ، يېنىغا ئۇزۇن قىلىچ ئاسقان ئەمىر ، ئىككى مۇھاپىزەتچىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا نازىملار ئولتۇرغان گۇلخانىنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى . ئۇنىڭ كېلىشكەن قارىغايدەك قەددى - قامىتىدە ئىشەنچ ۋە قەيسەرلىك روھىي ھالىتى جۇش ئۇراتتى . ئولتۇرغانلار ئورنىدىن تۇرۇپ ، قوللىرىنى باغلاپ ئەمىرگە سالام قىلدى .

— بىزنىڭ سۆيۈملۈك شائىرىمىز بۇ يەردىكەنغۇ ! ؟ — دېدى ئەمىر موللا بىلالنى كۆرۈپ .

— نازىم قوزغىلاڭ باشلانغان 1864 - يىل 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى (جۇمەنىڭ كىرىدىغان كۈنى ) كېچىسىدىن تارتىپ بىز بىلەن بىللە . نەچچە قېتىم بولغان جەڭلەرگىمۇ باتۇرلارچە قاتناشتى . بۇگۈن شائىر ئالدىمىزدىكى ھۇجۇمغىمۇ تەييار تۇرماقتا ، — دېدى قول باغلاپ تۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق قارا قىرقىما بۇرۇتلۇق ئادەم ئەمىرگە قاراپ .

— ئەل - يۇرت نېمە دېسە ، شۇنى دېگەن شائىر ، ئەل - يۇرت نېمە قىلسا شۇنى قىلغان شائىر — خەلق شائىرى بولىدۇ . بۇنداق خەلق شائىرى ئۇلۇغ سانىلىدۇ ، ئۆزى ئۆلسىمۇ مۇبارەك نامى ئەل - يۇرتى كۆڭلىدە ساقلىنىدۇ . سۆيۈملۈك شائىرىمىز موللا بىلالنىڭ توغرا يولنى تاللىغانلىقىدىن تولىمۇ خۇشالمەن !

باسقان قەدەملىرىدىن گۈل ئۇنسۇن ! — ئەمىرنىڭ موللا بىلالغا تىكىلگەن كۆزلىرىدىن ھۆرمەت ۋە مېھىر - مۇھەببەت گۈللىرى چېچىلاتتى .

— رەھمەت ! — دېدى نازىم ئابدۇرۇسۇل بەگكە قول باغلاپ تۇرۇپ ، — ئەمىر جانابلىرى . سىلى مېنىڭ كۆزۈمنى تېخىمۇ يوغان ئاچتىلا ! راست ، ئەل - يۇرتى بىلەن ھەمنەپەس بولمىغان شائىرنى ھەقىقىي شائىر دېگىلى بولمايدۇ ! مەيلى مەن بۇ جەڭدە ئۆلەي يا زەپەر گۈلىستانىدا كۈلەي ، ئەل - يۇرتۇم بىلەن ھەمنەپەس بولىمەن !

ئەمىر قول باغلاپ گۈلخان چۆرىسىدە تۇرغانلارغا قاراپ چىقتى .

— ھۇجۇم مەزگىلىگە ئاز قالدى ، — دېدى ئۇ ، سەل - پەل ھاياجانلىنىپ ، — بۇ قېتىم سادىر پالۋاننىڭ پىلتىغا ئوت يېقىشى بىلەن بۇ ئۆزىمىز سوققان سېپىلنىڭ توپىسى ئاسمانغا كۆتۈرۈلىدۇ . بىز ئېچىلغان شورىدىن ھۇررا توۋلاپ سېپىل ئىچىگە خۇددى ئۇلۇغ تاشقىندەك بېسىپ كىرىمىز ! قېرىنداشلىرىم ، كۈلىدىغان كۈنلىرىمىزگە ئاز قالدى ! خوش ! مەن ماڭاي !...

قەددى - قامەتلىك ئەمىر چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلاپ ناغرا پەشتىقى تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كەتتى . موللا بىلال بىلەن بىللە تۇرغانلار ئۇنىڭ كەينىدىن ھۆرمەت - ئېھتىرام ۋە ھاياجان ئىچىدە قاراپ قالدى . ئۇلارنىڭ قوللىرى تېخىچىلا باغلىنىپ تۇراتتى .

كۈنچىقىش بىلىنەر - بىلىنمەس ئاقىرىشقا باشلىدى . تاڭ سەھەر شامىلى قوزغىلىپ ، باياندايى سېپىلى ئەتراپىدىكى دالىدا ھاياجانلىنىپ ئۇچاتتى . يېڭى بىر كۈن ، يېڭى بىر جەڭ باشلىنىش

ئالدىدا تۇراتتى .

ئەمىر ئانچە ئېگىز ياسالمىغان ناغرا پەشتىقى ئالدىغا كېلىپ توختىدى . ئۇ مۇھاپىزەتچىلىرىگە قاراپ ناغرىچىلارنى ئويغىتىشقا بۇيرۇدى . كىيىملىرىنى سالماي ياتقان ناغرا - سۇنايچىلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ، ناغرا - دۇمباقلىرى ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى .

ئابدۇرۇسۇل بەگ يىغىلىپ تۇرغان يۇرت چوڭلىرى قېشىغا كەلدى . بۇ ئاخشام شەھەردىن چىققان موللا ناسىر ئەلەم ، مەزەمزات ، موللا شەۋكەت ئاخۇنۇم قاتارلىق يۇرت چوڭلىرى بىلەن قول باغلاپ كۆرۈشتى . قاشلىق ئەلاخان پالۋاننى يېنىغا چاقىرتىپ كېلىپ ، بۇگۈنكى جەڭگە باشچىلىق قىلىشنى تاپشۇردى . قوزغىلاڭ باشلانغاندىن كېيىنكى نۇرغۇن جەڭلەردە ئالاھىدە باتۇرلۇق كۆرسىتىپ تۆھپە ياراتقان خۇش پىچىم ، گەۋدىلىك ، كۆزلىرى لاچىننىڭ كۆزىگە ئوخشايدىغان پالۋاننى ئەل - يۇرت ياخشى كۆرەتتى . ئابدۇرۇسۇل بەگمۇ قەدىرلەپ ئۇنىڭ ئەقىل ، پەم - پاراسىتىگە ۋە باتۇرلۇقىغا قول قوياتتى . ئەلاخانغا يۈزدەيۈز ئىشەنگەن ئەمىر بۇگۈنكى ھۇجۇمنىڭ سەردارلىقىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى .

— قېنى پالۋان ، ھۇجۇمنى باشلايدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى ، — دېدى ئابدۇرۇسۇل بەگ ئۇنىڭغا ئوچۇق چىراي تىكىلىپ .

ئەلاخان ئۆزىدىن ئانچە يىراق بولمىغان پەرمانچىنى ئىسمىنى ئاتاپ چاقىردى . ئوتتۇرا بويلۇق پەرمانچى يۈگۈرۈپ كېلىپ پالۋاننىڭ ئالدىدا توختىدى . ئەلاخان ئۇنىڭغا قاراپ :

— سەپكە چاقىرىڭ ! — دېدى .

— سەپراس ! — دەپ ۋارقىرىدى پەرمانچى بار ئاۋازى بىلەن ، ئۇنىڭ يوغان جاراڭلىق ئاۋازى پۈتۈن دالىنى

ياڭرىتىۋەتتى . بېشىغا دۇبۇلغا ، ئۇستىگە ساۋۇت كىيگەن ئەلاخان پالۋان ئوتتۇز مىڭدىن ئارتۇق قوزغىلاڭچى تۇرغان مەيدان جىملىققا چۆككەندىن كېيىن ، قامىتىنى تىك تۇتۇپ تۇردى .

— مۇناجات باشلانسۇن ! — دېدى ئۇ ئۇنلۇك توۋلاپ .

ساقىلى چارلاشقان سۇنايچى سۇنۇر سۇنىيىنى قولىغا ئېلىپ ، چالىدىغان ئۇچىنى كالپۇكلىرى ئارىسىغا ئېلىپ ، مۇناجاتنى باشلىۋەتتى . ئاجايىپ مۇڭلۇق ۋە يېقىملىق ئاھاڭ ئادەملەرنىڭ يۈرىكىگە كىرىپ ، ئۇلارنىڭ غەيرەت ، ئىرادە ۋە قەيسەرلىكىگە ئوت ياقتى . هاياجانلانغان ئادەملەر هۇجۇم بۇيرۇقىنىڭ چۇشۇشىنى كۈتۈپ كۆزلىرىدىن ئۇچقۇن چاچاتتى . كۈچلۈك ئەقىدە - ئېتىقاد بىلەن چېلىنىۋاتقان سۇناي ئاۋازى بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقىپ مەيداندىكىلەرنى جەڭدە باتۇرلۇق كۆرسىتىشكە چاقىراتتى .

مۇناجات تۈگەپ ، سۇناي چېلىنىشتىن توختىدى . ئەخمەتخان خوجا چىغلىقمازار ۋە شۇ ئەتراپتىكى سەھرالاردىن كەلگەن نىيازلىرىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى . قالغان سەھرالارنىڭ دېھقانلىرىمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدە تىقىلىشىپ هۇجۇمغا پەرمان كۈتەتتى . مىغىلدىغان ئادەم تۇرغان بۇ كەڭ دالا پارتلاش ئالدىدىكى ئېغىر هاسىراۋاتقان ۋولقانغا ئوخشايتتى .

مانا ، يۈرۈش ناغرىسى چېلىندى . قەدىمدىن تارتىپ ، جەڭلەرگە ئۇيغۇرلار ناغرا ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىپ كەلدى . ئۇلار ھەرخىل پەدىلەرگە چېلىش ئارقىلىق جەڭنى باشقۇردى ، شۇنداقلا جەڭگە تەڭكەش قىلىپ چېلىنغان ناغرا بىلەن ئۆز لەشكەرلىرىگە مەدەت بەردى . ناغرا - دۇمباقلارنىڭ ئاۋازى يەر ۋە ئاسماننى تۇتتى . قوللىرىغا قىلىچ ، نەيزە ، مىلتىق ، ئارا ، گۈرجەك تۇتقان دېھقانلار خۇددى ھەيۋەتلىك قىياندەك سېپىلغا قاراپ ئاقتى . ناغرا - دۇمباقلارنىڭ ئاۋازى ئۇلارغا قورقماس روھ

ۋە قەيسەرلىك بىغىشلاپ كۆزلىرىنى ئاسماندىكى تىخى ئۆچمىگەن يۇلتۇزلاردەك چاقنىتاتتى . ئون ئىككى كۇنلۇك ئاي بۇ كۈچ ـ قۇدرەت تىشىۋاتقان بۇ دالىنى خۇشاللىق بىلەن يورۇتاتتى…

قوزغالغان خەلق سىپىلغا خىلىلا يىقىنلاپ كىلىپ ، ناغرا ـ دۇمباق ئۈنىنىڭ توختىشى بىلەن تەڭلا توختىدى . ئەلاخان ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچىسىگە قارىدى :

— تىز بىرىپ سادىرغا يەتكۈز ، پىلتىغا ئوت ياقسۇن !

قامىتى چىناردەك مۇھاپىزەتچى يىگىت سىپىلغا قاراپ يۈگۈردى . باياندىن سىپىلنىڭ سەردارى با دارىبندىن تارتىپ بارلىق لەشكىرىي باشلىقلىرى ۋە لەشكەرلىرى سىپىلغا چىقىپ ، سىپىلغا يىقىنلاپ كەلگەن ھەيۋەتلىك خەلق دولقۇنىغا قاراپ تۇراتتى . ئۇلار ئەقىل ـ ھوشىنى يوقىتىپ ، جان ـ جەھلى بىلەن سىپىلنى قوغداپ قىلىش ئۈچۈن جان تىكىشكە بەل باغلىدى . ئۇلار ئۆزلىرىگە بۇنىڭدىن باشقا يول يوقلۇقىنى بىلەتتى . سىپىلدىكىلەر سىپىلغا قاراپ يۈگۈرۈپ كىلىۋاتقان يىگىتنى كۆرۈپ ھەيران بولدى . ھەممىسى دىگۈدەك قوللىرىدىكى تاش ـ كىسەكلەرنى ئىتىپ ، مىلتىق ۋە ئوقيالىرىدىن ئوق ئۈزۈپ ئەلاخاننىڭ مۇھاپىزەتچىسىنى ئەجەل ئىچىدە قالدۇردى . ئۇچۇپ كەلگەن مىلتىق ئوقى يىگىتنىڭ كۆكسىگە تىگىپ قىزىل قان بۇلىقىنىڭ كۆزىنى ئاچتى . يىگىت بىر ئىڭراپ يەرگە يىقىلدى . لەخمىدىن چىققان سادىر سىپىلغا يىپىشىپ تۇراتتى . ئۇ يۈگۈرۈپ كىلىۋاتقان يىگىتنىڭ يىقىلغانلىقىنى كۆرۈپ نىمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى . مۇھاپىزەتچى يىگىت بىشىنى تەستە يەردىن كۆتۈرۈپ سىپىلغا قاراپ ، جىنى چىقىپ كىتىۋاتسىمۇ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى :

— سادىركا ، پىلتىغا ئوت … — ئۇ ئاخىرىنى دىيەلمىدى ، بىشى لاسسىدە چۈشۈپ ، جىنى ئەرشكە ئۇچتى . يىگىتتىن كۆز

ئــۆزمەي قاراپ تۇرغان سادىر چىدىيالمىدى . ئۇ ئىختىيارسىز يوغان مۇشتۇمىنى تۈگۈپ ، پىلتىغا ئوت ياقىلى ماڭدى...

سادىر كۆيۈۋاتقان ئوتۇندىن بىرنى ئېلىپ ، دورا قاچىلانغان كالا ئۈچىيىگە ئوت ياقتى . ئوت ئۈچقۇن پۈركۈپ ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئۆڭكۈر ئىچىگە ئوق يىلاندەك ئىلگىرىلىدى . سادىر بىلەن ئــۇنــىڭ قەددى ـ قامەتتە ئۆزىدىن قېلىشمايدىغان ئۈچ ئوغلى سېپىلدىن خېلىلا بىرىدە ، قېرى قارىياغاچنىڭ تېگىدە ، ئۆزلىرى ئــوت يــېــقىشتىن بۇرۇن يېنىپ چىققان لەخمە تەرەپكە قاراپ تۇراتتى . ئوت ھايال بولماي سېپىل تېگىگە يېتىپ بېرىپ ، لەخمە ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى . گۈمبۈرلىگەن ئاۋازى بىلەن تەڭ زېمىن تەۋرىگەندەك قاتتىق سىلكىندى . كۈچلۈك دورا تۈتۈنى ، يالقۇنلۇق قــىــپــقــىــزىل ئوت ، توپا ـ چاڭ ، خىش ـ كېسەكلەر ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى . ھەممە ياقنى تۈتۈن ۋە توپا ـ چاڭ قاپلاپ ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولماي قالدى . يەنە ئىككىنچى ، ئۈچىنچى پارتلاشلار ۋە كــەينى ـ كەينىدىن گۈمبۈرلەپ ، يەر قاتتىق سىلكىندى . يەنە ســېــپــىــل ئاسمىنىنى كۆپكۆك تۈتۈن ۋە توپا ـ چاڭ قاپلاپ ، ئاسماندىن خىش ـ كېسەك ، چالما ياغدى...

قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن دېھقانلار بۇ كۈننى كۈتكىنىگە خېلى بولغان ئەمەسمۇ ؟ ! ئۇلار قولىدىكى قورالىرىنى چىڭ تۇتۇپ ، ئېيتقۇسىز ھاياجانغا چۆمگەن ھالدا ، ئېچىلغان شورىدىن سېپىل ئىچىگە چۇقان ـ سۈرەن بىلەن كىرىشكە ئالدىرايتتى . دەل شۇ چــاغدا ، يەر ـ جاھان يېڭىدىن سۈزۈلۈشكە باشلىغاندا ، ئېغىر جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ، تاڭ سەھەرنىڭ ھاۋاسىنى يېرىپ ھۇجۇم نــاغــرىــسىنىڭ جەڭگىۋار ساداسى ياڭرىدى . ئەلاخان پالۋاننىڭ «ئالغا ! » دېگەن بىر ئېغىر سۆزى بىلەن دېھقانلار سېپىلغا قاراپ ، ھۇررا توۋلاپ تۇمەن يولۋاستەك ئېتىلدى .

ئەخمەتخان خوجا گۈركىرەپ ئاققان دولقۇننىڭ ئەڭ ئالدىدا

يۇگۇرۇپ باراتتى . بىردىنلا قارشى تەرەپتىن ئېتىلىشقا باشلىغان توپ ، مىلتىق ۋە ئوقيالار ئوقىنىڭ تولىمۇ شىددەتلىكىنى كۆرگەن سىڭار كۆز قەدىمىنى توختاتتى . كەينىدىن كەلگەن ئۇلۇغ ئېقىن ئۇنى بىر ئۇرۇپ ئاياغلارنىڭ ئاستىغا تاشلىدى . ئەخمەتخان جان قايغۇسىدا ھۇجۇمدىن توختىغان بولسا ، يەنە جان قايغۇسىدا ئاياغلار ئاستىدا تېپىرلايتتى ، چىرقىرايتتى ، ئۇ دەسسىلىپ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىپ ، ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي ، ئاياغلار ئارىسىدىن بىر يانغا سۇرۇلۇشكە باغلىدى . بۇ دۇنيادا يەنىلا خوجىدەك ئادەملەر ئۆلمەيدۇ . ئۇلارغا قارىغۇ تەلەي ھامان يول ئاچىدۇ . سىپىلنىڭ ئادەم قۇچىقى يەتمەيدىغان بىر يوغان پارچىسىغا قولى تەگكەن سىڭار كۆز جان ھەلەكچىلىكىدە ئۆمىلەپ يېتىپ كېلىپ ئۇنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇۋالدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھايات قالدى .

ئۆلىدىغانلىقىنى بىلىدىغان دۈشمەنلەر بارلىق توپ - زەمبىرەكلىرىنى سىپىلنىڭ ئۆرۈلگەن شورىسى ئالدىغا ئەكېلىپ ، چۇقان - سۇرەن بىلەن يۇگۇرۇپ كېلىۋاتقان خەلققە ئېتىۋاتاتتى . ئېتىلىپ كېلىۋاتقان دېھقانلار خۇددى ئورۇلغان قوناق شېخىدەك يىقىلىشقا باشلىدى . جەڭ ناغرىسى توختىماي چېلىناتتى ، ئۇزۇن ، سېرىق كانايلاردىن چىققان بوم ئاۋازلار خۇددى نۇسرەت چاقىرىقىدەك ، قوزغىلاڭچى دېھقانلارغا كۈچ ۋە ئىرادە ئاتا قىلاتتى . ئېچىلغان سېپىل شورىسىنىڭ ئالدى قىپقىزىل قانغا بويالغان جەسەتلەرگە تولۇپ كەتتى . ئەخمەتخان خوجا يوغان چالمىنى دالدا قىلىپ ، ئۇنى قۇچاقلاپ ، دىر - دىر تىترەيتتى . ئۇ زەمبىرەك ئوقىنىڭ ئۆز ئۈستىگە چۈشۈشىدىن ۋەھىمە يەپ بەزگەكتەك لاغىلداپ ، چىشلىرى بىر - بىرىگە تېگىپ كاسىلدايتتى . ئۇ ئۈستى - ئۈستىگە يىقىلىۋاتقان دېھقانلارنى كۆرسىمۇ ، ئۇلار ھەققىدە زادىلا غەم يېمەي ئۆزىنىڭ غېمىدە

پۈچىلىناتتى . داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش ئۈزلىرىنى بىكاردىن ـ بىكار ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىش بولاتتى . ناغرا توختىدى ، سۇنايلارمۇ توختىدى ، ئارقىدىنلا چېكىنىش ناغرا ـ سۇنىيى ياڭرىدى . قانلىرى قىزىپ كەتكەن ، كۆزلىرىگە ئۆلۈممۇ كۆرۈنمىگەن ئادەملەر ھۇجۇمدىن توختاپ ، ئۈزلىرىنى دەل ـ دەرەخ ، ئېرىق ، ئويمان ـ چوڭقۇلاردا دالدىغا ئالدى .

ئابدۇرۇسۇل ئەمىر ، ئەلاخان ۋە قوزغىلاڭچىلار باشلىقلىرى يىغىلىپ ، جەڭ ئەھۋالىنى مۇزاكىرە قىلىشاتاتتى .

— بىزمۇ قولىمىزدىكى ئىككى زەمبىرەكنى دەرھال بۇ يەرگە يۆتكەپ كېلىپ ، توختاتماي ئاتايلى . بىر ھازا ئاتقاندىن كېيىن ، يەنە ھۇجۇمنى باشلايلى ! — دېدى چىرايى جىددىيلەشكەن ئابدۇرۇسۇل بەگ ئەلاخان پالۋانغا قاراپ .

— مەنمۇ شۇ ئويدا بولۇۋاتاتتىم ، ئەمىر جانابلىرى ، ھۇجۇمنى توختاتقانلىقىمىزدىن خەلق نارازى بولۇۋاتىدۇ .

دەل شۇ چاغدا ئاتاقلىق شائىر موللا بىلالغىلا ئوخشايدىغان ئاكىسى جالالىدىن نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ ، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلدى . ئۇنىڭ كەينىدە تۆت ـ بەش ئادەم تۇراتتى .

ئاتا ـ ئانىسى ئۆلگەندىن كېيىن ، جالالىدىن بىلالنىڭ تەربىيىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى . ئۇ جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن موزدۇزلۇق قىلىپ ئىنىسىنى مەدرىسىدە ئوقۇتتى . نازىمنىڭ بۈگۈنكىدەك ئوقۇمۇشلۇق بىر شائىر بولۇپ يېتىلىشىدە ئاكىسى جالالىدىننىڭ قان ـ تەرى بار ئىدى .

— تەقسىرلىرىم ! — دېدى جالالىدىن ئالدىدا ئابدۇرۇسۇل ئەمىرگە ، ئاندىن ئەلاخان پالۋان ۋە باشقىلارغا كۆز تىكىپ ، — نېمىشقا ھۇجۇمنى توختىتىمىز ؟ قۇربان بەرمەي سېپىلنى ئالغىلى بولامدۇ ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«كى بىز كىرمەسەك قەلئەگە كىم كىرىۇر ،
كى بىز قىلمىساق جەڭنى كىملەر قىلۇر ؟
ئۆمۈر كۆرسە خاندا يۈز يىل كىشى ،
كى ئاخىر ئانىڭ ئۆلمەك ئېرمىش ئىشى . . .
تىرىك قالسا جانىم كى غازى بولاي ،
كى بولسام شەھىدى تېخى رازى بولاي !»

سېپىلدىن ئىچىگە كىرىدىغان يول ئېچىلسىمۇ مۆكۈنۈپ ياتىمىزمۇ ؟ يا ئۆلۈم ، يا كۆرۈم ، جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولامدۇ ؟ ھۆرمەتلىك ئەمىر ، ھۆرمەتلىك پالۋان ، قېنى بۇيرۇق بېرىڭلار ! بىز سېپىلغا يەنە ھۇجۇم باشلايمىز .

جالالىنىڭ كەينىدە تۇرغانلارمۇ چۇرقىرىشىپ ھۇجۇمنى باشلاشقا بۇيرۇق بېرىشنى تەلەپ قىلدى .

— ئالدىرىماڭلار ، قېرىنداشلار ! بىز يەنە ھۇجۇم باشلايمىز . ئىككى زەمبىرەكنىمىزنى شورىنىڭ ئالدىغا يۆتكەپ كېلىپ ، بىزمۇ ئۇلارغا قارىتىپ بىر ھازا ئاتايلى ! ئاندىن كېيىن ھۇجۇم ناغرىسى يەنە ياڭرايدۇ . سىلەر ئورنۇڭلارغا بېرىپ كۈتۈپ تۇرۇڭلار !

ئىككى زەمبىرەك شورا ئاغزىغا كەلتۈرۈلدى . كەينى ـ كەينىدىن گۈلدۈرلەپ ئېتىلغان توپلاردىن ئۇچقان ئوقلار سېپىل ئىچىگە ئۇچتى . دۈشمەن چېرىكلىرىنىڭ قىيا ـ چىياسى ئاڭلاندى . زەمبىرەكلەر بىر ھازا ئەجەل ئوقىنى ئاتقاندىن كېيىن ، ھۇجۇم ناغرا ـ سۇنىيى يەنە يەرۇئاسماننى جاراڭلاتتى . ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇرغان جالالىدىن نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ ئەڭ ئالدىدا سېپىل شورىسىغا قاراپ يۈگۈردى . بىرئاز بېسىلغاندەك قىلغان دۈشمەننىڭ مىلتىق ، ئوقيا ۋە پولىرى يەنە ئېتىلىپ ، يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان باتۇرلار بىر ـ بىرلەپ يىقىلىشقا باشلىدى . جالالىدىننىڭمۇ بەش يېرىگە ئوق تېگىپ نەيزىسىنىڭ سېپىنى چىڭ

تـۇتـقان ھـالـدا يـىـقىلدى . ئۇنىڭ تېنى شورىنىڭ ئۈستىدە ،
يۇمۇلمىغان كۆزلىرى زەڭگەر ئاسمانغا تىكىلىپ تۇراتتى .
ئاكىسىنىڭ قۇربان بولغانلىقىنى بىلگەن بىلال نالە ـ پەرياد
كۆتۈرۈپ قان ـ قان يىغلىدى .

«جۇدا قىلدى فەلەك سەندىن ، قاياندۇرسەن قېرىنداشىم ،
سېنىڭدىن ئايرىلىپ بولدى زەھەر ـ زۇقۇم ئىچەر ئاشىم ،
فاراغەت كەتتى ، غەم يەتتى ، سىتەملەر بولدى يولداشىم .
قېرىنداش مېھرىبان كەتتى مېنى تاشلاپ كۆكەلداشىم ،
بۇ ۋەجھىدىن تۆكۈلدى قانغا ئاغۇشتە بولۇپ ياشىم .

يۈرەك فارە ، بېغىر يارە ، بولۇپمەن تۇرفە بىچارە ،
يۈرەك كۆيگەي قېرىنداش يادىدا ھەرىبارە ، ھەربارە ،
كوچالاردا يۈرۈپ يىغلاپ بولۇپ ئاۋارە ، ئاۋارە ،
بۇ غەمدىن بولدى ئەي دوستلار ، يۈرەك مىڭ فارە ،
مىڭ پارە ،
نە قىلغانىمنى بىلمەسمەن بۇ غەمدە ئايلانىپ باشىم .

تەخەييۇل رەخشىسى ھەرىبارە كىم سەن سارىغا تارتار ،
بۇ ۋەجھىدىن فىراقىڭ ئاتەشىنىڭ سۇزەشى ئارتار ،
گۇلىستانىم خازان بولدى بولۇبمەن ئەندەلىبدەك زار ،
نېچۈك تاقەت قىلۇرمەن فۇرقەتىڭ ئۆرتەر مېنى ھەر بار ،
ئەلەمدىن ئۆرتەنىپ زەردابقا ئۆرۈلدى ئىچى ـ تاشىم .

باشىمغا يۈز تۇمەن غەم سالدى ، كۆرگىل نىلگۇن گەردۇن ،
قېرىنداشىدىن جۇدا قىلدى ، قىلىپ باغرىمنى خۇن گەردۇن ،
باشىمدا دەۋرى كاج ئەيلەب مۇدام بىسۇتۇن گەردۇن ،

يوقاتىپ مەغزى سەرنى ئاقىبەت قىلدى جۇنۇن گەردۇن،
بولۇپمەن يۈز ياشار پىردەك ، تۆرت توققۇز ئىدى ياشىم .

قېرىنداشىم غەمى قىلدى ئەلىفتەك قامەتىمنى دال ،
ئەقىل ساچىلدى غەم باستى ، بولۇبمەن بىر يولى بەدھال ،
سۇرۇر كەتتى ، قانات سۇندى ، يۇلۇندى مۇرغ يەڭلىغ بال ،
قېرىنداش يادىدا خۇنابەلەر يۇتتى بىلالى زال ،
ئۆزى كەتتى مېنى تاشلاپ جالالىدىن قارا قاشىم .»①

سىپىل ئىچىدىكىلەر توپ ـ زەمبىرەك ، مىلتىق ۋە ئوقيالىرىدىن توختىماي ئوق ئېتىپ ، قوزغىلاڭچىلارنى سىپىلغا كىرگۈزمىدى . ئۇلار شۇ كېچىسىلا شورىنى خىش ـ كېسەكلەر بىلەن ئېتىۋالدى . بۇ قېتىمقى ھۇجۇم مانا مۇشۇنداق ئاخىرلاشتى .

ئەخمەتخان خوجا ھېچنېمە بولمىغاندەك يۈرەتتى . قاش قارىيىپ كېلىۋاتقاندا ، مەزەمزاتنى ئىزدەپ ماڭغان سىڭار كۆزنىڭ ئالدىدىن ئەلا پالۋان چىقىپ قالدى .

— خوجام ، ھەممە ئادەم ئۆزلىرىنىڭ باتۇرلۇقلىرىنى سۆزلىمەكتە ، — دەپ مەسخىرىلىك كۈلدى پالۋان ، ئالدىدا تۇرغان يەكچەشمىگە تىكىلىپ ، — سىلى ئاشۇ قۇچاقلىرى يەتمىگەن چالمىنى كۆتۈرۈپ سىپىل ئىچىگە ئاتالىغان بولسىلا ، چېنىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى ۋە توپ ـ زەمبىرەكلىرى چالمىلىرىنىڭ تېگىدە قېلىپ ، بىز بىسىپ كىرگەن بولاتتۇق . ئامال قانچە . توختىماي غال ـ غال تىترەپ شۇنچىلىك كۆچەيتىلىپتۇ ، بىراق ئاتالماپتىلا . ھەرنېمە بولسا ، خوجام ،

---

① «غازات دەرمۈلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995ـ يىل 3 ـ سان 17 ـ ، 18 ـ بەتلەر .

تامبال ساقتۇر ؟ ! — ئەلا پالۋان قاقاقلاپ كۈلۈپ ، ئەخمەتخاننىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى . ئۇ خېلىلا يىراقلاپ كەتكەن بولسىمۇ ، قاقاقلىغان كۈلكىسى تېخىچىلا ئاڭلىناتتى . ئۆز ئورنىدا قاياقنا مېڭىشىنى بىلەلمەي تۇرغان ئەخمەتخان چىشلىرىنى كاسىلدىتىپ ئويلايتتى :

«كىم كۆرۈپ ئەلاغا يەتكۈزگەندۇر ؟ ! يا ئەمىر كەينىمگە ئادەم سېلىپ قويغانمىدىكىن ؟... ھەرقاچان شۇنداق ، بولمىسا قالايمىقانچىلىقتا ماڭا قارايدىغان كىمنىڭ كۆزى ؟... »

بىردىنلا سىگار كۆزنىڭ يۈرىكىدىن چىققان قارا قۇيۇن ئۇنىڭ تەلەتىنى تېخىمۇ قارايتىۋەتتى .

«خەپ ، ئالدىراپ كۈلمىگىن ، ئابدۇرۇسۇل ! بىر قوشۇق قېنىڭنى ئىچمىسەم ئەخمەتخان بولماي كېتەي ! » دېدى خوجا ، مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ ، ئەمىرنىڭ چېدىرى تەرىپىگە قاراپ تۇرۇپ .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

# ئالتىنچى باب

## ئۇزراخاننىڭ كۆز يېشى

«مەن بۇ قېتىمقى ھۇجۇمدا ھەممىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، بايانداينىغا بىرىنچى بولۇپ بېسىپ كىرىمەن!» دەپ يۇ ئاتقان ئەخمەتخاننىڭ يېلى پۇسسىدە چىقىپ كەتتى. ئۇنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم مەسخىرىلىك كۇلۇپ، ئۇنىڭغا قارايدىغان بولدى. قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان مەسخىرىلىك كۇلكىلەرنى ئاڭلاۋېرىشكە ئۇنىڭ تاقىتى تۈگىدى. شۇنىڭ بىلەن خوجىنىڭ بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشكە قىلچىلىك رايى قالمىدى. ئۇ بىر ئامال قىلىپ بۇ يەردىن كېتىۋېلىشنىڭ كويىغا چۈشتى.

ئۇزۇندىن بېرى ئائىلىسىگە بارمىغان ئابدۇرۇسۇل بەگ شەھەرگە كىرىپ كېتىپ، بۇ يەردە مەزەمزات تۇرۇۋاتاتتى. گاڭگىراپ، يالغۇز نېمە قىلارىنى بىلمەي يۈرگەن خوجىنىڭ يادىغا مەزەمزات كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىسى كەلدى. ئۇ ئۆز ئۆيىنى دېيىش قارارىغا كېلىپ، كۆز باغلىنىۋاتقاندا، يالغۇز ئايلىنىپ يۈرگەن دەرەخلىكتىن چىقىپ، مەزەمزاتنىڭ چېدىرىغا قاراپ ماڭدى.

تېخى ئاسمانغا يۇلتۇزلار چىقمىغان، كۈنپېتىش ئۇپۇقىدا كەچكى شەپەق شولىلىرى ئۆچمىگەنىدى. شىمالدىن كېلىۋاتقان ئىللىق شامال گۈرۈلدەپ ئۇچۇپ، سۆگەتلەرنىڭ يېشىل چاچلىرىنى مىدىرلىتىپ ئوينايتتى. سەھەردە يېغىپ ئۆتكەن يامغۇرنىڭ نەملىكى تېخى ھاۋادىن تۈگىمەي، يەنە بۇرۇنلارغا ئۇرۇلاتتى.

سىڭار كۆز چېدىر ئىشىكى ئالدىغا يېقىنلاپ كېلىپ، بىر چەتتىكى قاراۋۇلنىڭ ئالدىدا توختىدى. يوچۇقلىرىدىن چېدىرنىڭ ئىچى يورۇق ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ھاكىمبەگ جانابلىرى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئەخمەتخان ئاياغلىرى ئۇزۇن قاراۋۇلغا قاراپ.

— بار! — دېدى قاراۋۇل ئۆزىنى كۇلكىدىن تەستە تۇتۇپ.

— يېنىدا ئادەم يوقتۇر؟

— يوق! ئۆزى يالغۇز ئولتۇرىدۇ.

— سەن كىرىپ، ئەخمەتخان خوجام كەپتىكەن، كىرىشكە ئىجازەت سورايدۇ، دىگىن.

— بولىدۇ!

قاراۋۇل چېدىرنىڭ ئىچىگىمۇ كىرمەي، ئىشىكتىن بېشىنى تىقىپ، خوجىنىڭ دېگەن سۆزلىرىدىن تەكرارلىدى.

— كىرسۇن! — دېگەن سۆز ئاڭلىنىشى بىلەن، خوجا قاراۋۇلنىڭ بىرنېمە دېيىشىنىمۇ كۈتمىدى، چېدىرغا قاراپ ماڭدى. ئۇ كىرىپ كەتكەندىن كېيىنلا شادىپاچاق قاراۋۇل، سىڭار كۆزنىڭ يوغان چالمىنى قۇچاقلاپ دىر - دىر تىترەۋاتقان ھالىتى كۆز ئالدىغا كەلگەندەك، مىيىقىدا كۇلۇپ كەتتى...

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — دېدى تاپسىدىلا توختىغان ئەخمەتخان قول باغلاپ ئېگىلىپ، قوش - قوش كۆرپىدە، قوش— قوش ماموق تەكىيىلەرگە يۆلىنىپ ياتقان مەزەمزاتقا قاراپ. ئۇ بېشىغا مانچېستېر دوپپا، ئۇچىسىغا كالتە پەشمەت كىيىپ ياتاتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!... كېلىڭ، كېلىڭ، ئەخمەتخان خوجام! — دېدى ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇرغان ھاكىمبەگ خوجىغا ئۆزىنىڭ قارشى تەرىپىدىن ئولتۇرىدىغان ئورۇن كۆرسىتىپ، مەزەمزات كۆرسەتكەن تەرەپكىمۇ كۆرپە سېلىنغان بولۇپ، چېدىرنىڭ ئاستىدا خوتەننىڭ رەڭدار گىلىمى چاقنايتتى. چوڭ پانار يورۇتقان چېدىر ئىچى خۇددى كۈندۈزدەك يورۇپ تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

ئەخمەتخان كۆرستىلگەن ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇرۇپ قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈردى . مەزەمزاتمۇ خۇشياقمىغان ھالەتتە دۇئا قىلدى .

— ھە ، خوجام ، بىر گەپ بىلەن كىردىلىمۇ يا ئىچلىرى پۇشۇپ ، — دېدى ھاكىمبەگ خوجىنىڭ پەرىشان چىرايىغا سەپسېلىپ قاراپ ، — نىمە بولدىلا ، چىرايلىرى ئوسالغۇ ؟ !

— ھاكىمبەگ جانابلىرى ، ماڭا بۇ يەردە تۇرۇش ھارام بولدى ! — دېدى سىگار كۆز خۇددى يىغلىۋېتىدىغاندەك بىر ئەلپازدا ، ئاۋازىدىن يىغا پۇراپ ، — ئاڭلىمىدىلىمۇ ، ئەمىر ، پالۋان دېگەنلەر ئۇستۇمدىن ئۆسەك سۆز تارقىتىپ ئابرۇيۇمنى تۆكتى . ھازىر مېنى كىملا كۆرسە كۈلىدىغان بولدى . . .

— قېنى ، ماڭا دېسىلە ، ئۇلار قانداق ئۆسەك سۆز تارقىتىپتۇ ؟

— سىلى تېخى ئاڭلىمىدىلىمۇ ؟

— ياق !

— ھۆجۈم بولغان كۈنى ، بىلىدىلا ، مەن ئەڭ ئالدىدا ماڭدىم . چېڭ سۇلالىسى چېرىكلىرىنىڭ ئېتىۋاتقان توپ ، مىلتىق ، ئوقىيالىرىغا پىسەنت قىلماي ، خۇددى رۇستەمى داستاندەك قىلىچىمنى ھاۋادا ئوينىتىپ كېتىۋاتاتتىم . سېپىلدىن چۈشكەن بىر چالمىغا پۇتلىشىپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشتۈم . مېنى يۆلەپ تۇرغۇزىدىغان بىر ئادەم چىقمىدى . ئۆز ئادەملىرىمىزنىڭ ئايىغى ئاستىدا قالدىم . يېتىۋەرسەم چەيلىنىپ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمغا كۆزۈم يېتىپ ، ئاياغلار ئارىسىدىن بىر تەرەپكە ئۆمىلىدىم . جان ــ جەھلىم بىلەن ئۆمىلەپ ، قۇچىقىم يەتمەيدىغان بىر چالمىنىڭ يېنىغا كېلىۋالدىم . نەچچە قېتىم تۇراي دەپ ئورۇنغان بولسامۇ ، بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ كېلىۋاتقان ئادەملەر تۇرۇشۇمغا ئىمكانىيەت بەرمىدى . بۇ ئىش ئەمىر ۋە پالۋانلارنىڭ قولىقىغا قانداق يەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن . ئەلاخان ئۇچراپ : «ئەخمەتخان خوجام ، ھەممە ئادەم ئۆزلىرىنىڭ تىللاردا

داستان باتۇرلۇقلىرىنى سۆزلىمەكتە . سىلى ئاشۇ قۇچاقلىرى يەتمىگەن چالمىنى كۆتۈرۈپ سىپىل ئىچىگە ئاتالىغان بولسىلا ، چىلىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ توپ ـ زەمبىرەكلىرى چالمىلىرىنىڭ تېگىدە قېلىپ ، بىز باياندايغا بېسىپ كىرگەن بولاتتۇق . ئامال قانچە ؟ غال ـ غال تىترەپ شۇنچىلىك كۇچەيتىلىيۇ ، بىراق ئاتالماپتىلا ! ھەر نېمە بولسا ، خوجام ، تامبال ساقتۇر ؟ » دەپ شۇنچىلىك سەت قاقاقلاپ كۇلدىكى ، يۇگۇرۇپ بېرىپ گېلىدىن بوغقۇم كېلىپ كەتتى . ئەمدى مەن ، مەزەمزات ئالىيلىرى ، بۇ يەردە بېشىمنى كۆتۈرۈپ قانداق يۈرىمەن ؟ ! ماڭا رۇخسەت قىلسىلا ، ئۆز يۇرتۇم چىغلىقمازارغا كېتىۋالاي !...

ھاكىمبەگنىڭ غۇززىدە ئاچچىقى كېلىپ ، ئاق سېرىق چىرايىغا ئىچىدىكى چايانلار مىغىلداپ ئۆرلەپ چىقتى . ئۇنىڭ يوغان ، قوڭۇر كۆزلىرىدىن ئۇچقۇنلار چېچىلاتتى .

— خوجام ! — دېدى ئالدىدا بېشىنى ئېگىپ بىچارە ھالەتتە ئولتۇرغان خوجىغا بىگىزدەك تىكىلىپ ، — پىتقا ئاچچىق قىلىپ يوتقاننى كۆيدۈرىدىغان تۇتۇرۇقسىز ئادەملىكلىرىنى بىلمەپتىكەنمەن . بولمىسا ، ئىچ سىرلىرىمنى سىلىدەك بىر ئۇستىخىنى يوق ئادەمگە ئېيتىپ ، ئۆزلىرىنى ئەتىۋارلىغان بولمايتتىم . چوڭ ئىشلارنى قىلىشقا بەل باغلىغان ئادەم زادىلا سىلىدەك بولمايدۇ . ئۇ تىل ـ ھاقارەت ، جاپا ـ مۇشەققەت ، مەسخىرىلەردىن قورقماي ، ئۆزىنىڭ چوڭ ئىشلىرى ئۇچۇن باش قاتۇرىدۇ ! سىلى ئىرادىلىك ئادەم بولسىلا ، بۇ يەردىن كېتىمەن دېگەن گەپنى ئېغىزلىرىدىن چىقارمايتتىلا ! سىلى راستتىنلا چالمىنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈۋالغان بولمىغاندىن كېيىن ، نېمىشقا كېتىمەن دەيدىلا ! ئەھۋالنى ئۇلارغا دېمەمدىلا ! قويسىلا سىلىنى ! بۇنداق ئىرادىسىز ئادەملىكلىرىنى بىلگەن بولسام ، چىغلىقمازاردىن ئەكەلمەيتتىمكەن . بىزنىڭ دېيىشكەن پاراڭلىرىمىزنى ئۇنتۇدىلىمۇ ؟ ! ماڭا بەرگەن ۋەدىلىرى

ئەسلىرىدىن چىقتىمۇ ؟ ! ئەگەر بۇلاردىن ۋاز كەچكەن بولسىلا ، هازىرلا چىدىرىمدىن چىقىپ كەتسىلە ! چىغلىقمازارلىرىغا كېتەمدىلا يا باشقا ياققا كېتەمدىلا كېتىۋەرسىلە ! مېنىڭ كۆزۈمگە ئىككىنچى كۆرۈنگۈچى بولمىسىلا !...

مەزەمزات غەزىپىدىن تىترەپ سۆزىدىن توختىدى . ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرىنىڭ ئاق پاختىسى تېخىمۇ يوغىناپ چىرايىدىن سېرىق توپا ئۇچۇپ ، ئۇزۇن بۇرۇتلىرىنىڭ ئۇچى بىر قىسمىلا مىدىرلايتتى . هاكىمبەگنىڭ بۇنچىلىك ئاچچىقلاپ كېتىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغان خوجا قىيىن ئەھۋالدا قالدى . ئۇ هاكىمبەگنىڭ ئىشەنچىسىدىن قېلىشنى زادىلا خالىمايتتى . بىچارە مەزەمزاتقا يېلىنغاندەك قاراپ ، خۇددى يىغلايدىغاندەك ئۇمچىيىپ ، ھەممە يېقىنى قارا تۇك قاپلىغان ئاغزىنى مىدىرلىتاتتى . ئۇنىڭ سىڭار كۆزىگە ياش تولۇپ لىغىرلايتتى .

— مەن ... مەن... سىلىگە بەرگەن ۋەدىلىرىمدىن يانمىدىم ، پەقەت بىر مەزگىل ئۆزۈمنى چەتكە ئالالايمىكىن ، دەپ ئويلىغانىدىم . پەيت كەلگەندە ، مەزەمزات جانابلىرى ، خەۋەر بەرسىلە ، قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ كەلمەمدىم...

مەزەمزات خىيال سۈرۈپ قالدى . ئۇ خوجىنىڭ كېتىپ قېلىشىدىن راستىنلا ئەنسىرەيتتى . «ئۇ كەتسە ، مېنىڭ ئابدۇرۇسۇل ئەمرىنى ، موللا ناسىر ئەلەمنى ۋە باشقىلارنى يوقىتىش ئويۇمنى كىم ئورۇندايدۇ ؟ ! ياق ! قاتتىق تېگىپ ، ئۇنى رەنجىتىپ قويىماي ! كۆڭلىنى ئېلىپ ، يەنىلا ئۆزۈمگە تارتقىنىم ياخشى » ! دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن هاكىمبەگ ئەخمەتخاننىڭ سۆزلىرىنى يېرىم - يارتا ئاڭلاپ ئاغزىنى ئاچتى :

— خوجام ! كېتىمەن دېگەن سۆزنى ئېغىزلىرىدىن بىر چىقاردىلا ، ئەمدى ھەرگىز ئاڭلىماي ! ئۆيلىرىگە بېرىپ كېلەي دېسىلە ، بېرىپ كەلسىلە ! مەن سىلىگە خەت قىلىپ بېرەي :

باياندايغا ياردەم بەرگىلى ياماتۇغا كەلگەن قالماقلارنى[1] يوقاتقىلى ماڭدى ، دەپ ، بۇنداق ئەھۋال بولمىسىمۇ ، راست ـ يالغانلىقىنى كىم سۈرۈشتۈرىدۇ ، دەيدىلا ! چېرىكلىرىنى ئېلىپ بېرىپ كەلسىلە بولىدۇ .

ياش چىقمايدىغان خوجىنىڭ يەكچەشمە كۆزىدىن ياش تاراملاپ تۆكۈلدى . ھاياجانلانغان خوجا خۇددى نامازدا رۇكۇغا بارغاندەك مەزەمزاتقا قاراپ ئېگىلدى .

— سىلى ، ھاكىمبەگ ئالىيلىرى ، يەنىلا ئەقىللىق ، يەنىلا دانا ! رەھمەت ! رەھمەت ! ئۆزلىرىدىن ئۆلگۈچە ئايرىلمايمەن ! بۇ ئىرادەمدىن يانسام ، مېنى خۇدا ئۇرسۇن !

— بولدى ! بولدى ! باشلىرىنى كۆتۈرسىلە ! مەن پۈتۈكچىمگە دەپ پەرمانىمنى يازدۇرۇپ قوياي ، ئەتە ئەتىگەندە كېلىپ ئېلىۋالسىلا !

سىڭار كۆز رەھمەتنىڭ ئۈستىگە رەھمەتنى ياغدۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى . ئۇ ھاكىمبەگ بىلەن خوشلىشىپ ، ئېگىلگەن ، قول باغلىغان ھالدا كۆزلىرى ياش كەينىچە مېڭىپ چېدىردىن چىقىپ كەتتى .

*　　*

ناشتىدىن كېيىن ، ئەخمەتخان مەزەمزاتنىڭ چېدىرىغا بېرىپ يېزىپ قويۇلغان پەرماننى ئېلىپ خوشلىشىپ كەلدى . چېرىكلىرىدىن ئوننى تاللىۋالغان خوجا ناماز پېشىندىن سەل ئۆتكەندە ، غۇلجىغا كېلىپ دەڭدەرۋازىسى يېنىدىكى كاتتا دەڭگە چۈشتى . بۇ دەڭ دۆڭمەھەللىدىن قارادۆڭگە كېتىدىغان ، ھاكىمبەگ ئوردىسى ئالدىدىن ئۆتىدىغان يولنىڭ جەنۇبىي چېتىدە بولۇپ ، ھاكىمبەگ ئوردىسىدىن ئۇنچىلىك يىراقمۇ ئەمەس .

---

① ئۇ چاغلاردا موڭغۇللارنى قالماق دەيتتى .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

غۇلجا شەھىرىنىڭ مەركىزىي قىسمى بەش يۈز يىگىرمە سەككىز مېتىر ئېگىزلىكتىكى سىپىل بىلەن ئورىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئايلانمىسى ئىككى مىڭ ئۈچ يۈز ئەللىك[①] مېتىر بولۇپ، تۆت تەرەپتە تۆت دەرۋازىسى بەكمۇ ھەشەمەتلىك كۆرۈنەتتى. چوڭ كۆك خىش بىلەن قوپۇرۇلغان، ئاستى ئەگمە ئاركىلىق دەرۋازىنىڭ ئۈستىدە خەنزۇچە ئۇسلۇبتا ياسالغان ئىككى قەۋەتلىك، چىدىرچە يېپىلغان راۋاق تۇراتتى. بۇ ئىككى قەۋەت راۋاقنىڭ قىيپاش چۈشكەن ھەربىر بۇرجىكىدىكى قىرىغا ھەرخىل قۇشلار ۋە گۈللەر ياسالغان بولۇپ، تا تۆپىسىگىچە چىقاتتى. ھەربىر قىرنىڭ بېشىدا تۆت ئەجدىھا بېشى ئاغزىنى ئېچىپ تۇراتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى رەڭلىك كاھىشلار بىلەن ئىنتايىن چىرايلىق ياسىلىپ، كۆرگەنلەرنى ئۆزىگە زوق بىلەن قارىتاتتى.

شەھەر دەرۋازىسىغا قوۋۇق سىپىلى ياسالغان بولۇپ، ھەيۋەتلىك سىپىل قوش دەرۋازىلىق ئىدى. ئىككى دەرۋازا ئارىلىقى بوش مەيدان بولۇپ، ئىككى تەرىپىدە قاتار سېلىنغان ئۆيلەر تۇراتتى. بۇ ئۆيلەردە ھەيۋەتلىك سىپىل دەرۋازىسىغا قارايدىغان دەرۋازىۋەن ۋە چېرىكلەر ياتاتتى. ئالدىدىكى كىچىك سىپىل قوۋۇقى چوڭ سىپىل دەرۋازىسىغا توغرا تۇرمايتتى. شەرقتىكى قوۋۇق دەرۋازىسى جەنۇبقا، جەنۇب تەرەپتىكى قوۋۇق دەرۋازىسى غەربكە، غەربتىكى قوۋۇق دەرۋازىسى شىمالغا، شىمالدىكى قوۋۇق دەرۋازىسى شەرققە قارىغان بولۇپ، قوۋۇقتىن كىرگەندىن كېيىن، قىرىق گرادۇس ئايلانغاندا، ئاندىن دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئىچىگە كىرەتتى. سىپىل قوۋۇق دەرۋازىسى ۋە چوڭ دەرۋازىلارنىڭ بۇنداق ياسىلىشى ھەربىي مۇداپىئە تەلىپىدىن بولغانلىقى ئېنىق.

سىپىل چوڭ دەرۋازىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا دەرۋازا نامى

---

① سىپىلنىڭ ئېگىزلىكى: ئۈچ جاڭ ئالتە لى، ئايلانمىسى تۆت لى يەتتە پۇڭ.

يېزىلغان بولۇپ ، شەرق تەرەپتىكى دەرۋازا «جىڭسۇ» (ئەمكەر ـ ئەييام) ، جەنۇب تەرەپتىكى دەرۋازا «جاخۇي» (مەرھابا ئەھسا) ، غەرب تەرەپتىكى دەرۋازا «خۇەنمىڭ» (مالاھەت ـــ ئەبىر) ، شىمال تەرەپتىكى دەرۋازا «گۇيجى» (مەسرۇر ـ قوللە) ، دېيىلەتتى . شەھەرلىكلەر قىسقارتىپ بۇ دەرۋازىلارنى شەرقىي ، شىمالىي ، غەربىي ۋە جەنۇبىي دەرۋازا دەپمۇ ئاتايتتى .ئۇيغۇرلار شەرقىي دەرۋازىنى «دەڭدەرۋازا» ، جەنۇبىي دەرۋازىنى «سۇدەرۋازا» ، غەربىي دەرۋازىنى «كۇرەدەرۋازا» ، شىمالىي دەرۋازىنى «دولاندەرۋازا» دەيتتى[1]
.تۆت دەرۋازىلىق سېپىلنىڭ ئىچىدە ھاكىمبەگ ئوردىسى ، شەنگەن (ھاكىم) يامۇلى قاتارلىق ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ، بەگ ، ئەمەلدارلار ۋە بايلارنىڭ ئۆيلىرى بولۇپ ، ئادەتتىكى شەھەر پۇقرالىرى كۆپىنچە شەھەر سىرتىدا ئولتۇراتتى . شەنگەن يامۇلى قاتارلىق ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ غولجىدا بولۇشى ھاكىمبەگ ۋە ئۇنىڭ مەھكىمىسىنىڭ ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ، ئىلى جاڭجۇن مەھكىمىسىنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى يەتكۈزۈش ، ئالۋان ـ ھوسۇلنى ۋاقتىدا تۆكۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن بولۇپ ، بۇ ئورۇنلار غولجىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان كۆرەنىڭ كۆزىگە ئوخشايتتى .

نامازغا كەلگەندە ، ئەخمەتخان زادىلا قازا قىلمايتتى . چۈنكى ئۇ ، ئۆزىنى مۇھەممەت پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەۋلادى دەپ بىلگەنلىكتىن ، دىنغا كەلگەندە (ئۆز مەنپەئىتىگە توقۇنۇشۇپ قالغاندا ئاز ـ تولا بۇزۇپ قويىدىغان ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا) تولىمۇ سادىق بولۇپ ، يۈزدەيۈز ئورۇندايتتى .

---

① دەڭدەرۋازا ھازىرقى ئوبلاستلىق دورا شىركىتىنىڭ ئۇستىدىرەك ، جەنۇبىي دەرۋازا شىنخۇا دوختۇرخانىسىنىڭ ئورنىدا ، غەربىي دەرۋازا ئوبلاستلىق ئۆلچەم ئىدارىسى ئورنىدا ، شىمالىي دەرۋازا ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت ئورنىدا بولۇپ ، شۇنچىلىك دائىرىنى ئىچىگە ئالاتتى .

ئىلاجسىزلىقتىن بىرەر ۋاخ نامىزى قازا بولۇپ قالسا، شۇ كۈنى كەچتە چوقۇم تولۇقلاپ ئوقۇۋالاتتى.

پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى ئازراق ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنى قازا قىلغۇسى كەلمىگەن سىڭار كۆز دەڭگە چۈشۈپ، دەرھال تاھارەت ئالدى، ئۇ مۇلازىمى ئالغان ياتىقىغا كىرىپ پېشىن نامىزىنى ئوقۇۋالدى. ئۆيىدىن ئېلىۋالغان ئاق جاينامازنى يىغىپ ئورنىدىن تۇرغان ئەخمەتخان قورسىقىنىڭ ئېچىپ غۇرۇلداۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ ئون چېرىكنى باشلاپ كوچىغا چىقتى.

چوڭ كوچىدىن ئۆتۈۋاتقان دەرىجىلەر، خادىك ھارۋىلار، ئۆرگۈلەيلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئاتلىق، ئېشەكلىك كېتىۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئات ـ ئېشەكلەرنىڭ كىشنەش ـ ھاڭراشلىرىدىن، ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرىدىن چوڭ كوچا ياڭرايتتى. ئىككى تەرەپتىكى پىيادىلەر يولىدىمۇ ئۇياقتىن بۇياققا كېتىۋاتقان ئەر ـ ئايال ۋە ئۆسمۈرلەر زادىلا شالاڭلىمايتتى. ئىككى چەتتىكى ئاشپۇزۇل، مانتىخانا، ناۋايخانا، گۆشگىردە ۋە سامسىخانىلاردىن ئۆز تائاملىرىنى ماختاپ، مېھمان چاقىرىپ چىقىۋاتقان ياڭراق ئاۋازلار توختىمايتتى، بولۇپمۇ ئىككى مەڭزى قىزىل سامسىپەزنىڭ: «ياغ يەيسە! ياغ يەيسە! ئاستىڭغا تاۋاق قويۇپ ياغ يەيسە، بولمىسا ئاستىڭنى ياغلايسە!» دەپ ۋارقىرىغان سۆزلىرىدىن كېتىۋاتقانلار كۈلۈشەتتى...

ئەخمەتخان ئۆز چېرىكلىرىنى باشلاپ كوچىنىڭ ئۇ چېتىدىكى شەھەردە داڭقى بار مانتىخانىغا كەلدى. مانتىخانىنىڭ ئالدىدا قۇيرۇقلىرى ئىنتايىن يوغان بىر قوچقارنىڭ گۆشى ئېسىقلىق تۇراتتى. تولۇق ئېچىۋېتىلگەن قوش قاناتلىق ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىگە قويۇلغان يوغان تەشتەكلىك تالگۇللىرى مانتىخانا ئالدىنى چىرايلىق كۆرسىتەتتى. ئوڭ تەرەپتىكى ئىچىدە لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوچاقلارنىڭ بىرىگە قويۇلغان يوغان قاسقانلار قات ـ

قاتلىنىپ ھور پۇركۈيتتى . قاسقان قويۇلغان قازاننىڭ بىر تەرىپى بوشلۇق بولۇپ ، قازاندىن ئالغان قاسقانلارنى قويغىلى بولاتتى . يەنە بىر تەرىپىدە چوڭ قازان بولۇپ ، ئۈستىگە يوغان ياغاچ تۇۋاق يېپىقلىق تۇراتتى . ھور ئۆرلەۋاتقان قاسقانلارنىڭ يېنىدا بېشىغا بـايـتـال كۈتى قىستۇرۇلغان ئاق بۆك كىيگەن ، بويۇنلىرىنىڭ گۆشى بۇقىنىڭكىدەك قات ـ قاتلانغان سېمىز مانتىپەز ھەدەپ مانتىسىنى ماختاپ ۋارقىرايتتى...

— كەل ، ئوغۇل بالىلار ! ئەركەكنىڭ يەيدىغان مانتىسى بۇ ! يىگىتنىڭ دەرماندا ، يېمىگىنىڭ ئارماندا !...

ئـالـدىـغـا ئـاق پەرتۇق تارتىپ ، مۇرىسىگە بىر لۆڭگىنى ئارتىۋالغان ، ئاق بۆكلۈك مېھمان كۈتىدىغان يىگىت ئۈستەلگە ئەمدىلا كېلىپ ئولتۇرۇۋاتقان چىغلىقمازارلىقلارنىڭ يېنىغا خۇش چـىـراي كەلدى . ئۇ سۈرتۈلگەن بولسىمۇ ، ئۈستەلنى يەنە بىر سـۈرتـۈۋېتىپ ، سىركايە ئەكەلدى . ھەممىنىڭ ئالدىغا بىردىن گـۇللۈك سىركايە قويۇپ ، مىس چۆگۈندىن شارقىراتماي چاي قۇيدى . غۇلجىلىقلار كۆپۈك چىقىرىپ شارقىرىتىپ چاي قۇيۇشنى ئـىنتايىن يامان كۆرەتتى . قېنىق دەملەنگەن سىنچاينى قۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئاق بۆكلۈك خۇش چىراي يىگىت خوجىلارنى چـايـغـا تەكـلىپ قىلىپ ؛ «ھەربىرلىرىگە قانچىدىن ئەكەلسەم بولىدۇ ؟ » دەپ ، قايسى ئېغىزدىن جاۋاب چىقىدىكىن ، دېگەندەك ھەممەيلەنگە بىر ـ بىرلەپ قارىدى .

— بىر نانغا ئوندىن ئەكېلىڭ ! — دېدى ئەخمەتخان يىگىتكە سوغۇق تىكىلىپ .

«بـەكـمۇ تەلـەتى سـۆرۈن ، يـەكچەشمـە كـۆزى يامـان ئادەمكـىنـە ! » دەپ ئويلىغان مېھمان كۈتىدىغان يىگىت بىرقانچە قـەدەم مـېـڭـىـپـلا ئـويىنى ئۇنتۇدى ـ دە ، مانتىپەزگە قاراپ ۋارقىرىدى :

— بـىـر نانغا ئوندىن ، ئون بىر تەخسە مانتا ! ئۈستىگە قارىمۇچ سېلىۋېتەيلى !

www.uyghurkitap.com

ئىچكىرىدىن ئوخشاشلا ئاق بۆك كىيگەن يىگىت يېڭى تۈگۈلگەن مانتىلار رەت ـ رەت تىزىلغان يوغان قاسقاننى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئوچاق يېنىغا كەلدى. سېمىز مانتىپەز ئەڭ ئاستىدىكى قاسقاننى قازاندا قالدۇرۇپ، قالغانلىرىنى «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ كۆتۈرۈۋېلىپ، بىر تەرەپتىكى بوشلۇققا قويدى. ئۇ قازاندا قالغان لىق مانتا بار قاسقاننى ئېلىپ، يەنە بىر تەرەپتىكى قازان تۈۋىقىنىڭ ئۈستىگە قىيسايتىپ توختاتتى. ئۇ ئىچكىرىدىن چىققان يىگىتنىڭ قولىدىكى قاسقاننى ئېلىپ قازانغا قويدى، ئارقىدىن ياندىكى قات ـ قات تىزىلغان قاسقانلارنى كۆتۈرۈپ قازاندىكى قاسقاننىڭ ئۈستىگە مىندۈردى. سېمىز مانتىپەز قاسقانلارنىڭ ئۈستىدىكى تۈۋاق قاسقاننى ئېلىپ، ياندىكى بوشلۇققا قويۇپ، دەستىلەنگەن تەخسىلەردىن بىرنىقولىغا ئالدى. ئۇ ئاق چىنە تەخسىگە قاسقاندىكى مانتا نىنىدىن بىرنى سېلىپ، ئۈستىگە مانتا ئېلىشقا باشلىدى:

«بىر ـ ئىككى··· بەش··· يەتتە··· مانا بىر نانغا ئون مانتا!··· »

مېھمان كۈتىدىغان يىگىت مانتا سېلىنغان تەخسىنى مانتىپەزنىڭ قولىدىن ئېلىپ، ياغاچتىن ياسالغان، تۆت تەرىپىدە گىرۋىكى بار پەتنۇسقا سالدى. ئۇ ياغاچ پەتنۇس تەخسىلەرگە تولغاندىن كېيىن، چىغلىقمازارلىقلارنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. ھورى ئۆرلەپ تۇرغان، ئۈستىگە قارىمۇچ قويۇق سېپىلگەن تۈنجى تەخسىنى ئالغان خوجا باشقىلارغا قارىماي، بىر مانتىنىڭ جىلتىسىنى يىرتىپ قىيمىسىنى نانىنىڭ ئۈستىگە تۆكتى. ئۇ ئالدىدا ھەممە مانتىنىڭ جىلتىسىنى يەپ، قىيمىسىنى ناندا قالدۇردى، ئاخىرىدا قىيمىنى نېپىز مانتا نېنىغا يۆگەپ يېيىشكە باشلىدى. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ سىڭار كۆز قولىنىڭ ئارىسىدىن ئاققان مانتا شورپىسىنى يالاپمۇ قوياتتى. قارىمۇچ سېپىلگەن، بورداق قوينىڭ مانتىسى ئەخمەتخانغا ياقتى···

ئۇلار كېكىرىپ كوچىغا چىققاندا، قۇياش نامازدىگەرگە

يېقىنلاپ باراتتى . چىغلىقمازارلىقلار ئاشپۇزۇل ئالدىدا توختاپ ئەخمەتخاننىڭ ئاغزىغا قارىدى .

— مەن بازار ئارىلىمايمەن ، كىرىپ دەم ئالىمەن ! سىلەر بارساڭلار بېرىڭلار ، لېكىن قاراڭغۇ چۈشمەي يېنىپ كېلىڭلار ! چاتاق چىقىرىپ قويماڭلار ، سىلەرگە بېشىر ئونبېشى باشلىق بولىدۇ ، سۆزىنى ئاڭلاڭلار !— دېدى سىڭار كۆز ئالدىدا چېرىكلىرىگە ، ئاخىرىدا بېشىر ئونبېشىغا ھومىيىپ قاراپ .

— بولىدۇ ، خوجام ، بىز بازارنى بىر ئايلىنىپ دەڭگە قايتىمىز . خاتىرجەم بولسىلا ، ھېچقانداق ئىش بولمايدۇ ! — دېدى بېشىر ئونبېشى قول باغلاپ ، ھىجىيىپ .

ئەخمەتخان بۇ ئونبېشىنى نەگە بارسا ئۆزىدىن قەتئىي ئايرىمايتتى . پېشانىسىنىڭ تايىنى يوق ، چېچى بىلەن قېشىنىڭ ئارىسى تولىمۇ يېقىن ، قىرىق ياشلاردىكى بۇ ئادەم ئانچىمۇ ئېگىز بويلۇق ئەمەس ئىدى . ئۇ خوجىغا تولىمۇ سادىق بولۇپ ، نېمە دېسە ، شۇنى ئاشۇرۇپ قىلاتتى . بۆكىنى ئال دېسە ، بېشىنى كېسىپ كېلەتتى . بۇ قېتىممۇ سىڭار كۆز بېشىرنى باياندايدا قالدۇرماي ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭدى···

كەينىگە بۇرۇلغان خوجا ئەمدىلا ئاق دەرۋازىغا كەلگەندە ، ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرغان ئاۋاز چىقتى . چىغلىقمازارلىق چېرىكلەرمۇ توختاپ ، ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى . بېشىغا ئاق سەللە يۆگىگەن ، ئۇستىگە ئۇزۇن قارا پەرىجە كىيگەن ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى دوغىلاق بىرى خوجىغا قاراپ يۈگۈرگەندەك ئىتتىك كېلەتتى . خوجا كېلىۋاتقان ئادەمنى تونۇدى بولغاي ، ئۇنىڭ ئالدىغا قاراپ ئاياغ تاشلىدى . ئەخمەتخان بۇ قېتىم مەزەمزات بىلەن شەھەرگە كېلىپ ، بۇ ئادەم بىلەن ئوردىدا تونۇشقانىدى . ئىككىسى «بىر كۆرۈشكەن دوست ، ئىككى كۆرۈشكەن تۇغقان» دېگەندەك قول ئېلىشىپ قىزغىن كۆرۈشتى ، ھال ـ ئەھۋال سوراشتى . چېرىكلەر ئىككىسىنىڭ قەدىردانلاردەك كۆرۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ ، ئۆز يولىغا راۋان بولدى .

— شەھەرگە بىرەر ئىش بىلەن كەلدىلىمۇ ، ئەخمەتخان خوجام ؟ — دەپ سورىدى دوغىلاق ، گۆش يۈزلۈك ئادەم سىڭار كۆزگە خۇش چىراي قاراپ .

— شۇنداق ، ھاكىمبەگ جانابلىرىنىڭ پەرمانى بىلەن ياماتۇغا ماڭدىم : يۇلتۇزنىڭ قالماقلىرى باياندايغا ياردەم بەرگىلى ياماتۇغا كەپتۇ ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ، مېنى راست - يالغانلىقىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى ، — دېدى خوجا گىدىيىپ ، «مەزەمزاتنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتىمەن» دېگەندەك تەكەببۇرلۇق بىلەن .

— ئۆزلىرى يالغۇزمۇ ؟ يانلىرىدا چېرىك - پىرىكلەر بارمۇ ؟ — دەپ سورىدى يەنە دوغىلاق ئادەم چىرايىنى بۇزماي .

— بولمامدىغان ، شىرزاتخان ، بولمامدىغان ! بۇ قېتىم تېخىتىڭلاپ كەلگىلى ماڭغانلىقىمدىن كۆپ چېرىك ئالمىدىم . ئون چېرىك بىلەنلا يولغا چىقتىم . ھەممىسى ئۆزۈمنىڭ چىغلىقمازارلىقلىرى ، بازار ئايلىنىپ كېلىشكە رۇخسەت قىلىۋېدىم ، شۇ ياققا كەتتى .

— دەڭ دېگەن ئامالسىز ياتمىسا ، ياتىدىغان جاي ئەمەس . ئۆزلىرىدەك ئالىيجاناب ئادەملەر ھەرخىل ئادەملەر يېتىپ قوپىدىغان ، تازىلىقى ياخشى بولمىغان دەڭدە ، بىر تۈرۈقلۇق ، ياتسا ياخشى بولمايدۇ . پېقىرنىڭ ئۆيى ھاكىمبەگنىڭكىدەك كاتتا بولمىسىمۇ ، يامان ئەمەس ، بۇگۈن ، ئەخمەتخان خوجام ، بىزنىڭكىدە بولسىلا ، ئالدىلىرىغا داستىخان سېلىپ ، بىر پىيالە چاي قۇياي ! بارسىلا مەن ئۇچۇن كاتتا ئابرۇي بولاتتى ، — دېدى شىرزاتخان گويا ئالدىدا مەزەمزات تۇرغاندەك ، چىرايىدىن خۇشامەت قېقىپ . ئۇنىڭ بۇنچىلىك خۇشامەت بىلەن خوجىنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىشىدا غەرىزى يوق ئەمەس ئىدى . سەۋەبسىز بىر تال قىل تەۋرىمىگەندەك ، ئۇنىڭ خۇشامىتىدە : « مەزەمزاتقا يېقىن ئەخمەتخاننى ئوبدان كۈتۈۋالسام ، ئۇ ھاكىمبەگكە ياخشى گېپىمنى قىلىپ بەرسە ، ئەمىلىم ئۆسۈپ قالارمىكىن ؟ » دېگەن

مۇددىئا ئاقاتتى .

— مېنىڭغۇ كۆڭۈللىرىنى دەپ ئوتتەك بارغۇم بار ، بىراق بىرى ، چېرىكلىرىم بىلەن بىللە بولمىسام بولمايدۇ . ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى مەن بولمىسام چاتاق چىقىرىدۇ . يەنە بىرى ، ئەته ئەتىگەنرەك يولغا چىقىمىز . كەچۈرسىلە ! شەھەرگە يەنە بىر كەلگىنىمدە چوقۇم بارىمەن ! ... — دېدى سىڭار كۆزمۇ شىرزاتخانغا بۇ قېتىم قول باغلاپ ، ھىجىيىپ ،

ئىككىسى خېلى تالىشىپ ، بىر يەرگە كېلەلمىدى . شىرزاتخان ئامالسىز خوجىنىڭ سۆزىنى رەت قىلالماي ئۇنىڭدىن خوشلاشتى . ئۇ ، يەنە بىر كەلگىنىدە چوقۇم بارىدىغان قىلىپ خوجىنىڭ ۋەدىسىنى ئالدى . خوجا ئىرغاڭلاپ كېتىۋاتقان شىرزاتخاننىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرۇپ ، دەڭنىڭ ئوچۇق تۇرغان يوغان دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭدى .

*　　　　*

ئەتىگەندە چايخانىدىن قايماقلىق ئەتكەنچايغا قارادۆڭ كۆرۈنگۈدەك نان چىلاپ يېگەن ئەخمەتخان تەرلەپ كوچىغا چىقتى . ئۇ چېرىكلىرىگە ئاتلارنى توقۇشنى بۇيرۇپ ، ئۆزى دەڭدەرۋازىسى ئالدىدا ، تونۇش - بىلىشلەردىن بىرەرى ئۇچراپ قالارمىكىن ، دېگەندەك قاراپ تۇردى . تەلىيىگە تونۇيدىغان بىرەرىمۇ ئۆتمىدى . ئاتلارنى توقۇپ چىققان چېرىكلىرى خوجىنىڭ يېنىغا كەلدى . بېشىر ئونبېشى ئۇنىڭ توقۇلغان قارا كېچىدەك ئېتىنى يېتىلەپ كېلىپ ، قارا چۇلۇۋۇرنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى .

دەل — دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى «تەڭگە بولاي ، چوكانلىرى بەڭگە بولاي» دېگەن شەھەرنىڭ ئاسمىنىدا كۇنپېتىشتىن چىققان قارا بۇلۇتلار بىر شۇم خەۋەردەك ئاقاتتى . كۇنچىقىش ئۇپۇقىغا ئۆرلىگەن قۇياش يېتىپ بارغان پارچە - پارچە قارا بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدا يەنىلا نۇر چاچاتتى . ئۇنىڭ نۇرانە

www.uyghurkitap.com

چىرايىدا قىلچە ـ غەم ئەندىشە كۆرۈنمىسىمۇ، بىراق كۆرۈنگەن مەنزىرىدىن بىر قاتتىق جۇدۇننىڭ بولىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. چىقىۋاتقان گۇر ـ گۇر شامال بارغانسىرى كۈچىيىدىغاندەك قىلاتتى.

خوجا ۋە ئۇنىڭ چېرىكلىرى ئۇزۇن، چوڭ كوچىنىڭ چېتى بىلەن بىردىن ـ ئىككىدىن مېڭىپ قارادۆڭ تەرەپكە كېتىۋاتاتتى. كوچىدا بارغانسېرى ئادەم، ئات ـ هارۋىلار كۆپىيىۋاتاتتى. مال بازىرىغا ئېلىپ ماڭغان ئات ـ كالا، قوي ـ ئۆچكىلەرنىڭ ئاۋازلىرىمۇ ياڭرايتتى.

ئاتلىرىنى ئىتتىك يورغىلىتىپ كېلىۋاتقان ئۈچ ئاتلىق ئەخمەتخانغا يېقىنلاپ كەلدى. ئۆزبېك مەهەللىسىگە بۇرۇلىدىغان يەرگە كەلگەندە بىرى چوڭ ياشلىق، قالغان ئىككىسى ياش يىگىتلەر — ئۈچ ئاتلىق چېرىكلەرگە يېتىشىۋالدى.

— هەي، ئەخمەتخان خوجام! هەي ئەخمەتخان خوجام! — دېگەن جاراڭلىق ئاۋاز سىڭار كۆزنى كەينىگە قاراتتى. ئۇ ئۆزىگە يېقىنلاپ قالغان ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ قېيناتىسى ئەخمەت خەزىنىچى بەگنى كۆرۈپ، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى. چېرىكلىرىمۇ خوجا بىلەن تەڭلا ئاتلىرىنى توختاتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — دېدى خەزىنىچى بەگ يېتىپ كېلىپ، خوجىغا خۇش چىراي سالام قىلىپ، بەگنىڭ ئىككى يېنىدىكى نەۋرىلىرىمۇ قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ ئەخمەتخانغا سالام قىلىپ، ئاق سەللىلىك باشلىرىنى ئەگدى.

ئەخمەت خەزىنىچى بەگ يەلكىلىرى كەڭ، ساقال ـ بۇرۇتى قويۇق، يۈزى دۈگىلەك، ئىككى مەڭزى قىزىل قاچا ئۆرۈكتەك چاقناپ تۇرىدىغان، قارا كۆزلىرى مۇلايىم ئادەم بولۇپ، ئىككى يېنىدا تۇرغان ئىككى ئوغۇل ئۇنىڭ نەۋرىلىرى، ئابدۇرۇسۇل ئەمىرنىڭ جانجىگەرلىرى ئىدى.

«ىچۆك زۇلۇم قىلدى بۇ بەگزادەگە ،
يۈزى گۈل ، قەددى سەرۋى ئازادەگە .
لەبى غۇنچەسى ئۆزرە خەت تارتماغان ،
بۇ دۇن لەززەتىنى دەمى تارتماغان .»[1]

ئىككى ئوغۇل يۈگەنلىرىنى سىيرىپ تۇرغان ، بوينى ئۇزۇن ، بېشى كىچىك ئاجايىپ چىرايلىق بىر جۈپ ئاق بوز ئاتقا مىنىپ ، بوۋىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇراتتى .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ! — دەپ سالام قايتۇردى خوجىمۇ . ۋۇجۇدىدىن غۇززىدە بىر قارا قۇيۇن ئۆرلەپ «مەزەمزاتنى خۇشال قىلىدىغان پەيت كەلدىمۇ نىمە ؟ مۇنۇ ئەجەل سۆرەپ كەلگەندەك ئۆزىلا ئالدىمغا كەپتىغۇ !» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن سىڭار كۆزىنىڭ قارا يۇرىكى ئابدۇرۇسۇلنىڭ قېيناتىسى بىلەن قاسىمبەگ ۋە ئاخۇنبەگ ئىسىملىك ئىككى ئوغلىنى كۆرۈپ ، توختىماي گۇپۇلدەپ سوقۇشقا باشلىدى .

— شىرزاتخاندىن ئۆزلىرىنىڭ شەھەرگە كەلگەنلىكىنى ۋە ياماتۇغا بارىدىغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ دەڭگە كېلىپ سورۇشتۇرسەم ، ئۇ يەردىكىلەر : يېڭىلا ماڭدى ، دېيىشتى . كەينىلىرىدىن تېزرەك مېڭىپ يېتىپ كەلدىم .

— ئاۋارە بولۇپتىلا ، خەزىنىچى بەگ ! — دېدى چىرايى قارايغان يەكچەشمە كۆزلىرى خېلىلا چوڭايغان ئەخمەتخان خەزىنىچى بەگكە تىكىلىپ ،— مېنىڭدە بىرەر ئىشلىرى بارمىدى ؟

يولنىڭ يۇقىرىقى تەرەپ چېتىدە ، ئالدىدا سىڭار كۆز ، كەينىدە ئۇنىڭ چېرىكلىرى ، تۆۋەن تەرەپ چېتىدە بېشىغا سۆسەر كۆپە ، ئۇستىگە كالتە پەشمەت كىيىپ بېلىنى قارا پوتىدا باغلىغان

---

① «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 - يىل 2 - سان 16 - بەت .

خەزىنىچى بەگ بىلەن نەۋرىلىرى تۇراتتى . بىر تەرەپىنىڭ چىرايى جىددىي ۋە قارايغان ، يەنە بىر تەرەپىنىڭ چىرايى ئوچۇق ۋە خۇشخۇي كۆرۈنەتتى . گويا بىر تەرەپتىن سوغۇق شامال ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىللىق ئۈرۈپ بوران چىقىدىغاندەك قىلاتتى .

بىزدە بۇ بىر ئادەتقۇ ! ؟ بىر يەردە بىرقانچە ئادەم توپلىشىپ قالسا ، ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار قىزىقىپ توختايدىغان ، بىكارچىلار تاماشا قىلىدىغان ئەھۋال دائىم دېگۈدەك كۆرۈلىدىغۇ ! ؟ مانا ، بىرلەپ ـ ئىككىلەپ ئۆلارنىڭ يېنىغا ئادەم توپلاشقىلى تۇردى .

— خوجام ! — دېدى خەزىنىچى بەگ مۇلايىم كۆزلىرىدىن سەممىيلىك نۇرلىرىنى چېچىپ ، ئوچۇق چىراي بىلەن ، — ئاۋارە بولۇپ ياماتۇغا بارمىسىلا ! مەن ئىشەنچلىك خەۋەر ئالدىم . يۇلتۇزنىڭ قالماقلىرى ياماتۇغا كەلمەپتۇ . سىلى ئاڭلىغان خەۋەر پۈتۈنلەي يالغان .

— ياق ! — دېدى سىڭار كۆز كۆزىنى پىيالىدەك پارقىرىتىپ ، — مەن چوقۇم بارىمەن ! ئۆز كۆزۈم بىلەن يۇلتۇزنىڭ قالماقلىرى ياماتۇغا كەلدىمۇ ، كەلمىدىمۇ ، كۆرۈپ كەلمىسەم بولمايدۇ ! بۇ دېگەن مەزەمزات جانابلىرىنىڭ بۇيرۇقى ، ئۇنى ئورۇندىماي قانداق قايتىمەن ؟ !

— ئۇغۇ شۇنداق ! لېكىن ، مەزەمزاتمۇ خاتا ئاڭلاپ ، سىلىنى خاتا يولغا ئاتلاندۇرۇپتۇ ! ماڭا ئىشەنسىلە ! مەن سىلىنى ياماتۇغا بارغۇچە جاپا چېكىپ قالىدۇ ، دەپ ياخشى كۆڭلۈم بىلەن كەلدىم .

ئابدۇرۇسۇل ئەمىر ئۆزى باياندايدا تۇرۇپ ، شەھەردىكى ئىشلارغا قېيناتىسى ئەخمەت خەزىنىچى بەگنى مەسئۇل قىلىپ قويغانىدى . ئۆز ئىشىغا قاتتىق مەسئۇل بولىدىغان بەگ ، راستىنلا ئەخمەتخان خوجىنىڭ بىكار ياماتۇغا بېرىپ جاپا تارتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن قايتۇرغىلى كەلگەنىدى . خوجا ياماتۇغا ئەمەس چىغلىقمازارغا كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ، قەستەن جېدەل چىقىرىپ ، قان تۆكۈش خىيالىدا بولۇۋاتاتتى . ئۇ :

«ھاكىمبەگنىڭ بىر خىزمىتىنى قىلىپ ، ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشنىڭ پۇرسىتى كەلدى» دەپ قەستەن شۇنداق قىلىۋاتاتتى .

ئاق كۆڭۈل ، سەممىي ئادەملەر باشقىلارغا بىلدۈرگەن ياخشى كۆڭلى ئۈچۈن جازالىنىدۇ ، تۆھمەتكە ئۇچرايدۇ ، ھەتتا قۇربان بولىدۇ . بۇ دۇنيادا ئەجەبلىنىدىغان ئىش بولماي قالدى . شۇ تاپتا بىر ياخشى ئادەم بىلدۈرگەن ياخشى كۆڭلى ئۈچۈن بىر يامانىنىڭ قولىدا جان بېرىدىغان بولۇۋاتىدۇ . بۇ نېمە ئۈچۈن ؟ نېمىشقا دۇنيا ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئۇلارنىڭ ئەڭ ساپ ، ئەڭ گۈزەل پەزىلەتلىرى ۋە يۈكسەك ئىنتىلىشلىرى ئۈچۈن ھەممىدىن كۆپ ۋە ھەممىدىن ئالدىن جازالايدۇ ؟ يامانلارغا ماس كېلىدىغان بۇ دۇنيانىڭ ماھىيىتى ئاچ كۆزلۈك ، ھوقۇق تەمەسى ۋە شۆھرەتپەرەسلىكمىدۇر ؟ ! بارلىق چوڭ - كىچىك كۈلپەتلەر شۇلاردىن ھاسىل بولىدىغانلىقىنى نېمىشقا ئادەملەر كۆرمەيدىغاندۇر ؟ ! نېمىشقا يامانلارنىڭ مەككارلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشلىرىگە ھەتتا ياخشىلارمۇ ئىشىنىپ كېتىدىغاندۇر ؟ ! ئەقىللىق ئادەم نېمىشقا بۇنىڭغا كەلگەندە دۆتلىشىپ قالىدۇ ؟ ! ئاچ كۆزلۈك ۋە شۆھرەتپەرەسلىك ۋە ھوقۇق تەمە قىلىشلارنىڭ يىلتىزى بىر ، ئۇ بولسىمۇ : نەپ ! ئۆز نەپسىگە كۆپرەك بېرىلىدىغان ئادەملەر ھامان يۇقىرىقى ئۈچ بالانىڭ ئىلكىدە ياشاپ ، بۇ يولدا باشقىلارنىڭ كۆز يېشى ھەتتا جەسىتى ئۈستىدە مېڭىپ قاقاقلىيالايدۇ . مېنىڭچە ، ئىبلىس دېگەن باشقا نەرسە ئەمەس . دەل ئاشۇ نەپ ! ئادەملەر ئۆزلىرىنى ئازدۇرىدىغان ئىبلىسنىڭ نەپ ئىكەنلىكىنى بىلگەندىلا ، خۇدا ئىبلىسنى جەننەتتىن قوغلىۋەتكەندەك ، نەپنى ئادەملەرمۇ بۇ دۇنيادىن قوغلىۋېتەتتى . مانا شۇ كۈنگە كەلگەندە ، دۇنيامۇ ئىبلىسسىز جەننەتكە ئايلىنىپ ، بىر - بىرىگە كۆزلىرىنى ئالايتمايدىغان ، بىر - بىرىگە قول ، ھەتتا پىچاق - قىلىچ كۆتۈرمەيدىغان بولۇپ ، ئادەملەر ياشاپ - ياشاپ تويمايدىغان

بولاتتى . ئاھ ! بۇ كۈن كېلەرمۇ ؟ !...

— سەن نېمە دەۋاتىسەن ؟ مەزەمزات جانابلىرىغا تىل تەگكۈزۈشكە قانداق پېتىندىڭ ؟ بۇقىنى ھۆركىرەتكەن ئىككى تاشىقى دېگەندەك ، سېنى گۈركىرەتكەن كۈيئوغلۇڭ ئابدۇرۇسۇلمۇ ؟ مەزەمزات ئالىيلىرى خاتا قىلمايدۇ . سەنلەر قۇشقۇنغا قىستۇرۇلغان تېزەكتەك ، ھەممىلا يەردە قىستۇرۇلۇپ يۈرىسىلەر ! بولدى . ئالدىمنى توسۇماي ، بىر يانغا ئۆت ! بولمىسا مېنىڭ قىلىچىم يۈز - خاتىر دېگەنلەرنى بىلمەيدۇ . مەن مانا ھاكىمبەگنىڭ پەرمانى بىلەن ياماتۇغا كېتىۋاتىمەن ! — ئۇ قوينىدىن مەزەمزات بەرگەن خەتنى ئېلىپ ، ئەخمەت خەزىنىچى بەگكە بەردى . ھەربىر سۆزى ئېتىلغان قوناقتەك چاچراپ چىققان خوجىنىڭ يالغۇز كۆزى چۆچەكتەك يوغىناپ ، خەزىنىچى بەگنى يەۋېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى .

خەزىنىچى بەگ لېپاپ ئىچىدىن خەتنى ئېلىپ ، ئاۋايلاپ ئېچىپ ئوقۇدى :

«... ھەرقايسى جايلار خەۋەردار بولۇپ ، يېقىندىن ياردەم بەرسۇنكى ، سەردار ئەخمەتخان خوجام ياماتۇغا يۇلتۇز قالماقلىرى كەپتۇ ، دېگەن خەۋەرنىڭ راست - يالغانلىقىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن ، مېنىڭ پەرمانىم بىلەن بىرقانچە چېرىك ئېلىپ ئاتلاندى... »

خەزىنىچى بەگ ئايغىنى ئوقۇمىدى . ئۇ خەتنى يەنە قاتلاپ ، لېپاپقا سېلىپ ، ئۆزىگە چەكچىيىپ قاراپ تۇرغان سىڭار كۆزگە قايتۇرۇپ بەردى .

— خوجام ! — دېدى خەزىنىچى بەگ ئەخمەتخان خوجىغا سەممىي كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ ، — مەن مەزەمزات جانابلىرىنى قارىلىمىدىم . سىلىگە پەقەت سەممىي كۆڭلۈم بىلەن بىكاردىن - بىكار بېرىپ ، «ئات ئاۋارە ، كۆت ئاۋارە» بولۇپ قايتىپ كەلمىسىلە ! دەپ قالماقلارنىڭ كەلگەنلىكىنىڭ

يالغانلىقىنى ئېيتىۋاتىمەن . بۇ جەھەتتە مەن ئىشەنچلىك مەلۇماتقا ئىگە !

كىچىكىمدە ئاڭلىغان چوڭلارنىڭ «باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشساڭ ، بىكاردىن ـ بىكار ئاغرىماس بېشىڭغا ئاغرىق تېپىۋالىسەن !» دېگەن سۆزىنى ئويلاپ قالدىم . لېكىن ئەخمەت خەزىنىچى بەگدەك ياخشى ئادەملەردە ئۇلارنى تىنچ ئولتۇرغۇزمايدىغان ۋىجدان دەيدىغان بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى كېيىنرەك بىلدىم . راست ، ۋىجدانلىق ئادەملەر ياخشى ـ يامان ئىشلارغا ئارىلاشماي چىدىيالمايدىكەن ! ۋىجدان — ئىنسان ئەخلاقىنىڭ دەرۋازىسىدا تۇرغان قاراۋۇل . ئەگەر بۇ قاراۋۇل كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان ياخشى ، يامان ئىشقا ئارىلاشماي جىم تۇرسا ، ئۇ ئىنسان ئەخلاقىي دەرۋازىسىدا تۇرغان بولمايدۇ . خەزىنىچى بەگنى «يۈزى گۈل ، قەددى سەرۋە ئازادە» ئىككى نەۋرىسى بىلەن بۇ يەرگە ئەكەلگەن قۇدرەت ، دەل ئۇنىڭ ئىنسانىي ئەخلاقىنىڭ دەرۋازىسىدا تۇرغان قاراۋۇل — ۋىجدان !

سىڭار كۆزىنىڭ بارغانسېرى قارىيىۋاتقان يۈرىكى شۇ تاپتا شەيتانغا ئايلىنىپ : «ھەي نېمىگە قاراپ تۇرىسەن ، پۇرسەت كەلدىغۇ !؟ قىلىچىڭنى دەرھال قىنىدىن سۇغۇرمامسەن ؟ !» دەۋاتاتتى .

— بولدى ، بەس ! — دەپ ھۆركىرىدى ئەخمەتخان يەكچەشمە كۆزىنى چەكچەيتىپ ، ئۇنىڭ قارامتۇل چىرايىدىن قارا قۇيۇن ئۇچاتتى ، — ئالدىمنى توسۇمىسىلا ! مەزەمزات جانابلىرىنىڭ پەرمانىنى ئورۇندىماسقا بېشىم ئون ئەمەس ! يولۇمنى يەنە توسۇسىلا ، باشلىرىنى تەنلىرىدىن جۇدا قىلىمەن !...

خەزىنىچى بەگ ئىككى مۈرىسىنى قىسىپ ئەجەبلەنگەن ھالەتتە خوجىغا قارىدى :

— بۇ قانداق سۆز ، مەن يا دۈشمەن بولمىسام ؟ ! ياخشى كۆڭلۈم ئۈچۈن بېشىمنى تېنىمدىن جۇدا قىلامدىلا ؟ !

www.uyghurkitap.com

سىڭار كۆزنىڭ ئىچىدىكى شەيتان چىرقىراپ كەتتى. ئۇ «يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسەن، بەگنىڭ بوينىغا قىلىچ ئۇرماي!» دەپ توۋلايتتى. خوجا قارا قولىنى قىلىچنىڭ سېپىغا ئېلىپ باردى ـ دە، ئۇنى سۇغۇرۇۋېلىپ، خەزىنىچى بەگنىڭ كۆكرىكىگە تىقتى. خەزىنىچى بەگ «ئاللا!» دەپ ئاتنىڭ ئۈستىدىن يەرگە ئۇچۇپ چۈشتى، ئۇنىڭ كۆكرىكىدىن قان بۇلىقى ئېچىلغاندەك قان بۇلدۇقلاپ چىقاتتى. ئۇنىڭ كىچىك نەۋرىسى ئاخۇنبەگ بوۋىسىنى قان ئىچىدە كۆرۈپ چىدىيالماي «بوۋا!» دەپ ۋارقىراپ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ بوۋىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. يەكچەشمە ئەخمەت خەزىنىچى بەگنىڭ قېنى بىلەن بويالغان قىلىچنى ئاخۇنبەگنىڭ بوينىغا ئۇرۇپ، ئاق سەللىلىك بېشىنى سەرۋىدەك قامىتىدىن جۇدا قىلدى. ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلار «ئاھ!» دەپ توۋلىۋەتتى. ئاسمان قارىيىپ، قۇياش كۆرۈنمەي قالدى. ئاق تېرەك ۋە سۆگەتلەر نالە ـ زار قىلاتتى. «لەۋ غۇنچىسىنىڭ ئۈستىگە خەت يېزىلمىغان» ئوغۇل قىزىل قان ئىچىدە ياتقان بوۋىسىنىڭ ئۈستىگە باشسىز يىقىلدى. ئۇنىڭ تېنىدىن جۇدا بولغان بېشى يەر ئۈستىدە سەكرەيتتى... كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا ئۆلتۈرۈلگەن ئامراق بوۋىسى بىلەن جانجىگەر ئىنىسىنىڭ قىزىل قانغا مىلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆرگەن قاسىمبەگ ئاق بوز ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ قاچتى.

— بېشىر، قوغلا، هارامدىن بولغانىنى! — دەپ ۋارقىرىدى يالغۇز كۆزى پىيالىدەك يوغىناپ كەتكەن خوجا يېنىدا تۇرغان ئونبېشىغا قاراپ. بېشىر يېنىغا ئىككى چېرىك ئېلىپ، قاسىمبەگنىڭ كەينىدىن ئېتىغا قامچا ئۇردى.

— هەي بېشىر، شۇمتەكنىڭ بېشىنى ئەكەل!...

بولۇۋاتقان قانلىق ۋەقەنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ئېچىنىپ قاراپ تۇرغانلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئاھ ئۇرۇپ قالدى، بۇ ئاھ كەينىدىن قوغلاپ كېتىۋاتقانلارغا ئەمەس، قېچىپ كېتىۋاتقان گۇناھسىز

ئوغۇلغا ئېچىنىۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى .

*　　　*

كېلىشكەن بوز ئات قومۇش قولاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ، توپا - چاڭ قاپلىغان قارا بورانىى يېرىپ قانات چىقارغاندەك كۆنۈپ كېتىشقا قاراپ ئۇچاتتى . ئۇنىڭ ئۈستىدىكى قوش تۇمشۇقلۇق ، قارا بەرقۇت كۆرپە سېلىنغان ئېگەردە ئولتۇرغان قاسىمبەگ توختىماي ئېسەدەپ يىغلايتتى . ئۇنىڭ قارا كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ياش توپا ئۇچۇۋاتقان زېمىنغا تاماتتى .

«ئاھ ، جېنىم بوۋا» دەپ ئىڭرايتتى ئەخمەت خەزىنىچى بەگنىڭ چوڭ نەۋرىسى .

«ئاھ ، جانجىگەر ئۇكام !» دەپ زارلايتتى ياش تۆكۈۋاتقان ئاكىسى .

ئاق بوز ئات ئۈستىدە ئولتۇرغان ئاق سەللىلىك يىگىت ئوردا ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى . ئۇ ئوردىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى ئوردا مەھەللىسىگىمۇ ، ئۇ يەردىكى ئۆيىگىمۇ بارماي ، ئۇدۇل بايانداىغا — سۆيۈملۈك ئاتىسىنىڭ يېنىغا يول ئالدى . ئۇ ھەشەمەتلىك ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ ، ئاززاق مېڭىپ شىمال تەرەپتىكى كوچىغا بۇرۇلۇپ ، توغراكۆۋرۈككە قاراپ ماڭدى .

كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئاق تېرەكلەر ئىرغاڭلاپ ، ئۇنىڭ چوڭ - كىچىك شاخلىرى نالە - زار قىلاتتى . ۋاقىتسىز ئۈزۈلگەن يوپۇرماقلار ، سۇنغان شاخلار يوللاردا ئۇچۇپ يۈرەتتى . سېپىلنىڭ دولان دەرۋازىسىدىن چىققان قاسىمبەگ توغرا كۆۋرۈكنىڭ مەركىزىگە كېلىپ ، بوز ئېتىنىڭ بېشىنى كۈنپېتىش تەرەپكە بۇراپ ، ئەشمە قامچىسىنى ھاۋاغا كۆتۈردى . سەگەك ۋە ئەقىللىق ئات ئىگىسىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك چىپپىشىنى تېخىمۇ تېزلەتتى . قېچىپ كېتىۋاتقان قاسىمبەگ ئارىلاپ -

ئارىلاپ كەينىگە قاراپ قوياتتى. ئۇ يىراقتا ئۆزىنى قوغلاپ كېلىۋاتقان ئادەملەرنى كۆرۈپ، ئاتىسىنىڭ يېنىغا قانات چىقىرىپ يېتىپ بېرىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئونبېشى بېشىر ئىككى چېرىكى بىلەن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئاتلىرىنى توختىماي قامچىلاپ، يۈزلىرىنى بوراندىن قاچۇرۇپ، تۆكۈلۈپ كېلەتتى.

ئەمدىلەتتىن هايات ۋە دۇنيانى چۈشىنىپ كېلىۋاتقان بۇ قارچىغىدەك بالىدا نېمە گۇناھ بار؟! ئۇ نېمىشقا ئۆلتۈرۈلىدۇ؟ قوغلاپ كېلىۋاتقان ئۈچ ئادەم نېمىشقا بۇلارنى ئويلىمايدۇ؟! بېشىرمۇ، ئىككى چېرىكمۇ ئوخشاش بىر ئانىدىن تۇغۇلغان، ئاق سۈت ئېمىپ چوڭ بولغان ئەقىل ئىگىلىرىغۇ؟! ئۆزى بىلەن بىر تىلدا سۆزلىشىدىغان، بىر يۇرتتا ياشايدىغان بۇ گۈلدەك يىگىت ئەتە فارابى بولار، يۇسۇپ خاس هاجىپ بولار، نەۋائىي بولار!… لېكىن ئۇلار بۇلارنىمۇ ئويلاپمۇ قويمايدۇ. ئالدىدا قېچىپ كېتىۋاتقان يىگىت ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆز خەلقىنىڭ رەناسى، هەتتا ئۆزلىرىنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئېقىۋاتقان داناسى بولسىمۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋەهشىي پەيلىدىن يانمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئويلايدىغىنى، ئۆز مىللىتى، ئۆز خەلقى ئەمەس، ئۆزىنىڭ پايدا ـ زىيىنى! مەنپەئەت دەيدىغان بۇ بالا بىر چىرايلىق ئادەمنى هايۋانغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ، هەتتا قولىغا پىچاق ئالدۇرۇپ، بىر تۇغقان قېرىندىشىنى بوغۇزلىتىۋېتىدۇ. ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن جېنىنى بېرىدىغان ئادەملەر نۆۋىتى كەلسە ئۆز مىللىتىنى، ئۆز خەلقىنى سېتىۋېتەلەيدۇ. ئۇلاردا مۇهەببەت، ۋىجدان، ئار ـ نومۇس دەيدىغانلار بولمايدۇ.

قاسىمبەگ توغراكۆۋرۈك چوڭ يولىنىڭ كۈنپېتىش بېشىغا كېلىپ شىمالىي تەرىپىگە بۇرۇلدى. «بالا ـ قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس، پۇت ـ قولىنى ساڭگىلىتىپ» دېگەندەك. دوقمۇشنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئاق تېرەكنىڭ يوغان بىر شېخى قاراسلاپ سۇنۇپ، يېڭىلا بۇرۇلغان ئاق ئاتنىڭ ئالدىغا چۈشتى. قۇمۇش قۇلاقلىرىنى دىك تۇتۇپ كېلىۋاتقان ئات ئۈركۈپ بىر يانغا قاچتى.

ئۇستىدە يىغلاپ ، قان ئىچىدە قالغان بوۋىسى ۋە ئۇكىسىنى ئويلاپ ئۆز غېمى بىلەن كېلىۋاتقان قاسىمبەگ ئات خارتىلداپ بىر يانغا تۇيۇقسىز قاچقاندا ، ئۇستىدىن ئۇچۇپ توپىلىق يەرگە يىقىلدى . ئۇنىڭ ئاق سەللىسى بېشىدىن چىقىپ ، چۆرگىلەپ نېرىغا بېرىپ چۈشتى . ئاق ئات قاتتىق بىر كىشنەپ ، كەينىگە بۇرۇلۇپ ، كەلگەن تەرىپىگە يۈگۈرۈپ كەتتى . غۇنچە چىراي قاسىمبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ ، سەللىسىنىمۇ ئالماي ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى . ئۇنىڭ ياشلىق كۆزلىرى : بىرەر تونۇش ئۇچراپ قالامسۇ ، دېگەندەك ھەر تەرەپكە يۈگۈرەيتتى . يالاڭئاياغ ، ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان قاسىمبەگ ئارقىسىدىن يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئاتلارنىڭ ئاياغ ئاۋازىنى ، شۇنداقلا ئۇنى سەت بىرىنىڭ «توختا ، ھارىمى !» دەپ توۋلىغىنىنى ئاڭلىدى . «توختىسام بولمايدۇ . مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ ! مەن تىرىك قېلىشىم كېرەك ! سۆيۈملۈك بوۋامنىڭ ، كۆيۈملۈك ئۇكامنىڭ قىساسىنى ئېلىشىم لازىم ! ھېلىقى يەكچەشمە بۇ زېمىننىڭ ئۇستىدە قاقاقلاپ كۈلسە قىيامەت بولىدۇ ! مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈشۇم ئۇچۇن ياشىشىم زۆرۈر !» دەپ ئويلايتتى كوچىنىڭ چېتى بىلەن توختىماي يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان قاسىمبەگ .

كەينىدىن كەلگەن بېشىر يېقىنلاپ كېلىپ ، قولىدىكى يالىڭاچ قىلىچنى كۆتۈرۈپ بويىنىغا ئۇردى . گۆلدەك بالىنىڭ بېشى ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشۈپ ، خۇددى يوغان دۈگىلەك يۇمىزەكتەك سەكرەپ كەتتى . ئۇنىڭدىن ھەر تەرەپكە قىپقىزىل قان چېچىلاتتى . قاسىمبەگنىڭ قارىغاي كۆچىتىدەك گەۋدىسى يەرگە گۈپپىدە يىقىلدى .

ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەر كۆز ئالدىدا ، كۈپكۈندۈزى يۈز بەرگەن بۇ پاجىئەنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ، قورققاندەك قارىشاتتى . ئېتىدىن چۈشكەن بېشىر ، ئاتلىرىدىن چۈشمەي قاراپ تۇرغان ئىككى چېرىككە ئالىيىپ قارىدى :

— ھوي ، خومسىلار ، ئېتىڭلاردىن چۈشۈپ ، مۇنۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇمتەكنىڭ بېشىنى بىرنېمىگە ئورىۋالماسىلەر!
— بىرەر پارچە لاتا بولمىسا، نېمىگە يۆگەيمەن؟ — دېدى ئالدىدا ئېتىدىن چۈشكەن چېرىك قاسىمبەگ بېشىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ چىرايىدىن ئىچىنىش دەيدىغان تۇيغۇ زادىلا كۆرۈنمەيتتى، — ئەكەل، خۇرجۇنۇڭنى بەرگىن، بىر بېشىغا سېلىۋالايلى!...
بېشىر ئېگىرنىڭ كەينىدىكى خۇرجۇننى يېشىپ، يېنىغا كەلگەن چېرىككە بەردى. ئۇ كۆزلىرى يۇمۇلمىغان يىگىتنىڭ قانغا بويالغان بېشىنى خۇرجۇنغا ئوراپ، ئېتىنىڭ كەينىگە غانجۇغىلىۋالدى. ئونبېشى چىپار ئېتىغا بىر سەكرەپ مىنىپ، ئىككى چېرىكنى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن يولى بىلەن قايتتى. قاسىمبەگنىڭ باشسىز گەۋدىسى چوڭ يولنىڭ كۆنچىقىش تەرىپىدىكى چېتىدە قالدى...

* *

ئەخمەت خەزىنىچى بەگ بىلەن ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ ئۆيىدە قىزىل قىيامەت بولۇۋاتاتتى. خەزىنىچى بەگنىڭ ئايالى ھاشاخان ئېرىنىڭ قانغا بويالغان جەسىتىنى ئەكەلگەندە: «ئاھ!» دەپلا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. خەزىنىچى بەگنىڭ ئۆلۈمىنى ئاڭلاپ كەلگەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە قولۇم - قوشنىلىرىنىڭ ئاياللىرى ھاشاخاننى يۇزىگە سوغۇق سۇ سېپىپ ھوشىغا كەلتۈردى. ھاشاخان ئېسىگە كېلىپ، قەدىناس ھەمراھىدىن ئايرىلغانلىقىنى يادىغا ئېلىپ نالە - پەرياد كۆتۈردى. ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق زارى يوغان ھويلىنى بىر ئېلىپ، كەلگەن ئادەملەرنىڭ كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكتى.

«كى ھاشا ئاغاچە بولۇپ دەردناك،
ساچىن يۇلۇپ سىنەسىن قىلدى چاك.
دېدى ھاشاخان: «ئاھ، دوست! ئاھ، دوست!

فەلەك بىزگە زۇلۇم ئەتتى چالاك جۇست .
كېتىپ سىزكى چالاك ماڭا باقمايىن ،
بۇ غۇنچە لەبىمگە لەبىڭ ياقمايىن .
قايۇ زالىمى زۇلۇم قىلدى ساڭا ،
نەدۇركىم ساڭا بەلكى قىلمىش ماڭا… »①

ياق ، ھاشاخاننىڭ كۆزىدىن ياش ئەمەس ، كۆزىنىڭ ئۆزى ئېقىۋاتاتتى . شۇ تاپتا ئۇ ھايات دەرياسىدىن بىر پاجىئە بىلەن قىزىق قۇملۇق دەشتكە چىقىپ قالغان بېلىققا ئوخشايتتى . ئۇ سۆيۈملۈك ئېرى ئۈچۈن يىغلايتتى . بىر قوشماق غۇنچىدەك ئىككى نەۋرىسى ئۈچۈن قايغۇ ـ ھەسرەتنىڭ ئۆتكۈر تىغىدا كۆكسىنى تىغلايتتى . ئاسانمۇ پۈتۈنسۈرۈك ئېرىدىن ئايرىلىش ، خۇشاللىقنىڭ بىر جۈپ گۈلى نەۋرىلىرىدىن ئايرىلىش ؟ ! ئەل ـ يۇرت ھۆرمىتىگە ئىگە ياخشى ئادەم ، ئىككى گۇناھسىز ئوغۇل يىقىلغاندا ، ھېلىمۇ بۇ زېمىن يېرىلىپ كەتمىدى ، ھېلىمۇ ئانىنىڭ يۈركى تىتىلىپ كەتمىدى ! ؟… يەر نېمىدېگەن كۆتۈرۈشلۈك ! ئادەم نېمىدېگەن كۆتۈرۈشلۈك ! ؟

ئاق تېرەك ، يېشىل سۆگەتلەر نالە ـ زار قىلاتتى . ئاسمان تۇتۇلۇپ ياش تۆكەتتى . كەلگەن ئەر ـ ئايال ، قېرى ـ ياشلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى تۇتالماي ھۆڭرەپ يىغلايتتى .

ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ كوچا ۋە ھويلىسىدىمۇ ئادەم مىغىلدايتتى . نەچچە قېتىم ھوشىدىن كېتىپ ، يەنە ھوشىغا كەلگەن ئەخمەت خەزىنىچى بەگنىڭ قىزى ، ئابدۇرۇسۇل ئەمرىنىڭ ئايالى ئۆزراخان قان ـ قان يىغلاپ ، چاچلىرىنى يۇلۇپ ، ئۆزىنى يەرگە تاشلايتتى ؛ يەنە تۇتۇۋالسا يەنە بىر جۈپ «يۈزى گۈل ، قەددى سەرۋە ئازادە» ئوغۇللىرى ياتقان ئۆيگە

① «غازات دەرمۈلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 2 ـ سان 16 ـ بەت .

يۈگۈرەيتتى. يېنىدا تۇرغان كۆزى ياش چوكانلار ئۇنى تۇتۇۋالاتتى. ئۆزراخاننىڭ نالىسىنى ئاڭلاپ يىغلىمىغان ئەر، يىغلىمىغان ئايال قالمىدى. ئاسمانمۇ توختىماي ياش تۆكەتتى، ئانا تەبىئەت زارلىناتتى…

«قىلىپ سەختى گىريە ساچىنى يۇلۇپ،
ياقا چاك ئېتىپ يۈز ـ كۆزىنى ئويۇپ.
بۇ بەگنىڭ قىزى ئاتى ئۆزرا ئىدى،
كى ھۆسنى ئارا تۇرفە رەئنا ئىدى.
يۈرەكىگە تەگدى بۇ دەردلىك شەرار،
ئۆزىن يەرگە چالىب بولۇپ بىقارار.
ئۆزىن ئەرزىنى تەڭرىگە داد ئېتىپ،
دېدى ئۇشبۇ سۆزلەرنى فەرياد ئېتىپ:
‹ئايا كار گەردە خىرەدلىك ئاتام،
فەقىر ـ ناتەۋانغا مەدەدلىك ئاتام.
ساڭا زۇلۇم قىلمىش گۇناھىڭ نەدۇر،
گۇناھ قويمايىن ئەيلەمىش مۇنچە جەۋر…
بالاڭنى ئۆزۈڭگە قىلىپ رەھنامە،
خۇداغا قىلىپ سەن جانىڭنى فىدا›…»①

ئۆزراخاننىڭ يۈرىكى مانا شۇنداق قايغۇ ـ ھەسرەتلىك سۆز بولۇپ چېچىلاتتى.

غۇلجا شەھىرى قان ـ قان يىغلاپ، سىمىلداپ يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماي ئەخمەت خەزىنىچى بەگ بىلەن ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ ئۆيىگە ئاقاتتى. كۆزلىرىدىن توختىماي ياش ئېقىۋاتقان ئادەملەر بۇ قانلىق پاجىئەنىڭ سىرىنى بىلەلمەي پەلەكتىن

---

① «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 2 ـ سان 16 ـ بەت.

زارلىناتتى .
ئەمىرنىڭ يوغان ، ئاق دەرۋازىسىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى ئېرىق بويىدا ئۆسكەن يوغان ئاق تېرەكنىڭ تېگىدە بىر - بىرىگە قارىشىپ يېقىن تۇرغان ئىككى ئاغىنە ئاستا پاراڭلىشىۋاتاتتى .
— ئەخمەت خەزىنىچى بەگ ياخشى ئادەمغۇ ؟ ! يېتىم - يېسىر ، نامراتلارنىڭ بېشىنى سىلاپ قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىدىغان ، ئەل - يۇرتنىڭ غېمىدە پۇچىلىنىدىغان ، ئەل - يۇرت ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئادەمنى سىڭار .كۆز نېمىشقا ئۆلتۈرىدۇ ؟ بۇنىڭدا ، توختەم ، بىر جىن يوقمىدۇر ؟ بىر جىن بولمىسا ، ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق ، ياخشى ئادەمنى قاراپ تۇرۇپلا ئۆلتۈرۈۋەتمەيتتى ، — دېدى ئىككى قوۋزىقى ئىچىگە كىرگەن ، ئىككى مەڭىز سۆڭىكى تومپىيىپ چىققان ، كالپۇكىنىڭ ئۇستىدىكى قاپقارا بۇرۇتى ئاغزىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ساڭگىلاپ چۈشكەن قىرىق ياشلار چامىسىدىكى ئادەم ئۆز سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتقان ئاغىنىسىگە قاراپ .
— راست دەيسەن !— دەپ سۆز باشلىدى ئولڭ قېشىنىڭ قۇيرۇقى ئاق توختەم جىددىي چىرايى بىلەن دوستىغا تىكىلىپ ، — بۇ دۇنيادا سەۋەبسىز ئىش بولمايدۇ ! تەۋرىگەن قىلنىڭمۇ بىر سەۋەبى بولىدۇ . مەن سىڭار كۆزنىڭ خەزىنىچى بەگ بىلەن ئۇنىڭ ئىككى نەۋرىسىنى ئۆلتۈرۈشىدە سەۋەب بار ، دەپ بىلىمەن . مېنىڭچە قېيناتىسى بىلەن ئىككى ئوغلىنىڭ ئۆلۈمى ، قاتىللارنىڭ ئابدۇرۇسۇل بەگكە بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇشى ! ئۇلار : «ئەمىر ، ئورنۇڭنى تېزدىن بوشىتىپ ، نەگە كەتسەڭ كەت ، بولمىسا قېيناتاڭ ، ئىككى ئوغلۇڭ ئۆلگەندەك سەنمۇ ئۆلىسەن ! » دەپ ئابدۇرۇسۇل بەگكە ئالدىن ئۆزلىرىنىڭ جىنايى مەقسىتىدىن خەۋەر بەردى . قاراپ تۇر ، ئەمىر بۇ ئاگاھلاندۇرۇشنى چۈشىنىپ ، ئۇلار دېگەندەك قىلمىسا ، ئەمدىكى سۇيىقەست قىلىچى ئۇنىڭ يۈرىكىگە سانجىلىدۇ !...

www.uyghurkitap.com

— ئازراقلا كۆكلىسەك ، كۆكىمىزنى ئۆزىمىز يۇلۇۋېتىدىغان بىز زادى قانداق خەق ، قانداق مىللەت ؟ !… خۇدا بىزنى بۇ شۇملۇق ۋە سۆيىقەستلەردىن ئۆزۈڭ ساقلىمىساڭ ، بىز ئۆزىمىز ساقلىيالمايدىغان ئوخشايمىز ! بۇرنىمىزغا تالاي ـ تالاي سۇ كىردى . بېشىمىزمۇ تالاي ـ تالاي يېرىلدى ، كۆرۈۋاتقان كۈنىمىز ، تارتىۋاتقان دەردىمىز مۇنۇ ، يەنىلا بىر ـ بىرىمىزگە تۆھمەت چاپلاۋاتىمىز ، بىر ـ بىرىمىزنى ئۆلتۈرۈۋاتىمىز… ئۆلتۈرۈۋاتىمىز ، — توختەم شۇنداق بىر ئاھ ئۇردىكى ، يىغلاۋاتقان ئاسمان تېخىمۇ قارايدى .

— خەزىنىچى بەگ بىلەن ئاداۋىتى باردۇر ، دەپ ئويلىساقمۇ ، ئىككى گۇناھسىز ئوغۇل بىلەن نېمە زىددىيىتى بولىدۇ ؟ !— دەپ سۆز باشلىدى ئوڭ تەرەپ قېشىنىڭ قۇيرۇقى ئاق ئادەم يەنە جىددىي قىياپەتتە ، — ئىككى گۇناھسىز ئوغۇل ئەمىرنىڭ ئوغلى ! بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، قاتىللارنىڭ مەقسىتى ، ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ يۈرىكىنى ئازابلاپ ، ئۇنى ھازىرقى قىلىۋاتقان ئۇلۇغ ئىشىدىن قول ئۈزدۈرۈشتىن ئىبارەت ! …

— بۇ قىپقىزىل خائىنلىققۇ ! موللا ناسىر ئەلەم ، ئابدۇرۇسۇل بەگلەر بولمىسا ، قوزغالغان دېھقانلار ئاللىقاچان قانغا مىلىنەتتى . توغرا يول باشلايدىغان سەركىلەر بولمىسا ، رۇستەم ، پادا بارىدىغان يېرىگە بارالمايدۇ . ياراتقان ئىگەم ، ئابدۇرۇسۇل بەگنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي ! ئۇ ئەل ـ يۇرتنىڭ بەختى ئۈچۈن ئايدالاغا تىكىلگەن چېدىردا مۇڭ يېتىپ ، مۇڭ قوپۇۋاتىدۇ . ھەرقانداق جەڭگە ئۇ ئالدى بىلەن كىرىپ قەھرىمانلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ . ئۇنىڭ ئەقىل ـ ئىدراكى بىلەن دېھقانلار قوزغىلىڭى بۈگۈنكى كۈچ ـ قۇدرەت ۋە غەلىبىگە ئېرىشتى…

ئىككى ئاغىنىنىڭ پارىڭى ئۈزۈلۈپ قالدى . بىردىنلا كوچا ۋە ھويلىدا كۆتۈرۈلگەن نالە ـ زار يامغۇر توختىماي يېغىۋاتقان يەرۇ ئاسماننى تۇتتى .

ئەمىر بىرنەچچە مۇھاپىزەتچىسى بىلەن قىبىناتىسى ۋە ئىككى يۇرەك پارىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن خەۋەر تېپىپ يىغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماي باياندايدىن ئاق بوز ئايغىرىنى چاپتۇرۇپ كەلگەننىدى. يۇگەن سىيرىپ، ئېغىزدۇرۇقىنى چايناۋاتقان سۆلەتلىك ئايغىر يامغۇردا يۇيۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىتتىك كەلگەنلىكىدىن ئاق ھور ئۆرلەيتتى. دەرۋازا ئالدىدا ئېتىدىن چۈشكەن ئابدۇرۇسۇل ئەمىر ئوق يېگەن شىردەك ھۆكىرەپ يىغلاپ ھويلىغا يول ئالدى. قىبىناتىسى بولۇپمۇ ئىككى يۇرەك پارىسىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن يۈرىكى يارىلانغان ئەمىر ئىچى - ئىچىدىن يىغلاپ - قاقشاپ، چوڭ - كىچىك ھەممەيلەننى ھۆڭگىرىتىپ يىغلىتىۋەتتى.

«بولۇپ بىقارار يىغلادى زار - زار،
ئىشتتى مۇنى ئول ئەمىر تاجدار.
بولۇپ سوگۋار تۇتتى قاتتىق ئازا،
دېدى: ‹مۇنى قىلدى قايۇ ناسەزا.
كى دۇشمەن ھەر ئەترافىمىزدا تۇرۇپ،
تۇگەتور ئىكەن بىر - بىرىن ئۆلتۇرۇپ.
كى مۇئمىن مۇسۇلمان قانىنى تۆكەر،
كى شەك يوق بۇ يۇرت ئىلكىمىزدىن، كېتەر...» ①

راست، ئىناقلىق ۋە ئىتتىپاقلىق بولمىغان يەردە، بەرىكەت بولمايدۇ، خۇشاللىق، تەنتەنە بولمايدۇ، غەلىبە، شان - شەرەپ بولمايدۇ، يىغا - زارسىز بەختلىك كۈنلەر بولمايدۇ. بۇنداق كىشىلەر قاقشاپلا ئۆتىدۇ.

ئەتىسى ناماز پېشىندا ئەخمەت خەزىنىچى بەگ بىلەن ئۇنىڭ

---

① «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 - يىل 2 - سان 16 - بەت.

باشلىرى يوق ئىككى نەۋرىسىنىڭ نامىزى بەيتىللادا چۈشۈرۈلدى . ئوتتۇرىدا ئۈستىگە ئاق يېپىلغان ئەمىر قېيناتىسىنىڭ تاۋۇتى ، ئىككى چەتتە يېشى ، ئېچىلمىغان ئەتىرگۈل پورەكلىرى قادالغان ئىككى ئوغۇلنىڭ تاۋۇتى قويۇلۇپ ، ئايرىم ـ ئايرىم نامىزى ئوقۇلدى . ئۈچىلىسىنىڭ نامىزىنى قازىكالان موللا ناسىر ئەلەم يىغلاپ تۇرۇپ چۈشۈردى . بەيتىللا ئىچى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كوچىلار چوڭ ـ كىچىك ئادەملەرگە تولۇپ كەتتى . بۇ كوچىلار خۇددى دولقۇنلاۋاتقان سايرامغىلا ئوخشايتتى .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# يەتتىنچى باب

# قوزغىلاڭچىلارنىڭ بەش ۋەكىلى

ئەمىر ئوبدان بىلەتتى : ئەخمەتخان خوجىنىڭ كەينىدە مەزەمزات بار ، ئۇنى تۇتسا ، هاكىمبەگ چوقۇم ئۆكتە قوپاتتى . هەتتا مەزەمزات تەرەپدارلىرىمۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا قارشى چىقاتتى . ئۇ قايغۇ ـ هەسرەتلىك خىياللىرى بىلەن بېشىنى سىلىپ ، نامازشامنى ئوقۇپ بەيتىللادىن چىقتى . ئىككى كۈن ئىچىدە ئۇنىڭ قارىغايدەك قامىتىنى دەهشەتلىك قايغۇ ـ هەسرەت ئېلىپ ، گۈلگۈن شەپەقتەك مەڭزىنى سارغايتىۋەتتى . ئۇ ئولتۇرسا ـ قوپسا خىيال سۈرىدىغان بولۇپ قالدى ، قاپقارا ، ئۇزۇن بۇرۇتىنىڭ ئۇچىنى سىلاپ تۇرۇپ ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان هالدا خىيالغا چۆكەتتى ، يېنىغا كېلىپ بىرى چاقىرسا ، چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرەتتى . ئۇنىڭ ئويىدىن بايانداي ، دېھقانلارنىڭ قوزغىلىڭى ، ئەل ـ يۇرت دېگەنلەر پۈتۈنلەي چىقىپ كەتتى . ئەمىر كۆزىنى يۇمۇپ هۆرمەتلىك قېيناتىسىنى ، جانجىگەر ئىككى ئوغلىنىلا ئويلايتتى . هېلىمۇ ئۇ ، كوچىنىڭ چېتى بىلەن ئوردا مەهەللىسىدىكى ئۆيىگە كېتىۋېتىپ ، ئاتىسى ئورنىدىكى قېيناتىسىنى ، بىر ـ بىرىدىن تاتلىق ئىككى ئوغلىنى ئويلاپ باراتتى .

«ياق ! — دېدى ئۇ پىچىرلاپ ، مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ ، — بۇ ئىنتىقام چوقۇم ئېلىنىدۇ . مەنلا هايات بولىدىكەنمەن !» ئەمىرنىڭ غەزەپ بىلەن تىترەپ چىققان ئاۋازى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خىلىلا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغان كوچىنى چۆچۈتۈۋەتتى...
قازان بېشىدىكى شام ئۆي ئىچىنى غۇۋا يورۇتاتتى . ئەمىر ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىپ ، ياغاچتىن ياسالغان ئېگىز سۇپىغا چىقىشى بىلەن ، قازان بېشىدا كۆزىدىن ياش قۇرۇماي ئولتۇرغان ئايالى ئورنىدىن ئۇچۇپ تۇرۇپ ، يىغا ـ زار بىلەن ئۆزىنى ئەمىرنىڭ باغرىغا ئاتتى . ئىككى كۈننىڭ ئىچىدە گۈلدەك چىرايى سولۇپ ، يىڭنە يەۋالغاندەك ئورۇقلاپ قالغان ، ئوتتۇز ئىككى ياشلار چامىسىدىكى سەرۋى قامەتلىك ئۇزراخان ئېرىنىڭ كۆكسىگە چاچلىرى پاخپايغان بېشىنى ئۇرۇپ قان ـ قان يىغلايتتى . ئۇنىڭ تۆكۈلگەن پورەكتەك ئاغزىدىن چىقىۋاتقان نالە ـ زارىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ يۈرىكى ئېزىلىپ كېتەتتى . بۇ دەھشەتلىك ھازىنىڭ ئالدىدا قارلىغاچ قانىتىدەك قاشلىرى تېگىدىكى قارا كۆزلىرى كۆلۈپ ، ئاق سۈزۈك چىرايىدا سۈس ھال شەپەق جۇلالىنىپ تۇرغان چوكان شۇ تاپتا ئەقلىدىن ئازغان سەۋدايىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى .
ئانا : مېھىر ـ مۇھەببەت ! ئانا : غەم ـ تەشۋىش ! ئانا : قايغۇ ـ ھەسرەت ! ئانا : ئارزۇ ـ ئارمان ! ئانا يۈرەك پارىسى ئۈچۈن يۇقىرىدا سانالغان ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ پەرىشتىسى ! ئۇ مۆرىتى كەلسە ، بالىسى ئۈچۈن تاغلارنى كۆتۈرەلەيدىغان ، ھەتتا يەر شارىنى كۆتۈرەلەيدىغان ئىلاھىي قۇدرەت ! «بالام !» دېسە ، ئانىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىكى ھۈجەيرىلەر ھەرىكەتكە كېلىدۇ . ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىنى يېرىپ چىققان پەرزەنتى ئۈچۈن ، بىر كۆزىنى ئەمەس ، ھەتتا سوقۇۋاتقان يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ بېرەلەيدۇ ! سۆيۈملۈك ، خىزىردەك ئاتىسىدىن ، بىر ئەمەس ئىككى يۈرەك پارىسىدىن بىرلا ۋاقىتتا ئايرىلغان ئانا ، بۇ دەردنى قانداق كۆتۈرەلىسۇن ؟ ! تاغلارنى كۆتۈرەلەيدىغان ، يەر شارىنى كۆتۈرەلەيدىغان ئانا ، بالا دەردىنى كۆتۈرەلمەيدۇ . ئۇ بۇ جۇدالىق ئازابىدا تېزلا مۈكچىيىپ ، تېزلا چىرايىدىن كېتىپ ، ھەتتا

سەۋدايى بولۇپ قېلىشمۇ مۇمكىن .
ياخشى كۆرىدىغان ئايالىنىڭ نالە ـ زارى ، يىغىسى ئەمىرنىڭ يۈرىكىنى تىتىۋەتتى . ئۇ چىديالماي جورىسىنى تېخىمۇ قاتتىق باغرىغا باساتتى ، پاخپايغان چاچلىرىنى سىلايتتى . ئۇ ئەر يېتىپ ھازىرغىچە ياش چىقمىغان كۆزلىرىدىن ياش تۆكەتتى . كۆزىگە قېيناتىسى ، ئىككى ئوغلى كېلىۋېلىپ ، ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ ئىچ ـ ئىچىنى ئۆرتەيتتى . ئۇ چىديالماي چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ، مۇشتۇمىنى تۈگەتتى .
— مېھرىبان ، كىشىگە قىلچىلىك يامىنى يوق ئاتامنى ، ئىككى يۈرەك پارەمنى ئۆلتۈرگەن قاتىل يەنە يەر ئۈستىدە بەخىرامان يۈرۈۋېرەمدۇ ؟ ! ئۇ نېمىشقا ئادالەت سوتىغا تارتىلمايدۇ ؟ ! نېمىشقا قاتىلدىن ئاتامنىڭ ، ئوغۇللىرىمنىڭ قىساسى ئېلىنمايدۇ ؟ ! بۇ قانداق قارا يۈز پەلەك ؟ ! بۇ قانداق ھەقىقەت ۋە ئادالەت ؟ ! قاتىلغا ، ئەزىزىم ، كۈچىڭىز يەتمەمدۇ ؟ ! ئۇ شۇنچىلىك زورمۇ ؟ ! سىزمۇ ئۆزىڭىزنى شىر چاغلايتتىڭىز ، ئەمدى بۇ قاتىلنىڭ ئالدىدا دېمىڭىز ئىچىڭىزگە چۈشۈپلا كەتتىمۇ ؟ ! نېمىشقا تىلىڭىز تۇتۇلىدۇ ؟ ! كۆزلىرىڭىزنىڭ بۈركۈتنىڭ كۆزلىرىدەك چاقنىشى ۋە قەيسەرلىكىڭىز نەگە يوقالدى ؟ !...
ئۇزراخان يىغلايتتى ، ئەمىرنىڭ كۆكسىگە بېشىنى ئۇراتتى . ئەمىر ئايالىنىڭ نالە ـ پەريادىغا چىديالماي ، ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ ، ئۇنى تېخىمۇ چىڭ باغرىغا باساتتى .
— ھۆرمەتلىك قېيناتىسىدىن ، ئىككى يۈرەك پارىسىدىن ئايرىلغان ئابدۇرۇسۇلنىڭ يۈرىكى تىتىلىۋاتقانلىقىنى بىلەمسەن ؟ ! ئىچىم ، ئۇزرا ، قانغا ، قايغۇ ـ ھەسرەتكە تولۇپ كەتتى . كۆزۈمنى يۇمسامىلا ، ئاتام ئورنىدىكى قېيناتام : «ساق ـ سالامەت كەلدىڭىزمۇ ، ئوغلۇم ؟ » دەپ ، چىرايىدىن نۇر ياغدۇرۇپ ئالدىمغا كېلىدۇ . ئىككى ئوغلۇممۇ : «ئاتا ، كەلدىڭىزمۇ ؟ بىز سىزنى بەكمۇ سېغىنىپ كەتتۇق ! » دەپ

بوينۇمغا ئېسىلىدۇ. ئاھ ! مەن قانداق قىلىمەن؟ ھېلىلا بېرىپ خوجىنى پارە ـ پارە قىلىۋەتكۈم بار ! بۇنىڭغا كۈچۈممۇ يېتىدۇ. بىراق، بىلەمسەن، خوتۇن، ئۇنى كۆشكۆرتكەن چوڭ قاتىل بار ! ئۇ ئوتتۇرىغا چىقمىغان بىلەن، ئاتىمىزنى، ئىككى ئوغلىمىزنى خوجىنىڭ قولى بىلەن قىپقىزىل بويىۋەتتى. سەۋر قىل، ئالدىرىما، ئۇزرا ! بۇ ئالەمنىڭ ئاغامچىسى ئۇزۇن ! قىساس يوقالمايدۇ ! سىڭار كۆزمۇ، چوڭ قاتىلمۇ قېچىپ كېتەلمەيدۇ ! ناۋادا ئاسمانغا چىقىپ كەتسە تاپىنىدىن تارتىپ چۈشىمەن، زېمىنغا كىرىپ كەتكەن بولسا كوكۇلىسىدىن تارتىپ چىقىمەن؛ سەۋر قىل، ئۇزرا ! خوجىنى بىر كۈنى تۇتارمەن، ئاتاڭ بىلەن ئىككى ئوغلۇڭنىڭ قىساسىنى ئالىمەن ! مەنمۇ، ئامرىقىم، كېچە ـ كۈندۈز شۇ خىيالدا ! قىساس ئېلىشنىڭ پۇرسىتى چوقۇم كېلىدۇ.

ئەمىر ئايالىنى تەستە بەزلەپ، تۆردىكى قوش قەۋەت كۆرپىگە كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ بېشىنى سىلىپ شۇنداق بىر «ئۇھ» تارتتىكى، قازان بېشىدا كۆيۈۋاتقان شامنىڭ يورۇقىدا يورۇغان ئۆي ئىچى تارىيىپ كەتتى. ئۇزراخان بېشىدىن يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ئاق ياغلىقنى ئېلىپ، بېشىغا تېڭىپ تالاغا ماڭدى. ئابدۇرۇسۇل بەگ بېشىنى سىلىپ ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتتى.

«ئۆلگەنلەر ئۆلۈپ، ئۆلتۈرگەنلەر كۈلۈپ يۈرۈۋېرەمدۇ؟ ! بۇنىڭ سوئال ـ سورىقى بولمامدۇ؟ ! قانغا قان، جانغا جان ئالمىسام، مەن قانداقمۇ بېشىمنى كۆتۈرۈپ، ئەتىكى كۈندە ئاتامنىڭ ئالدىغا، ئىككى ئوغلۇمنىڭ ئالدىغا بارالايمەن ! — ئۇنىڭ سەمىمىيلىك بىلەن ياندىغان كۆزلىرى شۇ تاپتا چاقنايتتى؛ ئادەتتە ئېغىر ـ بېسىق كۆرۈندىغان ئەمىر ھېلىلا پارتلايدىغان ۋولقانغا ئوخشاپ قالدى، — ئەتە ھۆرمەتلىك قېيناتام بىلەن ئىككى ئوغلۇمنىڭ ئۆچى، ئالدى بىلەن ئۈچ ۋە يەتتە نەزىرىنى چىرايلىق ئۆتكۈزۈۋالاي ! ئاندىن قازىكالان بىلەن پاراڭلىشىپ، ئويىنى بىلەي ! ئۇ مۆھتەرەم زاتمۇ بۇ قانلىق

ۋەقەدىن قاتتىق چۆچۈپ، توختىماي يىغلىدى. ئاڭلىسام يېنىقتىن يېنىپ، ئۆيىگە بېرىپ ئاغرىپ قاپتۇدەك. ئىسھاق خەزىنىچى بەگنىڭ چۈشتە دېگىنىگە قارىغاندا تېۋىپنىڭ دورىسىنى ئېچىپ بىرئاز تۈزەلگەن ئوخشايدۇ. خۇدايىم، بۇ كۈنلەردە موللا ناسىر ئەلەمنى ئەكەتمىسە بولاتتى. ئۇ ئەل - يۇرتنىڭ ئاتىسى!...»

ئۆيىگە شىرە كۆتۈرۈپ، چاچلىرىغا ئاق سانجىلغان خىزمەتچى ئايال كىرىپ كەلدى.

*　　　*

ئەخمەتخان خوجا ئەخمەت خەزىنىچى بەگ ۋە ئۇنىڭ ئىككى نەۋرىسىنى دەھشەتلىك ئۆلتۈرۈپ، چىغلىقمازارغا كېلىپ يېتىۋالدى. ئۇ ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ، بىر كۈنى كەچتە ئىشەنچلىك قولچۇمىقى بېشىرنى ئۆيىگە چاقىرتتى. ئىككىسى سىگار كۆزنىڭ سارىيىدا قېنىق دەملەنگەن سىنچاي بىلەن قوزا گۆشى بېسىلغان پولۇغا تويغاندىن كېيىن، پاراڭغا چۈشتى.

— كەلگىنىمىزگە بىر ھەپتىمۇ بولۇپ قالدى، — دېدى سۆز باشلاپ، خوجا ئۆزىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ئولتۇرغان بېشىرغا تىكىلىپ، — غۇلجىدىن ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىدىم، بىز ئۇ يەردە چوڭ ئىش تېرىۋېتىپ كەلدۇق. ئۇ يەردىكىلەر بۇنىڭغا قارىتا نېمە دەۋاتىدۇ، نېمە قىلىۋاتىدۇ. زادىلا بىلەلمىدىم. ئۆزۈم بىر زۇلمەت ئىچىگە سولىنىپ خىيال ۋە ۋەھىمىدە قالغاندەك بولۇپ قالدىم، — ئۇ بىرئاز ئوي سۈرگەندەك تۇرۇۋېلىپ بېشىرگە قارىدى. ئوخشىغان پولۇنى تويغۇچە يېگەن ئونبېشى ئۆزىگە قاراپ، ئارىلاپ - ئارىلاپ كېكىرىپ ئولتۇراتتى، — سەن شەھەرگە بىر بېرىپ كەلسەڭمىكىن؟ بىرى، ھېلىقى دېگىنىمدەك، شەھەردە نېمە گەپ - سۆز بولۇۋاتىدۇ، ئۇقۇپ كەلسەڭ. يەنە بىرى، قېيىناتىسى ۋە ئىككى ئوغلىدىن ئايرىلغان ئەمىر نېمە قىلىۋاتىدۇ. تىڭتىڭلاپ بىلىپ

www.uyghurkitap.com

كەلسەڭ ، مۇھىمى ، مەزەمزات باياندايدىمۇ ، غۇلجىدىمۇ ئېيىتقىلىساڭ ، سەن كەلگەندىن كېيىن ، ئەھۋالغا قاراپ يەنە شەھەرگە بارارمىز ، — ئۇ بىر ئۇھ تارتىپ سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى ، — ئۆيگە تىقىلىپ قېلىشتىن يامان ئىش يوق ئوخشايدۇ . شۇ كۈنلەردە يۈرىكىم سىقىلىپ ، ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك بولۇپ قالدى . تۈنۈگۈن ناماز پېشىندا ، مەسچىتتە ئادەملەرنىڭ ئەخمەت خەزىنىچى بەگ بىلەن ئىككى نەۋرىسىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم . قارىغاندا ، بىزنىڭ قىلغان ئىشىمىز ھەممە سەھرالارغا تارقىلىپ كەتكەندەك قىلىدۇ ، — ئۇ يەنە خىيال بىلەن توختاپ ، قولىنى ھۆلدەپ جوزىدىكى شامنىڭ كۆيۈپ بولغان پىلىكىنى ئېلىۋەتتى ، — تېزرەك ئەھۋالنى ئۇقۇپ ، ئۆزىمىزنىڭ غېمىنى قىلمىساق بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ . بۇ يەردە ، بېشىر ، ئۆلۈمىمىزنى كۈتۈپ يېتىۋەرمەيلى ! — خوجىنىڭ يەكچەشمە كۆزى كېيىنكى سۆزلىرىنى دېگەندە چەكچىيىپ كەتتى .

— مەنمۇ ئاڭلىدىم ، يېزىدىكىلەر بىزنىڭ غۇلجىدا قىلغانلىرىمىزدىن خەۋەر تېپىپ بوپتۇ . ھەتتا بىر - ئىككىسى كېلىپ يۈزۈمگىلا دەپ ، مېنى ئەيىبلىدى .

— تۈنۈگۈن خۇپتەندە ماڭا تىكىلگەن كۆزلەرنىڭ ئالايغانلىقىنى كۆردۈم . بۈگۈن مەسچىتكە بارماي ، بەش ۋاخ نامازنى ئۆيدە ئوقۇدۇم . بېشىر ، تېز بېرىپ ، تېز كەلگىن . مەن خىيال ۋەھىمىسىدە يالغۇز ئولتۇرۇپ تۈگىشىپ كەتمەي !

— بولىدۇ ، خوجام ! ئەتە ئەتىگەندىلا يولغا چىقىمەن ! — دېدى ئونبېشى قوپۇشقا تەييارلىنىپ .

— يېنىڭغا ھەمراھ قىلىپ ئىشەنچلىك بىرىنى ئېلىۋال !

— بولىدۇ ! — ئۇ ئورنىدىن تۇردى .

— توختا ، ئاقچاڭ بارمۇ ؟ ... — خوجىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئىشىككە بېرىپ قالغان بېشىرغا قارىدى . ئونبېشى گەپ قىلماي ، يوق ، دېگەندەك خوجىغا تىكىلدى . سىڭار كۆز پەشمىتىنىڭ ئىچ

يانچۇقىدىن لاتا پۇلنى[1] ئېلىپ، بېشىرغا ئۇزاتتى.

— دەڭ ۋە تاماقا ئىشلىتەرسەن!

— رەھمەت!...

ئەخمەتخان بېشىرنى كوچىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. ئونبېشى قول باغلاپ خوجىسى بىلەن خوشلىشىپ كەتتى. سىڭار كۆز قارا چاچلىرىنى يايغان قاراڭغۇ كېچىدە، دەرۋازا ئالدىدىكى كۆۋرۈكتە يالغۇز قالدى. ئۇ بىردەم ئاسماندىكى جۇلالىق يۇلتۇزلارغا، بىردەم كوچىنىڭ بېشىغا، بىردەم گۈل - چېچەكلىرى تۆكۈلۈپ، يېشىل يوپۇرماقلىرى شىلدىرلاۋاتقان باغلارغا قاراپ تۇردى. ئۇ بۇ يەردە تېنى شۈركۈنمىگەن بولسا، تۇرۇۋەرگەنمۇ بولاتتى. ئۇ تولا قارا بېسىپ كېچىدىكى ئۇيقۇدىنمۇ قاچىدىغان بولۇپ قالدى. كۆزى يۇمۇلۇپ ئۇيقۇغا كەتسىلا، ئەخمەت خەزىنىچى بەگ بىلەن ئىككى نەۋرىسىنىڭ قىلىچ بىلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ۋارقىراپ - جارقىراپ ئويغىنىپ كېتەتتى. ئۇ سوغۇقتىن شۈركۈندىمۇ يە ۋەھىمە - قورقۇنچتىن شۈركۈندىمۇ تېنى شۈركۈنۈپ، ھويلىغا قاراپ ئىتتىك ماڭدى...

ئەتىسى ئەتىگەندە بېشىر بىر چېرىكنى ئېلىپ غۇلجىغا ماڭدى. ئەخمەتخان مەسچىتكىمۇ چىقالمىدى. ئۇ بەش ۋاخ نامازنى ئۆيىدە ئوقۇدى، ئۇ ئۆيگە سولانغان ئادەمدەك ھويلىسىدا، ھويلىسىنىڭ ئارقىسىدىكى بېغىدا خىيال سۈرۈپ كۈندۈزنى تولىمۇ تەستە تىنىلداپ ئۆتكۈزدى. شۇ ھالەتتە ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بېشىرلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. خوجا كېچىنى كىرپىك قاقماي دېگۈدەك ئۆتكۈزدى. بۇ ئۈچ كۈن، ئۈچ كېچىدە ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلمىگەن خىياللار قالمىدى، ئۇنىڭ چۈشىگە كىرمىگەن چۈشلەرمۇ قالمىدى. ئەخمەتخاننىڭ كۈندۈزىمۇ، كېچىسىمۇ دەككە - دۈككە، تېرىكىش ئىچىدە ئۆتتى. قارا چىرايى سولىشىپ، يەكچەشمە كۆزى تېخىمۇ چەكچىيىپ قالغان خوجا بىر

[1] شۇ دەۋردە لاتا پۇلمۇ ئىشلىتەتتى.

قىسمىلا بولۇپ قالدى . ئادەتتىمۇ كۆپ تېرىكىدىغان خوجا ئۆيدىكى قوشناچ ۋە پەرزەنتلىرىگىلا ئەمەس ، ھەتتا ئۆزىگىمۇ تېرىكىدىغان بولدى . بەزىدە ئۆزىنى ئەيىبلەپ ، ئۆزىنى تىللاپ كېتەتتى . مانا بېشىرنىڭ كەتكىنىگە تۆت كۈن بولسىمۇ ، ئۇ كەلمىدى . خوجا ئورۇن ئىچىدە يېتىپ ، دەرۋازىغا قۇلاق سالاتتى ، لېكىن شاراقلىغان زەنجىرنىڭ ئاۋازى ياكى ئۇرۇلغان دەرۋازىنىڭ تاراقلىشى ئاڭلانمىدى . ئۇ كەينى ـ كەينىدىن ئۇھ تارتىپ ، ئاھ ئۇرۇپ ، ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆرۈلۈپ زادىلا كىرپىك چاتالمىدى . ئەخمەتخان سەھەرگە يېقىن تەستە ئۇخلاپ قېلىپ چۈش كۆردى . ئۇ چۈشىدە : بىر يوغان ياۋايى قاۋانغا مىنىۋېلىپ ، دەشت ـ چۆلدە كېتىۋاتاتتى . سىڭار كۆز يىراقتا ، ئۆزىگە قاراپ تۇرغان مەزەمزاتنى كۆردى . ئۇ ، ئۆزىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلەتتى : «هاي خوجام ، هاي ، ئەخمەتخان خوجام ! » دەپ ۋارقىرايتتى . خوجا ئاستىدىكى يوغان ، قارا ياللىرى تىك تۇرغان قارا قاۋاننى تەستە توختىتىپ ، هاكىمبەگكە قارىدى . هاسىراپ ـ هۆمۈدەپ ، چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمگەن مەزەمزات يېقىنلاپ كېلىپ : «خوجام ، يول بولسۇن ! » دېدى .

ئەخمەتخان : «ئۆزلىرىنى ئىزدەپ مېڭىۋىدىم» دەپ جاۋاب بەردى .

«مەنمۇ يوللىرىغا قاراپ تۇراتتىم ، ياخشى كەلدىلا ! » دېدى هاكىمبەگ خوجىغا خۇش چىراي قاراپ .

«يەنە نېمە ئىشلىرى بار ئىدى ، هاكىمبەگ جانابلىرى ؟ ! » سورىدى سىڭار كۆز قارا قاۋاندىن چۈشۈپ .

«نېمە ئىش دەيلىغۇ ؟ ! بىز ئەمدىلا ئىش باشلىدۇق . يەنە قىلىدىغان سامانىدەك ئىشلىرىمىز بارلىقىنى بىلمەمدىلا ، خوجام ؟ !… »

«بىلمەن… بىلمەن… »

«قارا ئاتلىرى قېنى ؟… بۇ قارا قاۋاننى قەيەردىن تۇتۇپ مىنىۋالدىلا ؟ ! »

«جاڭگالدىن تۇتۇۋالدىم ، قارىسىلا ، قارا ئاتتىن بۇ قارا قاۋان ياخشىكەن . بىرى ، يۇگۇرۇشى تېز ، يەنە بىرى ، مەن بىلەن تەڭلا مەن ئېتىلغان ئادەمگە ئېتىلىدىكەن !... ئاغزىدىن چىقىپ تۇرغان يالغۇز چىشىنى كۆردىلىمۇ ؟ ! ئۇ ھەرقانداق ئادەمنىڭ قورسىقىنى يېرىۋېتەلەيدۇ !... »

«پاھ ! سىلىگە تازا ماس كەپتۇ ـ دە !... »

«شۇنداق ! ئىككىمىز خېلىلا چىقىشىپ قالدۇق !... »

«ئىككىمىزنىڭ بىر يەردە تۇرغانلىقىنى ئادەملەر كۆرۈپ قېلىپ ، گۇمان قىلىپ يۈرمىسۇن ، مەن كېتەي ! ئىش ـ پىش بولسا ، بېشىرنى ئەۋەتسىلە ! يەنە بىر چوڭ ئىش بار . مۇلازىمىمنى ئەۋەتىپ پات ئارىدا ئۆزلىرىگە دەيمەن !... »

«مەن خىزمەتلىرىگە ھەرقاچان تەييار !» دەپ ، ئوڭ قولىنى مەيدىسىگە ئۇرۇپ ، خوجا ئويغىنىپ كەتتى .

«ئاللا ! — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇرغان ئەخمەتخان ، كۆرگەن چۈشىنى يادىغا ئالدى ، — قارا قاۋانغا مىنىۋالغانلىقىم نېمىنىڭ بېشارىتىدۇر ؟ !» ئۇ ئۇيان ئويلاپ ، بۇيان ئويلاپ ھېچنېمىگە جورۇيالمىدى . بىردىن يادىغا مەزەمزاتنىڭ : «يەنە بىر چوڭ ئىش بار» دېگىنى كېلىپ ، ئويلىنىپ قالدى . «بېشىرلار ھاكىمبەگ بىلەن كۆرۈشۈپ يېڭى ۋەزىپە ئەكېلەمدۇ ـ يا» دېگەنلەرنى ئويلىغان سىڭار كۆزنىڭ كۆزى چەكچىيىپ كەتتى . ئۇ تېنىگە يېڭى بىر روھ كىرگەندەك ئورنىدىن تۇردى...

دېرىزە خېلىلا ئاقىرىپ قالغانىدى .

*　　　*

شىرە مىس شامداندىكى شام پىلدىرلاپ ياناتتى . بىر پۈتىنى تىزلەپ ئۈزۈن شىرەنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە ئولتۇرغان ئەخمەتخان بارلىق دىققىتى بىلەن بېشىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلايتتى .

ئونبېشى شەھەردىن نامازشاملارغا يېقىن كېلىپ ، بۇ يەرگە خۇپتەندىن ئۆتكەندە كەلدى . دەرۋازا زەنجىرىنىڭ شاراقلىغانلىقىنى ئاڭلىغان خوجا ئورنىدىن ئۇچۇپ تۇرۇپ ھويلىغا چىقتى .

— كىم ؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ، پېشايۋاندىن چۈشۈۋېتىپ .

— مەن ، بېشىر ! — دېدى ئونبېشىمۇ ۋارقىراپ .

— كەلدىڭمۇ ؟ سېنىڭ يولۇڭغا قاراپ كۆزۈم تېشىلەي دەپ قېلىۋىدى ، — دېدى ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشاللىقىنى باسالماي قالغان سىڭار كۆز دەرۋازىنى ئېچىۋېتىپ…

ئۇلار شۇنداق كۆرۈشتى . ئەخمەتخان قۇشناچىمنى ئويغىتىپ ، چاي تەييارلاشنى بۇيرۇدى . قۇشناچ چوڭ كېلىنىگە چاي قايناتقۇزۇپ ، ئىككى ئاپقۇر ئىلىكتەك چاي ئەتتى . ئۆزى پەتنۇس بىلەن سارايغا ئەكىرىپ ، ئېرى بىلەن ئونبېشىنىڭ ئالدىغا قويۇپ چىقىپ كەتتى . ئۇ ئالدىدا بىر كىرىپ داستىخان سېلىپ ، دەستە ئاق نان قويۇپ چىققانىدى .

— غۇلجىغا بېرىپ ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئونبېشى چايغا ئاق ناندىن سېلىۋېتىپ ، — يەنە شۇ دەڭگە چۈشتۇق . غۇلجىغا كەچ ، ھېرىپ بارغانلىقىمىزدىن ئۇخلاپ قالدۇق . ئەتىسى كوچىغا چىقىپ ، چايخانا ـ ئاشپۇزۇللارنى ئارىلاپ ئادەملەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى تىڭتىڭلىدۇق . ئاندا ـ ساندا بىزنىڭ ئەخمەت خەزىنىچى بەگ بىلەن ئىككى نەۋرىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىمىزنى سۆزلىگەنلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، كۆپىنچىسى ئۆزىنىڭ ئىش ـ ئوقىتى ھەققىدە سۆزلەشتى . بىز بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا بولغان قانلىق ۋەقەنىڭ پارىكى بېسىلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدۇق . بىر كۈنى چۈشتە مانتا يەيلى ، دەپ ھېلىقى ئۆزلىرى باشلاپ كىرگەن مانتىخانىغا كىردۇق . ئىككى سالاپەتلىك ئادەم ئولتۇرغان ئۇزۇن ئۇستەلنىڭ بىر چېتىگە كېلىپ ئولتۇردۇق . بۇلارنىڭ قىلىشقان پاراڭلىرى بىزگە ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى . بىر چاغدا ئىككىسى بىزنىڭ بىلمەكچى بولۇۋاتقان ئىشىمىزدىن

سۆز ئېچىپ قالدى ... — ئونبېشى خۇددى ئۇستا مەدداھتەك ، گېپىنى تازا ھالقىلىق يەردە توختىتىپ ، چوكىنى قولىغا ئالدى ـ دە ، ئەتكەنچايغا چىلانغان ناننى ئېلىپ يېيىشكە باشلىدى . بۇنى كۆرگەن سىڭار كۆز چىدىيالماي قالدى .

— ھوي ، چاينى كېيىن ئىچسەڭچۇ ، ئادەمنى تەقەززا قىلىپ قىينىماي ! بەش كۈندىن بېرى سىلەرنى كۈتۈپ ئۆلەي دېگىنىم ئازدەك تازا گەپنىڭ پوسكاللىسىغا كەلگەندە توختىتىپ قويغىنىڭ نېمىسى ؟ ! مەن قانداق چىداپ ئولتۇرالايمەن ؟ بولدى ، چېيىڭنى كېيىن ئىچ ! — دېدى ئەخمەتخان ماچىلداپ نان چايناۋاتقان بېشىرغا چەكچىيىپ قاراپ .

— بولىدۇ ! بولىدۇ !... يانلىرىغا تېزرەك كېلەي دەپ ، ئۆيدە چاينى ئالدىراپ ئىچىۋىدىم ، قورساق تازا...

— بولدى !... دەيدىغانلىرىڭنى دەپ بولغۇچە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالمايسەن ! قېنى سۆزلە !...

بېشىر قولىدىكى چوكىنى ئاپقۇرنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ، يېڭى بىلەن ئاغزىنى ئېرتىۋېتىپ ، بىر ئۇھ تارتىپ سۆزىنى باشلىدى :

— ھېلىقى چىرايلىق كىيىنگەن ، تۇرقىدىن سودىگەرلىكى چىقىپ تۇرغان ئىككى ئادەم بىزنىڭ بىلمەكچى بولۇۋاتقان ئىشىمىزدىن سۆز باشلاپ قالدى . يېشى چوڭراقى : «ئاڭلىدىڭمۇ ، ئەمىر ئايالىنىڭ ناله ـ زارىغا چىدىماي : ‹ئەخمەتخان خوجىنى تۇتىمەن ، قېيناتام بىلەن ئىككى ئوغلۇمنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىمەن ! › دەپ قەسەم ئىچىپتۇدەك » دېدى . زىلۋا بويلۇق ، ياشراقى : «مەنمۇ ئاڭلىدىم ، ھازىر ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ ! » دەپ چوڭىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى . . . ئۇ يەنە : «بۇ قانلىق پاجىئە مېنىڭ بېشىمغا كەلسىمۇ ، ئەخمەتخان خوجىدىن قىساس ئالماي قويمايتتىم . ئەخمەت خەزىنىچى بەگقۇ يېشىنى ياشاپ ، يەيدىغىنىنى يەپ بولغان ئادەمغۇ ، بىر جۈپ غۇنچىدەك ئىككى ئوغۇلغا ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ ! » دېدى . ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى يېشى چوڭراقىمۇ قوللىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئونبېشى سۆزىدىن توختاپ ئەتكەنچايغا قاراپ قويدى . ئۇ چىرايىغا پۇشايمان يۈگۈرتۈپ يەنە سۆز باشلىدى :

— شۇ چاغدا ، خوجام ، خەزىنىچىنىلا ئۆلتۈرۈپ ، ئەمىرنىڭ ئىككى بالىسىنى ئۆلتۈرمىسەكمۇ بوپتىكەن . ھېلىقى سودىگەر سۈپەتلىك ئادەملەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ، ئىچىم ئاغرىپ قالدى . جەننەتنىڭ ھۆرلىرىدەك ئىككى ئوغۇلدا نېمە گۇناھ بولسۇن ! ؟ خەقنىڭ كۆزىگىمۇ بۇنچىلىك سەت كۆرۈنۈپمۇ كەتمەيتتۇق ! — ئۇ بىر ئۇھ تارتىپ ، ئاپقۇرنى قولىغا ئېلىپ ، چايدىن بىر ـ ئىككى ئوتلاپ يەنە جوزىغا قويۇپ ئۈستىگە چوكىنى بۇرۇنقىدەك قويۇپ قويدى .

— بولغۇلۇق بولدى ! ئەمدى مىڭ پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كېلەمدۇ ؟ ! — دېدى سىڭار كۆز بېشىرغا تىكىلىپ ، — ئەركەك ئادەم ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىدىن زادىلا پۇشايمان قىلماسلىقى كېرەك ، بولمىسا ئۇ ، ئەركەك بولالمايدۇ !...

بېشىر دەيدىغان سۆزى تۈگىگەندەك ، يەنە چايغا قارىدى .

— ھوي ، دەيدىغانلىرىڭ تۈگىدىمۇ ؟ مەزمەزات ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشەلمىدىڭلارمۇ ؟ — دېدى ئەخمەتخان ئولتۇرغان ئورنىدىن كۆتۈرۈلۈپ ، ئونبېشىنى يەۋېتىدىغاندەك چەكچىيىپ قاراپ .

— تۈگىمىدى ، — دېدى بېشىر كۆزىنى ئەتكەنچايدىن ئەخمەتخانغا يۆتكەپ ، — مەزمەزات جانابلىرى بىلەن كۆرۈشتۇق .

— ھە ... دېمەمسەن ! ؟ ئۇ زات نېمىلەرنى دېدى ؟

— بىز غۇلجىغا بارغان ئۈچىنچى كۈنى كەچتە ، ئۆيىگە باردۇق . بىر مۇلازىم يىگىت چىقىپ ، كىملىكىمىزنى ، نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىمىزنى سورىدى ، بىز ئۆزىمىزنى تونۇشتۇرۇپ ، كېلىش مۇددىئايىمىزنى دېۋىدۇق . يىگىت كىرىپ كېتىپ بىر چاغدا چىقتى . ئۇ دەرۋازىنى ئېچىپ : «كىرىڭلار» دېدى ، خۇشاللىقىمىزنى باسالماي قالدۇق ، — ئونبېشى سۆزىدىن

توختاپ ، مەزەمزاتنىڭ ھەشەمەتلىك قەسرى كۆز ئالدىغا كەلگەندەك قاراپ قالدى ، — ھاكىمبەگ جانابلىرىنىڭ ھويلىسىغا ئەيمىنىپ ئاران كىردۇق . دەرۋازىدىن كىرىپ كۆتۈرۈپ سىلىنغان ھەشەمەتلىك ئىمارەتكە ئاغزىمنى ئېچىپ ھەيران بولۇپ قاراپلا قاپتىمەن . بىزنى باشلاپ ماڭغان يىگىت سالاسۇنلۇق پېشايۋاننىڭ ئۇستىدىكى بىر ئۆيگە ئەكىردى . ئۇ ئۆي ماڭا مەزەمزات جانابلىرىنىڭ كەلگەنلەر بىلەن كۆرۈشىدىغان قوبۇلخانىسىدەك كۆرۈندى . مۇلازىم بىزنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى . ئېھتىمالىم ، ھاكىمبەگكە مەلۇم قىلغىلى چىقىپ كەتكەن بولۇشى كېرەك . بىز ئانچە چوڭ بولمىغان ئۆينىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى تام تۈۋىگە سېلىنغان كۆرپىدە يەكتىز ئولتۇراتتۇق . مەزەمزات ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتۇپ ، سالاپەتلىك كىرىپ كەلدى . بىز دەرھال ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ، قول باغلاپ سالام قىلدۇق . ئۇ زات سالىمىمىزنى ئىلىك ئېلىپ ، بىزگە بېشىمىزدىن ئايىغىمىزغىچە قاراپ چىقىپ ، تۆر تەرەپتىكى قوش قەۋەت كۆرپىگە بېرىپ ئولتۇردى .

«سىلەر چىغلىقمازاردىن ئەخمەتخان خوجامنىڭ سالىمىنى ئەكەلدىڭلارمۇ؟» دېدى ھاكىمبەگ بىزگە ئوچۇق چىراي تىكىلىپ .

«شۇنداق !» دېدىم ، تېخىچە بىز ئۆرە تۇراتتۇق .

« ئولتۇرۇڭلار ! ئولتۇرۇڭلار !» دېدى مەزەمزات قولى بىلەن كۆرپىنى كۆرسىتىپ . بىز يەنە يەكتىز ئولتۇردۇق .

«بىزنى خوجام ئەۋەتتۇيدى .»

«سىلەر ئەخمەتخان خوجامنىڭ خەزىنىچى بەگ بىلەن ئىككى نەۋرىسىنى ئۆلتۇرگەن مەيداندا بارمىدىڭلار؟» دەپ سورىدى ھاكىمبەگ بىزگە تىكىلىپ قاراپ .

«بار !»

«ئەمىسە ماڭا ھەممىنى تولۇق سۆزلەپ بېرىڭلار ! باشقىلاردىنمۇ ئاڭلىدىم ، سىلەردىن ئۆز ئەينىنى ئاڭلاپ

بــاقــاي !» دېدى مەزەمزات كېرىلىپ ئولتۇرۇپ ، ئوڭ قولى بىلەن بۇرۇتىنى تۈزەشتۈرۈپ .

مەن ھاكىمبەگ جانابلىرىغا پۈتۈن ئەھۋالنى ئەينەن سۆزلەپ بەردىم . ئۇ ئۇلۇغ قىزىقىپ ئاڭلىدى . مەن سۆزۈمنى تۈگەتكەندە ، مەزەمزات ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى .

«ھـۆرمـەتـلـىك خوجامغا مېنىڭ سۆزۈمنى يەتكۈزۈڭلار ! خوجام قورقمىسۇن ، مەن بار ! ئابدۇرۇسۇل خوجامنىڭ بىر تال مويىغا تېگەلمەيدۇ ! بۇ ئىشنىڭ جەريانىنى سورىغانلارغا ، خوجام مۇنداق دېسۇن : ‹مەن مەزەمزاتنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يۇلتۇزدىن ياماتۇغا قالماقلارنىڭ كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى بىلىپ كەلگىلى مېڭىۋىدىم . نەدىن ئاڭلىدىكىن ، ئالدىمنى ئەخمەت خەزىنىچى بەگ كېلىپ توسۇدى . مەن ئۇنىڭغا سەمىمىيلىك بىلەن چۈشەندۈرگەن بولساممۇ ، ئۇ سۆزۈمنى ئاڭلىماي ، ھاكىمبەگ جانابلىرىغا تىل تەگكۈزدى . ھەددىدىن ئېشىپ : ‹ياماتۇغا يۇلتۇزنىڭ قالماقلىرى كەلگەن تەقدىردىمۇ ، سەن بارمايسەن ! ئەمىردىن رۇخسەت ئېلىپ كـەلـمـىسەڭ ، سېنى زادىلا ماڭدۇرمايمەن › دەپ تۇرۇۋالدى . مەزەمزات جانابلىرىغا تىل تەگكۈزگەنلىكىنى ئاڭلاپ ، مىجەزىم ئـىـتـتـىـك بولغانلىقتىن ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ، قىلىچىمنى سۇغۇرۇۋېلىپ كۆكسىگە تىقىۋەتتىم . شۇ چاغدا ئىككى نەۋرىسى ئـېـتـىلىپ كېلىپ ماڭا ئېسىلدى ، ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى . چېرىكلىرىمدىن بىرى چىدىيالماي كىچىك نەۋرىسىنى چېپىۋەتتى . بۇنى كۆرگەن يەنە بىر نەۋرىسى ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ قاچتى . شۇ چاغدا يەنە بىر چېرىكىم كەينىدىن قوغلاپ ماڭدى . مەن : ‹ھـاي ، بـارمـا ! › دەپ توۋلىغان بولساممۇ ، ئۇ ئـاڭـلـىمـاي كېـتىپ قالدى . ساي بويىدا ئۇ نەۋرىـسـىـنىمۇ چېـرىـكـىم ئۆلتۈرۈۋېتىـپـتۇ… »

سىڭار كۆز ھاياجانلىنىپ كەتتى . ئۇنىڭ يەكچەشمە كۆزى تـېـخـىـمـۇ يوغىناپ ، قارامتۇل چىرايىدىن يېنىك قارا قوۋۇن قوزغالغاندەك كۆرۈنەتتى . ئـۇ يـۈزىنىڭ يېرىمىنى قـاپـلىغان ،

بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن بۇرۇت ـ ساقاللىرىنى سىلاپ ، ئۆزىگە ئۆزى دەۋاتقاندەك سۆزلىدى :

— ئۇلۇغ دېگەن ئۇلۇغ ـ دە !

ئۇ بېشىنى بۇراپ ئونبېشى بېشىرغا تىكىلدى .

— مەزەمزاتنىڭ سۆزى تۇگىدىمۇ ؟

— ياق !

— بەز يېگەن مۇشۇكتەك پارقىراپ تۇرماي ، ئەمىسە سۆزلىمەمسەن ! — دېدى گۇركىرەپ خوجا ، بېشىرغا چەكچىيىپ تىكىلىپ .

— ئۆزلىرىنى كەلسۇن ، كېلىپ مېنىڭ بىلەن كۆرۇشسۇن ! ئابدۇرۇسۇل خوجامغا ئاشكارا قول سالالمايدۇ . ئېھتىيات قىلسۇن ، يالغۇز يۇرمىسۇن ، چېرىكلىرىدىن بىردەممۇ ئايرىلمىسۇن ! دېدى مەزەمزات يەنە ، مانا ، ئەمدى ، خوجام ، سۆزۇم تۇگىدى .

— بېشىر ، دەيدىغانلىرىڭ تۇگىگەن بولسا ، چېيىڭنى ئىچىۋەرگىن ! ياخشى خەۋەرلىرىڭ ئۇچۇن ، ساڭا رەھمەت ! خۇدايىم بۇيرۇسا ، سېنى تارتۇقلايمەن !...

سىڭار كۆز ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئۆي ئىچىدە قولىنى كەينىگە قىلىپ مېڭىشقا باشلىدى . ئونبېشى ئالدىراپ ـ تېنەپ چوكىنى قولىغا ئېلىپ ، خېلىلا سوۋۇپ قالغان ئەتكەنچاينى شاپىلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدى .

— بىز ، خۇدايىم بۇيرۇسا ، ئىككى كۇندىن كېيىن ، غۇلجا شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىمىز ! — دېدى خوجا دېرىزىدىن تالاغا قاراپ تۇرۇپ .

* *

بايانداىدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى بوشىشىپلا كەتتى . چوڭ ـ كىچىك جەڭلەر توختاپ ، قوزغىلاڭچىلار قۇرۇق

www.uyghurkitap.com

گەپ بىلەن كۆندۈزنى كەچ قىلىدىغان بولدى. كۆلكە ـ چاقچاقلارمۇ ئاڭلانمايدىغان، ئادەملەرنىڭ چىرايلىرىنى قايغۇ ـ ھەسرەت، ئەنسىزچىلىك ۋە ۋەھىمە قاپلىغان بايانداي ئېغىر چۈشكۈنلۈك ئىچىدە تىت ـ تىت ۋە تېرىكىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. كېچىسى يېقىلىدىغان گۈلخانلارمۇ يېقىلمايدىغان، يۇلتۇزلارنى جاراڭلىتىدىغان ناخشىلارمۇ ئېيتىلمايدىغان بولۇپ قالدى. قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ھەربىر دېھقان: «ئەتە قانداق بولىدۇ؟» دېگەننى ئويلاۋاتقاندەك، ئۆزىنىڭ ئەتىكى تەقدىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

كەلگەن باھار ئىلى ۋادىسىنى كۆكەرتىپ، ياشارغان تېرەكلەردە كاككۇكلارنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى، سەۋدايى كۈلكىسى ئاڭلىنىدىغان بولدى. باغرى زەرداب قىزىلگۈللەرمۇ ئېچىلىپ، بۇلبۇللار مەجنۇنلارغا ئايلاندى. ئۇنىڭ ئاجايىپ تەسىرلىك ناخشا ـ ناۋالىرى كېچە ـ كۈندۈزنى جاراڭلىتاتتى.

بۈگۈنكى يورۇق كۈن ئاخىرلىشىپ، قۇياش غەربىي ئۇپۇققا ئولتۇرۇۋاتاتتى. كۈنپېتىش تەرەپ ئوت كەتكەندەك لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتاتتى. يېشىل ۋادىنىڭ شىمال ۋە جەنۇبىدىكى قاتمۇقات ئەزىم تاغلار، قاپتال ۋە ئېدىرلىقلار، تال ـ تېرەكلەر، گۈل ـ گىياھلار ۋە بىپايان داللاردىن ھال يالقۇن كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك ئاجايىپ چىرايلىق كۆرۈنەتتى. ئېگىزرەك بىر تۆپىلىككە چىقىپ، ئوت دېڭىزىغا ئايلانغان كۈنپېتىشقا قاراپ تۇرغان شائىرنىڭ يۈرىكىدىن بۇ ئىككى ئالەمنىڭ باھاردىكى گۈزەللىكىدىن زوقلانغان ھاياجان ئۇچقۇنلىرى ئەمەس، بەلكى قايغۇ ـ ھەسرەت تۇتۇنلىرى ئۆرلەيتتى. سۆيۈملۈك ئەل ـ يۇرتنىڭ غېمىدە ياشاپ كېلىۋاتقان مولla بىلال خۇددى گۈركىرىگەن قىياندەك باشلانغان ئۇلۇغ قوزغىلاڭنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ، يۈرەكنى ئازابلايدىغان خىياللار ئىچىدە بۇ يەرگە چىقىپ تەنھا تۇراتتى. نازىمنىڭ قايغۇ ـ ھەسرەت پۈركىراۋاتقان كۆزلىرىگە قوزغىلاڭ ئالدىدىكى

«بىر مەھەللىدە بىز قازان» ، «بىر بورىدا نانغا زار جاھان» كېلەتتى . ئۇنىڭ ئىككى قولىقىدا :

«ئالۋان ـ ھوسۇلۇم تولا ،
قوياي دېسەم ئېشىم يوق .
بۇ ھوسۇلنى قويمىسام
تىرىكلىكتە بېشىم يوق...

ئۆستەڭنىڭ تېگى قاتتىق ،
چاپسا كەتمەن ئۆتمەيدۇ .
زالىم تۆڭچىسى بەگلەر
بېشىمىزدىن كەتمەيدۇ...

سېپىل سوققىلى كەپتۇ
سەھرادىن قېرى ـ ياشلار .
بۇ ھاشارنىڭ دەستىدىن ،
ئاقاردى بىزنىڭ باشلار... »

دېگەن «ھوسۇل ناخشىسى» ، «ئۆستەڭ ناخشىسى» ، «سېپىل ناخشىسى» قاتارلىق ناخشىلار جاراڭلايتتى . شائىرنىڭ يۇرىكىدىن سەھرادا ئۆزى كۆرگەن ئېچىنىشلىق تۇرمۇشنىڭ شېئىرىي مىسرالىرى ئويغىناتتى :

«ھوسۇلغا ساتىپ ياخشى پەرزەنتىنى ،
كى جاندىن ئەزىزراق جىگەر بەندىنى . »[1]

---

[1] غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 2 ـ سان 8 ـ بەت .

ئىغىر سىلىق، ئىغىر ھاشار، ئىغىر زۇلۇمنىڭ پىچىقى سۆڭىكىگە يەتكەن خەلق «يا ئۆلۇم، يا كۆرۈم» دەپ چىرايلىق كۈنلەرنى ئارزۇلاپ زالىملارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭ 1864 - يىل 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى (جۈمەنىڭ كىرىدىغان) كېچىسى غۇلجىدا باشلىنىپ، غۇلجىنى ئازاد قىلدى. ئۇ قاتتىق بوراندەك كېلىپ باياندىاي سىپىلىگە ئۇرۇلدى. قوزغىلاڭچىلار بىرنەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، بۇ مۇستەھكەم سېپىلغا كىرەلمىدى.

موللا بىلال كۈنپېتىش ئۇپۇققا قارىدى: قۇياش پېتىپ، ئاجايىپ جۇلالانغان شەپەقمۇ ئۆچۈۋاتاتتى. بۇ زېمىنغا يەنە بىر كېچە كېلىۋاتاتتى. كۈنچىقىش تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئون بەش كۈنلۈك ئاي قاراڭغۇلۇقنى يورۇتۇپ، ئايدىڭ كېچىگە ئايلاندۇرۇۋاتاتتى. شائىر كەينىگە بۇرۇلۇپ، چىقىۋاتقان تولۇن ئاينى تاماشا قىلغۇسى كەلگەندەك، كۈنچىقىش ئۇپۇققا قاراپ تۇردى. لېكىن، ئۇنىڭ خىياللىرىنى كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئايدىن چېچىلىۋاتقان ئاق يورۇقلۇق توختىتالمىدى.

نازىمنىڭ كۆز ئالدىغا كۈرە گۈندىخانىسىدىن چىقىپ، كۈرە جاڭجۈننىڭ يولىيورۇقىنى ئەكەلگەن مەزەمزات كەلدى. ئۇ چىغلىقمازارلىق ئەخمەتخان خوجىنى بىللە ئەكەلگەندىن بىرى يۈز بەرگەن ئىشلار موللا بىلالنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. مەزەمزات ۋە ئەخمەتخان خوجىلارنىڭ ئەل - يۇرت ئىچىدە يۇقىرى ئىناۋىتى بار ئەخمەت خەزىنىچى بەگ بىلەن ئىككى نەۋرىسىنى سەۋەبسىزلا ئۆلتۈرۈش، قوزغىلاڭنىڭ باشچىلىق ھوقۇقىنى ئابدۇرۇسۇل ئەمىردىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟!

بۇ قانلىق پاجىئە خەلق قوزغىلىڭىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا توغرا رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ يۈرىكىگە نەشتەردەك سانجىلدى. نەتىجىدە ئەمىر قوزغىلاڭنى تاشلاپ قېيناتىسى ۋە ئىككى جانجىگىرىنىڭ دەپنە ۋە نەزىر - چىراغلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى. يۈرىكى تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ

دەھشەتلىك مۇسىبەتتىن پارە ـ پارە بولغان ئابدۇرۇسۇل بەگ ئازاب ـ ئوقۇبەت ، قايغۇ ـ ھەسرەت ۋە چۇشكۇنلۇكنىڭ قاراڭغۇ ھاڭىدا ئاھ ئۇرىدىغان بىچارىگە ئايلىنىپ قالدى . ئۇ چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ ، قىزىل قاچا ئۆرۈكتەك مەڭزىنىڭ شەپقى ئۆچۈپ ، چىرايى تاتىرىپ ، سەۋدايىدەكلا بولۇپ قالدى . ئادەم خالىمايدىغان ، يالغۇزلۇقنى ياخشى كۆرىدىغان ، خىياللاردىن باش كۆتۈرەلمەيدىغان ، بىرى ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرسا ، چۆچۈپ ھاڭۋېقىپ قارايدىغان بەگ باياندىي ، قوزغىلاڭ ، ئۇرۇش دېگەنلەرنى يادىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى...

بىلال خىيالىنى دېھقانلارغا يۆتكىدى . بۇ كۈنلەر تېرىقچىلىقنىڭ تازا ئالدىراش ۋاقتى بولغاچقا ، ئۆيىدە باشقا ئەمگەك كۈچى بولمىغان دېھقانلار ، بۇ يەردە بىكار لاغايلاپ يۈرگىچە ، ئۆيگە بېرىپ تېرىقچىلىق قىلغىنىم ياخشى ئەمەسمۇ ، دەپ سەھرالىرىغا كەتتى...

«ئەگەر ، — دەپ ئويلىدى نازىم ، — دېھقانلار قوزغىلىڭنى دەرھال تەرتىپكە سېلىپ خەلقنىڭ جاسارىتى قوزغىتىلمىسا قوزغىلاڭ تۈگىشىدۇ ، دېھقانلارنى يەنە بۇرۇنقىدەك قەيسەر ، ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان روھىي ھالەتكە كەلتۈرۈشنىڭ بىردىنبىر يولى ئەخمەت خەزىنىچى بەگ بىلەن ئىككى گۇناھسىز ئوغۇلنىڭ قاتىلىنى جازالاشتىن ئىبارەت .»

شائىر ئويلىنىپ قالدى : «ھاكىمبەگنىڭ ئىلىدا تەرەپدارلىرى كۆپ ، ئىناۋىتى يۇقىرى . بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى بولغان ئەخمەتخان خوجىنى جازالىغىلى بولارمۇ ؟ !»

ئون بەش كۈنلۈك ئاي ئاستا ـ ئاستا ئۇپۇققا ئۆرلەۋاتاتتى . شائىرنىڭ كۆڭلىگىمۇ كۆتۈرۈلگەن تولۇن ئايدەك بىر پىكىر نۇرلىنىپ چىقىۋاتاتتى . «قوزغىلاڭچىلارنىڭ ۋەكىللىرىنى باشلاپ قازىكالاننىڭ ئالدىغا بېرىشىم زۆرۈر ! — دېدى ئۇ ئۈنلۈك پىچىرلاپ ، — قوزغالغان خەلقنىڭ ھەققانىي ساداسىنى موللا

ناسىر ئەلەمگە يەتكۈزۈپ ، قاتىلنى چوقۇم جازاغا تارتىش لازىم .
بۇ قوزغىلاڭ خەلقنىڭ قوزغىلىڭى ! شۇنداق بولغانلىقتىن ،
قوزغىلاڭ جەريانىدىكى ھەرقانداق ئىشقا خەلقنىڭ دېگىنى ھېساب
بولۇشى كېرەك . يەنە بىرى ، بۇ ۋەكىللەر ...» بىلالنىڭ سۆزى
ئاغزىدا قالدى . نازىمنىڭ يېنىغا شائىرنىڭ تەمبۇرىنى كۆتۈرۈپ
تۆت ــ بەش ئاغىنىسى كەلدى . كەلگەنلەرنىڭ بىرى
قولتۇقلىۋالغان كىچىك كىگىزنى تۆپىلىك ئۈستىگە سېلىپ ،
بىردەمدىلا سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇشتى . موللا بىلال تەمبۇرنى
تۇتۇپ تۇرۇپ ، ئاغىنىلىرىگە بىر ـ بىرلەپ قاراپ چىقتى .
— بىزنى كۆرمىگەندەك قاراپ كەتتىڭغۇ ؟ ساڭا نېمە بولدى ،
شائىر ؟ — دېدى قارشى تەرىپىدە ئولتۇرغان ئۆزى بىلەن
دېمەتلىك يۈزى سەل چوقۇرراق ئاغىنىسى نازىمغا قاراپ .
— سىلەرگە دەيدىغان گېپىم بار ! — دېدى نازىم چىرايىغا
جىددىيلىك يۈگۈرتۈپ ، — بىز بىر ئىشقا كېلىشىۋالغاندىن
كېيىن ، ئاندىن تەمبۇر چېلىپ بېرىمەن .
— كېيىن دېسەڭ بولمامدۇ ؟ ! قارىغىنە ئايدىڭ كېچىنىڭ
گۈزەللىكىنى ! بۈگۈن كىرپىك قاقماي ناخشا ـ ساز بىلەن
ئۆتەيدىغان كېچىلا بوپتۇ ! — دېدى ئاغا ، ئايدىڭ كېچىدىكى
گۈزەل باھار كەلگەن زېمىنغا ھاياجان بىلەن قارىغان يەنە بىر ئاق
يۈزلۈك ئاغىنىسى .
— ياق ، كېيىن دېيىشكە بولمايدۇ ! مېنىڭ دېمەكچى
بولغىنىم ، بىلەمسىلەر ، قوزغىلىڭىمىزنىڭ تەقدىرىگە
مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش ! بۇنداق ئاق ئايدىڭ كېچىلەر يەنە
بولىدۇ . لېكىن ، خەلق قوزغىلىڭى دائىم بولۇۋەرمەيدۇ ! بىر
بولغان قوزغىلاڭ بۈگۈن يا يوقىلىش ، يا داۋاملىشىشتىن ئىبارەت
ئىككى ئاچا يول ئارىسىدا تۇرۇۋاتىدۇ ! بۇ قوزغىلاڭنى بىز
قىلدۇق ، خەلق قىلدۇق . ئەمدى ئۇنىڭ تەقدىرىگىمۇ بىز كۆڭۈل
بۆلمىسەك — خەلق كۆڭۈل بۆلمىسەك بولامدۇ ؟ ! ...
موللا بىلالنىڭ يوغان ، قارا كۆزلىرى چاقناپ ، بۇغداي

ئۆگلۈك چىرايىدا ئەل - يۇرتىغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ نۇرى جۇلالىناتتى. ئۇ ئىچ - ئىچىدىن ئۆرلەۋاتقان مېھىر - مۇھەببەت هاياجانلىرى بىلەن سۆزىنى قايناپ داۋام قىلاتتى.

*　　　*

ئۆزى دېگەندەك، ئىككى كۈندىن كېيىن، ئەخمەتخان ئون چېرىكنى باشلاپ شەھەرگە يول ئالدى. ئۇ كۆز باغلىغاندا، سېپىلنىڭ دەڭدەرۋازىسى ئالدىدىكى دەڭگە كېلىپ، كېچىنى چېرىكلىرى بىلەن دەڭنىڭ يوغان ياتىقىدا ئۆتكۈزدى. ئەتىسى ئەتىگەندە چېرىكلىرى بىلەن بىللە بىر چايخانىدىن چاي ئىچكەن خوجا، چېرىكلىرىگە بازار ئايلىنىپ كېلىشكە رۇخسەت قىلىپ، ئۆزى دەڭگە كىرىپ، يالغۇز ئولتۇرۇپ چۈش قىلدى. ئۇ چۈشتە تاماقىمۇ چىقمىدى. ئۆزىنى بىلىدىغانلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى. بېشىر ئۇنىڭغا ئۈستىگە نان يېپىلغان ئون مانتا ئەكىرىپ بەردى، سىڭار كۆز قارىمۇچ سېپىلگەن ئون مانتىنى ھوزۇر قىلىپ ياتاقتىلا يەۋالدى. چۈشتىن كېيىن يەنە چېرىكلىرى بازار ئايلىنىپ كەلگىلى چىقىپ كەتتى. ئەخمەتخان ياتاقتا قالدى. قاراڭغۇ چۈشۈپ ئۆيلەرگە شام - چىراغلار يېقىلغاندا خوجا بېشىرنى باشلاپ مەزەمزاتنىڭ ئۆيىگە ماڭدى.

ھاكىمبەگ ئۆيىدە بولۇپ، سىڭار كۆزنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندا، ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىغا ئۆزى چىقتى. ئىككىسى ھەشەمەتلىك، يوغان دەرۋازىنىڭ ئالدىدا قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۇزاق تىنچلىق - ئامانلىق سوراشتى. خوجا ئۆزىنىڭ ئالدىغا مەزەمزاتنىڭ چىققانلىقىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇ قول باغلاپ، ئېگىلىپ، ھېجىيىپ قىلىدىغانغا قىلىق تاپالماي قالدى.

— ئۆيگە كىرەيلى! — دېدى ساھىبخانا ئەخمەتخانغا قولى بىلەن ئۆي تەرەپنى كۆرسىتىپ.

ئالدىدا مەزەمزات ، ئارقىدىن سىڭار كۆز بىلەن بىشىر ماڭدى . ھاكىمبەگنىڭ مۇلازىمى ئۇلارنى سالاسۇنلۇق پېشايۋاندا كۇتۇۋېلىپ ، بىشىرنى باشقا بىر ئۆيگە باشلاپ ماڭدى . مەزەمزات خوجىنى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ياسىداق سارىيىغا باشلاپ كەلدى . ئەخمەتخان قوش قاناتلىق ئىشىكتىن كىرىپلا ، تاپىسىدا توختىدى ، ئىنتايىن ھەشەمەتلىك ياسالغان سارايى ئۇنى ھەيران قالدۇردى . ئاستىغا پۈتۈنلەي ئىران ۋە خوتەننىڭ ئالىي سورتلۇق گىلەملىرى سېلىنغان مېھمانخانىنىڭ تاملىرىدىمۇ رەڭدار گىلەملەر جۇلالىناتتى . چاڭئەننىڭ [1] ئادەم بويى ئېگىزلىكتىكى جانان پىڭلىرى ئۆزىنىڭ رەڭدار ۋە گۈلدارلىقى بىلەن كۆزلەرنى ئۆزىگە تارتاتتى . ئالدىغا ئاجايىپ چىرايلىق پەتنۇس تارتىلغان تۆگە ساندۇقلار ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى دۇخاۋا - تاۋار ئورۇن - كۆرپىلەر ، گۈل كەشتىلەنگەن ماھۇت ياستۇقلار خوجىنىڭ كۆزىنى تېخىمۇ چەكچەيتىۋەتتى . ئالدى ئىشكاپلىق يوغان كامۇتنىڭ ئۈستىگە تىزىۋېتىلگەن سېرىق ساماۋار ، دەستە - دەستە جانان تاۋاق ، تەخسە ، خونچا ، ئاپقۇر چىنە ، سىركايە چىنە ۋە ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان ئاجايىپ قاچا - قومۇچلار ئۇنىڭغا كۆرگەزمىدەك كۆرۈندى .

— قېنى ، تۆرگە ! — دېدى مەزەمزات قولى بىلەن يۇقىرى تەرەپنى كۆرسىتىپ .

ئەخمەتخان ئىتتىك كېلىپ ياندىكى ، ھويلىغا قارىغان يوغان ئەينەكلىك دېرىزىنىڭ يېنىغا كېلىپ ، ئىككى پۇتى ئۈستىدە ئولتۇردى .

— بۇ بولمىدى ، بولمىدى ! — دېدى ساھىبخانا رەنجىگەندەك ئاھاڭدا ، خوجىنىڭ يېنىغا كېلىپ ، — تۇرۇڭ ، تۆرگە ئۆتمىسىڭىز ، مەن رازى بولمايمەن !

خوجا ئامالسىز ئورنىدىن تۇردى . مەزەمزات ئۇنى تۆرگە

---

[1] چاڭئەن — ھازىرقى شىئەن .

ئۆتكۈزۈپ ئۆزى سول يېنىدا ئولتۇردى ۋە سىڭار كۆزدىن يەنە بىر قېتىم هال ـ ئەهۋال سورىدى ، ئەخمەتخان هاياجان ئىچىدە جاۋاب بەردى . هايال بولماي ئۆيگە مۇلازىم يىگىت بىر كىچىك شىــرەنى كــۆتۈرۈپ كىرىپ ئۇلارنىڭ ئــالــدىغا قــويــدى . ئۇ كىرىپ ـ چىقىپ شىرە ئۈستىگە داستىخان سېلىپ ، نازۇنېمەتلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتتى . ئۆزىگە قىلىنىۋاتقان هۆرمەتتىن قاتتىق تەسىرلەنگەن خوجا هاياجاندا ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ، قېنىق دەملــەنــگەن سىنچايغا سېلىنغان سېرىق ناۋاتتەك ئېرىۋاتاتتى . سىڭار كۆز مەزەمزاتنىڭ ئۆزىگە قىلىۋاتقان ئەقىدىسىنى كۆرۈپ : «بۇ ئادەم ئۇچۇن جېنىمنى پىدا قىلساممۇ ئەرزىيدىكەن !» دەپ ئويلاپ قالدى .

— ئــۆتــكــەنــدە بــېشىردىن ئەۋەتكەن سالاملىرىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم . سىلىنى بار دەپ ، مانا شەهەرگىمۇ قــورقماي كېلىۋەردىم ! — دېدى خوجا هورى ئۆرلەپ تۇرغان سىنچايدىن بىر ـ ئىككى ئوتلاپ ، ئۇنىڭ يەكچەشمە كۆزلىرىدىن خۇشامەت خۇددى قاغا جىگدىسىدەك چېچىلاتتى ، — ئاڭلىسام ، ئابدۇرۇسۇل مېنىڭدىن ئىنتىقام ئالىمەن ! دەپ يۈرگۈدەكمىش . بۇ گەپ راستمۇ ؟

— بــەلكىم ئــۇ دەســلــەپتە دېگەن بولسا دېگەندۇر !؟ — دېدى ســاقــال — بــۇرۇتــىنــى چىرايلىق ياسانقان ، ئاغزىنىڭ چــۆرىسىدىن هىيلە ۋە مۇغەمبەرلىك ئارىلاشقان كۈلكە تېمىپ تۇرغان هاكىمبەگ ئەخمەتخانغا قاراپ ، — هازىر ئۇنىڭ سىلىدىن ئىنتىقام ئالغۇدەك هالى قالمىدى . ئۆزلىرىمۇ كۆرۈپ قالارلا ، ئــۇ چــاچ — ســاقاللىرى پاخپىلاشقان بىر ساراڭنىڭ ئۆزىگىلا ئــايــلانــدى . ئــەهۋالدىن قارىغاندا ، ئەقلىدىن ئېزىپ قالغاندەك قىلىدۇ .

— ئىلاهىم شۇنداق بولسۇن !

— هازىر هېلىقى موللا ناسىر ئەلەم دېگىنى ئۇنىڭ يېنىغا كۈندە بېرىپ تەربىيە بېرىۋېتىپتۇدەك . ئۇنى قايغۇ ـ هەسرەتتە

www.uyghurkitap.com

ئۆزىنى يوقىتىۋەتمەي ، قەيسەر بولۇشقا ئۈندەۋېتىپتۇدەك بىلمىدىم ، ئۇ ئەيۋەشكە كېلەمدۇ ، كەلمەمدۇ ؟...

— ئىلاھىم كەلمىسۇن !...

ھاكىمبەگ شىرەدىكى سىركايىنى قولىغا ئېلىپ ، بىر ـ ئىككى ئوتلىدى . ئۇ ئۈچ شاملىق شامداندىكى يېنىۋاتقان شاملارغا قاراپ تۇرۇپ سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى :

— بۇ قېتىم ، خوجام ، قالتىس ئىش قىلدىلا ! ئەمىرنىڭ جان تومۇرىغا نەشتەر ئۇرۇپ ، ئۇنى پالەچ قىلىۋەتتىلا ! ھېلىقى قازىكالان دېگىنىمۇ تۈگەشتى .

— ئەخمەت خەزىنىچى ئەجەل چاقىرىپ كەلگەندەك بولدى ، ئۇ ئۆزىلا : «مېنى ئۆلتۈرەمدىلا !» دېگەندەك ئالدىمغا كەلدى . مەن كەلگەن پۇرسەتنى قولدىن بېرىدىغانلاردىن ئەمەس ! «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇش كېرەك ! ...» دېدىم ـ دە ، قىلىچىمنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ ، كۆكسىدىن قان بۇلىقى ئېچىۋەتتىم . كىچىك كۈچۈكىمۇ مېنىڭ قولۇمدا جان بەردى ؛ چوڭى قېچىپ كېتىۋىدى ، بىشىر بېرىپ كاللىسىنى ئەكەلدى .

— ھەممىنى ئاڭلىدىم ، بۇ دۇنيا ، بىلەمدىلا ، خوجام ؛ شۇنداق دۇنيا : سەن ئۇنى يوقاتمىساڭ ، ئۇ سېنى يوقىتىدۇ . يولۇڭغا پۇتلىكاشاڭ بولغانلارنى يىلتىزىدىن ئېلىپ تاشلىمىساڭ ، مەنزىلىڭگە يېتەلمەيسەن ! بۇ ئېلىنىشتا رەھىم ـ شەپقەت بولمايدۇ . مانا سىلى قېيناتىسى بىلەن ئىككى ئوغلىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ بىزنىڭ يولىمىزغا پۇتلىكاشاڭ بولغان دەرەخنى سارغايتىۋەتتىلە ! ئەگەر ئۇ قۇرۇپ كەتمىسە ، بىز قومۇرۇپ ئېلىۋېتىمىز !

مەزەمزات قايناپ سۆزلىدى . ئۇنىڭ يوغان ، قوڭۇر كۆزلىرىدىن چېچىلىۋاتقان زەھەر كۆكۈچ رەڭدە بولۇپ ، چىرايىغىمۇ ئۆرلىگەنىدى . شۇ تاپتا ھاكىمبەگكە قاراپ ئولتۇرغان خوجىنىڭ يەكچەشمە كۆزلىرىدىمۇ شۇنداق كۆكۈچ رەڭ چاقنايتتى . دۇنيادا ئوخشاش رەڭ ، ئوخشاش تۈردە بولمىغان

نەرسىلەر بىرلىشەلمەيدۇ . مىجەز ـ خۇلقى ، ئوي ـ خىيالى ، ئارزۇ ــ ئارمانلىرى ئوخشاش ئادەملەرلا بىر ـ بىرى بىلەن يېقىنلىشىدۇ . مەزەمزات بىلەن ئەخمەتخاننىڭ تېزلا ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ كېتىشى شۇڭلاشقا ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس . لېكىن ، ئۇلارنىڭ تېگى ـ تەكتى يەنىلا «نەپسى» بولغانلىقىدىن ، مۆرتى كەلسە ، «ئاپاق ـ چاپاق بولغان دوستى» نى تاشلاپ كېتىشى ، ھەتتا يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىشىمۇ مۇمكىن .

— بىز تېخى ، خوجام ، يەنە بىرقانچىسىنى ئۆلتۈرىمىز ! بۇلارنىڭ جېنىنى ئېلىشتىمۇ مەن سىلىگە تايىنىمەن ! سىلى مېنىڭ «ھايت !» دېگەن ۋاقتىمدا ، قىلىچلىرىنى قىنىدىن چىقىرالىسىلا ، بىز بۇلارنىڭمۇ بىرىنى تىرىك قويمايمىز ! مانا شۇ چاغدىلا ، بۇ ئالەم سىلى بىلەن مېنىڭ بولىدۇ ! ئۇ چاغدا بىز ماي ئىچىدىكى بۆرەكتەك ياشايمىز !

— ھۆرمەتلىك ھاكىمبەگ جانابلىرى ، مېنىڭ تەقدىرىم سىلىنىڭ قوللىرىدا ! سىلى نېمە دېسىلە مەن تەييار ! جېنىم سىلىنىڭ ! شۇ تاپتا ماڭا : «يۈرىكىڭنى سۇغۇرۇپ بەر !» دېسىلە ، ئىككىلەنمەي كۆكسۈمنى يېرىپ ئېلىپ بېرىمەن ! سىلى ماڭا ئىشەنسىلە !

— مەن سىلىگە ئىشىنىمەن ! بۇ قېتىمقى قەيسەرلىكلىرى بىلەن مېنى ئۆزلىرىگە ئىشەندۈردىلا ! بىز بىر ـ بىرىمىزگە جان پىدا قىلىدىغان دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق !

پاراڭ قىزىۋاتاتتى . ئىككىسى بىر ـ بىرىنى ماختاپ ئۇچۇرۇپ ، بىر ـ بىردىن پايدىلىنىشنىڭ ئىشىكىنى كەڭ ئېچىۋاتاتتى . بولۇپمۇ بۇ جەھەتتە سىڭار كۆز ھەممە ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ ، ھاكىمبەگنىڭ يۈرىكىدىكى ئۆزىگە ئىشىنىش ئوتىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋاتاتتى . مەزەمزاتمۇ : «شۇ تاپتا ئابدۇرۇسۇلنىڭ بۆكىنى ئەكەل ، دېسەم ، بۇ چوقۇم بېشىنى ئەكېلىدۇ . بۇنىڭدىن ئارتۇق قولچوماقنى نەدىن تاپىمەن ؟ ياخشىسى ، سىلاپ ـ سىيپاپ تېخىمۇ ئۆزۈمگە قارىتىۋالاي !» دەپ

ئويلايتتى .

هاكىمبەگنىڭ كاللىسىغا بىر خىيال كەلگەندەك ، ئۇنىڭ يوغان ، قوڭۇر كۆزلىرى چاقناپ كەتتى .

— خوجام ! مەنمۇ ئەتە بايانداىغا بارىمەن . قوزغىلاڭچىلارنىڭ ۋەكىللىرى بىز بىلەن سۆزلەشكۈدەك . سىلى چېرىكلىرى بىلەن يەنىلا دەڭدە يېتىپ تۇرسىلا ! ئەتىكى سۆھبەتتىن كېيىن ، سىلى يا باياندايغا قايتىدىلا ، يا ۋاقتىنچە يېزىغا ! — ئۇ بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇۋېلىپ ئاغزىنى يەنە ئاچتى ، — ئەتە ئون چېرىكلىرىنى بازارغا قويۇۋەتسىلە ! ئۇلار بازار ئارىلاپ : «ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ كۆرەدىكى جاڭجۇن بىلەن مەخپىي ئالاقىسى بار ئىكەن ، ئۇ بۇ يەردىكى ئەھۋاللارنى جاڭجۇنگە يەتكۈزۈپ تۇرىدىكەن···» دېگەن گەپنى تارقاتسۇن . ئادەملىرىڭىزگە شۇنى جېكىلەپ دەڭ : دەيدىغان گەپنى دەپ بولۇپلا ئالدى ـ كەينىگە قارىماي كەتسۇن ، تۇتۇۋېلىپ كوچىلاپ سورىسا ئىش چاتاق بولىدۇ !···

— دانا ئەقىل ! — دېدى خوجا مۇغەمبەرلىك كۈلگىنىچە كۈلۈپ تۇرغان مەزەمزاتقا ھېجىيىپ قاراپ .

ئۇلار قوزا گۆشى بېسىلغان پولۇغا تويۇپ ، يەنە قېنىق دەملەنگەن سىنچايغا قانغاندا يېرىم كېچە بولدى . بۇ چاغدا سېپىل دەرۋازىلىرى ئېتىلىپ كەتكەنلىكتىن ئەخمەتخان بىلەن بېشىر ، ئۆتكەندە مەزەمزات ئونبېشىنى قوبۇل قىلغان ئۆيدە قونۇپ قالدى .

* *

باياندايدىكى بارگاھ — يوغان چېدىردا جىددىي سۆھبەت بولۇۋاتاتتى . موللا بىلال باشلىق بەش قوزغىلاڭچىلار ۋەكىلى تۆردە ئولتۇرغان قازىكالان موللا ناسىر ئەلەمگە ، مەزەمزاتقا ۋە باشقا بىرقانچە قوزغىلاڭچىلار باشلىقلىرىغا باياندايدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ تەلەپلىرىنى يەتكۈزۈۋاتاتتى . بۇ تەلەپلەر ئالۋان

ۋە زۇلۇمنىڭ پىچىقى سۆڭەككە يەتكەندە «يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم» دەپ قوزغالغان دېھقانلارنىڭ يۈرەك ساداسى ئىدى.

— شۇنداق! ئەل - يۇرت ھەددى - ھېسابسىز ئالۋان - ھوسۇللارغا، ھاشارغا چىدىماي قوزغالدى. قوزغالغان خەلققە كېرىكى تاج، ئەمەل - مەنسەپ ئەمەس، بەلكى ئۆز ئەمگىكى بىلەن تاپقان ھالال نېمىتى يەپ ئۆتىدىغان تىنچ - خاتىرجەم، شاد - خۇرام، چىرايلىق كۈنلەردىن ئىبارەت. ئۇلار بۇ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن سانسىز قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلدى. قوزغىلاڭ قايىنام - تاشقىنلىق قىياندەك باشلىنىپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بوشىشىپ كەتتى، — كەتمەندەك ئېڭەكلىرى ئالتە - يەتتە كۈنلۈك ئايدەك كەڭلىكتىكى ساقال قاپلىغان، بۇرۇتىمۇ تۆت - بەش كۈنلۈك ئايغىلا ئوخشايدىغان ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى ئىلىپتەك تۈز قامەتلىك، قارا قاشلىرى ئاستىدىكى قارا كۆزلىرى ئەقىل ۋە چېچەنلىكىنىڭ نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان دېھقان تۆردىكىلەرگە قاراپ، جىددىي قىياپەتتە سۆزلەۋاتاتتى، — نېمىشقا ئەل - يۇرتنىڭ كەيپىياتى بوشىشىپ كەتتى؟ سىلەر بۇنى ئويلىدىڭلارمۇ؟ ئەل - يۇرتنىڭ غېمىدە جان پىدالىق بىلەن ئىشلەۋاتقان بىر ياخشى ئادەمنى تۇيۇقسىز ئىچىمىزدىن چىققان بىرى ئوچۇق - ئاشكارا، قىلچىلىك قورقماي ئۆلتۈرۈۋەتتى. يەنە بوۋىسىغا قوشۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ئىككى ئوغۇلدا نېمە گۇناھ بار؟ ئۇلار تېخى ئانىسىنىڭ سۈتى ئاغزىدىن كەتمىگەن بالىلاردىغۇ؟! بۇ قانلىق ۋەقە قوزغىلاڭغا ئوچۇق - ئاشكارا قىلىنغان سۇيىقەست ۋە شۇملۇق ئەمەسمۇ؟! — سۆزلەۋاتقان ئاق مالخايلىق دېھقان يەنە توختاپ، تۆردە ئولتۇرغانلارغا قارىدى. ئۇ مەزەمزاتنىڭ سېزىلىپ قالغان جىنايەتچىدەك ھودۇقۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. موللا ناسىر ئەلەم: «مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنىلا قىلىۋاتىسەن!» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ ئولتۇراتتى، — ھەممە ئادەم قاتىلنى قانداق قىلىدىكىن؟ دەپ كۈتۈۋاتقاندا، سىلەر ئۇنى ھېچقانداق

سوراق ۋە جازاغا تارتمىدىڭلار ! يۇرىكى قاپتەك قاتتىل ياماتۇغىمۇ بارماي ، ئۇدۇل ئۆز يۇرتى چىغلىقمازارغا بىرىپ يىتىۋالدى. نىمىشقا قاتىل سوراق قىلىنمايدۇ ؟ جازاغا تارتىلمايدۇ ؟ ! ئۇنىڭ ياخشى ئادەملەرنىڭ قىنىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا تۆكۈپ قورقمايدىغان ئەلپازىغا قارىغاندا ، كەيىندە كاتتا يۆلەنچۈكى باردەك قىلىدۇ...

مەزەمزات خۇددى قوقاسنىڭ ئۇستىگە ئولتۇرۇپ قالغاندەك ئىككى تەرىپىگە ئىرغاڭلاپ ، چىرايى تاتىرىپ ، كۆزلىرى چەكچەيدى . سۆزلەۋاتقان دىھقان ئۆز سۆزىنىڭ ھاكىمبەگنىڭ يۇرىكىگە خەنجەردەك سانجىلغانلىقىنى كۆرۈپ ئىچىدە خۇشال بولدى .

— خەلق بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ، خەلق بىلەن بىر نەپەس ئىلىپ ، خەلقنىڭ قوزغىلىڭىغا توغرا رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ھۆرمەتلىك ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ يۇرىكى قان بولدى . ئۇ قىيناتىسى ۋە يۇرەك پارىسى ئوغۇللىرىنىڭ دەپنە ، نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرى بىلەن شەھەرگە كىتىپ قايتىپ كەلمىدى . ئەل ـــ يۇرت : ئابدۇرۇسۇل بەگنى قوزغىلاڭ باشچىلىقىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەخمەتخان خوجا ۋە ئۇنىڭ كەينىدىكى يۆلەنچۈكى بۇ قاتىللىق ۋەقەسىنى پەيدا قىلدى ، دەپ قارىماقتا . ئەل ـــ يۇرتنىڭ قوزغىلىڭىغا ئۆزىنى ئاتىغان ئەمىر ، بىشىغا چۈشكەن بۇ دەھشەتلىك چىقىلغاندىن ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ ، جەڭ مەيدانىدىن يىراقلاشتى . بۇ قاتىللىق ۋەقەسىنى پىلانلىغان مۇناپىقلار مەقسىتىمىزگە يەتتۇق دەپ ، بەلكىم قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقاندۇر ؟ ! خەلق بولسا بۇ قوزغىلاڭنىڭ ئۆزلىرىگە چىرايلىق كۆنلەرنى ئەكىلىشىدىن گۇمانلىنىپ ، روھىي جەھەتتىن بوشىشىپ كەتتى . ھازىر ھەممە يەرگە قارىساق ، ئاپتاپسىنىپ ياتقان ، قۇرۇق پاراڭغا چۈشكەن قوزغىلاڭچىلارنى كۆرىمىز . ئەتىيازلىق تىرىلغۇ ۋاقتىنىڭ يىتىپ كىلىشى بىلەن ، ئۆيىدە ئەمگەك كۈچى يوق دىھقانلار «بۇ يەردە بىكار يۇرگەندىن كۆرە ، ئۆيگە بىرىپ تىرىقچىلىقىمنى قىلغىنىم ياخشى ، بىزگە يەنە

جان ، نان كېرەكقۇ ؟ » دەپ كەتتى . شۇنىڭ بىلەن قاينام
- تاشقىنلىق باياندا ي جىمجىت بىر دەرگاھقا ئايلىنىپ قالدى ، —
ئاق مالخايلىق دېھقان سۆزىدىن توختاپ ، يانچۇقىدىن ئالغان ئاق
قولياغلىقى بىلەن يۈز - كۆزلىرىنى ئېرتتى . مەزەمزات ۋە ئۇنىڭ
بىرقانچە يېقىنلىرىنىڭ قارايغان چىرايلىرىدىن ئەمدى قارا قۇيۇن
ئۇچاتتى . ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاران تۇتۇپ ئولتۇراتتى .
— بىز بايانداي دىكى قوزغىلاڭچىلارغا ۋەكىل بولۇپ ،
ئالدىڭلارغا كىردۇق ، خەلقنىڭ تەلىپى : دەرھال ھەيئەت
تەشكىللەپ ، بۇ قېتىمقى قانلىق ۋەقەنى ئىنقىلاپ ، قاتىل ۋە
ئۇنىڭ كەينىدىكى يۆلەنچۈكىنى جازالاشتىن ئىبارەت . ئەگەر
بۇنداق قىلىنمىسا ، ئەمىر جەڭ مەيدانىغا قايتىپ كەلمىسە ،
قوزغالغان دېھقانلار قوللىرىدىكى قورallىرىنى تاشلاپ بۇ يەردىن
كېتىپ قېلىشى مۇمكىن . مېنىڭ سۆزۈم تۈگىدى .
سۆزلىگەن دېھقان يېنىدىكى موللا بىلالغا : «دەيدىغان
گەپلىرىڭ ھەممىسىنى دېدىڭمۇ ، كەم قالغانلىرى بارمۇ ؟ »
دېگەندەك قارىدى . ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا يەنە : «كەم قالغان يەرلىرى
بولسا ، سەن تولۇقلىۋەت ! » دەيدىغان ئىلتىجامۇ يوق ئەمەس
ئىدى . يوغان ، قارا ۋە چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن يالقۇنلۇق
مۇھەببەت ، ئېگىلمەيدىغان ئىرادىنىڭ نۇرلىرى چېچىلىۋاتقان
شائىر تۆردە ئولتۇرغانلارغا تىكىلدى . تېگى چوڭقۇر دەريالار
سۈيىنىڭ كۆپلۈكىدىن تىنچ ئاقىدۇ ، ئوي - پىكرى تىرەن دانالار
كۆپىنچە تەمكىن كېلىدۇ . ئۇلارنىڭ قەلبى ھاياجان ۋە قايناق
ھېس - تۇيغۇلار بىلەن جۇشقۇنلىنىپ كەتسىمۇ ، يەنىلا ئۆزلىرىنى
تۇتۇۋېلىپ ، ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن سۆزلەيدۇ . شۇ تاپتا
شائىرنىڭ يۈرىكى قايناۋاتقان قايناملارغا ئايلانغان بولسىمۇ ، يەنىلا
ئالدىرىماي ، سالماقلىق بىلەن سۆزىنى باشلىدى :
— نادىر دەيدىغان گەپنىڭ ھەممىسىنى دېدى . ئۇ قوزغالغان
ئەل - يۇرتىمىزنىڭ يۈرىكىدىكى سۆزلەرنى قىلدى . ئار - نومۇس ،
ۋىجدان دېگەننى بىلمەيدىغان ، سۆيۈملۈك ئەل - يۇرتنى ئەمەس ،

ئۆزىنى ئويلايدىغان مۇناپىقلار، دېھقانلار قوزغىلىڭىغا توغرا باشچىلىق قىلىۋاتقان ئابدۇرۇسۇل بەگنى باشچىلىقتىن يىراقلاشتۇرۇپ، قوزغىلاڭ ھارۋىسىنىڭ بوجىسىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئەمىرنىڭ قېيناتىسى بىلەن ئىككى جانجىگەر ئوغلىنى ئۆلتۈردى. قاتىللار بۇ قانلىق ۋەقەنىڭ بىر ياقىدىن باش چىقىرىدىغان، بىر مۇشتۇمدەك تۈگۈلىدىغان كۈنلەرگە بۇلۇت چىقىرىپ، خەلقنى يىغلاتتى، دۈشمەننى كۈلدۈردى. تارىختىن بېرى، بىزنى مۇراد - مەقسىتىمىزگە يەتكۈزمەي، ۋەيران قىلىپ كېلىۋاتقان سەۋەب دەل مانا مۇشۇ مۇناپىقلىق! بۇنداق قارا نىيەتلەر ئەل - يۇرت ھۆرمىتىگە ئىگە بولغانلارنى كۆرەلمەيدۇ. كۆكلەپ غۇنچە تۇتقان ۋە گۈل ئاچقانلارنى كۆرەلمەيدۇ، ئۆزلىرى قىلالمايدۇ، باشقا قېرىندىشى قىلسا، خۇشال بولۇش بۇياقتا تۇرسۇن، قىتىغۇرلۇق كۆك تېشىغا مىنىپ، كۆكلىگەن قېرىندىشىنى ھەتتا ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدۇ. بىز مۇنداق مۇناپىقلارنىڭ دەردىنى ئاز تارتتۇقمۇ؟! ئۇلارنىڭ دەستىدىن ئەل - يۇرتىمىز كۆكلىيەلمەي كەلمەكتە! شۇڭلاشقا بۇنداق مۇناپىقلارغا سەل قاراشقا زادىلا بولمايدۇ: بالا كەلسە ئالدى بىلەن مانا شۇلاردىن كېلىدۇ! بۈگۈن ئۆزىنىڭ گۇناھسىز قېرىنداشلىرىنىڭ قېنىنى تۆكۈپ، ئەل - يۇرتنىڭ ياخشى ئەمىرى ئابدۇرۇسۇل بەگنى قايغۇ - ھەسرەت زىندانىغا تاشلىغان قاتىللارنى چوقۇم سوراق قىلىپ جازالىشىمىز، خەلق قوزغىلىڭىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىشىمىزنىڭ ئاچقۇچى بولۇپ قالدى! خەلق سىلەردىن شۇنى تەلەپ قىلىپ بىزنى كىرگۈزدى، خەلق يەنە قوزغىلاڭغا توغرا باشچىلىق قىلىۋاتقان ئابدۇرۇسۇل بەگنى باياندايغا قايتۇرۇپ كېلىشنى، يەنە ئۇنىڭ ئالدىمىزدىكى بولىدىغان جەڭلەرگە باشچىلىق قىلىشىنى تەلەپ قىلماقتا. مېنىڭ سۆزۈممۇ تۈگىدى.

يوغان چېدىر ئىچى جىمجىتلىققا چۆكتى. بۇ جىمجىتلىق ئىچىدە ھەرخىل نىيەت بىلەن سورۇۋاتقان خىياللار كۆزگە

كۆرۈنمەي ، قۇلاقلارغا ئاڭلانماي ئۆزەتتى . موللا ناسىر ئەلەم سېرىق يىپەك سەللىلىك بېشىنى كۆتۈردى . ئۇنىڭ ئىچىگە ئولتۇرغان قارا كۆزلىرىدە يەنىلا ھېكمەتلىك بىر نۇر جۇلالىناتتى . قازىكالان تېخىچىلا كۆپۈپ ، تەلەتىدىن سېرىق قۇيۇن ئۇچۇپ ئولتۇرغان مەزەمزاتقا : «سىلى سۆزلىمەمدىلا !… » دېگەندەك تىكىلدى . ھاكىمبەگ يوغان ، قوڭۇر كۆزىنى موللا ناسىر ئەلەمنىڭ كۆزىدىن ئېلىپ قېچىپ ، تەتۈر قارىۋالدى .

— مەن سىلەرنىڭ سۆزلىرىڭلارغا قوشۇلىمەن ! شائىرىمىز توغرا دېدى : بىز ھازىر ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ كۈچلۈك ئىتتىپاقلىشىشىمىز زۆرۈر ، بولمىسا بۇ قوزغىلاڭدا مەغلۇپ بولىمىز ! ئىتتىپاقلىق ھەرقانداق يەردە ، ھەرقانداق چاغدا ، ھەرقانداق ئىشتا ئۇتۇق قازىنىشنىڭ كاپالىتى ! قاتىل سوراققا تارتىلىشى كېرەك ، بولمىسا ، قوزغىلاڭچىلارنى جان پىدالىق بىلەن جەڭ قىلىشقا ، ئەمىرنى باياندايغا ئەكېلىشكە بولمايدۇ ! بىز ئۈچ كىشىلىكمۇ ، بەش كىشىلىكمۇ ھەيئەت قۇرايلى ، بۇ ھەيئەت بۇ قېتىمقى قانلىق ۋەقەنى تەكشۈرۈپ ، قانداق قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويسۇن ! يەنە بىر پىكرىم : مەن ئابدۇرۇسۇل بەگ بىلەن ھەركۈنى كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىۋاتىمەن ، ئۇ بۇرۇنقىدىن خېلىلا ياخشى بولۇپ قالدى . ئۆسۈپ كەتكەن ساقال - بۇرۇتىنى چۈشۈرۈپ ، روھىي ھالىتىمۇ ياخشىلاندى . سىلەر — قوزغىلاڭچىلار ۋەكىللىرى ئەتە شەھەرگە چۈشۈپ ئەمىر بىلەن كۆرۈشۈپ ، خەلقنىڭ ئەمىرنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى ، يەنە بۇرۇنقىدەك قوزغىلاڭغا يېتەكچىلىك قىلىشىنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى يەتكۈزسەڭلار ياخشى بولاتتى . شۇنداق قىلساڭلار ، ئابدۇرۇسۇل بەگ چوقۇم باياندايغا قايتىپ كېلىدۇ .

قازىكالاننىڭ سۆزلىرى ھاكىمبەگنى ھەسەتخورلۇقنىڭ كۆك تېشىغا چىقاردى ، ئۇ كۆك تاش ئۈستىدىمۇ ئولتۇرالماي قالدى ، بىرى ، ئابدۇرۇسۇل بەگ ھەققىدىكى سۆزلەر زىتىغا تەگسە ، يەنە

بىرى ، ھەيئەت قۇرۇلۇپ ئەخمەتخان خوجىنى تەكشۈرىدىغان بولسا ، ئۆزىنىڭ چېتىلىپ قالىدىغانلىقىدىن ئەنسىرىدى . ئۇ موللا ناسىر ئەلەمنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ ياسالما يۆتىلىۋېلىپ ئاغزىنى ئاچتى :

— خەلقىنىڭ ئۆز ۋەكىللىرىنى بىزگە كىرگۈزگىنى ياخشى بولدى . بۇ قېتىمقى قانلىق ۋەقە ئۇقۇشماسلىقتىن كېلىپ چىققاندەك تۇرىدۇ ، خەزىنىچى بەگ راست ياخشى ئادەم ئىدى ، ئۇ ياماتۇغا يۇلتۇز قالماقلىرىنىڭ كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ماڭغان خوجىنى توسۇپ توغرا قىلمىدى . خەزىنىچى بەگنىڭ مېنىڭ نامىمغا تىل تەگكۈزگەنلىكى خوجىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگەن . ئەخمەتخان : «مەن ھاكىمبەگ جانابلىرىنىڭ پەرمانى بىلەن ماڭدىم» دېسىمۇ ، مېنى كۆزگە ئىلماي ، خوجىنىڭ يولىنى يەنىلا توسۇغان ، ئاچچىقى كەلسە ئۆزىنى تۇتالماي قالىدىغان ئەخمەتخان مېنىڭ يۈز - ئابرۇيۇمنى دەپ خوجىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن . ئۇنىڭ ئەلۋەتتە ، بىر ياخشى ئادەمنى ئۆلتۈرۈشى ياخشى بولمىغان ، لېكىن خەزىنىچى بەگمۇ نېمىشقا شۇنچىلىك توسۇيدۇ ، ماڭغىلى قويمايدۇ ؟ ! ئۇنىڭ مېنىڭ ئابرۇيۇمغا ، ئىززەت - ھۆرمىتىمگە قوپاللىق بىلەن قارا سۈركەپ ، ئابدۇرۇسۇلنى ئەتىۋارلىشىدا بىر غەرەزىبوقمۇ ؟ ! مېنىڭچە ، بار ! بۇ ئۆلۈم ۋەقەسىنىڭ كېلىپ چىقىشىقا مانا مۇشۇ غەرەز سەۋەبمىكىن ؟ ! مەن قازىكالانىڭ ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ بەكرەك ئىتتىپاقلىشىشىمىز زۆرۈر ، دېگەن سۆزىنى قۇۋۋەتلەيمەن . بۇ ئىشنى تەكشۈرىمىز ، دەپ ئىتتىپاقلىقىقا زىيان سالماي ، قانداق قىلىپ بايانداينى ئېلىشنى ئويلىساق بولارمىكىن ؟ ! ئۆلگەنلەر ئۆلدى ، ئەمدى تىرىلدۈرگىلى بولامدۇ ؟ ! كىچىككەن ئىشنى قۇم باسىدۇ ، مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك ، روھىمىز تېخىمۇ چۈشۈپ ، بايانداينى ئالالماي ، قوزغىلىڭىمىز سۇغا چىلىشىدۇ . ئەخمەتخان خوجىنى قاچان بولسىمۇ تەكشۈرۈۋالغىلى بولىدۇ ، ئۇ نەگە قېچىپ

كېتەلەيتتى ؟ !

مەزەمزات سۆزىدىن توختىدى . چېدىر ئىچى يەنە ئېغىر جىمجىتلىققا چۆكتى . قازىكالاننىڭ يوغان سەللىلىك بېشى چۈشۈپ كەتتى . نازىمنىڭ يوغان ، قارا كۆزلىرىدىن ئوت ياندى . قالغان ۋەكىللەرمۇ ھاكىمبەگنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ، ئورۇنلىرىدا ئولتۇرالماي قالدى . ئۇلار مەزەمزاتنىڭ يەكچەشمىنى قانات ئاستىغا ئېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ، بۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى ئويلاپ بوغۇلۇۋاتاتتى . شۇ چاغدا مەزەمزات تەرەپدارلىرىدىن بىرى ئېغىز ئېچىپ قالدى :

— مەن ھاكىمبەگ جانابلىرىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەيمەن ! سەۋەبسىز قىل تەۋرىمىگەندەك ، ئەخمەت خەزىنىچى بەگنىڭ ئۆلۈم سەۋەبىمۇ بار ، بۇ سەۋەبنى ئۇلۇغىمىز ئېنىق دېدى . ئەخمەتخان خوجىنى تەكشۈرۈشنىڭ زادى ھاجىتى بارمۇ ؟ ! ھازىر بارلىق دىققەت ۋە كۈچىمىزنى باياندايغا قاراتماي ، بۇ كىچىك ۋەقەگە چېپىچىۋەتسەك ، باياندايىنى قانداق ئالالايمىز ؟ ! تەكشۈرۈشنىڭ ھاجىتى بار دەپ قالغاندىمۇ ، باياندايي ئېلىنغاندىن كېيىن تەكشۈرسەكمۇ بولىدىغۇ ؟ !

مەزەمزات تەرەپدارلىرىدىن كەينى ـ كەينىدىن ئىككى ئادەم سۆزلىدى . شائىر ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرالماي قالدى . ئۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمىغان ئىككى خىل پىكىر ئېقىمى ، ئىككى خىل سەپنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئېنىق بىلدى ، بۇنداق ئەھۋالدا بىر قارارغا كېلىش زادىلا مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشەندى . شۇنداق بولسىمۇ ، ئىككى ئېغىز سۆز سۆزلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇغان نازىم ، ئەمدىلا ئاغزىنى ئېچىشىغا تالادا ئېتىلغان زەمبىرەك ۋە مىلتىقلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ توختاپ قالدى . ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ تالاغا ئېتىلدى . باياندايي سېپىلدىن ئېتىلىۋاتقان توپ ۋە مىلتىقلارنىڭ ئوقلىرى قوزغىلاڭچىلارنىڭ تۇرغان يېرىگە چۈشۈۋاتاتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سەككىزىنچى باب

# «باھادىر ئاتالدى بۇ جەڭدە ئەمىر»

بايانداي سېپىلى 1766 ـ يىلى ياسالدى . بايانداي دېگەن ئىسىم موڭغۇللارنىڭ «بايىندا» دېگەن ئاتالغۇسىدىن كەلگەن بولۇپ ، «مۇنبەتلىك يەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى . سېپىلنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ يۈز ئوتتۇز مېتىر ، ئايلانمىسى ئۈچ مىڭ بىر يۈز ئەللىك مېتىر[①] بولۇپ ، تۆت تەرىپىدە ھەيۋەتلىك تۆت دەرۋازىسىمۇ بار ئىدى . 1778 ـ يىلى چاڭئەندە تۇرۇشلۇق ئىككى مىڭ مانجۇ كوماندىر ـ چېرىكلىرى ئىلىغا كېلىپ باياندايغا ئورۇنلاشتى . 1779 ـ يىلى «بايانداي ھەربىي قەلئە» دەپ ئاتىلىپ ، بۇ يەردە قەلئەنى قوغدايدىغان قوشۇن تۇرغۇزۇلدى . شۇنىڭ بىلەن بىللە تۇتۇق مەھكىمىسىمۇ قۇرۇلدى . 1780 ـ يىلى يەنە باياندايدا چارلاش ئەترىتىمۇ تۇردى .

بايانداي سېپىلى ئىچىدە بۇلاق بولۇپ ، ئۇنىڭ سۈيى توختىماي ئېقىپ تۇراتتى . بايانداي قەلئەسى قورشاۋدا قالسىمۇ ، سۇدىن زادىلا قىينالمايتتى .

بايانداي قەلئەسى قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغان كۈنلەردە بۇ ھەربىي قەلئەنىڭ باشلىقى با دارىن دېگەن كىشى

---

① ئېگىزلىكى ئون چى ، ئايلانمىسى 6.3 چاقىرىم ، بىر چاقىرىم — بەش يۈز مېتىر .

ئىدى . ئۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ ماكانلىرىدىن كېچىلىرى گۈلخانلار كۆرۈنمەيدىغان ، ناخشىلار ئاڭلانمايدىغان ، كۈندۈزلىرى كۈلكە ـ چاقچاقلىرى ياڭرىمايدىغان بولغانلىقىنى كۆزىتىپ ھەيران بولدى . بولۇپمۇ قوزغىلاڭچىلار قىلىدىغان قىسقا جەڭلەرنىڭمۇ توختىغانلىقى ئۇنى تېخىمۇ ئويغا سالدى . قاپاقلىرى ئىششىغان ، يۈزىنىڭ گۆشلىرى ساڭگىلاپ كەتكەن با دارىن ئاخىرى بايانداي قەلئەسىدىكى بارلىق ھەربىي ۋە مۇلكىي ئەمەلدارلارنى يىغىپ ، ئۆزىنىڭ كۆزەتكەنلىرىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەردى . كەلگەنلەرمۇ با دارىندەك خىياللاردا بولغانلىقلىرىنى ئېيتىپ ، بىر ئادەم چىقىرىپ ، سەۋەبىنى ئېنىقلاپ بېقىشنى تەكلىپ قىلدى . شۇنىڭ بىلەن قەلئە باشلىقى بۇلاقتىن سۇ توشۇيدىغان بىر قېرى ئۇيغۇرنى كېچىدە سېپىلدىن چىقاردى . بۇ لەنتى بىر كۈن تىڭتىڭلاپ يۈرۈپ ، بولغان ھەممە ئەھۋالنى يېپىدىن يىڭنىسىغىچە ئېنىقلىدى . يەنە بىر كېچىسى ئۇ سېپىلغا قايتىپ پۈتۈن ئىگىلىگەنلىرىنى قاپىقىدىن سەنجۈسەن سوغۇقى چېچىلىدىغان با دارىنغا يەتكۈزدى . با دارىن خۇشال بولۇپ ، قېرى ئۇيغۇرغا سېخىيلىك بىلەن تارتۇق بەردى . ئەتىسى يەنە قەلئەدىكى بارلىق ھەربىي ۋە مۇلكىي ئەمەلدارلارنى يىغىپ ، قېرى ئۇيغۇردىن ئاڭلىغانلىرىنى ئۇلارغا يەتكۈزدى . بارلىق ھەربىي ۋە مۇلكىي ئەمەلدارلار بەس ـ بەس بىلەن قايناپ سۆزلەپ ، پۈرسەتنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرسەتتى . ئۇلار : «ئەمدى نېمىگە قاراپ ياتىمىز ؟ دەرھال سېپىلدىن چىقىپ بىر ـ بىرىنى قىرىۋاتقان قوزغىلاڭچىلارنى قانلىق باستۇرايلى ! بۇ مىللەت بۇرۇندىن شۇنداق : كۆكلىگەنلەرنىڭ كۆكىنى يۇلىدۇ !» دەپ قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈشتى . ئاخىرىدا بىر قېتىم پۇختا تەييارلىق قىلىپ ، سېپىلدىن چىقىپ بىخۇد تۇرغان قوزغىلاڭچىلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدى .

بىر ھەپتە تەييارلىق قىلىپ ، بۈگۈن قۇياش كۈنپېتىش

ئۇپۇقىغا يېقىنلىغاندا، باياندايى سېپىلنىڭ ئالدىدا بىر هازا زەمبىرەك ۋە مىلتىقلار ئېتىلدى. بۇ تۇيۇقسىز ئېتىلغان زەمبىرەك ۋە مىلتىقلارنىڭ دەهشەتلىك ئاۋازىنى ئاڭلاپ يوغان چېدىردىكى قازىكالان، مەزەمزات، قوزغىلاڭچىلارنىڭ بىرقانچە باشلىقلىرى، بەش قوزغىلاڭچىلار ۋەكىلى تالاغا يۈگۈرۈپ چىقتى…

چېدىر ئالدىدا قازىكالان، مەزەمزات، باشقا قوزغىلاڭچىلار باشلىقلىرى زەمبىرەك ۋە مىلتىقلار ئېتىلىۋاتقان سېپىل تەرەپكە قاراپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بۇ قارىشىدا: «چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى سېپىل دەرۋازىلىرىدىن هۇجۇم قىلىپ چىقارمۇ، چىقماسمۇ؟ يا بۇ ئۇلارنىڭ ‹ئىچ پۇشۇقى› نى چىقىرىشىمۇ؟…» دېگەندەك ئويلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى.

تۇرغانلارنىڭ ئارىسىدا موللا بىلال باشلىق قوزغىلاڭچىلار ۋەكىللىرى كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار بايىلا ئۆز قوراللىرىنى ئېلىپ بولىدىغان قانلىق جەڭگە تەييارلانغىلى كەتكەنىدى.

قۇياش كۈنپېتىش ئۇپۇقىغا يانپاشلاپ، بىر كۈنلۈك سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇۋاتاتتى. شىمالدىكى تاغلاردىن ئۇچۇپ كېلىۋاتقان شامال دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى يېنىك شىلدىرلىتاتتى. زەڭگەر ئاسمان، يېشىل زېمىن يېڭىدىن باشلىنىۋاتقان كەچكى شەپەقنىڭ هال بويىقىدا بويىلىۋاتاتتى…

سېپىلنىڭ شەرق، شىمال ۋە غەرب دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ، كۆل رەڭ كىيىملىك چېرىكلەر قىلىچ ـ نەيزىلىرىنى پۇلاڭلىتىپ قىيقاس ـ چۇقان بىلەن يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئالىتاغىل ئاۋازلىرىدىن، يۈگۈرۈشلىرىدىن خېلىلا هاراق ئىچكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. سېپىلغا يېقىن دەل ـ دەرەخلەرنىڭ دالدىلىرىدا تۇرغان قوزغىلاڭچىلار كەينىگە قىچىشقا باشلىدى. قاچقان

قوزغىلاڭچىلارنىڭ بىرقانچىسى قازىكالان ۋە مەزەمزاتلار تۇرغان چېدىر ئالدىغا قېچىپ كەلدى . ئۇلار چېدىر ئالدىدا تۇرغانلارغا قاراپ :

— بايانداي چېرىكلىرى بېسىپ كېلىۋاتىدۇ ! — دەپ ۋارقىرىدى .

موللا ناسىر ئەلەمنىڭ يېنىدا تۇرغان مەزەمزاتنىڭ چىرايى تاتىرىپ ، كۆزلىرى پارقىراپ ، بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەپ كەتتى . ئۇ بۇ يەردىن جېنىنى قاچۇرۇپ كېتىشنىڭ كويىغا چۈشۈپ قالدى .

— ئەلا پالۋان ··· — دېدى - دە ، بىرنېمە يادىغا كەلگەندەك قازىكالان سۆزىنىڭ ئايىغىنى دېمىدى ، — راست ، ئۇ كېچە شەھەرگە — ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ يېنىغا كېتىۋىدى ، — ئۇ خىيال سۈرگەندەك تۇرۇپ قالدى ، — بۇ جەڭگە كىم باشچىلىق قىلسا بولار ؟ !···

بۇ گەپلەر مەزەمزاتنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى . «ئۆچكە جان قايغۇسىدا ، قاسساپ ماي···» دېگەندەك ، ئۇ شۇ تاپتا جان قايغۇسىدا قېچىشنىلا ئويلايتتى . يىراقتىن كېلىۋاتقان بايانداي چېرىكلىرىنىڭ قىيقاس - چۇقانلىرى ئاڭلاندى . ھاكىمبەگنىڭ يوغان ، قوڭۇر كۆزلىرى چەكچىيىپ ، ئەمدى قاچمىسا جېنىدىن ئايرىلىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ، قازىكالانغا قارىدى . ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا : «ھەم بىچارىلىك ، ھەم يېلىنىش ، ھەم قانداق قىلىمىز ؟» دېگەندەك مەنىلەر ئىپادىلىنەتتى . موللا ناسىر ئەلەم كېلىۋاتقان بايانداي چېرىكلىرىنىڭ قىيقاس - چۇقانلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك سىرىق يىپەك سەللىلىك بېشىنى تىك تۇتۇپ ، ئۆسكىلەڭ قاشلىرى تېگىدىكى قارا كۆزلىرىدە بىر ھېكمەتلىك نۇرنى چاقنىتىپ مەغرۇر تۇراتتى .

— ناسىر ئەلەم ! — دېدى مەزەمزات ، ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى ، — تېز كېتەيلى ! بولمىسا···

— سىلى كەتسىلە ! مەن بۇ يەردىن كەتمەيمەن ! قېنى ، ماڭا قىلىچ بېرىڭلار ، مەنمۇ جەڭگە كىرىمەن ! — دېدى قازىكالان ، ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى جەڭ ناغرىسىنىڭ ئاۋازىدەك جاراڭلاپ چىقتى .

قوزغىلاڭچىلار كېلىشكە باشلىدى . سادىر ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلدى .

— «ئۆلگىسى كەلگەن چاشقان مۈشۈككە ئېسىلىدۇ !» دېگەن گەپ بار ! — دېدى ئۇ كېلىپلا ، موللا ناسىر ئەلەمگە قاراپ ، — بۇ بىر ياخشى پۇرسەت بولىدىغان بولدى . دۈشمەننى قوغلاپ سېپىلگە قاراپ ماڭغاندا ، دۈشمەن بىلەن بىللىلا بىزمۇ سېپىلغا كىرىۋالساق ، باياندايىنى بىزنىڭ دەۋەرسىلە ، ئاتا !

قازىكالان ھاياجانلاندى . ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ سادىرنى قۇچاقلىۋالدى .

— ئوغلۇم ! — دېدى موللا ناسىر ئەلەم سادىرغا ھاياجان بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ ، — ھەرقانداق شارائىتتا ئۆزىنى شىر چاغلاش ، ئۆلۈم ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتسىمۇ بىر تامچە قېنى قالغۇچە تىز پۈكمەي باتۇرلارچە جەڭ قىلىش ، جېنى چىقىۋاتسىمۇ ئەتىگە كۈلۈپ قاراش — پالۋانلارنىڭ مۇقەددەس ئادىتى ! قېنى ، پالۋان ، مەن دۇئا قىلاي ، ئۆزلىرى بۇ جەڭگە باشچىلىق قىلسىلا !...

گەۋدىلىك قازىكالان ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ، ئالىقانلىرىنى ياپدى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان ياش ئۇ ئۆزى تۇغۇلغان زېمىننى سۇغىراتتى . بۇ يەرگە بىردەمدىلا يىغىلغان نەچچە مىڭ ئادەم موللا ناسىر ئەلەم بىلەن تەڭلا قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈردى . خۇددى دېڭىزدەك يوغان پالۋان قازىكالاننىڭ : «ئامىن !» دەپ قوللىرىنى يۈزىگە ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ ، «ئامىن» دەپ ۋارقىرىدى . ئۇنىڭ سەل قاڭرىقۇق ئاۋازى جەڭ بولىدىغان مەيدان ئۈستىدە خۇددى گۈلدۈرمامىدەك

گۈلدۈرلىدى .

موللا ناسىر ئەلەم يېنىغا قارىدى . مەزەمزاتنىڭ ئاللىقاچان كېتىپ قالغانلىقىنى سەزمىگەن قازىكالان «بۇ پوقىي چوڭ ئورۇق بۇقا» نى تېزلا يادىدىن چىقىرىۋەتتى . قوللىرىغا نەيزە ـ قىلىچ ، تاياق ـ توقماق تۇتقان دېھقانلار ئالىتاغىل توۋلاپ كېلىۋاتقان باياندائي چېرىكلىرىنى كۈتۈپ تۇراتتى . سادىر ئاق مالخىيىنى بىر قارىياغاچقا ئىلىپ قويۇپ ، يالاڭۋاشتاق هالەتتە جەڭنى كۈتەتتى . باياندائي چېرىكلىرى بىلەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئارىسى بارغانسېرى قىسقىراپ باراتتى . ئاخىرى ئىككى تەرەپتىن كەلگەن دەھشەتلىك قىيان بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلدى . قىلىچ ـ نەيزىلەر ئىسسىق قان بىلەن بويىلىشقا باشلىدى . ئادەملەرمۇ بىر ـ بىرلەپ : «ئاھ !» دەپ چىرقىراپ يىقىلاتتى . بىردەمدىلا يېشىل گىياھلار قىزىل قان بىلەن بويالدى . غەزەپلىك چۇقانلار ، ئىڭرىغان نالە ـ پەريادلار كۆنپېتىشنىڭ شەپقى ئۆچۈپ بارغانسېرى قارىيىۋاتقان ئالەمگە تارقىلاتتى ··· ئۇرۇش ـ جەڭ دېسە تېنى يايراپ ، جېنى سۆيۈنۈپ كېتىدىغان دېۋىدەك يوغان سادىرنىڭ گاھى قاقاقلاپ كۈلگەن ، گاھى شىردەك ھۆركىرىگەن قاڭرۇق ئاۋازى جەڭ مەيدانىدا ئالاھىدە جاراڭلايتتى···

* *

ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن ئوقۇلغان قۇرئان ئايىتى تۈگەپ ، ئولتۇرغانلار قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈردى . دۇئا تۈگىگەندىن كېيىن ، ئىككى پۇتى ئۈستىدە ئولتۇرغان ئادەملەر پۇتلىرىنى يىغىپ باداشقان قۇرۇپ ، ئەركىن ـ ئازادە ئولتۇرۇپ ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ هال ـ ئەھۋالىنى يەنە بىر قېتىم سورىدى .

كېچىككى جەڭ قوزغىلاڭچىلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن

ئاياغلاشتى . يېڭىلگەن چېرىكلەر ھەددى ـ ھېسابسىز ئۆلۈكلىرىنى قالـدۇرۇپ سېپىل تەرەپكە قاچتى . ھاراق ئىچىۋېلىپ جان ـ جەھلى بىلەن جەڭگە چىققان چېرىكلەرمۇ قاتتىق جەڭ قىلدى . قــوزغىلاڭچىلارنىڭ چىقىمىمۇ ئاز بولمىدى ، سادىر دېگەندەك ، قــوزغــىلاڭچىلار قاچقان چېرىكلەر بىلەن بىللە سېپىل ئىچىگە كىرەلمىگەن بولسىمۇ ، سېپىل دەرۋازىلىرىغىچە قوغلاپ باردى .

تاكى جەڭ تۈگىگۈچە بىر ئېگىزرەك دۆڭ ئۈستىدە تۇرۇپ جەڭنى كۆزەتكەن موللا ناسىر ئەلەم ، ناشتىدىن كېيىن ، موللا بىلال باشلىق بەش قوزغىلاڭچىلار ۋەكىلىنى چاقىرتىپ كېلىپ ، ئۇلارغا ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ يېنىغا كىرىشنى ئېيتتى . ۋەكىللەر قازىكالاننىڭ سۆزىگە قىزغىن قوشۇلۇپ ، شەھەرگە يول ئالدى . چۈشـكـە يـېـقىن شەھەرگە كىرىپ قورساقلىرىنى ئاشپۇزۇلدا تويدۇرۇپ ، بەيتىللاغا كەلدى . ئۇلار ھاممامدا تاھارەت ئېلىپ پـېـشـــىـن نـامــىزىنى ئوقۇدى . ۋەكىللەر پېشىنگە ئەمىرنىڭمۇ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ، بەيتىللانىڭ ئارقىلىق دەرۋازىسى ئالدىغا چىقىپ بىر ياندا ئۇنى كۈتۈپ تۇردى . روھىي كـەيپىياتى خېلىـلا تـۈزىـلــــىـپ ، ئـىـككى مەڭزىگىمـۇ بىلىنەر ـ بىلىنمەس قان يۈگۈرگـەن ئـابـدۇرۇسـۇل بـەگ كوچـىغا چىقىشى بىلەنلا موللا بـىـلالـلار قول باغلاپ بىر ـ بىرلەپ كېلىپ كۆرۈشتى . نازىم ئــۆزلــىرىنىڭ باياندايدىكى قوزغىلاڭچىلار نامىدىن ھال سوراپ كـەلـگـەنـلـىـكـىـنـى دېگەندە ، ئەمىر ھاياجانلىنىپ كەتتى . ئۇ ۋەكـىـلـلـەرنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ ، مـوللا بـىـلال بىـلەن نـادىرنـىڭ ئـارىسـىدا ماڭدى ، قالغانـلار ئۇلارغا ئەگىشىپ يول ئالدى...

ئـابـدۇرۇسـۇل بـەگنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ، سارايغا كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ، ۋەكىللەردىن بىرى خەتمقۇرئان قىلىپ ، دۇئا قىلدى ، ئارقىدىن ئەمىرنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى سورىدى . ئـابـدۇرۇسـۇل بـەگـنـىـڭ بـېـشـىـغـا كـەلـگەن مۇسىبەتتىن

قوزغىلاڭچىلارنىڭ قاتتىق قايغۇرغانلىقىنى ئېيتىپ تەسەللى بەردى. ئابدۇرۇسۇل بەگ ئورنىدىن تۇرۇپ، ۋەكىللەرگە ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، تالاغا ماڭدى. ھايال بولماي كىرگەن ئەمىر ئۆز ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ موللا بىلاللارغا قارىدى. شائىر «سۆزلە!» دېگەندەك نادىرغا تىكىلدى. ئېڭىكىنى ئالتە - يەتتە كۇنلۇك ھىلال ئايدەك قارا ساقال قاپلىغان نادىر قولىنى ئاغزىغا ئېلىپ بىرىپ يۆتەلدى، ئاندىن ئۆزلىرىدىن پەستە، ئىشىك تەرەپتە ئولتۇرغان ئابدۇرۇسۇل بەگكە قاراپ سۆزىنى باشلىدى:

— مۆھتەرەم ئابدۇرۇسۇل بەگ جانابلىرى، بىز قۇتلۇق ئۆيلىرىگە باياندايدا جەڭ قىلىۋاتقان قوزغىلاڭچىلارنىڭ ۋەكىلى بولۇپ كەلدۇق. مۇنداق ئېيتقاندا، بىزنى باياندايدا جەڭ قىلىۋاتقان خەلق ئەۋەتتى، — قارا قاشلىرى تېگىدىكى قارا كۆزلىرىدە ئەقىل ۋە چېچەنلىكنىڭ نۇرى چاقناپ تۇرغان نادىر ئالدىدا موللا ناسىر ئەلەم، مەزەمزاتلار بىلەن قىلغان سۆھبىتىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى بىلەن كېچىدىكى قانلىق جەڭنى سۆزلەپ بەردى.

— بەيتىللاغا پېشىن ئوقۇغىلى كەلگەن ئادەملەرنىڭ ئاغزىدا ئاخشامقى جەڭنىڭ ھېكايىسى، يۇرىكىدە بولسا زەپەر خۇشاللىقى. مەنمۇ باتۇر خەلقىمىزنىڭ جەڭدە يەڭگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن خۇشال بولدۇم! ... — دېدى ئەمىر ھاياجانلىنىپ، ئۇنىڭ قوي كۆزلىرىدە سەمىمىيلىك نۇرى چاقنايتتى.

— بىز خەلق نامىدىن ئەخمەت خەزىنىچى بەگ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ گۇناھسىز ئىككى ئوغۇللىرىنى ئۆلتۇرگەن قاتىلنى سوراق قىلىپ، جازاغا تارتىشنى تەلەپ قىلدۇق. بىز يەنە موللا ناسىر ئەلەم، مەزەمزاتلارغا: «بۇ قانلىق ۋەقەنى پەيدا قىلغۇچىلارنىڭ غەرىزى: ئابدۇرۇسۇل بەگكە قاتتىق زەربە بېرىپ، ئۇنى قوزغىلاڭنىڭ باشچىلىق ئورنىدىن

يىراقلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت» دېدۇق، — جىددىي ۋە ھاياجان بىلەن سۆزلىگەن نادىر سۆزىدىن توختاپ، قولياغلىقىنى يانچۇقىدىن ئېلىپ، يۈز كۆزىنى ۋە ئاغزىنى ئېرتتى. ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئەمدى دەيدىغان پىكرىنى رەتلىۋالدى، — راست، سىلىنىڭ باشلىرىغا ئېغىر مۇسىبەت كەلدى. تاغلارنىمۇ ئۆرۈۋېتىدىغان بۇ قايغۇ ـ ئازابنىڭ زەربىسىگە سىلى يەنىلا بەرداشلىق بەردىلا! سىلىنىڭ ئىرادىلىرىگە خەلق قايىل! بۇ ئەلۋەتتە، ئۆزلىرىنىڭ خەلق غېمىنى يەيدىغان ئالىيجانابلىقلىرىدىن بولدى، — نادىر سۆزىدىن توختاپ بىرئاز تىنىۋالدى. ئۇ بىر چوڭقۇر نەپەسلىنىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مۆھتەرەم ئابدۇرۇسۇل بەگ جانابلىرى، خەلق سىلىنى كۈتمەكتە. كېچىكى جەڭ سىلىدەك بىر باشچىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى خەلققە تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى. بىزنى، سۆيۈملۈك ئەل ـ يۇرتلىرىنى دەپ، ئەزىز ئەمىر، باياندايغا قايتسىلا! راست، يەنە بىر دەي، خەلق ئۆزلىرىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتمەكتە. سىلىنىڭ سۆيۈملۈك ئاتلىرى چورۇق ھېكىممۇ خەلق، دەپ بۇ ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۆزلىرىمۇ خەلق، دەپ شۇ كۈنگىچە ياشاپ كەلدىلا! مەيلى قانچىلىك قايغۇ ـ ھەسرەت، قانچىلىك ئازاب ـ ئوقۇبەت، قانچىلىك ئېغىر مۇسىبەتكە قالسىلىمۇ، خەلق دەپ سوققان يۈرەكلىرى يەنىلا خەلق دەپ سوقىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز!...

نادىر ئورنىدىن تۇردى، موللا بىلال ئورنىدىن تۇردى، قالغان ۋەكىللەرمۇ ئورنىدىن تۇردى. ئۇلار ھۆرمەت بىلەن ئەمىرگە تىكىلەتتى.

ئابدۇرۇسۇل بەگمۇ ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ: «نېمىشقا تۇرۇپ كەتتىڭلار؟ ئولتۇرۇڭلار! ئولتۇرۇڭلار!» دېگەن سۆزلىرىدە يۈرىكىنىڭ ھاياجىنى ۋە ئاق كۆڭۈللۈكى ئىپادىلىنەتتى.

— بىز باياندايدا جەڭ قىلىۋاتقان قوزغىلاڭچىلارنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئالدىلىرىغا خەلقنىڭ يۈرەك سۆزىنى ئېلىپ كەلدۇق. ئۆزىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن قوزغالغان خەلق سىلىنىڭ مۇبارەك ئاتلىرىنى كېچە - كۈندۈز ياد ئەتمەكتە. سىلىنىڭ ئۆز سىپىگە قايتىپ كېلىشلىرىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتمەكتە! خەلق هامان بىر كۈنى قاتىلنى جازالايدۇ. بۇنىڭغا ئىشەنسىلە! بىز سىلىنىڭ جاۋابلىرىنى ئالماي باياندايغا — ئۇ يەردە بىزنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرغان خەلقنىڭ ئالدىغا قانداق قايتىمىز؟!...

ئۆرە تۇرغان ۋەكىللەر قوللىرىنى باغلاپ تۇراتتى. قامەتلىك ئەمىرمۇ قولىنى باغلاپ تۇراتتى.

— هۆرمەتلىك ئابدۇرۇسۇل بەگ جانابلىرى! — دەپ سۆز باشلىدى موللا بىلال يوغان، قارا، چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئەمىرگە تىكىپ، — سىلىلا ئەمەس، باشلىرىغا كەلگەن ئېغىر ۋە قوش - قوش مۇسىبەتتىن خەلقمۇ ئازابلاندى. قاتىل، ئەلۋەتتە جــازالــىــنــدۇ. قاتىلنى سوراق قىلىپ جازالىغىچە، باياندايىنى ئېلىش جېڭىنى توختىتىپ تۇرۇشقا بولمايدۇ! هېلىمۇ باياندايىنى ئېلىش جېڭى ئۈزۈلۈپ كەتتى. جەڭ قانچىلىك ئۇزارسا قۇربان بــېــرىــشــمۇ شۇنچىلىك كۆپ بولىدۇ، خەلقنىڭ قىيىنچىلىقمۇ ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. مەن بۇلارنى دېمىسەممۇ، ئۆزلىرى ئوبدان بىلىدىلا! خەلق ئۆزلىرىنىڭ تېزرەك باياندايغا قايتىپ، بۇ ئۇلۇغ جەڭگە باشچىلىق قىلىشلىرىنى كۈتمەكتە! قېنى، بىزگە، ئەمىر جانابلىرى، باياندايغا قايتىپ خەلقنىڭ ئازادلىق جېڭىگە باشچىلىق قــىــلــىــشــقا ۋەدە بەرسىلە! بىز خۇشال قايتىپ، بۇ خەۋەرنى باياندايدىكى خەلققە يەتكۈزەيلى!...

— ئــولــتــۇرۇڭــلار! هــەرقانداق گەپ بولسا، ئولتۇرۇپ پاراڭلىشايلى! — دېدى ئەمىر موللا بىلال، نادىر ۋە باشقىلارنى قولى بىلەن تارتىپ.

— سىلى جاۋاب بەرمىگۈچە ئولتۇرمايمىز! — دېدى نادىر

يىنىدىكى يولداشلىرىغا بىر ـ بىردىن قاراپ چىقىپ .

ئەمىر ۋەكىللەرنىڭ ئولتۇرمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ، يەنە قولىنى باغلاپ ، بىردەم خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى . قەلبى گۈزەل خىياللار بىلەن جۇشقۇنلىنىپ تۇرىدىغان ئادەمنىڭ چىرايىمۇ سەمىمىي ۋە ئوچۇق بولىدۇ ، ئىچى قىتىغۇر ئادەملەرنىڭكىدەك تۇتۇلۇپ تۇرمايدۇ . ماڭلىيى كەڭ ، قامەتلىك ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ چىرايى ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرلەۋاتقان گۈزەل ، پاك ۋە تەبىئىي مۇھەببەتنىڭ تەسىرىدە يالقۇنلىناتتى ، ئۇنىڭ قوي كۆزلىرىدىمۇ ئۇچقۇن چاچاتتى . قىرىق ياشقا تولۇپ كۈچ ـ قۇدرىتى ، ئەقىل ـ پاراستى ئۇرغۇپ تۇرغان ئەمىر يېتىلگەن ئالغۇر كۆك بۆرىگىلا ئوخشايتتى .

— راستىنى دېسەم ، بۇ قېتىمقى بېشىمغا كەلگەن مۇسىبەت تولىمۇ ئېغىر بولدى . قېيىنانام ، ئايالىم ، قوۋم ـ قېرىنداشلىرىمنىڭ نالە ـ زارى ئەقىل ـ ھوشۇمنى ئالدى . مەن ئەخمەتخان خوجىدىن قىساس ئېلىشنىلا ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم . قوزغىلاڭ يادىمدىن چىقىپ كەتتى . موللا ناسىر ئەلەم ، ئەلاخان پالۋانلار كۆندە دېگۈدەك كېلىپ ، ماڭا نەسىھەت قىلمىغان بولسا ، مەن تۇگىشىپ كېتەتتىم . بۇ چاغقىچە سىڭار كۆزنىمۇ جەھەننەمگە ئۇزىتىۋېتەتتىم . ئۇلارنىڭ : «قاتىلنى خەلق بىر تەرەپ قىلسۇن !» دېگەن سۆزى مېنى تۇتۇپ قالدى ، — ئەمىر بىر ئۇھ تارتىپ سۆزىدىن توختىدى . ئۇنىڭ جىددىي چىرايىدا ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان قايغۇ ـ ھەسرەت ، پىغان ۋە ئەلەم پۇرقىرايتتى ، — رەھمەتلىك ئاتام : «خەلق ، خەلق !...» دەپ ئۆتتۈۋىدى . ئۇنىڭ بۇ روھى ماڭىمۇ خېلىلا يۇقۇپتىكەن ، ئاستا ئاستا ئويلىنىپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم ، ئەل ـ يۇرتۇمنىڭ مۇھەببىتى مېنى سەۋدايىلىقتىن ، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قىلىدىغان قارامىلىقتىن ساقلاپ قالدى . مەن : «بۇ دۇنيادا ئۆز

يېرىڭدىن ، ئۆز ئىلىڭدىن ئەزىز ۋە ئۇلۇغ يەنە نېمە بار ؟ » دەپ ئويلىدىم . خەلقنىڭ ئىشەنچ ۋە ساليمىدىن ئايرىلغان ھەرقانداق ئۇلۇغنىڭ قىممىتى ۋە ئابرۇيى بولامدۇ ؟ ! ياق ! بېلىق سۇدىن ئايرىلسا ئۆلىدۇ ، ئۆز خەلقىدىن ئايرىلغانمۇ ئەتىۋارى يوق بىر چۈپرەندىگە ئايلىنىدۇ . ھايات — سىناق مەيدانى ! ھايات مەنمەن دېگەن ئەزىمەتلەرنى ھەرخىل يوللار بىلەن سىنايدۇ . مەنمۇ شۇنداق جىددىي ۋە ئېغىر سىناققا دۇچ كەلدىم . بۇ سىناقتىن ئۆتەلمىسەم ، قانداقمۇ ئەل - يۇرتنىڭ يۈزىگە ، سۆيۈملۈك ئاتامنىڭ ئالدىغا بارغاندا كۆزىگە قارىيالايمەن ؟ ! ئۈستىگە ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشكەندىمۇ ، ئەزىز ئەل - يۇرتنى دېگەن ئوغۇللار ھەقىقىي ئوغۇل بولالايدۇ !… بۇ خىياللار مېنى باياندايغا قايتىش ئىرادىسىگە كەلتۈرۈۋاتاتتى . خەلق مېنى ئۇنتۇماي ، ئۆزىنىڭ ۋەكىللىرىنى ئۆيۈمگە ئەۋەتكەنلىكىدىن بېشىم ئاسمانغا يەتتى . مەن باياندايغا قايتىمەن ! ئىككى - ئۈچ كۈنلۈك رۇخسەت بېرىڭلار : قېيناتام بىلەن ئىككى ئوغلۇمنىڭ قىرىق نەزىرىنى قىلىۋالاي . نەزىر تۈگىگەن كۈننىڭ ئەتىسىلا باياندايغا قايتىمەن !…

ئۆي ئىچى ھاياجانغا تولدى . موللا بىلال ئېتىلىپ كېلىپ ، ئەمىرنىڭ ئىككى قولىنى چىڭ تۇتتى . قالغانلارمۇ كېلىپ ئەمىرنى ئورىۋالدى . نازىمنىڭ يۈرىكىدە كېيىن يېزىلىدىغان داستاندىكى مۇنۇ مىسرالار جاراڭلىدى :

قىرىق ياشتا ئېردى ئەمىرى زامان ،
چىرايى قىزىلگۈل جاھان پەھلەۋان .
دېدى بارچە ئادەم يۈرەكلىك ئەمىر ،
كى بىزلەرگە دائىم كېرەكلىك ئەمىر .

كى ئابدۇرۇسۇل بەگ دىلىدۇر دۇرۇست ،
دىلى دۇرۇست ئۇچۇن تۇتتى خەلق ئانى دوست··· »[①]

ئابدۇرۇسۇل بەگ ئۆزى دېگەندەك ، قېيناتىسى ۋە ئىككى ئوغلىنىڭ قىرىق نەزىرىنى بەرگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى بايانداىغا كەلدى . ئەمىرنى قوزغىلاڭچىلار ئالدىغا چىقىپ زور داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋالدى . بۇ مەزەمزاتنىڭ يۈرىكىدىكى ھەسەتخورلۇق يىلىنىنى ۋىژىلداتتى .···

* *

ئابدۇرۇسۇل بەگ باياندايغا بارغان كۈنىنىڭ ئەتىسى مەزەمزات تېخىچە شەھەردىكى دەڭدە تۇرۇۋاتقان ئەخمەتخان خوجىنى ئادەم ئەۋەتىپ ئۆيىگە چاقىرتىپ كەلدى .

قاراڭغۇ چۈشۈپ يەنە بىر كېچە باشلىنىۋاتاتتى . ئەرش ھۆرلىرى ئوچۇق ئاسمانغا نۇرلۇق چىراغلىرىنى بىر ـ بىرلەپ يېقىۋاتاتتى . قىبلە تەرەپتىن كېلىۋاتقان لەرزان شامال ئاق تېرەكلەرنىڭ يېشىل يوپۇرماقلىرىنى يېنىك شىلدىرلىتاتتى . سىڭار كۆز بېشىرنى ئېلىپ ھاكىمبەگنىڭ ھەشەمەتلىك ئۆيىگە كەلدى . يەنە ئۆتكەنكىدەك مەزەمزات خوجىنى ھويلىسىدا قىزغىن كۈتۈۋالدى . مۇلازىم يىگىت ئونبېشىنى باشقا بىر ئۆيگە ئەكېتىپ ، ھاكىمبەگ ئەخمەتخاننى ياسىداق سارىيىغا باشلاپ ماڭدى .

گۈللۈك داستىخان سېلىنىپ ، ئۈستىگە نازۇنېمەتلەر تولغان شىرەنىڭ تۆر تەرىپىدە خوجا ، يېنىدا مەزەمزات ئولتۇرۇپ ، يەنە

---

① «غازات دەرمۈلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 2 ـ ، 3 ـ سان 11 ـ ، 12 ـ بەتلەر .

بىر قېتىم ئۇزاق كۆرۈشمىگەندەك تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشتى . شىرە ئۈستىدىكى چىرايلىق مىس شامداندا يېنىۋاتقان ئۈچ شام ياسىداق سارايىنىڭ ئىچىنى يورۇتۇپ تۇراتتى . ساھىبخانا بىلەن مېھمان قېنىق دەملەنگەن سىنچاينى ئىچىپ ، يېڭى بىر سۆيىقەستنىڭ يولىنى ياساتتى .

— خوجام ، تۈنۈگۈن ئۆزلىرى باياندايدا بولغان بولسىلا ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئابدۇرۇسۇلنى قانداق كۈتۈۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ، يۈرەكلىرى ئۆرتىنەتتى . مەن بۇ ئەخمەق خەلقنىڭ چورۇقنىڭ ئوغلىنى شۇنچىلىك قىزغىن ۋە تەنتەنە بىلەن كۈتۈۋالغانلىقىنى كۆرۈپ چىدىيالماي تەتۈر قارىۋالدىم . نەچچە مىڭ خەلق غۇلجا يولىغا چىقىپ ، ئىككى تەرەپتە سانجاق ـ سانجاق تۇرۇپ ئەمىرنى قىيقاس ـ چۇقان ، چاۋاكلار بىلەن كۈتۈۋالدى .

مەزەمزات ئۆپكىسى ئۆرۈلگەندەك سۆزىدىن توختاپ ، يانچۇقىدىن قولياغلىقىنى ئېلىپ يۈز ـ كۆزىنى ئېرتتى . ئۇنىڭ ئاق سېرىق چىرايىغا چىقىۋاتقان چايانلار بارغانسېرى كۆپىيىۋاتاتتى .

— مەن ، بىلەمدىلا ، شۇ يەردىلا : ئابدۇرۇسۇل بولسا ، ماڭا ئارام ۋە خۇشاللىق بولمايدىغانلىقىنى بىلدىم ، خوجام ، بۇ دەردتىن مېنى سىلى قۇتۇلدۇرمىسىلا ، باشقا قۇتۇلدۇرىدىغان ئادىمىم يوق ! مال ـ دۇنيا دېسىلە ، دېگەنلىرىنى بېرىمەن ! ئۆزلىرىنى ھاكىمبەگ ئوردىسىنىڭ چېرىكلىرىگە ئەمىر قىلىمەن ! بۇ ئىش ، ھۆرمەتلىك ئەخمەتخان ، پەقەت سىلىنىڭ قوللىرىدىن كېلىدۇ !...

يەكچەشمە مەزەمزاتنىڭ سۆزلىرىنى بۆلمەي ، خىيال سۈرۈپ ، جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى . ئۇ تېخى يېقىندىلا ئەمىرنىڭ قېيناتىسى بىلەن ئىككى ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ ، خەلقنىڭ جازالىشىدىن ، ئابدۇرۇسۇلنىڭ قىساس ئېلىشىدىن قورقۇپ قېچىپ يۈرگىنىدە ، بۇ ئىشنى قىلسا ، ئاقىۋىتى قانداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولىدىغانلىقىغا كۆزى يەتمەي زۇۋان سۇرمەيۋاتاتتى.

«ياق! — دەپ ئويلايتتى خوجا شىرەدىكى نازۇ نېمەتلەرگە تىكىلىپ، — ئەمىرنى ھازىر ئۆلتۈرسەم بولمايدۇ، خەلقنىڭ جازاسىدىن، ئەمىرنىڭ قىساسىدىن قېچىپ يۈرگىنىمدە بۇ ئىشنى قىلسام، خەلق مېنى پارە - پارە قىلىپ قاغا - قۇزغۇنلارغا تاشلاپ بەرمەمدۇ؟!...»

— ھاكىمبەگ جانابلىرى! — دېدى ئەخمەتخان بېشىنى كۆتۈرۈپ، — ئەمىرنى ئۆلتۈرىمەن، لېكىن ھازىر ۋاقتى ئەمەس، قېيىناتىسى بىلەن ئىككى ئوغلىنى ئۆلتۈرگىنىمگە ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بۇگۈنكى كۈندە ئابدۇرۇسۇلنى ئۆلتۈرسەم، خەلق مېنى چايناپ يۇركۇۋەتمەمدۇ؟! ماڭىمۇ جان كېرەك! بالا - چاقام بار! ئارزۇ - ئارمانلىرىم بار! بىر ئاز ۋاقىت ئۆتسۇن، پۇرسەت كۈتەيلى! ماڭا ئىشەنسىلە، تەقدىر نېسىپ قىلغان كۈنى، مەن چوقۇم ئەمىرنى بۇ ئالەمدىن ئۇ ئالەمگە ئۇزىتىمەن.

ھاكىمبەگ سىڭار كۆزنىڭ سۆزىگە بىر نېمە دېمەي، ئورنىدىن تۇرۇپ سارايىنىڭ كۈنپېتىش ئوڭ تەرەپ بۇلۇڭىدىكى تۆگە ساندۇق ئۈستىگە تىزىلغان ئورۇن - كۆرپىلەرنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ قولىنى ئورۇن - كۆرپىلەرنىڭ ئارىسىغا تىقىپ، بىر قارا خالتىنى سۇغۇرۇۋالدى. ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرغان ساھىبخانا قوللىرى تىترىگەن ھالدا خالتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئىچىدىن بەش چوكا ئالتۇن بىلەن بىرقانچە يامبۇنى ئېلىپ، خوجىنىڭ ئالدىغا قويدى. خوجىنىڭ يەكچەشمە كۆزلىرى بۇ دۇنيانى كۆرۈپ چەكچىيىپلا قالدى.

— بۇ، ئەخمەتخان، مېنىڭ ئازراق كۆڭلۈم! ئىش پۈتكەندىن كېيىن بۇنىڭدىنمۇ جىق بېرىمەن. بايا دېگىنىمدەك چېرىكلىرىمگە ئەمىر قىلىمەن. ئۈستىمىزدە ياراتقان بىر ئاللا تۇرۇپتۇ، ۋەدەمدىن يېنىۋالسام دوزىخى بولاي! — دېدى ھاكىمبەگ بىر پۈتنى تىزلاپ، باش ۋە گەۋدىسىنى سىڭار كۆز

تـەرەپـكـە سۇرۇپ ، ئۇنىڭ ئاۋازىدا يىلىنىش ئۇچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

ئـەخـمـەتـخـان ئـىـككى ئاچا يولنىڭ ئاغزىدا ، قايىسىغا مـىـڭـىـشـىـنى بىلمەي تېڭىرقاپ تۇراتتى . ئۇ قاتىللىق يولغا مـاڭـمـىـسا ، كۆز ئالدىدىكى ئالتۇن ۋە يامبۇلاردىن ئايرىلىپ قـالاتتـى ؛ ماڭسا جېنىدىن ئايرىلاتتى . ئاچ كۆزلۈك ، هوقۇق تەمەسى ۋە شۆهرەت كەينىگە كىرگەن ئادەم هامان ئۆز جېنىدىن بايلىقنى ، ئەمىرلىكنى ۋە بۇلاردىن كېلىدىغان شان ـ شۆهرەتنى ئـەلا بـىـلـىـدىغانلىقى هـەممىگە ئـايـان ، ئۇنىڭ شـەيتـىـنى «مـاقـۇل دە ! ماقۇل دە !» دەپ چىرقىرايتتى . خوجىنىڭ مـەيـلـىمۇ بارغانسېرى جېنىغا ئەمەس ، ئالدىدىكـى ئالتـۇن ۋە يامبـۇلارغا ئېغىپ كېتىۋاتاتتى . شـۇنـداقـتـىمۇ ئـۇ ، بـىـر ئاز قورقۇپ «ماقۇل !» دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى .

— سـىلى ماڭا ئىشەنمەيدىغان ئوخشايدىلا ، بولمىسا مېنى بۇنداق قىستاپ قىيىن ئەهۋالدا قالدۇرمايتتىلا ! مەن دېدىمغۇ : ئـەمـىـرنـى چوقـۇم ئۆلتۈرىمەن ، دەپ ! بىرئاز ۋاقىت تەخىر قىلسىلا ! ئۆتكەنكى ئىشنىڭ هورى بېسىلسۇن ، — دېدى سەل تېرىككەن كەيپىياتتا سىڭار كۆز ، هاكىمبەگكە قارىماي تۇرۇپ .

— بـىـز ۋاقتى كەلسۇن دەپ كۈتۈپ تۇرساق ، ئەمىرنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيى يەنىمۇ ئۆسۈپ كەتمەمدۇ ؟ ! ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا قول سېلىش تېخىمۇ قىيىن بولۇپ قالمامدۇ ؟ !... — مەزەمزات كۆڭلىگە بىر پىكىر كەلگەندەك . بىردەم قوشۇمىسىنى تۇرۇپ ئويلىنىپ قالدى ، — جىددىي پەيتتە تاش سانىغان ئادەملەر هامان يېڭىلىدۇ ، چۈنكى باشقىلار قوم ساناپ ئالدىغا ئۆتۈۋالىدۇ . مېنىڭ سىلىنى هىمايە قىلىپ ، قوغداپ ، موللا ناسىر ئەلەمگە ، خەلق ۋەكىللىرىگە دېگەن سۆزۈم بىلەن ئۇلارنىڭ ئاچچىقى بېسىلىپ قـالـمـايـدۇ . ئـەمـىـرنـىڭمۇ كۆڭلىدىكى قىساس ئوتى ئۆچۈپ كەتمەيدۇ . بۇنداق ئەهۋالدا كىم بالدۇر ۋە تېز قول سالسا ، شۇ

www.uyghurkitap.com

چوقۇم ئۇتۇپ چىقىدۇ . كىچىككتۇرسەك كىچىككەن ئىشقا قار يىغلاپلا قالماي ، بىشىمىزدىنمۇ ئايرىلىپ قالىمىز !...

ئەخمەتخان خوجا «ماقۇل» دېمەستىن ، ئالدىدىكى ئۆزىنى ئىلىكگە ئېلىپ بولغان خوجايىندىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى . «ياق !» دېسە ، «ھەممە سىرىمنى بىلىپ بولدى !» دەپ ئادەملىرى ئارقىلىق ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى . خوجىغا بىرلا يول : ھاكىمبەگنىڭ تەلىپىگە كۆنۈش يولىلا قالدى .

— بولىدۇ ! — دېدى سىڭار كۆز چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ ، — سىلى ماڭا ئەمىرنىڭ ئۆز چېدىرىدا خالىي قالىدىغان ۋاقتىنى بىلىپ بەرسىلە !...

ئاخىرى سىڭار كۆزنى دېگىنىگە كۆندۈرگەن مەزەمزاتنىڭ يوغان ، قوڭۇر كۆزلىرى خۇشاللىقتىن چاقناپ كەتتى .

* *

ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ يوغان چېدىرىدا ناشتىدىن كېيىن باشلانغان كېڭەش جىددىي كېتىۋاتاتتى...

بایاندایغا كەلگىنىگە بىرقانچە كۈن بولغان ئەمىر قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن دېھقانلارنىڭ سانىنى ئېنىقلاپ ، ئۇلارنى بىر قېتىم تەرتىپكە سالدى . ئۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن دېھقانلار ۋە ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ ، كۆڭلىدىكى ئوي - خىياللىرىنى ئاڭلىدى . ھەممە ئادەم ئۆز كۆڭلىدە بایاندایىنى تېزرەك ئېلىپ ، تىنچ كۈنلەرگە تېزرەك يېتىشنى ئارزۇ قىلاتتى . ئابدۇرۇسۇل بەگ پۇختا تەييارلىق قىلىپ ، مۇكەممەل بىر جەڭ پىلانى تۈزۈپ بایاندایغا چوڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلىش قارارىغا كەلدى . ئۇ بۈگۈن بایاندایغا چوڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلىش ھەققىدە كېڭەش ئۆتكۈزۈۋاتاتتى .

تۆرگە سىلىنغان كۆرپىدە بىشىغا سىرىق يىپەك سەللە يۆگىگەن ، ساقىلى قاردەك ئاپئاق موللا ناسىر ئەلەم ، ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا بېشىدا كىمخاب تۇماق ، كەكە ساقاللىق مەزەمزات ، سول تەرىپىدە ئۆرە موۋۇت تۆپە كىيگەن ، قىسقىراق ساقاللىق ، ئۇزۇن قارا بۇرۇتلۇق ، تازا قۇرامىغا تولغان ئابدۇرۇسۇل بەگ ئولتۇراتتى . چېدىرنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقلىرى ئەمىرنىڭ سالماقلىق بىلەن قىلىۋاتقان سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى .

— مەن كېلىپ ، قوزغالغان دېھقانلىرىمىزنىڭ باياندايدىكى ئەمەلىي سانىنى ئېنىقلىدىم . شۇنىڭ بىلەن بىللە قوزغىلاڭچى دېھقانلارنى بىر قېتىم تەرتىپكە سېلىپ ، ئون ، يۈز ، مىڭدىن قىلىپ تەشكىللەپ ، ئونبېشى ، يۈزبېشى ، مىڭبېشىلارنى تەيىنلەپ ، تەرتىپ - ئىنتىزام تۇرغۇزدۇم . شۇنداق قىلىپ ، باياندايغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىشقا شارائىت ياراتتىم . ئەمدىكى مەسىلە : بۇ قېتىمقى جەڭنى قانداق ئېلىپ بارىمىز ؟ قانداق ياخشى چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىمىز ؟ دېگەنلەرنى كېڭىشىپ ، بىر جەڭ پىلانى تۈزۈپ چىقىشتىن ئىبارەت بولۇپ قالدى .

ئەمىر سۆزىدىن توختاپ كۆپچىلىككە قارىدى . ئۇ ھەممەيلەننىڭ دىققەت بىلەن ئۆز سۆزىنى ئاڭلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، گېپىنى داۋاملاشتۇردى :

— بىز ھىجرىيىنىڭ 1281 - يىل جامادىيە لئەۋۋەلنىڭ 12- كۈنى (جۈمەنىڭ كىرىدىغان ) كېچىسى ① غۇلجىدا قوزغىلىپ ، بۇ يەرگە كۆپ ئۆتمەي كېلىۋىدۇق . بۈگۈن ھىجرىيە 1282 - يىل جامادىيەلساننىڭ 3 - كۈنى② ، دېمەك ، بىر يىلغا

---

① مىلادىيە 1864 - يىل 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى (جۈمەنىڭ كىرىدىغان ) كېچىسى .

② مىلادىيە 1865 - يىل 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى .

يېقىنلىشىپ قالدى. راستتىنلا دېھقانلىرىمىز دېگەندەك، بايانداينى ئېلىش ۋاقتىمىز كېچىكىپ كەتتى. ئەمدى بۇنداق جىمجىت يېتىۋەرسەك بولمايدۇ، چوقۇم بايانداينى پات ئارىدا ئېلىشىمىز كېرەك. قانداق ئالىمىز؟ قانداق جەڭ چارە - تەدبىرلىرىنى قوللىنىمىز؟ بۇگۈنكى كېڭەش مانا مۇشۇ مەقسەتتە چاقىرىلدى. ئۆز پىكىرلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىر جەڭ پىلانى تۈزۈپ چىقايلى! مېنىڭ دەيدىغانلىرىم شۇ!...

ئابدۇرۇسۇل بەگ سۆزىدىن توختاپ ئالدىدا موللا ناسىر ئەلەمگە، ئارقىدىن مەزەمزاتقا: سىلەرنىڭ دەيدىغانلىرىڭلار بارمۇ؟ دېگەندەك قارىدى.

— راست، بايانداينى ئالالماي، بۇ يەردە ئۇزۇن يېتىپ قالدۇق. بۇ سېپىلغا قىلىنغان نەچچە قېتىملىق ھۇجۇمدا تالاي قېرىنداشلىرىمىز قۇربان بولدى. ئەمدى يەنە بۇنداق جىمجىت يېتىۋەرسەك بولمايدۇ، دېھقانلار تېرىقچىلىق بىلەن جان باقىدىغان ئادەملەر، ئۇلار تېرىقچىلىق قىلمىسا بولمايدۇ. بۇ جەڭ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتسە، ئەتە يەيدىغىنىمىز تۈگەيدۇ، ئامالسىز قورال تاشلاشقا مەجبۇر بولىمىز! مەن ئەمىرنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەيمەن. دەرھال بىر پىكىرگە كېلىپ، بىر جەڭ پىلانى تۈزۈپ، باياندايغا ھۇجۇم قىلىپ، مەيلى قانچىلىك قۇربان بەرمەيلى، چوقۇم ئۇنى ئېلىشىمىز كېرەك! — ئاق يۈزلۈك، ئۆسكەن قاشلىرىمۇ ئاقىرىشقا باشلىغان، ئىككى مەڭزى تومپىيىپ چىققان، ئېڭىكىنى قاردەك ئاپئاق ساقال قاپلىغان قازىكالاننىڭ ئىچىگە ئولتۇرغان كۆزلىرىدە يەنىلا شۇ خاسىيەتلىك نۇر چاقناپ تۇراتتى. ياشلىق چاغلىرىدا يۇسۇپتەك چىرايلىق بولغان بۇ ئۆلىما ھېلىمۇ شۇنچىلىك چىرايلىق قېرىغانىدى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن مەزەمزات ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ، ياسالما بىر يۆتىلىپ، كەڭ، ئاق سېرىق يۈزىگە بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلكە يۈگۈرتۈپ ئاغزىنى ئاچتى:

— مەنمۇ قوشۇلىمەن ! بایاندایىنى ئېلىش ۋاقتى ئاللىقاچان بولدى . بۇ قېتىم ئوبدان تەييارلىق قىلىپ ، ئوبدان پىلانلاپ چوقۇم ئېلىشىمىز لازىم . شۇنى ئوچۇق ئېيتايكى : بۇ قېتىم يەنە بایاندایىنى ئالالمىساق ، ھەتتا دۈشمەنلىرىمىز ئالدىدىمۇ يۈزىمىز تۆكۈلىدۇ...

ھاكىمبەگ غادىيىپ ئولتۇرۇپ ، تەكەببۇر قىياپەتتە گويا ھەممىنى بىلىدىغاندەك ئۇزۇن سۆزلىدى . ئۇنىڭ يوغان ، قوڭۇر كۆزلىرى گاھ ئېچىلسا ، گاھ قىسىلاتتى . كۆتمەك قاشلىرىمۇ گاھ كۆتۈرۈلۈپ ، گاھ چۈشەتتى . مەزەمزات خېلى ئۇزۇن سۆز سۆزلىگەن بولسىمۇ ، بایاندایىنى قانداق ئېلىش ھەققىدە بىرەر چارە - تەدبىر كۆرسىتەلمىدى . يەنىلا ئۇ ، سۆزلىمىسە بولمايدىغاندەك بىرەر رەسمىيەت ئۈچۈنلا سۆزلەپ قويدى .

— مەن ، — سۆز باشلىدى ئەمىرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئەلاخان . لاچىنىنىڭ كۆزلىرىدەك كۆزلىرىدىن ئۇچقۇن چېچىپ ، بويى ئېگىزمۇ ئەمەس ، پاكارمۇ ئەمەس خۇش پىچىم بۇ پالۋاننىڭ بۇغداي ئۆڭلۈك يۈزىدە بىر مەردانە روھ نۇرلىناتتى . ئېڭىكى ساقالسىز ، يۇقىرىقى كالپۇكىنىڭ ئۈستىگە بەش - ئالتە كۈنلۈك ھىلال ئايىنى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك كۆرۈنىدىغان قارا بۇرۇتىنىڭ ئىككى ئۇچى ئاغزىنىڭ ئىككى تەرىپىگە چۈشۈپ تۇرغان ئەلاخان ھاياجان بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى ، — يەنىلا سادىر پالۋاننىڭ ئۆز ئوغۇللىرى بىلەن تېگىدىن لەخمە كولىشىنى تەلەپ قىلىمەن ، باياندای ئىچىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىدىغان يول ئاچماي بایاندایىنى ئالالمايمىز . بۇگۈنكى كېڭەشكە نېمىشقا مىڭبېشى سادىر پالۋان كەلمىدى ؟ بۇ ئادەم چوقۇم كېلىشى كېرەكتىغۇ ؟ !...

پالۋاننىڭ سۆزىنى ئەمىر بۆلدى :

— ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا مېنىڭدىن سوراپ ئۆيىگە كېتىۋىدى ، ئاخشام كەلمەپتۇ ، بۈگۈن كېلىپ قالارمىكىن ! ؟...

— سادىر پالۋان ئۇرۇش ھىيلىلىرىگە باي ئادەم، ئۇ ئۆز دۈشمەنلىرىنى ئالداپ، تالاي ـ تالاي قاقاقلاپ كۈلگىنىڭلار يادىڭلاردىدۇر؟! بەلكىم بۇ قېتىم بايانداىغا بولىدىغان ھۇجۇمدا ئۇنىڭ يەنە ياخشى تەكلىپلىرى بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭ پىكرىم، بۇ مۇستەھكەم قورغاننى پارتلىتىپ، كىرىش يولى ئاچماي تۇرۇپ، بايانداىغا بېسىپ كىرەلمەيمىز!

چېدىر ئىچىدە گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ پاراڭ باشلىنىپ كەتتى. ئولتۇرغان مىڭبېشىلار سادىر ھەققىدە ئۆزئارا سۆزلىشىۋاتاتتى. ئۇلار پالۋاننىڭ يەنە سىپىل تېگىدىن لەخمە كولىشىنى قۇۋۋەتلەيتتى.

شۇ چاغدا چېدىرنىڭ ئالدىدىكى لاتىسى قايرىپ قويۇلغان ئىشىكىدىن قارىغايدەك قامەتلىك بىر ئادەم بېشىنى ئېگىپ كىرىپ كەلدى. ئۇ تاپىسىدىلا توختاپ، قەددىنى رۇسلاپ ئولتۇرغانلارغا خۇش چىراي قارىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — دېدى ئۇ، قول قوشتۇرۇپ، — ئۇسۇپ كىرىپ كېچىكىشىڭلارنى بۇزۇۋەتتىممۇ، قانداق؟! كەچۈرسىلەر! ئەمىردىن رۇخسەت ئېلىپ ئۆيگە كېتىۋىدىم. كەلسەم، بۇرادەرلەر چېدىردا كېچە بولىدىغان ئۇلۇۋاتقانلىقىنى دېيىشتى. ئۇدۇل بۇ يەرگە كېلىشىم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! كەل، ئوغلۇم سادىر! قېنى، تۆرگە چىققىن! — دېدى مۇلايىم ئاۋازى بىلەن خىزىر سۇپەت موللا ناسىر ئەلەم پالۋانغا خۇش چىراي قاراپ.

بېشىغا ئاق مالخاي، ئۇچىسىغا ياقىسى ياندىن ئېتىلىدىغان ئاق كۆڭلەك كىيىپ بېلىنى قارا پوتىدا باغلىغان سادىر قازىكالانغا: «رەھمەت!» دەپ تۆرگە ئۆتمىدى، ئىشىككە يېقىن يەردە باداشقان قۇرۇپ ئازادە ئولتۇردى. ئۇ زادىلا كۆرۈپ باقمىغان كىمخاب تۇماقلىق، كالتە موۋۇت پەشمەتنىڭ تۆش يانچۇقىدىن سائەت بېغى ساڭگىلاپ تۇرغان كەكە ساقاللىق ئادەمگە



www.uyghurkitap.com

قاربدى . ئۇ : «مەزەمزات دېگىنى شۇمدۇر ؟ » دەپ ئويلىدى . سادىرنىڭ ھاكىمبەگكە تىكىلىشىدىن ، ئۇنى تونۇمايدىغانلىقىنى سەزگەن ئابدۇرۇسۇل بەگ پالۋانغا تىكىلدى .

— ھۆرمەتلىك پالۋان ! سىلىگە ئىلىنىڭ ھاكىمبېگى مەزەمزاتنى تونۇشتۇرۇپ قوياي ! بۇرۇن بەلكىم ، بىر - بىرىڭلارنىڭ مۇبارەك ئىسمىشەرىپىنى ئاڭلىغان بولساڭلارمۇ ، دىدار نېسىپ بولمىغاندەك تۇرىدۇ .

— شۇنداق ! — دېدى سادىر ئەمىرگە ھۆرمەت بىلەن خۇش چىراي تىكىلىپ ، — تاغۇ تاشلاردا قېچىپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە ، مېنى قوغلاپ ئارام بەرمىگەن چېرىكلەردىن بىرقانچىسىنى ھىيلە بىلەن تۇتۇۋالدىم . ئۇلارنى سوراق قىلغىنىمدا : «بىزنى مەزەمزات ھاكىمبەگ ئەۋەتتى» دېيىشتى ، شۇ چاغدا بۇ زاتنىڭ مۇبارەك ئىسمىنى ئاڭلىۋىدىم .

مەزەمزات تاتىرىپ - بوزىرىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئاق سېرىق چىرايىدىن سېرىق توپا ئۆرلەپ پۇرقىرايتتى .

— ھاي ! ··· — دېدى مەزەمزاتنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ئولتۇرغان يەلكىسى كەڭ ، ئوتتۇرا بويلۇق موللا شەۋكەت ئاخۇنۇم ، — سۆزىڭىز ، پالۋان ، سەل تاپتىن چىقىپ كەتتىغۇ دەيمەن ! ھاكىمبەگ جانابلىرى خەلقپەرۋەر ، ئادالەتپەرۋەر ئۇلۇغ ! ئۇ ئەزىزنى ئون سەككىز مىڭ ئادەم تونۇيدۇ ، — ئاخۇنۇم قىزىل چىرايىدىن خۇشامەتنىڭ ساپسېرىق قاغا جىگدىلىرىنى توكۇلدىتىپ قاقاتتى .

— ئاخۇنۇم ، مەن گەپنى ئۇدۇل ۋە ياسىماي قىلىدىغان قارىتۇرۇك ئادەممەن . بىلىدىلا ، تالاي يىل تاغۇ تاشلاردا قېچىپ يۈردۈم ، يۇرتىنىڭ غېمىنى يەپ كۆزۈمنى ئېچىپ يۈردۈم . چىرايلىق ساي - سالا ، ئايدالىلارغا قوشىقىمنى چېچىپ يۈردۈم . تاشقا كىيدۇرۇپ مالخىيىمنى ، دۈشمەنلەرنىڭ يۈرىكىنى پىچىپ يۈردۈم . مەن بۇ زاتنىڭ ئىسمىنى چېرىكلىرىدىن ئاڭلىمىسام ،

نەدىن بىلىمەن؟ ! — پالۋان شۇنداق ئەركىن ، شۇنداق تەبىئىي سۆزلىدىكى ، ئۇنىڭ قاڭرۇق ئاۋازى خۇددى ھەقىقەتنىڭ سەممىي ناخشىسىدەك چىقتى . موللا شەۋكەتنىڭ قىزىل چىرايى ئۆپكىدەك ئىسسىلىپ مەزەمزاتقا تىكىلدى . تىخچە ئۆز ھالىتىگە كىلەلمەي خۇددى تىككەن ئۇستىدە ئولتۇرۇپ قالغاندەك بولۇۋاتقان ھاكىمبەگمۇ سادىرنىڭ قوشاق شەكلىدە ئېيتىلغان سۆزىنى ئۆزىگە قارىتىلغان دەپ سېزىپ ، تىخىمۇ ئولتۇرالماي قالدى . ئۇ ئىڭىكىنى كۆتۈرۈپ ، يالغاندىن يۆتىلىپ بىر قازىكالانغا ، بىر ئەمىرگە قاراتتى . موللا ناسىر ئەلەم ، ئابدۇرۇسۇل بەگ ، ئەلا پالۋانلار سادىرنىڭ سۆزلىرىدىن سۆيۈنۈپ ، ئۇنىڭغا خۇش چىراي قارايتتى .

موللا ناسىر ئەلەم مەزەمزاتنىڭ ئۆزىگە تىكىلگەن كۆزلىرىدىن گەپنى كىڭەش قىلىنىۋاتقان مەسىلىگە يۆتكەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتى ، شۇنداق قىلمىغاندا ، بىرەر كۆڭۈلسىزلىك كىلىپ چىقىدىغانلىقىنىمۇ بىلدى . ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ ، ھەممەيلەننى تىنچلىنىشقا چاقىرىپ ، مۇلايىملىق بىلەن سۆزىنى باشلىدى :

— ئوغلۇم سادىر ، بىز باياندايغا يەنە بىر قېتىم كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلىشنى كىڭەشىۋاتاتتۇق . سەن تاغۇ تاشلاردا قىچىپ يۈرگەن چاغلىرىڭدا ، سىنى تۇتقىلى چىققان چېرىكلەر بىلەن جەڭ قىلىپ ، تىللاردا داستان بولغۇدەك قەھرىمانلىقلار كۆرسەتتىڭ ، شۇنداق قىلىپ ، جەڭ قىلىشنىڭ يوللىرىنى خېلىلا بىلىپ قالدىڭ . باياتىن ھەممىمىز سىنىڭ بولمىغانلىقىڭدىن كۆڭلىمىز يېرىم بولۇپ ئولتۇراتتۇق ، تەلىيىمىزگە سىنى تەڭرىم كىڭەشكە يەتكۈزۈپ كەلدى . قېنى ، پالۋان ، دىگىنە ، قانداق قىلساق باياندايىنى ئالالايمىز ؟

بۇ سەممىي سۆزلەر سادىرنىڭ كۆڭۈل كۆزلىرىنى ئاچتى . ئۇ شىلدىرلاپ ئاققان پاك ھېسسىياتى بىلەن قازىكالانغا ھۆرمەت

بىلەن قاراپ سۆزىنى باشلىدى :

— «گاچىنى ئىت قوغلىسا تىلى چىقىدۇ ، ئەخمەقنىڭ بېشىغا توقماق تېگمۇەرسە ، ئەقىل پۇتىدۇ» دېگەن گەپ بار ، — دەپ گەۋدىلىك ، سىم ساقاللىق ، ئاق مالخايلىق پالۋان سەل دىمىغىدا سۆزلەشكە باشلىدى . ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭلۈك چىرايىدا تېگى — تېگىدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان نۇر چاقنايتتى ، — قاراڭغۇلۇق قانچىلىك كۈچەيسە يۇلتۇزلارمۇ شۇنچىلىك يورۇق يانىدۇ . مەنمۇ ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان بىر يىگىت ئىدىم ، بېشىمغا كەلگەن زۇلۇم ۋە دەرد ، جاپا ۋە مۇشكۇل بارا ـ بارا كۆزۈمنى ئېچىپ ، مېنى قوغلاپ چىققان چېرىكلەر بىلەن قانداق جەڭ قىلىشنى بىلىۋالدىم . ئاتىلار : «ئۇرۇشنىڭ توقۇزى رەڭ ، بىرى جەڭ...» دەپ ناھايىتى توغرا دەپتىكەن . بۇ قېتىم بايانداىغا ھۇجۇم قىلىشتا ، مەن مۇشۇ توققۇز رەڭنى ئىشلىتىشنى ئويلاۋاتىمەن . مەيلى بۇ رەڭلەرنى قانچىلىك ئوبدان ئىشلەتمەيلى ، يەنىلا لەخمە كولاپ سېپىلدىن يول ئاچمىساق ، باياندايغا ئىچىگە كىرەلمەيمىز ! — سادىر سۆزىدىن توختاپ ئويلانغاندەك تۇرۇپ قالدى . ئۇ ئەمىرگە قارىدى . پالۋاننىڭ كۆزىگە ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ قان ئىچىدە ياتقان قېيناتىسى ، ئىككى يۈرەك پارىسى كەلدى . سادىرنىڭ بۇغداي ئۆڭلۈك چىرايى جىددىيلەشتى ، كۆزلىرى ئوت بولۇپ ياندى .

— مۇھتەرەم قازىكالان جانابلىرى ! مۇھتەرەم كېڭەش ئەھلى ! — دېدى پالۋان ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ، — بىزدە «چىن ئېتىقاد بىلەن يىغلىسا ، قارىغۇ كۆزدىنمۇ ياش چىقىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك گەپ بار . مەيلى سېپىلنى پارتلىتايلى ، مەيلى مانجۇلارنى توققۇز خىل رەڭ بىلەن ئازدۇرايلى ، ئەڭ مۇھىمى يەنە بىر مەسىلە بار : ھەممىمىز بىر ياقىدىن باش ، بىر يەڭدىن مۇشت چىقارمىساق ، يەنىلا باياندايىنى ئالالمايمىز !

— تازا گەپنىڭ ئوبدىنىنى قىلدىڭ ، سادىركا ! — دېدى

www.uyghurkitap.com

كۆزلىرى چاقناپ ھاياجانلانغان ئەلاخان، — بىرلىك بولمىسا، ھەرقانداق ئىشتا ئۇتۇق قازانغىلى زادى بولمايدۇ. بەزى مۇناپىقلار چويلىسىدا توختىمايدىغان سەۋەبلەر بىلەن ئۆز قېرىنداشلىرىنى ئۆلتۈردى. ھېلىمۇ ئابدۇرۇسۇل بەگ ئەل-يۇرتنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان ئادەم بولغانلىقتىن يەنە باياندايغا كەلدى. مەن ئاشۇ كۆڭلى قارىلارغا شۇنداق دەپ ۋارقىرىغۇم كېلىدۇ: ھەي، سىلەر ئانا سۈتىنى ئىچمىگەنمۇ؟! ئۆزۈڭلار تۇغۇلغان بۇ زېمىننىڭ سۈيىنى ئىچىپ، ئاق نېنىنى يېمىگەنمۇ؟! سىلەردە ۋىجدان دېگەنلەر يوقمۇ؟! نېمىشقا ئەل-يۇرت غېمىدە سۇ بولۇپ ئېقىۋاتقان، ئوت بولۇپ كۆيۈۋاتقانلارغا تۆھمەت چاپلاپ ۋە ئۆلتۈرۈپ، بۇ ئەل، بۇ يۇرتنى يىغلىتىسىلەر؟! بىر ئۆزۈڭنىڭ پايدىسى ئۈچۈن بىر ئەل، بىر يۇرتنى يىغلاتساڭ بولامدۇ؟!...

چېدىر ئىچى بىر ئۇلۇغ جىمجىتلىق ئىچىدە ھاياجان بىلەن نەپەس ئالاتتى. بۇ سۈكۈناتنى موللا ناسىر ئەلەم بۇزدى:

— پەيغەمبىرىمىز: «خەلققە رەھىم قىلمىغانلارغا رەھىم قىلىش يوق!» دېگەن. لېكىن بىز كۆپ ھاللاردا رەسۇلۇللانىڭ ھەدىس شەرىپىگە خىلاپلىق قىلىپ، خەلققە زىيان سالىمىز، ئەمدى كۆزىمىزنى ئاچىدىغان، بۇ خاتا يولدىن قايتىدىغان ۋاقىت بولدى. مەن بۇنىڭدىن خەلققە زىيان سالىدىغانلارنى چوقۇم قاتتىق جازالاشنى تەكلىپ قىلىمەن!

— قوشۇلىمىز! — دېدى كېڭەشتىكىلەر چۇرقىرىشىپ.

— ئەخمەتخان خوجا جازالىنىشى كېرەك!

مەزەمزات يەنە ئولتۇرالماي قالدى. يەنە ئۇ ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ، يالغاندىن يۆتىلىپ، كۆزىنى ئۆزىگە تىكىلگەن كۆزلەردىن ئېلىپ قاچتى. ئابدۇرۇسۇل بەگ ئەل-يۇرتنىڭ سەممىي ۋە توغرا سۆزلىرىدىن ھاياجانلىنىپ ئولتۇراتتى. سادىر يەنە سۆز باشلىدى:

— ئەمدى مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ قېتىمقى باياندايغا قىلىدىغان

ھۇجۇمىمىز توغرىسىدىكى پىكىرلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن . كۆپ ئويلىنىپ ، تالاي بارغان بايانداينىڭ ئىچىدىكى دورىخانىنى ① ئېسىمگە ئالدىم . ئۇ ، سېپىلنىڭ قىيپاش كۈنچىقىش تەرىپىدىكى جايدا بولۇپ ، سېپىلدىن ئانچە يىراق ئەمەس ، ئامبال يامۇلمۇ دورىخانىنىڭ يېنىدا . بىز بۇ قېتىم لەخمىنى دەل دورىخانىنىڭ ئاستىغىچە كولاپ بېرىپ ، ئۇنى پارتلىتىمىز . شۇنىڭ بىلەن باياندايغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىدىغان يولمۇ ئېچىلىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا دۈشمەنلەرنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ ، جېنىنى ئالىدىغان جەڭ نەيرەڭلىرىنى ئىشلىتىمىز . خۇدا بۇيرۇسا ، بۇ قېتىم باياندايىنى چوقۇم ئالىمىز !...

— ئۆزلىرى خەلقىمىزنىڭ بەختى ئۈچۈن ھىممەت بەلۋېغى باغلىغان ئوغۇل ! پالۋان ، سىلىگە ئاللا ۋە پەيغەمبىرىمىز يار بولسۇن .

قازىكالاننىڭ ئىچىگە ئولتۇرغان كۆزلىرىدە ياش لىغىرلايتتى . ھاياجانلانغان موللا ناسىر ئەلەم ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى . ئورنىدىن تۇرغان ئەمىر دەرھال بۇ ئەزىزنىڭ قولتۇقىدىن تۇتۇپ يۆلىدى . ئۆزىگە قاراپ ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى بىلگەن سادىر ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئاق ساقىلى مەيدىسىگە چۈشكەن مويسىپىت غۇلچىنى كەڭ يېيىپ ، پالۋاننى باغرىغا باستى...

*　　　　*

قۇياش نامازپېشىندىن ئۆتۈپ ، نامازدىگەرگە يېقىنلاپ باراتتى . ياز كىرگەندىن بېرى يەر - جاھان يېشىللىققا ، گۈل - چېچەككە پۈركىنىپ ، كۆنلەرمۇ بارغانسېرى قىزىپ

---

① دورىخانا — ئوق - دورا ئامبىرى .

www.uyghurkitap.com

كېتىۋاتاتتى .

تۇگمىسى يېنىدىن ئېتىلىدىغان كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى ئېچىۋېتىپ ، يوغان قارىياغاچ ئاستىدا ئولتۇرغان موللا بىلال يېقىندىن بىرى يۇز بەرگەن ۋەقەلەرنى خاتىرە دەپتىرىگە خاتىرىلەۋاتاتتى ① . بېشىغا قىزىل مانچېستىر دوپپا كىيگەن ، پېشانىسى كەڭ ، قارلىغاچ قانىتىدەك قارا قاشلىرى تېگىدىكى قوي كۆزلىرى ئۇچقۇن چېچىۋاتقان شائىر ھەربىر سۆزنى چوڭقۇر ئويلىنىپ يازاتتى . ئۆزىنى «ۋەتەننىڭ بىر بۇلبۇلى» دەپ بىلگەن شائىر ۋەتەننىڭ تەقدىرىنى ئۆز تەقدىرى بىلەن بىر دەپ بىلەتتى . شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ ، يېزىلىۋاتقان ھەربىر سۆز ئەۋلادلىرى ئالدىدىكى مۇقەددەس جاۋابكارلىقى بىلەن خاتىرىلىنەتتى . نازىم بۇنى ئۆز شائىرلىقىنىڭ قەدىر - قىممىتى ۋە ۋىجدانى دەپ چۈشىنەتتى .

كىم بولسۇن ، قانداق ئىش بىلەن شۇغۇللانمىسۇن ، قىلىۋاتقان سۆزى ، ئىشلەۋاتقان ئىشى خەلق ئالدىدىكى جاۋابكارلىقىدىن ئايرىلمىسا ، بۇنداق ئادەمنىڭ ھاياتى مەنىلىك ئۆتىدۇ ، ئۆزىنىڭمۇ قەدىر - قىممىتى بولىدۇ . بەزى ئادەملەر ئۆزى تۇغۇلغان زېمىننى ، سۆيۈملۈك خەلقىنى ئويلاپ قويمايدۇ . بىر تويسا ، بىر كۈلسە شاھ بولغاندەك سۆيۈنىدۇ . ئۇنىڭ سۆزى ، ئىشلىگەن ئىشى ئۆز مەنپەئىتىنىڭ سىزىقىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ . بۇنداق ئادەملەردە ئەل - يۇرت ئالدىدا جاۋابكار بولۇش دەيدىغان ھېسسىيات بولمايدۇ . نەتىجىدە ئۇلار ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىگىلا جاۋابكار بولۇپ سۆز سۆزلەيدۇ ، ئىش قىلىدۇ . بۇنداق ئادەملەر تولىمۇ چاكىنا ئەمەسمۇ؟ ! دەل مۇشۇنداق ئادەملەردىن مۇناپىقلار چىقىدۇ .

---

① «يۇرۇپ بۇ بىلال بۇ جىھاد ئىچرە كۆپ ، پىتىپ دەفتەرى ئىچرە ئالدى كۆرۈپ .» ، «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 - يىل 2 - سان 8 - بەت .

پېشانىسىدە سۇزۇك تەر تامچىلىرى چاقناۋاتقان نازىم قولىدىكى قەلىمىنى توختىماي دەپتىرىنىڭ قۇرلىرىدا يورغىلىتىپ، ئەل ـ يۇرت ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈۋاتقان ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ بېشىغا كەلگەن قوش ـ قوش مۇسىبەتنى يېزىۋاتاتتى. بارغانسېرى ئۇنىڭ يۈرىكى چىدىيالماي قالدى. بىلالنىڭ كۆز ئالدىغا قان ئىچىدە ياتقان ئەخمەت خەزىنىچى بەگ، قوشماق، يىڭىدىن تۇغۇلغان بودەكلەردەك ئىككى ئوغۇل، چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ سەۋدايىدەك بولۇپ قالغان ئەمىر كەلدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاتا ـ بوۋىلىرى بېسىپ ئۆتكەن ئۇزاق تارىخىي يوللارغا خىيال بىلەن تىكىلدى. نازىمنىڭ كۆزىگە شۆھرەتلىك كۈنلەرمۇ، نومۇس قىلغۇدەك كۈنلەرمۇ كەلدى. بىلال ئەل ـ يۇرت غېمىنى يېگەن كۈنلەرنىڭ شۆھرەتلىك بولغانلىقىنى، ئەل ـ يۇرت غېمىنى يېمەي، قىتىغۇرلۇق، كۆرەلمەسلىك، ھوقۇق ۋە شۆھرەت تالاشقان كۈنلەرنىڭ نومۇس قىلغۇدەك ئۆتكەنلىكىنى بىلدى. بولۇپمۇ شائىر كېيىنكى نومۇس قىلغۇدەك كۈنلەرنىڭ بېشىمىزغا قات ـ قات پاجىئەلىرىنى كەلتۈرۈپ ئەڭ ئېغىر كۈنلەرگە قالغانلىقىمىزنى كۆردى. ئۇ بىر ئۇھ تارتىپ، خىيال چاقمىقىغا ئوت ياقتى:

«نېمىشقا ئىتتىپاق ياشىيالمايمىز؟! نېمىشقا ئىناق ئۆتەلمەيمىز؟! نېمىشقا چىرايلىق ئېچىلغان گۈللىرىمىزنىڭ گۈزەللىكىنى تېخىمۇ روشەن كۆرسىتىدىغان يېشىل يوپۇرماقلار بولالمايمىز؟! خۇددى بىر رەڭدە، ئوخشاش ئېچىلغان، چىرايلىق ئېچىلغان سېرىنگۈل بولساق، يۇرتىمىزدا قاقاقلىغان كۆلكە كېچە كۈندۈز جاراڭلىمايتتىمۇ؟! نېمىشقا بەزى ئادەملەر دوپپىسىنى ئالدىغا ئېلىپ قويۇپ، ئالدى بىلەن ئۆز خەلقى، ئۆز يۇرتىنى ئويلىمايدىغاندۇر؟! ... مېنىڭچە شۇنداق سىرلىق قۇدرەتكە ئىگە ئەڭگۈشتەر بولسىدى، قېرىنداشلىرىمنىڭ يۈرىكىگە كىرىپ، مېھىر ـ مۇھەببەتسىزلىرىگە مېھىر ـ

www.uyghurkitap.com

مۇھەببەت ئوتىنى يېقىپ ياندۇراتتىم . ئۇ چاغدا قىتىغۇرلۇق ئەمەس ، بىر - بىرىمىزنى كوچىلاش ئەمەس ، مېھىر - مۇھەببەت ھەممە يەرنى قاپلايتتى... »

شائىرنىڭ بۇ ئوي ، بۇ تۇيغۇلىرىدا ھەم ھەسرەت - قايغۇ ، ھەم ئازاب ، مېھىر - مۇھەببەت ، ھەم ئارزۇ - ئارمان ، ھەم قىيىنداشلىرىغا سەمىمىي مۇراجىئەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى جۇشقۇنلىناتتى...

مولла بىلال ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان بىرىنى كۆرۈپ ، دەپتەرىنى ياپتى . كېلىۋاتقان ئۇنىڭ يېقىن ئاغىنىسى ئەلى بولۇپ ، ئالدىرىغان ۋە ھاسىرىغان تۇرقىدىن بىر مۇھىم خەۋەر بىلەن كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . يۇمىلاق يۈزلىرى قىزىرىپ ، يۈزىدىن تەر قۇيۇلۇۋاتقان ئاغىنىسى يېتىپ كېلىپ نازىمغا جىددىي تىكىلدى .

— سېنى ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى . سېنىڭ بۇ قارىياغاچ تېگىگە كېلىپ بىرنېمە يازىدىغانلىقىڭنى ئەسلىدىم - دە ، ئۇدۇل بۇياققا كەلدىم .

— ئولتۇر ، بەك تەرلەپ - قىزىرىپ كېتىپسەن ، بىردەم دەم ئېلىپ ئۆپكەڭنى بېسىۋال . مۇھىم بىر خەۋەرنى دېگىلى كەلگەنلىكىڭنى بىلىمەن ، شۇنداقتىمۇ ئازراق ئارام ئېلىپ سۆزلىگىن ، ئەلى !

ئەلى موللا بىلالنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ ، ئاق كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن يۈز - كۆزلىرىنى ئېرتتى .

— بولدىلا ، دەۋىرەي ! دېمىسەم يۈرىكىم يېرىلىپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ . ئاڭلىغان خەۋىرىم ئىچىمگە زادىلا پاتمايۋاتىدۇ . خۇددى يەر - ئاسمان ئارىسىغا سىغمىغان قارا بوراندەك !...

— قېنى ئەمىسە دېمەمسەن ، مېنىمۇ ئەنسىرىتىپلا قويدى ؟ — دېدى نازىم تېخىچە ھاسىراپ - ھۆمۈدەۋاتقان

ئاغىنىسىگە بۇرۇلۇپ قاراپ .

— تۇنۇگۇن شەھەرگە كىرىپ ، ئاغىنىلەر بىلەن سەلەي سىبىرىقنىڭ ئاشپۇزۇلىدا بىللە بولۇپ قالدىم . تاماق كەلگۈچە پاراڭغا چۈشۈپ قالدۇق ، — دەپ سۆزىنى باشلىدى يۇزلىرى دۈگىلەك ، رەڭگىرويى ئاق ئەلى ، يوغان ئېچىلغان قارا كۆزلىرىنى شائىرغا تىكىپ ، — ئۇلار مېنىڭدىن : «ئابدۇرۇسۇل بەگ توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىدىڭلارمۇ ؟ » دەپ سورىدى . مەن ئاڭلىمىغانلىقىنى دېدىم .

«بۇ شۇم خەۋەر باياندايغا يەتمەي قالامدۇ ؟ ! باياندايى بىلەن غۇلجىنىڭ ئارىلىقى بەش چاقىرىم ، بىر ئاش پىشىمچىلىك يول . سەن ئاڭلىمىغان ئوخشايسەن » دېدى قاسىم دوقا ماڭا قاراپ .

«بەلكىم ! ... — دېدىم بىر ئاز تېرىكىپ ، — قانداق خەۋەر ئۇ ، دېمەمسىلەر ! »

«ئەمىرنى كۇرە جاڭجۇنى بىلەن ئالاقە قىلىدىكەن ، بۇ يەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى جاڭجۇنگە يەتكۈزۈپ تۇرىدىكەن ، دېگەن خەۋەر شەھەرگە تارقالغىنى خېلى بولدى . »

«بۇ ئىغۋانى كىم تارقاتتى ؟ » ئاۋازىم كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بولسا كېرەك . قوشنا ئۈستەللەردە ئولتۇرغانلارمۇ بىزگە قاراشتى .

«كىمنىڭ تارقاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ . خۇددى شامالدەك چىقىپ ، ھەممە يەرگە تارقىدى » دېدى تۇرغان توڭ خۇددى قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك سۆزلەپ .

« بۇ يالغان ! ... — دەپ يەنە ئۇنلۇك توۋلىدىم ، يۈرىكىمدىن كۆتۈرۈلگەن سوغۇقتىن پۈتۈن بەدىنىم مۇزلاپ تىترەپ كەتتى ، — ئابدۇرۇسۇل بەگ ئۇنداق ئادەم ئەمەس ! ئۇنىڭ ئەل-يۇرتنىڭ ئىشىغا جان كۆيدۈرۈۋاتقانلىقىغا قارىمامسىلەر ؟ ! بېشىغا كېلىۋاتقان قوش - قوش مۇسىبەتلەرگە قارىمامسىلەر ! ؟ ئەمىر ئەل - يۇرتنىڭ غېمىدە كۆيۈۋاتقان پەرىشتە ! كۆرەلمەسلەر

قەستلەۋاتقان ئۇلۇغ ئادەم ! راست ، بۇ دۇنيادا ياخشىغا كۈن يوق ئوخشايدۇ ! ئۇنىڭ خائىن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ! ئۇستىدە ئاللا تۇرۇپتۇ ، ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئىشەنگەندەك كېسىپ ئېيتالايمەنكى ، ئابدۇرۇسۇل بەگ ئۇنداق ئادەم ئەمەس ! ئۆزۈمنى تۇتالماي ، ۋارقىراپ سۆزلەپ كېتىپتىمەن .»

ئاغىنىلەر ماڭا قاراپلا قالدى . مەن تاماقمۇ يېمەي ئورنۇمدىن تۇرغان پېتى كۆتۈرمە ئاشپۇزۇلدىن چىقىپ كەتتىم . خېلىغىچە ئۆزۈمنى باسالماي ، تەمتىرەپ قالغاندەك مېڭىۋېرىپتىمەن...

— بۇ ئىغۋانى مەنمۇ چۈشتە ئاڭلىدىم . خۇددى سىنىڭدەكلا ، ئەلى ، دەرھال بۇ ئىغۋانى ئەمىرنىڭ يېقىنلىرىغا يەتكۈزەيلى . ئۇلار موللا ناسىر ئەلەم ، ئابدۇرۇسۇل بەگلەرگە دېسۇن . بىز بىرى ، بۇ ئىغۋانى تارقاتقانلارنى تېپىش ، يەنە بىرى ، ئەمىرنىڭ ئامانلىقىنى قوغداشنى كۈچەيتىش مۇھىملىقىنىمۇ ئېيتايلى .

— بولىدۇ ، ئەمىسە كىملەرگە دەيمىز ؟

— قۇتبىدىن ياساۋۇل ، جالال دورغا ، موللا ھوشۇرباقى ، مەمەتشاھ ياساۋۇل ، دۆلەت سوپى ، ياقۇپ مىراب قاتارلىقلارغا ئېيتايلى .

قۇياش نامازدىگەر دېڭىگە كىرىپ كېتىۋاتقاندا ، ئىككى ئاغىنە ئورۇنلىرىدىن تۇردى . ئۇلار ئابدۇرۇسۇل بەگ ھەققىدىكى ئىغۋانى تېزرەك تېگىشلىك ئادەملەرگە يەتكۈزۈپ ، ئەمىرنىڭ جېنىغا تېگىلگەن سۇيىقەستنى بىتچىت قىلىشنى ئويلىدى...

* *

كۆرە جاڭجۈنى چاڭ چىڭ ئابدۇرۇسۇل ئەمىرنىڭ قېيناتىسى ۋە ئوغلىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ، قوزغىلاڭچىلار ئىچىدە يېرىق كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ روھى چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ، با دارىن بايانداىدىن چىقىپ قانلىق جەڭ

قىلىغانلىقىنى ئاڭلاپ ، ھەربىي كېڭەش ئۆتكۈزدى . كېڭەش ئاخىرىدا خا دارېنى قوماندان قىلىپ ئون يەتتە مىڭ چېرىكنى باياندايىنى قورشاۋدىن قۇتۇلدۇرۇش ، قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ئەۋەتىشنى قارار قىلدى .

خا دارېن ئاچچىقى يامان ، لېكىن ئۇرۇش بىلىمى ۋە جەڭ تاكتىكىلىرىغا پىششىق سەردار بولۇپ ، بىر مەزگىل ئۇبەي شۆتاڭنىڭ ① ئىلمىي مۇدىرى بولغان ئادەم ئىدى . ئۇبەي شۆتاڭ چىڭخۇاڭمياۋ ئىبادەتخانىسىنىڭ شەرق تەرىپىدە ، كۆلىمى كەڭ ۋە شۇ زامانىنىڭ تەلىپىگە لايىق ياسالغان مەكتەپ بولۇپ ، چىڭ خاندانلىقى چاڭ چىڭنى ئىلى جاڭجۈنلۇكىگە تەيىنلىگەندىن كېيىن سېلىنىدى . ئۇ چاغدىكى چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى باشباشتاق ۋە قالاق بولغانلىقتىن ، ھەربىي ئىقتىدارىمۇ تۆۋەن ئىدى . چاڭ چىڭ جاڭجۈن بولغاندىن كېيىن ، چېرىكلەرنىڭ ئىنتىزامىنى ۋە ھەربىي ماھارىتىنى ئۆستۈرۈپ ، ساپاسىنى ياخشىلاش ئۈچۈن بىر پىلان تۈزۈپ خانغا يوللاپ ، خاننىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ ، «ئۇبەي شۆتاڭ» نى قۇرۇپ چىقتى ، جۇڭگونىڭ شىمالىدىن ئىنتىزاملىق بىر باتالىئون ، خۇبېيدىن ياڭ زەنشۈي باشچىلىقىدىكى بىر باتالىئون چېرىكنى يۆتكەپ چىقىپ كۆرەدىكى چېرىكلەرگە ھەربىي بىلىم ۋە ھەربىي ماھارەت ئۆگەتكەنىدى . شۇنىڭ بىلەن مەكتەپ قۇرۇلۇشىمۇ باشلىنىپ ، چۆرىسى ئېگىز قورغان ، بەش يۈز كىشى مەشىق ئۆتكۈزەلەيدىغان مەيدانى بار ، مەيدانىنىڭ ئىككى تەرىپىگە بىرقانچە كورپۇس مەكتەپ سىنىپلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلار ياتاقلىرى ، ئىشخانا ، بۆلۈملىرى ياسالدى . چاڭ چىڭ مەكتەپ مۇدىرى ، خا دارېن ئىلمىي ۋە ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مۇدىر بولدى . بىر قېتىمدا بۇ مەكتەپتە بەش يۈز كىشى ئوقۇيالايدىغان بولغاچقا

① ئۇبەي شۆتاڭ (خەنزۇچە سۆز ) — بەش يۈز كىشىلىك مەكتەپ .

«ئۇبەي شۆتاڭ» دەپ ئاتالدى .

خا دارىننىڭ ئۈستىگە پولات دۇبۇلغا ۋە ساۋۇت كىيگەن ، ئالتۇن زەر بىلەن ئەجدىھانىڭ سۈرىتى كەشتىلەنگەن سېرىق ، قىزىل ، يېشىل تۇغلارنى كۆتۈرگەن ئون يەتتە مىڭ كىشىلىك قوشۇنى ئالەم يېڭىدىن قىزىشقا باشلىغاندا ، كۇرە قەلئەسىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىدىن چىقىپ باياندايى قەلئەسىگە قاراپ يول ئالدى . كېلىشۋاتقان بېھىساب چېرىك ۋە ئاتلارنىڭ ئاياغلىرىدىن ئۆرلىگەن توپا - چاڭدىن زەڭگەر ئاسماننىڭ يۈزى كۆرۈنمەي قالدى .

كۇرە بىلەن باياندايىنىڭ ئارىلىقى ئون بەش چاقىرىم بولۇپ ، كۇرەدىن چىققان پىيادە ئادەم بىر سائەتتىن ئوشۇقراق يول يۈرۈپ باياندايغا كېلەتتى . خا دارىننىڭ ئاتلىق ۋە پىيادە چېرىكلىرى تېز مېڭىپ باياندايغا يېقىنلاپ قالدى .

قۇياش دىلمۇك تاغلىرىنىڭ ئۈستىدە كېتىۋاتاتتى . ئۇنىڭ چىرايى سارغىيىپ ، بولىدىغان قانلىق ئۇرۇشتىن قورقۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى : ئۆزىنىڭ ئوتلۇق نۇرىدا قارىيىپ بۇغداي ئورۇۋېدىغان ، ئورۇلغان بۇغدايلارنى تېپىدىغان ئادەملەر بۇ جەڭدە يېڭىلىپ قالمىسا بولاتتى ، دەيدىغان بىر روھىي ھالەت ئۇنىڭ چىرايىدا ئىپادىلىنەتتى . ۋادىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئەزىم تاغلارمۇ ، بۈيۈك ئويمان - چوڭقۇر ، داللارمۇ ، دەل - دەرەخ ، گۈل - گىياھلارمۇ ، زۇمرەت بۇلاق ، ئانا دەريالارمۇ دۈرۈت ئوقۇپ ، ئاشۇ دەرد تارتىپ ، جاپا چېكىپ ئاخىرى چىدىماي جەڭگە چىققان دېھقانلارغا غەلىبە تىلەيتتى .

خا دارىن قوشۇنلىرى يولغا چىقىشى بىلەن ئۇنىڭ خەۋىرى چاقماق تېزلىكىدە ئابدۇرۇسۇل بەگكە يېتىپ كەلدى . ئەمىر دەرھال ھەرقايسى مىڭبېشىلارنى يىغىپ جىددىي كېڭەش ئۆتكۈزدى . شەھەرگە ئادەم ئەۋەتىپ ، قازىكالان بىلەن ھاكىمبەگنى چاقىرتتى . كېڭەشتە ئارقىلىق قوزغىلاڭچى

قوشۇنلار ئۈچ تۈركۈم بولۇپ يولغا چىقىدىغان بولدى. بىرىنچى بۆلەكتە ئەلاخان قوشۇنى، ئىككىنچى بۆلەك خۇيزۇ قوشۇنلىرىغا ياگۇر پالۋان، ئۈچىنچى بۆلەك قوشۇنغا ئابدۇرۇسۇل بەگ قوماندانلىق قىلاتتى. ئەمىر ئۈچىنچى بۆلەك قوشۇنلارغا قوماندانلىق قىلىپلا قالماي، يەنە پۈتۈن قوشۇن، پۈتۈن جەڭنىڭ يېتەكچىسى ھېسابلىناتتى. يولدىمۇ ئالدىدا ئەلاخان قوشۇنلىرى، ئاندىن خۇيزۇ قوشۇنلىرى، ئاخىرىدا ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ قوشۇنلىرى ئاتلىناتتى.

پۈتۈن قوشۇن ئاتلىنىش ئالدىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە ناغرا چېلىندى.

ناغرا — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان چالغۇ ئەسۋابى. نەچچە مىڭ يىللىق سەنئەتكە باي ئۇيغۇر خەلقى ناغرا مۇزىكىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىنى ۋە ئورۇنداش ماھارىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، سىستېمىلاشتۇرۇپ، ناغرىنى خەلق سەنئىتىنىڭ خەزىنىسىدىكى گۈللەرنىڭ رەناسىغا ئايلاندۇردى. ئۆز ۋاقتىدا چېلىنىدىغان چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىچىدىكى ناغرا - دۇمباقلار سەككىز خىلدىن ئاشاتتى. كۆسەن چالغۇلىرى ئىچىدە، مويۇەن ناغرىسى، قوتان ناغرىسى، دادا ناغرىسى، خۇتى ناغرىسى، جىلۇي ناغرىسى، ياۋگۇ ناغرىسى، چىگۇن ناغرىسى، جىگۇ ناغرىسى قاتارلىق ناغرىلارمۇ بولاتتى①.

ناغرا مېھمانلارنى قارشى ئالغاندا ۋە ئۇلارغا زىياپەت بەرگەندە، توي - تۆكۈن، ھېيت - بايراملاردا، قانلىق جەڭلەردە چېلىناتتى. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ھەرقانداق بىر جەڭنى ناغرا - سۇناي چالماستىن باشلىمايتتى. پۈتۈن ئۇرۇش جەريانىدىمۇ ناغرا - سۇناي توختىماي ياڭراپ تۇراتتى. ئوغۇزخان خانلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىمۇ ناغرا - سۇنايلار

① «يېڭى تاڭنامە مۇزىكا تەزكىرىسى» گە قارالسۇن، «غۇلجا شەھەر تارىخ ماتېرىياللىرى (1)» 525 - بەتكە قارالسۇن.

چېلىنىپ تەنتەنە قىلغانلىقى مەلۇم .
كېچىدىن كېيىن قوشۇنلار سەپ تارتىپ تىزىلدى . ئاق ئايغىرغا مىنگەن ئابدۇرۇسۇل بەگ پولاتتىن ياسالغان دۇبۇلغا ۋە ساۋۇت كىيىپ ، سەپلەرنىڭ ئالدىدا تۇراتتى . قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتقان چىرايلىق ئېتى تىزگىن سىيرىپ يۇلقۇناتتى . ئەمىرنىڭ ئوڭ تەرىپىدە يۇلتۇز قاشقىلىق جەرەن ئاتقا مىنگەن ئەلاخان ، سول تەرىپىدە قوم قارا ئارغىماققا مىنگەن ياگۇر پالۋان تۇراتتى . كەڭ ئوچۇقچىلىقتىكى سان ـ ساناقسىز قوزغىلاڭچىلار ئەمىرنىڭ يۈرۈش پەرمانىنى كۈتەتتى .
ئابدۇرۇسۇل بەگ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدى :
— يۈرۈش ناغرىسى چېلىنسۇن !
ئىككى خادىك هارۋىغا جايلىشىپ ، ناغرىلىرىنى ئالدىغا قويۇپ ئولتۇرغان ناغرىچىلار هاياجان بىلەن ناغرىلىرىغا تاياق ئۇردى . ناغرىنىڭ ئاۋازىغا بوم دۇمباقنىڭ ئۈنى قوشۇلۇپ ، هەيۋەتلىك جەڭگە ئاتلىنىش ناۋاسىنى يەر ـ ئاسمانغا چاچقۇ قىلىپ چاچتى .
— ئاللا سىلەرگە يار بولسۇن ! قېنى ، ئەلاخان ، يولغا چىقىڭلار ! — دېدى ئەمىر تېپچەكلەپ ئورنىدا تۇرالمايۋاتقان ئاق بوز ئايغىرنىڭ بېشىنى تارتىپ .
ياڭراۋاتقان ياڭراق ، هەيۋەتلىك ۋە جۇشقۇن ناغرا ساداسى ئىچىدە ئەلاخان قوشۇنلىرى يولغا چىقتى . ئۇنىڭ كەينىدىن گەۋدىلىك ياگۇر پالۋان قوشۇنلىرى ئاتلاندى .
كېتىۋاتقان خۇيزۇ قوشۇنلىرىغا قاراپ تۇرغان ئۈچكە باش سادىرنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ ، تېرىككەندەك تۇراتتى . ئۇنىڭ ئاستىدىكى كۆرەڭ قاشقىنىڭ قومۇش قۇلاقلىرى دىڭ تۇرۇپ ، ئېغىزدۇرۇقىنى چايناۋاتاتتى . بۇ كەكە ساقال ، دىۋىدەك ئادەمنىڭ سالمىقىدىن يوغان ئاتنىڭ بېلى سەل ئېگىلگەندەك كۆرۈنەتتى .

«نېمىشقا مېنى ئەلاخان قوشۇنلىرى بىلەن بىللە ئەۋەتمىدى ؟ — دەپ تېخىچىلا رەنجىۋاتقان سادىرنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇچقۇن چېچىلاتتى ، — مەن ئۇلارنىڭ ئۇرۇشقىنىغا قانداق جىمجىت قاراپ تۇرالايمەن ؟ ! جەڭ بولمىسا مېنىڭ بىر چەتتە تاماشا كۆرۈپ تۇرالمايدىغانلىقىمنى ئەمىر بىلمىدىغۇ ؟ ! »

پالۋان ئابدۇرۇسۇل بەگدىن ئاغرىنىۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن پەرمانىنى بۇزمىدى ، باشباشتاقلىق قىلىپ ، ئەلاخان قوشۇنلىرى بىلەن بىللە كەتمىدى ، يەنىلا ئۇ ئۆز ئادەملىرىنىڭ ئالدىدا كۈرەڭ قاشقىغا مىنىپ خۇددى جەڭ ئىلاھىدەك تۇراتتى .

بۇ مىلادىيە 1865 ـ يىلىنىڭ ياز ئايلىرى ئاخىرلىشىۋاتقان بىر شەنبە كۈنى بولۇپ ، قۇياش جەنۇبتىكى دىلمۇك تاغلىرى ئۈستىدە ناماز پېشىندىن ئۆتۈپ جەڭ بولىدىغان دالىغا قارايتتى . شىمالدىكى يولۋاس تېرىسىدەك تاغىل ئېدىرلىقلارنىڭ ئېتىكىدە ياتقان قاقاس دالا قىزىپ ، ئادەملەرنىڭ يۈزلىرىدىن تەر ئاقاتتى . بۇ كەڭ دالىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە داقا ـ دۇمباق ، جاڭ ـ جۇڭلار چېلىنىپ ، خا دارېنىنىڭ ئون يەتتە مىڭ كىشىلىك قوشۇنى سەپ تۈزۈۋاتاتتى . ئەلاخان ۋە ياگۇر پالۋاننىڭ قوشۇنلىرى كۈنچىقىش تەرەپتىن ئوت ـ چۆپلىرى سارغىيىۋاتقان دالىغا كىرىپ ، سەپ تارتىشقا باشلىدى . بىر ـ بىرىگە قارشى سەپ تۈزۈۋاتقان ئىككى قوشۇن ئېتىلىش ئالدىدا تۇرغان ئىككى ھەيۋەتلىك قىياندەك كۆرۈنەتتى .

سۇنايچى ۋە ناغرىچىلار خادىك ھارۋىلاردىن چۈشۈپ ئانچە ئېگىز بولمىغان ، ئۈستى تەكشى تۆپىلىكنىڭ ئۈستىدە ناغرىلىرىنى تىزىۋاتاتتى . مەيلى ناغرا ـ سۇنايچىلار بولسۇن ، مەيلى قوشۇنلار بولسۇن تەييار بولۇپ ، بولىدىغان قانلىق جەڭنى كۈتۈشكە باشلىدى .

ئەلاخان يېنىدىكى چاپارمىنىگە قارىدى :

— سەن بېرىپ ، ياگۇر پالۋاندىن سوراپ كەلگىن ، ئۇلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھۇجۇم قىلىشنى كۈتەمدۇق يا بىز ھۇجۇمنى باشلامدۇق؟!

چاپارمەن قۇيرۇقى- كالتە بۇۋرۇل ئېتىغا قامچا ئۇرۇپ چاپتۇرۇپ كېتىپ، ھايال بولماي يېنىپ كەلدى:

— ياگور پالۋان، — سۆزلىدى چاپارمەن ئەلاخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ، — ھۇجۇمنى بىز باشلايلى! دېدى.

ئەلاخان ناغرىچىلار تۇرغان تۆپىلىك تەرەپكە قاراپ ۋارقىرىدى:

— مۇناجات باشلانسۇن!

ساقىلىغا ئاق ئارىلاشقان سۇنۇر سۇنايچى سېرىق سۇنىيىنى قولىغا ئېلىپ، چالىدىغان تەرىپىنى ئاغزىغا ئاپىرىپ مۇناجاتنى باشلىدى. ئۇ سۇنايىنىڭ كاناي تەرىپىنى ھەر تەرەپكە قارىتىپ پۈتۈن ئېتىقادى ۋە مۇھەببىتى بىلەن ئاجايىپ بىر ماھارەتتە چالاتتى. غېرىبانە، مۇڭلۇق، تەسىرلىك مۇناجات كۈيى قان بىلەن سۇغىرىلىدىغان، جەسەتلەر سايىنىڭ تېشىدەك ياتىدىغان، ياربدارلارنىڭ ئىڭراشلىرى قاپلايدىغان دالىغا يېيىلدى. سۇنايىنىڭ ياڭراق ۋە جۇشقۇن ناۋاسى ئاتلارنىڭ پۇشقۇرغىنى ۋە كىشنىگەنلىرىنى، ئادەملەرنىڭ جىددىيلەشكەن كۆزلىرىنىڭ ئۆتكۈر نۇرلىرىنى، قۇرغاق، تىنچىق دالىنىڭ ھاۋاسىنى يېرىپ جاراڭلايتتى. قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن خەلق مۇناجاتنى ئېغىر نەپەسلىنىپ ئاجايىپ ئىزگۈ خىياللار ئىچىدە دىققەت بىلەن ئاڭلايتتى. ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە ئەجدادلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرى، ئۆي - خىياللىرى، غەزەپ - نەپرىتى، مېھىر - مۇھەببىتى، ئارزۇ — ئارمانلىرى سىڭگەن ناغرىنىڭ تىلسىز كۈيى ئېقىپ كىرىپ، باتۇرلۇق تۇيغۇلىرىنى ئويغىتاتتى. قارشى تەرەپتىنمۇ داقا - دۇمباق، جاڭ - جۇڭلارنىڭ ئاۋازلىرى كېلەتتى.

مۇناجات تۈگىدى. ئەلاخان ئېگەردىن ئازراق كۆتۈرۈلۈپ، ئۆز قوشۇنلىرىغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— ئالغا ! — پالۋاننىڭ ئاۋازى خۇددى غەزەپلەنگەن يولۋاسنىڭ ئاۋازىدەك گۈلدۈرلەپ چىقتى .

ئەمدى ناغرىچىلارنىڭ ناغرىلىرى جەڭ بولىدىغان دالىغا ناۋا چېچىپ ، پۈتۈن تۈزنى ئالدى . قارشى تەرەپنىڭ داقا ـ دۈمباق ، جاڭ ـ مۈڭلىرىمۇ قوماچ قورۇغاندەك ياڭراپ كەتتى . ئەلاخان ئۆز قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىدا ، ئۆز ئوۋنغا ئېتىلغان شىردەك كېتىپ باراتتى . «ئادەتتە ئاتلارنىڭ كۆزى ئوچۇق بولسىمۇ ، ئۇخلاپ ماڭىدۇ ، پەقەت جەڭدىلا ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسى ئېچىلىدۇ» دېگەن گەپ بار . بۇ گەپ راستمۇ نېمە ؟ پالۋاننىڭ ئاستىدىكى يۇلتۇز قاشقىلىق جەرەن رەڭلىك تولپار يۈگەن سىيرىپ ، يۇلقۇنۇپ ئالدىغا ئېتىلىپ باراتتى . ئەلاخاننىڭ قولىدىكى زۇلپىقار قۇياش نۇرىدا ۋالىلداپ خۇددى چاقماقتەك ھاۋاغا نۇر جۇلاسىنى تارقىتاتتى . ئاخىرى بىر ـ بىرىگە غەزەپ بىلەن ئېتىلىپ كېلىۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنلىرى بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتتى ، ئىككى تەرەپتىن كەلگەن قارا بوران بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇپ ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقتى .

«كى ئانداغ قىلىپ جەڭ ئارا ماجرا ،
قىيامەت قوپاردىكى مەيدان ئارا…
قولىغا ئالىپ تىغ تېز ھەردەلىر ،
زەمىننى قىلىپ لالەدەك قىپقىزىل .
دەمى تىغ خەنجەر يېتىپ تا ھاۋا ،
تېمىپ قانى جەيھۇنغا بەردى سادا .
شاف ـ شاف خەنجەر ، چاكا ـ چاك تىغ ،
ئۆلۈم بەيئى مۇندا بولۇپ كۆپ قىزىغ .»①

---

① «غازات دەرمۈلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 3 ـ سان 11 ـ بەت .

مەنمەن دېگەن باتۇر قىلىچلىشىشتا ئەلاخاننى يېڭەلمەيتتى ئاستىدىكى يۈلتۈز قاشقىلىق جەرەن تۇلپار تەرلەپ، توپا ـ چاڭدىن رەڭگىمۇ باشقىچىلا بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئاتلار ئارىسىدا خۇددى جاڭگالدا قالغان بۇغىدەك ھەريانغا سەكرەپ ۋە چېپىپ، ئۆز ئىگىسىنىڭ ئەپلىك جەڭ قىلىشىغا ماسلىشاتتى. پالۋانمۇ بارغانسېرى قىزىپ، گاھ شىردەك ھۆركىرەپ دۈشمەنلىرىنى چاپ ـ چاپ قىلاتتى. ئۇرۇش بارغانسېرى شىددەتلىشىپ، قارشى تەرەپنىڭ چېرىكى ئەلاخان چېرىكلىرىدىن خېلىلا كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، قوزغىلاڭچىلار ئاجىزلىق قىلىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار غەيرەت ـ جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇپ، باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇشاتتى. ياغۇر قوشۇنلىرى جەڭگە قاراپ تۇراتتى.

ئەمىر جەڭ مەيدانىدىن خېلىلا يىراقتا، بىر تۆپىلىكتە جەڭگە قاراپ كۆزىتەتتى. ئۇ ئەلاخان قوشۇنلىرىنىڭ قورشاۋدا قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تاقەت قىلالمىدى. ئابدۇرۇسۇل بەگ يېنىدىكى چاپارمەنلىرىگە قارىدى:

— مەشۇر، دەرھال بېرىپ، بۇيرۇقۇمنى ياغۇر پالۋانغا يەتكۈز: ئۇنىڭ قوشۇنى جەڭگە كىرسۇن!

ئىگىز بويلۇق، قامەتلىك مەشۇر بىر سەكرەپ ئېتىغا مىندى ـــ دە، دۆڭدىن ئۇچقاندەك چۈشۈپ، ياغۇر پالۋان قوشۇنلىرى يېنىغا يول ئالدى. ئۇ يېتىپ بېرىپ ئەمىرنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزگەن بولسا كېرەك، خۇيزۇ قوشۇنلىرى دەرھال جەڭگە خۇددى بوراندەك ئۇچتى.

ناغرا ـ سوناي تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىپ، ئۇرۇش مەيدانىدىكى قىلىچلارنىڭ جاڭ ـ جۇڭلىرىنى، چېرىكلەرنىڭ قىيقاس ـ چۇقانلىرىنى، ئاتلارنىڭ پۇشقۇرۇشى ـ كىشنەشلىرىنى، يارىدارلارنىڭ ئاھۇ زارىنى بېسىپ، قان بىلەن سۇغىرىلىۋاتقان جەڭگاھ ئۈستىدە ياڭرايتتى.

*　　　　　*

خا دارىنمۇ بىرنەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ساقلاپ تۇراتتى. ئۇ ياردەمگە بوراندەك ئۇچۇپ كېلىۋاتقان سان-ساناقسىز قوزغىلاڭچىلارنى كۆرۈپ تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى، ئالدىراپ-تېنەپ قالغان قوشۇنلىرىغا جەڭگە دەرھال ئاتلىنىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئاتلىق ۋە پىيادە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئالىتاغىل توۋلاپ جەڭ مەيدانىغا كىرىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ جەڭ تېخىمۇ كەسكىن، تېخىمۇ شىددەتلىك بولۇپ كەتتى...

يېڭىلا شەھەردىن چىققان موللا ناسىر ئەلەم بىلەن مەزەمزات ئۆز مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ ھىمايىسىدە ئەمىر تۇرغان تۆپىلىككە چىقىپ ئەمىر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. مەزەمزاتنىڭ يوغان، قوڭۇر كۆزلىرىدە يەنىلا ۋەھىمە كۆرۈنەتتى. ئۇ تۆپىلىككە چىقىپ ئەلاخان قوشۇنلىرىنىڭ قورشاۋدا قالغانلىقىنى كۆردى. خۇيزۇ قوشۇنلىرى ياردەمگە ئاتلانغان بولسىمۇ قارشى تەرەپتىن يەنە بىھېساب چېرىكىمۇ جەڭ مەيدانىغا كىردى. ھاكىمبەگ كۆزى بىلەن دىتلاپ قوزغىلاڭچىلارغا قارىغاندا، خا دارىنىڭ جەڭگە كىرگەن چېرىكلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى بىلدى.

«ئۇنىڭ ئۈستىگە، — دەپ ئويلايتتى مەزەمزات ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ سول تەرىپىدە تۇرۇپ، — ئۇلار ھەربىي مەشىق قىلغان، تۇرغۇن جەڭلەرنى كۆرگەن. بىزنىڭكىلەرچۇ؟ ئۇلار كەتمەن، ئورغاقلار ئىشلىتىشكە ماھىر بولسىمۇ، مىلتىق، ئوقيا، قىلىچ قاتارلىق قوراللارنى ئوبدان ئىشلىتەلمەيدۇ، ھەربىي مەشىق قىلمىغانلىقتىن، جەڭ قىلىش ئۇسۇللىرىنىمۇ ياخشى بىلمەيدۇ. ھەي، بىزنىڭكىلەرنىڭ يېڭىشى ناتايىن! ھەر ئېھتىمالغا قارشى بىزنىڭكىلەر قېچىپ قالسا، مەنمۇ قۇيرۇقۇمنى تىكىۋېتىشكە تەييار بولۇپ تۇراي!...»

مەزەمزات قوزغىلاڭچىلارنىڭ بىر ئۇلۇغ سىرنى بىلمىدى ، بىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى ، شۇڭلاشقا ئۇ ، بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمىدى . ئۇلار جانلىرىغا پاتقۇدەك زۇلۇم كۆرۈپ ، ئاندىن ياشاش يولى قالمىغاندا ، «يا ئۆلۈم ، يا كۆرۈم» دەپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى . ئۇلار ئادەمدەك ياشاش ئۈچۈن جەڭ قىلىۋاتاتتى . شۇنداق بولغانلىقتىن ئۆلۈمنى ئويلاپ قويمايتتى ، ھۇجەيرە ـ ھۇجەيرىسىدىن جاسارەت ۋە باتۇرلۇق ئۇرغۇيتتى . مۇشۇ قۇدرەتنىڭ ئۆزىلا ئېزىلگەن دېھقانلارنى ھەرقانداق قىيىن ۋە خەتەرلىك جەڭ ۋە شارائىتلاردىمۇ غەيرەتلەندۈرۈپ ، يۈرىكىگە ئۈمىد چىرىغىنى ياقاتتى .

ئابدۇرۇسۇل بەگ ئالدىدا قازىكالانغا ، ئارقىدىن مەزەمزاتقا قارىدى .

— مېنىڭ جەڭگە كىرىدىغان ۋاقتىم كەلدى ، — دېدى ئەمىر ئوڭ يېنىغا ئاسقان قىلىچىنىڭ سېپىنى تۇتۇپ ، جەڭگاھتىن كۆزىنى ئۈزمەي ، — ئىككىلىرى ھېچ يەرگە بارماي ، مۇشۇ تۆپىلىكتە تۇرۇپ جەڭنى تاماشا قىلىسىلا ! خوش ، مەن ماڭاي !

ئەمىر كەينىدىكى چاپارمەنلىرىگە بۇرۇلدى .

— مەشۇر ، ئېتىمنى ئەكەل ، مەن جەڭگە چىقىمەن !

كېلىشكەن قۇرغۇيدەك يىگىت تۆپىلىكنىڭ كەينىدىكى جىلغىغا ئۇچقاندەك چۈشۈپ كەتتى . سۇنۇرغا ئەگىشىپ ئۆز ئاتلىرىنى ئەكېلىش ئۈچۈن مۇھاپىزەتچىلەردىن ئىككىسى تۆپىلىكتە قېلىپ ، قالغانلىرىمۇ ماڭدى . جىلغا ئىچىدە قوشۇنلار سەپ بولۇپ ، ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ پەرمانىنى كۈتۈپ تۇراتتى . سادىر كېتىۋاتقان جەڭ ئەھۋالىنى بىلەلمەي ، خۇددى ئۆز گۆشىنى يەۋەتكەندەك تېرىكەتتى . ئۇ ، ئەمىرنىڭ ئاق بوز تۇلپارىنى يېتىلەپ تۆپىلىككە چىقىپ كېتىۋاتقان يىگىتنى كۆرۈپ بىردىنلا جەڭ قىلىدىغان نۆۋەتنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىپ ، ئىچ ـ ئىچىدىن شادلاندى .

ئابدۇرۇسۇل بەگ مۇھاپىزەتچىسىنىڭ قولىدىن ئاق تۇلپارنىڭ چۇلۋۇرىنى ئېلىپ، پۇتىنى ئۇزەڭگىگە ئالدى ـ دە، «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» دەپ بىر سەكرەپ ئۈستىگە چىقتى.

— پەرمانىمنى يەتكۈزۈڭلار! جىلغىدىكى قوشۇنلار جەڭگە ئاتلانسۇن!

ئاق بوز تۇلپار تۆپىلىكتىن تۈزلەڭلىككە ئۇچۇپ چۈشتى. موللا ناسىر ئەلەم ئۇنىڭ كەينىدىن دۇئا قىلىپ قالدى. ۋەھىمىدە جەڭ مەيدانىغا قاراپ تۇرغان ھاكىمبەگمۇ قوللىرىنى يېرىم ـ يارتا كۆتۈرگەن بولسىمۇ، قازىكالان بىلەن بىللە يۈزىنى سىيپىماي، تېخىچىلا شۇ پېتى تۇراتتى. ئۇ موللاناسىرئەلەمنىڭ دۇئا قىلىپ بولغانلىقىنى كۆرگەندىلا، ئاندىن قولىنى يۈزىگە ئېلىپ باردى.

نەچچە مىڭ بۆركۈت قانات قېقىپ، نەچچە مىڭ شىر ھۆركىرەپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنگەن قوشۇنلارنىڭ ئالدىدا ئاق بوز تۇلپارغا مىنگەن ئابدۇرۇسۇل بەگ زۇلپىقارىنى ھاۋادا ئوينىتىپ، بۇ تۈزلەڭلىككە چۈشكەن ئۇرۇش ئىلاھىدەك ئۇچاتتى. ئۇنىڭ «ئالغا!» دېگەن گۈلدۈرمامىدەك گۈلدۈرلىگەن ئاۋازى ئۆز قوشۇنىنى جەڭگە چاقىرىپ جاراڭلايتتى. دىلمۇك تاغلىرى ئۈستىدە كېتىۋاتقان قۇياشنىڭ نۇرى بۇ ئۇرۇش ئىلاھىنىڭ دۇبۇلغا، ساۋۇت ۋە زۇلپىقار قىلىچىدا چاقناپ، ئۇنى ئاجايىپ چىرايلىق كۆرسىتەتتى. ئاق بوز ئارغىماق مانا جەڭ مەيدانىغا يېتىپ كەلدى.

كۆرەڭ قاشقىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان، ئۇزۇن قىلىچىنى ھاۋادا ئوينىتىپ كېلىۋاتقان يالاڭۋاشتاق سادىر جەڭگە كېتىۋاتقانلىقىدىن يايراپ ـ سۆيۈنۈپ، توختىماي چۇقان ـ سۈرەن سېلىپ باراتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى ھەممە قىيقاس ـ چۇقانلارنى بېسىپ ئالاھىدە ياڭرايتتى.

يوشۇرۇنغان يېرىدىن چىقىپ جەڭ مەيدانىغا قىيقاس ـ چۇقان

بىلەن كىرىۋاتقان قوزغىلاڭچىلارنى كۆرگەن خا دارىينىڭ كۆزى چىقىپ كەتتى . ئۇنىڭ باياتىن قىلىۋاتقان غەلىبە شارابىنى ئىچىش خىيالى ئىس ـ تۈتەكتەك توزۇدى . خا دارىن چاپارمەنگە گۆلىيىپ قاراپ ئۇنىڭغا بۇيرۇدى :

— دەرھال بېرىپ پەرمانىمنى چېرىكلەرگە يەتكۈزۈڭلار ! كىمدەكىم جەڭدىن چېكىنىدىكەن يا قاچىدىكەن ، ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن چاپىمەن ! قاراقچىلارنى يەڭمىگۈچە جەڭ مەيدانىدىن چېكىنمەيمىز !

دوغىلاق چاپارمەن ئېتىغا مىندى ـ دە ، جەڭ مەيدانىغا يول ئالدى . ئۇ جەڭ ئىچىدە يۈرۈپ خا دارىينىڭ پەرمانىنى جەڭ قىلىۋاتقان چېرىكلەرگە يەتكۈزدى . قاچسا ئۆزلىرىنى ئۆلۈم كۈتۈپ تۇرغان كۈل رەڭ چاپانلىق چېرىكلەر جان ـ جەھلى بىلەن جەڭگە ئاتلاندى . شۇنداق قىلىپ جەڭ تېخىمۇ شىددەتلىشىپ ، تېخىمۇ دەھشەتلىشىپ كەتتى . «ئاھ !» «ئاھ !» دەپ يىقىلىۋاتقانلار ئاز ئەمەس ئىدى . جەڭگاھ بارغانسېرى جەسەتلەرگە ، ئىڭراۋاتقان يارىدارلارغا تولۇپ كېتىۋاتاتتى . ئەمىر باشلىغان قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى جەڭ مەيدانىغا كىرىشى بىلەن ئەلاخان ۋە ياگۇر پالۋان قوشۇنلىرى ۋۇجۇدىغا كۈچ ـ ماغدۇر ، جاسارەت ۋە باتۇرلۇق كىرگەندەك جەڭگە جان پىدالىق بىلەن كىرىشىپ كەتتى .

— ھۇ ! قارا ، سېنى ! مېنى ئۆلتۈرەمسىنا ! ھا… ھا … ھا …— قاڭرۇقنىڭ گۈلدۈرمامىدەك ئاۋازى ئاڭلاندى . بەلكىم ئۇ ، ئۆزىگە ئېتىلىپ كەلگەن بىر چېرىكنى ئېتىدىن يۇلۇۋېلىپ يىراققا تاشلىۋەتتىمىكىن ؟ بۇگۈن ئۇ ، بۇ قىستىما ـ قىستىما جەڭدە ، بەزى جەڭلەردىكىدەك ، قىلىچنى ئىشلىتەلمىدى . قاڭرۇق زۇلپىقارنى دەرھال غىلاپىغا سېلىپ ، بازغاندەك مۇشتلىرى بىلەن ئۆزىگە قاراپ كەلگەن كۈل رەڭ كىيىملىكلەرنىڭ بۇرنىدا خالاجۇر قايىنىتاتتى يا

كۆتۈرۈۋېلىپ ، يىراقلارغا خۇددى بىر يوغان چالمىنى ئاتقاندەك ئېتىۋېتەتتى .

ئابدۇرۇسۇل بەگ بارا ـ بارا جەڭ مەركىزىگە يېقىنلاپ باراتتى . ئۇنىڭ ئاستىدىكى ئاق بوز تۇلپار ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، ئەمىرنىڭ قىلىچ ئۇرۇشىغا ئەپلىك پۇرسەت يارىتىپ بېرىپلا قالماي ، ئۆزىمۇ پۇتلىرى بىلەن خا دارىيننىڭ چېرىكلىرىنى ئۇرۇپ يىقىتاتتى . ئۇنىڭ مەڭزى قىزىل قاچا ئۆرۈكتەك گۈلگۈنلىشىپ ، كۆزلىر چاقناپ قەيسەرلىك نۇرى چاچاتتى . ئابدۇرۇسۇل بەگمۇ ، ئۇنىڭ ئاق بوز تۇلپارىمۇ قىزىپ قالدى . ئوڭ قولىدا تۇتقان يوغان زۇلپىقارى ھاۋادا چاقناپ ئارقىدىن يا ئۇدۇل خا دارىن چېرىكلىرى كۆكسىگە كىرەتتى ، يا ئايلىنىپ كېلىپ بىر چېرىكنىڭ بوينىغا ئۇرۇلاتتى . ئەمىرنىڭ قىلىچ ئۇرۇشىدا ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ قەيسەرلىكى ، ئوغۇزخاننىڭ ئەقىل ـ پاراستى نامايان بولاتتى .

دۈشمەنلەر ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ قالدى ، لېكىن ئۇلار قېچىشنى زادىلا ئويلىمايتتى . بۇنى كۆرگەن ئەمىر ھەيران بولدى . ئابدۇرۇسۇل بەگ جەڭ قىلىۋېتىپ خا دارىن تۇرغان تەرەپكە قارىدى . ئۇ يالىڭاچ قىلىچىنى ھاۋادا پىرقىرىتىپ بىرنېمىلەرنى دەپ ۋارقىرايتتى . ئەمىر خا دارىيننىڭ سۆزىنى چۈشەنمىگەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ نېمىدەپ ، نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى قىياس قىلدى :

«قاچاي دېسە بار ئارقىدا بىر ئۇلۇغ ،
ئۇتۇغاتى قىل كۆك سۇزۇك جۇڭسۇلۇق .»[①]

ئابدۇرۇسۇل بەگ كەينىدە جەڭ قىلىۋاتقان چاپارمەنلىرىگە

---

① «غازار دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 3 ـ سان 11 بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاراپ ، ئەزىز سالىھ خوجا ئوغلىنى دەرھال تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇدى . ئىككى چاپارمەن ھايال بولماي ئەزىز سالىھ خوجىنى تېپىپ كەلدى .

— مەرگەن ئىنىم ! — دېدى ئەمىر چاپارمەن ۋە مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ ھىمايىسىدە تەرلەپ ـ قىزىرىپ كەتكەن ئەزىزگە قاراپ ، ئەمىرنىڭمۇ كەڭ پېشانە ۋە گۆلدەك يۈزلىرىدىن تەر قۇيۇلاتتى ، ھاۋا يېتىشمىگەندەك ئىتتىك ـ ئىتتىك نەپەس ئالاتتى ، — ئۇستىلىقىڭىزنى كۆرسىتىدىغان پەيت كەلدى ! ئاۋۇ ھاڭراۋاتقان ئۇزۇنتۇرانى ئېتىپ ئۆلتۈرسىڭىزلا ، بۇ جەڭ ئاخىرلىشاتتى . بىز يېڭەتتۇق !...

— بولىدۇ ، ئەمىر جانابلىرى .

«دېدى : جوڭسۇلۇقنى تۇفەكدە ئاتاي ،
كى دوزەخدەكى ئاتاسىغا قاتاي ،
دېدى مىلتىغىن ئاتقالى راسلادى ،
قۇرۇلغا ئالىپ سىنەسىن چاغلادى .
ئەزىز پەھلەۋان ئانداغ ئاتتى ئانى ،
قوڭىدىن چىقىپ كەتتى چىركىن جانى... » ①

كۆل رەڭ كىيىملىك چېرىكلەر ئۆز ئۇلۇغىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ قېچىشقا باشلىدى . قوزغىلاڭچى باتۇرلار ئۇلارنى كەينىدىن قوغلاپ ماڭدى .

«دەلىرلەر تامام ئارقادىن سۈردىلەر ،
ساناپ يەتتە يۈز ئوننى ئۆلتۈردىلەر .
سۈرۈپ يەتكۈزۈپ تا كۈرەگە يېقىن ،

① «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 3 ـ سان 12 ـ بەت .

ئۆلۈككە تولۇپ قاتالدى رۇيى زەمىن .
تامام قالدى مۇئمىنگە ئالات جەڭ ،
تۈمەن فو ۋە تەيفو ۋە تىرى خەدەڭ .
ھېسابدا بۇ فو توقسان ئالتە ئىدى ،
كى ئەللىك ئارابادا دارۇئوقى .
ئالا بارگاھ بىرلە ئاق ئۆي ھەممە ،
كى ئات ، تېۋە ، قوي ۋە ئىنەك ، ئۆي ھەممە .
گۈرۈنچ ، ياغ ، ئۇنلار تاغارۇ تاغار ،
توشۇپ ئولجا ئىسلامغا چۇن بىشومار .
بۇ جەڭنى ئەگەر كۆرسە ئاسفاندىيار ،
ھەسەد يەپ بولۇر ئېردى كۆپ بىقارار .
ئەگەر كۆرسەلەر رۇستەمى فىلتەن ،
قاچار ئەلھەزەر دەپ بەسۇيى خوتەن… »①

چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرىنى كۇرەگىچە قوغلاپ بارغان باتۇرلار يەر ـ جاھان كۈلگۈن شەپەق نۇرىدا جۇلالىنىۋاتقان چاغدا ئۆزلىرىنىڭ باياندايى يېنىدىكى بارگاھلىرىغا شاد ـ خۇرام يېنىپ كەلدى . سادىر پالۋاننىڭ ھەم ياڭراق ، ھەم جۇشقۇن ، ھەم مەردانە ناخشىسى ئۇتلۇق شەپەقلەرگە يېزىلىپ قالدى…

① «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىلى 3 ـ سان 12 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## توققۇزىنچى باب

# قازىكالان كەتتى ھوشىدىن

بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ غەلىبىسى ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ ئىناۋىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ قۇياشتەك نۇرلاندۇرۇۋەتتى. ئادەملەر بىر يەردە بولۇپلا قالسا، ئەمىرنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ۋە باتۇرلۇقىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيدىغان بولدى.

بۇ جاھاننىڭ ھەسەتخورلۇقى شۇنچىلىك كۆچلۈككى، بىرى كۈلسە، بىرى يىغلايدۇ، بىر يەردە ئۆلۈم بولىدۇ. كۆلگەنگە كۆلۈپ قارايدىغانلار، توي قىلغاننى ئاق پوتىسىنى باغلاپ بېرىپ تەبرىكلەيدىغانلار بار. لېكىن، بارمايدىغانلارمۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، مۇشتۇملىرىنى تۈگىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس، بۇ دۇنيا ئاق بىلەن قارا، كۈندۈز بىلەن كېچە بولىدىغان زىددىيەتلىك جاھان! ئاھ، بۇنى ئۆزگەرتكىلى بولماسمۇ؟! ھەممە تەڭ كۈلىدىغان، ھەممە تەڭ يىغلايدىغان، ئاق - قارا، كۈندۈز - كېچىمۇ ھەممىگە تەڭ تېگىدىغان قىلغىلى ئامال - چارە يوقمۇ؟! قاچانكى ئادەملەر ئاچ كۆزلۈك، ھوقۇق تەمەسى، شان - شۆھرەت تىلەيدىغانلىقىدىن قۇتۇلۇپ ئازاد بولالىسا، بۇ كۈنگە يېتىشى مۇمكىن.

مەزەمزاتنىڭ ئىچىدىن قان كەتتى. ئۇ ئۇھ، دەپ، ئاھ، دەپ زادىلا ئولتۇرالماي قالدى. ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ بۇ قېتىمقى جەڭدە ئېرىشكەن قۇياشتەك شان - شۆھرىتى ئۇنى كۆلدۈرمىدى،

بەلكى قاتتىق يىغلاتتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ «بىر مەزگىل يۇرتىڭىزدا تۇرۇپ تۇرۇڭ !» دەپ كەتكۈزۈۋەتكەن ئەخمەتخان خوجىنى يادىغا ئالدى ، ئۇنى چاقىرىپ كېلىشكە دەرھال ئادەم ئەۋەتتى…

ئۆيدە زېرىكىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي يۈرگەن سىڭار كۆز كۇنلەرنىڭ بىرىدە ھاكىمبەگنىڭ چاپارمىنىنى كۇتۇۋالدى . ئۇ چاپارمەن ئاغزىدىن : «ئۆزلىرىنى ، خوجام ، مەزەمزات جانابلىرى كۇتۇپ قالدى» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغاندا ، خۇشاللىقىنى يوشۇرۇپ قالالمىدى . ئۇ ئەتىسىلا سەھەردە ئونبېشى بېشىر ۋە چېرىكلىرىنى ئېلىپ شەھەرگە ئاتلاندى…

يەنە شۇ ياسىداق ساراي . يەنە شۇ داستىخان سېلىنغان شىرە ئۇستىدە نازۇ نېمەتلەر … يەنە شۇ شىرەنىڭ تۆت تەرىپىدىكى سول چېتىدە ئەخمەتخان خوجا ، شەرقىي يېنىدا مەزەمزات ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتاتتى .

— خوجام ، بېشىر بىلەن ئىككىلىرى مېنىڭ ئۆيۈمدە تۇرىدىلا ، قالغان چېرىكلىرى باياندايدا قالغان چېرىكلىرىنىڭ يېنىغا كېتىدۇ ، — دېدى ھاكىمبەگ ئالدىدىكى پىيالىنى قولىغا ئېلىپ ، ئاق ھورى ئۆرلەپ تۇرغان سىنچايدىن بىر - ئىككى ئوتلاپ .

ئەخمەتخان يا ماقۇل ، يا ياق دېمىدى . ئۇ مەزەمزاتنىڭ نېمىگە چاقىرتقانلىقىنى تېخىچە بىلەلمەي ئىچى تىتىلداپ ئولتۇراتتى .

— خوجام ، يېقىندا بولغان جەڭدىن خەۋەر تاپتىلىمۇ ؟ !…

— ئاز - تولا ئاڭلىدىم . ھازىر يېزىلاردىمۇ ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ جەڭدە كۆرسەتكەن ئەقىل - پاراسىتى بىلەن باتۇرلۇقى ھېكايە قىلىنماقتا .

— شەھەردىمۇ شۇنداق ، ئابدۇرۇسۇل شۇ كۇنلەردە بېشىدا كۆتۈرىدىغان تىللاردا داستان قەھرىمانىغا ئايلىنىپ قالدى .

www.uyghurkitap.com

ئۆتكەنكى كېچىلەرنىڭ بىرىدە، مۇشۇ ياسىداق سارايدا هاكىمبەگ بىلەن قىلغان سۆھبىتىنى يادىغا ئېلىپ ئالغان، ئالتۇن ۋە يامبۇلىرى كۆز ئالدىغا كەلگەن سىڭار كۆز ئۆزىنى مەزەمزاتنىڭ نېمىگە چاقىرتقانلىقىنى بىلدى.

— ئابدۇرۇسۇلنى ماختايدىغان گەپ - سۆزلەرنى تولا ئاڭلاپ، ئەخمەتخان خوجام، سارالڭ بولۇپ قالايلا دېدىم. بىلەمدىلا، ئۇنى جايلىۋېتىدىغان كۈن يېتىپ كەلدى. يەنە ئۇنىڭ زېمىن ئۈستىدە يۈرۈشىنى زادىلا كۆرگۈم يوق! — دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى هاكىمبەگ، ئۇنىڭ چىرايىدا ھەم قايغۇ - ھەسرەت، ھەم ھەسەتخورلۇق، ھەم قاتىللىق ئارىلاشقان ئەبجەش بىر تۈيغۇ كۆرۈنەتتى، — ئۇنى كۆزۈمدىن يوقاتمىسام، مەن ئۇنىڭ كۆزىدىن يوقىلىدىغان ئوخشايمەن! مانا، خوجام، سىلىنى چاقىرتىپ كېلىشىمنىڭ سەۋەبى! — ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ يەنە سۆزلىدى، — بىلەمدىلا، ئەمىرنى جايلىۋەتسىلە، سىلىمۇ بۇنداق يوشۇرۇنۇپ يۈرىدىغان كۈنلەردىن قۇتۇلىدىلا! — هاكىمبەگ سىڭار كۆزگە قارىدى، ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا كېيىنكى سۆزىنىڭ خوجىغا قانداق تەسىر قىلغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئىدى.

— راست، ئەمىرنى ئۆلتۈرۈۋەتسەم، خەقنىڭ يامان كۆزىدىن قۇتۇلارمەنمۇ؟! هازىرقى مۆكۈنۈپ يۈرىدىغان كۈنۈمدىن جاق تويدۇم! — دىدى يەكچەشمە بىر ئۇھ تارتىپ.

— قۇتۇلىدىلا! سىلى بۇ قېتىم ئەمىرنى مانجۇلارنىڭ جاسۇسى سۈپىتىدە ئۆلتۈرۈپ خەلقىئالەم ئالدىدا باتۇر بولىدىلا!

ئەخمەتخان مەزەمزات سۆزىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي، هاڭ - تاڭ ئەلكىدە هاكىمبەگكە هاڭۋېقىپ قاراپ قالدى: «ئابدۇرۇسۇل بەگنى مانجۇلارنىڭ جاسۇسى» دېگەن سۆزىنى كۆڭلىگە سىغدۇرالمىدى.

«بۇ راستىمدۇر؟ يا مەزەمزات ئويدۇرۇپ چىققانمىدۇر؟!

مانجۇلارنىڭ جاسۇسى دېسە ، ھاكىمبەگنىڭ ئۆزىنى دېسە بولىدۇ . ئۇ تۇنۇگۇنلا كۇرە جاڭجۇنى چاڭ چىڭنىڭ يولىيورۇقىنى ئەكەلگەنغۇ ؟ ! » دېگەنلەرنى ئويلىغان سىڭار كۆز مەزەمزاتقا يەنىلا چەكچىيىپ قارايتتى .

— مەن بىر پىلان تۈزۈپ قويدۇم ، — دەپ ئۆزىگە ھەيرانلىق بىلەن يەكچەشمە كۆزىنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرغان ئەخمەتخانغا تىكىلىپ سۆزىنى باشلىدى . ئۇ بىر پۇتىنى تىزداپ ئولتۇرۇپ ، گەۋدىسىنى خوجىغا سوزۇپ ، ئاق سېرىق چىرايىدىن سېرىق چايان ئۆرلىتىپ ، ئىچ - ئىچىدىن ئۆرلىگەن ھەسەتخورلۇقىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىدە بىر شۇملۇقنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . ئۇنىڭ مۇشۇ روھىي ھالىتى ۋە قىياپىتى قان تۆكىدىغان يولغا ماڭىدىغان قاتىلنىڭ روھىي ھالەت ۋە تۇرقىغا ئوخشايتتى . قاتىللىقنى ئۇ ئۆز قولى بىلەن قىلمىسىمۇ ، ئەمما قاتىللىق قىلىدىغان ئادەمگە يول كۆرسەتكەندە تەبىئىي قاتىلغا ئوخشاپ قالاتتى ، — دانىيال بەگنى بىلىدىلا ، ئۇ مېنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمىم ، ئۇ نېمە دېسەم ئىككىلەنمەي دېگىنىمنى قىلىدۇ . بۇ بەگ يەنە مانجۇچە خەت يازالايدۇ ۋە ئوقۇيالايدۇ . مەن بىر - ئىككى كۈننىڭ ئىچىدە دانىيالنى چاقىرىپ كېلىپ ، كۇرە جاڭجۇنى چاڭ چىڭنىڭ نامىدا ئابدۇرۇسۇلغا خەت يازدۇرىمەن ، — سۆزدىن توختىغان مەزەمزات خوجىغا : سۆزۈم قانداق تەسىر قىلىۋاتىدىكىن ؟ دېگەندەك قارىدى . سىڭار كۆزنىڭ قارامتۇل چىرايىدىن بايىقى ھاڭ - تاڭلىق ئاستا كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى . ئۇ ئۆز خوجايىنىنىڭ نېمىشقا «ئەمىرنىڭ كۇرە جاڭجۇنى بىلەن ئالاقىسى بار ئىكەن» دېگەن سۆزنى تارقاتقانلىقىنىمۇ ئەمدى چۈشىنىۋاتاتتى ، — مانجۇچە يېزىلىدىغان بۇ خەت ئەمىرنىڭ خائىنلىقىنى ئىسپاتلايدۇ . تارقىتىلغان سۆز بىلەن خەت بىرلىشىپ ، گەپ - سۆز يوق ئابدۇرۇسۇلنىڭ خائىن ئىكەنلىكىگە ھەممە ئىشەندۈرۈلىدۇ . سىلىنىڭ ئىناۋەتلىرى ئۆسۈپ ، ئىشەنچلىك

ئـادەم بولۇپ قالـدىلا ! — مـەزەمزات چايدىن ئـويـلاپ سۆزىـنى داۋامـلاشتـۇردى ، — خوجام ، ئۆزلـىرى ئەمـىرنىڭ چېدىرى خالىي پەيتنى تېپىپ كـىرىدىلا ـ دە ئۇنى دوزاخقا ئۇزىتىلا ! دانىيال بەگ يازغان مانجۇچە خەتنى سىلىگە بېرىمەن . ئۇنى ئۆلگەن ئەمـىرنىڭ يـانـچـۇقـىـغـا سـېلـىـپ قويىلا ، ئابدۇرۇسۇل ئۆلۈشى بىلەن مۇلازىملىرى داد ـ پەرياد كۆتۈرىدۇ ، ئادەملەر يىغىلىدۇ . سىلى مـانـا شـۇ چاغدا ئابدۇرۇسۇلنىڭ يانچۇقىدىكى خەتنى ئېلىپ ، ئۆزلىرى بىلەن بىللە بارىدىغان دانىيال بەگكە ئوقۇتىلا . شۇنىڭ بىلەن ئابدۇرۇسۇل مانجۇلارنىڭ جاسـۇسـى بـولـىدۇ . ئـالدىن تـارقـتـىـلغـان گـەپ بـىـلەن بۇ خەتـكە ئـىشەنـمەيدىغان ئـادەم بولمايدۇ .

« ‹دېدىكىم : ئەمىرنى هالاك ئەتسەڭىز ،
ئىسهاق بەگنى هەم دەردناك ئەتسىڭىز .
چېرىك خەۋپ ئېتىپ لام دېمەس ساڭا ،
كى غەۋغاسىنىڭ ئەهدەسىدۇر ماڭا ›...
دېدى : ‹دانىيال بەگمۇ مۇندا كېلۇر ،
كى مانجۇچە خەت تۆهمەت ئەيلەپ قىلۇر .
ئەمىرنى چاقىپ ئۇشبۇ خەتنى ئالىپ ،
كى ئەلدىن نىهان يانچۇقىغا سالىپ .
ئەمىر ئۆلسە ئاندىن چېرىكنى يىغىڭ ،
ئەمىر يانچۇقىدىن بۇ خەتنى ئالىڭ .
تۇرۇپ دانىيال بەگ ئەمىر باشىدا ،
بۇ خەتنى ئوقۇغاي چېرىك قاشىدا .
ئىشتكەن كىشىلەر بولۇپ بەد گۇمان ،
تامامى دېگەيلەر ئەمىرنى يامان . › »①

① «غازات دەرمۈلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 3 ـ سان 12 ـ ، 13 ـ بەتلەر .

«ئاھ، خۇدا! قارا نىيەتلەر نېمىدېگەن يامان، ئىپلاس ۋە ۋەھشىي! قارىغىنە، ئۇلار قاراپ تۇرۇپ جانىجان ئەل - يۇرتى ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئىشلەۋاتقان بىر ياخشى ئادەمگە قارا چاپلاپ، ئۇنىڭ جان يىپىنى ئۈزۈۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. بۇ دۇنيا مانا شۇنداق بىر - بىرىمىزنى كوچىلاپ، بىر - بىرىمىزگە تۆھمەت ئارتىپ، بىر - بىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ ئۆتىدىغان دۇنيامۇ؟! ئاشۇ قارا يۈزلەر قېرىنداشلىق، يۇرتداشلىق مېھىر - مۇھەببەت، ئار - نومۇس، ۋىجدان دېگەنلەرنى بىلمەمدىغاندۇر؟ كېچىلا مەزەمزات قوزغىلاڭچىلارنى قېرىندىشىم، يۇرتدىشىم! دەپ ئۇلارغا يۈرىكىنى قېقىۋىدىغۇ؟ بۇ ئۇنىڭ قارا يۈرىكىگە تۇتاش قارا ئېغىزىدىن بويىلىپ چىققان سۆزلەرمىدى؟ مۇناپىقلارنىڭ بىر يۈزى ئالدىدا، بىر يۈزى كەينىدە بولامدۇ؟ بايلىق شەيدالىقى، ھوقۇق تەمەسى ۋە شۆھرەت تەلۋىلىكىدە قېرىندىشىنىمۇ، يۇرتدىشىنىمۇ، ئار - نومۇس، ۋىجدانىنىمۇ ئۇنتۇغان ئىپلاسلار بولمايدىغان كۈنلەرمۇ كېلەرمۇ؟ ئەگەر شۇنداق كۈن كەلسە، بۇ كۈن راستتىنلا جەننەت كۈنلىرى بولىدۇ! مېنىڭ ئەل - يۇرتۇم بۇنداق كۈنلەرگە تولىمۇ ئىنتىزار!...»

«مەن ئۆزۈمنى شەيتانغا دەرس بېرەلەيمەن، دەپ يۈرسەم، مۇنۇ ئالدىمدا ئولتۇرغان تەلەتى چاياندەك ئادەم ئىبلىسنىمۇ ئوقۇتالايدىكەن. مەن بۇنىڭ قولىغا سۇمۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدىغان ئوخشايمەن!» دېگەنلەرنى ئويلىغان سىڭار كۆز مەزەمزاتقا قارىدى. ئۇ بىر قارارغا كەلگەندەك كۆرۈنەتتى.

— بولىدۇ! سىلى ماڭا كۈرە جاڭجۇنى نامىدا مانجۇچە يېزىلىدىغان خەتنى دانىيال بېگىمگە تېزرەك يازدۇرۇپ بەرسىلە! مەن ئادەملىرىم ئارقىلىق ئەمىرنىڭ چېدىرىدا خالىي قالغان پۇرسەتنى بىلىپ، ئەمىرنى بىر يولى ئۇ دۇنياغا ئۇزىتاي! بۈگۈندىن باشلاپ دانىيال بېگىم ھېچ يەرگە كەتمىسۇن! ئۇ بىر ياقتا كېتىپ قالسا، ئەمىر خالىي قالغان تەقدىردىمۇ چېدىرىغا

يالغۇز كىرسەم بولمايدۇ...

— خاتىرجەم بولۇڭ ! دانىيال كۇندە سىلى بىلەن بىللە بولىدۇ .

ئەل - يۇرت سۆيگەن ئابدۇرۇسۇل ئەمىرنىڭ جېنىغا قادالغان سۇيىقەست مانا شۇنداق دۇنياغا كەلدى...

* *

ياز كېتىپ خازاڭ پەسلى باشلاندى . زېمىننىڭ يۈرىكىدىكى سىرنىقلىق تېشىغا تەپكەندەك ، دەل - دەرەخ ، گۈل - گىياھلار زەپىران ئىچكەندەك سارغىيىپ كەتتى . يامغۇر - يېشىنمۇ كۆپىيىپ قالدى . ئەتە - ئاخشاملىرى سوغۇق خېلىلا كۈچىيىپ ، ئېرىقلاردا نېپىز مۇز تۇتىدىغان بولدى .

ئارىلىقتا جەڭ بولۇپ ، موللا بىلال بىلەن ئەلى ئىسمىنى ئاتاشقان ئادەملىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئەمىرنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە بىر نەرسە دېيەلمىدى . بۈگۈن ئىككىسى ئۇلار بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشۈپ چىقتى . بىلاللار سۆزلەشكەن ئادەملەرمۇ ئەمىر ئۈستىدە چىققان ئىغۋانى ئاڭلىغانلىقتىن ، كېڭەشكە قاتنىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى .

چۈشتىن كېيىن يامغۇر ياغدى . سارغايغان داللار خۇددى ياش بىلەن يۇيۇلغان كۆز ۋە كىرپىكلەردەك يۇيۇلدى . قۇرىغان ئوت - چۆپلەردىن ئۆرلىگەن چۈچۈك پۇراق ئادەملەر دىماغلىرىغا ئۇرۇلۇپ غىدىقلايتتى .

نامازشامدىن كېيىن نازىم ياتقان چېدىردا كېڭەش باشلاندى . شائىر بىللە ياتىدىغان چېدىرداشلىرىنى كۆندۈرۈپ ، تالاغا چىقىرىۋەتكەنىدى .

چېدىرنىڭ تۆرىدە كۆزلىرى تېشىغا بىرئاز پۇلتىيىپ چىققان كەڭ يۈزلۈك قۇتبىدىن ياساۋۇل ، كۆزلىرى جىنچىراغتەك مىتىلداپ تۇرىدىغان سىم ساقال موللا ھوشۇر باقى ، كۈنچىقىش

تەرىپىدە قاپقارا بۇرۇتى ئۈزۈن ، كەتمەن ئېڭىكىنى قويۇق قارا ساقال قاپلىغان مەمەتشاھ ياساۋۇل ، ئاق چىراي جالال دورغا ، كۇنپېتىش تەرىپىدە قىزىل بۇرۇن ، يۈزىدە ئازراق چوقۇرى بار موللا ھوشۇرباقى ، كۆزىنىڭ ئاق پاختىسى يوغان ، ھەممىسىدىن ياش دۆلەت سوپى ، يەلكىسى كەڭ ، بېشى يوغان ياقۇپ مىرابلار ، يىپىــــلغان ئىشىك تەرەپتە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى زەن قويۇپ ئاڭلاۋاتقان موللا بىلال بىلەن ئەلى يانمۇيان ئولتۇراتتى . ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇددى دۆشىــدەك كېسىلگــەن ، لېكىــن دۆشىدىن ئۈچ - تۆت ھەسسە قېلىن كۆتەك ئۈستىدە ئاق شام ياناتتى . ئــولتۇرغــانــلارنىڭ ئالدى يــورۇغان بــولسىمۇ ، كەينى يەنىلا غۇۋا كۆرۈنەتتى .

— ئابدۇرۇسۇل بەگ ئۈستىدىن چىققان گەپلەر پۈتۈنلەي ئىغۋا ، ئۆزىنى ئۆز ئەل - يۇرتىنىڭ بەخت - سائىتىگە ئاتىغان ئادەمنىڭ خائىن بولۇشى مۇمكىنمۇ ؟ ! بۇنىڭغا ھەتتا شەيتانمۇ ئىشەنمەيدۇ ! — دەپ سۆزلەيتتى قوتازدەك تېرىككەك قۇتبىدىن يــاســاۋۇل تۇكــۇرۇكىنى چاچرىتىپ ، ئۇنىڭ بىرئاز پۈلتىيىپ چــىــقــقان كۆزلىرى تېخىمۇ تېشىغا چىقىپ ، چىرايىنى تولىمۇ ســۇرلــۇك كــۆرسىتەتتى ، — ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى ھۆرمەتلــىك قــېيناتىسىنى ، ئىككــى يــۈرەك پارىسىنــى ئــۆلتۈرۈپ ئــۇنىڭ بېــشــىنــى ئېگەلمــەي ، ئەل - يۇرت ئۈچۈن ماڭغان يولىدىن قايتۇرالماي ، ئەمدى ئۆزىگە زەھەرلىك كۆزىنى تىكمەكتە . ئۇلار ھــۆرمــەتــلىك ئەمىرنىڭ ئۈستىدىن سۆز - چۆچەك تارقىتىپ ، نادان ، بــىــر نەرسىگە ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىدىغان ئادەملەرنى ئــۆزلــىــرىــگە قارىتىپ ، مەقسىتىگە يەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ ، — قۇتبىدىن ياساۋۇل يەنە سۆزىدىن توختىدى . ھەممەيلەن ئۇنىڭغا جــىــمــجــىــت قاراپ تۇراتتى . ناھەقچىلىكنى كۆرسە تېرىكىپ - بــوغۇلۇپ ، گۇلدۇرمامىدەك گۇلدۇرلەپ كېتىدىغان بۇ ئادەم ، تــولــىمۇ ئاق كۆڭۈل ۋە سەممىمىي ئىدى . ئۇنىڭ بۇ پەزىلىتى ئــابــدۇرۇسۇل بەگكە يېقىپ ، ئۇنىڭ بىلەن يېقىن ئۆتەتتى ،—

بەلكىم ، بۇ ئىغۋانى موللا ناسىر ئەلەم ، ئەمىرمۇ ئاڭلىغاندۇر ؟ قانداق قىلىپ بولمىسۇن ، — دېدى قۇتبىدىن قولىنى كۆتۈرۈپ ، كۆزلىرىدىن ئوت چېچىپ ، — بىز ئالدى بىلەن بۇ ئىككى دانا بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئىغۋانى ئېيتىپ ، پىكرىنى ئاڭلىساق ، دەيمەن ، ئۇلارنىڭ سۆزىگە قاراپ ، ئاندىن بىرنېمە دېمەمدۇق ، — ياساۋۇل بىر چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ ، — ئەمىرنى چوقۇم سۈيىقەستتىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشىمىز كېرەك ! ئۇ بىزگە — قوزغالغان ئەل - يۇرتقا زۆرۈر !

قۇتبىدىننىڭ سۆزىنى جىمجىت ، قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ ئاڭلىغانلار خىيال سۈرۈپ ئېغىر نەپەسلىنەتتى . بۇ ئادەملەر ئىغۋانى توقۇغانلار بىلىپ قالسا ، ئۇلارنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قىيما - چىيما قىلىۋەتتى .

— توغرا ! — دېدى ياساۋۇلدىن كېيىن سۆز باشلىغان موللا ھوشۇر باقى كۆزلىرىنى جىنچىراغتەك چىملىدىتىپ ، — ھازىر بۇ ئىغۋانى تارقاتقۇچىنى تېپىش ئەمەس ، ئەمىرنى قۇتقۇزۇپ قېلىش مۇھىم . بىز ئىغۋاچىنى تاپىمىز دەپ ، شۇنىڭ بىلەن بولۇپ كەتسەك ، ئابدۇرۇسۇل بەگدىن ئايرىلىپ قالىمىز ! ئەمىرگە تۆھمەت چاپلىغان مۇناپىقنى ئىزدەش بىلەن بىللە ، ئابدۇرۇسۇل بەگنى قوغداشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇشىمىز لازىم !

— ياخشى گەپلەر بولۇۋاتىدۇ ! — دېدى ئۇزۇن قارا بۇرۇتلۇق بومبا ساقاللىق مەمەتشاھ ياساۋۇل بۇرۇتىنىڭ بىر ئۇچىنى تۈزەشتۈرۈپ ، ئاغزىدىن چىقىۋاتقان سۆزلىرىنى توسۇۋالىدىغاندەك ، — مېنىڭ پىكرىم : ئاڭلىغان ئىغۋانى موللا ناسىر ئەلەمگە ئېيتىپ ، پىكرىنى ئالايلى ، بۇ بىر . ئابدۇرۇسۇل بەگ بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ ، ئۇنىڭغىمۇ ئىغۋانى ئېيتىپ ، ھوشيار بولۇشىنى ، چېدىرنى قوغدايدىغان قاراۋۇللارنى كۆپەيتىشىنى ، بىر يەرگە چىققاندىمۇ مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ كۆپ ۋە ھوشيار بولۇشىنى دەيلى .

— سىلەرنىڭ دېگەنلىرىڭلار ئورۇنلۇق ! — دەپ سۆز باشلىدى ئاق چىراي جالال دورغا ، يەكتىز ئولتۇرۇۋېلىپ ، — ھازىر ئەمىرنى قوغداش لەنتى ئىغۋاگەرنى تېپىشتىنمۇ مۇھىم ، دېگەن سۆزگە قوشۇلىمەن . بۇنىڭدا مەمەتشاھ ياساۋۇلنىڭ دېگەنلىرىلا كۇپايە قىلمايدۇ . بۇ ئىغۋانى بارلىق قوزغىلاڭچىلارغا ئېيتايلى . ئىغۋانى تارقاتقۇچىلارنىڭ غەرىزىنى پاش قىلايلى ! خەلق ئەمىرنى جانلىرىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرىدۇ . پەقەت ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان ئەجەلنى سەگەكلەشكەن خەلقلا توسۇپ قالالايدۇ . ئاز بىر قىسىم قاراۋۇللار ، مۇھاپىزەتچىلەر ۋە ئادەملەر بىلەن ئەمىرنىڭ ھاياتىنى قوغداپ قېلىش تەس . كۆپنىڭ كۆزى ۋە كۇچى كۆپ . ئەمىرنى ياخشى كۆرىدىغان خەلق بۇ ئىغۋانى بىلسە ، ئىغۋاچىنى چوقۇم تارتىپ چىقىرالايدۇ ، ئەمىرنىمۇ قوغداپ قالالايدۇ .

ئىشىك تەرەپتە ئولتۇرغان موللا بىلال قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ، پىكىر قىلىۋاتقانلارنىڭ سۆزلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلايتتى . جالال دورغىنىڭ : ئىغۋانىڭ سىبىق چاۋىسىنى خەلقنىڭ ئالدىغا يېيىپ ، ئەلنىڭ ھوشيارلىقىنى ئۆستۇرۇش ئارقىلىق ئەمىرنى قوغداش ، دېگەن پىكرى شائىرغا ياقتى .

— بۇ ئىغۋانى ئەتىلا موللا ناسىر ئەلەمگە يەتكۈزەيلى . ئەتە جۈمە ، قازىكالان بۇ يەرگە كەلمەيدۇ . مېنىڭچە ، موللا ھوشۇر باقى بىلەن جالال دورغا ئالدىغا بارسۇن . قالغانلىرىمىز تارقىلىپ ، بۇ يەردىكىلەرگە ئەمىرنىڭ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغانلىقىنى ئېيتىپ ، ھەممەيلەننى ئەمىرنى قوغداشقا قوزغايلى ! موللا ناسىر ئەلەمنىڭ پىكرىنى بىلگەندىن كېيىن ئابدۇرۇسۇل بەگكە ئېيتىش - ئېيتماسلىقنى كېلىشەرمىز !

— بىز بىلەن بىللە سىلىمۇ بارسىلا ! — دېدى موللا ھوشۇر باقى نازىمغا قاراپ .

بۇ پىكىرنى ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى قوللىدى.

* *

موللا ناسىر ئەلەم بىلەن جۈمەدىن كېيىن ئۆيىدە كۆرۈشكەن موللا ھوشۇر باقى، جالال دورغا ۋە موللا بىلاللار كۈن ئولتۇرۇۋاتقاندا، باياندايدىكى بارگاھقا يېتىپ كەلدى. قازىكالان بارغانلارنىڭ كۆز قاراشلىرىغا قوشۇلۇپ، ئىغۋانى ئەمىرنىڭ ئۆزىگە ئېيتىشقىمۇ قوشۇلدى. نامازشامدىن كېيىن تۈنۈگۈنكى كېچىكىشكە قاتناشقان ئادەملەر ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ چېدىرىغا كىرىپ، ئىككى تەرىپىدە قارار ئولتۇردى. ئەمىر تۆۋەندە ئولتۇرۇۋېدى، كىرگەنلەر قاتتىق تۇرۇۋېلىپ ئەمىرنى ئۆز ئورنىغا — تۆرگە چىقىرىۋەتتى. تۆردىكى ئىككى قەۋەت كۆرپىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان ئەمىر كىرگەنلەرگە: «قېنى، سۆزۈڭلارنى دەڭلار!» دېگەندەك تىكىلدى.

«ئەل بار يەردە ئەر بار!» دېگەندىكى ئەر — ئابدۇرۇسۇل بەگ تازا تولۇپ مەيلى كۈچ - قۇۋۋەت، مەيلى چىراي جەھەتتىن بولسۇن گۈلدەك ئېچىلىۋالاتتى. ئۇنىڭ قارىغايدەك كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغان قامىتى، كەڭ ماڭلىيى ئاستىدىكى قارلىغاچ قانىتىدەك قاشلىرى تېگىدىكى تاڭ شەپقىدەك جۇلالانغان ئىككى مەڭزى، قاپقارا ئۇزۇن بۇرۇتى، قىرقىما، قىسقا، قويۇق قارا ساقىلى، شۇنچىلىك ياراشقان چىرايى تېپىك ئۇيغۇر قامىتى ۋە چىرايى ئىدى. ئاتىسى چورۇق ھېكىمنىڭ ئەل - يۇرتنىڭ غېمىنى يەيدىغان پەزىلەتلىرىنى ئۆزىدە چېچەكلەتكەن بۇ ئەمىر كىتابلارنى كۆپ كۆرگەن، ھەربىي مەشقلەرنىمۇ كۆپ قىلغان ئادەم بولۇپ، ئادالەتتە كۈنتۇغدىغىلا ئوخشايتتى. ئۇ ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۆز مەنپەئەتىنى ئەل - يۇرت مەنپەئەتىگە قۇربان قىلاتتى. ھەمىشە قازىكالان بىلەن قىلىشقان پاراڭلىرىدا، شەرىئەت قانۇنلىرى ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇشنى قوللايتتى...



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئابدۇرۇسۇل بەگ تۆردە ئەركىن ـ ئازادە باداشقان قۇرۇپ ، چىبدىرنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئولتۇرغانلارغا خىيال بىلەن تىكىلەتتى . «نېمە ئىش بىلەن كىرگەندۇر ؟» دەيتتى قارا كۆزلىرىدە ئاق كۆڭلىنىڭ ئىللىق نۇرى چاقناپ .

— چىبدىرىمغا چىرايلىق قەدەم تەشرىپ قىلىپ كىرىپسىلەر ، قانداق مۇھىم ئىش بار ئىدى ؟ — دېدى ئەمىر ئاربىلىقتىكى جىمجىتلىقنى بىرىنچى بولۇپ بۇزۇپ .

— بىز بىر ئىغۋانى ئاڭلاپ ئۆزلىرىگە دېگىلى كىرىۋىدۇق ، ھۆرمەتلىك ئابدۇرۇسۇل بەگ جانابلىرى ! بىزغۇ بۇ ئىغۋاغا ئىشەنمىدۇق ، ئەمما ئىغۋا تارقاتقان ئەبلەخنى نەدىن بولمىسۇن تېپىپ چىقىشقا بەل باغلىدۇق . قېنى ، جالال دورغا ، ئەمىرگە ھەممىنى دەپ بېرىڭ !

ئاق چىراي لېكىن سۆزگە چېچەن جالال دورغا «سىز سۆزلەڭ» دېگەندەك موللا بىلالغا قارىدى . موللا بىلالمۇ جامال دورغىغا «بولدى ، سىز سۆزلەۋېرىڭ !» دېگەندەك قاراپ ، ئېغەك قاقتى .

— بۇ ئىغۋانىڭ چىققىنىغا خېلى بولغاندەك قىلىدۇ ، لېكىن بىز بىرقانچە كۈننىڭ ئالدىدا ئاڭلىدۇق . ھەممىگە مەلۇمكى ، كۆڭلى قارىلار ، ئەمىر جانابلىرى ، قېيناتىلىرى بىلەن ئىككى سۆيۈملۈك ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزلىرىگە بىر قېتىم ئېغىر زەربە بەردى ، بۇ قارا كۆڭۈللەرنىڭ مەقستى سىلىنى ھازىرقى ئورۇن ۋە ئىناۋەتلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇپ ، ئورۇننى ئۆزلىرى ئىگىلەش بولسىمۇ ، كۆزلىگىنىگە يېتەلمىدى . ئۆزلىرى ئەل ـ يۇرتنىڭ ئىشىنى ئەلا بىلىپ ، قوش ـ قوش كەلگەن ئېغىر مۇسىبەتنى يېڭىپ يەنە باياندايدىكى جەڭگاھقا يېنىپ كەلدىلا ! بۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قان كەتكۈزۈۋەتتى . بۇ قېتىمقى جەڭدە كۆرسەتكەن ئەقىل ـ پاراسەتلىرى ۋە قەھرىمانلىقلىرى ، ئەل ـ يۇرتنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان ئىشەنچ ۋە ھۆرمەت ـ ئالقىشى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىككىنچى قېتىم قان ئاققۇزۇۋەتتى .

www.uyghurkitap.com

ئاخىرى چىدىيالماي يەنە سىلىگە سۇيىقەست ئوقياسىدىن بىر ئىغۋانى ئوق قىلىپ ئاتتى. سىلى ئاڭلىدىلىمۇ؟ مۇناپىقلار: «ئەمىرنىڭ كۆرە جاڭجۇنى بىلەن مەخپىي ئالاقىسى بار!» دېگەن پىتنىنى تارقىتىپ سىلىدىن ئەل ـ يۇرتنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرۇش كويىدا بولماقتا.

ئابدۇرۇسۇل بەگ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ مەسۇم، سەمىمىي ۋە پاك كۈلكىسىدە بىر ئاق كۆڭۈل ئادەمنىڭ ھالال ۋە توغرا نىيىتى جەۋلان قىلاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چىققان ياش سەممىيلىك ئۇچقۇنلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ھەربىر تامچىسىدا مەسخىرە تەبەسسۇمى چاقنايتتى.

— مېنىڭ كۆرە جاڭجۇنى بىلەن مەخپىي ئالاقەم بارمىكەن؟! ئۇلار شۇنداق دەپتىمۇ؟! ھا!... ھا!... ھا!... ئىغۋا توقۇسىمۇ، ئىشەنگۈدەك قىلىپ سەپسىچۇ، ئەخمەقلەر!

— شۇنداق، بۇ قىپقىزىل ئىغۋا! بىز بۇ ئىغۋانى تولۇق ئويلاندۇق، مۇھاكىمە قىلدۇق. موللا ناسىر ئەلەم بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ، ئۇ زاتنىڭ پىكرىنى ئاڭلىدۇق. قارا يۈزلەر، ھۆرمەتلىك ئابدۇرۇسۇل بەگ جانابلىرى، بۇ قېتىم سىلىگە «خائىن» دەيدىغان بەتنامنى چاپلاپ، ئەل ـ يۇرت ئالدىدا ئىناۋەتلىرىنى تۆكۈپ، سىلىنى بىراقلا يوقىتىۋېتىش كويىدا بولۇۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقى بىزگە قاراڭغۇ بولسىمۇ، سىلىگە سۇيىقەست قىلىدىغانلىقى ئېنىق. بىز ئۆزلىرىنى بۇ شۇملۇقتىن ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ئالدىلىرىغا كىردۇق. بۈگۈن بىر كۈن باياندايدىكىلەرگە بۇ ئىغۋانى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنىڭ سىبىسىق چاۋىسىنى چىتقا يېيىپ كۆرسەتتۇق. ئاڭلىغانلار قاتتىق غەزەپلەندى، — جالال دورغا سۆزىدىن توختاپ قولياغلىقى بىلەن يۈز ـ كۆزىنى ئېرتتى. ئۇ قولياغلىقىنى يەنە چىرايلىق قاتلاپ يانچۇقىغا سالدى ـ دە،

سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — زۆرۈر تېپىلسا، بىز شەھەرگە كىرىپ، مەسچىت - مەسچىتلەردە سۆزلەيمىز! سىلىمۇ، ئەمىر جانابلىرى، سەگەكلىشىپ، چېدىر قاراۋۇللىرىنى كۆپەيتسىلە، سىرتلارغا چىققاندا مۇھاپىزەتچىلەرنى كۆپرەك ئېلىپ چىقسىلا!...

— ماڭا بۇنچىلىك كۆيۈنگىنىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە رەھمەت، ئەل - يۇرتقا رەھمەت! — دېدى ئابدۇرۇسۇل بەگ ئولتۇرغانلارغا قارا قوي كۆزلىرىدىن سەمىمىيلىك ۋە مېھىر - مۇھەببەت نۇرلىرىنى چېچىپ، — ئىغۋا تارقاتسا ئەخمەتخان تارقىتىدۇ، ئۇ قېيناتام بىلەن ئىككى ئوغلۇمنى ئۆلتۈردى. مېنىڭ يۈرىكىمدىكى قىساس ئوتى ئۆچۈپ كەتكىنى يوق. ئىنتىقام ئۆلمەيدۇ! مەن ئەل - يۇرتۇمنىڭ ئۇلۇغ قوزغىلىڭىنى ئەلا بىلىپ، بۇ ئىشنى تېخى سۇرۇشتۇرمىدىم. بۇ ئىشنى سۇرۇشتۇرىدىغان كۈنلەر چوقۇم كېلىدۇ. خوجا قورقۇپ مۆكۈنۈۋالدى. ئۇنى ئىزدىمىدىم، ئىزدىتىپ ئادەممۇ ئەۋەتمىدىم. مەن مەزەمزات بىلەن خۇدانىڭ سۆزى بولغان قۇرئاننى تۇتۇپ، بىر - بىرىمىزدىن ھەرقانداق چاغدا يۈز ئۆرۈمەيمىز دەپ قەسەم قىلىشقان. مەن ئۆلۈمدىن قورقمايمەن. لېكىن، ھارام ئۆلۈپ كېتىشنىمۇ خالىمايمەن! — ئەمىر سەل ھاياجانلىنىپ قالدى. ئۇ سۆزىدىن توختاپ ئۆزىگە ھۆرمەت بىلەن قاراپ، سۆزىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلاۋاتقانلارغا تىكىلدى، — بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا مۆكۈنۈپ يۈرگەن خوجامنىڭ ئۇستۇمدىن ئىغۋا تارتىپ، مېنىڭ جېنىمنى ئېلىش كويىدا يۈرگەن بولسا كەلسۇن! مەن ئۇ سىڭار كۆزگە ھېچقانداق يامانلىق قىلمىغانىدىم. نېمىشقا مېنىڭ ھۆرمەتلىك قېيناتامنى، ئىككى يۈرەك پارەمنى ئۆلتۈرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى تېخىچە بىلەلمەي كېلىۋاتىمەن. ئۇنىڭ غەرىزى مېنىڭ ئەمىرلىكىمنى ئالماقچىمىدۇر؟! ئەگەر ئۇ، ئەل - يۇرت مەنپەئىتىنى ئەلا بىلىپ، ئەل - يۇرت ئۈچۈن ئەمىر بولۇشنى خالىسا، كەلسۇن، مانا مەن ئەمىرلىكىمنى

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭغا بېرەي ! — ئابدۇرۇسۇل بەگ يەنە سۆزىدىن توختىدى. ئۇنىڭ قوي كۆزلىرى يەنىلا سەممىيلىك نۇرلىرى بىلەن چاقناپ، چىرايىدا ھاياجان ياناتتى ، — ھېچكىم تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ . راست ، ماڭا قاراپ ئەجەل كېلىۋاتقان بولسا ، ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلۇشۇم مۇمكىنمۇ ؟ !

«مېنى ئۆلتۈرۈر بولسا تۇتقاي كەلام ،
كى بولسام شەھىد تاڭلا تاپقۇم مەقام .
كەلامى خۇداۋەندە گۇۋاھىم دۇرۇر ،
تەۋەككۇل مېنىڭ رەھنامايىم دۇرۇر .
كى ئۆلتۈرسە بىزنى قايۇ نەسەزا ،
خۇدانىڭ قازاسىغا بەردىم رىزا .»①

مېنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىمنى ئەزىز ئەل - يۇرتۇمغا يەتكۈزۈڭلار : ئەل - يۇرتۇم ماڭا ئىشەنسۇن ، چورۇق ھېكىم ئوغلىنىڭ كۇرە جاڭجۇنى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ! مەن پۇتۇن ئويۇم ، پۇتۇن كۆڭۈل كۈيۈم بىلەن ئەل - يۇرتۇمنى دەپ كەلدىم . ئۇنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ئازادلىقى يولىغا جېنىمنى ئاتاپ قويدۇم ، بۇ يولدا ئۆلۈپ كەتسەم قىلچىلىك پۇشايمىنىم يوق ! بەلكى ئۆزۈمنى ئەڭ شەرەپلىك ئۆلدۇم دەپ بىلىمەن ! — ئابدۇرۇسۇل بەگ ھاياجانلاندى . ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلەنگەن نازىمنىڭ كۆزلىرى چاقناپ ، چىرايىمۇ يالقۇن چېچىۋاتقان ئوتقىلا ئوخشىدى . ئۇ ئەمىرگە ھۆرمەت بىلەن قاراپ ئاغزىنى ئاچتى .

— ھۆرمەتلىك ئابدۇرۇسۇل بەگ ، ئەل - يۇرتىڭىز سىزدەك ئوغلى بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ . ئەگەر سىزدەك ۋاپادار ئوغۇللىرى شۇنچىلىك كۆپ بولسا ، ئەل - يۇرت شۇنچىلىك قۇدرەتلىنەتتى . ھۆرمەتلىك ئاتىڭىزنىڭ يولىدا مېڭىۋاتقان

① «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 - يىل 3 - سان 13 - بەت .

سىزدەك ئەل ئوغلىنى ، ياراتقان ئىگەم يامان سۆز ، يامان كۆز ، يامان بالا ـ قازالاردىن ساقلىغاي ! سىلى خەلققە كۆيدىلە . بۈگۈن خەلقمۇ سىلىگە كۆيمەكتە ! ئۆز ئوغلىنىڭ ھاياتىغا كۆڭۈل بۆلمەكتە ! سىلىگە ئەل ـ يۇرت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان يەردە ، ئۆزلىرى ئەل ـ يۇرت ئۈچۈن ئۆزلىرىگە كۆڭۈل بۆلمىسىلە بولامدۇ ؟ ! ئۆزلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشمۇ ، ئەل ـ يۇرت ئۈچۈن كۆيۈنگەنلىكلىرىنىڭ ئىپادىسى بولىدۇ ! — شائىر بىر تىنىۋېلىپ ، ئۆزىنى بىرئاز بېسىۋېلىپ ، سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى ، — بىلىدىلا : ئاللا يارىتىشنى مەن ياراتتىم ، يارىلىشنىڭ ئۆزۈڭدىن ! دېگەن . بۇ دۇنيا — سەۋەب دۇنياسى ، سەۋەب قىلساڭ چويلىدىمۇ سۇ توختايدۇ ، دەيدىغان سۆزمۇ بار . بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى تەقدىرگە تەن بېرىشنىڭ ئاللانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ . قاتتىقراق بولسىمۇ دەي : «خۇدانىڭ قازاسىغا بەردىم رىزا» دەپ تۇرماي ، سىلىگە قەست قىلماقچى بولغان مۇناپىقلارغا قارشى جەڭ قىلىشلىرى كېرەك ! خەلققە چىرايلىق كۇنلەرنى يارىتىپ بېرىشتە ، يالغۇز چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى بىلەنلا جەڭ قىلىش كۇپايە قىلمايدۇ . يەنە ئىچىمىزدىكى لەنتىلەر بىلەنمۇ جەڭ قىلىشىمىز زۆرۈر . سىلى رىزالىق بىلەن ۋاقتىسىز كەلگەن ئەزرائىلنى كۇتۇۋېلىپ ، خەلقنىڭ كۆزىنى ياشلاشنى خالامدىلا ؟ ! مېنىڭچە ، خالىمايدىلا ! ئەل ـ يۇرت سىلىنى قوغداشقا تەييارلانماقتا . سىلىمۇ ئۆزلىرىنى قوغداشقا تەييارلىنىشلىرى كېرەك ! سۇ ئۇخلىسا ئۇخلايدۇكى ، سىلىنى كۆرەلمەيدىغان دۇشمەنلىرى ئۇخلىمايدۇ .

نازىمىنىڭ سۆزلىرى ئەمىرگە تەسىر قىلدى . ئۇ ئولتۇرغانلارغا بىر ـ بىرلەپ قاراپ چىقىپ ، ھاياجان ئىچىدە سۆز باشلىدى :

— ماڭا ئىشىنىڭلار ! مەن بۇ ئىغۋانىڭ سېسىق چاۋىسىنى چوقۇم چىتقا يايىمەن ! ئۇنىڭ قارا يۈز ئىگىسىنى تېپىپ چىقىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خەلق سوتىغا تاپشۇرىمەن !

*　　　　*

ئابدۇرۇسۇل بەگ خوپتەن نامىزىنى ئۆزىنىڭ چېدىرىدا يالغۇز ئوقۇدى . ئۇ جايىنامازنى يىغىشتۇرۇپ ، ئورنىدىن تۇرغاندا ، چېدىرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئېگىز بويلۇق مۇھاپىزەتچى يىگىت بىر داستىخانغا يۆگەلگەن نەرسىنى كۆتۈرۈپ كىردى .

— بىر پۈتۈن قوزىنىڭ تونۇر كاۋىپىمۇ ؟ — دېدى ئەمىر مۇھاپىزەتچى يىگىتكە قاراپ ، ئۇنىڭ بۇرنىغا ئاق داستىخانغا ئورالغان تونۇر كاۋىپىنىڭ دورا ـ دەرمەكلىرىنىڭ پۇرىقى ئۇرۇلۇپ .

— شۇنداق ! — دەپ جاۋاب بەردى قامەتلىك مۇھاپىزەتچى قولىدىكى ئاق داستىخانغا ئورالغان قوزىنىڭ تونۇر كاۋىپىنى ئاۋايلاپ يەرگە قويۇۋېتىپ ، — خوجىدار ئەكەپتىكەن .

— مۇزلاپ قاپتىمۇ ؟

— ياق ، تېخى ئىسسىق .

— ئەمىسە ماڭايلى ، سوۋۇپ قالمىسۇن ، جاپالىق لەخمە كولاۋاتقان پالۋانلار ئىسسىقىدا يەۋالسۇن ، — دېدى ئەمىر چېدىرنىڭ ياغىچىغا ئېسىپ قويغان تاسما بەلۋاغلىق قىلىچىنى ئېلىۋېتىپ .

— قىلىچلىرىنىمۇ ئېسىۋالسىلا ! لېكىن ، قارا سەنسەن ياقىلىق جۇۋىلىرىنى ئۈستىدىن كىيىۋالمىسىلىمۇ بولمايدۇ . بۈگۈن سوغۇق بەكمۇ قاتتىق ، جاڭگىرلاپ كېتىپتۇ ، ئابدۇرۇسۇل بەگ جانابلىرى ، — دېدى بېشىغا تولكە قۇلاقچا ، ئۈچىسىغا سەنسەن ياقىلىق جۇۋا كىيگەن مۇھاپىزەتچى ئەمىرگە كۆيۈنگەندەك قاراپ .

— لەخمىنىڭ ئىچى ئىسسىقتۇر ؟ — دېدى ئەمىر ، جۇۋا كىيىۋالسام قولىشالماي قالارمەنمىكىن ؟

— ئۇستىلىرىدىكى كالتە موۋۇت چاپان بىلەن بارسىلا
مۇزلاپ قالىدىلا ! ياخشىسى ، جۇۋىلىرىنى كىيىۋالسىلا ، لەخمىگە
چۇشكەندە سىلىنىۋەتسىلە بولىدىغۇ ؟ !...
ئەمىر تاسما بەلۋاغلىق قىلىچىنى بېلىگە باغلاپ ئۇستىدىن
قارا سەنسەن جۇۋىسىنى كىيدى . ئۇنىڭ بېشىدا كەمچەت تۆپە
تۇراتتى . ئابدۇرۇسۇل بەگ چېدىرنىڭ ئىشىكىگە قاراپ ئاياغ
تاشلىدى . مۇھاپىزەتچى يىگىتمۇ ئاق داستىخانغا ئورالغان قوزا
تونۇر كاۋىپىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ كەينىدىن ئىشىكتىن چىقتى .
ئوچۇق ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى . يالىڭاچ دەل - دەرەخلەر
مۇزلاپ تىترەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى ، ئاپئاق قىلىن قار قاپلىغان
تۈزدە سوغۇق جاڭگىرلاپ بولۇۋاتاتتى . تۇكۇرگەن تۇكۇرۇك
يەرگە چۈشكىچە توڭلاپ قالىدىغان قاتتىق سوغۇقنىڭ نەشتىرى
مەش گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئىسسىق پاختىلىق چېدىردىن چىققان
ئەمىرنىڭ يۈزىگە سانجىلدى ، ئۇ كەمچەت تۆپىسىنى ئۇستىدىن
بېسىپ ، جۇۋىسىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ ، قارنى غاچىلدىتىپ
مېڭىپ كەتتى . ئۇنىڭ كەينىدىن ئاق داستىخانغا يۆگەلگەن تونۇر
كاۋىپىنى كۆتۈرۈپ مۇھاپىزەتچى يىگىتمۇ يول ئالدى .
ئابدۇرۇسۇل بەگ ئاخشام ناماز شامدىن كېيىن گۈرۈلدەپ
كۆيۈۋاتقان مەشكە قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ ، لەخمە كولاۋاتقان سادىر
پالۋان ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلىدىن ھال سوراپ كېلىشنى كۆڭلىگە
پۈكتى ، بارسا كولىنىۋاتقان لەخمىنى ئۆز كۆزى بىلەن بىر
كۆرۈپ بېقىش ئويىمۇ ئەمەلگە ئاشاتتى . تار ، ئۆرە تۇرغىلىمۇ
بولمايدىغان لەخمىنىڭ ئىچىدە موك يېتىپ ، موك قوپۇپ ، قۇياش
كۆرمەي كېچە - كۈندۈز شام يورۇقىدا لەخمە كولاۋاتقان ئاتا ۋە
ئۈچ ئوغلىنى قۇرۇق قول بېرىپ ھال سوراشنى خالىمىغان
ئەمىر ، خوجىدارنى چاقىرىپ ، بىر قوزىنى پۈتۈنلا تونۇر كاۋىپى
قىلىپ خۇپتەندە چېدىرغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى تاپىلىدى .
مۇھاپىزەتچى يىگىت كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان ، ئاق داستىخانغا
ئورالغان قوزىنىڭ تونۇر كاۋىپى سادىر ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

ئەكېتىۋاتقان ھال سوراش سوۋغىسى ئىدى...

ئەمىر ۋە مۇھاپىزەتچى يىگىت ئاق قارنى غاچىلدىتىپ دەسسەپ سېپىلغا قاراپ توختىماي مېڭىۋەردى . مانا ، تېخىچە ئېلىنمىغان باياندايى سېپىلى تۈن قاراڭغۇسىدا قارىيىپ كۆرۈندى . ئۇنىڭ ئۈستىدە ھەر يەر ـ ھەر يەردە پانۇسلار يورۇق چېچىپ ياناتتى . ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ كۆز ئالدىغا سوقۇلۇۋاتقان سېپىلنىڭ دەھشەتلىك كۈنلىرى كەلدى . بۇ ئېگىز ۋە ھەيۋەتلىك سېپىلنى سوقىقچە قاراۋۇللارنىڭ ئوقىدا ، يۇقۇملۇق كېسەللەردە ، ئاچ ۋە ھارغىنلىقتا ئۆلۈپ كەتكەنلەر ئاز ئەمەس ئىدى... باياندايغا قىلىنغان بىرقانچە قېتىملىق ھۇجۇملاردىمۇ تالاي ـ تالاي قېرىنداشلار قۇربان بولدى . قوزغىلاڭچىلار ئۆزلىرى سانسىز يۇرتداشلىرىدىن ئايرىلىپ سوققان ، بۇگۈن نەچچە قېتىملىق ھۇجۇمدا بىھېساب قۇربان بېرىپ ئالالمىغان سېپىل يېنىدا تىتىلداپ ياتاتتى . ئۈمىد سادىر پالۋان ئۈچ ئوغلى بىلەن كولاۋاتقان لەخمىدە بولۇپ ، لەخمە پۈتكەن كۈنى كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم باشلىناتتى . ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ كېچىدە ، قەھرىتان سوغۇققا قارىماي لەخمىنى كۆرۈش ۋە لەخمە كولاۋاتقانلاردىن ھال سوراش ئۈچۈن كېلىشىنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدى . بۇ قېتىمقى ھۇجۇمنى باشلاش سادىرلار كولاۋاتقان لەخمە ۋە ئۇ پارتلىغاندىن كېيىن ئېچىلىدىغان ھۇجۇم يولىغا باغلىق بولۇپ تۇراتتى .

سېپىل يېنىغا پەقەت كېچىسىلا كەلگىلى بولاتتى . كۈندۈزى بارسا سېپىل ئۈستىدىكى چېرىكلەر مىلتىق ۋە ئوقيالىرىدىن ئوق ئېتىپ ، ئوت ۋە ماي چېچىپ يېقىن يولاتمايتتى . قاراڭغۇ كېچىدە بارغاندىمۇ ، ئەگەر دۈشمەنلەر كەلگەنلەرنى سېزىپ قالسا ، خىش ـ كېسەك ، ئوق ئېتىپ ، ئوت ۋە ماي چېچىپ سېپىلغا يېقىن كەلتۈرمەيتتى . ئابدۇرۇسۇل بەگ ۋە ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىسى بىر يوغان قارىياغاچ كەينىگە كېلىپ ، بىردەم سېپىلغا قاراپ تۇردى . پانۇسلار يورۇتقان سېپىل ئۈستىدە بىرمۇ باش كۆرۈنمەيتتى . بەلكىم ، چېرىكلەر سوغۇقتىن شۈمشىيىپ

قوغدىنىش تېمى دالدىسىدا ئولتۇرۇۋالغان بولۇشى مۇمكىن .

ئەمىر بىلەن مۇھاپىزەتچى يىگىت يۇگۇرۇپ دېگۇدەك مېڭىپ سېپىل تۇۋىگە كېلىۋالدى . ئۇلارنىڭ ئاياغلىرىدىن چىققان غاچىلدىغان ئاۋازنى ئاڭلىغان بولسا كېرەك ، چېرىكلەر سېپىلنىڭ قوغدىنىش تېمىدىن بېشىنى چىقىرىپ تۆزگە قاراشتى . ئالدىقاچان سېپىل تۇۋىگە بېرىۋالغان ئابدۇرۇسۇل بەگ بىلەن مۇھاپىزەتچى يىگىت ئاغزىغا تارتىلغان كىگىزنى قايرىپ لەخمىگە كىرىپ ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئەگىشىپ ئالدىغا كېتىۋاتاتتى . ئىككىلىسى لەخمىنىڭ ئىچىدە يورۇق كۆرۈپ ، سادىر ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى كولاۋاتقان يەرگە يېقىنلاپ قالغانلىقىنى بىلدى ، ئۇلارغا لەخمە كولاۋاتقان جوتۇنىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلاندى .

ئابدۇرۇسۇل بەگ بىلەن مۇھاپىزەتچى يىگىت ئالدىغا ماڭالماي توختاپ قالدى . قىسقا ساپلىق جوتۇ بىلەن لەخمە كولاۋاتقان يىگىت ، ئولتۇرغان ئورنىدىلا كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى .

— ئاتاڭنى ئويغات ! — دېدى ۋارقىراپ مۇھاپىزەتچى يىگىت .

— سىلەر كىم ! — سورىدى ھاڭ ـ تاڭلىق ئىلكىدە ، ئاتىسى سادىرغىلا ئوخشايدىغان قامەتلىك يىگىت .

— بۇ ئادەم ئابدۇرۇسۇل بەگ ، مەن ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىسى .

لەخمە كولىنىۋاتقان يەردىن ئىككى قەدەمدەك بېرىدە ، سادىر ئاستىغا كۆرپە سېلىپ ، بېشىغا چاپانلىرىنى قويۇپ يېنىك خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى . سادىردىن كېيىن ئىككى ئوغلىمۇ ئاتىسىدەك لەخمىنىڭ ئۇزۇنىسىغا يېتىپ شېرىن چۈش كۆرەتتى . ئۇلارنىڭ ئاستىدىمۇ كۆرپە ، باشلىرىدا چاپانلىرى تۇراتتى . ئەمىر بىلەن مۇھاپىزەتچى يىگىتنىڭ ماڭالماي توختاپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئۇخلاۋاتقانلارنى ئاتلاپ ئۆتكىلى بولمىغانلىقى ئىدى .

— ئاتا ! ئاتا !… — دەپ ۋارقىرىدى ئوغۇل ، ئاتىسىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قبشغا ئۆمىلەپ كېلىپ ، مۇرىسىدىن تۇتۇپ سىلكىپ .
— ھە… نېمە بولدى؟ يېڭىلا ياتتىمغۇ؟ — دېدى سادىر كۆزىنىمۇ ئاچماي ، سەل خىڭىلداپ تېرىككەندەك .
— ئابدۇرۇسۇل بەگ كەلدى !…
پالۋان «ئابدۇرۇسۇل بەگ كەلدى» دېگەننى ئاڭلاپ ، ئوڭۇمۇ ، چۈشۈمۇ بۇ ، دەپ ھەيرانلىق ئىلكىدە ، كۆزلىرىنى يېرتىپ ئېچىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى . ئۇ ئوغۇللىرىنىڭ ئايىغىدا ئېگىشىپ تۇرغان ئەمىرنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندەك تىكىلدى :
— راستىنلا بۇ ، سىلىمۇ ، ئەمىر جانابلىرى ! ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم !
— مەن ! مەن !… سىلەرنى يوقلاپ كەلدىم ! — دېدى ئەمىر كۈلۈپ ، — ئەسسالامۇئەلەيكۇم ! …
سادىر كۆڭلىكىنى ئېلىپ ئالدىراپ كىيىشكە باشلىدى .
— ھەي !… كۆزلىرىمگە يەنىلا ئىشەنمەيۋاتىمەن . سىلەرنى بۇ كېچىدە قانداق شامال بۇ يەرگە ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ — دەيتتى سادىر خۇشاللىقىدىن نېمە دېيىش ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ، — بېگىم ، كېچىدە چۈشلىرى بۇزۇلۇپ قالمىغاندۇر؟
— ياقەي ! — دېدى ئەمىر كۈلۈپ ، — دېدىمغۇ سىلەردىن ھال سوراپ كەلدۇق ، دەپ !
— ئاكىلىرىڭنى ئويغاتقىن ، تۆرەمقۇلى ! — دېدى پالۋان تېخىچە يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان كىچىك ئوغلىغا قاراپ ، ئوغۇل ئۆمىلەپ بېرىپ ئالدىدا چوڭ ئاكىسى دەۋرانقۇلىنى ، ئارقىدىن كىچىك ئاكىسى ئاللاقۇلىنى ئويغىتىشقا باشلىدى .
— قارا ، بۇلارنىڭ ئۆلۈكتەك قېتىپ ئۇخلاپ كەتكىنىنى ! تۇرۇڭلار ، مېھمان كەلدى ! — دېدى سادىر يوغان ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ .
دەۋرانقۇلى بىلەن ئاللاقۇلىمۇ كۆزلىرىنى ئېچىپ ئۆزلىرىنىڭ ئايىغىدا تۇرغان ئابدۇرۇسۇل بەگنى تونۇپ

ئالدراپ - تېنەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى .

ئىككى قاتلاپ سېلىنغان قارا كىگىز ئۈستىدە لەخمىنىڭ بىر چەت تېمىغا يۆلىنىپ ئابدۇرۇسۇل بەگ بىلەن مۇھاپىزەتچى يىگىت ئولتۇراتتى . لەخمىنىڭ كەڭلىكىگە ئاران بىر ئادەم پاتاتتى . شۇڭلاشقا سادىر ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئابدۇرۇسۇل بەگلەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ، لەخمىنىڭ يەنە بىر چەت تېمىغا يۆلىنىپ ، بىر-بىرىگە قىسىپاش قارىشىپ ئورۇن ئالدى . ئەمىر مۇھاپىزەتچىسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ، سادىر ئوغۇللىرىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە ئولتۇرغانلىقتىن ، ئىككىسى بىر - بىرى بىلەن يۈزمۇ يۈز ئولتۇرۇپ سۆزلەشكەندەك سۆزلىشەتتى . ئۇلارنىڭ ئالدىغا سېلىنغان ئۇزۇن لۆڭگىدەك داستىخانلاردا پارچىلانغان ، ئۇنچىلىك مۇزلاپ كەتمىگەن قوزا تونۇر كاۋپى تۇراتتى . سادىر ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئوخشىغان ، دورا - دەرمىكى تېتىغان قوزا تونۇر كاۋپىنى مەززە قىلىپ يەيتتى . ئەمىر بىلەن ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچى يىگىتىمۇ ئىغىز تېگەتتى .

— قارىسام ، پالۋان ، لەخمىنى كولاش سۈرئىتىڭلار خېلىلا تېزغۇ ! — دېدى ئەمىر ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ، بىر تال قوۋۇرغىلىق گۆشنى يەۋېتىپ ، — سىلەر لەخمە كولاشقا بىر ئايدىن ئېشىپ قالدىغۇ دەيمەن ، خېلى ئۇزۇن ئارىلىقنى كولاپ بوپسىلەر ! باياندايدىكى ئوق - دورا ئامبىرىغا يېقىنلاپ قالدىڭلارمۇ قانداق ؟ !

— بۇ قېتىم لەخمە كولاش سۈرئىتىمىز ئۆتكەنكىدىن خېلىلا تېز بولدى ، — دەپ سۆز باشلىدى سادىر تونۇر كاۋاپ قىلىنغان قوزىنىڭ گۆشلۈك يېرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ، — قوزغىلاڭ كۆتۈرگىلى بىر يىلدىن ئېشىپ قالدى ، تېخىچە باياندايىنى ئالالمىدۇق . ئويلىسام ئىچىم تىتىلداپ كېتىدۇ . ئوغۇللارنى هاي ، هۇي… دەپ يۈرۈپ لەخمىنى تېزرەك كولاپ پۈتتۈرۈشكە

www.uyghurkitap.com

تىرىشتىم . لەخمە پۈتسە باياندايغا ھۇجۇم باشلايدىغان گەپ ـ دە !
بۇ قېتىم ، خۇدايىم بۇيرۇسا ، باياندايى سېپىلىنىڭ توپىسىنى
ئاسمانغا توزۇتۇپ ، باياندايىنى چوقۇم ئالىمىز ! خۇدايىم بۇيرۇسا
ئۆزۈم بىرىنچى بولۇپ باياندايغا بېسىپ كىرىمەن !

— ئېيتقىنىڭدەك بولغاي ، سادىركا ! — ئەمىر بىر
تىنىۋېلىپ ، — قاچانلاردا لەخمىنى كولاپ پۈتتۈرىسىلەر ؟ !

— مەن رامزاننىڭ باشلىنىشى[1] بىلەن پۈتتۈرۈشنى
ئويلاۋاتىمەن . يەنە بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت بار ، — دېدى
يىلىكنىڭ گۆشىنى يەۋاتقان پالۋان .

— بولىدىكەن ! بۇ يىل رامزان قىشنىڭ تازا قەھرىتان
سوغۇقىدا كېلىدۇ . مەيلى سوغۇق قانچىلىك قاتتىق بولمىسۇن ،
لەخمە پۈتسىلا ، باياندايغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم باشلايمىز ! —
دېدى ئەمىر قويۇق ، قىرقىما ساقاللىرىنى سىلاپ تۇرۇپ ، ئۇنىڭ
كۆزلىرىدە قەتئىيلىك ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى ، — بۇ قېتىم
قانچىلىك قۇربان بەرمەيلى ، باياندايىنى چوقۇم ئالىمىز !

سادىر گۆشنى پاكىز يەپ تۈگىتىپ ، يىلىكنىڭ
ئۇستىخىنىنى داستىخانغا قويۇپ ، قولىنى لۆڭگىگە ئېرتتى .

— ھوي ، سادىركا ، توختاپ قالدىڭغۇ ؟ يەنە بىر پارچە
يېگىن ! — دېدى ئەمىر پالۋاننى گۆشكە تەكلىپ قىلىپ .

— ئېشىپ قالغانلىرىنى ئەكەتمەسلا ؟ — دەپ سادىر كۈلمەي
ئابدۇرۇسۇل بەگكە تىكىلدى . لېكىن ئۇنىڭ ئېغىزلىرى
ئەتراپىدىن كۈلكە چېچىلىپ تۇراتتى ، — ئەكەتمىسەڭلار ، ئەتە
يېسەكمۇ بولىدىغۇ ! ؟ — ئەمدى ئۇ كۈلۈپ قويدى ، — رەھمەت ،
بىزنى ئۇنتۇماي يوقلاپ كەلگەنلىرىگە ، ئەمىر جانابلىرى !

— ماڭا رەھمەت ئېيتمىغىن ، بۇ گۆشنى ساڭا ، سادىركا ،
جەڭ قىلىۋاتقان ئەل ـ يۇرتۇڭ ئەۋەتتى . رەھمەت ئېيتساڭ
شۇلارغا ئېيت !

---

[1] رامزاننىڭ باشلىرى — 1866 ـ يىلىنىڭ 1 ـ ، 2 ـ ئاي باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ .

— ئەكەلگەن سىلىگىمۇ ، ئەۋەتكەن ئەل - يۇرتۇمغىمۇ رەھمەت ! — سادىر قولىنى ئېرتقان لۆڭگىنى يەنە ئوڭ تىزى ئۈستىگە قويۇپ ، ئەمىرگە قارىدى . ئۇنىڭ يوغان ئېچىلغان كۆزلىرىدە ئابدۇرۇسۇل بەگدىن بىر نەرسىنى سورىماقچى بولۇۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى ، — ئۈستىلىرىدىن بىر يامان ئىغۋانىڭ چىققانلىقى راستمۇ ؟

— راست ، مەن توغرۇلۇق ئىغۋا تارقىلىپتۇ ، سادىركا ، مېنىڭ كۈرە جاڭجۇنى بىلەن ئالاقەم بارلىقىغا ئىشىنەمسەن ؟ !

— كۈرەگە بارمىغان سىلىنىڭ جاڭجۇن بىلەن ئالاقىسى بار دېيىلىسە ، يېڭىلا كۈرەدىن كەلگەن مەزەمزاتنىڭ نېمىسى باردۇر ؟ — دېدى تۈز كۆڭۈل پالۋان مىيىقىدا مەنىلىك كۈلۈمسىرەپ .

— بىلىسەن ، — دەپ ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن سۆز باشلىدى قارا كۆزلىرى چاقناپ كەتكەن ئەمىر ، سادىرغا قاراپ ، — مېنىڭ ھۆرمەتلىك قېيناتام بىلەن ئىككى ئوغلۇمنى چىغلىقمازارلىق ئەخمەتخان خوجا ئۆلتۈردى . بۇ زادىلا تاسادىپىي بولغان ئىش ئەمەس ، مەقسەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان سۇيىقەست . قاتىل سىڭار كۆز ، لېكىن ئۇنىڭ كەينىدە ئۇنى كۈشكۈرتكەن ئادەم بار ! بۇ ئادەم دەل سەن ئىسمىنى ئاتىغان ئادەم ! — ئابدۇرۇسۇل بەگ سۆزىدىن توختاپ پالۋانغا قارىدى . سادىر ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن جىددىي قىياپەتتە قاراپ تۇراتتى . ئەمىر بۈگۈن يەر ئاستى لەخمىدە سادىرغا ئۆز يۈرىكىنى ئېچىپ كۆرسىتىۋاتاتتى . بۇ يۈرەكتە قان ، غەزەپ ، ئىنتىقام ۋە مۇھەببەت ئاقاتتى ، — ھاكىمبەگ بۇرۇندىن تارتىپلا مېنى كۆرەلمەي ، مېنىڭ بىلەن ئېتىشىپ كەلدى . مەن ئەل - يۇرتۇمغا ئۆپكەمنى قاقسام ، ئۇ مېنىڭ بۇ قىلغىنىمنى ياراتمىدى . ئۇ : «ئابدۇرۇسۇل بەگ يالاڭ تۆشلەرگە ياخشى كۆرۈنۈپ ، مېنىڭ

بىلەن قارشىلىشىۋاتىدۇ» دەپ گەپ تارقاتتى. بۇ قېتىم ئۇ كۆرەدىن كېلىپ مېنى خەلق قوزغىلىڭىدىن يىراقلاشتۇرۇش نىيىتىگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، چىغلىقمازاردىن ئاللاھتەن ئەتىۋارلاپ ئەكەلگەن، بوك ئال دېسە باش ئالىدىغان ئەخمەتخان خوجىنى ئىشقا سېلىپ، قېيناتام بىلەن ئىككى ئوغلۇمنى ئۆلتۈرگۈزدى. ئۇنىڭ مەقسىتى مېنى قايغۇ - ھەسرەت ئىچىگە تۈنجۇقتۇرۇۋېتىپ، خەلق قوزغىلىڭىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئىدى. تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ قوش - قوش مۇسىبەتتىن ئەقلىمدىن ئازغاندەك بولۇپ قالغان بولسامۇ، كېيىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. موللا ناسىر ئەلەم ۋە سۆيۈملۈك ئەل - يۇرتۇمنىڭ سۆزلىرى بىلەن مەن يەنە باياندايغا كەلدىم. بۇنى كۆرگەن مەزەمزاتنىڭ ئىچىدىن قان كەتتى. بولۇپمۇ بۇ قېتىمقى خا دارىبىنىڭ ئون يەتتە مىڭ چېرىكى بىلەن قىلغان ئۇرۇشىمىزنىڭ غەلىبىسى ھاكىمبەگنىڭ يۈرىكىنى ئۆرتىۋەتتى. ئۇ ماڭا قارشى يەنە بىر سۇيىقەستنى دەرھال پىلانلاپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ قولچومىقى سىگار كۆز ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئارقىلىق مېنىڭ ئۈستۈمدىن توقۇغان ئىغۋاسىنى تارقاتتى، — ئەمىر بىر ئۇھ تارتىپ سۆزىدىن توختىدى. شۇ تاپتا بۇ قەيسەر ئادەمنىڭ يۈرىكى ئازابلىنىۋاتقانلىقى چىرايىدىنلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بەزىدە ئادەم ئۆزىگە يامانلىق قىلغان ئادەمنى بىلىپ تۇرسىمۇ، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئېغىز ئاچالماي قىينىلىدۇ. ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ شۇ تاپتىكى روھىي ھالىتى دەل شۇنىڭغا ئوخشايتتى، — مەن، سادىركا، ئەخمەتخان خوجىدىن قېيناتام ۋە ئىككى ئوغلۇمنىڭ قىساسىنى ئېلىشنى ئويلىدىم. قىلىچىم غىلاپىدىن چىقسىلا، مەزەمزاتنىڭ ئارىلىشىدىغانلىقىنى، خوجىنى قانات ئاستىغا ئالىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. قوزغىلاڭچىلار ئارىسىدا ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ئاز ئەمەس، نەتىجىدە بۆلۈنۈش كېلىپ چىقاتتى. قوزغىلاڭ بىر چەتتە قايرىلىپ قېلىپ، ئۆزىمىز بىلەن ئۆزىمىز

ئۇرۇشۇپ كېتەتتۇق ، — ئابدۇرۇسۇل بەگ سۆزىدىن توختاپ ، بىر پاكار كۆتەك ئۈستىدە يېنىۋاتقان شامغا تىكىلدى . ئەمىرمۇ خۇددى شۇ شامدەك كۆيۈۋاتاتتى . ئەخمەتخان خوجىدىن قىساس ئالالمىغانلىقىدىن ، ئۈستىدىن ئىغۋا تارقاتقان مەزەمزاتنى ئوچۇق - ئاشكارا پاش قىلالمىغانلىقىدىن ئۇنىڭ يۈرىكى شامدەك كۆيۈپ ئېقىۋاتاتتى ، — مەن ، سادىركا ، ئەل - يۇرتۇم دەپ كېلىۋاتقان ئادەمغۇ ! ؟ ئەزىز ئەل - يۇرتۇمنىڭ ئۇلۇغ ئىشىنى قانداقمۇ ئىككىگە بۆلۈۋېتەلمەيمەن ؟ ! ئەل - يۇرتۇمنىڭ ئازادلىقى ۋە بەختلىك كۈنلىرى ئۈچۈن مەيلى مەن نېمە بولسام بولاي ، دەپ دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ يۈرۈۋاتىمەن !…

سادىر بۇرۇندىن ئابدۇرۇسۇل بەگنى ياخشى چۈشىنەتتى ، ئەل - يۇرتنى ئۆزىدىنمۇ ياخشى كۆرىدىغان مىجەزىنى ئوبدان بىلەتتى ، بۈگۈن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ، ئەمىرنىڭ ئەل - يۇرتى ئۈچۈن خۇددى قۇياشتەك نۇر چېچىپ يېنىۋاتقان يۈرىكىنى كۆرگەندەك بولدى . ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي ئىتتىك كېلىپ ، ئەمىرنى قۇچاقلىۋالدى .

— ئابدۇرۇسۇل بەگ ، راستىنى دېسەم ، سىلىنىڭ باشلىرىغا كەلگەن ئىشلار مېنىڭ بېشىمغا كەلسە ، مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ، ئەخمەتخان دېگەن نېمىنى قىيما - چىيما قىلىۋېتەتتىم ، ھاكىمبېگى ۋارقىراپ چىقسا ، ئۇنىمۇ كانىيىدىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ ، ئۆلۈكىنى قاغا - قۇزغۇنلارغا تاشلاپ بېرەتتىم . مەن سىلىدەك چوڭقۇر ئويلاپ كەتمەيتتىم . سىلىنى ، ئەمدى تېخىمۇ بىلدىم . ئەل - يۇرتىمىزنىڭ ھەقىقىي كۆيۈنىدىغان ئاتىسى ئىكەنلا ! خۇدايىم سىلىنى ئەل - يۇرتىمىزنىڭ بەختى ئۈچۈن ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي !…

پالۋان ھاياجان ئىچىدە ئەل - يۇرت ئاتىسىنى قۇچاقلاپ ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ تۇراتتى . ئەمىرنىڭ مۇھاپىزەتچىسىمۇ ، سادىرنىڭ ئوغۇللىرىمۇ ، بۇ ئۇلۇغ ئادەمنىڭ سۆزلىرىدىن

www.uyghurkitap.com

تەسىرلىنىپ ، ھاياجان ئىچىدە ئۇنىڭغا قارايتتى . شۇ تاپتا بىر كىشى ئاران ماڭالايدىغان ، شاملار يورۇتقان لەخمىنىڭ ئىچى ھاياجانغا تولۇپ كەتتى...

* *

ئەخمەتخان خوجا دانىيال بەگنى ئېلىپ بىشىر باشلىق چېرىكلىرى بىلەن باياندايدىكى قوزغىلاڭچىلار بارگاھىغا كېلىپ ، ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ چېدىرىنى مارىلايدىغان بولدى . ئۇ ئەمىرنىڭ ئۆز چېدىرىدا يالغۇز قالىدىغان پەيتنى كۆزىتەتتى .

كۈنلەر بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ كەينى ـ كەينىدىن ئۆتمەكتە . بىرقانچە كۈننىڭ ئالدىدا ياغقان قېلىن قار دالا ـ تۈزنى قاپلاپ ، سوغۇقنى تېخمۇ كۈچەيتىۋەتتى . ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر توڭلاپ ، قەھرىتان سوغۇق جاندىن ئۆتەتتى . كېچىدە قالغان بەزى بىچارىلەرنىڭ توڭلاپ ئۆلگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرلەر چىقىپ تۇراتتى . سوغۇقنىڭ قاتتىق بولۇشىغا قارىماي ، سىڭار كۆز ، دانىيال بەگلەر كۈندە كېچىدە كېلىپ ئەمىرنىڭ چېدىرىنى يەنىلا پايلاتتى...

بۈگۈن باراتنىڭ بىرىنچى كۈنى[1] جۈمەگە كىرىدىغان كېچە ، قارا سەنسەن ياقىلىق جۇۋىغا ئورىلىپ قارىياغاچ تېگىدە كېچىدە قارا ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ ، دانىيال بەگ بىلەن بىللە تۇرغان خوجا كېلىۋاتقان بىشىرنى كۆردى . ئونبېشى قېلىن قارنى كېچىپ ، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ كېلەتتى . ئۇنىڭ ئېتى ياندىكى قارىياغاچتا باغلاقلىق تۇراتتى .

ھەممە ياق قاراڭغۇ . ئوچۇق ئاسماندىكى يۇلتۇزلار جۇلالىنىپ چاقنايتتى . سوغۇق ھەددىدىن زىيادە قاتتىق بولۇپ ،

---

[1] ھىجرىيە 1812 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ، مىلادىيە 1865 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى .

ئۈنىڭ نەشتىرى يۈزلەرگە سانجىلاتتى . بىر ۋەھىمە بىلەن
خۇرسىنىۋاتقان كېچە جىمجىتلىق ئىچىدە ھۇۋلايتتى . بېشىغا
تۇلكە قۇلاقچا ، ئۈستىگە چەكمەن كىيىپ ، بېلىنى قىلىچ
ئېسىلغان تاسما بەلۋاغ بىلەن باغلىۋالغان بېشىر ئەخمەتخاننىڭ
يېنىغا كېلىپ توختىدى .

— چېدىردا ئەمىر بىلەن ئىسھاق بەگلا قالدى . تالادىكى
مۇھاپىزەتچىلىرىمۇ كۆپ ئەمەس ، مېنىڭچە ، غوجام ، پۇرسەت
كەلدى ! — دېدى ئۇ ، بىرى ئاڭلاپ قالىدىغاندەك پىچىرلاپ .

— ماڭايلى ، دانىيال بەگ ! — دېدى بۇرۇت ـ ساقاللىرىغا
ئاپئاق مۇز دانىچىلىرى ئېسىلغان سىڭار كۆز ئېتىغا سەكرەپ
مىنىپ ، دانىيال بەگمۇ ئېتىغا مىنىپ خوجىنىڭ كەينىدىن
ماڭدى . ئاتلىرىغا مىنگەن بېشىر ۋە قالغان چېرىكلەر ئۇلارنىڭ
كەينىدىن ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ چېدىرىغا قاراپ يول ئالدى .

ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ جېنىغا تىكىلگەن شۇملۇق ۋە
سۇيىقەستنىڭ ئەزرائىلى چېدىرغا يېتىپ كەلدى . بىر كۆزلۈك
جەبرائىل ئېتىدىن چۈشۈپ چۇلۋۇرنى يېنىغا كەلگەن بىر
چېرىككە تۇتقۇزدى ، ئۇ ھېچنېمە دېمەي ، ئىشىكى يېپىقلىق
تۇرغان چېدىرغا قاراپ ماڭدى . چاپار ئېتىدىن چۈشكەن دانىيال
بەگ ۋە بېشىرمۇ خوجىنىڭ كەينىدىن يول ئالدى . ئاتلارنىڭ
چۇلۋۇرنى تۇتۇپ تۇرغان چېرىكلەر بىلەن قالغان چېرىكلەرمۇ
چېدىرنىڭ يېنىغا كەلدى .

ئەمىر تېخى ياتمىغان ، ئۇ مەشنىڭ يېنىدا ئىسھاق بەگ بىلەن
پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى . يوغان ياستۇق مەش گۈرۈلدەپ
كۆيۈۋاتاتتى . پاختىلىق چېدىرنىڭ ئىچى ئىسسىق بولۇپ ، ئۈچ
شام يېنىۋاتقان مىس شامدان كىچىك شىرەنىڭ ئۈستىدە تۇراتتى .
چېدىرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بىرىنىڭ كىرگەنلىكىنى سەزگەن
ئابدۇرۇسۇل بەگ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى . ئۇ كۆزلىرى
چەكچەيگەن ، تەلەتى سۆرۈن ئەخمەتخاننى كۆرۈپ ، ئورنىدىن
تۇردى . بويى ئانچە ئېگىز بولمىغان ئىسھاق بەگمۇ ئەمىر بىلەن
تەڭلا تۇرۇپ خوجىغا قارىدى . يەكچەشمە سالاممۇ قىلماي ،
ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى . ئەمىر كۆزىدىن

www.uyghurkitap.com

زەھەر چېچىلىۋاتقان ئەخمەتخانغا تىكىپ ، ئىچىدە : «ئاھ ، ئىشنى خام قىپتىمەن ! خوجىنىڭ پېيىمدە يۈرگەنلىكىگە سەگەك بولماپتىمەن··· » دەپ ئويلىدى . بېشىغا قىزىل مانچېستېر دوپپا ، ئۈستىگە كالتە موۋۇت چاپان كىيگەن بۇ ئەل ئوغلى پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ ، گۈلگۈن چىرايى ئۆڭمىدى .

— ھە ، خوجا ، قەھرىتان قىشنىڭ بۇ سوغۇق كېچىسىدە نېمە ئىش بىلەن ئالدىمغا كەلدىڭ ؟ — دېدى ئەمىر يوغان كۆزلىرىدىن غەزەپ ۋە نەپرەت ئوتلىرىنى چېچىپ ، ئۇنىڭ قىزارغان گۈلگۈن چىرايىدا يەنىلا قەيسەرلىك جەۋلان قىلاتتى . ئامال قانچە؟ قىلىچى چېدىرنىڭ كەينىدىكى ياغىچىغا ئېسىقلىق تۇراتتى . ئۇ بىر قاراپ چوڭقۇر خۇرسىندى . ئاھ ، قىلىچى يېنىدا بولسا ، ھېلىغۇ بىر خوجىكەن ، ئون خوجا بولسىمۇ بوزەك بولمايتتى . سىڭار كۆزنىڭ كەينىدە تۇرغان ئونبېشى ، ئۇنىڭ گەۋدىسىنىڭ دالدىسىدا قىلىچىنى غىلاپىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ ، خوجىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى . ئەخمەتخان شۇنداق بىر تېزلىك بىلەن قىلىچىنى كۆتۈرۈپ ئەمىرنىڭ بېشىغا ئۇردى . ئۆتكۈر قىلىچ ئەمىرنىڭ بېشىنى كېسىپ قېشىغا كېلىپ توختىدى . ئابدۇرۇسۇل بەگ «ئاللا !» دەپ مەشىنىڭ يېنىغىلا يىقىلدى ، ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزى قىپقىزىل قانغا بويىلىپ كەتتى . يەكچەشمە ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ قىپقىزىل قېنى بىلەن بويالغان قىلىچىنى دائىم خۇشخۇي يۈرىدىغان ئىسھاق بەگنىڭ كۆكسىگە تىقتى . ئەمىرنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇۋاتقان ئىسھاق بەگ ئۆز كۆكسىگە قىلىچ تىقىلىدىغانلىقىنى بىلمەي قالدى . ئۇمۇ «ئاللا !» دەپ ئەمىرنىڭ يېنىغا يىقىلدى ، كۆكسىدە ئېچىلغان بۇلاقتىن قىپقىزىل قېنى بۇلدۇقلاپ چىقاتتى .

ئەمىرنىڭ تىنىقى تېخى توختىمىدى . ئۇ ئاستا پىچىرلاپ : «ئاللا ! ئەل ـ يۇرتۇمنى مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتكۈزگەيسەن !» شۇ سۆزلەرنى مىڭ تەستە دېگەن ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلماي تىنىقى توختىدى . ئەل ئوغلىنىڭ ئوچۇق كۆزلىرى گويا ئورۇندىيالمىغان مۇقەددەس ئارمانلىرىغا تىكىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى .

شۇملۇق قاقاقلاپ كۈلگەن ئاشۇ كېچە ئەرشتىكى تەڭرىمۇ، ئۇنىڭ بارلىق پەرىشتە ـ مالائىكىلىرىمۇ كۆزلىرىدىن ياش تۆكتى. بىر ئۇلۇغ ئادەم ئار ـ نومۇس، ۋىجدان دېگەنلەرنى بىلمەيدىغان، ئەل ـ يۇرت دېگەننى ئويلاپمۇ قويمايدىغان؛ قېرىنداشلىرىنىڭ قېنى ۋە جەسىتىنى دەسسەپ بايلىق، هوقۇق ۋە شان ـ شۆهرەت ئىزدەيدىغان بىر مۇناپىقنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىكىدىن ئۇلارنىڭ يۈرەك ـ باغرى قان بولدى.

هەي، قارا يۈز، ئاسمان ئەمدى ماڭا دوپپا، زېمىن ماڭا كەشە بولىدۇ، دەمسەن؟ ياق! سەن باشقىنى قانداق ئۆلتۈرگەن بولساڭ، سەنمۇ شۇنداق ئۆلىسەن! ياخشىلارنىڭ قېنى ئۆزىنى تۆككەنلەرنى چوقۇم تۇتىدۇ، ياخشىلارنىڭ ئاهۇ زارى تۆهمەتچىلەرنىڭ گېلىنى بوغىدۇ، بۇ قىساسلىق ئالەم!...

ئەخمەتخان بىر چەتتە قورقۇپ قاراپ تۇرغان دانىيال بەگكە غەزەپ بىلەن ئالىيىپ قارىدى:

— بەز يېگەن مۈشۈكتەك نېمىگە قاراپ تۇرىسەن، دانىيال؟ تېز كېلىپ هېلىقى مەكتۇپنى ئابدۇرۇسۇلنىڭ يانچۇقىغا سالمامسەن! ؟...

خوجىنىڭ غەزەپلىك ۋارقىرىشىدىن هوشىغا كەلگەن دانىيال بەگ ئۆزى يېزىپ تەييارلىغان «كۇرە جاڭجۇننىڭ مەكتۇپى» نى ئىتتىك كېلىپ، قىزىل قېنىغا مىلىنىپ ياتقان ئەمىر چاپىنىنىڭ ئىچ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى. دەل شۇ چاغدا چېدىر ئىچىدىكى تاراق ـ تۇرۇق، ۋاڭ ـ چۇڭنى ئاڭلىغان قاراۋۇللارنىڭ بىرى چېدىرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، بېشىنى تىقىپ ئىچىگە قارىدى. ئۇ قان ئىچىدە ياتقان ئەمىر بىلەن ئىسهاق بەگلەرنى كۆرۈپ، بار ئاۋازى بىلەن داد ـ پەرياد كۆتۈردى. جىمجىت كېچىدە خۇددى گۈلدۈرمامىدەك ياڭرىغان داد ـ پەريادنى ئاڭلىغان باشقا قاراۋۇللار، يېقىن ئەتراپتىكى چېدىرلاردىن چىققان قوزغىلاڭچىلار ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ چېدىرىغا يۈگۈرۈشۈپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى چوڭلىرى چېدىرغا كىرىپ ئەخمەتخان، دانىيال بەگ، ئونبېشى بېشىرلارنى كۆرۈپ ئەمىر بىلەن ئىسهاقبەگنىڭ قاتىلى شۇلار ئىكەنلىكىنى

www.uyghurkitap.com

بىلدى . قوزغىلاڭچىلار قېيناتىسى بىلەن ئىككى ئوغلىنى ، ئەمدى ئۆزىنى ئۆلتۈرگەن بۇ مۇناپىققا ئېتىلاي دەپ تۇرغاندا ، ئۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ سۆزلەشكە باشلىدى :

— ئەمىر خائىن ! ئۇ كۇرە جاڭجۇڭگە بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى يەتكۈزۈپ تۇرغان ، چاڭ چىڭمۇ ئۇنىڭغا داۋاملىق خەت يېزىپ يولىيورۇق بەرگەن ! ئۇنىڭ يېنىدا كۇرە جاڭجۇڭنىڭ يازغان خېتى بولۇشى مۇمكىن . دانىيال بەگ ، ئابدۇرۇسۇلنىڭ يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ بېقىڭ !...

— يالغان ! ئەمىرنىڭ جاڭجۇن بىلەن ئالاقىسى بار دېگەن ئىغۋانىمۇ سەنلەر توقۇپ تارقاتقان ! — دېدى ئەڭ ئالدىدا تۇرغان قارا ساقاللىق ئادەم .

دانىيال بەگ ئابدۇرۇسۇلنىڭ چاپىنىنىڭ تېشىدىكى يانچۇقلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئاختۇرۇپ چىققاندىن كېيىن ، ئىچ يانچۇقىغا قول سالدى . ئۇ بىر لىپاپىلىق خەتنى ئېلىپ ، لىپاپىنىڭ تېشىغا يېزىلغان خەتلەرگە قارىدى . ئاغزى يىرتىپ ئېچىلغان لىپاپىنىڭ تېشىدىكى خەتلەر مانجۇچە بولۇپ «ئابدۇرۇسۇل بەگكە تەگسۇن ، كۇرە جاڭجۇنى چاڭ چىڭدىن» دېگەن مەنىدە ئىدى . دانىيال بەگ ئوقۇپ ، شۇنداق ئۆرۈپ بەردى . خوجىلارغا ئېتىلغىلى تۇرغان قوزغىلاڭچىلار ھەيران بولغان ھالدا قاراپ قالدى .

— خەتنى ئېلىڭ ، دانىيال بەگ ! نېمىلەر يېزىلغانلىقىنى بىزگە ئۆرۈپ بېرىڭ ! — دېدى سىڭار كۆز كۆپچىلىكنىڭ ھاڭ ـ تاڭ بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئىچىدە خۇشال بولغان ھالدا .

دانىيال بەگ يىرتىلغان لىپاپ ئىچىدىن پۈكلەنگەن خەتنى ئېلىپ ئاچتى . ئۇ خەتكە بىر قاراپ ، كۆپچىلىككە يېيىپ كۆرسەتتى : خەت مانجۇچە يېزىقتا قەغەزنىڭ يېرىمىغا يېزىلغانىدى .

— ئوقۇڭ ! نېمە دەپ يېزىلغانلىقىنى ئاڭلايلى ! — ۋارقىرىدى يەنە سىڭار كۆز .

دانىيال بەگ خەتنى ئۇيغۇرچىغا ئۆرۈپ ئوقۇشقا باشلىدى :

«ھۆرمەتلىك ئابدۇرۇسۇل بەگ! مەكتۇپىڭىزنى تاپشۇرۇۋېلىپ خۇشال بولدۇم. بۇ خىزمىتىڭىز ئۈچۈن سىزنى بىر چوكا ئالتۇن، بەش يامبۇ بىلەن تارتۇقلايمەن. سىزنىڭ خادارىن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بولغان جەڭدە باتۇرلۇق كۆرسەتكەنلىكىڭىزنى چۈشىنىمەن. بۇ ئۆزىڭىزنى يەنىمۇ ياخشى نىقابلاش ئۈچۈن قىلغان بىر چارىڭىز ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانمايمەن! داۋاملىق مەلۇمات ئەۋەتىپ تۇرۇڭ!

كۇرە جاڭجۇنى چاڭ چىڭ»

كۆزگە كۆرۈنمەس بىر تاياق باشلىرىغا ئۇرۇلغاندەك قوزغىلاڭچىلار يەر ـ جاھان پىرقىراپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ نېمە دېيىش، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇلار بۇ خەتكە ئىشەنمەيلى دېسە، مانجۇچە يېزىلغان چاڭ چىڭنىڭ خېتى، ئىشىنەيلى دېسە ئەمىرنىڭ ئەل ـ يۇرت ئۈچۈن جان پىدا قىلغان ئادەمىيلىكى كۆزلىرىگە كېلىپ گاڭگىرىتىپ قويدى. چېدىردىن چىقىپ كېتەلمەي تۇرغان خوجا، دانىيال بەگ ۋە بېشىرلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئىشىككە قاراپ يول ئالدى. سىڭار كۆز چىقىپ كېتىۋېتىپ، دانىيالنىڭ قولىدىكى كۇرە جاڭجۇنىنىڭ خېتىنى ئېلىۋالدى...

قوزغىلاڭچىلار ئەس ـ ھوشلىرىنى يىغىپ تالاغا چىققاندا، ئەخمەتخانلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى.

* *

ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى بىردەمدە قوزغىلاڭچىلار ئارىسىغا شامالدەك تارقىدى. ئۇلار ھۆڭرەپ يىغلاپ ئەمىرنىڭ چېدىرىغا كېلىپ قېنىغا بويىلىپ ياتقان ئىككى جەسەتنى كۆرۈپ، تېخىمۇ چىدىيالماي داد ـ پەرياد كۆتۈردى. قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن خەلق بۇ قايغۇلۇق خەۋەرنى موللا ناسىر ئەلەمگە كېچىلەپ يەتكۈزۈشنى توغرا تېپىپ بىرقانچە ۋەكىلنى ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ

مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن بىللە شەھەرگە ئاتلاندۇردى. ئۇلار قەھرىتان سوغۇققا قارىماي ئاتلىق يولغا چىقىپ، قازىكالانىڭ ئۆيىگە كېلىپ، دەرۋازىنى ئۇردى. كەلگەنلەر ئىچىلغان دەرۋازىدىن يىغا ـ زار بىلەن موللا ناسىر ئەلەمنىڭ يوغان سارىيىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا ئەخمەتخان خوجىنىڭ ئەمرىنى قانداق ئۆلتۈرگەنلىكىنى يىپىدىن ـ يىڭنىسىگىچە سۆزلەپ بەردى. بۇ دەھشەتلىك خەۋەردىن چىرايى تاتىرىپ ئۆلتۈرغان ئاخۇنۇم: «ئادەملەر سارالڭ بوپتۇ!» ـ دە، ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. كەلگەنلەر ئۇنىڭ يۈزىگە سۇ سېپىپ ئاران ھوشىغا كەلتۈردى.

«تۇرۇپ ئاخۇنۇم زار ـ زار يىغلادى،
بۇ تۇندە بولۇپ بىقارار يىغلادى.»①

ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى خەۋەر شامالدەك پۈتۈن شەھەرگە تارقالدى.

«شەھەرنىڭ ئىچىگە تۈشۈپ غۇلغۇلە،
كى ئەركەك ـ تېشى بارچە دەر زىلزىلە.»

ئەل ئاتىسى ئەزىز خاتىپ باشلىغان شەھەرنىڭ مۆتىۋەرلىرى، ئۆلىمالىرى، بەگلىرى ۋە پۇقرالىرى موللا ناسىر ئەلەمنىڭ ئۆيىگە كەلدى. بىرقانچە سائەت ئىچىدىلا چاچ ـ ساقاللىرى تېخىمۇ ئاقىرىپ، چىرايى تاتىرىپ كەتكەن موللا ناسىر ئەلەم ئۇلارنى ھۆر ـ ھۆر يىغلاپ قارشى ئالدى.

«ئەزىز خاتىبۇ بۇ ئەلئاتا، بۇ ئەلھەسەن،
يەنە ئارزۇ مىڭ بەك، سابۇنجى ھەسەن.
جالال دورغا، ئىسلام موللا، ئاشۇر،

① ② «غازات دەرمۈلكى چىن» داستانىدىن، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 3 ـ سان 13 ـ بەت.

مەمەت شاھ ۋە دۆلەت سوفى بىرلە نۇر .
يەنە قۇتبىددىن ، ئوسمان ئاخۇن ، رەشىد ،
يۈسۈپ ئاخۇن ۋە توختى زۇھراب سەئىد .
بۇلار ئىلكىگە تىغ بەررا ئالىپ ،
بۇ قازىكالانىڭ قاشىغا كېلىپ .
كى رۇخسەت بېرىڭ ، بىز بارۇرمىز ، دېدى ،
خوجانىڭ باشىنى يارۇرمىز ، دېدى . »[1]

شەھەردىن كەلگەنلەر ئەخمەتخان خوجىدىن ئەمىرنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن قازىكالانىڭ ئۆزلىرىگە رۇخسەت بېرىشىنى ئۆتۈنگەن بولسىمۇ ، قازىكالان ئۇلارنىڭ سۆزىگە قوشۇلمىدى . موللا ناسىر ئەلەممۇ خۇددى ئابدۇرۇسۇل بەگ ئويلىغاندەك : «ئەخمەتخان خوجىنى قوللايدىغانلار خېلىلا كۆپ ، ئۇنىڭ كەينىدە ھەممە بالا - قازانى تېرىۋاتقان مەزەمزات بار . بىز ئەخمەتخان خوجىنى ئۆلتۈرسەك ، ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىمىز - دە ، بىر - بىرىمىزنى قىرغىن قىلىمىز » دەپ ئويلىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ، كەلگەنلەرنى سەۋر - تاقەتلىك بولۇشقا دەۋەت قىلدى . ئاخۇنۇم : «سەۋر - تاقەتنىڭ تېگى ئالتۇن ، سەۋر - تاقەت بىلەن ياشىغان ئادەملەرلا مەنزىلىگە يېتەلەيدۇ !··· » دەپ ئۇلارغا تەربىيە بەردى .

بۇ قايغۇلۇق خەۋەر ئۇزراخان ئاغىچىغا يەتكەندە ھوشىدىن كېتىپ خېلى ئۇزۇنغىچە ھوشىغا كېلەلمىدى . ئۇ ھوشىغا كەلگەندە ئىككى كۆزى ياش بولۇپ ئاقتى :

«يۇزىنى ئويۇپ ئاغاچەم زار - زار ،
ياقا چاك ئېتىپ ھەم بولۇپ بىقارار .
دېدى ئاغىچا : ئاھ ئەمىر ، ئاھ ئەمىر ،
ماڭا سەن ئىدىڭ مىسلى بەدر مۇنىر .

[1] «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 - يىل 3 - سان 13 - بەت .

www.uyghurkitap.com

نه بولدى ئېكىن گۈل سۇفەت قامەتىڭ ،
بولۇپ قانغا ئالۇدە نەقرە ئاتىڭ .
بولۇپ خۇنغا ئالۇدە ئايدەك يۈزۈڭ ،
كى تۇفراققا ئاغۇشتە ئاھۇ كۆزۈڭ .
مېنىڭ باغ ئۆمرۈمدە ئېردىڭ گۈلى ،
ئىدىڭ ناشۇگوفتە گۈلۈم بۇلبۇلى .
سېنىڭسىز ماڭا كېرەك ئېرمەس جاھان ،
تۆكۈلگەن قانىڭغا فىدادۇر بۇ جان .
نىھال گۈلئۈزارىم گۈلى يا ئەمىر ،
كى غۇنچە لەبىم بۇلبۇلى يا ئەمىر .
سەن ئېردىڭ باشىم ئۆزرە تاجى ئەمىر ،
مېنىڭ دەۋلەتىمنىڭ راۋاجى ئەمىر . › »①

ئۇزرا ئاغىچا يەنە ھوشىدىن كەتتى . ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى تېيىپ بەگمۇ قان ـ قان يىغلاپ ئاللاغا نالە قىلدى :

«بۇياندىن تېيىپ بەگ بولۇپ تورفە زار ،
ياقاسىن قىلىپ چاك بولۇپ بىقارار .
دېدى : ‹قايدا سەن مېھرىبان ئاتام ،
يېتىم ئەيلەدىڭ سەن كى جانىم ئاتام .
سەن ئۆلگۈنچە مەن چۈن ئۆلۈپ كاشكى…
بۇ قاتتىق ئەلەم كۆرمەسەم كاشكى ›… »②

شەھەر ھازا ـ ماتەمدىن قىيامەتكە ئايلاندى .

«پۈتۈن يىغلاشىپ بولدىلار زار ـ زار ،
شەھەر خەلقى ھەم بولدى كۆپ بىقارار .»③

①② «غازات دەرمۈلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 3 ـ سان 13 ـ ، 14 ـ بەتلەر .
③ «غازات دەرمۈلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 3 ـ سان 13 ـ بەت .

*　　　*

باياندايدىن توپتوغرا مەزەمزاتنىڭ ئالدىغا كەلگەن ئەخمەتخان خوجا بىلەن دانىيال ئۇنىڭ ياسىداق سارىيىدا ئولتۇرۇپ ، ئەمىرنى قانداق ئۆلتۈرگەنلىكلىرىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ بەردى . ھاكىمبەگ خۇشال بولۇپ ، قاقاقلاپ كۈلۈپ سارىيى ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ كەتتى . ئۇ تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەنلا ئەخمەتخان ، دانىيال بەگ ۋە باشقا تەرەپدارلىرىنى ئېلىپ باياندايغا كەلدى .ئۇ كېلىپلا قازىكالاننى تۇتۇپ كېلىشكە چېرىك ئەۋەتتى .

نەچچە خاس بىلە ئاخۇنۇم ئاتلانىپ ،
دەر بارگاھىغا كەلدى يېتىپ . »

ھاكىمبەگ موللا ناسىر ئەلەمنى سوراق قىلىپ ، ئاخىرىدا ئۆلۈم ھۆكۈم قىلدى . بۇنى ئاڭلىغان باياندايدىكى قوزغىلاڭچىلار مەزەمزات چېدىرىغا قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈپ كەلدى . مەزەمزات خەلقنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ قازىكالاننى ئۆلتۈرەلمىدى ، لېكىن ئۇنىڭ قازىكالانلىق مەنسىپىنى ئېلىپ تاشلاپ ، ئۇنى زىندانغا سالدى .

«بۇ ئاخۇنلۇغۇم مەنسىپىنى ئالىب ،
كى زىندانغا سالدى نەزەربەند قىلىپ . »

ئەمىرلىكنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان مەزەمزات موللا ناسىر ئەلەمنىڭ ئورنىغا موللا شەۋكەت ئاخۇننى قازىكالان قىلىپ

تەيىنلىدى .

«تېخى كەلتۈرۈپ شەۋكەت ئاخۇننى چۈن ،
ئاڭا بەردى قازىكالانلىق ئورۇن .»[1]

بۇرنىسىنىڭ ئۈچى يوغان ، چىرايى قىزىل موللا شەۋكەت ئاخۇنۇم بۇ كەلگەن تەلەيدىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى .

مەزەمزات يەنە پەرمان چۈشۈرۈپ ، ئابدۇرۇسۇل بەگ بىلەن موللا ناسىر ئەلەمنىڭ بارلىق مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ خەزىنىگە ئالدى .

«ئەمىر نەۋ جەۋاننىڭ تامام مالىنى ،
كى قازىكالاننىڭ كى ئەمۋالىنى ،
كى بىر - بىر ساناپ دەفتەرىگە ئالىب ،
خەزايىنغا ئالدىكى غارەت قىلىپ .»[2]

خەلق مەزەمزاتنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ ئەمىرنىڭ جەسىتىنى كاتتا تەنتەنە بىلەن يەرلىككە قويالمىدى .

«خالايىق ئەمىرنىڭ تەننى ئالىب ،
ئىسھاق بەگنى ھەم نەئىش ئۈزرە سالىب .
شەھەر تاشىدا ئىككى يەرنى قازىپ ،
تامام ياندىلار ئاندا مەدفۇن ئېتىپ… »[3]

ئۆزىنى ئەل - يۇرتنىڭ ئازادلىقىغا بېغىشلىغان بىر ئۇلۇغ سەردار تۆھمەت ۋە سۇيىقەست بىلەن قارا يەر باغرىغا كىرىپ ياتتى…

---

①②③ «غازات دەرمۈلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 - يىل 3 - سان 14 - بەت .

# ئونىنچى باب

## بايانداي قەلئەسىنىڭ ئېلىنىشى

ئەل ـ يۇرتى ئۇچۇن هەرقانداق جاپا ـ مۇشەققەتنى ، هەرقانداق قايغۇ ـ هەسرەتنى يېڭىپ جان پىدالىق بىلەن قوزغىلاڭغا باشچىلىق قىلىۋاتقان ئابدۇرۇسۇل بەگ تۆهمەت بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، قاتىل ئەخمەتخان خوجا جازالانمايلا قالماستىن ، ئەكسىچە دەرىجە ـ مەرتىۋىسى ئۆسۈپ ، هاكىمبەگ ئوردىسىنىڭ چېرىكلىرىگە سەردار بولدى . هەممە بەگلەر ۋە مىڭبېشىلار ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدىغان ، هەتتا مەزەمزاتمۇ ئۇنىڭسىز ئىش قىلالمايدىغان دەرىجىگە يەتتى . سىڭار كۆز نېمە دېسە ، مەيلى ئۇ ئاق ياكى قارا دېسۇن ، ئىجرا قىلىندى . ئۇ بارگاهتا يەڭگەن خورازدەك گېدىيىپ يۇرەتتى .قوزغىلاڭ هارۋىسىنىڭ بوجىسىنى قولىغا ئالغان مەزەمزات ئۆتكۈزگەن هەرقانداق كېڭەشكە ئەخمەتخان قاتناشماي قالمايتتى ، هەتتا ئۇ كېڭەشتە ۋارقىراپ ـ جارقىرايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى . ئۆز ۋاقتىدا ئابدۇرۇسۇل ئەمرىنى قوللايدىغان ۋە هۆرمەتلەيدىغان بەگلەر ۋە مىڭبېشىلار دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، جىمجىت يۇرۇشكە مەجبۇر بولدى . مەزەمزات ئابدۇرۇسۇل ئەمرىنىڭ ياخشى گېپىنى قىلغانلارنى قاتتىق جازالىدى . نەتىجىدە قوزغىلاڭ سۇسلاشتى . مەزەمزات قوزغىلاڭنىڭ هوقۇقىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن قوزغىلاڭغا كۆڭۈل بۆلمىدى . ئۇ ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتتى . كۇندە دېگۇدەك ئۇنىڭ ئۆيىدە نەغمە ـ ناۋا ياڭراپ ،

www.uyghurkitap.com

سەتەڭلەرنىڭ كۆلكىسى جاراڭلايدىغان بولدى. ئەخمەتخانمۇ بايلىق توپلاش غېمىدە قاتراپ، مېھماندارچىلىقتا بېرىلدى. ھەتتا مەزەمزات بولسۇن، خوجا بولسۇن، سادىر قېزىۋاتقان لەخمە بىلەن كارى بولمىدى. بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار ئابدۇرۇسۇل ئەمىرنى ئۆلتۈرگەن، موللا ناسىر ئەلەمنى زىندانغا تاشلىغان ئەخمەتخاننىڭ جازالانماي، ئەكسىچە مەرتىۋىسى ئۆسۈپ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانلىقىدىن غەزەپلەنسىمۇ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۈمىدسىزلەندى. ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ يېقىنلىرى، كۆڭلىدە ئار - نومۇسى بار ئادەملەر بۇ خەلق قوزغىلىڭىنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدى.

بىگىز تاغاردا ياتماپتۇ، دېگەندەك قوزغىلاڭچىلار ئارىسىدا بولغان ۋەقەلەردىن خەۋەر تاپقان كۆرە جاڭجۈنى قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇپ، باياندايىنى قورشاۋدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قوشۇن ماڭدۇرۇشقا تەييارلاندى. ئۇ لەشكەر باشلىقلىرى بىلەن بىرقانچە قېتىم ھەربىي كېڭەش ئۆتكۈزۈپ ئۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئاخىرى باراتنىڭ 19 - كۈنى (ئەمىر ئۆلگەنگە ئون توققۇز كۈن بولغاندا) جەڭگە تەييارلىغان ئون مىڭ لەشكىرىنىڭ بەش مىڭىنى ئاتلاندۇردى، بەش مىڭى بۇيرۇق كۈتۈپ كۆرەدە ئۇرۇش ھالىتىدە قالدى.

كۈنچىقىش ئۇپۇقىدىن ئارغامچا بويى ئۆرلىگەن قۇياش نۇرى دۈپدۈگىلەپ مىس تاۋاققىلا ئوخشايتتى. ئۇ ئاقۇچ تۇمان ئىچىدە ئاجايىپ چىرايلىق كۆرۈنەتتى. ھەممە ياق ئاپئاق قار ئىچىدە ياتاتتى. دەل - دەرەخلەرمۇ كۈمۈش شاخلىرى بىلەن گويا سېھىرلىك ئالەمدە تۇرغاندەك تۇراتتى. جاڭگىرلاپ بولۇۋاتقان سوغۇق بىردەمدىلا ئاتلارنىڭ قۇيرۇق - ياللىرىنى ئاقارتىپ، ھەتتا ئاق مونچاق ئاساتتى. ئادەمنىڭ ئاغزىدىن چىققان تۈكۈرۈك يەرگە چۈشمەيلا توڭلاپ قالاتتى.

كۈرە سېپىلىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىدىن چىققان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى داقا ـ دۇمباق، جاڭ ـ جۇڭ سادالىرى ئىچىدە، ئالتۇن رەڭلىك ئەجدىھا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تۇغ ـ ئەلەملەرنى كۆتۈرۈپ كېلەتتى. چېرىكلەرنىڭ ھەممىسى ئاتلىق بولۇپ، كۆپى سولۇن ۋە شىبەلەر ئىدى، لەشكەرلەر خېلى ماڭغاندىن كېيىن، شىمالىي تەرىپى ئېدىرلىق سۈيدۈڭ ـ غۇلجا يولىغا چىقىپ كۈنچىقىشقا قاراپ يول ئالدى.

كۈرەدىن كېلىۋاتقان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ خەۋىرى قوزغىلاڭچىلارنىڭ بارگاھىغا يېتىپ كەلدى. مەزمەزات شەھەردە بولۇپ، بۇ يەردە ئەخمەتخان خوجا تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ دەرھال مىڭبېشىلارنى يىغىپ، كېلىۋاتقان دۈشمەنگە قارشى ئاتلىنىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ھېچقانداق كېڭەش بولمىدى، قانداق جەڭ قىلىش توغرىسىدىمۇ گەپ ـ سۆز قىلمىدى. كۆپ ئۆتمەي قوزغىلاڭچىلارمۇ سەپ تارتىپ كېلىۋاتقان كۈرە چېرىكلىرىگە قارشى ئاتلاندى. خوجا ئۆتكەن قېتىم ئابدۇرۇسۇل بەگ غەلىبىلىك جەڭ قىلغان قارلىق دالىغا يېتىپ كېلىپ، سەپ تارتىپ تۇرغان كۈرە چېرىكلىرىگە قارشى سەپ تۈزدى.

ئۇخلاۋاتقان قارلىق دالىنىڭ ئۇيقۇسى بۇزۇلدى. ئۇ تەرەپتىن داقا ـ دۇمباق، جاڭ ـ جۇڭلارنىڭ ئاۋازى ياڭرىدى، بۇ تەرەپتىن ناغرا ـ دۇمباق، سۇنايلارنىڭ ساداسى جاراڭلىدى. ئىككى قوشۇن بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قىيقاس ـ چۇقان بىلەن ئېتىلدى. نەيزىلەر بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلدى، قىلىچلار بىر ـ بىرىگە تېگىپ جاراڭلىدى. ئاق قار ئاتلارنىڭ ئايىغىدا چەيلىنىپ، تۆكۈلۈشكە قانلاردىن قىزىرىشقا باشلىدى. بەزىلەر: «ئاھ!» مۇ دېيەلمەي ئېتىدىن ئۇچۇپ چۈشسە، بەزىلەر ۋايجانلاپ يىقىلاتتى. جەڭگاھنى ئادەملەرنىڭ قىيقاس ـ چۇقانلىرى، قوراللارنىڭ تاق ـ تۇق، جاڭ ـ جۇڭلىرى، ئاتلارنىڭ پۇشقۇرۇشى ۋە كىشنەشلىرى قاپلاپ كەتتى. شۇ چاغدا قارشى تەرەپتىن تەبىل

چېلىنىشى بىلەن چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى ئاتلىرىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇراپ، كۆرە تەرەپكە قاراپ قاچتى. بۇ ئەھۋالدىن قوزغىلاڭچىلار ھەيران بولغان بولسىمۇ، ئۆزلىرىدىن تۇتالماي قاچقان كۆرە چېرىكلىرىنىڭ كەينىدىن قىيقاس - چۇقان بىلەن قوغلاپ ماڭدى. جەڭ تاكتىكىسىدىن قىلچىلىك خەۋىرى يوق ئەخمەتخان خوجا: «دۈشمەننى يەڭدىم، شۆھرەت ۋە داڭقىم خەلقئالەمگە يېيىلىدىغان بولدى» دەپ قوزغىلاڭچى قوشۇنلارنى توختاشقا بۇيرۇق بەرمەي، توختىماي قوغلاشقا ئۈندىدى. بەزى مەسلىھەتچىلەر: «بۇ دۈشمەننىڭ ھىيلىسى بولۇشى مۇمكىن!» دېگەن بولسىمۇ، قۇلاق سالمىدى.

راستىنىلا بۇ، كۆرە جاڭجۈننىڭ ھىيلىسى ئىدى: بەش مىڭ ئاتلىق چېرىكى ئاتلىنىپ يولغا چىققاندىن كېيىن، قالغان بەش مىڭ چېرىكى كۆرەدىن چىقىپ، سۈيدۈڭ - غۇلجا يولىنىڭ شىمالىدىكى بىر قاپتالنىڭ كەينىگە كېلىپ يوشۇرۇندى. ئۇلار ئۆز چېرىكلىرىنىڭ قېچىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، دەرھال ئاتلىرىغا مىنىپ جەڭگە تەييارلاندى. ئۆز چېرىكلىرىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن مۆكۈنۈپ تۇرغان بەش مىڭ ئاتلىق چېرىك قوزغىلاڭچىلارغا قارشى قىيقاس - چۇقان بىلەن تاشلاندى. قېچىپ كەلگەنلىرىمۇ ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بۇراپ يەنە جەڭگە ئاتلاندى. شۇنداق قىلىپ ھېرىپ - چارچاپ كېلىۋاتقان قوزغىلاڭچىلار ھىيلىگەر دۈشمەننىڭ يېڭى ۋە تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. بۇنداق بولۇشىنى كۈتمىگەن قوزغىلاڭچىلار ھودۇقۇپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. سىڭار كۆزمۇ ئۆز جېنىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە بولۇپ، قوشۇن بىلەن كارى بولمىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن، تالاي جەڭلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بەزى مەسلىھەتچىلەر دەرھال قوزغىلاڭچىلارنى چېكىنىشكە بۇيرۇدى. ئالدىراپ قاچقان قوزغىلاڭچىلار ئارىسىغا كىرگەن كۆرە چېرىكلىرى چاپ — چاپقا ئۆتكەندى. نەيزە ياكى قىلىچ تېگىپ

يىقىلىۋاتقانلارنىڭ ئىڭرىشى قېچىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ يۈرىكىگە نەشتەردەك سانجىلدى .

— قېرىنداشلار ! — گۈلدۈرمامىدەك چىققان بۇ سۆز ھەممىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى . يوغان ئېچىلغان قارا كۆزلىرىدىن غۇرۇرى چاقناپ تۇرغان ئەللىك ياشلار ئەتراپىدىكى قامەتلىك ئەركەك ، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ قېچىپ كېتىۋاتقانلارغا بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرايتتى ، — بىز يا ئۆلۈم ، يا كۆرۈم دەپ جەڭگە چىققانغۇ ؟ ! دۈشمەن بىلەن ئېلىشماي نېمىشقا قاچىمىز ! قېچىپ ئۆلگۈچە ، ئېلىشىپ ئۆلەيلى !

بۇ ھەققانىي چاقىرىق قېچىپ كېتىۋاتقان قوزغىلاڭچىلارنى ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بۇراپ جەڭ قىلىشقا ئاتلاندۇردى . شۇنىڭ بىلەن ئىككى قوشۇن يەنە تۇتۇشۇپ قانلىق جەڭ باشلاندى . ئادەملەرنىڭ قىيقاس — چۇقانلىرى ، يارىدارلارنىڭ ئىڭراشلىرى ، قىلىچ - نەيزىلەرنىڭ جاڭ - جۇڭ ، تاق - تۇقلىرى ، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى سۈيدۈڭ - غۇلجا يولى ئۈستىدە ياڭرىدى . جەڭ ئانچە ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى . كۈرە چېرىكلىرى قوزغىلاڭچىلارغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ ، ئاتلىرىنىڭ بېشىنى كۈرە تەرەپكە بۇرىدى . بىر چەتتە بىرقانچە ئادەملىرى بىلەن قاراپ تۇرغان ئەخمەتخان خوجا خۇداغا مىڭ شۈكرى ئېيتىپ ، قوزغىلاڭچىلارنى چېكىنىشكە بۇيرۇدى . قارلىق يول ۋە ئۇنىڭ چۆرىسىدىكى بارلىق دالىدا كۈرە چېرىكلىرى ۋە قوزغىلاڭچىلاردىن ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرى قالدى . بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا قوزغىلاڭچىلار كۆپرەك چىقىم تارتتى ، ئەلۋەتتە ، بۇنىڭ سەۋەبى ئېنىق : كۈرە جاڭجۈننىڭ ئۇرۇش ھىيلىسىنى بىلەلىگەن ، ئۇرۇشقا توغرا رەھبەرلىك قىلالىغان سەردارنىڭ بولمىغانلىقى بولدى . قوزغىلاڭچىلار يولدا كېلىۋېتىپ ۋە بارگاھقا كەلگەندىن كېيىنمۇ ئابدۇرۇسۇل ئەمرىنى سېغىنىپ ، ھەسرەت بىلەن ياد ئەتتى :

«ئابدۇرۇسۇل بەگ غەلىبىلىك ئۇرۇش قىلالايدىغان قالتىس سەردار ئىدى ـ دە !...»

* *

يەنە ئۇرۇش سۇسلاشتى . بايانداىغا ھۇجۇم قىلىش ھەققىدىكى پاراڭلارمۇ يەرگە سىڭگەن سۇدەك يوقىلىپ كەتتى . قوزغىلاڭچىلار قەھرىتان سوغۇق كۇنلەرنى گەمىلەردە زېرىكىپ قايغۇ ـ ھەسرەت ئىچىدە ئۆتكۇزەتتى . ئۇلار بىر ـ بىرىگە قاييناپ ، ئاھ ئۇرۇپ يۈرەك سۆزلىرىنى ئېيتىشاتتى .

«مۇشۇنداق جىمجىت يېتىۋېرەمدۇق ؟ ! بايانداىغا ھۇجۇم قىلمامدۇق ؟ بىزنىڭ بالا ـ چاقىمىز بار ، ئۇلارنى باقىدىغانلار بىز ! دەھشەتلىك زۇلۇم ۋە ئاچارچىلىققا چىدىماي قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ چىققىنىمىزغا ئىككى يىل بولۇپ قالدى . بىز قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ چىققاندا ، بالا ـ چاقىمىزغا تاغار ـ تاغار ئۇنلارنى جايلاپ بېرىپ چىقمىدۇق . ئۇلار شۇ كۇنلەردە نېمە يەۋاتىدۇ ، بىلمەيمىز ! بۇنداق بىكار يېتىۋەرسەك ، بالا ـ چاقىلار ئاچارچىلىقتىن قىرىلىپ كېتىشى مۇمكىنغۇ ؟ ! خوجامنىڭ قورسىقى توق ، قۇلى بىلەن ئىشى يوق ! دېگەن شۇ ـ دە ! ئەگەر مۇشۇنداق يېتىۋەرسەك ، بىز ئۆيىمىزگە قايتىپ كېتىمىز ! قۇرۇسۇن مۇنداق قوزغىلاڭ ! بىز دەھشەتلىك زۇلۇم ۋە ئېغىر سېلىقلاردىن قۇتۇلۇپ ، قورسىقىمىز توق ، كىيىمىمىز پۈتۈن بولامدىكىن ، دەپ بۇ قوزغىلاڭنى كۆتۈرۈۋىدۇق . يەنىلا قوزغىلاڭغا بىزنى ئەزگەنلەر باش بولۇۋېلىپ ، قوزغىلاڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتىدۇ ! بىر ئوبدان باشچىلىق قىلىۋاتقان ئابدۇرۇسۇل بەگنى ئۆلتۈرۈپ ، مانا قوزغىلاڭنى توختىتىپ قويدى... »

بۇنداق ھەققانىي سادالار قوزغىلاڭچىلارنىڭ قەدەملىرىدىن

گۇلدۇرمامىدەك گۇلدۇرلەپ چىقاتتى. دېھقانلار توپ - توپ كېلىپ، ئۆز دەردلىرىنى سۆيۈملۈك شائىرى موللا بىلالغا تۆكەتتى. نازىم ئۇلارنىڭ ھال - مۇڭىغا يېتىپ، چوڭقۇر ئۇھ تارتاتتى. بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئابدۇرۇسۇل ئەمىر كېلىپ، ئەل - يۇرتنىڭ سۇيىدە ئېقىپ، ئوتىدا كۆيىدىغان بۇ ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ھېس قىلاتتى.

«ئاھ! بىز نېمىدېگەن نادان! ئاشۇ مەزەمزات، ئەخمەتخان خوجىدەك ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئازغىنە مەنپەئىتىنى دەپ، بىر پۈتۈن خەلقنى، مىللىتىنى قاڭغىر قاقشىتىدۇ. ئۇلارنىڭ مال-دۇنياسى ئازمۇ؟! ئىگىلىگەن ھوقۇقى كىچىكمۇ؟! شان-شۆھرىتى يوقمۇ؟!... لەنىتىلەر بۇلارغا قانائەت قىلماي، ئەتە ئۆلگەندە ئىككى سىقىم توپىغا تويىدىغان كۆزى تويماي، خەلق ۋە مىللىتىنىڭ نېمە بولۇشى بىلەن كارى بولماي، ھەممە ئەسكىلىكنى قىلىدۇ. مۇناپىقلار ئاشۇ بىر ئادەمنى قارىلاپ، ئۆلتۈرۈپ خەلققە ئېغىر زىيان سالىدىغانلىقىنى بىلمەسمۇ؟! بىزنىڭ روناق تاپالماي كېلىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇ ئەمەسمۇ؟!... ئاھ، خۇدا! مەن سېنىڭدىن ئۆز قېرىنداشلىرىمغا ئىنساپ تىلەيمەن!؟ ئار - نومۇس، ۋىجدان تىلەيمەن!؟»

موللا بىلال دېھقانلارنىڭ سۆزلىرىنى قوشۇق سالماي، بېرىلىپ ئاڭلايتتى، يۇرتداشلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ خىيال سۈرەتتى، ئۇلارغا قانداق ياردەم بېرىشنى ئويلايتتى.

«مەزەمزاتقا دېگەن بىلەن بىكار، — دەپ خىيال قىلاتتى بىلال، قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، — ئۇ ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتتى. سىڭار كۆز ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ قاتىلى، مەزەمزاتنىڭ قولچومىقى، ئۇنىڭغا دېيىشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق. ھاكىمبەگ بىلەن خوجا خەلق قوزغىلىڭىغا جان كۆيدۈرۈپ باشچىلىق قىلىۋاتقان ئەمىرنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇلارغا قوزغىلاڭ قىلىشمۇ، قىلماسلىقمۇ بەرىبىر، ئوخشاشلا يۇرت سوراۋېرىدۇ. شۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن ئۇلار خەلق قوزغىلىڭىنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپمۇ كەتمەيدۇ . ياخشىسى ، قاشقا ئادەم ئەۋەتىپ ، ئەلاخاننى ئالدۇرايلى ! ئۇ ئەمىر ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، قاتىلنىڭ جازالانماي ئەتىۋارلانغانلىقىنى كۆرۈپ يۇرتىغا ئاچچىقلاپ كەتكەن . ئالدىغا قوزغىلاڭچىلارنىڭ ۋەكىللىرى بارسا ، چوقۇم كېلىدۇ . ئەلاخانمۇ خەلقنىڭ غېمىنى يەيدىغان ، جەڭ قىلىشقا ماھىر سەردار . »

شائىرنىڭ ئويلىغانلىرىنى كەلگەنلەر توغرا تاپتى . ئۆزلىرىنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن ئۈچ كىشىنى قاشقا ئاتلاندۇرغان قوزغىلاڭچىلار موللا بىلال بىلەن يەنە بىر ئادەمنى شۇ كېچىسى سادىر بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتتى .

سادىر موللا بىلاللارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى . ئۇ شائىردىن خەلقنىڭ دەردىنى ئاڭلاپ ، ئۆزىنىڭمۇ لەخمە كولاشنى تاشلاپ ، ئوغۇللىرىنى ئېلىپ ، يېزىسىغا كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى .

— ئەمىر راست خائىنمۇ ؟ ! ئۇنىڭ كۈرە جاڭجۇنى بىلەن ئالاقىسى بارمۇ ؟ بۇ بىزگە قاراڭغۇ . لېكىن ، مەن ئەمىر ئۇنداق ئادەم ئەمەس ، دەپ بىلىمەن ، ئۇ بىزنىڭ غېمىمىزدە يېنىۋاتقان شام ـ چىراغ ئىدى . لەنىتى ئەخمەتخان ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى . ئوغۇللىرىم تۇتۇۋالمىغان بولسا ، شۇ كۈنى بېرىپ بۇ مۇناپىقنىڭ جېنىنى ئالاتتىم . مەزەمزات قاتىلنى قانات ئاستىغا ئېلىپ ، ھەتتا ئۆز لەشكەرلىرىگە سەردار قىلىۋالدى . ئۆز ـ ئۆزىمىز بىلەن تۇتۇشۇپ كەتمەيلى ، دەپ دەردىمىزنى ئىچىمىزگە يۇتتۇق . مەزەمزات بىلەن سىڭار كۆزنىڭ قوزغىلاڭ بىلەن كارى بولماي ، نەتىجىدە جەڭ توختاپ قالدى . بىز بىلەنمۇ ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى . ئەمىر ھايات چېغىدا ھەپتىدە بىر يا ئۆزى ، يا ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ ئەھۋالىمىزنى سوراپ تۇراتتى ، يەيدىغان ـ ئىچىدىغانلىرىمىزنى ئەۋەتىپ بېرەتتى . مانا ، بىزنىڭ يېمەك ـ

ئــچمىكمىز تۈگىگىلى نىكەم . قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرامدۇ ، يــېمــىسەك ـ ئىچمىسەك لەخمىنى قانداق كولايمىز ! ئارىلىقتا ئـــككى ئوغلۇم بىرىپ شەھەردىن ئۇن ، ماي ، گۆش سېتىپ كەلدى ، بولمىسا ئالىلقاچان بۇ يەردىن كېتىپ قالاتتۇق . بۈگۈن ســـلەر كەلمىگەن بولساڭلار ، بىز ئەته يا ئۆگۈن كېتەتتۇق . ئـەلاخــان كــەلسۇن ! قوزغىلاڭ ئۆزىمىزنىڭ قوزغىلىڭى ! مەن كـــەتمەيمەن ، لەخمە كولاشنى تېزلىتىمەن ! ئەلاخان كەلگەندىن كــېــيــن كــېــڭــشــەيلى ! مەزەمزاتلار قاتناشسا قاتناشسۇن ، قــاتـنــاشمايمەن دېسمۇ مەيلى ! ئۆزىمىز باشلىغان قوزغىلاڭنى ئــۆزىــمىز داۋاملاشتۇرالايمىز ! ئۇرۇشنى بەربىر ھاكىمبەگلەر قىلمايدىغۇ ، يەنىلا ئۆزىمىز قىلىمىز !

پــالــۋان شــۇنــچىلــىك ھاياجانلىنىپ سۆزلىدىكى ، يوغان ئېچىلغان يالقۇنلۇق كۆزلىرىدىن ئوت چاچرىغاندەك كۆرۈنەتتى . ئۇنىڭ توپا چىرايىدا ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرلەپ چىققان قەيسەر روھ جەۋلان قىلاتتى . ئاتمىش ياشلارغا بېرىپ قالغان سادىر قازانچى غولىغا يېڭى چىققان چاغلىرىدىكىگە ئوخشاپ كەتتى .

موللا بىلاللار يېرىم كېچىلەردىن ئۆتكەندە لەخمىدىن چىقىپ گــەمــىــســگە قايتىپ كەلدى . ئۈچ ـ تۆت كۈن ئۆتۈپ قاشقا كــەتــكــەنــلــەر ئــەلاخاننى ئەكــەلدى . ئــالدىغا بــارغان خــەلق ۋەكىللىرىدىن ئەل ـ يۇرتنىڭ يۈرىكىدىكى سۆزلەرنى ئاڭلىغان پالۋان ئەتىسلا ئېتىغا مىندى . ئەلاخان كەچكە يېقىن كەلگەن بــولــســمۇ ، ئېتىدىن چۈشۈپلا مەزەمزاتنىڭ چېدىرىغا كەلدى ، لېكىن ئۇ يوق ئىدى . ئۇ كېچىلەپ شەھەرگە ئادەم ئەۋەتىپ ، ھــاكــىــمــبــەگــنى چاقىرتتى . ئەتىسى چۈشكە يېقىن مەزەمزات ئەخمەتخان خوجا باشلىق بىر توپ ئادەملىرى ھىمايىسىدە كەلدى . ھــاكــىــمــبــەگنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان پالۋان مەزەمزاتنىڭ چــېــدىرىغا كىلىپ ، سالام قىلىپ ئىچىگە كىردى . ھاكىمبەگ ئــەلاخاننىڭ سالىمىغا سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرغان بولسىمۇ ،

ئولتۇرغان ئورنىدىن تۇرمىدى. ئۇنىڭ چىراي ۋە تۇرقىدىن تەكەببۇرلۇق تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ بىر يېنىدا ئولتۇرغان ئەخمەتخانغا قاراپ قويۇپ، پالۋاننى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى:

— ئولتۇرۇڭ، ئەلاخان! سىزنى قاشقا كەتتى دەپ ئاڭلىۋىدىم، قاچان كەلدىڭىز؟ — دېدى غادىيىپ ئولتۇرغان مەزەمزات پالۋانغا ئاچچىقلانغاندەك قاراپ.

— كېچە كەلدىم، — دېدى ئەلاخان بىر چەتكە ئولتۇرۇۋېتىپ.

— ھە! ... مېنى چاقىرتىپ ئادەم ئەۋەتىپتىكەنسىز، چىقتىم. مېنى قانداق مۇھىم ئىش بىلەن چاقىردىڭىز، پالۋان؟ — دېدى مەزەمزات ئەلاخانغا كىنايە بىلەن، ئۇنىڭ شالاڭ، ئۇزۇن بۇرۇتلىرى ئىككى تەرىپىگە چۈشكەن ئېغىزىنىڭ چۆرىسى ۋە يوغان، قوڭۇر كۆزلىرىدە مەسخىرە كۈلكىسى كۆرۈنۈپ، ھاكىمبەگنىڭ بۇ مۇغەمبەرلىك ۋە تەنە چىقىپ تۇرغان قارىشىدىن: «سەن مېنى ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرغۇدەك قانچىلىك نېمە ئىدىڭ؟» دەيدىغان بىر مەنە چىقىپ تۇراتتى.

— جانابلىرىنى مەن چاقىرتمىدىم! — دېدى ھاكىمبەگنىڭ كۆز ۋە چىرايىدىكى تەنىنى چۈشەنگەن ئەلاخان گېپىنى جىددىي كېسىپ دەپ، — سىلىنى ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرتىشقا ھەددىم ئۇنىمىدى مېنىڭ؟! خەلق چاقىردى! خەلقنىڭ ئۆزلىرىگە دەيدىغان سۆزى بار ئىكەن! مېنىمۇ قاشتىن خەلق چاقىرىپ كەلدى. ماڭا ئاخشام خەلق ئۆز كۆڭلىدىكى گېپىنى دەپ، مېنى چاقىرىپ كېلىش سەۋەبىنى ئېيتتى. ئۇلار ماڭا سىلىنى چاقىرىپ كېلىپ، ماڭا دېگەن گەپلىرىنى سىلىگە يەتكۈزۈشۈمنى ۋەزىپە قىلىپ يۈكلىدى. مەن خەلققە ۋاكالىتەن ئالدىلىرىغا كىردىم،

— قاشلىرى كەڭ، قېلىن ۋە قارا، كۆزلىرى لاچىننىڭ كۆزلىرىگە ئوخشايدىغان پالۋاننىڭ بۇغداي ئۆڭلۈك چىرايىدا غۇرۇر ۋە جەسۇرلۇق جەۋلان قىلاتتى. ئۆزىگە شۇنچىلىك

ياراشقان يۇقىرىقى كالپۇكىنىڭ ئۇستىدىكى بەش ـ ئالتە كۇنلۇك ھىلال ئايدەك بۇرۇتىدىن يىگىتلىك گۈزەللىكى تۆكۈلەتتى. ئوڭايلا ھاياجانلىنىدىغان ئەلاخان يۇقىرىقى سۆزلىرىنى ھاياجان ئارىلاشقان سالماقلىق بىلەن ئالدىرىماي سۆزلىدى، — سىلى قانداق قارايدىلىكىن، بىلمەيمەن، لېكىن ھەرقانداق ئۇلۇغ ۋە مەنسەپداردىن خەلق چوڭ دەپ قارايمەن، خەلق بولمىسا، ئۇلۇغمۇ، مەنسەپدارمۇ، سىلى بىلەن مەنمۇ بولمايتتىم...

يۈزى كەڭ، دوقا ماڭلاي، كەكە ساقال مەزەمزاتنىڭ كۆزلىرىدىكى ھۆكۈمرانلىق كىبىرى ۋە تەكەببۇرلۇق تەلۋىلىكى ئورنىنى مۇغەمبەرلىك ئىگىلىۋالدى، ئۇ بىلىنەر ـ بىلىنمەس ھىجىيىپ سۆز باشلىدى:

— بەك قايناپ كەتتىڭىزغۇ، پالۋان! ؟ مېنىڭ كۆڭلۇمنى خاتا چۈشىنىپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن.

— ياق، مەن خاتا چۈشەنمىدىم، بولدى، مەن سىلىگە خەلقنىڭ يۈرەك سۆزىنى يەتكۈزگىلى كىرگەنلىكىمنى دېۋىدىم. ئەمدى شۇ سۆزلەرنى ئېيتاي! — ئۇنىڭ سۈرى بار كۆزلىرى چاقناپ، مەزەمزاتقا تىكىلدى. ھەرقانداق كۆزگە يىغىندەك سانجىلىدىغان بۇ كۆزدىن كۆزىنى ئېلىپ قاچقان ھاكىمبەگ تەتۈر قارىۋالدى، — خەلق قوزغىلاڭنى داۋاملاشتۇرۇپ، باياندايغا ھۇجۇم قىلامدۇق ياكى قوزغىلاڭدىن ۋاز كېچىپ، ئۆيىمىزگە كېتەمدۇق؟ دېگەن سوئالنى بىزگە قويماقتا. قېنى، مەزەمزات، بۇ سوئالغا نېمە دەيمىز؟ ئالدى بىلەن سىلى خەلققە جاۋابلىرىنى بەرسىلە!

ھاكىمبەگ ئۆزىگە بۇنداق سوئالنىڭ قويۇلىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغان بولۇپ، تېڭىرقاپ قالدى. ئۇ بىر يېنىدىكى ئەخمەتخانغا قاراپ، ئۇنىڭدىن مەدەت تىلىدى. ئۇ ئۆزىدىن جاۋاب كۈتۈپ تۇرغان ئەلاخاننىڭ لاچىنىنىڭ كۆزلىرىدەك كۆزلىرىگە زادىلا قارىيالمىدى.

— كىم داۋاملاشتۇرمايمىز ، دەپتۇ ؟ ئەلۋەتتە داۋاملاشتۇرىمىز !

— داۋاملاشتۇرساق ، نېمىشقا باياندايغا بولغان چوڭ ـ كىچىك ھۇجۇملار توختاپ بارگاھنى جىمجىتلىق قاپلاپ كەتتى . سىلى بۇ يەرگە ئاندا ـ ساندا كېلىپ ، باشقا چاغدا شەھەردە بولىدىغان بولۇۋالدىلا ، مەنمۇ قاشقا بېرىپ يېتىۋالدىم . لەخمە كولاۋاتقان سادىرنى ھەممىمىز ئۇنتۇپ كەتتۇق . ئۇ نېمە يەپ ، نېمە ئىچىپ ، لەخمىنى قانداق كولاۋاتىدۇ ، كارىمىز بولمىدى . بۇ ئەھۋاللارغا قاراپ خەلقنىڭ بىزگە يۇقىرىقىدەك سوئال قويۇشى تامامەن توغرا ! داۋاملاشتۇرساق ، قېنى قانداق داۋاملاشتۇرىمىز ؟...

مەزەمزات پالۋاننىڭ چاقناپ كەتكەن كۆزلىرىدىكى «سەن قوزغىلاڭنى راست داۋاملاشتۇرامسەن ياكى كارىڭ بولماي ئاستىلـ ئاستا تارقىتىۋېتەمسەن ؟ » دېگەن سوئالنى كۆرۈپ ، يەنە تەتۈر قارىۋالدى .

— بارلىق مىڭبېشىلارنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزەيلى ! — دېدى ھاكىمبەگ خوجىغا قاراپ تۇرۇپ .

— دانا پىكىر ! — دېدى سىڭار كۆز مەزەمزاتقا قاراپ ، — ئەتە ناشتىدىن كېيىن يىغىلىپ ، باياندايىنى ئېلىش ھەققىدە كېڭىشەيلى !

— خوجام ، ئۆزلىرى بارلىق مىڭبېگى ۋە ئۇلۇغلارغا خەۋەر قىلىپ ، كېڭەشنى قانداق ئۆتكۈزۈش ھەققىدە ئويلىنىپ قويسىلا ! ئەلاخان ئورنىدىن تۇردى .

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن ! مەن چىقاي !...

بېشىنى تىك تۇتقان پالۋان ئىشىككە قاراپ ماڭدى . ئۇنىڭ كەينىدىن مەزەمزات بىلەن سىڭار كۆز چەكچىيىپ قاراپ قالدى .

* *

مەزەمزات كېچە ئۆتكۈزۈلگەن كېڭەشتە ئەخمەتخان خوجىنى بۇ قېتىمقى باياندايغا ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىغا باشچى قىلىشتا چىڭ تۇرغان بولسىمۇ، كېڭەشكە قاتناشقان سادىر پالۋان ۋە بارلىق مىڭبېشىلار ئەلاخاننى كۆرسىتىپ چىڭ تۇرۇۋالدى. ئامالسىز قالغان ھاكىمبەگ ئاخىرى قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولدى...

قەھرىتان سوغۇق تېخىمۇ كۈچىيىۋاتاتتى. قارلىق دۆڭلەر، بىپايان دالىلار خېلىلا ئېگىز ئۆرلىگەن قۇياشنىڭ نۇرىدا جۇلالىناتتى. ئېرىق بويلىرىدىكى قارىياغاچ، سۆگەت ۋە ئاق تېرەكلەرنىڭ شاخلىرى كۈمۈش شاخلاردەك كۆرۈنۈپ، ئۇلارمۇ قۇياش نۇرىدا چاقنايتتى.

ئەلاخان باشلىغان مىڭبېشىلار بۈگۈن باياندايغا ھۇجۇمغا بولغان تەييارلىقلارنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن ئاتلىرىغا مىندى، بېشىغا ھەرخىل تۆپە ۋە قۇلاقچىلارنى چۆكۈرۈپ، ئۈچىسىغا ھەرخىل ياقىلىق جۇۋا ۋە چەكمەن چاپانلارنى كىيگەن، بېلىنى تاسما بەلۋاغ ۋە پوتىلاردا چىڭ باغلىغان مىڭبېشىلار، يۈلتۇز قاشقىلىق جەرەن ئاتقا مىنىپ كېتىۋاتقان ئەلاخاننىڭ كەينىدىن كېتىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن ئۆرلىگەن ئاق ھور ھاۋاغا تارقىلاتتى، بۇرۇت ـ ساقاللىرىدا شۇ ئاق ھوردىن پەيدا بولغان ئۇششاق ئاق ئۈنچىلەر شىلدىرلايتتى. ئاتلارنىڭ قۇيرۇق ۋە ياللىرىدىمۇ، ھەتتا تۇياقلىرىنىڭ ساڭگىلىغان يۇڭلىرىدىمۇ بۇنداق چوڭ ـ كىچىك ئاق مارجانلار ئاۋاز چىقىراتتى. ئەلاخاننىڭ ئاستىدىكى كېلىشكەن ئارغىماق ھەممىسىنىڭ ئالدىدا قومۇش قۇلاقلىرىنى دىك تۇتۇپ، ئاق قارنى غاچىلدىتىپ يولۋاس مېڭىشىدا تىزگىن سىيرىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كەينىدىكى مىڭبېشىلارمۇ ئاتلىرىنى بىر خىل يورغىلىتىپ، قىزغىن پاراڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن قەھرىتان سوغۇقنىمۇ سەزمىگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ھەممىسىنىڭ روھىي كەيپىياتى جۇشقۇن بولۇپ، بۇ قېتىم باياندايىنى ئالىدىغانلىقىغا ئىشەنچى ئۇرغۇيتتى.

پالۋان ئالدىدا خېلىلا ئېگىز تۆپىلىكنىڭ شەرق تەرىپىنى ياقىلاپ يۇقىرى ئۆرلىدى. ئۇلار دۆڭنىڭ كەينىدىكى گەمىلەردىن ئۆرلەۋاتقان قويۇق كۆمۈر ئىسىنى، گەمە ئالدىدا يۈرگەن قوزغىلاڭچىلارنى كۆرۈپ، تۆپىلىك ئۈستىدە توختىدى.

— بۇ گەمىلەردىكى لەشكەرلىرىمىز، — دېدى توقىلەك باتۇر ئەلاخانغا قاراپ، — بىز باياندايغا ھۇجۇم قىلغاندا، كۈرەدىن چېرىكلەر ياردەمگە كېلىپ قالسا، گەمىلەردىكى چېرىكلەر ئالدىنى توسىدۇ. شۇنداقلا، زۆرۈر تېپىلسا، مۇشۇ سوزۇلغان غولنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ جەڭگىمۇ قاتنىشالايدۇ.

— ناھايىتى ياخشى! — دېدى پالۋان بەش ـ ئالتە كۈنلۈك ھىلال ئايدەك قاپقارا بۇرۇتىنىڭ ئۇچىنى ئوڭ قولى بىلەن تۈزەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ بېشىدا يوغان قاراسەنسەن قولاقچا، ئۈستىدە قاراسەنسەن ياقىلىق جۇۋا بولۇپ، بېلىنى قارا پوتىدا مەھكەم باغلىۋالغانىدى. لاچىنىنىڭ كۆزلىرىدەك كۆزلىرىدىن ئەقىل ۋە باتۇرلۇق ئۇچقۇنلىرى چېچىلىۋاتقان ئەلاخان شۇ تاپتا تازا يېتىلگەن بۈركۈتكىلا ئوخشايتتى، — يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان ھەرقانداق ئېھتىماللىقنى ئويلىشىمىز، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن چارىلىرىنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز ئىنتايىن مۇھىم. بۇ بىزنىڭ جەڭدە يېڭىشىمىزغا پايدىلىق، — ئۇ سۆزىدىن توختاپ ئالدىدىكى گەمىدىن تۇيۇقسىز جاراڭلاپ چىققان ناخشىغا قولاق سالدى.

«يامۇلنىڭ ئىچى زەيلىك،
بۇ دەردكە نىمە دەيلىك.

ئەركىنلىككە بەل باغلاپ ،
ياخشىلىقنى ئىزدەيلىك . »

يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئېيتىلىۋاتقان «سادىر ناخشىسى» تۆپىلىكتە ئاتلىرىغا مىنىپ تۇرغان مىڭبېشىلارنى هاياجانغا سالدى . ئۇلار يەرۇئاسمان ئارىسىدا جاراڭلاپ ئۇچۇۋاتقان بىر باتۇر قاناتلىق روهنى كۆرگەندەك بولدى . بۇ روه هەددى ـ هېسابسىز زۇلۇم ۋە ئالۋان ـ سېلىقلارغا چىدىماي ئەركىنلىك ئىزدەپ جەڭگە چىققان قەهرىمان خەلقنىڭ جەڭگىۋار روهى ! تېكىستىنى ئۆزى توقۇپ ، ئاهاڭىنى ئۆزى ئىجاد قىلىپ ئېيتقان ناخشىنى سادىر پالۋانمۇ يوغان كۆزلىرىدىن ئۇچقۇن چاچرىتىپ جىمجىت ئاڭلايتتى .

— سادىركا ! — دېدى ئەلاخان يېنىدا تۇرغان سادىر پالۋانغا بۇرۇلۇپ قاراپ ، — تازا پىغانىڭ تۇتقاندا ئېيتىپتىكەنسەن ـ دە ! ناخشاڭ يۈرەككە تېگىدىكەن !

سادىر گەپ قىلمىدى ، بەلكىم ، ئۇ چىڭ خاندانلىقى تۈرمىلىرىدە ئۆتكەن كۈنلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ، خىيال سۈرۈپ قالغاندۇر ؟ ! يا بولمىسا ، ناخشىنى ئېيتىپ ، يامۇلدىن قاچقان چاغلىرىنى ئەسلەۋاتقاندۇر ؟ !...

ناخشا تۈگىدى . پالۋان بىر ئۇه تارتىپ كۆپچىلىككە قارىدى :

— ناخشا هەممىمىزنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى . مېڭىۋاتقان يولىمىزنى ، قىلىۋاتقان ئىشىمىزنىمۇ ئۇنتۇپ قالدۇق ، — ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ ، — ۋاقىت زىخ ، چىڭ تۇتايلى ! قېنى ، ئەمدى قەيەرنى كۆرىمىز ؟

يوغان ، شەللەڭزە تورۇق قاشقىغا مىنگەن سادىر ئەلاخانغا قارىدى ، قامچىسىنىڭ ئەشمە تاسمىسى بىلەن قىزىل تېۋىلغا دەستىسىنى قوشلاپ تۇتقان قولىنى كۆتۈرۈپ ، شىمال تەرەپتىكى

گاڭگول [1] كومۇر كانىنىڭ ئاغزىدا ئالايتەن ئىگىز كۆرۈنۈپ تۇرغان دۆڭنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى :

— مېنىڭ تەييارلىقلىرىمنىڭ بىر قىسمى ئەنە شۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان دۆڭدە ! ئەلاخان ، دۆڭگە بېرىپ ، ئۇ يەردىكى «ئۆچكە باتۇرلار» نىڭ تەييارلىقلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كەلمەمدۇق ؟

ئەلاخان بىرئاز خىيال سۈرۈپ تۇرغاندىن كېيىن ، باشقىلارغا قارىدى :

— قېنى ، ئالدىدا قايسىنى كۆرىمىز ؟ !...

— ئەلاخان ! مەن «ئۆچكە باتۇرلار» نىڭ تەييارلىقلىرىدىن خاتىرجەم . سادىر ئىشنى چالا قىلىدىغان ئادەملەردىن ئەمەس ، ئۇ ئاللىبۇرۇن كۆڭۈلدىكىدەك تەييارلىتىپ قويىدى . بىز باياندىي قەلئەسى تەرەپكە بېرىپ ، ئالدىدا لەخمىنى ، ئاندىن باياندايغا ھۇجۇم قىلىدىغان لەشكەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ باقساقمىكىن ! — دېدى ئەلاخاننىڭ بىر يېنىدا تۇرغان ياگۇر پالۋان ئۈيغۇرچە سۆزلەپ .

مېڭىپشىلار بۇ پىكىرگە قوشۇلدى . ئۇلار ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بۇراپ دۆڭدىن چۈشۈپ چوڭ يولغا چىقتى . ئۇلار قار تۇزۇتۇپ كېلىۋاتقان بىرەر يۈزدەك ئاتلىق چېرىكنى كۆرۈپ ھەيران بولدى .

— بۇمۇ سادىرنىڭ «توققۇزى رەڭ ، بىرى جەڭ» دېگەن سۆزىدىكى بىر رەڭ ! — دېدى كۈلۈپ سۇنۇر مىڭبېشى .

قارلىق دالىدىن كېلىۋاتقانلار يېقىنلاپ كەلدى . چېرىكلەرنىڭ ئاستىدىكى ئاتلارنىڭ قۇيرۇقلىرىغا باغلانغان شاخلار شاراقلاپ ، يەرۇ ئاسمانغا قار تۇزۇتۇۋاتاتتى . سادىرنىڭ بۇ ھىيلىسىنى بىلگەن ئەلاخان مىيىقىدا كۈلۈپ قويىدى .

---

[1] گاڭگول — يەر ئىسمى .

— سادىركا ! — دېدى ئەلاخان يېنىدا كېتىۋاتقان قامەتلىك ، كۆزلىرى يوغان ، كەكە ساقال پالۋانغا قاراپ ، — بۇ جەڭ ھېيلىلىرىنى نەدىن ئۆگەندىڭ ؟

— ھەي ، ئۇكام ! — دېدى قاڭرۇق ، «ھەي» نى ئالاھىدە سوزۇپ ، — مەن ئېلىپىنمۇ بىلمەيدىغان بىر قاراقورساق ، دەپتەر ـ كىتاب دېگەنلەرنى چۈشۈمدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان . لېكىن بۇ دۇنيادا يەنە بىر ئوقۇسا ـ ئوقۇسا تۈگىمەيدىغان ئاجايىپ بىر كىتاب بار . بۇ كىتاب — تۇرمۇش ! ماڭا ھەممىنى تۇرمۇش ئۆگەتتى . چېرىكلەر مېنى تۇتقىلى تاغلارغا چىقتى . مەن تاشقا قالپىقىم بىلەن جۇۋامنى كىيدۈرۈپ ئۇلارنى ئالدىدىم . ئۇلار تاشقا ئاتتى . مەن باشقا ئاتتىم...

ئەلاخانلار بايانداي قەلئەسىگە يېقىنلاپ كەلدى . ئۇلار ئاتلىرىنى سېپىلدىن بىرقانچە يۈز مېتىر يىراقلىقتا تۇرغان قوزغىلاڭچىلارنىڭ يېنىغا قويۇپ ، سېپىلنىڭ غەربىدىن ئوتتۇز مېتىردەك يىراق بولغان ئاق ئۆستەڭ ئىچىگە چۈشتى . ئۇلار قېلىن قار باسقان ئۆستەڭ ئىچى بىلەن تەستە مېڭىپ كىچىك بىر سايغا چىقتى . قېزىلىپ پۈتكەن لەخمىنىڭ ئاغزى شۇ سايغا چىقاتتى .

— دىققەت قىلىڭلار ! — دېدى ئەمىر كۆپچىلىككە قاراپ ، — سېپىلدىكىلەر كۆرۈپ قېلىپ ، زەمبىرەك ئېتىپ ، ھەممىمىزنى ئۇ ئالەمگە ئۇزىتىۋەتمىسۇن !...

— خۇدايىم ساقلا !

— سېپىل ئاستىغا ، شۇنداقلا ئوق ـ دورا ئامبىرى ئاستىغا دورا كۆمۈپ بولدۇق . دورا قاچىلانغان كالا ئۈچەيىنى پىلتا قىلىپ ، بىر بېشىنى دورىغا تۇتاشتۇرۇپ قويدۇق ، — سادىر سېپىلدىكىلەر كۆرەلمەيدىغان بىر پاناھ جايدا تۇرغان مەسئۇل كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ سۆزلەيتتى ، — ھۇجۇم باشلىنىدىغان چاغدا ، پىلتىغا ئوت ياقساقلا ، سېپىل ۋە ئوق ـ

دورا ئامبىرىنىڭ كۇلى كۆككە سورۇلىدۇ ، — ئۇ بىر تىنىۋېلىپ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — ئىچىنى كۆرمىز دېسەڭلار ، مەن باشلاپ ماڭاي !...

— بولدى ! سېنىڭ سۆزۈڭگە ئىشىنىمىز ! — دېدى ئەلاخان سادىرغا قاراپ ، — ئەمدى قەيەرگە بارىمىز ؟

— ئولجا ئېلىنغان زەمبىرەكلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان جاينى ، سېپىلغا چىقىش ئۈچۈن تەييارلانغان شوتىلارنى ، قەلئەنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ناغرا - سۇنايچىلار ئۈچۈن ياسالغان پەشتاقنى كۆزدىن كەچۈرسەكمىكىن ؟ — دېدى ئۇزۇن بۇرۇتلۇق توقلەك مىڭبېشى ئەلاخانغا قاراپ .

ئۇلار ئاتلىرىنى قويغان جايغا قايتىپ كېلىپ ئاتلىرىغا مىندى .

*                    *

بۈگۈن سېپىلنىڭ سىرتىدا بولۇۋاتقان ئالامەتلەرنىڭ سەۋەب ۋە سىرلىرىنى بىلەلمىگەن باياندای ھەربىي قەلئەسىنىڭ باشلىقى با دارىن ئۆز بۆلمىسىدە تېرىكىپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ تاتارغان چىرايىدىن قايغۇ - ھەسرەت ئۆرلەيتتى . ئىششىغان قاپاقلىرى ، ساڭگىلىغان كالپۇك ۋە يۈزىنىڭ گۆشلىرى ، ئۆسكەن شالاڭ ساقال - بۇرۇتى ئۇنىڭ تەلەتىنى تېخىمۇ خۇنۇك كۆرسىتەتتى . با دارىننىڭ سەل پۇلتىيىپ چىققان كۆزى ئالدىدىن سېپىلغا قارىتىپ قويۇلغان زەمبىرەكلەر ، يېڭىدىن ياسالغان ناغرا پەشتىقى ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ سېپىل ئەتراپىدا كۆپىيىشى قاتارلىقلار بىر - بىرلەپ ئۆتۈپ ، بېشىغا تۇيۇقسىز چاقماق چاقناندەك بىر ئوي كەلدى . ئۇ ئۆز خىيالىدىن قاتتىق چۆچۈپ ، ئولتۇرغان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى .

«قوزغىلاڭچىلار بۈگۈن كېچە بىزگە ھۇجۇم

قىلالامدۇ ـ يە ؟… »
ئۇ ئىشىككە كېلىپ ، ئىشىكنى ئېچىپ بېشىنى چىقاردى :
— كىم بار ؟
ئىگىز بويلۇق مۇھاپىزەتچىسى ياندىكى ئۆيدىن ئالدىراپ چىقتى .
— تېز بېرىپ چېرىك باشلىقلىرىنى چاقىرىپ كەلگىن ! — دېدى كۆزلىرى ئىچىگە ئولتۇرغان با دارېن ، ئالدىغا كەلگەن مۇھاپىزەتچىسىگە قاراپ .
ئېگىز مۇھاپىزەتچىسى كەينىگە بۇرۇلۇپ تېز مېڭىپ كەتتى . با دارېن يەنە بۆلمىسىگە كىرىپ ، ئۇستىلىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى . ئۇ بېشىنى سىلىپ خىيالغا پاتتى :
«تەييارلىقىمىز بار . شۇنداقتىمۇ چېرىك باشلىقلىرىدىن يەنە بىر سۈرۈشتۈرگىنىمنىڭ زىيىنى يوق . ناۋادا بىر بوشلۇق چىقىپ قالسا ، تولدۇرۇۋېلىشقا ئۈلگۈرىمىز ، — ئۇ بىردەم خىيالدىن توختاپ يەنە داۋام قىلدى ، — قانداق قىلىپ بولمىسۇن ، ئۇلارنى سېپىلغا كىرگۈزمەسلىكىمىز لازىم ، سېپىلغا كىرىۋالسا بىزنىڭ تۈگەشكىنىمىز شۇ ! — ئۇ يەنە خىيالدىن توختاپ تالاغا قۇلاق سالدى . كېلىۋاتقان ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلانمىغاندىن كېيىن ، خىيالىنى داۋاملاشتۇردى ، — ئۆتكەنكىدەك سېپىلنى يەنە پارتلاتسا ، بىرقانچە زەمبىرەكنى دەرھال يۆتكەپ بېرىپ ، توختىماي ئېتىپ ، قوزغىلاڭچىلارنى بىر قەدەممۇ ئالغا باستۇرماسلىق لازىم… »
چېرىك باشلىقلىرى بىرلەپ ـ ئىككىلەپ كىرىپ با دارېننىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى . ئۆز باشلىقىنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن چېرىك باشلىقلىرى : بىرەر خەتەر كېلىۋاتامدۇ ، نېمە دېگەندەك ئالاقزادە بولۇپ قاراشتى .
— سىرتتىكى ئالامەتلەردىن بۈگۈن كېچە ياكى تاڭ سەھەردە قوزغىلاڭچىلار ھۇجۇم قىلىدىغاندەك تۇرىدۇ ، — دېدى با دارېن

هېرىپ ـ چارچاپ ھالى قالمىغان ئادەمدەك سۆز باشلاپ ،— ئۇلار ھۇجۇم قىلىپ قالسا ، سېپىل ئۈستىدە زەمبىرەك ، مىلتىق ئوقيالارنىڭ ئوق ـ دورىسى يېتەمدۇ ؟ باشقا تەييارلىقلار قانداق ؟ قېنى ، بىر ـ بىرلەپ ماڭا دوكلات قىلىڭلار !

چېرىك باشلىقلىرى بىر ـ بىرلەپ دوكلات قىلىشقا باشلىدى . با دارىن ئارىلاپ سوئال قويۇپ ، ھەربىر چېرىك باشلىقىنىڭ دوكلاتىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى . دوكلات تۈگىگەندىن كېيىن ، ئۇ بىردەم كۆزىنى يۇمۇپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى ، ئاندىن قىزارغان كۆزلىرىنى ئېچىپ ، سۆزىنى باشلىدى :

— قورشاۋدا قالغىنىمىزغا ئىككى يىل بولدى . سىرتتىن ياردەم كەلمىسە ، ئۆزىمىز قورشاۋنى بۇزۇپ چىقىپ كېتەلمەيمىز . قوزغىلاڭچىلارنى سېپىل ئىچىگە كىرگۈزمىسەكلا ، ھايات ياشىيالايمىز ، ئۇلار سېپىل ئىچىگەكىرىۋالسىلا ، ئۆلگىنىمىز شۇ ! — با دارىن چوڭقۇر بىر خۇرسىنىپ سۆزدىن توختىدى . ئۇ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان چېرىك باشلىقلىرىغا قاراشتىن قورققاندەك ، كۆزىنى ئىشىك تەرەپكە تىكىپ خىيال بىلەن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى . ئۇ شۇ تاپتىكى تۇرقى ۋە روھىي ھالىتى بىلەن بىر چۈشكۈن دەرۋىشكىلا ئوخشايتتى ، — كۆرە جاڭجۈنىمۇ بىرقانچە قېتىم چېرىك چىقارغان بولسىمۇ ، قوزغىلاڭچىلارغا تەڭ كېلەلمىدى . بۇنداق ئەھۋالدا جاڭجۈن ئالىيلىرىنىڭ بېيجىڭغا ئادەم ئەۋەتىپ ، ياردەمگە چېرىك سورىشى تۇرغانلا گەپ . خان ئەۋەتكەن لەشكەرلەر يولدا كېلىۋاتقاندۇر ؟ ! سېپىلنى تارتقۇزۇپ قويمىساقلا ، چوقۇم ياردەمگە لەشكەر كېلىدۇ . بۇ كۈنگە ئۇزاق قالمىدى . مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمنى چېرىكلەرگە يەتكۈزۈڭلار ! خان ئەۋەتكەن چېرىكلەر يېتىپ كەلگۈچە جان تىكىپ سېپىلنى قوغدىشىمىز لازىم ! بۇ ئۆزىمىزنى قوغدىغانلىق بولىدۇ . ھەربىر چېرىك شۇنى ئېنىق بىلىشى كېرەككى : سېپىلنى تارتقۇزۇپ قويساقلا ، ھەممىمىز

ئۆلىمىز ! ئۇنىڭدىن ئاخىرقى بىر ئادىمىمىز قالغۇچە، سېپىلنى قوغداپ ئۆلەيلى ! — با دارىن كېيىنكى سۆزلىرىنى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سۆزلىدى. ئۇ يەنە بىردەم تۇرۇۋېلىپ، چېرىك باشلىقلىرىغا بىر- بىرلەپ قاراپ چىقتى. ئۇلار دېمىنى ئىچىگە يۇتقاندەك ئۇنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلايتتى. ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن، روھىي ھالىتىدىن يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئەجەلنى كۆرۈۋاتقاندەك بىر ۋەھىمە - قورقۇنچ كۆرۈنەتتى، — راستىنلا بۈگۈن قوزغىلاڭچىلار ھۇجۇم قىلسا، يا سېپىل ئاستىغا دورا كۆمۈپ پارتلىتىش، يا بىزدىن ئولجا ئالغان زەمبىرەكلەر بىلەن ئېتىپ بۇزۇشى، ئۆزلىرىگە سېپىلغا كىرىش يولى ئېچىشى مۇمكىن. مەن يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان يۇقىرىقى ئەھۋالغا ئاساسەن، ما چېرىك باشلىقىنى ئۆزىنىڭ چېرىكلىرى بىلەن سېپىلغا چىقماي، سېپىل ئىچىدە قېلىشقا بۇيرۇيمەن. سىلەر، ما چېرىك بىشى، ئۇخلىماي جىددىي ھالەتتە تۇرۇشۇڭلار، سېپىلنىڭ بىرەر يېرى ئۆرۈلسە، دەرھال بېرىپ، كىرىشكە ئۇرۇنغان قوزغىلاڭچىلارنى توسۇشۇڭلار لازىم. ئۆزۈڭلاردا ئىككى زەمبىرەك بار، مەن يەنە ئىككى زەمبىرەك قوشۇپ بېرىمەن. ناۋادا ياردەم كېرەك بولسا، ماڭا دەرھال ئادەم ئەۋەتىڭ! مەنمۇ سېپىلدىن چۈشۈپ سىلەر بىلەن بىللە بولۇشۇم مۇمكىن! بىز ئۆتكەنكىدەك بىرمۇ قوزغىلاڭچىنى ئۆتكۈزمەي، بۇزۇلغان جاينى ئېتىۋېلىشىمىز كېرەك!...

*　　　*

پەنجىرىدىن كەچكى شەپەقنىڭ قىزىل شولىلىرى ئۆچۈۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئالەمگە كېچە قارا چېچىنى يېيىۋاتاتتى. سېپىلغا چىقىپ كېتىۋاتقان با دارىن ئاسمانغا قارىدى. ئوچۇق ئاسماندا سان - ساناقسىز يۇلتۇزلار جۇلالىنىپ

ئاجايىپ چىرايلىق جىمىرلاۋاتاتتى . لېكىن ، ئەس ـ يادى ئەجەل ۋەھىمىسى بىلەن تۇمانلىشىپ كەتتى . با دارىن ئۇلارنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرەلمەيتتى . شىمال تەرەپتىن كېلىۋاتقان سوغۇق شامال ئۇنىڭ يۈزىگە يىڭنىدەك سانجىلىپ ئېچىشتۇراتتى . كەينىدىن كېلىۋاتقان ئىككى مۇھاپىزەتچىسىمۇ سوغۇقتىن شۈمشىيىپ سىپىلغا ئۆرلەيتتى .

سىپىلغا چىقىپ ، سىپىلنىڭ مۇداپىئە تېمى ئالدىغا كەلگەن با دارىن شىمالىي تەرەپكە قاراپ چەكچىيىپ قالدى .

— نېمىدۇر بۇلار ؟ — دېدى ئۇ گاڭگۇل تەرەپتىكى بىر ئېگىز دۆڭدىن لاۋۇلداپ چۇشۇۋاتقان بىھېساب مەشئەللەرنى كۆرۈپ ، ئارقىسىدا تۇرغان ئىككى مۇھاپىزەتچىسىمۇ با دارىننىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي ، ئەقىل ـ ھوشىنى يوقىتىپ چەكچىيىپ قارايتتى . با دارىن تېخىچە ئۇلارنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلمەي ، بويى شۈركۈنۈپ ، تىترەك ئولاشتى . بىر چاغدا مەشئەللەر چۇشۇپ بولۇپ نەگىدۇر يوقالدى .

بۈگۈن روزىغا ئون بىر ، كېچە سائەت بىردىن كېيىن روزىغا ئون ئىككى بولىدۇ[1] . ئون بىر كۈنلۈك ئاي كۈنچىقىشتىن ئۆرلەپ ، ئىلى ۋادىسىنى يورۇتتى . ئاي نۇرى ئاستىدا ياتقان قارلىق تاغلار ، دۆڭلەر ، دالىلار مۇقەددەس جەڭنىڭ ھارپىسىدا جۇلالىناتتى .

ۋەھىمە بىلەن كېتىۋاتقان با دارىن مۇھاپىزەتچىلەردىن بىرىنىڭ ئەنسىز ۋارقىرىشىدىن چۆچۈپ توختىدى .

— يەنە چۇشۇۋاتىدۇ .

با دارىن گاڭگۇل ئېغىزىدىكى دۆڭگە يەنە قارىدى . بىھېساب ئاياغلىق مەشئەللەر تۆپىدىن پەسكە چۇشۇۋاتاتتى . بۇنى كۆرۈپ

---

① بۇ ھىجرىيە 1282 ـ يىل رامىزان ئېيى (9 ـ ئاي ) نىڭ 12 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە باياندايغا ھۇجۇم باشلانغان ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ . بۇنى مىلادىيە بويىچە ھېسابلىساق ، 1866 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ

ئەقىلنى يوقاتقان بايانداي قەلئەسىنىڭ باشلىقى : بۇ قانداق كارامەت ؟ قاياقتىن كېلىۋاتقان قانداق لەشكەرلەر بۇ ؟ دەپ ئويلاپ غال - غال تىترەشكە باشلىدى .

دۆڭدىن چۈشۈۋاتقان ئاياغلىق مەشئەللەر سادىرنىڭ «ئۆچكە باتۇرلىرى»... ئۇلارنىڭ مۈڭگۈزلىرىگە قادالغان مەشئەللەر ئايدىڭ كېچىنى تېخىمۇ يورۇتۇپ يېنىپ ، سېپىلدىكى چېرىك سۇلالىسى چېرىكلىرىنىڭ جېنىنى ئېلىۋاتاتتى . ئەگەر بۇ نەچچە يۈز ئۆچكىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى سېپىلدىكىلەرگە ئاڭلانغان بولسا ، يۈرەكلىرى يېرىلىپ كېتەتتى . ئىچ - ئىچىدىن تىترەك ئۆرلەۋاتقان با دارېن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا شۇنچىلىك ئۇرۇنسىمۇ ، چىشلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس كاسىلداۋاتاتتى .

مۈڭگۈزلىرىگە مەشئەل باغلانغان «ئۆچكە باتۇرلار» دۆڭدىن چۈشۈپ ، سېپىلدىكىلەرگە كۆرۈنمەي دۆڭنى ئايلىنىپ كەينىگە ئۆتەتتى . ئۇلار يەنە دۆڭگە چىقىپ ، دۆڭدىن سېپىلدىكىلەرنىڭ ئەقىل - هوشىنى ئېلىپ چۈشەتتى ، «ئۆچكە باتۇرلار» نىڭ بۇنداق چۈشۈپ - چىقىشى تا يېرىم كېچىدىن ئۆتكىچە داۋاملىشاتتى . سادىر پالۋاننىڭ بۇ جەڭ هىيلىسى سېپىلدىكى چېرىك سۇلالىسى چېرىكلىرىنى روهىي جەهەتتىن تۈگەشتۈرۈپ باشلىنىدىغان هۇجۇمغا سىرلىق قۇدرەت ئاتا قىلدى .

با دارېنىنىڭ ئەپيۇن خۇمارى تۇتتى . ئۇ ئەمدى مۇهاپىزەتچىلىرىنى باشلاپ سېپىلدىن چۈشۈپ كېتىشكە ئالدىرىدى . يىراق تۇيۇقسىز شاراقلىغان ئاۋازلار بىلەن تەڭ ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ئۇنى يەنە توختىتىپ ، سېپىل قىرىغا ئەكەلدى . ئۇ سېپىلنىڭ مۇهاپىزەتچى تېمى يېنىدا تۇرۇپ ئالدىغا قارىدى . سېپىلدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا ئاتلارغا مىنگەن قامەتلىك يىگىتلەر ياردىن چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ ئاتلىرىدىن شاراقلىغان سادا چىقىپ ، كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزاتتى . «بۇلار قاياقتىن كېلىۋاتقانلاردۇر ؟ — دەپ ئويلىدى با

دارىن پۈتۈنلەي دىگۈدەك روھىي جەھەتتىن تۈگىشىپ، — ئاھ تەڭرىم، ئۈزۈلۈك ساقلىمىساڭ، بۈگۈن كىچە بىز راستىنلا جىنىمىزدىن ئايرىلىمىز!…»
سىپىلدىكى چېرىكلەر قورقۇپ تىترەپ با دارىنىغا قاردى.

— بىر توپى ئۈتۈپ كەتسە، يەنە بىر توپى كەلمەكتە. كېلىۋاتقانلار ھەددى ـ ھېسابسىز! — دېيىشتى چۇرقىرىشىپ چېرىكلەر، ئۇلارنىڭ ئاۋازىدىن تىترەۋاتقانلىقى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى.

بۇ سادىر پالۋاننىڭ ئىككىنچى جەڭ ھىيلىسى ئىدى.

با دارىن قاراۋىرىشكە چىدىمىدى. ئۇنىڭ ئەپيۇن خۇمارى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. ئۇ بۇ كېچىنىڭ ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئالدىراپ سىپىلدىن چۈشتى ـ دە ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى…

*　　　　　　*

بىر ئۇلۇغ تارىخىي دەقىقە يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى.

قوللىرىغا قورال ئېلىپ ئۆز ئازادلىقى ئۈچۈن قوزغالغان خەلق ئۇزۇن سەپ تارتىپ ھۇجۇمغا ئاتلىنىش بۇيرۇقى كۈتەتتى. سىپىلنىڭ شىمالىدىكى يېقىندىن ياسالغان ياغاچ پەشتاق ئۈستىدە ناغرا ـ سۇنايچىلار ناغرا ـ سۇنايلىرىنى چېلىشقا تەق بولۇپ تۇراتتى.

زېمىن ئاستىدىن بىر نۇرلۇق ئىلاھ كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك كۈنچىقىش تەرەپ سۇزۇلۇپ كېلەتتى. ئالتۇن رەڭگىدىكى چولپان ئۆز خۇشاللىقىنى باسالمايۋاتقاندەك ھاياجان بىلەن كۆلۈمسىرەيتتى. سوغۇق يەنىمۇ كۈچەيمەكتە. قەھرىتان قىش ئازراقمۇ بوشىغاندەك كۆرۈنمەيتتى. شىمال تەرەپتىن كېلىۋاتقان

سوغۇق شامالنىڭ ئۆتكۈر يىڭنىلىرى يۈزلەرگە سانجىلاتتى . دەل ـ دەرەخلەر ئاپئاق قىروولىنىپ ئاجايىپ چىرايلىق كۆرۈنەتتى . باياندا سىپىلى ئەتراپىدىكى قارلىق زېمىن بىر سېھىرلىك ئالەمدەك ھاياجان ئىچىدە نەپەسلىنەتتى .

ئۈيقۇسىغا قانمىغان مەزەمزات ، قازىكالان موللا شەۋكەت ئاخۇنۇم قاتارلىق يوغان ئاق سەللىلىك ، سۆسەر تۇماقلىق ئادەملەر سەپ تارتقان قوزغىلاڭچىلارنىڭ كەينىدە ، بىر پاكارراق تۆپىلىك ئۈستىدە بەزىلىرى ئەسنەپ ، بەزىلىرى ئۆزئارا پاراڭلىشىپ باشلىنىدىغان ھۇجۇمدىن پەرۋايى پەلەك تۇراتتى . ھەتتا بەزىلىرىنىڭ كۆكەرگەن چىرايىدا بۇ يەرگە كەلگىنىگە پۇشايمان قىلغانلىقى كۆرۈنەتتى . قوللىرىغا مىلتىق ، نەيزە ، ئارا ، گۈرجەك تۇتقان قوزغىلاڭچىلار تۆپىلىكتىكىلەرگە كەينىنى قىلىپ ، يىراقتىكى سېپىلغا قارايتتى . ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئاتلىق ، بىر قىسمى پىيادە بولۇپ ، ئۆرگۆلەينىڭ[1] ئىككى چاقىغا بېكىتىلگەن ئۇزۇن شوتىلارمۇ كۆزگە چېلىقاتتى .

بۈگۈنكى باياندايى ھۇجۇمىغا قوماندانلىق قىلىدىغان ، بويى ئېگىزمۇ ئەمەس ، پاكارمۇ ئەمەس ، قامىتى خۇش پىچىم ئەلاخان سەپ تارتقان قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئالدىدا تۇراتتى . ئۇ ۋاقتى بولغاندەك يېنىدىكى پەرمانچىسىغا بۇرۇلدى :

— سەپكە چاقىرىڭ !

پەرمانچى دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى :

— سەپراس !

پاراڭلار توختىدى . سەپلەر رەتلەندى . ئادەملەر ھاياجان بىلەن نەپەسلىنىپ ئالدىغا قارىدى .

---

① ئۆرگۆلەي — كۆتەك هارۋا .

— مۇناجات باشلانسۇن ! — دېدى يەنە ئەلاخان ئۇزۇن پۇتلۇق پەرمانچىغا قاراپ .

ئەلاخاننىڭ سۆزىنى پەرمانچى بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ تەكرارلىدى . قارلىق دالا پەرمانچىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن يەنە بىر ياڭراپ كەتتى .

ياغاچ پەشتاقتىن يالغۇز سۇنايىنىڭ ھەم مۇڭلۇق ، ھەم تەسىرلىك ناۋاسى ئاڭلاندى . بارلىق ئادەم سۇنايىنىڭ سېھىرلىك ئاھاڭىغا بەند بولۇپ ، ئۈن - تىنسىز ھاياجان ئىچىدە تۇراتتى . چالغۇچى دۈگىلەك ئاغزىنى ھەر تەرەپكە قارىتىپ ، پۈتۈن مۇھەببەت ۋە ئېتىقادى بىلەن چېلىۋاتقان سۇنايىنىڭ ياڭراق ئاۋازى جىمجىت دالىنىڭ ھاۋاسى ياڭرىتىپ ، يىراق - يېقىنلارغا تارقاتتى . بۇ سېرىق مىستىن ياسالغان سۇناي ياڭرىتىۋاتقان مۇناجاتتىن ئۆتكەنلەرنىڭ ئاھۇ پەريادى ، ئىرادىسى ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرى تاڭ سۈزۈلۈۋاتقان يەرۇ ئاسمان ئارىسىغا يېيىلاتتى .

مۇناجات تۈگىدى . ئۇنىڭغا ئۇلىنىپلا ناغرا چېلىندى . ناغرىنىڭ ياڭراق ساداسى سەپ تارتىپ تۇرغان قوزغىلاڭچىلارغا ھۇجۇم ۋاقتىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر بەردى . ئەلاخاننىڭ بۇيرۇقى ، پەرمانچىنىڭ جاكارلىشى بىلەن ئاتلىق ۋە پىيادە قوزغىلاڭچىلار شىمالىي ۋە غەربىي تەرەپتىن بايانداي سېپىلىغا قاراپ ئاتلاندى . ئۇلار باياندىي سېپىلىغا يېقىنلاپ كېلىپ توختىدى . قوزغىلاڭچىلارنىڭ توختىشى بىلەن جەڭ ناغرىسى «شىليان» نىڭ ھەيۋەتلىك ناۋاسى جاراڭلىدى . بۇ سادىر پالۋانغا بېرىلگەن پىلتىغا ئوت يېقىش بەلگە بۇيرۇقى ئىدى .

كۈنچىقىش ئۇپۇقى ئۇرغانسېرى سۈزۈلۈپ ، زېمىننىڭ تېگىدىن چىقىۋاتقان يورۇقلۇق ئىلاھى يېقىنلاپ قالغانلىقىدىن خەۋەر بېرەتتى ، ئۇ ئۇپۇقتا ئۆرلىگەندە زۇلمەتلىك كېچە تۈگەپ ، ئاجايىپ يورۇق كۈندۈز باشلىناتتى .

كىچىككىنە ساي ئىچىدىكى لەخمىنىڭ ئاغزىدا كۆيۈۋاتقان ئوتتۇنلارنىڭ يېنىدا ئوغۇللىرى بىلەن تۇرغان سادىر «شىلىيان» نى ئاڭلاپ ، لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوتتۇندىن بىرىنى ئېلىپ ، دورا قاچىلانغان كالا ئۇچىيىنىڭ يەردىن ئەتەيكۆتۈرۈپ قويۇلغان ئۇچىغا ئۆز قولى بىلەن ئوت ياقتى . ئۇنىڭ يۈرىكى ھاياجان بىلەن ئۆرۈپ ، يوغان كۆزلىرى چاقناپ كەتتى . كالا ئۇچىيىگە ئوت دەرھال تۇتىشىپ ، ئۇچقۇن پۈركۈپ ، ناھايىتى تېزلىك بىلەن لەخمە ئىچىگە ئوق يىلاندەك ئىلگىرىلىدى . سادىر ئوغۇللىرىغا قارىدى :

— بۇ يەردىن دەرھال كېتەيلى !

قامىتى قارىغايدەك ئاتا ۋە ئوغۇللار ئاخىرقى ۋەزىپىسىنى ئەنە شۇنداق تاماملاپ يۈگۈردى . ئۇلار كىچىك سايدىن چىقىپ ، ئىچىگە قار تولغان ئاق ئۆستەڭ ئىچىگە چۈشۈپ بىرئاز يۈگۈرگەندىن كېيىن ، سىرتقا چىقىپ ، بىر ئويمانلىققا كېلىپ يەر بېغىرلاپ ياتتى .

دەھشەتلىك گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ زېمىن خۇددى قاتتىق يەر تەۋرىگەندەك سىلكىندى . پۇررىدە ئۆرلىگەن دورا تۈتۈنى بىلەن بىللە ئەڭ قېلىن ، ئەڭ ئېگىز سېپىلنىڭ توپا ــ كېسەكلىرىمۇ ئاسمانغا ئۇچتى . ھەممە ياقنى ئىس ــ تۈتەك ۋە توپا ــ چاڭ قاپلاپ ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولماي قالدى . بىرىنچى پارتلاشنىڭ ئىس ــ تۈتەك ، چاڭ ــ توزانلىرى بېسىلمايلا ، يەنە گۈمبۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ ، زېمىن سىلكىنىپ كەتتى . پارتلىغان ئوق ــ دورا ئامبىرىدىن كۆتۈرۈلگەن ئىس ــ تۈتەك ، ئوت ـــ يالقۇن ، توپا ــ چاڭ ئاسماننىڭ يۈزىنى توسۇۋالدى . گۈمبۈرلەشلەر بىرھازاغىچە بېسىلماي قارلىق دالىنى ياڭرىتىۋەتتى .

«... قالدى ھەممە قايغۇرۇپ ،
ئويلاپ ــ چايقاپ بېشىنى .

www.uyghurkitap.com

سادىر دېگەن خوخەنزە ،
قولغا ئالدى تېشىنى[1] .
كولاپ سېپىل تېگىنى
كۆمدى كۆپلەپ دورىنى .
پىلتە بىلەن ئوت ياقتى
قىلىپ ئوبدان ئېپىنى .
گۇمبۇرلىگەن ئۈن بىلەن
سېپىلىمۇ گۇم بولدى .
ئاندىن لەشكەر يۈگۈرۈپ
دۈشمەنلەرگە تىغ ئۇردى… »[2]

قوزغىلاڭچىلار هاياجان ئىچىدە ئىس ـ تۈتەك ، ئوت ـ يالقۇن ، توپا ـ چاڭ ئىچىدە قالغان سېپىلغا تىكىلىپ ، ئەلاخاننىڭ هۇجۇم پەرمانىنى كۈتۈپ تۇراتتى . ئۇلار پالۋاننىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىسىلا ، ئۇزاقتىن بېرى كۈتۈپ كېلىۋاتقان هۇجۇمغا ئۆتۈپ ، قىيقاس ـ چۇقان بىلەن سېپىلنىڭ ئۆرۈلگەن يېرىدىن قەلئە ئىچىگە يولۇاسلاردەك ئېتىلاتتى . دەل شۇ چاغدا يورۇۋاتقان قارلىق زېمىننى ياڭرىتىپ ناغرا ـ سۇنايىنىڭ هەيۋەتلىك سادا سى ئاڭلاندى . بۇ سادانى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان قوزغىلاڭچىلار خۇددى كەلكۈن قىيانىدەك سېپىلدىن ئېچىلغان شورىغا قاراپ يۈگۈردى . سېپىلنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىن ئېتىلىۋاتقان زەمبىرەكلەر ، مىلتىقلار يەر ـ جاهاننى بېشىغا كىيدى . گۇمبۇرلىگەن ئاۋازلار قوزغىلاڭچىلارنىڭ قىيقاس ـ چۇقانلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ، يورۇۋاتقان تاڭ سەھەرنى جاراڭلىتىۋەتتى .

بىر قىسىم قوزغىلاڭچىلار ئۆرگۈلەينىڭ چاقىغا باغلانغان

---

[1] تېشى — جوتۇ .
[2] شۇ چاغدا توقۇلغان خەلق قوشىقىنىڭ پارچىسى .

ئۇزۇن شوتىلارنى ئىتتىرىپ بېرىپ ئېگىز سېپىلغا تىكلەيتتى. ئۇلار تاش - كېسەك، قايناق سۇ، قاينىتىلغان مايلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن تەييارلىغان قوراي، ئوت - چۆپلەرنى بېشىغا كىيىپ، قويۇلغان شوتىلار بىلەن سېپىلغا ئۆرلىدى. جېنى ھەلقۇمغا كېلىپ قالغان چىلىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى سېپىل ئۈستىدە ئوق، تاش - كېسەك، قايناق سۇ ۋە مايلارنى ئېتىپ ۋە تۆكۈپ چىقىۋاتقانلارنى توسۇشقا ئۇرۇناتتى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ بەزىلىرى ئوق تېگىپ شوتىلاردىن ۋايىۋايلىغىنىچە يەرگە ئۇچۇپ كېتەتتى، كۆپ قىسمى شوتىنىڭ بالداقلىرىدىن ئالدىغا قاراپ ئۆرلەيتتى.

جەڭ ناغرىسى شىددەت بىلەن چېلىنىۋاتاتتى. سۇنايمۇ ھۇجۇمغا ئۆتكەن باتۇرلارغا غەيرەت ۋە جاسارەت چېچىۋاتقاندەك ياڭرايتتى. سېپىلنىڭ ئۈستى ۋە ئاستىدا قىيقاس - چۇقان، نالە - پەرياد، ئېتىلىۋاتقان زەمبىرەك ۋە مىلتىقلارنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازلىرى قوماچ قورۇغاندەك ياڭرايتتى. يېڭى چىققان قۇياش بولۇۋاتقان جەڭگە كۈلۈپ قارايتتى.

مانا، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئالدى سېپىل ئۈستىگە چىقتى. سېپىلغا چىققانلار بىلەن سېپىلدىكىلەر ئارىسىدا دەھشەتلىك جەڭ باشلىنىپ كەتتى.

«چاراققا - چۇرۇققا قىلىنچلار ئۇنى،
تاراققا - تۇرۇققا سالىب غولدىنى.
جاراققا، جۇرۇققا، تاراققا - تۇرۇق،
قولۇ فوت سۇنۇق، باشى، قاشى يارۇق.
چافىشىپ، ئۇرۇشۇپ قىلىپ ھاي - ھۇي،
يارىم ئۆلگەن ئادەم چېكىپ ۋاي - ۋۇي.
دەلىرلەر ئۇزۇن نەيزە قولىغا ئالىب،
گاھى بەزىسى قارنىغا تىغ سالىب.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كى پەھلىۋانى ئەئداغا ئاتىپ تۇفەك ،
گاھى توپ ئىچىگە ئېتىپ زەنبۇرەك .
گاھى ئول قاچىبۇ گاھى بول قاچىب ،
گاھى بىر - بىرىنىڭ قانىنى ساچىب… »①

سېپىلغا چىققان قەھرىمان قوزغىلاڭچىلار چىققۇچە تالاي قۇربان بەرگەن بولسىمۇ ، ئۇلار سېپىل ئۈستىدە يەنە تالاي ئەزىز سەپداشلىرىدىن ئايرىلدى . ئۇلار باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ ، ھەتتا چېرىكلەرنى كۆتۈرۈۋېلىپ سېپىل قوقتىلىرىدىن ئارتىلدۇرۇپ قەلئە ئىچى - سىرتىغا تاشلىۋەتتى…

سېپىلدىن ئېچىلغان شورىغا قاراپ ئېتىلغان قوزغىلاڭچىلار ئىچىگە كىرەلمىدى . دەرھال يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلگەن چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى مىلتىق ۋە زەمبىرەكلىرىدىن ئوق ئېتىپ ، كەلگەنلەرنى قانغا بويىۋەتتى . تالاي قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلغان قوزغىلاڭچىلار ئەتراپقا يېيىلىپ يېتىپ پەيت كۈتتى . بۇنى كۆرگەن چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرىنىڭ مىلتىق ۋە زەمبىرەكلىرىدىن ئوق ئېتىشمۇ سۇسلاتتى . سادىر بىر قىسىم قوزغىلاڭچىلار بىللە ئۆلگەن قېرىنداشلىرىنىڭ جەسەتلىرىنى ئۈستى - ئۈستىگە دۆۋىلەپ ، دالدا ياسىدى . ئەلاخان ئىككى زەمبىرەكنى بۇ يەرگە يۆتكىتىپ كەلدى . كەينى - كەينىدىن ئېتىلغان زەمبىرەكلەرنىڭ ئوقى شورىدىن ئۆتۈپ ، قەلئە ئىچىگە چۈشۈپ ، چېرىكلەرنىڭ نالە - پەريادىنى ئاڭلاتتى . شۇ چاغدا ئەلاخان پالۋاننىڭ : «قېرىنداشلار ، ئالغا ! » دېگەن ئاۋازى گۈلدۈرمامىدەك جاراڭلاپ كەتتى . ئورنىدىن ئۈچۈپ تۇرغان سادىر بىرىنچى بولۇپ ئالدىغا يولۋاستەك ئېتىلدى . ئۇ شورىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ ، باياندای ئىچىگە بىرىنچى بولۇپ

① «غازات دەرمۈلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 - يىل 3 - سان 20 - بەت .

كىردى. ئۇنىڭ كەينىدىن قىيقاس - چۇقان بىلەن كەلگەن قوزغىلاڭچىلار شورىدىن ئۆتۈپ قەلئە ئىچىگە كىرىپ، كوچا جەڭلىرىنى باشلىدى. كوچا جەڭلىرى قاتتىق بولدى.

«بولۇپ ئات كېچىپ قان توۋاقى قىزىل،
كى تاملار قىزىل ھەم سۇۋاقى قىزىل.
تورۇسلار قىزىل ھەم قومۇشلار قىزىل،
كى خەنجەرنى سالغاندا مۇشلار قىزىل.»①

قوزغىلاڭچىلار كوچا - كوچىلاردا، ھويلا - ھويلىلاردا توختىماي جەڭ قىلىپ، دۇشمەنلەرنى قاچىدىغانغا تۆشۈك تاپقۇزمىدى. بۇنى كۆرگەن با دارىن ئەجەل كۈنىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، يېقىنلىرى بىلەن بىر سارايغا يىغىلىپ، دورا بىلەن ئۆزلىرىنى پارتلىتىۋەتتى.

«مۇنى كۆردى دارىن ئۆزى قىلدى شۇت،
ئىمارانتىغا، ئۆزىگە قويدى ئوت.
تۈتۈنلەرگە تولدى باياندای ئىچى،
جاھان بولدى گويا قاراڭغۇ كېچى.
قاچان بولۇپ ئىبردى بۇ دارىن ھالاك،
كى تابىئلارى بولدى كۆپ دەرناك...»②

قەلئە ئىچىدىكى جەڭ ئۈچ كېچە - كۈندۈز داۋاملاشتى. باياندايىنى ئازاد قىلغان قوزغىلاڭچىلار شۇ كۈنى كەچتە كوچىلارغا

① «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 - يىل 3 - سان 20 - بەت.
② «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 - يىل 3 - سان 20 - بەت.

ئۇلۇغ گۈلخانلارنى يېقىپ ئۇسسۇل ئويناپ ، ناخشا ئېيتىپ ، تاڭ سۈزۈلگىچە شادلىقتا چۆمدى...

*                    *

باياندايى كوچىلىرىدا گۈلخانلارنى يېقىپ ئۇنىڭ چۆرىسىدە ناخشا ئېيتىپ ـ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان يۇرتداشلىرىغا قاراپ تۇرغان موللا بىلالنىڭ يۈرىكى بىر خىل خۇشاللىق ھاياجىنىدا ئويناپ كەتتى . ئۇ ئەمدى كۆزىنى يۇتكەپ ئاق قار ئاستىدا ياتقان قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى تاغلارغا ، ئېدىر ۋە تۆپىلىكلەرگە ، بىپايان دالىلارغا مۇھەببەت بىلەن تىكىلدى .

«سۆيۈملۈك ئىلى ، مېنىڭ ئانجان يۇرتۇم !» دېدى شائىر ئىچ ــ ئىچىدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان يۈرىكىنىڭ قايناق ھېسسىياتلىرى بىلەن پىچىرلاپ .

نازىم گويا يېڭىدىن كۆرۈۋاتقاندەك كۆز ئالدىدىكى دۇنياغا تويماي قارايتتى . بۇ گۈزەل ، باي ، يېرى مۇنبەت ئىلى راستتىنلا پۈتۈن ئالەمگە تەڭ ، شۇڭلاشقا ئۇ «ئىلى ئالەم» دېيىلىدۇ . «ئىلى ئالەم» دېيىلگەن ئىككى سۆزنىڭ بىرىكمىسىدە ، پۈتۈن ئالەمنىڭ گۈزەللىكى ، بايلىقى ۋە نازۇنېمەتلىرى... ئىشقىلىپ ، دۇنيادا بار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئىلىدا بار ، دېگەن مەنە چىقىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان ! شۇنداق ، ئىلى ئالەم ، ئىلى جەننەت !...

دۇنيا يارالغاندا ، ئىلىمۇ بىللە يارالدى . جاھاندا ئادەم ۋە ھايات پەيدا بولغاندىن كېيىن ، ئىلىدىمۇ ئادەم ۋە ھايات پەيدا بولدى . ئالەمنىڭ تارىخى باشلانغاندىن كېيىن ، ئىلىنىڭمۇ تارىخى باشلاندى . ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى شەھرىزاتقا نەچچە مىڭ مىڭ بىر كېچە ئېيتقىلى بولىدىغان ھېكايە بولالايدۇ . قەدىمكىسىنى

قـويـۇپ تـۇرايـلـى[1] ، قـاراخـانـيلار خانىدانلىقىدىن كېيىنكى سەرگۈزەشتىلىرىدىن نەچچە داستان ، نەچچە ھېكايە سۆزلىنىدۇ .

ئادەملەر بىر خۇشاللىق ، بىر خاپىلىق ، بىر قايغۇ ـ ھەسرەت مەزگىلىدە ، ئۆتكەنلەرنى ئەسلەپ قالىدىغان ئادەت بولىدۇ . موللا بىلالىمۇ ئۆز يۇرتىنىڭ خۇشاللىقىنى كۆرۈۋېتىپ ، ئۇنىڭ قاراخانىيلار خانلىقىدىن كېيىنكى تارىخنى ئەسلەپ قالدى .

شائىرنىڭ كۆز ئالدىدىن قاراخانىيلارنىڭ شىمالىي ئېلىك خانلىقىنىڭ تەختىنى ئىگىلەپ ، بۇ رايوننىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلانغان قاراقىتانلار (كىتانلار) ئۆتتى . 1132 ـ يىلى قۇرۇلغان قاراقىتان خاندانلىقى شەرقتە قۇمۇل بوستانلىقىدىن غەربتە كاسپى دېڭىزىغىچە ، شىمالدا ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدىن جەنۇبتا ئامۇر دەرياسىغىچە بولغان كەڭ زېمىننى ئىگىلىدى . قاراخانىيلار خاندانلىقىغا تەۋە بولۇپ كەلگەن ئېلى ، شۇنىڭ بىلەن قاراقىتانلار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئۆتتى...

نازىم چارۋىچىلىق ، دېھقانچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەدەنىيىتى بىرقەدەر يۇقىرى قارلۇقلارنى ئەسلىدى . ئۇيغۇر ئورخۇن خاندانلىقى دەۋرىدە توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بىرى بولغان قارلۇقلار تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى بېشبالىق بىلەن ئالتاي تاغ تىزمىلىرى ئارىسىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى . ئۇلار VIII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىنىڭ ئاخىرىدا يەتتەسۇ رايونىغا كۆچۈپ كېلىپ ، 766 ـ يىلى قارلۇق خاندانلىقىنى قۇردى . بۇ خانلىق تا قاراخانىيلار خاندانلىقى دۇنياغا كەلگۈچە داۋاملاشتى...

قۇدرەتلىك قاراقىتانلار خاندانلىقى بارغانسېرى ئاجىزلاشتى . ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئەللەر كەينى ـ كەينىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈردى . سەمەرقەنت سۇلتانلىقى بىلەن خارەزم شاھلىقى بىرلىشىپ ، قاراقىتانلارغا قارشى قوشۇن تارتتى . مانا

① «بوز ئەر» رومانىدا ئېلىنىڭ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئالدىدىكى تارىخنى يازغانىدىم .

مۇشۇنداق پەيتتە، ئالمالىقلىق ئات ئوغرىسى ئۇزار خەلقنى باشلاپ قاراقىتان خاندانلىقىنىڭ ئىلى ۋادىسىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ ئالمالىق خاندانلىقىنى قۇردى. بۇ خاندانلىقتا پۈتۈن ئىلى ۋادىسى بىلەن بورتالا قارىدى. ئۇزار ئۆزىنى «توغرۇلخان» دەپ ئاتاپ، ئالمالىق خاندانلىقىغا خان بولدى. 1211 - يىلى توغرۇلخان چىڭگىزخان بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتتى. ئۇزار بۇرۇندىنلا ئوۋغا ئامراق بولۇپ، خان بولغاندىن كېيىنمۇ ئوۋغا چىقىشنى توختاتمىدى. بۇ چاغدا قاراقىتانلار خاندانلىقىنىڭ تەختىدە، نايمان شاھزادىسى، قاراقىتان خاندانلىقىنىڭ كۈيئوغلى كۈچلۈك ئولتۇراتتى. ئۇ بىرقانچە قېتىم ئالمالىق خاندانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ ئالالمىغاندىن كېيىن، ئوۋغا چىققان توغرۇلخاننى تۇتۇۋالدى. كۈچلۈك ئۇزارنى ئالمالىق شەھىرىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا ئەكېلىپ، دەرۋازىنى ئاچقۇزۇشقا مەجبۇرلىدى. لېكىن باش ئەگمەس ئۇزار ئۆز خەلقىنى ئاچماسلىققا چاقىردى. ئۇزارنىڭ ئايالى چىڭگىزخاننىڭ جەبە نويۇن باشچىلىقىدىكى قوشۇنلىرى يېتىپ كەلگۈچە دەرۋازىنى زادىلا ئاچمىدى. موڭغۇل قوشۇنلىرىنى كۆرۈپ قاچقان كۈچلۈك يولدا توغرۇلخاننى ئۆلتۈرۈۋەتتى. چىڭگىزخان ۋەدىسى بويىچە ئۆز نەۋرىسى جۇجىنىڭ قىزىنى ئۇزارنىڭ ئوغلى سوقۇناق تېكىنگە خوتۇنلۇققا بېرىپ، 1218 - يىلى سوقۇناق تېكىننى ئاتىسىنىڭ ئورنىغا خان قىلىپ تەيىنلىدى. سوقۇناق تېكىن ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن چىڭگىزخانغا ياردەم بېرىپ، سەپەر ئۈستىدە ۋاپات بولدى.

1227 - يىلى چاغاتاي خاندانلىقى قۇرۇلۇپ، چاغاتاي خان بولدى. چاغاتاي خاندانلىقىغا ئاتىسى چىڭگىزخان 1225 - يىلى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن سىر دەرياسى بىلەن ئامۇ دەرياسىنىڭ ئارىلىقى (ماۋارائۇننەھر)، سىر دەرياسىنىڭ ئوڭ قىنى، ئىسسىقكۆل ئەتراپى ۋە چۇ دەرياسى ۋادىسى، ئىلى ۋادىسى،

پەرغانە ، بەدەخشان يايلىقى قاتارلىق زېمىنلار قارايتتى . خانىدانلىقنىڭ جەنۇبىي قىسمى يەنە قۇندۇز بىلەن بەلخنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى . ئۇنىڭ پايتەختى باشتا ئالمالىق يېنىدىكى قوياس شەھىرى بولدى . كېيىن ئالمالىققا كۆچۈرۈلدى . چاغاتاي ئۆز ئائىلىسى بىلەن كۆپىنچە ئىلى ۋادىسىدا تۇردى . چاغاتاي 1242 - يىلى ئۆلدى . چاغاتاي ئۆلگەندىن كېيىن ، نەۋرىسى قارا ھىلاكۇ (چوڭ ئوغلى مۇئاتىكىننىڭ ئوغلى ) چاغاتاي خانىدانلىقىغا خان بولدى .

موللا بىلال چاغاتاي خانىدانلىقى شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكۈچە ئۆتكەن چاغاتاي خانىدانلىقىنىڭ خانلىرى ئىسمىنى كۆڭلىدە ئاتاپ چىقتى : چاغاتاينىڭ بەشىنچى ئوغلى يېسۇ مۆڭكۇ ، يەنە قاراھىلاكۇ ، ئورقىنا خاتۇن (قاراھىلاكۇنىڭ ئايالى ) ، ئارغۇ (چاغاتاينىڭ نەۋرىسى ) ، مۇبارەكشاھ ، بوراق ، دۇۋا (بوۋاقنىڭ ئوغلى ) ، غۇنچۇك (دۇۋانىڭ ئوغلى ) ، تالقۇ (دۇۋانىڭ ئوغلى ) ، كەبەك (دۇۋانىڭ ئوغلى ) ، ئىسەن بوقا (كەبەكنىڭ ئاكىسى ) ، يەنە كەبەك (ئېسەن بۇقا ئۆلگەندىن كېيىن )…

كەبەك قايتا تەختكە چىققاندىن كېيىن ، پايتەختنى ئالمالىقتىن سەمەرقەنتكە يۆتكەپ ، يەتتەسۇ ۋە ئىلى ۋادىسىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى . نەتىجىدە چاغاتاي خانىدانلىقى شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى خانىدانلىققا بۆلۈنۈپ كەتتى . شەرقىي چاغاتاي خانىدانلىقى ئالمالىقنى ، غەربىي چاغاتاي خانىدانلىقى سەمەرقەنتنى مەركەز قىلدى .

شائىر شەرقىي چاغاتاي خانىدانلىقى ئۈستىدە خىيال سۈرۈشكە باشلىدى : شەرقىي چاغاتاي خانىدانلىقى 1348 - يىلى تۇغلۇق تىمۇر تەختكە ئولتۇرغاندىن تارتىپ يەكەن سەئىدىيە خانىدانلىقى قۇرۇلغان 1514 - يىلغىچە بىرىيۈزئەللىك ئالتە يىل ھۆكۈم سۈردى . بۇ خانىدانلىق «موغۇلىستان» دەپمۇ ئاتالدى .

ئـۇ ئـاساسەن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇپ ۋە شىمالىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى .

ئەمدى بىلال موغۇلىستان خانلىرىنىڭ ئىسمىنى ئەسلىدى . ئۇنىڭ يادىغا شەرقىي چاغاتاي خانىدانلىقىنىڭ تۇنجى خانى تۇغلۇق تېمۇر كەلدى . چاغاتاي خانىدانلىقىنىڭ تەختىدە 1309 ـ يىلىدىن 1320 ـ يىلىغىچە ئولتۇرغان ئېسەن بۇقىنىڭ توقىلى مىڭلى خاتۇندىن تۇغلۇق تېمۇر دۇنياغا كەلدى . بىراق بۇ ئوغۇل ئانىسى بىلەن بىللە ، چوڭ خوتۇنى ساقلىمىش خاتۇننىڭ كۆنچىلىكىدىن موڭغۇلىيىگە ئەۋەتىۋېتىلدى . ئاقسۇ رايونىدىكى دوغلات قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئەمىر بولاجى 1348 ـ يىلى تۇغلۇق تېمۇرنى موڭغۇلىيىدىن ئەكېلىپ ، ئاقسۇدا چاغاتاي خانىدانلىقىغا خان قىلىپ تىكلىدى . شۇنىڭ بىلەن تۇغلۇق تېمۇرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان رايونلار تارىختا «شەرقىي چاغاتاي خانىدانلىقى» دەپ ئاتالدى . تۇغلۇق تېمۇر شەرقىي چاغاتاي خانىدانلىقىدىكى خان جەمەتى ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى . ئۇنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە دالالەت قىلغان كىشى — كۈچالىق مەۋلانە ئەرشىدىن ئىدى . تۇغلۇق تېمۇر 1363/2 ـ يىلى ئۆلدى . ئۇنىڭدىن كېيىن ئىلياس خوجا (1362/63—1363/64) ، جامالىدىن (بولاجىنىڭ ئىنىسى ، ئاكىسىدىن كېيىنلا دوغلات قەبىلىسىنىڭ باشلىقى بولغان) (1363/64—1389/90) خان بولدى . جامالىدىن تۇغلۇق تېمۇرنىڭ بالا ـ چاقىسى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن ئون سەككىز ئادەمنى ئۆلتۈردى . پەقەت كىچىك ئوغلى خىزىر خوجىنى دوغلات قەبىلىسىدىكىلەر تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا يوشۇرۇپ ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالدى . غەربىي چاغاتاي خانىدانلىقىنىڭ خانى تېمۇر ئەسكەر چىقىرىپ ، شەرقىي چاغاتاي خانىدانلىقىغا نۇرغۇن قېتىم ھۇجۇم قىلدى . ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ ئۇرۇشتا جامالىدىن ئۆلدى . 1389 ـ يىلى دوغلات قەبىلىسىدىن بولاجىنىڭ ئوغلى خۇدايدات تۇغلۇق تېمۇرنىڭ كىچىك ئوغلى خىزىر خوجىنىڭ تەختكە ئولتۇرۇشىنى قوللىدى .



www.uyghurkitap.com

ئۇ بېشبالىقنى مەركەز قىلىپ ، مىلادىيە 1393/2 ـ يىلى ئىدىقۇت ۋە تۇرپاننى ، 1397/6 يىلى قۇمۇلنى ئىگىلەپ ، ئۇ يەرلەردە ئىسلام دىنىنى يولغا قويۇپ ، بۇددا دىنىنى چەكلىدى . 1405 ـ يىلى خىزىر خوجا ئۆلىدى . چوڭ ئوغلى شەمئى جاهان خان بولدى . 1407 ـ يىلى ئۇ ئۆلۈپ ، ئىنىسى مۇھەممەت خاندانلىق تەختكە ئولتۇردى .

ئەسەبىي ئىسلام ئېتىقادچىسى بولغان مۇھەممەتنىڭ بىر ئىشى شائىرنىڭ يادىغا كېلىپ ، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى . ئۇ بۇ خاندانلىقتىكى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان موڭغۇللارنى مەجبۇرىي ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈپلا قالماي ، سەللە يۆگىمىگەن موڭغۇللارنىڭ بېشىغا تاقا قاقتى . 1415 ـ يىلى مۇھەممەت خان ئالەمدىن ئۆتتى . ئۇنىڭ تەختىگە شىرمۇھەممەت چىققان بولسىمۇ ، تەختىگە چىقا ـ چىقمايلا قوغلاندى . شەرقىي چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ تەختىگە مۇھەممەت خاننىڭ ئىنىسى ، شەمئى جاهاننىڭ ئوغلى نەقشى جاهان ئولتۇردى . ئۈچ يىلدىن كېيىن خىزىر خوجىنىڭ نەۋرىسى ، شىرئەلىنىڭ ئوغلى ئۇۋەيس نەقشى جاهاننى ئۆلتۈرۈپ خان بولدى . سۇلتان ئۇۋەيس شەرقىي چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ تەختىدە 1418 ـ يىلدىن 1434 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈردى . ئۇ خاندانلىقنىڭ مەركىزىنى ئىلى ۋادىسىغا يۆتكىدى ، ئېلبالىق پايتەخت بولدى . ئۇۋەيسخان ئۆلگەندىن كېيىن ، يۇنۇس ۋە ئېسەن بۇقا دېگەن ئىككى ئوغلى خاندانلىقنى تالىشىپ سوقۇشتى . ئۇرۇشتا چوڭ ئوغلى يۇنۇس يېڭىلىپ ، تەختتىن ھەيدەلگەندىن كېيىن ، سەمەرقەنتكە قېچىپ كەتتى . ئېسەن بۇقا ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى . بىراق ، ئۇنىڭ ئەمىرلىرى ئالتىپلاڭ كۆتۈردى . يۇنۇس سەمەرقەنت ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن قايتىپ كېلىپ ، غەربىي قىسمىدىكى رايونلاردا ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى . ئېسەن بۇقا

شەرقىي قىسىم ۋە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاقسۇ، ئۇنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنىلا قولىدا تۇتۇپ تۇرالىدى.

ئېسەن بۇقا 1462 - يىلى ئۆلدى، ئورنىغا ئوغلى دوست مۇھەممەت ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ مىلادىيە 1469/68 - يىلى ئۆلدى. ئۇنىڭدىن كېيەك سۇلتان ئىسىملىك بىر ئوغۇل قالدى. يۇنۇس خان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاقسۇنى بېسىۋالدى. يۇنۇس خان مىلادىيە 1487 - يىلى ئۆلدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، چوڭ ئوغلى مەھمۇت تاشكەنتتە تەختكە چىقىپ، خاندانلىقنىڭ غەربىي قىسمىنى سورىدى. كىچىك ئوغلى ئەخمەت موغۇلىستانغا قايتىپ كېلىپ، خاندانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىدا خان بولدى. ئەخمەت خان ئۇيراتلارنى ئىككى قېتىم قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. ئۇيراتلار ئۇنى ئالاچى خان (جان ئالغۇچى خان) دەپ ئاتىدى. ئەخمەت خان ئىنىسى مەھمۇت خاندىن يېڭىلىپ، شەيبانى خاننىڭ يېنىغا پاناھ ئىزدەپ بارغاندا، شەيبانىخان ئۆلتۈرۈۋەتتى.

مەھمۇتمۇ ئۆلدى. مەنسۇر پۈتۈن خاندانلىقتا ئوڭچە خان بولدى. 1514 - يىلى مەنسۇرخاننىڭ ئىنىسى سەئىد يەكەن - سەئىدىيە خاندانلىقىنى قۇردى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي چاغاتاي خاندانلىقىدا ئىككى خاندانلىق تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ۋەزىيەت يەنە مەيدانغا كەلدى. مەنسۇرخان بىلەن سەئىدخان 1516 - يىلى ئاقسۇ بىلەن كۇچانىڭ ئارىلىقىدا كۆرۈشۈپ، مەنسۇر سەئىدكە ئىتائەت قىلدى. مەنسۇرخان 1545 - يىلى ئۆلدى. ئۇ ئۆلۈشتىن بۇرۇن چوڭ ئوغلى شاھ مىرزىنى ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويغانىدى. شاھ مىرزا 1565 - يىلى (ياكى ئۇنىڭدىن سەل بۇرۇن) ئۇيراتلارنىڭ بىر قېتىملىق بۇلاڭچىلىق ھۇجۇمىدا ئوق تېگىپ ئۆلدى. يەكەن خاندانلىقى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئەسكەر چىقىرىپ شەرقىي قىسمىنى ئىگىلەپ خاندانلىقنى بىرلىككە كەلتۈردى. شۇنىڭدىن باشلاپ شەرقىي

چاغاتاي خانىدانلىقى دەۋرى تولۇق تۈگەپ ، پۈتكۈل ئۇيغۇرلار رايونى يەكەن ـ سەئىدىيە خانىدانلىقى دەۋرىگە كىردى...

مۇللا بىلال خىيالدىن توختاپ ، باياندايى ئىچىگە قاردى . ئۇ يەردە تېخىچىلا گۈلخانلار لاۋۇلداپ كۆيۈپ ، ناخشىدىن قەلئە جاراڭلايتتى . شائىر يەنە كەينىگە بۇرۇلۇپ خىيالىنى داۋام قىلدى .

ئويرات قەبىلىسىنىڭ خانى توغان 1439 ـ يىلى ئۆلدى . ئورنىغا ئوغلى ئېسەن ۋارىسلىق قىلدى . ئۇ ئۆز كۈچىنى زورايتىپ 1451 ـ يىلى ئۆزىنى «چوڭ قاغان» دەپ ئاتىدى ھەم مىڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ بۆلۈنۈپ چىقتى . مىڭ سۇلالىسى ئويراتلارغا قارشى جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولدى . ئېسەن ئىككى يىلدىن كېيىن ئۆز ئادەملىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى . ئېسەن ئۆلگەندىن كېيىن ئويراتلار تۆت قەبىلىگە بۆلۈنۈپ كەتتى . شۇنداقلا تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىغا ئېرىپ ئولتۇراقلىشىپ بىر زامانلارغىچە شۇ يەردە ھۆكۈم سۈردى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئون بىرىنچى باب

# مۇبارەك تېنى بولدى قىزىل قان

ھەربىر ساغلام ئەقىلگە تولغان ئەزاسى ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالى ئۈستىدە ئويلىمايدىغان ۋە كۈرەش قىلمايدىغان مىللەت روناق تاپالمايدۇ . نادانلىق ، قالاقلىق ، جىمى بالا ـ قازا ۋە يامانلىقنىڭ مەنبەسى بولغان شەخسىيەتچىلىك ئەۋج ئالغان مىللەتنىڭ بەختلىك بولالىشى مۇمكىن ئەمەس ، بۇنداق مىللەتتە بىر ـ بىرىنى قارىلاش ، بىر ـ بىرىگە ئورا كولاش ، بىر ـ بىرىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ئەۋج ئېلىپ ، مىللەتنى ئەڭ يامان كۈندە قالدۇرىدۇ . كىم ئازراقلا باش كۆتۈرۈپ ، شۆھرەت قازانسا ، كۆڭلى قارىلار ئۇنىڭغا ئەڭ قارا ، ئەڭ ئىپلاس تۆھمەتلەرنى چاپلايدۇ ياكى ئۇنى قەستلەپ ئۆلتۈرىدۇ .

باشقىلارنىڭ شىللىسىگە مىنىش ۋە پايدا ئۇندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ھەرخىل چىرايلىق نىقابلار بىلەن كېلىدىغانلار كۆپ بولىدۇ . بۇ جەھەتتە خوجىلارغا يېتىدىغانلار بولمىسا كېرەك ! نادان ، قالاق ، شەخسىيەتچى ، كۆزى ئوچۇق قارىغۇ ، خوجا دېسە بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلاردىن كۆرگەن ئازاب ـ ئوقۇبىتى ، تارتقان دەردى ئازمۇ ؟ ! ئېرىق ـ ئۆستەڭلىرىدە سۇلىرى ئېقىپ ، ئاق ، كۆك… كەپتەرلىرى زۇمرەت ئاسمىنىدا قانات قېقىپ ، ئەدەبىيات ـ سەنئىتى كۈندىن ـ كۈنگە كۆكلەۋاتقان ، ئىلىم ـ پەنلىرى گۈللەۋاتقان ، بازارلىرى ئاۋات ، تۇرمۇشى ناۋات سەئىدىيە خاندانلىقىنى جۇڭغار

ئاتلىرىنىڭ ئايغىدا چەيلەتكەنلەر ؛ بىر بادامدوپپىلىقنى ئاق تاغلىق ، قاراتاغلىق دەپ ئىككىگە بۆلۈپ ، بىرىنى بىرىگە ئاق تىرە[1] قىلىپ ئەيلەتكەنلەر خوجىلار ئەمەسمۇ ؟ ! تەڭرىتېغىنىڭ گۈللەنگەن جەنۇبىنى ھۇۋقۇش ھۇۋۇلىغان ۋەيرانىغا ، خەلقنى كۆزىدىن ياش قۇرۇمايدىغان ھۇ... ھۇ... چى ھەيرانىغا ئايلاندۇرغانلارمۇ خوجىلارغۇ ! ؟ شۇ جاھالەتلىك زاماندا قەشقەر ، يەكەن ، خوتەنلەرنىڭ ئېرىق ـ ئۆستەڭلىرىدە ياش ئاقتى ، قان ئاقتى ! گۇلزارلىق ھويلا ـ ئاراملىرىنىڭ ئىشىكلىرى ھاڭغىرقاي ئېچىلغان ھويلا ۋە ئۆيلەردە بوران ھۇۋلىدى... بىزنىڭ سىرتتىن كىرگەن خوجىلاردىن كۆرگىنىمىز ئازمۇ ؟ ! قانلىق تارىخ ئەنە تۇرۇپتۇ !...

قاراڭلار ، ئەنجاندىن بېشىغا يېشىل لۆڭگىنى سەللە قىلىپ يۆگىگەن ، ئۇچىسىغا ئالا بەقەسەم چاپان كىيگەن بىر خوجا كېلىۋاتىدۇ ؛ ئۇ ئىلى خەلقىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىنى ، ھوقۇق تالىشىپ بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ ، قولىدا تەسۋى ، كۆڭلىدە شەيتان ، ئاغزىدا پوسى بىلەن خۇددى تويغا كېچىكىپ قالغان مېھماندەك ئالدىراپ كېلىۋاتىدۇ . ئالۋان ـ سېلىقلارغا چىدىماي قورالىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن خەلق يەنە قان يىغلاپ قالارمۇ ؟ ! ئىتلارنىڭ تالىشىشى ئەۋج ئېلىپ ، خەلق بۇرۇنقىدىنمۇ يامان كۈنلەرنىڭ دەردىنى تارتارمۇ ؟ !

ھوشيار بول ، ئەنجانلىق خوجا غۇلجىغا يېقىنلاپ كەلدى . ئۇ مەككارلىقتا ئىبلىستىن ، قانخورلۇقتا جاللاتتىن ئېشىپ چۈشىدىغان لەنتى !...

ھاۋا ئوچۇق ، قىش كېتىپ باھار كېلىۋاتقان دالا ۋە دەل ـ دەرەخلەر كۆكىرىشكە باشلىدى . ئاق ساقال بوۋايلار ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرۇپ باياندىي جەڭلىرى ھەققىدە ھېكايە

---

[1] سوپى سۆزىنىڭ مەنىسى ئاق تىرە ، ئەيلەنگەن تىرە دىگەن بولىدۇ .

www.uyghurkitap.com

سۆزلىشەتتى . چىشلىرى سارغايغان ئاق باش مومايلارمۇ ئىللىق ئاپتاپ خۇشيېقىپ بىر - بىرىنىڭ باشلىرىغا قارىشاتتى . بەڭۋاش باللار لەگلەك ئۇچۇرۇپ قىيقاس - چۇقان كۆتۈرسە ، قىزلار ئارغامچا ئويناپ قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى...

ئوتتۇرا بوي مەھمۇد خوجا كۆكۈچ ئېشىكنى يېتىلەپ ، ئۆمرىدە بىر كۆرمىگەن غۇلجا شەھىرىگە يېقىنلاپ كېلەتتى . يېتىلەپ كېتىۋاتقان ئېشىكنىڭ ئۈستىدىكى ئالا خۇرجۇننىڭ ئىككى بېشى تومپىيىپ كۆرۈنمەيتتى . چىرايى قارا ، كۆزلىرىنىڭ ئاق پاختىسى يوغان ، يۈزى سوزۇنچاق ، ئېڭىكى ئۇچلۇق مەھمۇد ھەرخىل خىياللار ئىچىدە ، بۇ سەپىرىنىڭ ئايىغى قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي ۋەھىمىدىن ئاياغ تاشلايتتى . ئۇ قەشقەر ، يەكەنلەرگە بارغان خوجىلارنىڭ چوڭ بايلىق ، ھوقۇق ۋە شۆھرەت تېپىپ دەۋران سۈرگەنلىكىنى بىلەتتى . ناتونۇش غۇلجا ئۇنى قانداق كۈتۈۋالىدىغانلىقىنى بىلەلمىگەن خوجا گاھى شېرىن خىياللار بىلەن ھىجايسا ، گاھى قورقۇنچلۇق خىياللار بىلەن تاتىرىپ كېتەتتى .

«ئۇلار مېنىڭ غەۋسۇل ئەزەمنىڭ پۇشتى ئىكەنلىكىمگە ئىشەنمىسچۇ ؟ بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقادى قەشقەر ، يەكەنلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقادىدەك كۈچلۈك بولمىسچۇ ؟ ! مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلىمىسا ، ھەتتا ماڭا قاراپمۇ قويمىسا قانداق قىلىمەن ؟ ! يانچۇقۇمدىكى پۇل - پۇچەكمۇ تۈگەي دېدى . ئاچ قالمىسام ، قوغلاندى بولمىسام بولاتتىغۇ ؟ !» ئۇ خىيالدىن توختاپ ئاسمانغا قارىدى . قۇياش چۈش بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ قورسىقىمۇ ناغرا چېلىپ ، ئېچىپ كەتكەنلىكىنى جاكارلايتتى . «ئاھ ، خۇدا ! مېنى بۇ ياقا يۇرتلاردا خار قىلمىغايسەن ! سەن ھەربىر بەندەمنى رىزقى بىلەن ياراتتىم ، دېگەنىدىڭغۇ ؟ ! مېنىڭ ئاچ قالمايدىغانلىقىمغا سېنىڭ قۇدرىتىڭ ، مېنىڭ قەلەندەرچىلىكتەك ھۈنىرىم كېپىل ! بىرەر ئۆيمۇ

كۆرۈنمىدى، كۆرۈنسىلا ئىشىكى ئالدىغا جان تىلەپ باراتتىم. ئاڭلىشىمچە، بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ساددا ۋە سېخىيدەك. يەيدىغانغا بىر پارچە نېنى قالسىمۇ، يېرىمىنى ئىشىككە كەلگەن گادايغا ئىككىلەنمەي بەرگۈدەك! مۇشۇ تەرەپلىرىنى ئاڭلىمىغان بولسام، ئەنجاندەك يەردىن تەۋەككۇل قىلىپ بۇ ئاتام ـ ئانام كۆرمىگەن يۇرتقا كېلەمدىم؟!»

مىت قىلغان شامالمۇ يوق. ھاۋا بارغانسېرى ئىسسىپ، يۇقىرىقى كالپۇكىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئازراق بۇرۇتى، ئۇچلۇق ئېڭىكىدە شالاڭ، نوغۇچتەك ساقىلى بار خوجا ئېقى يوغان كۆزلىرىنى مولۇننىڭ كۆزىدەك چەكچەيتىپ، بىرەر ھويلا ـ ئارام كۆرۈنمەسمۇ؟ دېگەندەك ھەر تەرەپكە قارايتتى. ئۇنىڭ قورسىقى گۇلدۇرلەپ تازا ئېچىپ كەتكەنلىكىنى ئىگىسىگە بىلدۈرەتتى، لېكىن قېرىشقاندەك بۇ ئىككى تەرىپى كەڭ دالىدا بىرمۇ ئۆي، ھويلا ـ ئارام كۆرۈنمەيتتى. قۇلاقلىرى سالپايغان ئېشىكىمۇ قورسىقى ئاچقاندەك، مېڭىش ئېغىر كېلىۋاتقاندەك تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا توختىۋالىدىغان بولدى، كۆكۈچ ئېشىكىنىڭ بۇ قىلىقى مەھمۇد خوجىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى. ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي: «ھۇ!… ئىززىتىنى بىلمىگەن ھارام!» دەپ تىللىۋەتتى…

*　　　　*

مەھمۇد خوجا كۈنچىقىش تەرەپتە كۆكىرىۋاتقان دەل ـ دەرەخلەرنى كۆرۈپ، بىر يۇرتقا يېقىنلاپ قالغانلىقىنى بىلدى. ئۇ يەنە بىر ئاز مېڭىۋىدى، يول ئۈستىدە مىغىلداپ تۇرغان ئادەملەرنى كۆرۈپ پۈتلىرىغا جان كىرگەندەك ئاياغ تاشلىشى تېزلەشتى. شۇنچىلىك ئۇرۇپ ـ تىللىسىمۇ ماڭمايۋاتقان ئېشىكىمۇ قۇلاقلىرىنى كۆتۈرۈپ مېڭىشىنى ئىتتىكلەتتى.

www.uyghurkitap.com

« ‹ئالدىڭىزدا بايانداي بار ، ئۇنىڭدىن ئۆتسىڭىز غۇلجا شەھىرىگە بارىسىز ! › دېۋىدى ماڭا يولدا ئۇچرىغان بۇۋۇرۇل ساقال» دەپ ئويلىدى خوجا ، تېز كېتىۋاتقان ئېشىكىنىڭ كەينىدىن ياغاچ كەشنى شاقىلدىتىپ كېتىۋېتىپ...

مەھمۇد ئاتلارنى چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىككى ئادەمنى كۆرۈپ ، ئېشىكىنى تەستە توختىتىپ يولنىڭ چېتىدە ئۇلارغا قاراپ تۇردى . توپا - چاڭ توزۇتۇپ كېلىۋاتقان ئىككى ئاتلىق خوجىغا يېقىنلاپ كېلىپ ، ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ توختىدى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ! — دېدى بىرىنچى بولۇپ ئېتىدىن سەكرەپ چۈشكەن قىزىل دوپپىلىق ياش يىگىت ، مەھمۇدنىڭ ئالدىغا كېلىپ . ئۆزى دېمەتلىك ھەمراھىمۇ ئېتىدىن چۈشۈپ ، ئۇنىڭ كەينىگە كېلىپ تۇردى .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ! — دېدى خوجا بويى - تۇرقى بىر - بىرىگە تەڭ ، قۇرداش يىگىتلەرگە قاراپ ، ئۇنىڭ ئېقى يوغان كۆزلىرىدىن ئەنسىزلىك چېچىلاتتى .

— ئۆزلىرى مەھمۇد خوجام بولامدىلا ؟ — دەپ سورىدى ، ئەڭ دەسلەپ سالام قىلغان يىگىت ، يەنە خوجىغا چىرايىدىن ھۆرمەت ياغدۇرۇپ .

— شۇنداق ! سىلەر مېنىڭ ئىسمىمنى قانداق بىلىسىلەر ؟ — دېدى قارا تەلەتىگە ئەمدى ھەيرانلىق بويىقى ئۆرلىگەن خوجا ، ئىنچىكە بۇرۇتلۇق يىگىتكە چەكچىيىپ تىكىلىپ .

ئىككى يىگىت ئاتلىرىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تاشلاپ ، ئېتىلىپ كېلىپ ، بىرى خوجىنىڭ ئوڭ قولىنى ، بىرى خوجىنىڭ سول قولىنى تۇتۇپ گاھ سۆيۈپ ، گاھ كۆزلىرىگە سۈرتۈپ كەتتى . كۆكۈچ ئېشىكىنى گاھ مىنىپ ، گاھ يېتىلەپ ؛ گاھ قورساقى ئاچ ، گاھ قورساقى توق ؛ گاھ قەلەندەرلىك قىلىپ ، گاھ

يېنىدىكى پولغا نان ئېلىپ ئۆزۈن يول بېسىپ كەلگەن مەھمۇد ئوغۇمموڭ، چوشومموڭ، دىگەندەك ئۆزىگە كەلگەن بۇ تەلەيدىن هاياجانلىنىپ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى .

— بىرىنچى بولۇپ ، — دەيتتى يىگىتلەر كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆكۈپ ، — ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك قوللىرىنى تۇتۇپ سۆيەلىگەنلىكىمىزدىن ، پېشانىمىزگە سۈرتكەنلىكىمىزدىن چەكسىز بەخت ۋە خوشاللىق ھېس قىلىۋاتىمىز . ھۆرمەتلىك مەھمۇد خوجام، سىلىنىڭ دۇئالىرى قۇرۇغان قاقشالنى ياشارتىپ ، يەنە يېشىل يوپۇرماققا تولدۇرىدۇ . بىزگە دۇئا بەرسىلە ! بىز دۇئالىرىنىڭ بەرىكىتىدە ، ھەر ئىككى ئالەمدە يۈزىمىز يورۇق ئۆتەيلى !…

مەھمۇدنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تاراملاپ تۆكۈلەتتى . ئۇ يول بويى ئۆزىنىڭ غەۋسۇل ئەزەم پۇشتى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ماڭغانلىقىنىڭ بىكار كەتمىگەنلىكىنى بىلدى . ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ داڭقى بۇ يەرلەرگە كېلىپ بولغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ يىغلاپ كەتتى . خوجا يولدا تارتقان بارلىق جاپالىرىنى ئۇنتۇپ ، ئۆزىگە كېلىۋاتقان بەخت قۇشىنى تۇتۇۋېلىشقا ئالدىرىدى .

مەھمۇد ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرغان ئىككى يىگىتكە قاراپ دۇئا قىلىشقا باشلىدى . ئىككى يىگىتمۇ يىغلاپ تۇرۇپ قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈردى . خوجا ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈن ئايەتلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن دۇئاسىنى تۆۋەندىكىدەك تۈگەتتى :

«ھەي ، پاك پەرۋەردىگار ! مۇنۇ ئىككى مۆمىن بەندەڭنى ھەر ئىككى ئالەمدە ئۆز پاناھىڭغا ئېلىپ ، ئىمانىنى ساق قىلغايسەن ! ئامىن !… »

ئىككى يىگىت يەنە تىزلىنىپ كېلىپ ، خوجىنىڭ يېڭىلا يۇزنى سىيپاپ تۆۋەن چۈشكەن قوللىرىنى تۇتۇپ سۆيۈشكە ، كۆزلىرىگە سۈرتۈشكە باشلىدى…

ئىككى يىگىت خوجىنى چوڭ يولغا چىقىپ كۆتۈپ تۇرغان قوزغىلاڭچىلارنىڭ يېنىغا ئەكەلدى . ئۇلار يېقىنلاپ كېلىپ تەڭلا ۋارقىرىدى :

— ھەي ، خالايىق ، بۇ ئادەم بىز كۈتۈۋاتقان مەھمۇد خوجا ئىكەن !

يىگىتلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان قوزغىلاڭچىلار بىر - بىرىگە قارىماي خوجىغا قاراپ يۈگۈردى . ئۇلار يىغا - زار بىلەن بىر — بىرىنى ئىتتىرىپ ئەڭ ئالدىدا خوجىنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشاتتى . كۈچلۈكلەر ئەڭ ئالدىدا بېرىپ ئۇنىڭ قولىنى تالىشىپ تۇتتى . باياندىكى قەلئەسى ئالدىدىكى چوڭ يول نالە - پەرياد ، يىغا - زارىغا تولدى . خوجىنىڭ قولىنى سۆيەلىگەن ياكى كۆزىگە سۈرتەلىگەن بەزىلەر بۇ بەختتىن ھاياجانلىنىپ ھوشىدىن ئايرىلىپ يەرگە يىقىلدى . ئادەم ئادەمگە باقمايتتى ، ھەربىرى خوجىغا يېقىنلىشىپ ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىشنى ، ھەتتا ئالا بەقەسەم تونىنىڭ پېشىنى كۆزىگە سۈرتۈۋېلىشنى ئويلايتتى...

كۈتمىگەن بۇ ئامەتتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان خوجا سەۋدايىلەرچە ئۆزىگە ئېتىلىپ كېلىۋاتقان ئادەملەرنى كۆرۈپ قورقۇپ قالدى . ھېلىمۇ ئۇ قىستا - قىستاڭدا قېلىپ ، مىڭ بىرىنى كۆرۈۋاتاتتى . ئېچىلغان قۇچاقلار ، سوزۇلغان قوللار ، ئېتىلىپ كەلگەن ئادەملەر ئۇنى گاھ باغرىغا بېسىپ ، گاھ قولىدىن تارتىپ ، گاھ سوقۇلۇپ يەتمىش بەشنى كۆرسىتىۋاتاتتى . ئۇ تەرلەپ - پۇشۇلداپ ، تەستە نەپەسلىنەتتى . ئۇنىڭ قارا مونچاقتەك ئويناپ تۇرىدىغان كۆزلىرى دەسلەپتە ئۆزىگە قاراپ ئېتىلىۋاتقان ، قوللىرىنى سۆيۈۋاتقان ، كۆزلىرىگە سۈركەۋاتقان ، يىغلاپ — قاقشاۋاتقان ، ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىۋاتقان ئادەملەرگە قاراپ ، «ئەمدى مېنىڭ دۇنيادەپىنەگە تويمىغىنىمنى كۆر !» دېگەن بولسا ، ئەمدى «مەڭگۈگە يۇمۇلۇپ

كېتەرمەنمۇ» دەپ چەكچىيىۋاتاتتى.

مىغىلدىغان ئادەملەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ كەلگەن گەۋدىلىك، كۆچ ـ قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق بىرى تەرلەپ ـ پىشىپ خوجىغا يېقىنلاپ كەلدى. بىراق، ئۇ قوللىرىنى سوزۇپ خوجىنىڭ قوللىرىنى تۇتالمىدى. ئېڭىكىنى قاپقارا ساقال قاپلىغان بۇ ئادەم خوجىنىڭ ئالا بەقەسەم چاپىنىنىڭ بىر پېشىنى تۇتۇۋالدى ـ دە، كۈچەپ تارتىپ بىر پارچە يىرتىۋالدى. ئۇ بۇ ئالا چاپاننىڭ بىر پارچىسىنى قىممەتلىك تەۋەررۈك دەپ بىلىپ كۆزىگە سۈرتتى. بۇنى كۆرگەن باشقىلار خوجىنىڭ ئالا بەقەسەم چاپىنىنى، ئاق كۆڭلىكىنى، بېشىدىكى ئاق سەللىسىنى بىردەمدىلا يىرتىپ بۆلۈشىۋالدى.

«كى نۇرغۇن كىشىدىن ئەلالا چىقىپ،
يۇرەك يارغۇدەك شور غەۋغا چىقىپ.
تامام چوڭ ـ كىچىكلەر قىلىپ گىرىيە ـ زار،
ئۆزىن يەرگە تاشلاپ بولۇپ بىقارار.
تەبەررۈك دېيىشىپ لىباس ـ تونىنى،
قىراھىنو ئېزەر ئىچ تونىنى.
خوجامنىڭ تونىنى ئۈزۈپ تويمادى،
ئۈزۈپ تىرمالاپ ھېچ قۇتۇن قويمادى.»①

مەھمۇدنىڭ بېلىدىن يۇقىرى تەرىپى يالىڭاچ قالدى. مۇرىلىرى چىقىپ، قوۋۇرغىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان ھالەتتە ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. بىر يىگىت ئۇنىڭ پاينەكۆۋشىنى دەسسىۋەتكىلى تاس قالدى.

---

① «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 3 ـ سان 15 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

«ھەي !··· بولدى قىلىڭلار ! خوجام ھوشىدىن كەتتى !···» دەپ خۇددى گۈلدۈرمامىدەك گۈلدۈرلەپ چىققان ئاۋاز تەلۋىلەرگە ئايلانغان ئادەملەرنى توختاتتى . ئەڭ دەسلەپ خوجىنىڭ ئالا بەقەسەم چاپىنىدىن بىر پارچە يىرتىۋالغان ساقاللىق ئادەم ئۇنى دۈمبىسىگە ئارتىپ كۆتۈرۈپ ، تەييارلانغان ئۆيگە قاراپ ئېلىپ ماڭدى . ئۇنىڭ كەينىدىن ئادەملەر دۈكۈرەپ ماڭدى···

* *

كېچىنى يېڭى تاۋار كۆرپە ـ يوتقانلاردا ئارامخۇدا ئۇخلاپ ئۆتكۈزگەن خوجا ، ئەتىسى ئەتىگەن تۇرۇپ بامدات نامىزىنى ئوقۇدى . ئۇ جايناماز ئۈستىدە قىبلىگە قاراپ ئولتۇرۇپ ، كۆزلىرىدىن ياش تۆكتى . ئۇ تەسۋىسىنى سىيرىپ ئولتۇرۇپ ، بۈگۈن قىلىدىغان ئىشلىرىنى ئويلىدى : «ناشتىدىن كېيىن ، بۇ يۇرتنىڭ ئاتىسىنى تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشەي !»

ئۇ جاينامازدىن قوپۇپ ، ئۈستىگە داستىخان سېلىنىپ ، نازۇ نېمەتلەر تىزىلغان شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى . ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقان يىگىتلەردىن بىرى كېلىپ ، قولىغا سۇ ئېلىپ ، تۇتۇلمىغان ئاق لۆڭگە تۇتتى . يەنە بىر يىگىت قايماقتىن يۈزى كۆرۈنمەيدىغان بىر ئاپقۇر ئېلىكتەك ئەتكەنچاينى پەتنۇستا ئەكىرىپ ، مەھمۇدقا تۇتتى . خوجا ئاپقۇرنى ئالدىغا قويۇپ ، شىرەگە قارىدى . پىتكاچ ، ھۆلۈق نان ، ھالۋا قاتارلىقلار ئۇنىڭ نەپسىنى غىدىقلىدى . ئۆمرىدە ئاخشامقىدەك ئوخشىغان تائاملارنى ، ھازىرقىدەك ناشتىنى كۆرۈپ باقمىغان خوجا ئالدى بىلەن قولىنى قايماقلىق ھۆلۈق نانغا ئۇزاتتى···

قورسىقى تويۇپ ، ئورنىدىن كېكىرىپ تۇرغان مەھمۇد شىرەنى يىغىۋاتقان قوشما قاش يىگىتكە قارىدى :

— ئوغلۇم ، بۇ يۇرتنىڭ ئاتىسى كىم بولىدۇ ؟

— مەزەمزات جانابلىرى .
— ھويلا ـ ئارامى مۇشۇ يەردىمۇ ؟
— ياق ، غۇلجا شەھىرىدە ! ئۆزلىرىنىڭ باياندايغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ، بۈگۈن بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقى ھەققىدە بىر چاپارمەنىدىن خەۋەر ئەۋەتىپتۇ .
— ياخشى ! — دېدى مەھمۇد خۇشال بولۇپ ، — ئۇ ئەزىز كەلگەن زامان ماڭا خەۋەر قىلىڭلار ، ئالدىغا چىقىمەن !...
— بولىدۇ .
خوجا ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئالا خۇرجۇننى ئالدى ، كىچە سەللىسى ، كۆڭلىكى ۋە ئۇزۇن چاپىنىدىن ئايرىلغان مەھمۇد خۇرجۇنىنىڭ ئىزمىسىنى ئېچىپ ، كونا ، بىر يېرىگە ياماق چۈشكەن ، ئاق ئۇزۇن چاپىنىنى ئېلىپ كىيدى ، بېشىغا خۇرجۇندىن ئالغان يېشىل لۆڭگىنى سەللە قىلىپ يۆگىدى . يەنە بىر قېتىم ئادەملەر ئۇنىڭ كىيىملىرىنى تەۋەررۈك قىلىپ بىر پارچىدىن يىرتىۋالسا ، ئەمدى كىيىدىغانغا كىيىمى يوق ، يالىڭاچ قالاتتى... قولىغا تەسۋىسىنى ئېلىپ ، يېڭىلا دېرىزە يېنىغا كەلگەن خوجا ، ئۆيگە ئىنچىكە بويلۇق بىر يىگىتنىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭغا قارىدى .
— ئۆزلىرىنى مەزەمزات جانابلىرى كۈتۈپ قالدى ، — دېدى يىگىت ئىككى قولىنى ئالدىغا باغلاپ ، ھۆرمەت بىلەن .
خوجا قول باغلاپ ، ئالدىغا ئېگىلىپ ئۆيگە سالام قىلىپ كىرىپ كەلگەندە ، ئاستىغا تولدۇرۇپ گىلەم ، تام ياقىلىتىپ بېغىررەڭ تاۋار كۆرپىلەر سېلىنغان يوغان ئۆينىڭ تۆر تەرىپىدە بېشىغا بېغىررەڭ مانچىستېر دوپپا كىيگەن مەزەمزات تامغا يۆلىنىپ كېرىلىپ ئولتۇراتتى . ئۇ ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بۇرنىنىڭ ئۇچى يوغان ، مۇرىسى كەڭ موللا شەۋكەت ئاخۇن ، سول تەرىپىدە پېشانىسى تار ، قاشلىرى قويۇق ۋە ئۆسكىلەڭ ، شاپ بۇرۇت ، چاڭگا ساقال سىڭار كۆز خوجىغا قارىدى .

كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ! — دېدى خوجا تاپىسىدا توختاپ ، ئالدىدىكى سالاپەتلىك ئادەملەرگە بىر - بىرلەپ قاراپ .

تۆردە ئولتۇرغان ئۈچەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ، مەھمۇدنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ! — دېدى ئېگىز بويلۇق مەزەمزات خوجا قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ ، قالغان ئىككىسىمۇ هاكىمبەگتىن كېيىن خوجا بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭدىن هال - ئەھۋال سورىدى .

كۆرۈشۈش ۋە تىنچلىق - ئامانلىق سوراش تۈگىگەندىن كېيىن ، ئالدىدا مەزەمزات غادىيىپ كېلىپ ئورنىغا ئولتۇردى . ئۇنىڭ كەينىدىن يوغان ئاق سەللىلىك شەۋكەت ئاخۇنۇم ، كۆزلىرى مولۇنىنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشايدىغان ئەخمەتخانمۇ بۇرۇنقىدەك ئولتۇرۇپ ، خوجىغا تىكىلدى . مەھمۇد هاكىمبەگنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۆيىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە كېلىپ ، ئىككى پۇتىنىڭ سوڭىدا ئولتۇرۇپ ، قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى ، قالغان ئۈچىمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ، قوللىرىنى يۈزىنىڭ ئالدىغا ياىدى . خوجا ئۆزۈندىن - ئۆزۈن دۇئا قىلىپ ، يۈزىنى سىيپاپ ، يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ قول باغلىدى .

— ئىسمىلىرىنى مەھمۇد خوجا ، دەپ ئاڭلىدۇق ! — دېدى مەزەمزات ئورنىغا ئولتۇرۇپ ، ئۆزىگە قارىغان خوجىغا تىكىلىپ .

— شۇنداق ، ئىسمىم مەھمۇد ، غەۋسۇل ئەزەم پۇشتىدىن بولىمەن .

«ۋەلى شىرلاردەك ئېرۇر قۇۋۋەتىم ،
جاھانغا پۇر ئۇلغان مېنىڭ شەۋكەتىم .
نە قىلغۇم جاھاندا يىغىپ گەنجنى مەن ،
بىلۇرمەن تېخى ئىلمى نارەنجنى مەن .

نە غەمدۇر ماڭا قىلسا دۈشمەن ھۇجۇم ،
كى ياخشى بىلۇرمەنكى ئىلمى نۇجۇم .»[①]

مەھمۇد خوجا ئۆزىنىڭ ئىلمىي ھېكمەتلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن ، يەنە ئالاھىدە بىر خىل دورا ياسىيالايدىغانلىقىنى ئېيتتى .

«تافىب قارا ساچقان ، قارا گۇربەنى ،
قارا قارغا بىلەن قارا كىرفەنى ،
بۇلارنى سويۇپ مەغزى سەرنى ئالىب ،
ئاڭا يەتتە ـ سەككىزچە دارۇ قاتىپ .
كى يەنجىپ ۋە تاسقابۇ مەيدە قىلىپ ،
ئازايىم ئوقۇبان دەمىدە قىلىپ .»[②]

بۇ دورىنىڭ تۈتۈنىنى دۈشمەن قارارگاھىغا تارقاتسا ، ھەممىسى ھوشىدىن ئايرىلىپ ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ، بېسىپ كېلىپ تىغ ئۇرغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى . باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ ، گەۋدىسىنى سەل ئالدىغا سوزۇپ ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن مەھمۇدنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋاتقان سىڭار كۆز ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالدى . بېشىغا يېشىل لۆڭگىنى سەللە قىلىپ ئورىغان خوجا ئەخمەتخانغا ئىلاھىي قۇدرەتكە ئىگە سىرلىق ئادەمدەك بىلىندى . ئۇ ئۆزى ئىزدەپ يۈرگەن ئادەمنى تاپقاندەك خوجىغا ئەقىدە باغلىدى .

«مەزەمزاتنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى كۆلدۈرۈپ ، ئاران ئېرىشكىنىم مىڭ لەشكەرگە باشلىق بولغىنىم بولدى . ئەمدى بۇ

---

① ② «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995ـ يىل 3 ـ سان 23 ـ بەت .

www.uyghurkitap.com

قوڭۇر كۆزدىن ماڭا شاپائەت كەلمەيدۇ . ھەرقانداق دانا ۋە باتۇرغا يۆلەك كېرەك ! يىراقتىن كەلگەن بۇ مۇساپىرغا يۆلەك بولسام مەزەمزاتتىن ياخشىراق شاپائەت قىلار ! توختا ! ۋاقتىنى ئۆتكۈزمەي ، ئەتىلا ئۇنىڭ تۇرالغۇسىغا بېرىپ تومۇرىنى تۇتۇپ باقاي . ناۋادا ئوي ـ خىيال ، نىيەتلىرىمىز بىر يەردىن چىقىپ قالسا ، قۇرئان تۇتۇپ ئۆمۈرلۈك دوست بولسامۇ بولىدۇ… »

— مەن ، — دېدى مەھمۇد ئۇننى كۆتۈرۈپ ، — تېرەكتىن فو (زەمبىرەك ) ياسىيالايمەن . ئالاھىدە كيىنگەن ، ئالاھىدە تەربىيەمنى ئالغان يۈز چېرىك بىلەن سان ـ ساناقسىز دۈشمەننى يوقىتالايمەن !…

«تېخى چوڭ تېرەكتىن تۇمەن فو ياساپ ،
تۆمۈر چەمبىرەكلەر سالىپ ، مىخ قاداپ .
تۆمۈر قىرغۇ بىرلەن ئىچىنى ئالىپ ،
ئاڭا دارۇ بىلەن يوغان ئوق سالىپ ،
ياساپ بەشچە فونى ئاتارمەن ئانى . »①

مەھمۇد خوجىنىڭ دېگەنلىرى چۆشكە بارمايلا قوزغىلاڭچىلار ئارىسىغا تارقالدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تۇرالغۇسىغا ئادەملەر توپلىنىپ كەتتى .

«يىغىلدى خالايىق مۇڭا فەۋج ـ فەۋج ،
كى دەريا سۇفەتلىك مەۋج ـ مەۋج . »②

خوجا توپلانغان خەلقنىڭ ئالدىغا چىقىپ يەنە ئۆزىنىڭ

---

① ② «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 3 ـ سان 23 ـ بەت .

كارامەتلىرىنى سۆزلىدى . شۇنداق قىلىپ ئۇ خەلقنى «ئۆز دامىغا ئېلىندۇردى . »①

— مېنى تېرەكلىك بىر باغقا باشلاپ بېرىڭلار ! — دېدى ئۇ قوزغىلاڭچىلارغا قاراپ .

خەلق ئۇنى باياندايدىكى بىر چوڭ باغقا باشلاپ باردى .

«چىقىپ خەلق مىرباقى باي باغىغا ،
ئۇرۇپ پالتۇنى شاخ ـ ياپراغىغا .
يوغان بەش تېرەكنى يىقىتتى بۇلار ،
ئەمىر ئورداسىغا ئېلىپ كەلدىلەر .
تېرەكلەر ئىچىنى يونۇپ نو ئېتىپ ،
تۇمەن فو سۇپەتلىك ياغاچ فو ئېتىپ . » ②

نەچچىلىگەن ئۇستا ياغاچچىلار ، تۆمۈرچىلەر بىرنەچچە ئاي ئىشلەپ بەش تېرەكنى بەش پو قىلىپ ياساپ چىقتى . شۇنىڭدىن كېيىن خەلق مەھمۇدنى «پوچى مەھمۇد» دەپ ئاتىدى .

* *

مەھمۇد مەزەمزات بىلەن كۆرۈشۈپ ئىككى ـ ئۈچ ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ، ئەخمەتخان خوجا قۇياش غەربىي ئۇپۇققا يانپاشلاۋاتقاندا ، شىمالىي تاغلاردىن كېلىۋاتقان كەچكى شامال باھارنىڭ ئۆزگىچە خاس خۇشبۇي پۇرىقىنى دىماغلارغا ئۇرۇپ يوپۇرماقلارنى شىلدىرلىتىپ ئوينىتىۋاتقاندا ، شەھەرگە قايتماي ھاكىمبەگدىن ئايرىلىپ قالدى . ئۇ بىر بېسىپ ، ئىككى بېسىپ ،

① ② «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 3 ـ سان 23 ـ بەت .

قولىنى كەينىگە تۇتقان هالدا ئەنجانلىق خوجىنىڭ تۇرۇۋاتقان ئۆيىگە كەلدى . سىڭار كۆزنى مەھمۇدقا خىزمەت قىلىۋاتقان يىگىتلەردىن بىرى كۆتۈۋېلىپ ، خوجىنىڭ يېنىغا باشلاپ كىردى .
ئەخمەتخان كىرگەندە ، مەھمۇد ئاق جايناماز ئۈستىدە قىبلىگە قاراپ ئولتۇرۇپ ، تەسۋى سىيرىپ ، ئىچىدە بىر نېمىلەرنى ئوقۇۋاتاتتى . ئۇ ئۆيگە بىر ئادەمنىڭ كىرگەنلىكىنى بىلىپ كەينىگە بۇرۇلدى . تاپىسىدا تۇرغان سىڭار كۆز قول باغلاپ سالام قىلدى . مەھمۇد ئالدىراپ ـ تېنەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئەخمەتخاننىڭ سالىمىغا سالىمى بىلەن جاۋاب بەردى . ئىككىسى قول ئېلىشىپ ، تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشتى . خوجا يەكچەشمەنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ ، ئۆزى دائىم ئولتۇرىدىغان ، قوش قەۋەت تاۋار كۆرپە سېلىنغان دېرىزە يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى . ئەخمەتخان ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدە ئولتۇرۇپ ، قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى . دۇئادىن كېيىن ئۇلار يەنە بىر قېتىم هال ـ ئەھۋال سوراشتى .
— مەھمۇدخان خوجام ، — دەپ گەپ باشلىدى ئەخمەتخان ، ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرغان خوجىغا سىنچىلاپ قاراپ ، — سىلى بىلەن بىر مۇڭداشقۇم كېلىپ قالدى . شۇڭا شەھەرگە قايتماي ئۆزلىرىنىڭ يېنىغا كەلدىم . كەچكى ئىبادەتلىرىگە دەخلى قىلىپ قويدۇممۇ ، قانداق ؟
— يوقسۇ ، ئاللاغا قىلىۋاتقان ئىبادىتىممۇ تۈگەپ قالغان ، — دېدى خوجا ھىجىيىپ ، — مەن ئادەم خۇمار ئادەممەن ، كۆپ كىشىلەر بىلەن تونۇشۇشنى ، دوست ـ بۇرادەر بولۇشنى ، ئەركىن ـ ئازادە ئولتۇرۇپ مۇڭدىششنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن . ئۆزلىرىنىڭ مۇڭداشقىلى كىرگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم . سىلى مەزمەزات لەشكەرلىرىنىڭ سەردارىغۇ ! ؟
— شۇنداق !...

— سىلىمۇ خوجا ، شۇنداققۇ ؟ !
— مەنمۇ خوجا ، پەيغەمبىرىمىز ئەۋلادى !
— مانا !… مانا !… بىز تۇغقان چىقىپ قالدۇق ! — دېدى خوجا ئېچىلىپ ، ھاياجانلىنىپ ، — خوجىلار بىر - بىرىگە تۇغقان بولىدۇ . ئۇلار بىر ئاتىنىڭ ئەۋلادلىرى ! — ئۇ ئورنىدىن سەل كۆتۈرۈلۈپ ئەخمەتخانغا قارىدى ، — مەن يۇرتلىرىغا مۇساپىر ، ماڭا كۆپرەك ئاتىدارچىلىق قىلىشلىرىنى سورايمەن .
— مېنىڭدە ، مەھمۇدخان خوجام ، سىلىگە ئاتىدارچىلىق قىلالايدىغان سالاھىيەت يوق ! مەن ئۆزلىرىنىڭ سادىق قۇلى بولالىساملا ، ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلاتتىم ! — دېدى ئەخمەتخان مەھمۇدقا ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن تىكىلىپ .
— بۇنداق دېمىسىلە ! ئۆزلىرى مەزەمزات لەشكەرلىرىنىڭ سەردارى تۇرسىلا ، ماڭا خىزمەتكار بولسىلا بولمايدۇ . مانا مەن سىلىگە چاكار بولسام بولىدۇ ! — دېدى ئەنجانلىق قاش - قاپىقىنى سۈزۈپ .
— ياق ! — دېدى ئەخمەتخانمۇ مەھمۇدقا جىددىي تىكىلىپ ، — سىلى ماڭا چاكار بولسىلا بولمايدۇ . سىلى دېگەن بىر ئالىم . يېتىلگەن سېھىرگەر ، شۇنداقلا ھەرقانداق دۈشمەن تەڭ كېلەلمەيدىغان باتۇر ! سىلىدەك ئادەمگە خىزمەت قىلسام ، ھەر ئىككى ئالەمدە ماڭا بەخت بولىدۇ !…
ئىككى ھىيلىگەر خوجا بىر - بىرىنى ئەنە شۇنداق ماختىشىپ ، بىر - بىرىنىڭ خۇي - پەيلىنى بىلمەكچى بولدى . بىر - بىرىگە يول بەرمىگەن ئىككى مەككار خوجا باشقىچە يول تۇتۇشقا تەييارلاندى . بۇ يولنى ئەنجانلىق خوجا ئەڭ دەسلەپ ماڭدى .
— ئۇنداق بولسا ، ئىنىم ، بىز دوست بولايلى ! ھەر ئىككىمىز خوجا ، ئىككىمىز دوست بولساق گۈل ئۈستىگە گۈل بولمامدۇ ؟ !

ئەنجانلىقنىڭ بۇ سۆزى سىڭار كۆزنىڭ كۆڭلىگە مايدەك ياقتى . ئۇ ئۆزىمۇ مەھمۇد بىلەن قۇرئان تۇتۇپ دوست بولۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرەتتى . ئۇ قولىدىن ھەرقانداق سېھىرگەرلىك كېلىدىغان بۇ خوجا بىلەن قىيامەتلىك دوست بولۇۋالسا ، كۆك تاشقا مىنەلەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى .

— سىلىنىڭ دېگەنلىرى مېنىڭ بەختىم ! بولىدۇ ، سىلى دېگەندەك ، بىز قىيامەتلىك دوست بولايلى ، مەھمۇدخان خوجام ، قۇرئان ئالسىلا ، بىز قۇرئانى شەرىفنى تۇتۇپ تۇرۇپ ، بىر — بىرىمىزدىن ھەرقانداق ئەھۋالدا يۈز ئۆرۈمەيدىغان سادىق دوستلاردىن بولايلى ، — دېدى ئەخمەتخان ئۆز مۇددىئاسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىۋاتقانلىقىدىن خۇشال بولۇپ .

مەھمۇدخان ئورنىدىن تۇرۇپ ئالا خۇرجۇندىن ئالىقانچىلىك بىر قۇرئاننى ئالدى . ئۇ قۇرئاننى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ سۆيدى ، ئارقىدىن پېشانىسىگە تەگكۈزدى .

— قېنى ، ئىنىم ، جايناماز غا كېلىپ قىبلىگە قاراپ ئولتۇرۇڭ !

ئەخمەتخان ئورنىدىن تۇرۇپ ، مەھمۇدخان ئولتۇرغان جايناماز نىڭ بىر يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى . ئالىقانچىلىك قۇرئان جايناماز نىڭ باش تەرىپىدە تۇراتتى . ئالدىدا ئىككىسى ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى . نامازنى ئوقۇپ تۈگىتىپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن ، مەھمۇد قۇرئاننى قولىغا ئالدى .

— مەن ، — دەپ قەسەم قىلىشنى باشلىدى ئۇ ، قۇرئاننى تۇتۇپ تۇرۇپ ، — ئىنىم ئەخمەتخان خوجا بىلەن ئىككى ئالەملىك دوست بولۇش ئۈچۈن قۇرئان تۇتتۇم . ناۋادا ئەخمەتخان خوجا بىلەن قۇرئان تۇتۇپ بولغان دوستلۇققا ۋاپاسىزلىق قىلسام ، ھەر ئىككى ئالەمدە قارا يۈز بولاي !

ئەخمەتخان خوجا ئەنجانلىق خوجىنىڭ قولىدىن قۇرئاننى ئېلىپ ، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئۆزىنىڭ سۆزى قىلىپ تەكرارلىدى .

ئاخىرى ئىككىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر ـ بىرىنى قۇچاقلىدى.

«قىلىپ قوچى كۆپ ھىيلىلەرنى دۇرۇست،
ئەخمەتخان خوجامنى قىلىپ ئۆزىگە دوست.
بۇ ئىكەۋ كەلامى خۇدانى تۇتۇپ،
قەسەملەر قىلىشىپ قېرىنداش بولۇپ.»①

مەھمۇد سىگار كۆز بىلەن قۇرئان تۇتۇپ دوست بولغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇ ئۆزىگە بىر ئىشەنچلىك ياردەمچى تاپقانلىقىدىن بېشى ئاسمانغا يېتىپ ئۆزىنى بۇ يۇرتنىڭ ھاكىمبېگى بولغاندەك سەزدى. ئەخمەتخان خوجىمۇ ئوشۇقى ئالچۇ چۈشكەن قىمارۋازدەك ئەمدىكى تاۋكالاردا ئۇتىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ئىچ ــ ئىچىدىن سۆيۈندى. ئارىسىدا ھېچقانداق خۇدۇكسىرەش قالمىغان ئىككى خوجا خىزمەتكار يىگىت كىرىپ ياققان شامنىڭ يورۇقىدا ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ پاراڭغا چۈشتى. ھاكىمبەگ لەشكەرلىرىنىڭ سەردارى بولغان ئەخمەتخاننىڭ تىلىنى باغلىۋالغان مەھمۇدخان ئۆزى قىزىقىدىغان ئەھۋاللارنى كوچىلاپ سوراشقا باشلىدى. ئۇلار تا يېرىم كېچىگىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. شۇ كۈنى ئەخمەتخان خوجا مەھمۇدنىڭ تۇرالغۇسىدا قونۇپ قالدى...

* *

مەھمۇد باياندايدىن غۇلجىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، تېرەكتىن بەش پو ياسىدى. قامەتلىك، كۈچ ـ قۇۋۋەتتى ئۇرغۇپ تۇرغان

① «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 3 ـ سان 23 ـ بەت.

يۈز ئۇيغۇر يىگىتنى تاللاپ، ئۇلارنى ياۋروپا چېرىكلىرىدەك كىيىندۈرۈپ، ھەممىسىگە تۆپەك مىلتىق تۇتقۇزدى. بۇنى قوزغىلاڭنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە ئەمەس، ئەكسىچە قوزغىلاڭنىڭ باشچىلىق ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش غەرىزىدە قىلدى. بەزىلەر ئەنجانلىقنىڭ نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمىسىمۇ، خەلقنىڭ ئۇنىڭغا بىلدۈرۈۋاتقان سەۋدايىلارچە ئېتىقادىنى كۆرۈپ، ئېغىز ئاچمىدى. خوجىنىڭ ئابرۇيى كۈندىن-كۈنگە ئۆسۈپ، مەزەمزات بىر چەتتە قالدى، ھەتتا ئەڭ يېقىن ئادىمى سىڭار كۆزمۇ يېنىغا بارمايدىغان بولدى. ئەزەلدىن ئىچى تار ھاكىمبەگ بۇنى كۆرۈپ ھەسەت ئوتىدا ئۆرتەندى. ئۇ جۈمە نامىزىغا تاھارەت ئېلىۋېتىپ ئۆز-ئۆزىگە غەزەپ بىلەن پىچىرلىدى:

«ياق! بۇ لەنىتى ئەنجانلىقنىڭ ئورنۇمنى ئىگىلىۋېلىشىغا قاراپ تۇرالمايمەن! ئۇنى كوچىدىن ئۆتسە چالما-كېسەك قىلىدىغان چاشقان قىلىۋېتەلمىسەم، ئاتام قويغان ئىسمىمنى يۆتكىۋېتىمەن!...»

*    *

باغلار ھۆپپىدە چېچەكلىدى. يەر-جاھان ئىسسىپ، دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھلار يېشىل تون كىيىپ، باھار شامىلىدا ۋىلىقلاپ كۈلدى. ئاسماندا بىر پارچىمۇ ئاق بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. مەزەمزات بىر مۇھاپىزەتچىسى بىلەن بەيتۇللاغا ئاتلىق يول ئالدى.

«بۈگۈن بەيتۇللادىكى جۈمە نامىزىدا ئادەم كۆپ بولىدۇ. خەپ، ئەنجانلىق! سېنىڭ سېسىق چاۋاڭنى جۈمەگە كەلگەنلەرنىڭ ئالدىغا يېيىۋېتمىسەم!...»

بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ ئاركىلىق دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىغان مەزەمزات ئالدىن ئېتىدىن چۈشكەن مۇھاپىزەتچى

يىگىتنىڭ ياردىمىدە ئېتىدىن چۈشتى . ئۇ ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ ، ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ ، غادىيىپ مەسچىتكە قاراپ يول ئالدى . ئۇچرىغانلار ئۇنىڭغا يول بېرىپ ، قوللىرىنى باغلاپ ، باشلىرىنى ئېگەتتى . ئۇ بەزىدە كەمچەت تۇماقلىق بېشىنى ئېگىپ ، بەزىدە ئەگمەي مېڭىپ بەيتۇللا ئىچىگە كىردى . هاكىمبەگ سەپ تارتىپ ئولتۇرغان ئادەملەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ ، ئالدىنقى قاتارغا كېلىپ توختىدى . ئۇ دائىم ئولتۇرىدىغان ئورۇن بوش تۇراتتى...

جۇمە نامىزى ئوقۇلۇپ بولۇنۇشى بىلەن ئورنىدىن تۇرغان مەزەمزات : مېنىڭ سىلەرگە دەيدىغان سۆزۈم بار ، دەپ جامائەتنى ئورنىدىن تۇرغۇزمىدى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ يوغان ، قوڭۇر كۆزلىرىدىن يۇرىكىدە كۆيۈۋاتقان ھەسەت ئوتىنىڭ ئۇچقۇنلىرى چېچىلاتتى ، ئاق سېرىق چىرايىدا بولسا ، چايانلار ئۆمىلەيتتى . هاكىمبەگنىڭ كۆز ۋە چىرايىنى كۆرگەن ئادەملەر بىر ـ بىرلىرىگە مەنىلىك قارىشاتتى .

ئىچكىرىكى ئۆيدىكىلەر ئالدىغا يىغىلىپ ئولتۇردى . تاشقىرىقى ئۆيدىكىلەر كىرىپ بوشىغان ئورۇننى تولدۇردى . مەسچىت ئىچى ئېغىر جىمجىتلىققا چۆكتى ، ھەممە ئادەم مەزەمزاتنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇراتتى .

— يېقىندىن بېرى ، — دەپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سۆزىنى باشلىدى مەزەمزات ، — شەھىرىمىزدە بىر ئەنجانلىق پەيدا بولدى . ئۇ ئۆزىنى «خوجا» دەپ ئاتىدى . لېكىن ، راست خوجىمۇ ، ئەمەسمۇ ، بۇنى بىلىدىغان ئادەم يوق . بەلكىم خوجىدۇر ياكى ئۆتۈپ كەتكەن بىر قىزىلكۆز ئالدامچىدۇر ؟ ! مەن ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزى ۋە قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا قاراپ ، ئۇنىڭ خوجا ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ قالدىم . ئۇ خوجا ئەمەس ، بىر مەككار ! مەن سىلەرنى ئاگاھلاندۇرىمەن ! بۇ ئەنجانلىققا ئىشىنىپ كەتمەڭلار ! ياغاچ قازاندا تاماق پىشامدۇ ؟ ياغاچ زەمبىرەكلەر

بىلەمدۇ قەلئەلەرنى ئالغىلى بولامدۇ؟! بۇ بىر ئۇچىغا چىققان ئالدامچىلىق! ئەقلى بار ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ… لېكىن، بىزنىڭ خېلى كۆپ ئادەملىرىمىز بۇ يالغان خوجىنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا قول بېرىپ، پىر ـ ئۇستاز دەپ بېشىدا كۆتۈرۈۋاتىدۇ. قارا چاشقان، قارا قاغا، قارا كىرپىلەرنى سويۇپ، نەچچە خىل دورا قوشۇپ، يانجىپ، ئۇششاقلاپ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئازايىم ئوقۇپ، دۈشمەن قەلئەسىگە قارىتىپ دۈتلەندۈرسە، ئۇ يەردىكى چېرىكلەر راستتىنلا ھوشىدىن كېتەرمۇ؟ بىز بېسىپ كىرىپ قىلىچ ئۇرساق بىلمەسمۇ؟ خالايىق، بۇ پەقەت بىر ئاللانىڭ قولىدىن كېلىدىغان سېھرىي قۇدرەت، ئەنجانلىق مەككارنىڭ قولىدىن كېلىشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس! — مەزەمزات قاتتىق ۋارقىراپ سۆزلەپ يۆتىلىپ كەتتى. ئۇ قولياغلىقىنى ئېلىپ، ئاغزىنى ئېرتىپ، يۆتىلى توختىغاندىن كېيىن، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — مېنىڭ بۇلارنى دېيىشىم، خالايىق، سىلەرنى ھىيلىگەر خوجىنىڭ ئازدۇرۇشلىرىدىن ساقلاپ قېلىش! قېرىنداشلار! ئەنجانلىقنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىپ، يۇرتىمىزنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويمايلى!…

مەزەمزاتنىڭ سۆزى ئادەملەر ئارىسىدا غۇلغۇلا قوزغىدى. كۆپلىرى ئۇنىڭ سۆزىنى توغرا تاپقان بولسىمۇ، يەنە بەزىلەر مەھمۇد خوجىنى ئاقلاپ چىقتى. ئۇنى ماختاپ، سېھىرلىك كۈچ ـ قۇدرىتىنى كۆككە كۆتۈردى. مانا شۇنداق ئادەملەردىن بىرى بەيتىللادىن چىقىپ، مەھمۇد خوجىنىڭ تۇرالغۇسىغا يول ئالدى. خوجىنىڭ تۇرالغۇسى بەيتىللادىن يىراق بولغاچقا، ئۇ شۇ يەردىكى مەسچىتتە جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ، يېڭىلا ئەخمەتخان خوجا بىلەن بىللە تۇرالغۇسىغا كېلىپ تۇراتتى. ئايىغى يېنىك، سىلىق ماڭىدىغان، ئەللىك ياشلارغا يېقىنلاپ قالغان ئادەم مەھمۇد تۇرۇۋاتقان ھويلىنىڭ ئاق دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

بېشىغا رەڭگى ئۆڭگەن قىزىل بۆك ، ئۇچىسىغا كالتە ، يالاڭ چاپان كىيگەن ، بويى ئانچە ئېگىز بولمىغان بۇ ئادەم بىر قانتى ئوچۇق تۇرغان دەرۋازىدىن ئىچىگە قارىدى . ئېگىز پېشايۋان ئۇستىدە تۇرغان يىگىت دەرۋازا ئالدىدىكى ئادەمنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى...

— ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى بىر ئادەم كەپتۇ . باشلاپ كىرەيمۇ يا ... — دېدى خوجىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان يىگىت ئىشىكنى ئۇرۇپ كىرىپ ، بوسۇغىدا قول باغلاپ توختاپ .

ئەخمەتخان خوجا بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان مەھمۇد : «كەتكۈزۈۋەتسەم ، بىرەر سوۋغا ـ سالام ئەكەلگەن بولسا ، زىيان تارتامدىمەن ؟ » دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ :

— باشلاپ كىرىڭ ، ئوغلۇم ! — دەپ يىگىتكە قارىدى .

هايال بولماي يۇزىدە چېچەك ئىزى قالغان ئادەم ئېگىلىپ ، قول باغلاپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى . ئۇ تاپىسىدىلا توختاپ ، ھىجىيىپ مەھمۇد بىلەن ئەخمەتخانغا سالام قىلدى .

— كېلىڭ ! كېلىڭ ! — دېدى خوجا ئۇنىڭ قولىغا قاراپ ، ھېچنېمە يوقلۇقىنى كۆرگەندىن كېيىن ، «باشلاپ كىرىڭ ! » دېگەنلىكىدىن ئۆزىگە كايىدى . ئەمما ئۇ ئارقىدىنلا : «بەلكىم يانچۇقىدىدۇر ؟ » دەپ ئۆزىگە تەسەللى بەردى .

ئۆيگە كىرگەن ئادەم ئىشىكنىڭ يېنىغىلا ئولتۇرۇپ ، ئىككى قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى . ئۇنىڭ چىرايى ھىجىيىپلا تۇراتتى .

— مەن بىرىنچىدىن ، ئۆزلىرىگە سالام بېرىپ قول بەرگىلى كېلىۋىدىم . ئىككىنچىدىن ، ئۆزلىرىگە دەيدىغان مۇھىم بىر گەپ بار ئىدى ، — دېدى يۇزى «گۇللۇك» ئادەم ھىجىيىپ ، ئۇ ئەخمەتخان خوجىغا بىر قاراپ قويۇپ ، سۆزىدىن توختىۋالدى .

— مېنىڭ ئالدىمدا دېگىلى بولمايدىغان سۆزمىدى ؟ — دېدى سىڭار كۆز ئورنىدىن تۇرۇپ ، — ئەمىسە مەن چىقىپ كېتەي !

— كېتىپ قالمىسىلا ، خوجام ! بىزنىڭ يەنە دېيىشىدىغان

گەپلىرىمىز بار ! — دېدى مەھمۇد چىقىپ كېتىۋاتقان سىگار كۆزىنىڭ كەينىدىن قاراپ .
ئەخمەتخان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، ھىجىيىپ ئولتۇرغان ئادەم مەھمۇدنىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ يېقىن كەلدى .
— بۈگۈن جۇمە نامىزىنى بەيتۇللادا ئوقۇۋىدىم ، — دەپ ، ھىجايغان ھالەتتە ، مەھمۇدقا قاراپ سۆزىنى باشلىدى كىرگەن ئادەم ، ئۇ مەزەمزاتنىڭ دېگەنلىرىنى ئېيتماي - تېمىتماي سۆزلەپ بەردى ۋە ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ خوجىغا سادىق ئادەملىكىنىمۇ ئەسكەرتىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالمىدى .
مەھمۇدنىڭ چىرايى تاتىرىپ ، ئۇچلۇق ئېڭىكىدىكى نوغۇچتەك ساقىلى تىترەپ كەتتى . ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ ، يۇقىرىقى كالپۇكىنىڭ ئۈچىدىكى شالاڭ بۇرۇتلىرىنى سىلاپمۇ باقتى ، يەنىلا ئىچ - ئىچىدىن ئۆرلەۋاتقان ۋەھىمە ئۇنى بىئارام قىلاتتى . شۇنداق بولسىمۇ كۆپنى كۆرگەن بۇ مەككار چىرايىغا بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلكە يۈگۈرتۈپ ، ئۆزىگە ھىجىيىپ قاراپ تۇرغان ئادەمگە تىكىلدى .
— ئۆزلىرىنىڭ ماڭا بولغان ساداقىتى مېنى تەسىرلەندۈردى ، — دەپ سۆز باشلىدى ئەنجانلىق خوجا ، — بىلىمەن ، مەزەمزات مېنىڭ تېگى - تەكتىمنى ئوبدان بىلمىگەنلىكتىن مېنىڭدىن گۇمانلىنىپتۇ . بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق ! قاراپ تۇرۇڭ ، كېيىنكى جۇمەلەردە ئۇ ئەزىز مېنىڭ ياخشى گېپىمنى قىلىدۇ . مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن ! — ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ ، ئالدىدىكى ئادەمگە تىكىلدى ، — ئىسمىشەرىپلىرى نېمىكىن ؟...
— ئىسمىم قۇليار ، ئاتامنىڭ ئىسمى فىدا مۇھەممەت .
— قۇليارخان ! — دېدى مەھمۇد ئوچۇق چىراي بىلەن ، — بىز ئەمدى يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق . پات - پات كېلىپ پېقىرنى يوقلاپ تۇرۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن !

— كېلىمەن ، كېلىمەن ! — دېدى قۇليار ئالدىراپ ـ تېنەپ ، خۇشامەت بىلەن ، — مەھمۇدخان خوجام ، ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ، مېنىڭ بەختىم .

— ئۆزلىرىدىن ، قۇليارخان ، بىر ئادەمنىڭ نام ـ ئەھۋالىنى سوراي دېۋىدىم…

— بىلسەملا دەپ بېرىمەن !

— موللا ناسىر ئەلەم دېگەن كىم بولىدۇ ؟ ! — دېدى خوجا قۇليارغا جىددىي تىكىلىپ ، — بۇ زاتنىڭ ئىسمىنى بىرقانچە يەردە ئاڭلاپ قالدىم . ئادەم كۆپ بولغانلىقتىن سورىيالمىدىم . بىلسىلە ، قۇليارخان ، ماڭا دەپ بەرگەن بولسىلا !…

— موللا ناسىر ئەلەمنى بىلىمەن ، ئوبدان بىلىمەن ، — دېدى قۇليار قاش ـ قاپىقىنى سوزۇپ ، كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ، — ئۇ زات ئۆزۈڭدىن بېرى زىنداندا .

«كى باشدىن ئاياغى سەلاسىلدە بەند ،
ئاياغىدا ئىشكەل ، بويۇندا كەمەند .
بۇ جەڭگە سەبەب بولغان ئۇ ئىبتىدا ،
شەھەر قازىسى ئېردى ھەم ئۇلەما .
چىرايىغا باقساق ئېرۇر تازا گۇل ،
ھەممە گۇل چىرايلار ئېرۇر ئاڭا قۇل .
تەكەللۇم زامانىدا سۆزلۈك ئېرۇر ،
يۈزى گۇل سۇفەت ئاھۇ كۆزلۈك ئېرۇر .
ساقالى ئانىڭ مىسلى كافۇر ئېرۇر ،
يۈرەكلىك زەباندار ، باھادىر ئېرۇر… »①

① «غازات دەرمۈلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 3 ـ سان 25 ـ بەت .

— شۇنداق بىر ئۇلۇغ زات نېمىشقا زىندانغا چۈشۈپ قالدى ؟ — سورىدى مەھمۇد ، ئۇنىڭ كۆز ۋە چىرايىدىن ھەيران بولغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

قۇليار ئۆزى دېگەندەك ، موللا ناسىر ئەلەمنى ئوبدان ۋە تولۇق ، زىندانغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنىمۇ توغرا بىلەتتى . ئۇ بىلگەنلىرىنى بىر باشتىن سۆزلەشكە باشلىدى . قۇليارنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتقان مەھمۇد بارغانسېرى قازىكالانغا قىزىقىپ قالدى ، ئۇ ھەتتا كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ ، مەزەمزاتنى بىرقانچە قېتىم سۆكتى . لېكىن ئەخمەتخان خوجىنى ئاغزىغا ئالمىدى . ئۇ موللا ناسىر ئەلەمنى زىنداندىن قۇتقۇزۇپ چىقىش قارارىغا كەلدى . «مەن ، — دەپ ئويلىدى خوجا ، — بۇ ئاخۇننى زىنداندىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقسام ، ئۇ جەزمەن مەن تەرەپ بولۇپ ، مەزەمزاتقا قارشى تۇرىدۇ . كۆنلەرنىڭ بىرىدە ھاكىمبەگنى يوقاتسام ، شەك ـ شۈبھىسىز ، ئۇ مېنى مەزەمزاتنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغۇزىدۇ...»

— مەن قايتاي ! — دېدى قۇليار پاراڭ تۈگىگەندىن كېيىن ، ئورنىدىن تۇرۇپ .

— قۇليارخان ! — دېدى ئورنىدىن تۇرۇۋاتقان مەھمۇد ، — شەھەرلەرگە مۇساپىر ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا ، يوللىرىغا قارايمەن ، پات ـ پات كېلىپ ئاڭلىغان ـ بىلگەنلىرىنى دەپ بېرەرلا !...

— پات ـ پات كېلىپ تۇرىمەن ! بولدى ، ئاۋارە بولۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرمىسىلا !

مەھمۇد خوجا قۇليارنى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ قويۇپ ، مۇلازىم يىگىتلىرىدىن بىرىنى چاقىردى .

— ئەخمەتخان خوجىنى چاقىرىۋېتىڭ ، ئوغلۇم ! — دېدى ئۇ ئالدىغا كەلگەن يىگىتكە قاراپ...

ھايال بولماي ئۆيگە سىڭار كۆز كىرىپ كەلدى . ئۇ ئۇدۇل كېلىپ ، مەھمۇدخاننىڭ يېنىدىكى تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى .

— ئۇزاق پاراڭلىشىپ كەتتىڭلارغۇ ! ؟ — دېدى ئەخمەتجان

خوجىغا بۇرۇلۇپ قاراپ .

— ئادەتتىكى گەپلەر ، — دېدى خوجا سىڭار كۆزگە ئوچۇق چىراي تىكىلىپ ، ئۇ بىردەم خىيال قىلغاندەك تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى ، — بۇگۈنكى جۇمە نامىزىدا مەزەمزاتنىڭ مېنى خالايىققا قارىلاپ بەرگىنى نېمىسى؟ يە مەن ئۇنىڭ زىتىغا تېگىدىغان بىرەر ئىش قىلىمىسام؟ !

— سىلى مەزەمزاتنى بىلمەيلا ! مەن بۇ ئادەمنىڭ ئاچچىق ئۇچىيىدىكىنىمۇ بىلىمەن··· ، — دەپ سۆز باشلىدى ئەخمەتجان قارا چىرايىدىن قويۇن ئۇچۇۋاتقان مەھمۇد خوجىغا تىكىلىپ ، — ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن كۆرەلمەس ، ئىچى قوتۇر ، ھەسەتخور ئادەم ! ئۇنىڭ سىلىنى جامائەت ئالدىدا يامانلىغانلىقى ھەيران قالغۇدەك ئىشمۇ ئەمەس . ئۆز ئىناۋىتىنىڭ چۈشۈپ ، سىلىنىڭ ئابرۇيلىرى ئۆسۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھاكىمبەگنىڭ يۈرىكى ئۆرتىنىپ كەتتى . بۇنىڭغا چىدىيالمىغان مەزەمزاتنىڭ جۇمە نامىزىدا سىلىنى يامانلاپ سۆز سۆزلىگەنلىكى ، ئۆسۈۋاتقان ئىززەت - ئابرۇيلىرىنى يەرگە ئۇرۇشتىن ئىبارەت .

— توغرا دېدىلە ! — دېدى خوجا ئاق پاختىسى يوغان كۆزىنى چەكچەيتىپ ، — راستتىنلا بۇ ئۇلۇغنىڭ ئىچى بەكمۇ تار ئىكەن . مېنىڭدەك بىر خۇداگۇي ئادەمنىڭ پاتمىغانلىقىغا ھەيرانمەن ! — ئۇ بىردەم خىيال سۈرۈپ تۇرۇۋېلىپ ، يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى ، — ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاشكارىلىغىنىمۇ ياخشى بولدى . ئۇنىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلىۋالدىم ، — ئۇنىڭ تەلەتگە قويۇن ئۆرلىتىۋاتقان كۆڭلىدە ، مەزەمزاتنى يوقىتىۋېتىش خىيالى تۇغۇلدى···

*    *

مەھمۇد خوجا ئەخمەتخان خوجا بىلەن كېلىشىپ ، مەزەمزاتقا موللا ناسىر ئەلەمنى زىنداندىن چىقىرىپ بېرىش تەلىپىنى قويۇپ ئادەم ئەۋەتتى . لېكىن ، ھاكىمبەگ ئىككى خوجىنىڭ تەلىپىنى

رەت قىلىپ، قازىكالاننى زىنداندىن چىقارمىدى...

سەھەردە ياغقان يامغۇردا يۇيۇلغان دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يېشىل يوپۇرماقلىرى خىلىلا ئېگىز ئۆرلىگەن قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرىدا چاقنايتتى. يوللىرىنىڭ توپىسى بېسىلغان شەھەر ساپ ھاۋادىن كۆكۈللۈك نەپەس ئالاتتى.

شەھەرنىڭ ئاتاقلىق ياغاچچى ۋە تۆمۈرچىلىرى زەمبىرەك ياسىغان، ئانچە چوڭ بولمىغان مەيداننىڭ بىر چېتىدە بويى ئانچە ئېگىز بولمىغان، چىرايى قارامتۇل مەھمۇد خوجا ئالدىغا قارايتتى. ئۇنىڭ بېشىغا سەللە قىلىپ يەنە شۇ يېشىل لۆڭگە ئورالغان بولۇپ، ئۈستىدە يېڭى ئۇزۇن چاپان تۇراتتى. ئاق پاختىسى يوغان كۆزلىرىنىڭ قارىسى قارا مونچاقتەك پىلدىرلىغان خوجا ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئۇچلۇق ئېڭىكىدىكى نوغۇچتەك ساقىلىنى تۇتۇپ قوياتتى. خوجىنىڭ ئوڭ قولىدا ئالىقانچىلىك كىچىك قۇرئان كۆرۈنەتتى.

مەيداندا ئەخمەتخان خوجا ئالدىنقى سەپتىن يۆتكەپ كەلگەن يۈز نەپەر چېرىك تۆتتىن ئات قېتىلغان تۆت چاقلىق ئۇزۇن ھارۋىلارغا «ھە ـ ھۇ...» دېيىشىپ، تىرەكتىن ياسالغان زەمبىرەكلەرنى كۆتۈرۈپ بېسىۋاتاتتى. سىڭار كۆز ئۇلارنىڭ يېنىدا ئۇلارغا باشچىلىق قىلاتتى. ئۇ گاھى قوللىرىنى كۆتۈرۈپ قايسىبىر چېرىكنى تىللايتتى. چېرىكلەر ياغاچ زەمبىرەكلەرنىڭ ئاغزىنى ھارۋىنىڭ كەينىگە قارىتىپ، ھەربىر ھارۋىغا بىردىن ئورناتتى. بەش ھارۋىغا ئورنىتىلغان بەش زەمبىرەكنىڭ باش تەرىپىگە توغ ـ ئەلەم بېكىتىلدى. ھەممە ئىش تۈگەپ، ئەمدى ھارۋىلار قوزغالسىلا بولاتتى. ئەخمەتخان خوجا ھارۋىكەش چېرىكلەردىن باشقا چېرىكلەرنى ئىككىگە بۆلۈپ، يېرىمىنى ھارۋىلارنىڭ ئالدىغا، يېرىمىنى ھارۋىلارنىڭ كەينىگە تىزدى. ئالدىدىكى چېرىكلەرنىڭ ئالدىدا ھەرخىل توغ ـ ئەلەملەرنى تۇتقان چېرىكلەر تۇردى. بېشىغا سۆسەر تۇماق، ئۈستىگە كالتە موۋۇت

چاپان كىيىپ ، بىلىنى قىلىچ ئېسىلغان تاسما بەلۋاغدا باغلىغان سىڭار كۆز مەھمۇد خوجىنىڭ يېنىغا كەلدى .

— ماڭامدۇق ؟ — دېدى ئۇ ، مەھمۇد خوجىغا تىكىلىپ .

— ماڭايلى ! سىلى بىرىنچى هارۋىغا چۈشسىلە ، مەن ئىككىنچى هارۋىغا چۈشەي ! — دېدى مەھمۇد ئالىقانچىلىك كىچىك قۇرئاننى ئاغزىغا يېقىن ئەكېلىپ سۆيۈپ .

ئەخمەتخان بىرىنچى هارۋىغا چىقىپ ، زەمبىرەكنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى . ئەنجانلىق خوجا ئىككىنچى هارۋىغا چىقتى . چېرىك هارۋىكەشلەر ئۇزۇن قامچىلىرىنى هاۋادا قارسىلدىتىپ ، ئاتلىرىغا : «چۇھ ، جانىۋارلار !» دەپ ۋارقىرىدى . قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتقان ئاتلار پۇشقۇرۇپ ئالدىغا قاراپ ئېتىلدى . هەيۋەت بىلەن چوڭ يولغا چىققان هارۋىلار تۇرمە ـ زىندانغا قاراپ يول ئالدى . ئىككى تەرىپى ئاق تېرەكلىك كوچىدا كېتىۋاتقان ئاتلىقلار ، هارۋىلىقلار ، ئېشەكلىكلەر ۋە پىيادىلىقلار ئالدى ـ كەينىدە قورال\u200cلىق چېرىكلەر تىزىلىپ ماڭغان ، زەمبىرەك بېكىتىلگەن هارۋىلارغا هاياجان ۋە هەيرانلىق بىلەن تىكىلەتتى . بۇ دەبدەبىلىك قوشۇنغا قارىغان كۆزلەردە : «نەگە ماڭغاندۇر ؟» دېگەن سوئال كۆرۈنەتتى . بارا ـ بارا كېتىۋاتقان هارۋا ۋە چېرىكلەرنىڭ ئىككى تەرىپىدە تاماشىچىلار كۆپەيدى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چوڭلارمۇ ، ياشلارمۇ ، بالىلارمۇ ، ئەرلەرمۇ ، ئاياللارمۇ بولۇپ ئۆزئارا پاراڭلىشىپ باراتتى ، كۆزلىرى كېتىۋاتقان چېرىك ۋە هارۋىلاردىن ئايرىلمايتتى .

— ئىككىنچى هارۋىدا ئولتۇرغان ئەنجانلىق خوجا شۇمۇ ؟ ئۇلار يېشىل لۆڭگىنىمۇ سەللە قىلىپ يۆگەيدىكىنە ! ؟ — دېدى كېتىۋاتقان بۇرۇتلۇق ئادەم ئۆزىدىن ئېگىزرەك هەمراھىغا قاراپ .

— مەھمۇد پوچى شۇ ! ئۇ ياسىغان ياغاچ زەمبىرەكلەرنى

كۆرمىدىڭمۇ؟ بەلكىم، خوجا ئۆز زەمبىرەكلىرىنى غۇلجىلىقلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئاچىقتىمىكىن؟!

— ئالدىدىكى هارۋىدا ئولتۇرغان يەكچەشمە ئەخمەتخان خوجىغۇ دەيمەن!؟ ئۇنى مەهمۇد بىلەن بىلەن قورئان تۇتۇپ دوست بوپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم، ئۇلارنىڭ بىللە كېتىۋاتقىنىغا قاراپ، راست ئوخشايدۇ، دەپ قالدىم.

— دېگەنلىرىڭ راست، هازىر ئىككىسى كىندىكى قوشتەك، نەگە بارسا بىللە بارىدىكەن، بىر - بىرىدىن زادىلا ئايرىلمايدىكەن!...

هارۋىلار غۇلجا ناهىيىسىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىغا يېقىنلاپ كەلدى. ئۇلار دولاندەرۋازىسىدىن كىرىپ بەيتۇللا مەسچىتى تەرەپكە قاراپ ئازراق مېڭىپ توختىدى. كوچىنىڭ غەربىي تەرىپىدە شەنگەن يامۇلى، شەرقىي تەرىپىدە يۇتاڭ يامۇلى بولۇپ، يۇتاڭ يامۇلى تۈرمە ئىدى. پوچى ياسىغان زەمبىرەكلەر بېسىلغان هارۋىلار مانا مۇشۇ يۇتاڭ يامۇلى ئالدىدا، زەمبىرەكلىرىنىڭ ئاغزىنى يامۇلغا قارىتىپ، قاتار تىزىلىپ تۇردى. چىڭ سۇلالىسى هاكىمىيىتى هاكىم ئىدارىسىنىڭ تۈرمىسى بولغان بۇ جاي هازىرمۇ تۈرمە بولۇپ، موللا ناسىر ئەلەم مۇشۇ تۈرمىدە ياتاتتى.

«شەهەرنىڭ ئىچىگە ئەلالا سالىنىپ،
يۇرەك يارغۇدەك شور - غەۋغا سالىپ.
كى هەر ئارابا ئىچىرە تۆرت ئات قاتىپ،
خاتۇن - بالالار قورقىشىبان قاچىپ.
يېتىپ كەلدى زىندان ئىشىكىگە تىز،
مۇنى كۆردى قىلدى ئەسەسلەر گۇرىز.
باسىپ ئېردى زىندان ئىشىكىنى چاڭ،
كى زىندانغا باقىپ ئۇرۇپ فوچى باڭ.

تىز ئاخۇنلۇغۇمنى چىقارغىل» دېدى ،
تاماملىك مېنىڭ بىرلە بارغىل ، دېدى… »①

مەھمۇد پوچى ئەخمەتخان خوجىغا بۇيرۇپ ، چېرىكلەرنى ھەربىر زەمبىرەكنىڭ يېنىغا بۆلۈپ تۇرغۇزدى . چېرىكلەر توپلارغا ئوق سېلىپ ئېتىشقا تەييار تۇردى . ئەنجانلىق خوجا ، ئەخمەتخان خوجىغا قاراپ :

— زىنداندىكىلەرگە دەڭ ، قازىكالاننى دەرھال چىقىرىپ بەرسۇن ، بولمىسا ئۆزۈم كىرىپ چىقىرىمەن . ئاندىن بۇ يامۇل ۋە زىندانلارنى زەمبىرەكلىرىمنى ئېتىپ تۇپتۇز قىلىۋېتىمەن ! — دېدى . پوچىنىڭ دېگەنلىرىنى سىڭار كۆز ۋارقىراپ زىندان - تۇرمىدىكىلەرگە ئەينەن يەتكۈزدى . قورقۇپ كەتكەن تۇرمە ئەمەلدار ۋە يايىلىرى موللا ناسىر ئەلەمنى چىقىرىپ بەردى .

«چىقىپ كەلدى ئاخۇن فەرىشتە سۈپەت ،
ساقاللىرى كافۇر سىرىشتە سۈپەت .
كى تىز فوچى مەھمۇد كۆرۈشتى كېلىپ ،
ئىكەۋ بىر - بىرى بىرلە دەرياب ئالىپ . » ②

مەھمۇد رەڭگىرويى سارغايغان ، خاسىيەتلىك نۇر چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى ئىچىگە كىرگەن ، ئۆسكىلەڭ قاشلىرى ، ئۆسۈپ كەتكەن چاچ - ساقاللىرى قاردەك ئاپئاق ، قامىتى سەل ئېگىلگەن موللا ناسىر ئەلەمنىڭ تۇرمە دەرۋازىسىدىن چىققانلىقىنى كۆرۈپ ،

①② «غازات دەرمۈلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 - يىل 3 - سان 25 - بەت .

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئالدىغا ئىككى كۆزىدىن ياش تۆكۈپ يۈگۈرۈپ باردى ـ دە ، ئۇنى قۇچاقلىۋالدى . سىگار كۆز شەھەر قازىسىنىڭ يېنىغا بارالماي ، هارۋىلارنىڭ يېنىدا ئېغىر خورسىنىپ قاراپ تۇردى...

بۇ ۋەقەنىڭ خەۋىرى مەزەمزاتنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە ، ئۇ ئولتۇرغان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى . ئۇنىڭ يوغان ، قوڭۇر كۆزلىرىدىن زەھەر ، ئاق سېرىق چىرايىدىن چايانلار تۆكۈلەتتى . يۈرىكى ھەسەت ئوتىدا كۆيۈۋاتقان ھاكىمبەگ خۇددى سەۋدايى بولغاندەك ھۆركىرىدى :

«بىلىپ قويغىن ، ئەنجانلىق ، مەن ساڭا بوزەك بولىدىغانلاردىن ئەمەس ! سېنىڭمۇ ، سەن زىنداندىن ئاچقان قازىنىڭمۇ جېنىنى ئالمىسام ، بۇ دۇنيا ماڭا ھارام بولسۇن !... »

* *

مەزەمزات مەھمۇد بىلەن ئەخمەتخاننى نەچچە ئون مىڭ قوزغىلاڭچى بىلەن كورەگە ماڭدۇردى . ئۇنىڭ ئەنجانلىق بىلەن سىگار كۆزنى كورەگە ماڭدۇرۇشىدا ئۆزىلا بىلىدىغان يامان غەرىزى بولۇپ ، موللا ناسىر ئەلەمنى كۆزىدىن يوقىتىشنى ئويلايتتى...

خېلىلا چىرايى تۈزۈلۈپ قالغان موللا ناسىر ئەلەم تورۇق يورغىسىغا مىنىپ ، ئىككى مۇلازىمى بىلەن كورە تەرەپكە كېتىۋاتاتتى . ئۇنىڭ نۇرانە چىرايىدىن خاسىيەتلىك نۇر چاقناپ تۇرىدىغان ئىچىگە سەل ئولتۇرغان كۆزلىرىدىن ، ئۆسكىلەڭ ئاق قاشلىرىدىن ، چىرايلىق ياسالغان ئاپئاق بۇرۇت ـ ساقاللىرىدىن پاكلىق ۋە گۈزەللىك چىقىپ تۇراتتى . ئۇنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم زوقلانماي قالمايتتى .

قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتقان تورۇق ئات چوڭ يولنىڭ ياقىسىدا

بىر خىل سىلىق يورۇپ باراتتى . بېشىغا ئات سەللە يۆگىگەن ، ئۇستىگە ئۇزۇن موۋۇت چاپان كىيگەن ئەلەم يولىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاغ ۋە دالىلارغا قاراپ باراتتى . بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ، ياشلىرىمۇ تەڭ دېگۈدەك ئىككى مۇلازىم يىگىت ، ئاخۇنۇمنىڭ كەينىدە يانمۇيان مېڭىپ ، پاراڭ بىلەن كېتىۋاتاتتى...

ئىلى ۋادىسىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي تەرىپى قاتمۇقات ئەزىم تاغلار بىلەن توسۇلغان بولۇپ ، قۇياش نۇرىدا ئۇنىڭ ساي ـ سالا ، توپىلاڭ ۋە چوققىلىرى چاقناپ كۆرۈنەتتى . تاغلارنىڭ ئاستىدا ئېدىرلىقلار خۇددى ئاسمان ـ پەلەك تاغلارنىڭ پەلەمپىيىدەك تۇراتتى . بۇ ئېدىرلىقلار بىنەملىكلەر دەپمۇ ئاتىلاتتى . ئىلى دېھقانلىرى «سۇ تۇتۇپ تېرىلىدىغان بۇغداي ئېتىزلىقلىرىنى ئۆلكە ، سۇ تۇتماي تېرىلىدىغان ئېدىرلىقلاردىكى بۇغدايلىقلىرىنى بىنەم» دەيتتى .

ئېدىرلىقلاردىن كېيىن باشلانغان دالىلار كۆكىرىپ ، ئىشلەۋاتقان ئەر ـ ئايال دېھقانلارنىڭ ناخشىلىرى ياڭرايتتى . ئۇلارنىڭ هاۋاغا كۆتۈرۈلگەن كەتمەنلىرى قۇياش نۇرىدا جۇلالىناتتى . كۆرۈنگەن سەهرالار بوستانلىشىپ ، چىرايلىق كۆرۈنەتتى . يولنىڭ ئىككىلا تەرىپىدىكى ، ئېتىزلارنىڭ قىر ۋە ئېرىق بويلىرىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يېشىل يوپۇرماقلىرى شىلدىرلايتتى . خېلىلا ئېگىز ئۆرلىگەن قۇياشنىڭ ئىللىق ئاپتىپى يىراقتىكى تاغلاردا ، بوستان سەهرا ، يېشىل دالا ، دەل ـ دەرەخ ، گىياھ ـ چۆپلەردە خۇددى تەبەسسۇمدەك چاقنايتتى .

پەرىشتە سۈپەت قازىكالاننىڭ خىيالىغا ئەنجانلىق خوجا كېلىپ ، ئۇنى ئويلاپ قالدى . پوچى بىلەن ئەخمەتخاننىڭ كۆرەگە كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ، ئۇلاردىن هال سورىغىلى كېتىۋاتقان موللا ناسىر ئەلەم ئەمدى ئۆز خىيالىغا بېرىلىپ ، تاغ ـ دالىلارنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرى بىلەن ئىشلەۋاتقان دېھقانلارنىڭ

ناخشىلىرىنىمۇ ئۇنتۇدى . ئۇ بېشىنى سىلىپ ، خىيال قاينىمىغا كىرىپ ئۇزەتتى . «قارىماققا بۇ خوجىنىڭ خۇي ـ پەيلى دۇرۇستەك قىلىدۇ . قولىدىن خۇدانىڭ كالامى چۈشمەيدىكەن . مېنىڭ نامۇئەھۋالىمنى بىلىپ ، مەزەمزاتنىڭ قوشۇلمىغىنىغا قارىماي ، مېنى تۈرمىدىن ئازاد قىلىپ چىققانلىقىمۇ ، ئۇنىڭ دىنىمىزغا سادىقلىقىنى كۆرسىتىپلا قالماي ، يەنە توغرىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ ، — ئۇ خىيالدىن توختاپ ، ئۆتۈپ كېتىۋاتقان مەيگە قارىدى ، — لېكىن ، ئادەم بالىسى بىر سىرلىق دۇنيا ، ئۇنىڭ چىرايلىق سۆزلىرىگە ، چىرايىدىكى كۈلۈمسىرەشلەرگە قاراپلا باھا بەرگىلى بولمايدۇ ، كىم بىلىدۇ ، مەھمۇد پوچى راستىنلا غەۋسۇل ئەزەمنىڭ توغرا نىيەتلىك پۇشتىدۇر ، كۆڭلىدە يامانلىق يوقتۇر !؟ ئۇ بەلكىم ئەلى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ ، ئەنجاندەك يەردىن توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلىغىلى كەلگەن قارا نىيەتتۇر ؟ ! بىز چەتتىن كەلگەن خوجىلاردىن ئاز دەرد تارتتۇقمۇ ؟ ! ئاشۇ لەنىتى خوجىلار سەئىدىيە خانىدانلىقىنى جۇڭغارلارنىڭ ئايىغىغا تاشلاپ بەردى . ئەمدى يەنە ئالدانساق ، خۇدا ئالدىدا گۇناھكار بولمامدۇق ؟ ! ياق ! مەن مەھمۇدقا ئالدىراپ ئىشىنىپ كەتمەي ، بىر مەزگىل ئوبدان كۆزىتىپ ، ئاندىن بىرنېمە دېمەمدىم !؟…» موللا ناسىر ئەلەم يەنە خىيالدىن توختىدى . ئالدىدىن كېلىۋاتقان ئاتلىق قازاق توختاپ ، ئاخۇنۇمغا سالام بەردى . قازىكالان قازاقنىڭ سالىمىغا سالام بىلەن جاۋاب بېرىپ ، ھال ـ ئەھۋال سورىدى…

ئوتتۇرا ياشلىق قازاق بىلەن خوشلاشقان ئاخۇنۇم ، يورغىسىنى دېۋىتىپ يولىنى داۋام قىلدى . ئىككى مۇلازىمىمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن يول ئالدى . موللا ناسىر ئەلەم بايا ئۈزۈلۈپ قالغان خىيالىنى يەنە داۋاملاشتۇردى : «بۇ دۇنيا ، بۇ ھايات نېمىدېگەن سىرلىق ۋە مۇرەككەپ ! ساڭا قاراپ ھىجايغانلارنىڭ ، قول باغلاپ ئېگىلگەنلەرنىڭ يېگى ئىچىدە پىچىقى بارلىقىنى

بىلىۋالالمىساڭ ، پىچاق يەپ قىزىل قېنىڭغا بويىلىسەن ! سېنى تىلىلىغاندىن ، ساڭا قاراپ ھىجايغان خەتەرلىك ! »

ئاخۇنۇم باياندايدىن ئۆتۈپ ، كۇرەگە يېقىنلاپ كېتىۋاتاتتى . كۇن خېلىلا ئىسسىپ ، موللا ناسىر ئەلەمىنىڭ پېشانىسىدە تەر تامچىلىرىنى چاقناتتى . ئۇ كېتىۋېتىپ كەينىدىن كېلىۋاتقان ئاتلارنىڭ ئاياغ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى . ئۇ بۇرۇلۇپ قاراپ ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئالتە ـ يەتتە ئادەمنى كۆردى . ئاخۇنۇمنىڭ تېنى تۇيۇقسىزلا شۇركۇنگەندەك بولدى ، لېكىن ئۇ ، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتماي ، يولىنى داۋام قىلىۋەردى .

«نەگە ماڭغان ئادەملەردۇر ؟ مېڭىشى تېز ۋە باشقىچىلا كۆرۈنىدىغۇ ؟ كۇرە تەرەپتە بىرەر ئىش بولغانمىدۇر ؟ !··· » دەپ ئويلىدى ئاخۇنۇم كېتىۋېتىپ .

يوچۇن ئاتلىقلار قازىكالانغا بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلەتتى . قوللىرىغا تۆپەك ملتىق تۇتۇپ ، يانلىرىغا قىلىچ ئاسقان بۇ ئادەملەرنىڭ كېلىشىدىن بىر يامانلىقنى كۆرگەندەك ، ئاخۇنۇم ئېتىنى پۇتلىرى بىلەن دېۋىتتى . ئۇنىڭ كەينىدىن قالماي كېلىۋاتقان ئىككى مۇھاپىزەتچى يىگىتمۇ پات ـ پات كەينىگە قاراپ سەگەك ماڭدى .

«دېدى ئاخۇنۇم : ئالامان ، ئالامان ،
كى يالغۇز بۇ يەردە تۇرمەن يامان . »①

كەينىدىن كېلىۋاتقان ئاتلىقلار بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلەتتى . بۇنى كۆرگەن موللا ناسىر ئەلەم ئېتىغا قامچا ئۇردى . ئات ئەمدى يۇگۇرۇشكە باشلىدى ، ئىككى مۇھاپىزەتچى يىگىتمۇ ئاخۇنۇمنىڭ كەينىدىن قالماي ئاتلىرىنى چاپتۇردى .

① «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 3 ـ سان 25 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

«بۇ بىچارە ئاخۇن قاياققا قاچار ،
قازا ئاخۇنۇمغا بولۇبدۇر دۇچار .
گۇرۇنچ ئېتىزىغا ئالىب يۇردى ئات ،
كى ئەسمە يۇگۇرتۇپ يېتىپ كەلدى فات .
تۇفەك ئاتتى تىز تەگدى ئاخۇنغا ئوق ،
كى ئاتتىن يىقىلماققا بولدى ياۋۇق .»①

ئوق ئاتقان ئادەم ئۇدۇل قازىكالاننىڭ يېنىغا كېلىپ ئېتىدىن چۈشتى ـ دە ، قىلىچىنى سۇغۇرۇۋېلىپ ، تېخى جېنى چىقمىغان پەرىشتە سۈپەت ئەلەمنىڭ يۈرىكىگە تىقتى . شۇ چاغدا ئاخۇنۇم ئۆز قاتىلىغا قاراپ ، ئەڭ ئاخىرقى يۈرەك سۆزلىرىدىن پىچىرلىدى : «ھەي ، پاك پەرۋەردىگار ! مۇنۇلارنىڭ نەسلى ئاتىلىرىنىڭ يولىدا ماڭمىسۇن ، ئۇلار پاك قېرىنداشلىرى بىلەن بايلىق ، ھوقۇق ۋە شۆھرەت تالاشماي ئىناق ئۆتىدىغان بولسۇن !… »

موللا ناسىر ئەلەمنىڭ كۆكسىدىن يېيىلىپ چىقىۋاتقان قىزىل قان بىردەمدە ئانا زېمىننى بويىدى .

«كى جانى جانان سارى بولدى راۋان ،
مۇبارەك تەنى بولدى ئاغۇشتە قان .
كى كافۇر سۇفەت ئاق ساقال بولدى خۇن ،
مۇنى ئاڭلاغان مۇئمىن ئولدى جۇنۇن… »②

قازىكالاننىڭ ئىككى مۇھاپىزەتچى يىگىتى قىلىچلىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ نامەلۇم قوراللىق ئادەملەر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشتى . لېكىن ، ئۇلار كۆپ بولغانلىقتىن تەڭ كېلەلمەي كەينى ـ كەينىدىن جان بەردى…

بۇ خەۋەر مەھمۇد پوچىغا يەتتى . ئۇ موللا ناسىر ئەلەمنىڭ قاتىلى مەزەمزات ئىكەنلىكىنى دەرھال پەملەپ ، بىر قىسىم

①② «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 3 ـ سان 26 ـ بەت .

قوزغىلاڭچىلارنى باشلاپ شەھەرگە كەلدى . موللا ناسىر ئەلەمنىڭ ۋاپاتىدىن خەۋەر تاپقان خەلق هازا تۇتۇۋاتاتتى .

«شەھەر خەلقىگە يەتتى ئۇشبۇ خەبەر ،
خالايىقدا قالماي خىرەددىن ئەسەر .
تامام يىغلاشىب نالە ـ پەرياد ئېتىپ ،
بولۇپ بىقارار تەڭرىگە داد ئېيتىپ ،
تامام يىغلابان كىم تۇتۇشتى ئازا ،
تىخى جامە ئۇستىگە كىيدى قارا .»①

قازىكالاننىڭ ئايالى ئاپئاق ، ئوغۇللىرى پەخرىدىن ئاخۇن بىلەن نىزامىدىن ئاخۇنلار ياقا يىرتىپ قان ـ قان يىغلىدى .

«ئىشتىكى ئاففاق ۋە ئىككى ئوغۇل
كېتىپ هۇشىدىن بولدى قاتتىغ مەلۇل .
كى فەخرىددىن ئاخۇن ئۇرۇب سەخت ئاھ ،
دېدىكىم : ‹گۇناھىڭ نەدۇر ئەي ، ئاتا !
قايۇ ناسەزا قەتىل قىلدى سېنى ،
يېتىم بىناۋا ، بىكەس ئەتتى مېنى .
دەرىخا ، دەرىخا ، دەرىخا ، دەرىغ ،
قايۇ سەنگى دىل ئوردى باشىڭغا تىغ › .
نىزامىددىن ئاخۇن ياقا چاك ئېتىپ ،
بولۇپ بىقارار گاھى ئەقلى كېتىپ .
دەرئېردىكى : ‹ئەي مېھرىبانىم ئاتام ،
فىدادۇر ساڭا تەندە جانىم ئاتام .
باشىم ئۆزرە ئېردىڭكى تاجىم ئاتام ،
مەھەم ئوترۇ كەلسە راۋاجىم ئاتام › .»②

---

① «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 3 ـ سان 26 ـ بەت .
② «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 3 ـ سان 26 ـ بەت .

پۈتۈن شەھەر خەلقى موللا ناسىر ئەلەمنىڭ نامىزىنى بەيتىللادا ئوقۇپ، خەلپەم بۇزرۇكۋار قەبرىستانلىقىغا قويدى. مەھمۇد پوچى پۈتۈنلەي قارىلىق كىيىمى كىيىپ، ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىدىن بەيتىللاغىچە، بەيتىللادىن خەلپەم بۇزرۇكۋارغىچە جىنازىنىڭ ئالدىدا ئاق باغلاپ ماڭدى···



www.uyghurkitap.com

## ئون ئىككىنچى باب

# چەڭزىگە سانجىلغان باش

مەھمۇد پوچى موللا ناسىر ئەلەمنىڭ جەستىنى يەرلىككە قويۇپ ، يەتتە نەزىرىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ، كۇرەدىن بىرقانچە كىلومېتىر بېرىدىكى بارگاھىغا قايتىپ كەلدى...

ئاق ئۆي ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان شىرەنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر - بىرىگە قارىشىپ ئەنجانلىق خوجا بىلەن چىغلىقمازارلىق خوجا ئولتۇراتتى . داستىخانمۇ سېلىنمىغان كونا شىرەنىڭ بىر چېتىدە پىلدىرلاپ شام ياناتتى .

— موللا ناسىر ئەلەمنى مەزەمزاتنىڭ ئادەملىرى ئۆلتۇردى . بۇنىڭدا گۇمان يوق ! خەلقمۇ قازىكالاننىڭ قاتىلى ھاكىمبەگ دېيىشمەكتە . بۇگۇنكى كۇندە قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۆپىنىڭ مەزەمزاتتىن رايى قايتتى . بۇ ئەلۋەتتە بىزگە پايدىلىق ، — پېشانىسى تار ، قاشلىرىنىڭ تايىنى يوق ، كۆزلىرىنىڭ ئاق پاختىسى يوغان پوچى سىڭار كۆزگە جىددىي قاراپ سۆزلەيتتى ، — بىز پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، ئەخمەتخان ، ھاكىمبەگنى جەھەننەمگە ئۇزىتىۋېتەيلى ! بىزنىڭ بۇ ئىشىمىزدىن خەلقمۇ خۇش بولىدۇ ، قازىكالاننىڭ روھىمۇ خاتىرجەم بولىدۇ . مەن ئويلاپ تۆۋەندىكىدەك قارارغا كەلدىم ، — يۇقىرىقى كالپۇكىنىڭ ئىككى چېتىدىلا شالاڭ بۇرۇتلار ئۆسكەن ، ئۇچلۇق

ئېڭىكىدىكى نوغۇچتەك ساقىلىمۇ ياسالمىغان خوجا بىر ئۇھ تارتىپ ، ئەخمەتخانغا قارىدى . ئىككى مەڭزى تومپىيىپ چىققان ، قاشلىرى قويۇق ۋە ئۆسكىلەڭ ، سىڭار كۆزلۈك ئەخمەتخان ئىككى قولىنى شىرەگە قويۇپ مەھمۇدنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . لېكىن ئۇ ، ئۆز كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ چوتىنى سوقۇۋاتاتتى : «مەيلى ، پوچى مەزەمزاتنى جايلىۋەتسە جايلىۋەتمەمدۇ ! ئارقىدىن مەن مۇنۇ موڭغۇل چىرايىنى جايلىۋەتسەم ، بۇ يۇرت ماڭا قالامدۇ ! ؟ ئۇ چاغدا چىغلىقمازاردىن بۇ يەرگە بىكار كەلمىگەن بولىمەن ، — ئۇ بىر دەم تۇرۇۋېلىپ ، خىيالىنى داۋام قىلدى ، — مەزەمزاتتىن قول ئۈزۈپ ، خوجىغا قول بەرگىنىم ئەقىللىق ئىش بولىدىغاندەك تۇرىدۇ . خوجا ھاكىمبەگنى ئۆلتۈرۈۋەتسىلا ، مېنىڭ بەختىمگە يول ئېچىلىدۇ »…

— ئەتە موللا ناسىر ئەلەمنى زىنداندىن قۇتۇلدۇرغىلى بارغاندەك ، پولىرىم بىلەن مەزەمزاتنىڭ چېدىرى ئالدىغا بارىمەن . ئۇنىڭ چېدىردا بار - يوقلۇقىنى بىلىپ ، بار بولسا بىر پو بىلەن كۆلىنى كۆككە سورۇۋېتىمەن . ئۇ يەردىلا ئوچۇق - ئاشكارا : موللا ناسىر ئەلەمنىڭ قىساسىنى ئالدىم ، دەپ جاكارلايمەن ! — ئاق پاختىسى يوغان كۆزلىرىنىڭ قارا مونچاقتەك قارىسى پىلدىرلاپ تۇرغان خوجىنىڭ چىرايىدىن قويۇن ئۇچاتتى .

— بولىدۇ ، مەن قوشۇلىمەن ! — دېدى سىڭار كۆز ، مەھمۇدقا جىددىي تىكىلىپ ، — ھازىر قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۆپى ئۆزلىرىگە قول بېرىپ مۇرىتلىرى بولدى . موللا ناسىر ئەلەمنىڭ ئۆلۈمى بىلەن مەزەمزاتتىن خەلقنىڭ كۆڭلى يېنىپ ، ئۆزلىرىگە كۆڭۈل بەردى . بۇنداق تېپىلمايدىغان پۇرسەتتە ھاكىمبەگنى ئۆلتۈرۈۋەتسىلە ، قوزغىلاڭچىلار ھېچنېمە دېمەيدۇ ، بەلكى بۆكىنى ئاسمانغا ئېتىپ خوش بولىدۇ ، — خوجا سۆزىدىن توختاپ سىنچىدەك پوچىغا قارىدى .

مەھمۇد خىيال سۈرۈۋاتاتتى : «مەن سىلىنىڭ كۆڭۈللىرىدىكىنى بىلمەمدىمەن ؟ ! سىلى تاش سانىغاندا ، مەن قوم سانىيالىسام ، ئەنجاندىن بۇ يەرگە كەلمەيتتىم . ئۆز ۋاقتىدا مەزەمزاتقا كۆچۈكلىنىپ ، ئەخمەت خەزىنىچىبەگنى ، ئىككى نەۋرىسىنى ، كۆيئوغلى ئابدۇرۇسۇل ئەمىرنى ئۆلتۈردىلە ! ئەمدى بۇرۇنقى خوجىلىرىدىن قول ئۈزۈپ ، ماڭا قول بەردىلە ! سىلى يالغۇز ئۆز قارا نىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغانلىقلىرىنى بىلىپ ، مەن كېلىشىمگە ماڭا يېپىشتىلە ! ئۆزلىرىنىڭ كۆزلىرى بىر بولغان بىلەن ، ئىككى كۆزى بار بەزى ئادەملەر كۆرەلمىگەن نەرسىلەرنىمۇ كۆرەلەيدىكەنلا . سىلى مېنىڭ بۇ يۇرتقا بىكار كەلمىگەنلىكىمنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاجايىپ ھۈنەر ۋە ئىلىملىرىم بارلىقىنى بىلىپ ، ماڭا قول باغلىدىلا ، سىلىنىڭ مەزەمزاتنى ئۆلتۈرۈشۈمگە قوشۇلماسلىقلىرى مۇمكىنمۇ ؟ بۆكلىرىنى ئاسمانغا ئېتىپ ، بىر ئەمەس ئىككى قوللىرىنى كۆتۈرۈپ قوشۇلىدىلا ! بۇ سىلىنىڭ قارا نىيەتلىرىگە تازا باپ ئىش ـ دە ! مەزەمزات ئۆلسە ، مەنلا قالىمەن ـ دە ! مېنىڭدەك چەتتىن كەلگەن بىر خوجىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ، مەزەمزاتنى ئۆلتۈرۈشكە قارىغاندا تولىمۇ ئاسان ئىش ـ دە ! بۇنىڭ سورىقىمۇ بولمايدۇ ! شۇنداق ، مالايلارغا ئالدىنقى خوجايىنىنى ئۆلتۈرۈشتىن كېيىنكى خوجايىنىنى ئۆلتۈرۈش ئاسان ! بوپتۇ ، ئۆز كۆڭلۈڭنى خۇش قىلىپ ، بىرقانچە كۈن يېنىمدا يۈرۈپ تۇرغىن ! مەزەمزاتنى يەرلىككە قويغاندىن كېيىن ، نۆۋەت ساڭا كېلىدۇ . شۇنى بىلگىنكى ، ئەخمەق ، لىغا توغرىلاپ مەزەمزاتنى ئۆلتۈرەلىگەن ئادەم ، ئىلى ئالىمنى ساڭا تۇتقۇزۇپ قويامدۇ ؟ !...»

— مەن بىرىپ ، مەزەمزاتنىڭ شەھەرگە كەتكەن ـ كەتمىگەنلىكىنى بىلىپ كېلەيمىكىن ، — دېدى ئەخمەتخان ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىنىپ .

— بولدى ، ئاۋارە بولمىسىلا ! مەن مۇلازىملىرىمدىن بىرىنى

ئەۋەتتىم . ئۇ ھازىرلا كېلىدۇ ، — دېدى بېشىغا ئاق بۆك كىيىپ ، يەڭ ۋە ئېتەكلىرى ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىپ ئولتۇرغان مەھمۇد .

ئەنجانلىق خوجىنىڭ سۆزى تۈگە ـ تۈگىمەيلا چېدىرغا بىر ياش مۇلازىم يىگىت قول باغلاپ كىرىپ كەلدى . ئۇ تاپسىدىلا تۇرۇپ پوچىغا ھۆرمەت بىلەن تىكىلدى .

— مەزەمزات بۈگۈن شەھەرگە كەتمەپتۇ ، — دېدى ئۇ ، يەنە دەيدىغان سۆزى باردەك مەھمۇدقا قاراپ .

— يەنە دەيدىغانلىرىڭ بولسا ، تارتىنماي دەۋەرگىن ، ئوغلۇم ! — دېدى پوچى مۇلازىم يىگىتنىڭ سۆز سۆزلىشىگە مەدەت بېرىپ .

— ھاكىمبەگنىڭ چېدىرىنىڭ ئەتراپىدىكى قاراۋۇللار نەچچە ھەسسە كۆپەيتىلىپتۇ . بۇرۇن ئاتلىق قاراۋۇللار يوق ئىدى . بۈگۈن نەچچە ئون ئاتلىق قاراۋۇللارمۇ قويۇلۇپتۇ . يېقىنلىغان ھەرقانداق ئادەمنى قاراۋۇللار باشلىقى سوراق قىلىدىكەن . مېنىمۇ تۇتۇۋېلىپ سوراق قىلدى . ئۆزلىرىنىڭ مۇلازىمى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ ، مېنى قويۇۋەتتى . مەزەمزاتنىڭ بۈگۈن شەھەرگە كەتمىگەنلىكىنى ماڭا قاراۋۇللار باشلىقى ئېيتىپ بەردى .

مەھمۇد ئەخمەتخانغا مەنىلىك قارىدى .

— جېنى تۈيۈۋېتىپتۇ ـ دە ! — دېدى پوچى قارا چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ .

ئەخمەتخان گەپ قىلمىدى .

— بولدى ، ئوغلۇم ، چىقىپ ئارام ئالغىن ! — دېدى خوجا ، قولىدىكى تەسۋىسىنىڭ ئۇرۇقلىرىنى سىيرىشقا باشلاپ .

مۇلازىم يىگىت چىقىپ كەتتى . سىڭار كۆز ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا ماڭدى . مەھمۇد تەسۋى سىيرىشنى توختىتىپ ، ئاق پاختىسى يوغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ «نەگە ماڭغاندۇر ؟» دېگەندەك ، ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى .

*　　　　*

ياپپېشىل ئىلى ۋادىسى يېڭى بىر كۈندۈزگە كىردى . ئۆپۈق ئۈستىگە يېڭىدىن چىقىۋاتقان قۇياشنىڭ يۈزى قان بىلەن بويالغاندەك كۆرۈنەتتى . تاغ ـ دالا ، قوڭۇر يەر ، دەل ـ دەرەخ ، گۈل ـ گىياھلاردا ئۇنىڭ قىزغۇچ شولىسى چاقنايتتى .

قىبلىگە قارىتىپ سېلىنغان جايناماز ئۈستىدىن تۇرغان مەھمۇد ئەخمەتخاننىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ ، تالاغا چىقتى . ئۇ ، ئېرىقنىڭ قىرىدا تۇرۇپ ، يىراقتىكى مەزەمزات چېدىرىغا قاراپ تۇرغان سىڭار كۆزنى كۆردى . ئىككى بارگاھنىڭ ئارىلىقى ئىككى كىلومېتىردىن ئاشاتتى . خوجىنىڭ بارگاھى كۆرەگە يېقىنراق بولۇپ ، ھاكىمبەگنىڭ بارگاھى پوچى بارگاھنىڭ ئايىغىدا تۇراتتى . مەھمۇد يۆتىلىپ يەكچەشمىنىڭ يېنىغا كەلدى .

— ناشتا قىلايلى ! — دېدى ئەخمەتخاننىڭ مۈرىسىگە كېلىدىغان ئەنجانلىق يېنىغا كېلىپ قاتار تۇرۇپ ، ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ قاراپ ، — ئاندىن كەچ كىرگەندە بېرىپ موللا ناسىر ئەلەمنىڭ جېنىغا جان ئالىمىز !...

ئىككىسى ئاق ئۆيگە كىرىپ ، داستىخان سېلىنىپ ، ئۈستىگە توقاچلار قويۇلغان شىرەنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇردى . سىڭار كۆز بىر توقاچنى ئوشتۇپ تۆر تەرەپتە ئولتۇرغان خوجىنىڭ ئالدىغا قويدى . شۇ چاغدا مۇلازىم يىگىت قولىدا بىر ئاپقۇر ئەتكەنچاينى كۆتۈرۈپ كىرىپ ، خوجىنىڭ ئالدىغا قويدى . ئۇ چىقىپ كېتىپ ، ھايال بولماي ، يەنە بىر ئاپقۇر ئەتكەنچاي ئەكىرىپ ئەخمەتخانغا تۇتتى .

— قوزغىلاڭچىلارمۇ چاي ئىچىۋاتامدۇ ؟ — دەپ سورىدى چىنىگە نان سېلىۋاتقان خوجا مۇلازىم يىگىتكە قاراپ .

— ئىچىۋاتىدۇ...

شۇ كۈنلەردە قوزغىلاڭچىلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى . كۆپ

قىسمى ئەنجانلىق خوجىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ بارگاھىدا تۇراتتى؛ قالغان قىسمى ھاكىمبەگ چېرىكلىرى بىلەن بىللە مەزەمزاتنىڭ باشقۇرۇشىدا قالدى. ئەخمەتخانمۇ ھاكىمبەگ چېرىكلىرىنىڭ سەرداراىقىدىن قالدى، ئۇ ئۆزىنىڭ چىغلىقمازاردىن ئەكەلگەن چېرىكلىرى بىلەن خوجىنىڭ كەينىدە يۈرەتتى.

ناشتىسىنى قىلىپ بولغان مەھمۇد، ئەخمەتخان ۋە بارلىق قوزغىلاڭچىلار مەيدانغا يىغىلدى. تۆت چاقلىق ئۇزۇن ھارۋىلارغا تۆتتىن ئات قوشۇلۇپ، بەش ھارۋىغا تېرەكتىن ياسالغان توپلار ئورنىتىلدى. زەمبىرەكلەرنىڭ ئاغزى ھارۋىنىڭ كەينىگە قارىتىلدى. ھەربىر توپنىڭ بېشىغا بىردىن تۇغ قادالدى. پوچى بىلەن سىڭار كۆز ئاتلىق بولۇپ، قوراللانغان قوزغىلاڭچىلار ئالدىدا يانمۇيان تۇراتتى. ھەممە تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن، ئەڭ ئالدىدا مەھمۇد بىلەن ئەخمەتخان، ئاندىن زەمبىرەكلەر ئورنىتىلغان ھارۋىلار، ئاخىرىدا ئاتلىق ۋە پىيادە قوزغىلاڭچىلار مەزەمزات بارگاھىغا قاراپ ئاتلاندى. ئۇلار ھاكىمبەگ بارگاھىغا كېلىپ، مەزەمزات چېدىرىنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. مەھمۇد چېدىرىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بارلىق قوزغىلاڭچىلارغا تۇيۇقسىز مىلتىقلىرىدىن چېدىرغا قارىتىپ ئېتىشقا بۇيرۇدى. ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان قوزغىلاڭچىلار ھاكىمبەگ چېدىرىنى ئوققا تۇتتى. چېدىردا مەزەمزات، ئەلاخان قاتارلىقلار پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. تۇيۇقسىز ئېتىلغان مىلتىقلارنىڭ ئاۋازىدىن ئولتۇرغانلار چۆچۈپ كەتتى. ئەلاخان ئەنجانلىق خوجىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، چېدىرنىڭ كەينى تەرىپىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ ئېرىقنىڭ ئىچى بىلەن قاچتى. مەزەمزاتنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدى. ئۇ چېدىرنىڭ ئىشىكىنى ئازراق ئېچىپ تالاغا قارىدى. ئەنجانلىق خوجا بىر ھارۋىدىكى زەمبىرەكنىڭ ئاغزىنى چېدىرغا قارىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، جان - ئىمانى چىقىپ كەتكەن

هاكىمبەگنىڭ چەكچەيگەن كۆزى چانقىدىن چىقىپ كەتكىلىكى تاس قالدى . ئۇنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچۇپ ، مۇھاپىزەتچىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئەلاخان چىقىپ كەتكەن چېدىرنىڭ كەينىدىن چىقىپ بەدەر قاچتى .

قوزغىلاڭغا قاتناشقان خۇيزۇلار ئۆز ئالدىغا بارگاھ قۇرۇپ ئايرىم تۇراتتى . ھاكىمبەگ ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى خۇيزۇلار بارگاھىغا بېرىپ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش كويىدا ، شۇ تەرەپكە يۈگۈردى . ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىر مۇھاپىزەتچى يىگىتمۇ باراتتى . ھەر تەرەپكە قاراپ تۇرغان مەھمۇد دەل ـ دەرەخلىك ئارىسىدا قېچىپ كېتىۋاتقان مەزەمزات بىلەن ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچى يىگىتىنى كۆرۈپ قالدى . ئۇ ئەخمەتخانغىمۇ بىرنېمە دېمەي ، قىلىچىنى غىلاپىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ ئېتىنىڭ بىقىنىنى پۈتىنىڭ سوڭى بىلەن بىقىندىدى . قوزغالغان ئېتىنىڭ بېشىنى بۇرىغان خوجا مەزەمزاتنى كەينىدىن قوغلاپ ماڭدى . سىڭار كۆز ۋە بارلىق قوزغىلاڭچىلار ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان پوچىنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى .

پوچى قىلىچىنى ھاۋادا ئوينىتىپ بىردەمدىلا ھاكىمبەگكە يېتىپ باردى . چىرايى تاتىرىپ ، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ كەتكەن مەزەمزات تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆكۈپ ئەنجانلىقچا يالۋۇرۇشقا باشلىدى :

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە ، نېمە دېسىلە شۇنى بېرەي ! ئىلى ئالىممۇ سىلىنىڭ بولسۇن ! بارلىق مال ـ مۈلكۈم ، بايلىقىم سىلىنىڭ بولسۇن ! — ئۇ ئەقلىدىن ئېزىپ ساراڭ بولۇپ قالغان ئادەمدەك بېشىنى توپىلىق يەرگە گاھ ئۇرۇپ ، گاھ كۆتۈرۈپ ، ئاغزىدىن يېلىنىش سۆزلىرىنى ، كۆزىدىن ياشلىرىنى تۆكەتتى . ھاكىمبەگنىڭ غادىيىپ ، ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ ماڭغان چاغلىرىدىكى تەكەببۇرلۇقى پاك ـ پاكىز تۈگەپ ، جان قايغۇسىدا يېلىناتتى ، يىغلايتتى ، باش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇراتتى .

گىدىيىدىغان ئادەملەر جېنىغا تېكىلگەن ئۆلۈم ئالدىدا ياش تۆكمەي قالمايدۇ . چۈنكى بۇ ئادەم زىددىيەتلىك بولىدۇ . گىدەيگەن چوقۇم ھەجىيىدۇ ، ھەجايغان چوقۇم گىدىيىدۇ . بۇ دۇنيادا يۇقىرى بىلەن تۆۋەن بولغانلىقتىن ، بۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىگە زىت ، شۇنداقلا بىر ـ بىرىگە باغلانغان بولىدۇ . يۇقىرىغا قاراپ ھەجايغان چوقۇم تۆۋەننىڭ ئالدىدا گىدىيىدۇ . پەقەت گىدەيمەيدىغان ۋە ھەجايمايدىغان ئادەملەرلا ، ھەرقانداق جاپا ۋە ئۆلۈمنىڭ ئالدىدا ئۆڭمەي تىك تۇرالايدۇ !

— ياق ! — دېدى خوجا ئېتىدىن چۈشمەي ، قىلىچىنى تۇتۇپ تۇتۇپ ، — سېنى ئۆلتۈرمەي ، ئىلى ئالىمىنى ، مال ـ دۇنيايىڭنى ئېلىۋالسام ، تىنچ ياشيالامدىمەن ؟ ! مەن خاتىرجەم ھالدا ئىلى ئالىمىگە ، سېنىڭ مال ـ دۇنيايىڭغا ئىگە بولۇشۇم ئۈچۈن چوقۇم سېنى ئۆلتۈرۈشۈم كېرەك . سەنمۇ شۇنداق ئۆيدا ئابدۇرۇسۇل ئەمىرنى ، موللا ناسىر ئەلەمنى ئۆلتۈردۇڭغۇ ! ؟

بىرلە فوچى سالىب ئېردى تىغ ،
جۇدا بولدى تەندىن باشى بى دەرىخ ! »①

مەزەمزاتىنىڭ مۇھاپىزەتچى يىگىتى ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەنىدى . پوچى ئېتىدىن چۈشۈپ قىلىچىدىكى قاننى ھاكىمبەگنىڭ يەردە ياتقان كەمچەت تۇمىقىنى ئېلىپ ئېرتىپ غىلاپىغا سالدى . ئاندىن ئۇ ، تېخى گەۋدىسىدىن تولۇق ئۈزۈلمىگەن مەزەمزاتىنىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ ئۇنىڭغا قارىدى : قىزىل قېنى بىلەن بويالغان كۆز ۋە چىراي تونۇغۇسىز ھالەتكە كەلگەن بولۇپ ، بېشىنى ساقىلىدىن تۇتقان مەھمۇد ئېتىغا

① «غازات دەرمۈلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 3 ـ سان 27 ـ بەت .

مىندى . ئۇ ئەخمەتخان خوجىلارنىڭ يېنىغا كېلىپ قولىدىكى مەزەمزاتنىڭ بېشىنى ئېگىز كۆتۈردى . سىڭار كۆز ئۇنىڭغا تىكىلدى ، لېكىن ئۇنىڭ تىكىلىشىدە غەزەپ ـ نەپرەت ياكى ئېچىنىش — قانداق بىر ھېسسىيات بارلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى . بارلىق قوزغىلاڭچىلار قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈپ قارايتتى .

— مەن ھۆرمەتلىك موللا ناسىر ئەلەمنىڭ قىساسىنى ئالدىم ! قازىكالاننى مۇشۇ باشنىڭ ئىگىسى ئۆز ئادەملىرىگە ئۆلتۈرگۈزگەنلىكىنى ئوبدان بىلىسىلەر ! ئېيتىڭلارچۇ ، پەرىشتىدەك پاك ۋە گۈزەل بۇ ئۇلۇغ زاتتا نېمە گۇناھ بولسۇن ؟ ئىچى يامان زەھەرخەندە ھاكىمبەگ ئۇنى ئادەملىرىگە ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى . مەن موللا ناسىر ئەلەم ئۆلگەن كۈنى كېچىدە بىر چۈش كۆردۈم . چۈشۈمدە چاچ ـ ساقاللىرى قاردىن ئاپئاق بىر ئادەم ماڭا : «ئوغلۇم ، موللا ناسىر ئەلەمنىڭ قىساسىنى ئېلىشنى ساڭا تاپشۇرىمەن ! » دېدى . مەن چۈشۈمدە كۆرگەن ئاشۇ چىرايى نۇرانە ئاقساقالنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇندىدىم !...

مەيداندا يەنە قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈلدى . ئۇلار ئەنجانلىق خوجىنىڭ سۆزىنى قوللاپ ۋارقىرايتتى . مەزەمزات بارگاھىدىكى چېرىك ۋە قوزغىلاڭچىلار مەيداننىڭ ئەتراپىدا بىردەم قاراپ تۇرۇپ ، ئاستا ـ ئاستا مەيداندىكىلەرگە قوشۇلۇپ كەتتى . بۇنى كۆرگەن خوجا ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولدى .

ئېتىدىن چۈشكەن پوچى مۇلازىملىرىدىن بىرىنى چاقىردى . ئۇ يېنىغا كەلگەن يىگىتكە بىر چەكزە تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇدى . مۇلازىم چېدىرلارنى ئارىلاپ بىر چەكزە تېپىپ كەلدى . مەھمۇد چەكزىنىڭ ئۇچلۇق ئۇچىنى ئۇتلەيدىغان قوينىڭ بېشىنى ئۇچلۇق تاياقتا كىرگۈزگەندەك ، مەزەمزاتنىڭ كانىيىغا تىقتى . مۇلازىملىرىغا گۈرجەك تاپقۇزۇپ ، مەزەمزات چېدىرىنىڭ يېنىغا ئورەك كولاتتى . خوجا كولانغان ئورەككە چەكزىنىڭ يوغان

بېشىنى چۇشۇرۇپ مەھكەم ئورناتتى . ھاكىمبەگنىڭ قانلىق بېشى چەڭزىنىڭ ئۇستىدىن ئۆز بارگاھىغا قاراپ تۇردى .

— سىلەر ، — دەپ ۋارقىرىدى ئىگىزرەك بىر جايغا چىققان ئەنجانلىق قوزغىلاڭچىلارغا قاراپ ، — بۇ باشنى كۆرگەندە بۇنىڭ قىلغانلىرىنى كۆز ئالدىڭلارغا كەلتۇرۇپ ئىبرەت ئالىسىلەر ! ئۇ مۇشۇنداق ئۈچ كۈن تۇرسۇن ! سىپسىپ چۇشۇپ كەتمىسىلا ، ئۇزاقراق تۇرسىمۇ بولىدۇ ! خۇيزۇلارمۇ كېلىپ كۆرسۇن !

قوزغىلاڭچىلار ئۇزۇن چەڭزىنىڭ ئۇچىدىكى گىدىيىپ ، ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ ، تەكەببۇرلۇق بىلەن ئالەمگە پاتماي ماڭىدىغان ؛ ئەخمەتخان خوجىنى كۇشكۇرتۇپ خەلق ھۆرمىتىگە ئىگە ئەخمەت خەزىنىچى بەگ ، گۇناھسىز ئىككى نەۋرىسىنى ، خەلق ئۇچۇن جېنىنى پىدا قىلىدىغان ئەقىللىق ۋە باتۇر ئابدۇرۇسۇل ئەمرىنى ؛ ئۆز ئادەملىرىگە مەخپىي يولىيورۇق بېرىپ موللا ناسىر ئەلەمنى ئۆلتۇرگەن قاتىل مەزەمزاتنىڭ بېشىغا نەپرەت بىلەن قارايتتى .

* *

مەھمۇد ئىگىزرەك بىر جايدا تۇرۇپ ، تىقىلىشىپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان قوزغىلاڭچىلارغا ۋە ھاكىمبەگ چېرىكلىرىگە سۆز سۆزلەيتتى . ئەخمەتخان ئۇنىڭ يېنىدا قولىنى ئالدىغا باغلاپ ، گاھ خوجىغا ، گاھ قوزغىلاڭچىلارغا قارايتتى .

ئادەملىنىڭ قەلبىدە بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەر ئۇنىڭ چىرايىدا ئەكس ئېتىدۇ . ئەسلىدىلا بىر دەشتى ـ چۆل بولغان پوچىنىڭ كۆڭلىدە بىر قارا قويۇن قوزغىلىۋاتاتتى . بۇ قارا قويۇن شەپىسى ئۇنىڭ ئاق پاختىسى يوغان كۆزلىرىدىن ، قارا چىرايىدىن كۆرۇنۇۋاتاتتى . ئەنجانلىق مەھمۇد بىر قانلىق توپىلاڭ قوزغاشقا تەييارلىنىۋاتاتتى .

مەككار مەھمۇد ئىلىلىقلارنىڭ نادانلىقىنى بىلىۋالدى ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بىلدۈرگەن ئېتىقادىنىڭ قارىغۇ ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرۈۋالدى . بۇنداق خەلقنى ھەرقانداق يول ، ھەرقانداق كوچا ـ كويلارغا سالغىلى بولىدۇ . قارىغۇ ئېتىقاد تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتۈرمەيلا ئىشىنىشنىڭ دەل ئۆزى . ئاتىسى كۆرمىگەن ، ئانىسى كۆرمىگەن ، بىر چەتتىن كەلگەن ئادەمنىڭ راست خوجا ياكى يالغان خوجا ئىكەنلىكىنى ئويلىماي تۇرۇپلا ئۇنىڭغا قول بېرىش ، مۇرىت بولۇش ، ئەگىشىش قارىغۇ ئېتىقاد ئەمەسمۇ ؟ ! پوچى خەلقى نادان ، يېرى باي ، مۇنبەت ۋە گۈزەل بىر يۇرتقا كەلگەنلىكىدىن ئۆلگۈدەك خۇشال بولۇپ ، بېشى ئاسمانغا يەتتى . ئەمدى ئۇ نېمە قىلىمەن ، قانداق ناخشا ئېيتىپ ، قانداق ئۇسسۇل ئوينايمەن دېسە بولاتتى . مانا ، كەلگىنىگە ئۇزۇن بولمايلا قوزغىلاڭغا باش بولۇۋالدى ، ئەمدى بۇ يۇرتنى ئازاد قىلىپ ، خوجىسى بولۇشلا قالدى !

شۇ تاپتا بۇ قارىغۇ ئېتىقادلىق نادان خەلق : نېمە دەيدىكىن ، دەپ ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇراتتى . مەھمۇد ئۇلارغا : «بىر ـ بىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار !» دېسە ، ئىككىلەنمەي بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈپ ، بۇ مەيداننى قان ۋە جەسەتكە تولدۇراتتى . ئەنجانلىق خوجا شۇنداق قىلدى .

— بۇ قوزغىلاڭغا ئەمدى مەن باش بولىمەن ! مەن نېمە دېسەم ، سىلەر شۇنى قىلىشىڭلار كېرەك ! بىلىپ قويۇڭلاركى ، بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ دېگىنىملا ھېساب بولىدۇ ! مەندىن باشقا ھەرقانداق ئادەمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايسىلەر ! — دېدى پوچى كەسكىن ۋارقىراپ سۆزلەپ ، يېنىدا تۇرغان ئەخمەتخانمۇ ئۇنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ چۆچۈدى .

كۈن بارغانسېرى ئىسسىپ كېتىۋاتاتتى . مىدىرلىغان گىياھ ۋە يوپۇرماق كۆرۈنمەيتتى . بېشىغا ھەرخىل قىسمەتلەر كېلىۋاتقان زېمىن تىنچىقتىن تىتىلداۋاتقاندەك قىلاتتى .

— بۇ قوزغىلاڭ بىزنىڭ — خەلقنىڭ ! بەگ ۋە مىڭبېشىلارنىڭ ئارىلىشىدىغان نېمە ھەققى بار . ئۇلار توقاچ

www.uyghurkitap.com

ئوغرىلاش ئۇچۇن قاتنىشىدۇ ! ئۇلار مەزەمزاتتەك ھوقۇق تالىشىدۇ ! ئۇلار بولمىسىمۇ ، بىز ئۆزىمىز بۇ قوزغىلاڭنى قىلالايمىز ! — ئۇ يەنە سۆزىدىن توختاپ ئىچ يانچۇقىدىن ئالىقانچىلىك قۇرئاننى ئېلىپ ، بېشى ئۇستىگە كۆتۈردى ، — ھەي ، خالايىق ، ئاڭلاڭلار ، مەن سىلەرگە ئاللانىڭ كالامى بىلەن پەرمان چۈشۈرىمەن ! بەگلەرنى ، مىڭبېشىلارنى ، بارلىق سىپاھلارنى ئۆلتۈرۈڭلار ! بىرىمۇ قالمىسۇن ! بىز ئۆزىمىز خان ، ئۆزىمىز بەگ ، ئۆزىمىز مىڭبېشى ، يۈزبېشى بولۇپ ياشايمىز !

بىردەمدە مەيدان پاتىپاراق بولۇپ كەتتى . قوزغىلاڭچىلار ۋە ھاكىمبەگنىڭ چېرىكلىرى قورالىرىنى كۆتۈرۈپ بەگ ۋە مىڭبېشىلارغا غەزەپ بىلەن ئېتىلدى ، بايىلا ھۆركىرەپ يۈرگەن بەگ ۋە مىڭبېشىلار كۆزلىرى چەكچىيىپ ھەر تەرەپكە قاچتى . قوزغىلاڭچىلار بەگ ۋە سىپاھلارنى تۇتۇۋالسا ، شۇ يەردىلا ئۆلتۈرەتتى . مەزەمزات چېدىرى ئالدىدىكى مەيدان قان بىلەن بويالدى . نەچچە بەگ ۋە مىڭبېشىلارنىڭ جەسىتى قىزىل قېنىغا مىلىنىپ ئاياغلار ئاستىدا قالدى .

«دېدى فوچى بەگ بولسا ئۆلتۈر ئانى ،
تۇتۇپ ئوت قالاپ ئۇندا كۆيدۈر ئانى .
بۇ سۆزنى ئىشىتتى تامام خاس ـ ئام ،
سىپاھ بولدى قوي ، بورى بولدى ئاۋام .
مەڭلىك شاڭ بېگى تۇتۇپ ئۇردى تىغ ،
شەھىد بولدى جانىن بېرىپ بى دەرىخ .
كى موللا ئاشۇر ، نۇرمەمەت مىڭبېگى ،
مەنسۇر دورغا ، روزى مەمەت يۈز بېگى .
بۇلارنى تۇتۇپ بوغۇزىغا تىغ سۇرۇپ ،
شەھىد ئەيلەدى پارچەسىن ئۆلتۈرۈپ .»①

---

① «غازات دەرمۈلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 3 ـ سان 27 ـ بەت .

بەگ ۋە مىڭبېشىلار ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قاراپ قاچتى. قوزغىلاڭچىلار تەرەپ ـ تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ، قاچقانلارنى قوغلىدى.

«كى بەگلەرنى قوغلاپ يۈرۈپ ئاملار،
شەھىد قىلدى مەغزى سەرى خاملار.
يۈرۈر ئېردى بەگلەر فىيادە قاچىب،
بولۇپ تەشنالەب ئۆڭگەسىنى ئاچىب.»①

قوزغىلاڭچىلار ئارىسىدا ئونبېشىدىن يۇقىرى بىرمۇ سىپاھ قالمىدى. ئۆلگەنلىرى ئۆلۈپ، ئۆلمىگەنلىرى سەھرا ـ قىشلاق ۋە شەھەرلەرگە قېچىپ كەتتى.

بۇ ۋەقەلەرنى كۆرگەن بەزى دانالار: «يېغىلىقتا ياغ ئاقار، ياخشى ـ يامانغا كىم باقار»، «ئەل يۇزبېگىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ بولۇپتۇ. بىز قاراپ تۇرىمىزمۇ؟» دېگەندەك ماقالالارنى تۈزدى.

مەھمۇد خوجا قوزغىلاڭچىلارنى باشلاپ شەھەرگە كىردى. ئۇ مەزەمزاتنىڭ مەھكىمىسىنى قوزغىلاڭچىلارغا بۇلاتتى. مەزەمزات ئەۋلادلىرىنى ۋە بەگ ـ سىپاھلارنى ئاختۇرۇپ، شەھەرنىمۇ ئۆرتۈپە قىلىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، قوزغىلاڭ بىر چەتتە قالدى. پوچى باشلىغان قوزغىلاڭچىلار ئۆزلىرىنىڭ قېرىنداشلىرىنى، ياخشى ـ يامىنىنى ئايرىماي ئاختۇرۇپ تېپىپ ئۆلتۈردى. ھەممە ياقنى يىغار ـ زار، نالە ـ پەرياد قاپلىدى.

*　　*

ئەلاخان مەزەمزات چېدىرىنىڭ كەينىدىن قېچىپ چىققان

---

① «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 3 ـ سان 27 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پېتى ، ھېچ يەردە توختىماي يۈرتى قاشقا كەلدى .

«كېچىلەپ يۈرۈپ بولدى ئۆيگە راۋان ،
ئۆيىدە بولۇپ ئىككى - ئۈچ كۈن ئامان .»①

پالۋان ئۆيىگە كېلىپ ، تالا - تۈزگىمۇ چىقمىدى ، ئۇنىڭ قېچىپ كەلگەنلىكىنى يۇرتداشلىرىمۇ بىلمىدى . ئەلاخان ئارقىسىدىن قوغلاپ سىڭاركۆز باشلىق بىرقانچە چېرىكنىڭ يېزىغا كەلگەنلىكىدىن خەۋەرسىز قالدى . ئەخمەتخان يېزىغا كېلىپلا ، پالۋاننىڭ ئۆيىنى ئاختۇرمىدى ، ئۇ ئادەم قويۇپ ، ئۆيىنى كېچە - كۈندۈز كۆزەتتى .

بۆرىدەك ئالغۇر ، يىلپىزدەك چاققان ، يولۋاستەك كۈچلۈك ئەلاخان ، كۆز باغلانغاندا ھويلىغا چىقتى . ئۇ ئۆيىگە سولىنىپ ئولتۇرۇپ زېرىكىپ كەتتى ، پۇت - قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ، ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ ، يۇرتىنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن نەپەس ئېلىۋاتقان پالۋان توختاپ ، شىمال تەرەپتە ياتقان ئابرال تېغىغا تىكىلدى .

شەرقتىن سوزۇلۇپ كېلىپ ، نىلقىدىن كېلىدىغان قاش دەرياسىنىڭ بويىدا توختايدىغان ئابرال تېغى ئېتىكىدىكى قاش ، ② شەرقتىن كېلىدىغان كۈنەس دەرياسى بىلەن شىمالدىن كېلىدىغان قاش دەرياسى قوشۇلىدىغان ئۈچ بۇلۇڭلۇق گۈزەل زېمىننىڭ نامى . ئەلاخان مانا شۇ يەردە ھەم كۈنەس ، ھەم قاش دەريالىرىنىڭ سۈيىنى ئىچىپ ئەر بولدى . ئۇ

---

① «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 - يىل 3 - سان 27 - بەت .

② قاش دەرياسىنىڭ نامى ئاپراسياپنىڭ قىزى غاز مەلىكىنىڭ ئىسمىدىن كەلگەنلىكى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بايان قىلىنغان . يەر نامى بولۇپ كەلگەن قاشمۇ ، قاش دەرياسى بويىدا بولغانلىقتىن بولغان .

دەريا بويلىرىدىكى توقايلىقلاردىن قارچىغا بىلەن قىرغاۋۇل ، قارلىق تۇزلەردىن تايغانلار بىلەن جەرەن ، تۈلكە ئوۋلاپ ، قىش كېچىلىرى تەڭتۇشلىرى بىلەن مەشرەپ ئويناپ چوڭ بولدى . شۇ كۈنلەردە ئۇ ، تازا قۇرامىغا تولۇپ ئەقىل ـ ئىدراكى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى . پالۋان هويلىسىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ ، جەنۇب تەرەپتىكى ئېغىللارنىڭ ئۈستىگە بېسىلغان ئوت ـ چۆپلەرنىڭ دالدىسىدا ئولتۇرغان ئېگىز بويلۇق چىرىكنى كۆرمىدى . سىڭاركۆزنىڭ قويغان بۇ پايلاقچىسى ئەلاخاننى كۆرۈپ ، ئاستا ئېغىل ئۆگزىسىدىن كوچىغا چۈشۈپ ، ئەخمەتخان چۈشكەن ئۆيگە قاراپ يۈگۈردى…

بىر كېچە سارىم ئالما دەرىخىگە باغلانغان ئەلاخاننى ، ئەتىسى چايدىن كېيىن ئەخمەتخان خوجا چېرىكلىرىگە ھەيدىتىپ شەهەرگە ئېلىپ ماڭدى . پالۋاننىڭ ئايالى ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ، يار ـ بۇرادەرلىرى يېزىنىڭ چېتىگىچە ئۇزىتىپ باردى . هال ياغلىقنى بېشىغا چېكىلەپ تاڭغان ، ئاق گۈللۈك يېشىل چىتتىن كەڭ ئېتەكلىك كۆڭلەك كىيگەن غۇنچە بويلۇق ئايالى بىر ياشتىن ئاشقان ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ ، مەهەللە چېتىدە قان يىغلاپ قالدى . بېشىغا بېغىررەڭ مانچېستېر دوپپا ، ئۈستىگە قارا تېرىدىن تىكىلگەن چاپان ، ئۆتۈكىنىڭ قونچىسىغا ئىككى پۇچقىقى كىرگۈزۈلگەن ئېغى بار ئىشتان كىيىپ ، بېلىنى قارا پوتىدا باغلىغان پالۋان ئايالىغا قاراپ ۋارقىرىدى :

— يىغلىما ! ئوغلىمىزنى ئوبدان تەربىيىلەپ ئۆستۈرگىن ! مەن ئۆلۈپ كەتسەم ، ئۇ ئىزىمنى باسسۇن !…

ئابرال ئۈستىدىكى قۇياش بۇ سۆزنى ئاڭلاپ هاياجانلاندى . دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ۋە گۈل ـ گىياهلار شىلدىرلاپ ئاۋاز قاتتى . ئۈمىد — ئادەم ۋە ئۇنىڭ هاياتىنى ياشارتىدىغان ئۇلۇغ سېھرىي كۈچ ـ قۇدرەت ! قانچىلىك زۇلمەتتە قالسىمۇ ، ئادەمنىڭ يۈرىكىدە ، هاياتنىڭ كۆكرىكىدە پىلدىرلىغان بىر ئۈمىد

www.uyghurkitap.com

ئۇچقۇنى بولسىلا ، بۇ ئادەم ، بۇ ھايات زۇلمەتنى يېڭىپ ، گۈزەل باھاردا ياشنايدۇ !

ئۇلار يولدا ئىككى كۈن قونۇپ ئۈچىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن دەڭدەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى دەڭگە كېلىپ چۈشتى . سىڭار كۆز شۇ كۈنىلا تونۇش ـ بىلىشلىرىدىن مەھمۇدنىڭ كۈرەگە كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ، ئەتىسى ئەتىگەندە چايخانىدا قورساقلىرىنى تويدۇرۇپ يولغا چىقتى . شۇ كۈنى ئۇلار نامازدىگەردىن ئۆتكەندە پوچىنىڭ بارگاھىغا يېتىپ كەلدى .

ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەقدىرى خەتەر ئىچىدە قالدى . ئەنجانلىق خوجا ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا باش بولۇپ ، ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان بەگ ، مىڭبېشى قاتارلىق سەردارلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى ، ئۆلمىگەنلىرى تاغ ـ داللاردا قېچىپ يۈرەتتى . نادان خەلق قارىغۇ ئېتىقادى بىلەن چەتتىن كەلگەن بۇ قارا نىيەتلىك خوجىنىڭ قورسىقىدىكى جىن ـ شاياتۇنلارنى كۆرمەي ، ئۇنىڭغا جان تىكىشۋاتاتتى . ئۇ نېمە دېسە ، ھە دەپ جان پىدا قىلىشۋاتاتتى . ئەمدى ئەلاخانمۇ ئۆلسە ، بۇ خەلق قوزغىلىڭىنىڭ ئاخىرى قانداق بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلىمۇ بولمايتتى...

ئەخمەتخان سالام قىلىپ كىرىپ كەلگەندە ، شام يورۇتقان ئاق ئۆيدە ، داستىخان سېلىنغان شىرەنىڭ تۆر تەرىپىدە ، قوش قەۋەت كۆرپىدە ئوكچە ـ چوكچە ئولتۇرۇپ خوجا قوزا گۆشىدە ئېتىلگەن پېتىرمانتىنى ئىشتىھا ۋە ھۇزۇر بىلەن يەۋاتاتتى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپمۇ قويمىدى . پوچى يېڭىلا يېگەن مانتىنىڭ قوللىرى ئارىسىدىكى شورپىسىنى يالاپ تۇرۇپ ، سىڭار كۆزنىڭ سالىمىغا سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ ، شىرە يېنىدىن ئولتۇرۇشقا ئورۇن كۆرسەتتى . رىزقىغا يەنە بىر ئىنىڭ شېرىك بولغانلىقىنى كۆرگەن خوجىنىڭ قارا چىرايىدىن بىلىنەر ـ بىلىنمەس قۇيۇن ئۆرلىدى . شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ، چاندۇرماي ،

ئەخمەتخاننى مانتىغا تەكلىپ قىلدى .

— ئېلىڭ ! قورسىقىڭىز ئېچىپمۇ كەتكەندۇر ؟

ئاغزىغا سېرىقسۇ تولغان سىڭار كۆز پوچىنىڭ تەكلىپ قىلىشىنىلا كۈتۈپ تۇراتتى . ئۇ مۇلازىم يىگىتنىڭ مانتا يەيدىغان تەخسە ئەكىرىپ بېرىشىنىمۇ كۈتمەي ، تاۋاقتا يوغان قوللىرىنى سوزدى . ئەخمەتخان بىر مانتىنى ئېلىپ ، ئاغزىغا سېلىپ بىر ـ ئىككى چايناپلا يۇتۇۋەتتى . ئۇنىڭ يەكچەشمە كۆزى مانتىنى يۇتقىچە پارقىراپ كەتتى .

— هەي ، كىم بار ؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئەخمەتخاننىڭ مانتا يېيىشىگە قاراپ تۇرغان پوچى .

بىر مۇلازىم يىگىت كىرىپ بوسۇغىدىلا قول باغلاپ تۇردى .

— ئەخمەتخان خوجامغا مانتا يەيدىغان تەخسە ، مانتا بولسا يەنە ئەكىرگىن !

— خوپ ! — دېدى ـ دە مۇلازىم ، چېدىردىن چىقىپ كەتتى .

— قانداق ، ئەلانى تۇتۇپ كەلدىڭلارمۇ ؟

يەنە بىر مانتىنى ئاغزىغا سېلىپ چايناۋاتقان سىڭار كۆز پوچىغا ئالىيىپ قاراپ دەرهال جاۋاب بېرەلمىدى . ئۇ مانتىنى تەستە يۇتۇۋەتكەندىن كېيىن ، بىر ئۇھ تارتىپ ئاندىن جاۋاب بەردى :

— تۇتۇپ كەلدۇق !

— يارايدىلا ! مەن سىلىگە ئالاهىدە ئىنئام بېرىمەن ! — دېدى خوجا ، ئاق پاختىسى يوغان كۆزىنى چاقنىتىپ ، چىرايىغا خۇشاللىق يۈگۈرتۈپ ، ئۇ ئەمدىلا ئاغزىنى ئېچىپ سۆز قىلاي دېيىشىگە ، يەنە بىر تاۋاق مانتىنى كۆتۈرگەن مۇلازىم يىگىت كىرىپ كەلدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەيدىغان سۆزىنى دېمەي ، ئاغزىنى يۇمدى .

— ئەلا هازىر قەيەردە ؟ — دېدى مۇلازىم يىگىت چېدىر ئىشىكىدىن چىقىشىغا سۆز باشلىغان مەھمۇد .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئۇنى ئاق ئۆي يېنىدىكى قارىياغاچقا باغلاپ قويدۇق .

— ئـۇ بۇگۇنكى كېچىنى شۇ قارىياغاچقا باغلانغان ھالدا يـۇلـتۇزلار بىلەن سۆزلىشىپ ئۆتكۇزۇۋالسۇن ! ئەته ناشتىدىن كېيىن ، ئۇنى خەلقئالەم ئالدىدا ئۇ دۇنياغا چىرايلىق ئۇزىتىپ قويىمىز ! شۇنداق قىلمىساق بولمايدۇ ، ئەلاخان خەتەرلىك ئادەم ! ئۇنى ئۆلتۇرۇۋەتمىسەك ، يېنىغا ئادەم توپلاپ ، سىلى بىلەن مېنى ئۆلتۇرۇۋېتىدۇ !...

ئـاق ئۆي ئىشىكىدىن چىقىپ توختىغان مۇلازىم يىگىت ، مـەھـمۇد خوجىنىڭ سۆزلىرىنى تولۇق ئاڭلىدى . ئۇ بىرىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئىتتىك مېڭىپ كەتتى...

* *

بـويـى ئـېـگـىـز بـىلەن ئوتتۇرىنىڭ ئارىسىدىكى مۇلازىم يـىـگىتنىڭ قۇلىقىدا مەھمۇدنىڭ سۆزلىرى جاراڭلاپ ، ئۇنىڭغا ئارام بەرمىدى . ئۇ ئەلاخاننى قانداق قۇتقۇزۇشنىلا ئويلايتتى . ئۇ گاھ گەمىدىكى ئورنىدا يېتىپ خىيال سۈرسە ، گاھ تالاغا چىقىپ ئاسماندىكى يورۇق يۇلتۇزلار بىلەن سۆزلىشەتتى .

كۆڭلى ئاق ، ياخشى نىيەتلىك ئادەملەر باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى ۋىجدانىي بۇرچى دەپ بىلىدۇ . ئۇلار ئۇنى بىلسۇن ياكى بـىلمىسۇن ، بېشىغا كەلگەن ئېغىر كۇنلەردىن خەۋەر تاپسىلا ، ئـۇنىڭ غېمىنى يەيدۇ . قولىدىن كېلىدىغانلىكى ياردەمنى بـېرىشنى ئويلايدۇ . مۇلازىم يىگىتمۇ ئەنە شۇنداق ، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى ئۆزىنىڭ ۋىجدانىي بۇرچى دەپ بىلىدىغان ياخشى يىگىتلەردىن ئىدى .

ئۇ ياتىدىغان گەمىسى ئالدىدا ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ تۇراتتى . بىردىنلا ئۇنىڭ يادىغا موللا بىلال كېلىپ قالدى . ئۇ ئـۆز زامانىسىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى بىلەن يېقىن ئۆتەتتى .

ئـۇلارنـىـڭ ئـارىـســىـدىـكى ئۇستاز ۋە شاگىرتلىق دوستلۇقى ئابدۇرۇسۇل ئەمىر بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەندە باشلاندى...

بۇ يىگىت ئالدىدا ئابدۇرۇسۇل بەگكە مۇلازىم بولدى . ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن مەزەمزاتقا ، ئاندىن پوچىغا خىزمەت قىلدى . ئۇ ئەمىرگە مۇلازىم بولۇۋاتقان كۈنلەردە ، موللا بىلال باشلىغان بەش ۋەكىل باياندايدىن ئەمىرنىڭ شەھەردىكى ئۆيىگە كەلدى . ئـۇلارنى هازىرقى مۇلازىم يىگىت دەرۋازا ئالدىدا كۈتۈۋالدى . يىگىرمە ئۈچ — يىگىرمە تۆت ياشلاردىكى خۇش چىراي مۇلازىم كـەلـگەنلەرنىڭ كىملىكىنى ، نېمە سەۋەب بىلەن كەلگەنلىكىنى ئـاڭـلاپ ، پـېـشـانىسى كەڭ ، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان ، قـاشـلـىرى قارلىغاچ قانىتىدەك ، كۆزلىرى يوغان ۋە ئوتلۇق ئادەمنىڭ موللا بىلال ئىكەنلىكىنى بىلىپ بەكمۇ خۇشال بولدى . ئـۆسـمۈرلـۈك چـاغـلـىـرىـدىـن باشلاپلا شېئىر ـ نەزمىلەرگە قىزىقىدىغان مۇلازىم ، نازىمنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىنى ئوقۇغان ، ھەتتا بەزى شېئىرلىرىنى يادلاپمۇ ئالغانىدى . ۋەكىللەر ئەمىر بـىـلەن سۆزلىشىپ قايتىدىغان چاغدا ، دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان مۇلازىم يىگىت ، ئىككى قولىنى باغلاپ شائىرنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— مەن ... مەن ... ئۆزلىرىنى ئۇستاز تۇتسام بولامدىكىن...

— سىزمۇ نەزمە يازامسىز ، ئۇكام؟...

— ئۇستاز كۆرمىگەن شاگىرت ھەر مۇقامغا يورغىلاپتۇ ، دېگەندەك ، نەزمە يېزىپ ئانچە ـ مۇنچە مەشىق قىلىپ باقتىم . سىلىنىڭ نەزمىلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇيمەن . ئۆزلىرىنىڭ «يارنىڭ كـويـىـدا ئـۆلـمـەكـلـىك سائادەتتۇر ماڭا» دەپ باشلىنىدىغان غەزەللىرى بىلەن «ئاھكىم زۇھۇد ئەھلى بىزنى قىلغۇدەك ياردىن خالاس» دەپ باشلىنىدىغان غەزەللىرىنى يادلىۋالدىم...

— مـەن بـايـاندايدا تۇرۇۋاتىمەن . ئەمىر بىلەن باياندايغا چىقىپ قالسىڭىز مېنى ئىزدەڭ ! — دېدى نازىم خوشلىـشىپ مېڭىپ...

ئەمىر قېيناتىسى بىلەن ئىككى ئوغلىنىڭ قىرىق نەزىرىنى بەرگەندىن كېيىن ، باياندايغا كەلدى . ئۇنىڭ بىلەن بىللە مۇلازىممۇ چىقىپ خىزمىتىنى قىلدى . نەزمىگە قىزىقىدىغان خۇشخۇي مۇلازىم باشقىلاردىن موللا بىلالنىڭ تۇرىدىغان چېدىرىنى سورۇشتۇرۇپ ، ئاخىرى بېرىپ كۆرۈشتى . شۇنداق قىلىپ ،بۇ ياش مۇلازىم شائىر بىلەن نازىمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇستاز ۋە شاگىرتلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى .

بىرقانچە كۈنىنىڭ ئالدىدا مۇلازىم يىگىت موللا بىلالنى كۆردى . ئۇ نازىمنىڭ قايىقى چۈشۈپ ، چىرايىدىن غەم - قايغۇ تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ : «ئۇستازغا نېمە بولغاندۇر ؟» دەپ ئويلاپ قالدى . شۇ كۈنى كەچتە ئۇستازى بىلەن كۆرۈشۈپ چىرايىدىن تۆكۈلۈۋاتقان قايغۇ - غەمنىڭ خەلق قايغۇ - غېمى ئىكەنلىكىنى بىلدى . مۇلازىم يىگىت تۇنجى قېتىم نازىمنىڭ ئاغزىدىن چەتتىن كەلگەن مەھمۇدنىڭ بىر ئالدامچى ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدى :

— بىزنىڭ بۇنداق چەتتىن كەلگەن خوجىلاردىن تارتقان دەرد — ئازابىمىز ئاز ئەمەس . مەن بىر داستان يېزىشقا تەييارلىنىپ قويدۇم . بۇ داستانىمدا چەتتىن كەلگەن بىر خوجىنىڭ سېسىق چاۋىسىنى چىتقا يايىمەن ! — دېدى موللا بىلال غەزەپ بىلەن قايناپ .

نازىمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، قاش - كۆزى جايىدا ، چىرايى بۇغداي ئۆڭ مۇلازىم يىگىت ئۆزى خىزمىتىنى قىلىۋاتقان خوجىغا باشقىچە قارايدىغان بولدى . شۇ كۆڭلىدىكى غەزەپ ۋە نەپرىتىنى چىرايىدا كۆرسەتمەسلىككە تىرىشسىمۇ ، بەزىدە يەنىلا ئىپادىلىنىپ قالاتتى . بۇنداق چاغلاردا پوچى مۇلازىم يىگىتكە گۇمانلىق كۆزلىرى بىلەن ئالىيىپ تىكىلەتتى...

مۇلازىم يىگىت ئاخىرى موللا بىلالنىڭ يېنىغا بېرىش قارارىغا كېلىپ ، ئىشلىرى تۈگىگەندىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىغا يول

ئالدى . بۇ چاغدا مەھمۇد ئاق جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ، خېلى ئۇزاق تەسۋى سىيراتتى ، ياش يىگىت كەلگەندە نازىم چېدىرىدىكىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى . ئۆز شاگىرتىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان موللا بىلال تالاغا چىقتى . ئىككىسى هال ـ ئەھۋال سوراپ ، بىر سۆگەتنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇردى .

— بۇگۈن كېچە ، — دېدى مۇلازىم ئالدىدا تۇرغان ئۇستازىغا قاراپ ، — بىر ئامال قىلىپ ئەلاكامىنى قۇتۇلدۇرۇۋالمىساق ، مەھمۇد پوچى ئەتە ناشتىدىن كېيىن ئۆلتۇرۇۋېتىدۇ…

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان نازىمنىڭ بېشىدا چاقماق چاققاندەك بولدى .

قاراڭغۇ كېچە ، ئاسماندا يۇلتۇزلار جۇلالىنىپ چاقنايتتى . شىمال تەرەپتىن كېلىۋاتقان لەرزان شامال دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى شىلدىرلىتاتتى . ئەتىيازنىڭ نەم هاۋاسى دىماغقا ئۇرۇلاتتى . موللا بىلال خىيال سۈرۈپ بىردەم جىم تۇردى ، ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرى يېنىۋاتقاندەك چاقنايتتى .

— قاچۇرۇۋەتسەك ، لەنتى خوجا يەنە ئەخمەتخىننى ئەۋەتىپ تۇتۇپ كېلىدۇ . ياخشىسى ، پوچى ئۆز ئاغزى بىلەن ئەلاخاننى قويۇپ بەرسۇن ! بۇنى پەقەت خەلقلا قىلالايدۇ ! — دېدى شائىر ، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ئىشەنچ ئۇرغۇپ تۇراتتى . ئۇ ئالدىدىكى خۇش چىراي يىگىتكە تىكىلدى ، — بولدى ، ئۇكام ، سىز قايتىپ كېتىڭ ! پالۋاننى قۇتۇلدۇرىدىغان خەلقنى مەن قوزغايمەن !

— ئەمدى قىلىدىغان ئىشىمۇ يوق ، سىزگە ، ئۇستاز ياردەم بېرەي !

— بولدى ، سىز ئۆز ۋەزىپىڭىزنى تولۇق ئورۇندىدىڭىز ! قايتىپ بېرىپ دەم ئېلىڭ !

مۇلازىم يىگىت خوشلىشىپ كەتتى . بىلال ئۇنىڭ كەينىدىن بىر هازا قاراپ تۇرۇپ ئۆز چېدىرىغا قاراپ ماڭدى . چېدىرغا بىر بىلال كىرىپ ، چېدىردىن ئون نەچچە بىلال چىقتى . ئۇلار چېدىر

ۋە گـەمىلەرنى ئـارىـلاپ بـارلـىق قوزغىلاڭچىلارنى ئـايـاغـقا تـۇرغۇزدى...

شائىر ئۆزى سادىرنىڭ يېنىغا بېرىپ ، ئەھۋالنى يەتكۈزدى ، غەزەپلەنگەن پالۋان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

— بۇ ئەنجانلىقنىڭ غەرىزى زادى نېمىدۇر ؟ ئۇنىڭ مەقسىتى ئـەلادەك خـەلـق پـالـۋانـلـىـرىنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىپ ، نادان خـەلـقـىمىزنىڭ شىللىسىگە رودۇپايدەك مىنمەكچىمۇ ؟ ! ياق ! پوچىنىڭ ئەلاخاندەك پالۋانلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈشكە يول قويساق بـولـمـايدۇ ! مەن بارىمەن ، ئۇ ئەنجانلىققا دەيدىغاننى دەيمەن ! ئــەلاخاننى ئۆلتۈرۈش پەيلىدىن يانسا ياندى ئۇ گۇي ، بولمىسا كۆرگۈلۈكنى كۆرسىتىمەن !

كۈنچىقىش تەرەپتىن يېرىمىدىن كۆپرەكى كۆيۈپ تۈگىگەن ئـاي كـۆتـۈرۈلۈپ ، ئـىلى ۋادىسىنى يورۇتتى . يېرىمى كۆيۈپ تـۈگـىـگـەن ئـايـنـىـڭ يورۇتۇشى تولۇن ئاينىڭ يورۇتۇشىدەك بـولمىسىمۇ ، ئالدى ـ كەينىدىكىلەرنى كۆرگىلى بولاتتى . ئاي يـورۇقـىـدا قىيقاس ـ چۇقان بىلەن كېلىۋاتقان قوزغىلاڭچىلار خۇددى دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان قىيانغىلا ئوخشايتتى . ھەممىنىڭ ئالدىدا بېشىغا ئاق مالخاي كىيگەن ، ياقىسى ياندىن ئېتىلىدىغان ئاق كۆڭلىكنىڭ بېلىنى قارا پوتا بىلەن باغلىغان قارىغايدەك قـامـەتـلـىـك سادىر پالۋان كېلەتتى... كېلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ كۆزلىرى ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك چاقنايتتى...

* *

ئۇ يېنىدا ئادەم بولسىلا ، قىلىدىغان دىنىي ھەرىكەتلىرىنى ئەستايىدىل قىلاتتى . ئەخمەتخان خوجا بىر تەرەپتە يوتقانغا كىرىپ يـاتقان بولسىمۇ ، پوچى ئۇزاق تەسۋى سىيرىپ ، ئاق جايناماز ئۈستىدە قىبلىگە قاراپ ئولتۇردى ، بىر چاغدا ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن

دۈئا قىلىپ، ئورنىدىن تۇردى. مەھمۇد تالاغا چىقىپ كەلگەندىن كېيىن، مۇلازىم يىگىت يەنە بىر چەتكە سىلىپ قويغان ئورۇنغا كىرىپ ياتتى. يوتقاننى ئېچىۋېتىپ ياتقان ئەخمەتخان ئېغىر پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتتى. سىرتىدىكى ئاق كىيىملىرىدىن سىلىۋېتىپ، بېشىغا ئاق شاپاق بۆك كىيىپ، ئاق كۆڭلەك، ئاق تامبىلى بىلەنلا ياتقان پوچى ئۇخلىيالمىدى، كەينى ـ كەينىدىن كېلىۋاتقان خىياللار ئۇنى قايىنامدەك ئۆز ئىچىگە تارتىپ ئەكىردى.

«ئەلانى، — دەپ ئويلىدى مەھمۇد، ئەخمەتخان خوجىغا كەينىنى قىلىپ يېتىپ، — ئۆلتۈرۈۋەتمىسەم زادىلا بولمايدۇ. مۇشۇ زېمىننىڭ ئۈستىدىلا بولسا، بېشىمغا بالا بولىدۇ! ئۇنىڭ پەيلى يامان! ماڭا تىكىلگەن كۆزلىرىدە بىر خىل تېگى ـ تېگىدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان ئۆچمەنلىكنى كۆرىمەن. كىم ماڭا ھىجايمىسا، ئۇ ماڭا دۈشمەن، چوقۇم ئۇنى كۆزۈمدىن يوقىتىشىم كېرەك! شۇ چاغدىلا بۇ يۇرتنىڭ قەنتىنى چېقىپ، پەيزىنى كۆرۈپ، ھۆكۈم سۈرەلەيمەن!»

پوچى خىيالدىن توختاپ تالاغا قۇلاق سالدى. سىڭار كۆزنىڭ ئېغىر پۇشۇلدىشىدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمىدى.

«مۇنۇ پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان يەكچەشمىمۇ يەنە بەش — ئون كۈن ياشىيالايدۇ. مەن ئەخمەق ئەمەس: سامانىنىڭ تېگىدە ئاققان سۇنى، يەرنىڭ ئاستىدا ماڭغان يىلاننى بىلىۋالالايمەن! بۇمۇ يەر ئۈستىدە ماڭا سادىق مالاي، يەر ئاستىدا مېنى زەھەرلەيدىغان يىلان بولۇپ ياشاۋاتقان ئادەم! ئۆزىنى باققان خوجىسىغا ۋاپا قىلمىغان ئىت ماڭا ۋاپا قىلامدۇ؟! كۆرمىسەممۇ ئۇنىڭ يۈرىكى ماڭا بەش قولدەك ئايان: ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈش كويىدا ماڭا ھىجىيىۋاتىدۇ. ئۇ پىچاق سالغۇچە مەن پىچاق سېلىشىم كېرەك! يەنە بىر ئاز ئۇلۇمنى چىڭدىۋالاي، تازا ئىشەنچلىك مالايدىن بىر ـ ئىككىنى تېپىۋالاي، ئاندىن بۇنى چىرايلىق

ئۇزىتىپ قويىمەن !...»

پوچى يىراقتىن ، يەر - ئاستىدىن كېلىۋاتقاندەك قىيقاس - چۇقاننى ئاڭلاپ خىيالىدىن توختىدى . ئۇ ئۆرۈلۈپ ئوڭدا ياتتى ، سۇس ئاڭلىنىۋاتقان قىيقاس - چۇقان ئەمدى ئۇنىڭغا ئېنىق ئاڭلاندى ، بارغانسېرى ئۆز چېدىرىغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ، يۈرىكى چۆچۈدى . ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ يەنە قۇلاق سالدى : «قىيقاس - چۇقان بىلەن كېلىۋاتقان كىملەردۇر بۇ ؟» دەپ پىچىرلىغان پوچى يوغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ، پۈتۈن بەدىنىدىن سوغۇق تەر چىقىپ ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇ ئۆز ئاق ئۆيىنى شىرەدەك ھۆركىرەپ ، بوراندەك گۈركىرەپ كېلىۋاتقان دەھشەتلىك قىيان ئورىۋېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ، خۇددى شامالدا قالغان يېكەندەك تىترەپ كەتتى . مەھمۇد يوتقاندىن چىقىپ كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى . ئۇ كىيىمىنى كىيىۋېتىپ : «ئەخمەتخان ! ئەخمەتخان» دەپ ۋارقىراپ ، سىڭار كۆزنى ئويغاتتى .

ئەخمەتخان ئويغىنىپ ، ئاق ئۆيگە يېقىنلاپ قالغان قىيقاس - چۇقاننى ئاڭلاپ ، چۆچۈپ كەتتى . «نىمە گەپ بۇ ؟» دېگەندەك كىيىملىرىنى كىيىپ بولۇپ ، ئالاقزادىلىك بىلەن مەھمۇد پوچىغا قارىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ چىرايىدىكى ئالامەتلەرنى بۇ قاراڭغۇ چېدىردا مەھمۇدنىڭ كۆرەلمەيدىغانلىقىنى بىلمەيتتى .

پوچى شامنى ياقتى . يەكچەشمە ئالدىراپ - تېنەپ كىيىملىرىنى كىيىۋاتاتتى . مەھمۇد ئالىقانچىلىك قۇرئاننى قولىغا ئېلىپ ، كىيىمنى كىيىۋاتقان ئەخمەتخاننىڭ ئالدىغا كەلدى . بۇ چاغدا قىيقاس - چۇقان بىلەن كېلىۋاتقان ئادەملەر ئاق ئۆي ئەتراپىغا كېلىپ توختىدى .

«ھەي ، مەھمۇدخان خوجام ، بۇ ياققا چىقسىلا ، بىزنىڭ سىلىگە دەيدىغان سۆزىمىز بار !» دېگەن بوم ئاۋاز چېدىر يېنىدىلا ياڭرىدى...

كۇنچىقىش ئۇپۇقىغا ئون سەككىز ـ ئون توققۇز كۇنلۇك ئاي ، ئىلى ۋادىسىنى غۇۋا يورۇتۇپ چىقىۋاتاتتى . ئۇچتىن ئىككى قىسمى كۆيۈپ تۈگىگەن ئاينىڭ يورۇقىدا تاغ ـ دالا ، دەل ـ دەرەخلەر ئاجايىپ چىرايلىق كۆرۈنەتتى . گويا بىر يېشىل كىيىم كىيگەن گۈزەل پەرىزات ئاق پەردە ئىچىدە تۇرغاندەك قىلاتتى .

مەھمۇد پوچى ئاق ئۆيدىن چىقىپ ، ئالدىدىكى كەڭ مەيداندا تىقىلىشىپ تۇرغان قوزغىلاڭچىلارنى كۆرۈپ ، گويا چاۋىسى چىتقا يېپىلغاندەك كۆزلىرى چەكچىيىپ ، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا قورقۇش تىترىكى ئولاشتى . كەينىدىن چىققان سىڭار كۆزمۇ گويا جىننى ئالغىلى جەبرائىل كەلگەندەك تىرنىكلا ئۆلدى . ھەرقانداق ئاقىۋەتكە تەييارلىنىپ يۈرگەن خوجا قولىدىكى ئالىقانچىلىك قۇرئاننى ئېگىز كۆتۈردى . ئۇ ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ، دولقۇنلاۋاتقان سايرامغا قارىدى .

— بۇ كېچىدە نېمىدەپ كەلدىڭلار ، ھەي ئەزىزلىرىم ؟ ! ھەرقانداق گەپ بولسا ، ئەتە تاڭ ئاتقاندا دېيىشسەك بولماسمىدى ؟ ! كەپسىلەر ، قېنى ، دەيدىغان سۆزۈڭلارنى دەڭلار !

بېشىغا ئات مالخاي ، ئۇستىگە ياقىسى ياندىن ئېتىلىدىغان كۆڭلەك كىيىپ ، بېلىنى قارا پوتىدا باغلىغان ، قارىغايدەك قامەتلىك سادىر بىر چامداپ كۆپنىڭ ئالدىغا چىقتى . ئۇنىڭ يېنىدا گۈللۈك بېغىررەڭ مانچېستېر دوپپا كىيگەن موللا بىلال تۇراتتى .

— ھەي ، ئەنجانلىق ! — دېدى پالۋان بىر قولى بىلەن پوتىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ، — بىز سېنى خوجىكەن ، دەپ ھۆرمەت قىلىپ بېشىمىزدا كۆتۈرسەك ، سەن بىزنى ئۆلتۈرگىلى تۇردۇڭغۇ ؟ ! زادى سېنىڭ مۇددىئايىڭ نېمە ؟ ! قوزغىلاڭنى باشلىغان ئادەملەر ئۇنى داۋاملاشتۇرالايدۇ ! سېنىڭسىزمۇ ، بىز بۇ قوزغىلاڭنى ئۇتۇق قازانغۇچە قىلالايمىز !

قاڭرۇق سۆزىدىن توختاپ ، يېنىدىكى موللا بىلالغا قارىدى .

ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن: «دەۋاتقانلىرىم قانداق، بولامدۇ؟» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى.

— ئەلاخان، — دەپ يەنە سۆز باشلىدى سادىر، — خەلقنى شىلىپ يېگەن بەگمۇ ئەمەس، مىڭبېشىمۇ ئەمەس، ئۇنى نېمىشقا ئۆلتۈرىسەن؟! بىز سېنىڭ ئالدىڭغا: «ئەلاخاننى قويۇۋەت!» دەپ كەلدۇق.

مەھمۇد تولىمۇ ھېيىلگەر. ئۇ ھىجىيىپ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، ھەرخىل قىياپەتتە كۆرۈنەلەيتتى؛ گاھ ئاللانىڭ كالامىنى كۆتۈرۈپ ئادەملەرنى ئۆزىگە قاراتسا، گاھ ۋەز-نەسىھەت بىلەن باش ئەگدۈرەتتى. پوچى كەلگەن ئىلىملىقلارنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ، قارشىلىشىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى بىلدى. بۇنداق چاغدا قۇرئانغا تايىنىش، مەلۇم دەرىجىدە يول قويۇش ياخشى يول ئىكەنلىكىنى بىلگەن خوجا قولىدىكى قۇرئاننى ئېگىز كۆتۈردى.

— مېنىڭ دەيدىغان سۆزلىرىم ھەق! يالغان سۆزلىسەم، قولۇمدىكى ئاللانىڭ كالامى ئۇرسۇن! — دەپ سۆز باشلىدى مەھمۇد ئۆزىگە جىمجىت تىكىلىپ تۇرغان يۇلتۇزدەك كۆزلەرگە قاراپ، — ئەخمەتخان ئىككىمىز ھېلىراقتا، ئەلاخاننىڭ بەگ ئەمەسلىكىنى دېيىشىپ، ئۆلتۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى بىلگەندۇق. قاراڭلار، سىلەر بىلەن بىزنىڭ نىيىتىمىز بىر يەردىن چىقتى! بۇ بىزنىڭ كۆڭلىمىزنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. بىلەمسىلەر بۇ، ئۇلۇغ ئاللانىڭ قۇدرىتى! — مەھمۇد سۆزىدىن توختاپ، تىنچ تۇرغان كۆلدەك خەلققە قارىدى. بايىقى قايناۋاتقان كۆل ئەمدى خېلىلا ياۋاشلاپ قالغاندەك ئۈن-تىنسىز تۇراتتى. ئەنجانلىق خوجا قولىدىكى قۇرئاننى يەنە ئېگىز كۆتۈرۈپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — لېكىن، ئەلاخان، مەن مەزەمزاتنى تۇتقىلى بارغاندا قاچماي، بىز بىلەن بىر سەپتە بولغان بولسا، ئۇنى تۇتمايتتۇق. ئۇ قېچىپ بىزگە قارشى ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىدى. شۇڭلاشقا ئۇنى تۇتقۇزۇپ كەلدىم. ئۇ بىر مەزگىل

سولاقتا يېتىپ قاچقان گۇناھىنى يۇيىدۇ ! مېنىڭ سۆزۈمگە ئىشىنىڭلار ! مەن بۇ سۆزلەرنى ئاللانىڭ كالامىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ سۆزلىدىم…

خېلى كۆپ قىسمى كۆيۈپ تۈگىگەن ئاي خېلى ئېگىز ئۆرلىدى . ئەلاخان ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان بولسىمۇ ، موللا ناسىر ئەلەم ياتقان سولاقخانىغا سولاندى . ئۇنى ئەتىسى بىرقانچە چېرىك يالاپ بېرىپ تۈرمىگە تاپشۇرۇپ بەردى .

* *

ئەنجانلىق خوجا غەزەپلىنىپ ، مەزەمزاتنىڭ ئوغلى خىزىرخاننى تېپىپ كېلەلمىگەن چېرىكلىرىگە ۋارقىرىدى :

«بۇ كۈن خىزىرخاننى تافىڭلار ، دېدى ،
بايابان ـ شەھەرنى باقىڭلار ، دېدى .
دېدى : ‹خىزىرخاندىن كەتۈرسە خەبەر ،
ۋە يا ئۆلتۈرۈپ بىزگە كەلتۈرسە سەر .
ئاڭا كىيدۈرەي نەچچە قات جامەلەر .
تېخى باشىغا زەررىن ئەمامەلەر .
تېخى مىندۈرەمەن ئاڭا ياخشى ئات ،
فەقىر نامرات بولسا تافسۇن مۇراد .› »①

بۇ خەۋەر بىردەمدىلا شەھەرگە تارقالدى . ئاخىرى بىرقانچە ئادەملەر خىزىرخاننى ئايدىڭ مەھەللىسىدىن تېپىپ سىڭار كۆزنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى . ئەخمەتخان بىر چاغلاردىكى خوجىسىنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلىغا رەھىم ـ شەپقەت قىلمىدى ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىغا قاراپمۇ قويمىدى .

---

① «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 3 ـ سان 28 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

«دېدىلەر : ‹مۇنىڭ تىز ئىشىنى قىلىڭ ،
كېيىن قەفەسكە باشىنى ئېلىڭ . › »[1]

بېشىر ئونبېشى بىلەن يەنە بىر چېرىك ھاكىمبەگنىڭ ئوغلىنى ئالدىغا سېلىپ شەھەر سىرتىغا ئېلىپ ماڭدى . ئۇلار شىمالىي تەرەپتىكى تاشلىق سايدا توختىدى . خىزىرخان پىيادە ، بېشىر بىلەن يەنە بىر چېرىك ئاتلىق ئىدى . ئىككىسى ئاتلىرىدىن چۈشۈپ ، خىزىرخاننىڭ جېنىنى ئېلىشقا تەييارلاندى . غۇنچە لېۋى ئۈستىگە تېخى بۇرۇتىمۇ خەت تارتمىغان ، ئون يەتتە ياشلاردىكى يىگىت ئونبېشىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلاندى :

— ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇۋالاي ، رۇخسەت قىلىڭ ! — دەپ يېلىندى يىگىت كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆكۈپ تۇرۇپ .

بېشىر بىلەن چېرىكنىڭ ئېتى سۇ بويىدا ئوتلاپ يۈرەتتى . خىزىرخان تاھارەت ئالغىلى سۇ بويىغا كېلىپ ، يېنىدا ئوتلاۋاتقان ئاتلارغا قاراپ ئويلىنىپ قالدى . «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» دېگەندەك ، ئۇ بىر ئاتقا مىنىپ قېچىش خىيالىغا كەلدى . بېشىر بىلەن يەنە بىر شادىپاچاق چېرىك نېرىدا — تاشلىقتا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتاتتى . يىگىت چاققانلىق بىلەن بىر ئاتنى تۇتۇپ سەكرەپ مىندى ـ دە ، بېشىنى شەھەر تەرەپكە بۇراپ : «چۇھ» دېدى . بېشىرنىڭ كۆكۈچ رەڭلىك ئېتى ئۈستىگە چىققان يىگىتنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك ئالدىغا قاراپ چاپتى . خىزىرخان نەگە بېرىپ ، نەگە يوشۇرۇنۇشنى بىلمەيتتى . ئۈستىگە كۆرپە سېلىنغان قازاق ئېگىرى ئۈستىدە ئولتۇرغان يىگىت ئاتنىڭ بېشىنى قويۇۋەتتى...

«ئاھ ، جېنىم دادا» دەپ ئىڭرايتتى قاپقارا كۆزلىرىدىن ياش

---

[1] «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 3 ـ سان 28 ـ بەت .

تۆكۈۋاتقان خىزىرخان . ئېتىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ ، بېشىغا ئاق سەللە يۆگىگەن ، ئۇستىگە قارا كۆك كالتە چاپان كىيگەن ئوغۇل شىمالدىن كېلىۋاتقان سايىنى بويلاپ كېلەتتى . كۆكلەمدە شىمالدىكى تاغلاردىن كېلىدىغان كەلكۈن سۈيى بىلەن ئۈزاق يىللارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغان ، قىش - ياز توختىماي بىر ئۆستەڭنىڭ سۈيىدەك سۇ ئاقىدىغان ساي بىر كەڭ كوچىدەك بولۇپ ، چۆرىسىدە تال سۆگەتلەر ئۆسەتتى .

خىزىرخان ئارىلاپ - ئارىلاپ كەينىگە قاراپ قوياتتى . ئۇ تۆت - بەش يۈز مېتىر يىراقتا ئۆزىنى قوغلاپ كېلىۋاتقان بېشىرنى كۆردى . ئونبېشى توختىماي ئېتىنى قامچىلاپ ، پۇتلىرى بىلەن بىقىنداپ كېلەتتى . ئۆزىنى قوغلاپ كېلىۋاتقانىنىڭ ئۆزىگە يېقىنلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئوغۇل پۇتلىرى بىلەن ئاستىدىكى ئاتنى بىقىندايتتى . ئات چېپىشىنى يەنە تېزلىتەتتى . ئۇ غەربتىن كېلىدىغان يول ئۆتىدىغان كۆۋرۈككە يېتىپ كەلدى . خىزىرخان بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتسىلا ، توغرىكۆۋرۈككە بېرىپ ، ئاندىن جەنۇبقا ئۇردا مەھەللىسى تەرەپكە ئېتىنىڭ بېشىنى بۇرايتتى .

تەرلەپ كەتكەن ئات كۆۋرۈككە كېلىپ توختىۋالدى . ياسالغىنىغا ئۇزۇن بولغان كۆۋرۈكنىڭ تاختايلىرى ئاجراپ ، بەزى جايلىرى تېشىلىپ تۇراتتى . خارتىلداپ ئىتتىك توختىغان جانىۋارنىڭ ئۇستىدىن خىزىرخان ئۇچۇپ كەتكىلى تاس قالدى . كۆزلىرى ياش خىزىرخان ئاتنىڭ چۇلۋۇرى بىلەن ساغرىسىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى ئۇرۇۋىدى ، ئات جان ئاچچىقىدا ياغاچ كۆۋرۈككە ئاياغ تاشلىدى . بىراق ، جانىۋارنىڭ ئارقا پۇتىنىڭ بىرى كۆۋرۈكنىڭ تېشىلگەن تۆشۈكىگە كىرىپ قېلىپ گۈپپىدە يىقىلدى .

«بۇ ئاتنىڭ يوق ئېردى يۈرەر قۇۋۋەتى ،
كى كۆبرۈككە ئاتنىڭ سافلدى پۇتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قازا يەتتى ئاندا تىقىلدى بۇ ئات ،
فۇتىنى ئالالماي يىقىلدى بۇ ئات .»[1]

خىزىرخان ئات بېشىدىن كۆۋرۈك ئۈستىگە ئۇچۇپ چۈشتى ، بېشىدىكى سەللىسىمۇ كۆۋرۈككە چۈشۈپ چۇۋۇلۇپ كەتتى . ئۇ سەللىسىگە قارىماي ئېتىنىڭ يېنىغا ئوقتەك كېلىپ ، ئۇنىڭ تىزگىنىنى تارتتى . بىچارە ئات پۇتىنى كۆۋرۈكنىڭ تۆشۈكىدىن چىقىرالماي تىپىرلايتتى . تېخىچە كۆزىدىن ياش ، ماڭلىيىدىن چىپىلداپ تەر ئېقىۋاتقان نەۋقىران ئېتىنىڭ پۇتىنى كۆۋرۈكتىن چىقىرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى . يىگىت قېچىپ كېتىۋېتىپ يولغا ، ئىككى چېتىگە : بىرەر تونۇش ئۇچراپ قالامسىمۇ ؟ دېگەندەك قارايتتى . ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يالاڭئاياق يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان خىزىرخان ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان ئاتنىڭ ئاياغ تاۋۇشى بىلەن پۇشقۇرۇشىنى ئېنىق ئاڭلىدى . ئۇ بىرىنىڭ «توختا ، ھارامى !» دېگەن سەت ئاۋازىنىمۇ تونۇدى . نەۋقىران ئوغۇل يۈگۈرۈشىنى توختاتماي تېخىمۇ تېزلەشتۈردى .

باغرى تاش تەقدىر ئاتنى ساي كۆۋرۈكىدە يىقىتىپ ، ئۆزىنى پىيادە قېچىشقا مەجبۇر قىلدى . قېرىشقاندەك خىزىرخانغا بىرەر تونۇش - بىلىشمۇ ئۇچرىمىدى .

«توختا ، شۇمتەك !» دېگەن بىرىنىڭ سەت ئاۋازى يىگىتنىڭ بېشىدىلا ياڭرىدى . ئۇ بۇرۇلۇپ قاراپ ، يەنە بىر چېرىك مىنگەن چىپار ئاتنىڭ ئۆزىگە تەگكەن ئىسسىق تىنىقىنى سەزدى .

«ياق ، توختىسام بولمايدۇ ! توختىسام ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ !» دەيتتى خىزىرخاننىڭ يۈرىكى ، ئۇمىد بىلەن

---

[1] «غازات دەرمۈلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 - يىل 3 - سان 28 - بەت .

گۆپۆلدەپ سوقۇپ .
يانداپ كەلگەن بىشىر قىچقىۋاتقان خىزىرخاننىڭ كەينىدىن قىلىچىنى تىقىۋەتتى . يىگىت : «ئاللا !» دەپ توپىلىق يەرگە يىقىلدى . ئۇنىڭ قىلىچ كىرگەن دۈمبىسىدىن قىزىل قېنى چاپىنىنىڭ تېشىغا تەۋرەپ چىقتى . ئېتىدىن چۈشكەن قاتىل تېخى تولۇق جېنى چىقماي پىتىرلاۋاتقان خىزىرخاننىڭ بوينىغا قىلىچ ئۇرۇپ ، بېشىنى ئۈزۈۋەتتى . يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار توختاپ ، ياقىلىرىنى تۇتۇپ ، يەردە ياتقان ، قېنىغا مىلەنگەن باشسىز جەسەتكە قورقۇپ قاراشتى…
شۇ كۈنى كېچىسى خادىك هارۋىغا چۈشكەن بىر ئايال چىرايلىق ئورالغان بىر بوۋاقنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ شەھەردىن چىقىپ كەتتى . بۇرۇتلۇق هارۋىكەش هاۋادا ئۈزۈن قامچىسىنى قارسىلدىتىپ ، ئاتلىرىنى تېز هەيدەپ چۆلۈقايغا يول ئالدى . ئايالنىڭ قولىدىكى بوۋاق مەزەمزاتنىڭ ئوغلى بولۇپ ، تا چوڭ بولغۇچە «ئىلياس خوجا» دېگەن ئىسمى ئېيتىلماي «بوۋاق خوجا» دېيىلدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئون ئۈچىنچى باب

## «ئوتتۇز ئالتە كۆن پوچى بولدى سىپاھ»

ئەنجانلىق خوجا ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ پۈتۈن ھوقۇقىنى ئىگىلەپ، دېگىنىنى قىلىدىغان بولدى. كىمىكى ئۇنىڭغا قارشى بىرەر ئېغىز سۆز قىلىپ قويسا، ئىز - دېرىكى يوق غايىب بولاتتى…

«كى ئەشيائى مۆئمىننى غارەت قىلىپ،
ئاداۋەت ئۇرۇقىنى دىلغا تېرىپ.
كېتىپ ئەدل ئانداغ بۇزۇلدى نىيەت،
نە قىلغاي قىساسۇ، نە ئالغاي دىيەت.
بۇ قىسمىدا بولدى زامانە ئىشى،
جاپا - زۇلۇم بولدى پەلەك ۋەرزىشى.»①

ئارائۆستەڭنىڭ بولاقبېشى مەھەللىسىدىكى شەمشىدىن خەلپەم ھەدىسىنىڭ ئوغلى مەزەمزاتنىڭ ئۆلۈمىدىن قاتتىق قايغۇردى، ئارقىدىنلا مەزەمزاتنىڭ ئوغلى خىزىرخاننىڭ

① «غازات دەرمۈلكى چىن» داستانىدىن، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 - يىل 3 - سان 28 - بەت.

ئـۆلتۇرۇلگەنلىكى ، بۇ مويسىپىتنىڭ قەددىنى تېخىمۇ پۈكۈپ ، چاچ ـ ساقاللىرىنى ئاقارتىۋەتتى . ئۇ ئاھ ئۇرۇپ ، كۆزلىرىدىن يـېـشـى توختىمايدىغان بولۇپ قالدى . كېچە ـ كۈندۈزلەردىكى قايغۇلۇق خىياللار ئاخىرى ئۇنىڭ كۆڭلىگە قىساس ئوتىنى ياقتى . خەلپەم مەزەمزات ۋە خىزىرخانلارنىڭ قىساس پوتىسىنى بېلىگە باغلاپ پوچىدىن ئۆچ ئېلىش يولىنى ئويلاندى...

بۈگۈن پەيشەنبە ، ئۆيدىكىلەرگە يىت سالدۇرۇپ ، بىرقانچە تاۋاق پولۇ ئەتكۈزدى . مانا ، قاراڭغۇ چۈشۈپ ، چاقىرىلغانلارنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولدى . ئەڭ دەسلەپ قۇتلۇق مىراب كەلدى . كېچىكمەي ئارقىدىنلا تۇردى يۈزبېگى باشلىغان يۇرت چوڭلىرىدىن بىرقانچىسى قوش ـ قوش شام يورۇتقان ياسىداق سارايغا كىرىپ ئـولـتـۇردى . كـېـلىدىغان مېھمانلار يەتتە ـ سەككىز بولۇپ ، بـۇلاقـبـېـشى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى مەھەللىلەرنىـڭ ئىززەت ـ ئـابـرۇيى بار مۆتىۋەرلىرى ئىدى . ئولتۇرغانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ يېڭى كەلگەنلەر بىلەن قول ئېـلىـشىپ كـۆرۈشـۈپ ، ھال ـ ئەھۋال سوراشتى .

ئـوتـتـۇرىـغـا قـويۇلغان ئۇزۇن تاماق ئۈستىلى ئۈستىگە تـىـزىلغان نازۇنېمەتلەرنىڭ يۈزى ئېچىلىپ سىنچاي تارتىلدى . گۈللۈك سىركايىلەردىن قېنىق دەملەنگەن پەمىلچاينىڭ خۇشبۇي پـۇرىـقى تـارقـىلىپ ، ھورى كۆتۈرۈلدى . تاماق ئۈستىلىنىڭ كۈنچىقىش يېنىدا ئولتۇرغان شەمشىدىن خەلپەم مېھمانلارنى چايغا تەكلىپ قىلدى .

— قېنى ، چاي ئىچسەڭلار ! — دېدى ، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن يىغا پۇرىقى كېلەتتى ، — بۈگۈن مەزەمزات بىلەن ئوغلى خىزىرخانغا ياغ پۇرىتىپ ئازنا ئاخشىمى قىلىۋىدىم .

مـېھمانلار ئۇياقتىن ـ بۇياققا گەپ قىلىپ ، قانغۇچە چاي ئىچتى ، ئارقىدىن چىنە ـ تاۋاقلاردا قوزا گۆشى بېسىلغان پولۇ خۇشبۇي پۇرىقى بىلەن دىماغلارنى غىدىقلاپ كىردى . مېھمانلار

پىچاق ۋە بەكلىرىنى ئېلىپ ، ئۇستىدىكى گۆشلىرىنى توغراپ ، ئوخشىغان پولۇنى تويغۇچە يېدى . ئاخىرىدا تاماق ئۇستىلى ئۇستىدىكى يىتقا قۇرئان ئوقۇپ ، ئىسسىق سۇدا قوللىرىنى يۇيدى .

توغرىسىنى ئېيتقاندا ، بۈگۈنكى ئازنا ئاخشىمىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ ، بۇنىڭدىن قۇتلۇق مىراب ، تۇردى يۈزبېگىلارنىڭ خەۋىرى بار ئىدى . شۇڭلاشقا ئۇلار قوللىرىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىنلا ئورۇنلىرىدىن تۇرمىدى . تاماق ئۇستىلى يىغىشتۇرۇلۇپ ، پۇت - قوللار سوزۇلغاندىن كېيىن ، مېھمانلار شەمشىدىن خەلپەمگە تىكىلدى . پېشانىسى كەڭ ، بۇۋرۇل قاشلىرى قويۇق ، ئورا كۆز ، ساقال - بۇرۇتى ئاقارغان شەمشىدىن خەلپەم بىر يۆتىلىۋېلىپ سۆز باشلىدى :

— ھەممىلىرىنىڭ خەۋىرى بار ، ھەددەمنىڭ ئوغلى مەزەمزاتنى ئەنجانلىق خوجا ئۆلتۈرۈۋەتتى . ئەمدىلا ئون يەتتە ياشقا كىرگەن ئوغلى خىزىرخاننىمۇ قىزىل قىنىغا بويىۋەتتى . كېيىنى - كەينىدىن يۈز بەرگەن بۇ مۇسىبەتلەر ، ئۆينىڭ تۈيىقىغا ئۇرسا مۈڭگۈزى سىرقىراپتۇ ، دېگەندەك قېرىغان كۈنلىرىمدە قەددىمنى پۈكۈپ ، يۈرىكىمنى يارا قىلدى ، — خەلپەمنىڭ كۆزىدىن چۈشكەن ياش ، ئۇنىڭ ئاپئاق ساقاللىرىدا چاقنايتتى . ئۇ بىر ئۇھ تارتىۋېلىپ ، سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى ، — چەتتىن كەلگەن ئەنجانلىق پوچى قوزغىلاڭنىڭ ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ ، بۈگۈن بەگ ، مىڭبېشى قاتارلىق سىپاھلىرىمىزنىمۇ بىر - بىرلەپ يوقاتماقتا . ھازىرغىچە ئۆلگەنلەرنىڭ سانى ئاز ئەمەس ، تاغ - داللاردا قېچىپ يۈرگەنلەرمۇ نۇرغۇن ! — شەمشىدىن خەلپەم ھاسىراپ سۆزىدىن توختاپ قالدى .

بەزىلىرى پۇتىنى سوزۇپ ، بەزىلىرى باداشقان قۇرۇپ ئەركىن - ئازادە ئولتۇرغان مېھمانلار ئۇنىڭ سۆزىنى جىمجىت

ئولتۇرۇپ ئاڭلايتتى . قاپاق ۋە قوشۇمىلىرى تۇرۇلگەن بۇ يۇرت چوڭلىرى خەلپەمنىڭ قايغۇ - ھەسرىتىنى ئۆزلىرىنىڭ قايغۇ - ھەسرىتى بىلىپ ، بەزىدە چوڭقۇر خۇرسىنىپمۇ ئالاتتى .

— مەن كىچە - كۈندۈز ئاھ ئۇرۇپ ، ياش تۆكتۇم ، — دەپ يەنە سۆز باشلىدى ساھىبخانا ئولتۇرغانلارغا قاراپ ، — ئۇرغان ئاھىم ، تۆككەن يىشىم ئاخىرى مىنىڭ كۆڭلۈمگە قىساس ئوتىنى ياقتى . ئۇ بۇگۈن لاۋۇلداپ يىنىپ ، ماڭا ئارام بەرمەيدىغان دەرىجىدە ئۇلغايدى . ئەنجانلىق خوجىدىن ئىككى جاننىڭ ۋە باشقا ئۆلگەنلەرنىڭ قىساسىنى ئالمىسام ، بۇ تىرىكلىكىمنىڭ قىممىتى ۋە ئارامى بولمايدىغانلىقىنى بىلدىم . بۇ ھەققانىي ئىشقا قىرى جىنىمنى تىكىپ قويدۇم ، — شەمشىدىن خەلپەم پەشمىتىنىڭ يانچۇقىدىن ياغلىقىنى ئىلىپ يۈز - كۆزلىرىنى ئالدىرىماي ئىرتتى . مىھمانلار ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە ، چىرايىغا كۆز ئۇزمەي قاراپ ، ئىغىر نەپەسلىنەتتى . ساھىبخانا يەنە چىرايىغا جىددىيلىك يۈگۈرتۈپ ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — مەھمۇدتىن قىساس ئىلىش ئۇنچىلىك ئاسان ئىش ئەمەس ، قىلغۇلۇقنى قىلىپ ، ئەمدى ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالغان پوچى ، ئۆزىنى قوغدايدىغان قاراۋۇللارنى نەچچە ھەسسە كۆپەيتىپتۇدەك ، يۇرت چوڭلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشمەي ، ئۆزۈم قىساس يولىغا مىڭىشنى لايىق كۆرمىدىم . بۈگۈنكى ئازنا ئاخشىمىدا سىلەر بىلەن مەسلىھەت قىلىش ئويىغا كىلىپ ، سىلەرنى چاقىردىم . قانداق قىلىمىز ؟ چەتتىن كەلگەن بىر ئەنجانلىقنىڭ قوزغىلاڭغا باش بولۇۋىلىپ ، ياخشى ئادەملىرىمىزنى بىر - بىرلەپ ئۆلتۈرۈشىگە قاراپ تۇرىمىزمۇ ؟ ! بابا دىدىم ، مەن بۇ خەتەرلىك يولغا قىرى جىنىمنى تىكتىم . قىنى ، مىنىڭ بىلەن بىللە ماڭىدىغانلار بارمۇ ؟ ! — ئۇ بىردەم تۇرۇۋىلىپ ، — بىز بىر ياقىدىن باش ، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ ، ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ قىساسىنى ئىلىشىمىز كىرەك ! بۇ مىنىڭ

سىلەرگە دەيدىغانلىرىم ! — دېگەنلەرنى قوشۇپ قويدى .
شەمشىدىن خەلپەم ھاسىراپ سۆزىدىن توختىدى . ئۇنىڭ ئاق ئارىلاشقان ئۆسكىلەك قاشلىرى تېگىدىكى كۆزلىرى يىراقتىكى يۇلتۇزلاردەك چاقنايتتى .

— مەنمۇ ئويلاپ ، ئىچىمدە ئۆرتىنىپ يۈرەتتىم . ئۆزىمىزنىڭ نادان ۋە ئەخمەقلىقىدىن رەنجىيتتىم . چەتتىن كەلگەن بىر ئەنجانلىقنىڭ راست - يالغان خوجىلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ ، ئۇنى ئەۋلىيا قىلىۋالدۇق . بىزنىڭ بۇ نادان ۋە ئەخمەقلىقىمىزنى كۆرگەن پوچى شىللىمىزگە مىنىپ ، ياخشى ئادەملىرىمىزنى يوقاتقىلى تۇردى . ئۇنىڭ مەقسىتى بەش قولدەك ئايان ، ئۆزى بەگ ، ئۆزى خان بولۇشتىن ئىبارەت . بۇنىڭغا قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرساق بولمايدۇ ! مەھمۇدنى دەرھال يوقاتمىساق ، يەنە نۇرغۇن ياخشى ئادەملىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز . مانا مەن تەييار ! ئەنجانلىق خوجىنى ئۆلتۈرۈشكە جېنىمنى تىكىپ قويدۇم ! — دېدى قۇتلۇق مىراب قايناپ سۆزلەپ ، ئۇنىڭ توم ۋە كۆتمەك قاشلىرى تېگىدىكى قارىسى قوڭۇر كۆزلىرى ئۇچقۇنلىنىپ ياناتتى . ئۇزۇن ، قارا بۇرۇتلىرىنىڭ ئىككى ئۇچى سەل ئۇستىگە قايرىلىپ تۇرىدىغان بۇغداي ئۆڭلۈك تۇردى يۇزىيگى ، قۇتلۇق مىرابتىن كېيىن سۆز باشلىدى :

— مۇشۇنداق بىر مەسلىھەت بولۇشنى تۆت كۆزۈم بىلەن كۇتۇپ كېلىۋاتاتتىم . شەمشىدىن خەلپەمنىڭ بىزنى بىر يەرگە جەم قىلغانلىقى جاھان ئىش بولدى . مەن بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇشال بولدۇم . مۇشۇ كېچە ، مۇشۇ دەقىقىلەر ئەتە ئۇچۇن بىر ئۇلۇغ تارىخ بولۇپ قالىدۇ ! پوچىنى مانا مەن ئۆلتۈرىمەن ! يېنىمغا ياش يىگىتلىرىمىزدىن بىرقانچىنى ئېلىپ ، كېچىدە بېرىپ ، ئۇ لەنتىنى چېدىرىدىلا بوغۇزلىۋېتىمەن !… بولدى ، بۇ ئىشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭلار !…

ئولتۇرغانلار : كېچىسى يوشۇرۇن بېرىپ ، چېدىرغا بېسىپ كىرىپ ، خوجىنى بوغۇزلىۋېتىشنى بىردەك مۇۋاپىق كۆردى . تالاش - تارتىش ئارقىلىق بۇ ۋەزىپە ئاخىرىدا تۇردى يۇزبېگىگە تاپشۇرۇلدى . مېهمانلار خۇپتەنگە يېقىن ، شەمشىدىن خەلپەم بىلەن خوشلىشىپ ئۆيلىرىگە قايتتى…

*          *

تۇردى يۇزبېگى شەمشىدىن خەلپەمنىڭ ئازنا ئاخشىمىدىن كېيىن ، ئۆزى بىر قېتىم كۇرە يېنىدىكى قوزغىلاڭچىلار بارگاھىغا بېرىپ ، ئەنجانلىق خوجىنىڭ ئاق ئۆيىنى كۆرۈپ كەلدى . ئۇ ئۆزىنىڭ نەگە بېرىپ كەلگەنلىكىنى ھېچكىمگە دېمىدى . سورىغانلارغا : «شەھەرگە بېرىپ كەلدىم» دەپلا قويدى . ئۇ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى كەچتە كۆڭلىگە پۈككەن ئۈچ يىگىتنى ئۆيىگە چاقىرىپ ، ئۇلارغا شەمشىدىن خەلپەمنىڭ ئۆيىدە بولغان گەپ - سۆزلەرنى يېپىدىن - يىڭنىسىغىچە ئېيتىپ ، ئۆزى بىلەن بىللە ئەنجانلىق خوجىنى ئۆلتۈرۈشكە بىللە بارىدىغان - بارمايدىغانلىقىنى سورىدى .

— بۇ باش كېتىدىغان يا باش ئالىدىغان بىر خەتەرلىك ئىش ! خالىساڭ بار ، خالىمىساڭ قال ! بارمىساڭ باياتىن دېگەن گەپلىرىمنى مەن ساڭا دېمىگەن ، سەن ئاڭلىمىغان بولۇپ ، يېپىق قازان يېپىق پېتى قالىدۇ . ئەگەر بىرەر يەردە ئاغزىڭدىن چىقىپ كېتىدىغان بولسا ، مېنىڭ قولۇمدا ئۆلىسەن ! — دېدى ئۇ .

ئۇ سۆزلەشكەن ئۈچ يىگىت سەھرانىڭ ئالدىنقى يىگىتلىرىدىن ئىدى ، ھەممىسى يۇزبېگى بىلەن بىللە بارىدىغانلىقىنى بىلدۈردى . يارامىلىق ئاتلارغا مىنىپ ، يانلىرىغا ئۇزۇن پىچاق ياكى خەنجەر ئاسقان تۆت ئاتلىق ئارىدىن تۆت - بەش كۈن ئۆتۈپ ، كۈنچىقىش تەرەپ چوغدەك رەڭگە كىرگەن

چاغدا مەھەللىدىن چىقىپ كەتتى .
ئۇلار شەھەردە بىر كۈن تۇرۇپ ، مەھمۇدنىڭ نەدىلىكىنى سۈرۈشتۈردى . ئەنجانلىق خوجا كۇرەنىڭ يېنىدىكى بارگاھىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ، ھېلىگەر پوچى بىلەن بىللە تۇرىدىغان ئەخمەتخان سىڭار كۆز كېچە شەھەرگە كەلگەنلىكىنىمۇ سۈرۈشتۈرۈپ بىلدى . تۇردى يۈزبېگى پوچىنىڭ يېنىدا ئەخمەتخاننىڭ يوقلۇقىدىن خۇشال بولدى . ئەتىسى دەڭدەرۋازىنىڭ داڭلىق مانتىخانىسىدا ، نامازدىگەردىن ئۆتۈپ تويغۇچە مانتا يېگەن تۇردى يۈزبېگى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭغان ئۈچ يىگىت شەھەر سېپىلىنىڭ كۇرە دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى . ئۇلار يولدا توختاپ دەممۇ ئالماي ، تۈن نىسپىدىن ئاشقاندا قوزغىلاڭچىلارنىڭ بارگاھىغا يېتىپ كەلدى .
بۈگۈن ئايسىز قاراڭغۇ كېچە بولۇپ ، ئوچۇق ئاسماندىكى يۇلتۇزلار چىرايلىق جۇلالىنىپ چاقنايتتى . زۇلمەت قاپلىغان دالا ئېغىر ھاسىرايتتى . شىمالدىكى تاغلاردىن كېلىۋاتقان گۇر ـ گۇر شامالدا دەل ـ دەرەخلەر ئۆزئارا پىچىرلىشىپ سۆزلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى . ئۇلارنىڭ پىچىرلاشلىرىدىن مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ ئۆتكۈر پۇرىقى كېلەتتى . بۇ خۇشبۇي ، مەست قىلىدىغان باھار پۇرىقى ، ئايدىڭ بولمىسىمۇ بۇ قاراڭغۇ كېچىنى راھەتلىك ھېس قىلدۇراتتى . قوزغىلاڭچىلارنىڭ بارگاھىدا كۆيىدىغان گۇلخانلار ئۆچۈپ ، ياڭرايدىغان ئىلى ناخشىلىرى توختاپ ، ئادەملىرى ئاللىقاچان تاتلىق ئۇيقۇدا ياتاتتى .
قوزغىلاڭچىلار بارگاھىدىن خېلىلا يىراقتا توختىغان تۇردى يۈزبېگى ۋە ئۇ باشلىغان ئۈچ يىگىت ئاتلىرىدىن چۈشۈپ ، بىر يوغان بىر قارىياغاچنىڭ يېنىغا كەلدى . ئۇلار ئاتلىرىنى قارىياغاچقا باغلاپ ، بىردەم چۆپلۈكتە ئولتۇرۇپ دەم ئالدى .
— ئاتلار مۇشۇ يەردە قالسۇن ، بىز پىيادە بارايلى . مەن ئەنجانلىقنىڭ ئاق ئۆيى نەدىلىكىنى بىلىمەن . بىز بېرىپ پوچى

ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى كۆزەتكەندىن كېيىن، سىلەر ئۇنىڭ قاراۋۇللىرىنى بىر تەرەپ قىلىسىلەر؛ قارشىلىق قىلماي، ۋارقىراپ - جارقىرىمىسا، ئۆزىمىزنىڭ قېرىنداشلىرى ئەمەسمۇ، ئۆلتۈرمەڭلار! مەن ئاق ئۆيگە بېسىپ كىرىپ ئۆزى يالغۇز ئۇخلاۋاتقان خوجىنى ئاستىمغا بېسىۋېلىپ بوغۇزلايمەن. مەن ئاق ئۆيدىن چىقىپ مېڭىشىمغىلا، سىلەرمۇ كەينىمدىن ئەگىشىڭلار. بىز ئاتلىرىمىز بار قارىياغاچ تۈۋىگە كېلىپ، ئاتلارغا مىنىمىز - دە، غۇلجىغا قاراپ «چۇھ!» دەيمىز، قېنى، ئەمدى بىردەم سوزۇلۇپ ئارام ئېلىۋالايلى! تازا تاڭ قاراڭغۇسىدا بارگاھقا قاراپ يول ئالىمىز!...

تۇردى يۈزبېگى كەينىنى غۇلجا تەرەپكە قىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا قەددى - قامەتلىرى بىر - بىرىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان قارىغايدەك ئۈچ يىگىت يۈزبېگىنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلايتتى. ئۇلارنىڭ تىنىقلىرىدىن سەل جىددىيلەشكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

— سىلەرگە، شۇنداقلا شەمشىدىن خەلپەملەرگە دېمەي، ئىككى - ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا بۇ يەرگە كېلىپ، بىركېچە قونۇپ كەتتىم، — دەپ يەنە سۆز باشلىدى مۇرىلىرى كەڭ، گەۋدىلىك تۇردى يۈزبېگى ئالدىدا ئولتۇرغان يىگىتلەرگە قاراپ، — مېنىڭ كېلىشتىكى مەقسىتىم ئىككى ئىدى: بىرى، خوجىنىڭ تۇرىدىغان ئاق ئۆيىنى كۆرۈۋېلىش؛ يەنە بىرى، قوزغىلاڭغا قاتنىشىۋاتقان ئارائۆستەڭلىكلەردىن ئۆزىمىزگە ياردەم بېرىدىغانلارنى تاللاشتىن ئىبارەت. مەن ئۆزۈم ئىشەنچلىك دەپ قارىغان بىرقانچە ئارائۆستەڭلىك بىلەن سۆزلەشتىم. مەن سۆزلەشكەنلەرنىڭ ئىچىدىن بىرەرىمۇ ياق دېمىدى، ھەممىسى بىز بىلەن بىللە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مەن ئۇلارغا بىز كېلىدىغان كېچىنى، يەنى بۈگۈنكى كېچىنى بەلگىلەپ بەردىم. شۇ تاپتا ئون نەچچە ئارائۆستەڭلىك ئۇخلىماي بىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. بىز تاڭ

قاراڭغۇسى باشلىنىشى بىلەن كېلىمىز، سىلەر شۇ مەزگىلدە سىرتقا ئادەم چىقىرىپ، بىزنىڭ كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىمىزنى كۆزىتىڭلار دېدىم، ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمگە قوشۇلدى، — ئۇ سۆزىدىن توختاپ، ئاسمانغا قارىدى. قارايغان ئاسمان گۈمبىزى سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار بىلەن شۇنچىلىك چىرايلىق كۆرۈنەتتىكى، تېگى قارا، گۈللىرى ئالتۇن يىپەك رەختىكىلا ئوخشايتتى. تۇردى يۈزبېگى قايرىلىپ كۈنچىقىش تەرەپكىمۇ تىكىلدى: ئۇپۇقتا تېخى سۈزۈلۈش ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى، — تاڭ قاراڭغۇسىغا تېخى خېلى باردەك قىلىدۇ. تالا ـ تۈزگە ئولتۇرۇپ، سوزۇلۇپ يېتىپ بىرئاز ئارام ئېلىۋالايلى! ئاندىن «بىسمىللا» دەپ يولغا چىقىمىز! لېكىن، يىگىتلەر، ئۇخلاپ قالمايلى! ھەر ئېھتىمالغا قارشى، سۇنۇر، سەن كۆزەتتە تۇرغىن!...

— بولىدۇ! — دېدى ئاق مالخايلىق، كالتە چاپانلىق يىگىت.

ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، تەرەپ ـ تەرەپكە ماڭدى. ئۇلار تۈزگە ئولتۇرۇپ، چۆپلۈكتە قاتارلىشىپ، سوزۇلۇپ ياتتى. سۇنۇر ياتماي، بىر چەتتە، ئېگىزرەك بىر يەردە ئولتۇرۇپ گاھ بارگاھ تەرەپكە، گاھ، غۇلجا ـ سۇيدۇڭ يولى تەرەپكە قارايتتى.

تۇردى يۈزبېگىلەر كۆزلىرىنى يۇمماي جىمجىت ياتاتتى. ھەرقانداق بىغەم ئادەممۇ بۇنداق ئۇلۇغ ھەركەتنىڭ ھارپىسىدا كۆز يۇمالامدۇ؟! شۇ تاپتا تۇردى يۈزبېگى بولسۇن، يىگىتلەر بولسۇن كۆزلىرىنى يۇمماي ئاسمانغا قاراپ ياتاتتى. ئۇلارغا جىمىرلىغان يۇلتۇزلار كۆزلىرىنى قىسىپ، ھاياجانلىق تۈيغۇلىرىنى تېخىمۇ ھاياجانلاندۇراتتى. ئۇلار شۇ تاپتا ئەڭ ئۇلۇغ ھېسسىياتلار بىلەن جۇشقۇنلىناتتى. ئەڭ گۈزەل، ئەڭ پاك، ئەڭ قايناق ھېسسىياتلار قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن چىقىپ، پۈتۈن

ۋۇجۇدىدا جەۋلان قىلاتتى . ياشاشنىڭ قەدىر ـ قىممىتى يەپ ـ ئىچىپ كۈن ئۆتكۈزۈشتىلا ئەمەس ، بەلكى ئۆز يۇرتى ، ئۆز خەلقىگە بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشتە ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەملەر ، تەبىئىي هالدا ئۆزلىرى قىلىۋاتقان ئىشنىڭ ئۇلۇغ قىممىتىنى بىلىپ هاياجانلىناتتى . مەيلى ئۇلار بىر لەنتىنىڭ بېشىنى ئالسۇن ، قىممەتلىق بېشىنى بەرسۇن ، هەر ئىككىلىسى ئەل ـ يۇرتى ئۇچۇن ئىكەنلىكىنى بىلەتتى .

ۋاقىت بىلىنمەي ئۆتۈۋاتاتتى . سۇنۇر گاه ئولتۇرۇپ ، گاه مېڭىپ هەممە ياقنى كۆزىتەتتى . تۇردى يۈزبېگى بولسۇن ، بىر تەرىپىدە ياتقان ئىككى يىگىت بولسۇن كۆزلىرىنى يۇلتۇزلاردەك جىمىلدىتىپ ، خىيال ۋە هاياجان ئىچىدە ياتاتتى . مانا ، قاراڭغۇ كېچە تېخىمۇ قاراڭغۇلاشتى . بۇ تاڭ قاراڭغۇسى ! تۇردى يۈزبېگى ئورنىدىن تۇردى ، ئىككى يىگىتمۇ ئۆز باشلىقىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، قوپۇپ ئولتۇردى .

— ماڭايلى ! تاڭ قاراڭغۇسى باشلىنىپتۇ ! — دېدى يۈزبېگى ئورنىدىن تۇرۇپ ، قوزغىلاڭچىلار بارگاهى تەرەپكە يولۋاستەك قەدەم تاشلاپ ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئۈچ يىگىتمۇ ئالغۇر بۆرىلەردەك مېڭىپ كەتتى…

* *

مەهمۇد ئۆزىنىڭ ئاق ئۆيدە يېنىك خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى . ئەخمەتخان خوجا غۇلجا شەهىرىگە كەتكەنلىكتىن ، ئاق ئۆيدە ئۇ يالغۇز ياتاتتى . ئۆي ئىچى ئىسسىقمۇ يا تەرلىگۈدەك چۈش كۆرۈۋاتامدۇ ، ئۇنىڭ تەر ماڭلىيىدىن سىيرىلغان تەر تامچىلىرى بېشىنىڭ ئاستىدىكى ئاق ماموق ياستۇققا چۈشەتتى .

خوجا چۈشىدە بىر چىرايلىق رەڭدار شىپاڭدا ئولتۇراتتى . ئىككى چىرايلىق قىز ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ يوغان يەلپۈگۈچ

بىلەن ئۇنى يەلپۈيتتى. چوغدەك گىلەم سېلىنغان چىرايلىق شىپاڭنىڭ شىمالىي تەرىپىدە، قوش قەۋەت كۆرپە ئۈستىدە قوش ـ قوش مامۇق تەكيىلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئەنجانلىق بەدىنىنىڭ يۇقىرى قىسمى يالىڭاچ، كۆكسىگىلا باغىرداق تارتىلغان، قىزىل شايە ئىشتان كىيگەن قىزلار ناز ـ كەرەشمە بىلەن خىلمۇخىل قىلىق چىقىرىپ ئۇسسۇل ئوينايتتى. ئۇسسۇلچى قىزلارنىڭ قول ۋە پۇتلىرىنىڭ بېغىشلىرىدىكى كىچىك مىس قوڭغۇراقلار جىرىڭلاپ پوچىنىڭ يۈرىكىنى غىدىقلايتتى. مەھمۇد بىر چەتتە ئولتۇرۇپ خۇشتار، دۇتار، تەمبۇر، غېجەكلەر بىلەن ساز چېلىۋاتقان قىزلارغا شەھۋانىي تۇيغۇلار چاقنىغان كۆزلىرى بىلەن تىكىلەتتى.

قۇياش پېشىندىن ئۆتۈپ نامازدىگەرگە يېقىنلاپ قالغان بولسىمۇ، باغدىكى مېۋىلىك دەل ـ دەرەخلەر، گۈل ـ گىياھلار جىمجىت ئۈگدەيتتى. ئىسسىق يەنىلا قاتتىق بولىۋاتاتتى.

— تېز، تېز يەلپۈشمەمسەن! قوللىرىڭدا كۈچ يوقمۇ، يەلپۈگۈچلىرىڭنىڭ شامىلىمۇ يوق! — دەپ ۋارقىرىدى پوچى ئىككى يېنىدىكى ئۆزىنى توختىماي يەلپۈۋاتقان قىزلارغا ئالىيىپ، ئىككى گۈزەل يەلپۈشنى يەنىمۇ تېزلەتتى، — نېمىشقا شوخ ـ شوخ ناخشىلارنى ئېيتىپ، كۆڭلۈمنى ئاچمايسىلەر! — دەپ توۋلىدى ئۇ، ئاق پاختىسى يوغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ساز چېلىۋاتقان قىزلارغا قاراپ.

سازچى گۈزەللەر دەرھال چېلىۋاتقان سازلىرىغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا باشلىدى:

گۈل ئارىلاپ ئۈچۈپ يۈرگەن
جىنى نازۇك كېپىنەك.
بىزنى مۇنچە كۆيدۈرگەن
بېلى نازۇك كېپىنەك.

قېشى قارا ، مەڭزى قىزىل ،
كۆزى چولپان ، ئاق بىلەك .
ئاق بىلەككە ئاشىق بولۇپ
كۆيىدۇ بىزنىڭ يۈرەك ،
يۈرىكىمنى ئۆچەرمۇ دەپ
سۇ ئىچەرمەن بىر چېلەك .
سۇ ئىچكەنگە ئۆچمەيدىكەن
يار ئۈچۈن كۆيگەن يۈرەك .

— هوي ، مەن سىلەرگە شوخ - شوخ ناخشىلارنى ئېيتىڭلار دەۋاتىمەن ! ئېيتقان ناخشاڭلارنىڭ سۆزلىرى مېنى كۈلدۈرۈپ ، كۆڭلۈمنى ئاچىدىغان بولسۇن ! ··· —دەپ ۋارقىرىدى يەنە ئەنجانلىق خوجا ، ساز چېلىپ ، ناخشا ئېيتىۋاتقان قىزلارغا ئالىيىپ تىكىلىپ . ئۇنىڭ ئۇستىدىكى شاهانە تون هەرخىل رەڭلىنەتتى .

قىزلار چېلىۋاتقان ساز ، ئېيتىۋاتقان ناخشىلىرىنى توختىتىپ ، بىر - بىرىگە «نېمىگە چالىمىز ؟» دېگەندەك قاراشتى . ئۇلار كۆز ئىشارىتى بىلەن بىر پىكىرگە كېلىپ ، ئەمدىلا قوللىرىدىكى سازلىرىنى سازلاپ چالاي دېيىشكە ، ئاسماندىن قاناتلىرى ئاجايىپ يېيىلغان بىر بۈركۈت شۇڭغۇپ چۈشۈپ پوچىنى بىسىۋالدى .

ساز چېلىپ ناخشا ئېيتىۋاتقان ، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ، يەلپۈگۈچ بىلەن خوجىنى يەلپۈۋاتقان قىزلار قىيا - چىيا چىرقىراپ هەر تەرەپكە قېچىپ كەتتى . ئەنجانلىق قوللىرى بىلەن ئۆزىگە مەهكەم يېپىشىۋالغان يوغان قۇشنى داد - پەرياد كۆتۈرۈپ ، هەدەپ ئىتتىرەتتى . يوغان قۇشنىڭ ئىككى پۇتىدىكى ئۆتكۈر تىرناقلار كۆڭلىكىدىن ئۆتۈپ ، بەدىنىگە كىرىپ زادىلا قويۇپ بەرمەيتتى . بۈركۈت ئۈچلۈق تۇمشۇقلىرى بىلەن

پوچىنىڭ يۈز ـ كۆزىنى چوقىلاپ بىردەمدىلا قىپقىزىل قان قىلىۋەتتى. مەھمۇد توختىماي بار ئاۋازى بىلەن نالە ـ زار قىلاتتى. ئۇ: «شۇنچىلىك توۋلىساممۇ، نېمىشقا ئادەملەر كەلمەيدۇ يە ئاۋازىم ئۇلارغا يەتمىگەنمىدۇر، يە ئادەملەر بىر ياقلارغا كەتكەنمىدۇر؟» دەپ ئويلاپ، ئاخىرقى بىر قېتىم بار كۈچىنى يىغىپ شۇنداق قاتتىق بىر ۋارقىرىدىكى، ئۆزى ئويغىنىپ كەتتى.

تەرلەپ سۇ بولۇپ كەتكەن ئەنجانلىق ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى، كۆرگەن قاباھەتلىك چۈشى كۆز ئالدىغا كېلىپ، چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقتى. ھەممە ياق قاپقاراڭغۇ، بارگاھتىكى دەل ـ دەرەخلەر ئاستا شىلدىرلايتتى. ئىككى قاراۋۇل ئاق ئۆينىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇ ئاسمانغا قارىدى. تۇرۇپ يۇلتۇزلار نازىنىنلارنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشاپ كەتسە، تۇرۇپ ئۆزىنى چوقىلىغان بۈركۈتنىڭ يېنىۋاتقان كۆزلىرىگە ئوخشاپ كېتەتتى. بويى شۈركۈنگەن بويى پوچى تۈزگە بېرىپ ئولتۇردى. ئۇ قايتىپ كېلىپ ئاق ئۆيگە كىرىپ، يېپىنچاقلىۋالغان چاپىنىنى بىر چەتكە قويۇپ، ئورنىغا كېلىپ ياتتى.

«ئاللا، ئۆزۈڭ بار! — دەپ پىچىرلىدى خوجا ئاق ئۆينىڭ يېپىقلىق تۈڭلۈكىگە قاراپ يېتىپ، — مېنى بۇ ياقا يۇرتلاردا خارۇزار قىلمىغايسەن!»

خېلىغىچە ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى، كۆزىگە يېپىلغان كەڭ قاناتلىرى توختىماي پالاقلاپ تۇرغان، كۆزلىرى يېنىۋاتقان، تۇمشۇقى ئۇچلۇق ۋە ئۆتكۈر بۈركۈت كېلىۋېلىپ، زادىلا كەتمەيتتى.

«ياراتقان ئىگەم! مېنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن! چۈشۈمدە كۆرگەن بۈركۈت ماڭا بەرگەن بېشارەتنىڭ ئەمەستۇر، خۇدا!؟... مەن بىلىمەن، ساددا ۋە ئەخمەقنىڭ ئاچچىقى كەلسە،

قاتتىق كېلىدۇ ! تىنچ تۇرغان ھاۋادا چېقىلغان چاقماق تولىمۇ ئۆتكۈر چاقنايدۇ ، گۈلدۈرمامىمۇ دەھشەتلىك گۈلدۈرلەيدۇ ، بۇ سادىدا ، ياۋاش ، ئەخمەق خەلق كۆنلەر كېلىپ ، ماڭا بۇركۈت بولۇپ ئېتىلمىسىلا بولاتتىغۇ ؟ ! پاك پەرۋەردىگارىم ، بۇنداق كۈنلەرنى ماڭا كۆرسەتمىگەيسەن !… »

ئۇ بىردەم خىيالىنى توختىتىپ تالاغا قۇلاق سالدى . پوچى ھېچقانداق خەۋپ ـ خەتەرلىك ئاۋاز ياكى شەپىنى ئاڭلىمىغاندىن كېيىن ، يەنە خىيالغا چۆمدى .

«بۇرۇنمۇ ئەنجاندىن ئۆزلىرىنى خوجا دەپ ئاتىۋالغان ئادەملەر بۇ سادىدا ۋە ئەخمەقلارنىڭ يۇرتىغا كېلىپ ، باي بولۇپ قايتىپتىكەن . نامراتلىق جېنىمدىن ئۆتتى . مەنمۇ ئۇلار ماڭغان يولدا مېڭىپ ، ئاتام كۆرمىگەن ، ئانام كۆرمىگەن بۇ يۇرتقا چىقتىم ، راست ، ئادەملىرى كۆزى ئوچۇق قارىغۇ ئىكەن . مانا ، مەن ھەش ـ پەش دېگۈچە شىللىسىگە مىنىپ ، قوزغىلىڭنىڭ كاتتىۋېشى بولۇۋالدىم ، نېمە يەيمەن دېسەم تەييار ، نېمە كىيىمەن دېسەم تەييار ، ئالتۇن ـ كۈمۈش ئۆزى ئېقىپ كېلىۋاتىدۇ . ئاھ ، تەڭرىم ، ماڭا بەرگەن بۇ بەخت ـ ئامەتىڭدىن تولىمۇ رازىمەن ! ئەمدى سېنىڭدىن تىلەيدىغىنىم ، قۇدرەتلىك ئاللا ، بۇ تەلەيلەردىن جۇدا قىلمىغىن !… »

مەھمۇدنىڭ ئاسانلا ياش چىقىدىغان كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆكۈلدى . ئۇ ياشلىرىنى ئاق كۆڭلىكىنىڭ كەڭ يېڭى بىلەن ئېرتىۋېتىپ ، يەنە تالاغا قۇلاق سالدى . ئۇنىڭغا ئاق ئۆينىڭ كىگىزىنى تېشىپ چۈشىدە كۆرگەن بۇركۈت كىرىدىغاندەك تۇيۇلاتتى . ئاق ئۆينىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرگەن ئىككى قاراۋۇل گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ قىلىپ پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان خوجا ، خاتىرجەم بولۇپ كۆزلىرىنى يۇمدى ، قايسى چاغدا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى…

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*　　*

ئۇلار قوزغىلاڭچىلار بارگاھىغا قاراپ كېلەتتى .

— يەنە دەي : سىلەر پەقەت قاراۋۇللار بىلەن بولىسىلەر ، ناۋادا ئۇلار قارشىلىق كۆرسەتمىسە ئۆلتۈرمەڭلار ؛ ۋارقىراپ - جارقىراپ قارشىلىق قىلسا ئۆلتۈرۈۋەتسەڭلار بولىدۇ . خوجىنى ئۆزۈم بوغۇزلايمەن ! — دېدى تۇردى يۈزبېگى چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلاپ كېتىۋېتىپ ، — ئارائۆستەڭلىكلەردىن ئون نەچچىسى بىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ . ئۇلارنىڭ بىر ئادىمى بۇ چاغدا چېدىر يېنىدا بىزنىڭ كېلىشىمىزنى كۈتۈۋاتقاندۇر ؟ ! ئۇلارمۇ سىلەرگە ياردەم قىلىدۇ . كۈتۈلمىگەن بىرەر قارشىلىق بولۇپ قالسا ، سىلەر ئۇلار بىلەن بىللە قارشىلىققا تاقابىل تۇرىسىلەر !

ئالدىدا تۇردى يۈزبېگى ، كەينىدە بويلىرى بىر - بىرلىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان ئۈچ يىگىت قوزغىلاڭچىلار بارگاھىغا يېقىنلاپ كەلدى . ئۇلار بىر - بىرى بىلەن پاراڭلاشماي ، تىنىش چىقارماي ، بەلگىلىك ئارىلىق قويۇپ ، ئارىلاپ ئۆچرايدىغان دەرەخلەرنىڭ دالدىسى بىلەن ماڭاتتى . بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان باتۇرلارغا قوزغىلاڭچىلار بارگاھى قاراڭغۇ ئىچىدە غۇۋا كۆرۈنۈشكە باشلىدى . بارگاھتا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن بىرەر - يېرىم قاراۋۇللار كۆرۈنەتتى . قاراۋۇللارنىڭ كۆپلىرى چېدىر ، ئاق ئۆي ، دەل - دەرەخلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان ياكى شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىن . تاڭ ئالدىدىكى ئۇيقۇ تولىمۇ تاتلىق بولىدۇ . كۆپلىگەن قاراۋۇللار دەل مۇشۇ تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇقتا ئۇخلاپ قېلىپ جېنىدىن ئايرىلغان ئەمەسمۇ ؟ !

تۇردى يۈزبېگى ئۈچ يىگىتنى ئارائۆستەڭلىكلەر ياتقان چېدىرلار تەرەپكە باشلاپ كېتىۋاتاتتى . ئۈچ يىگىتنىڭ بىرى نېمىدۇر بىرنېمىگە پۇتلىشىپ كېتىپ ، يىقىلغىلى تاس قالدى . ئۇ سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ ئۆزىنى تۇزىۋالدى .

— شەپە چىقارماڭلار! ئېھتىيات بىلەن مېڭىڭلار! دەل-دەرەخلەرنى دالدا قىلىپ ئاياغ تاشلاڭلار! بىز ھازىر ئارا-ئۆستەڭلىكلەرنىڭ چېدىرى تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتىمىز! — دېدى يۈزبېگى توختاپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپ. ئۇ پىچىرلاپ دېگۈدەك سۆزلىدى، — ئەنجانلىق خوجىغا قارىغۇلارچە ئېتىقاد قىلىدىغانلار خېلى بار. ئۇلار ئويغىنىپ كەتسە خەتەر ئىچىدە قالىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ھوشيار بولۇپ ماڭمىساق بولمايدۇ. ماڭا ئەگىشىپ يېقىن، ئىز بېسىپ مېڭىڭلار!

تۇردى يۈزبېگى يەنە كەينىگە بۇرۇلۇپ، قەدەم تاشلىدى، ئۈچ يىگىتمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن خۇددى قاقىرلاردەك تىزىلىپ ماڭدى. قوزغىلاڭچىلار بارگاھى شالاڭ قارىياغاچلىق ئىچىدە بولۇپ، چېدىرلار ۋە ئاق ئۆيلەر ئارىلىق قالدۇرۇپ تىكىلگەنىدى.

تۇردى يۈزبېگى ئارائۆستەڭلىكلەرنىڭ چېدىرلىرىغا يېقىنلاپ كېلىپ توختىدى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قارىيىپ كۆرۈنگەن يوغان چېدىرلارنىڭ يېنىدا قارا كۆرۈنۈپ بىرەيلەن مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇ ئارىلاپ توختاپ غۇلجا-سۈيدۈڭ يولى تەرەپتىكى دەل-دەرەخلەر ئارىسىغا قارايتتى. تۇردى يۈزبېگى ئۇنىڭ ئۆزلىرىنى كۈتۈۋاتقان ئارائۆستەڭلىكلەرنىڭ ئادىمى ئىكەنلىكىنى بىلدى.

— سۇنۇر، — دېدى بېشىنى بۇراپ، ئوڭ يېنىدا تۇرغان يىگىتكە قاراپ يۈزبېگى.

— ھە!...

— ئاۋۇ قارايغان چېدىرنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟

— كۆردۈم.

— سەن ئاستا يېقىنلاپ بېرىپ، بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزنى خەۋەر قىلغىن.

سۇنۇر چېدىر ئالدىدا تۇرغان ئادەم تەرەپكە بۇرۇلۇپ مېڭىپ كەتتى.

مانا ئاق ئۆي. بىر-بىرىگە مۈرىلىرى تېگىپ تۇرغان ئىككى قاراۋۇل ئۆيگە يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئۇخلاپ

قالغانلىقىنى ياكى ئويغاقلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى .

— ھادىل ، ھىتەمباي ، — دېدى تۇردى يۈزبېگى يېنىدا تۇرغان ئىككى يىگىتكە پىچىرلاپ ، ئۇچى بىر يوغان قارىياغاچنىڭ كەينىدە تۇراتتى ، — قېنى بېرىڭلار . ئىككى قاراۋۇلنى ئۈنىنى چىقارماي ئاق ئۆينىڭ يېنىدىن ئەكېتىڭلار ! سىلەر قاراۋۇللارنى ئەكەتكەندىن كېيىن مەن ئاق ئۆيگە بېسىپ كىرىمەن !

ئىككى قاراۋۇل ئۇخلاۋاتاتتى . ئۆينىڭ ئۇ چېتىگە ئۆتۈپ ، ئىككى تەرىپىدىن تۇيدۇرماي كەلگەن ھادىل بىلەن ھىتەمباي ئىككى قاراۋۇلنىڭ ئاغزىنى تۇتۇپ سۆرەپ ماڭدى ؛ قاراۋۇللار دۇدۇقلاپ ، تېپىرلاپ پالۋانلارنىڭ قولىدىن بوشىنىۋېلىشقا تىرىشاتتى . بىر قولىدا ئۇلارنىڭ ئاغزىنى چىڭ تۇتۇپ ، يەنە بىر قولىدا بوينىدىن چىڭ تۇتۇپ ماڭغان ئىككى باتۇر ئۇلارنى سۆرىگەن پېتى يىراققا ئەكەتتى . تۇردى يۈزبېگى ئالدىدىن كېلىۋاتقان ئادەملەرنى كۆردى . ئۇلار قوللىرىغا نەيزە ، قىلىچ ئېلىپ يۈگۈرۈپ كېلەتتى .

تۇردى يۈزبېگى ئاق ئۆينىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ ، ئىشىكنى تارتتى ، ئىچىدىن ئىلىقلىق بولغاچقا ئىشىك ئېچىلمىدى . ئارائۆستەڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان ئەزىمەت شۇنداق كۈچەپ بىر تېپىۋىدى ، ئىشىك ئىچىگە جالاقلاپ چۈشتى . تۇردى يۈزبېگى يولۋاستەك بىر سەكرەپ ئاق ئۆينىڭ ئىچىگە كىردى . ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن ئويغىنىپ ، غال - غال تىترەپ كىيىملىرىنى كىيەلمەيۋاتقان خوجا ، يۈزبېگىنىڭ قولىدىكى خەنجەرنى كۆرۈپ داد - پەرياد كۆتۈردى .

ئاق ئۆيگە قىلىچ - نەيزە تۇتقان ئادەملەر بېسىپ كىردى . تۇردى يۈزبېگى پوچىنى كۈچىمەيلا ئاستىغا بېسىۋالدى .

— ھەي ، لەنتى ! — دېدى ئۇ ، غەزەپ بىلەن خوجا چۈشىدە كۆرگەن بۆرىكۆتتەك ، كۆكسىدە ئولتۇرۇپ ، — بىزنى ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان ساددا ، ئەخمەق ، دەپ ئويلىدىڭمۇ ؟ !

سەن بىزنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىمىزدىن ، دىنىي ئېتىقادىمىزدىن پايدىلىنىپ ، بىزنىڭ شىللىمىزگە مىنىۋالدىڭ ! تېگى ـ تەكتىڭ ئېنىق بولمىغان بىر ئادەم تۇرۇقلۇق قوزغىلىڭىمىزغا باش بولۇۋالدىڭ ! ئۆزۈڭ خان ، ئۆزۈڭ بەگ بولۇش مەقسىتىدە بىزنىڭ تالاي ياخشى ئادەملىرىمىزنى ئۆلتۈردۈڭ ! شۇنى بىلىپ قويغىنىكى : سەن بىر ئالدامچى ، سېنىڭ خوجا بولۇشۇڭمۇ ناتايىن . يۇرتۇڭدا جېنىڭنى باقالماي ، بۇ باي ، سېخىي يۇرتقا كەلگەن مەككارسەن ! ئەمدى تالاي ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولغان گۇناھىڭنى ئۆز قېنىڭ بىلەن يۇيغىن !...

خوجا يېلىناتتى ، زارلىناتتى ، تېپىرلايتتى .

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە ، پالۋان ! بىلمەپتىمەن ! خاتا قىلىپتىمەن ! يېنىمدا بار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلىرىگە بېرىپ ، يۇرتۇمغا كېتىمەن !...

— ھوي ، قارا ئېغىز ! ئۆزۈمنىڭ نەرسىلىرىنى ئۆزۈمگە بېرىپ ، ئۇنىڭ بەدىلىگە مېنىڭدىن هارام جېنىڭنى تىلەۋاتامسەن ؟ ! سەن ئەنجاندىن كەلگەندە ، ئالا خۇرجۇنۇڭدا نېمە بار ئىدى ؟ بولدى ، سېنىڭ بىلەن قۇرۇق پاراڭ قىلىپ تۇرۇشقا مېنىڭ ۋاقتىم يوق .

ئۇ خەنجىرىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ مەھمۇدنىڭ بوغۇزىغا ئۇردى . خۇددى بوغۇزلانغان مالنىڭ بوغۇزىدىن قان ئېتىلىپ چىققاندەك ، پوچىنىڭ بوغۇزىدىنمۇ قان ئېتىلىپ چىقتى . خوجا خارتىلداپ ، تېپىرلاپ جان تالىشىۋاتاتتى . ئۆيگە بېسىپ كىرگەن قوزغىلاڭچىلار قوللىرىدىكى قىلىچ ۋە نەيزىلەرنى مەھمۇدنىڭ تېنىگە سانجىشقا باشلىدى . تۇردى يۈزبېگى چەبدەسلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇۋالدى .

— بولدى ، توختاڭلار ! — دېدى ۋارقىراپ تۇردى يۈزبېگى ، ئۇ تېخىچە خەنجىرىنى تۇتۇپ تۇراتتى . قوزغىلاڭچىلار توختىدى . تۇردى يۈزبېگى ئېگىشىپ ، خوجىنىڭ بېشىنى كېسىۋالدى .

www.uyghurkitap.com

«خالايىق قولىغا تاياقلار تۇتۇپ ،
ئاق ئۆينىڭ غارابچە ئوقىنى سۇندۇرۇپ .
كىرىپ خوجىغا تىغ ـ نەيزە سالىب ،
كېسىپ باشىنى تۇردى يۈزبەگ ئالىب .»①

يۈزبېگى مەھمۇدنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ تالاغا چىقتى . ئۇ بىر قوزغىلاڭچىنىڭ قولىدىكى نەيزىنى ئېلىپ ، پوچىنىڭ بېشىنى نەيزىگە سانجىپ ، ئۆينىڭ ئالدىغا قاداپ قويدى . بېشىنىڭ ئالدى پايىنەك ، موڭغۇل چىراي مەھمۇدنىڭ بېشى قىپقىزىل قېنىغا مىلىنىپ نەيزىنىڭ ئۇچىدا تۇراتتى . بىردەمدە ئاق ئۆينىڭ ئالدىغا قوزغىلاڭچىلار كېلىپ توپلاندى . ئۇلار ئەنجانلىق خوجىنىڭ بېشىغا بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشىپ قارىشاتتى .

— قېرىنداشلار ! — دەپ سۆز باشلىدى خوجىنىڭ بېشى سانجىلغان نەيزىنىڭ يېنىدا تۇرغان تۇردى يۈزبېگى ئالدىدا دولقۇنلاۋاتقان قوزغىلاڭچىلارغا قاراپ ، — بۇ راست خوجىمۇ ، يالغان خوجىمۇ ، بىزگە قاراڭغۇ . ئەمما ، ئۇنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرى بىزنىڭ دىنىمىزغا خىلاپ ! راست خوجا بولسا ، ئۇ دىنىمىزغا خىلاپ ئىشلارنى قىلمايتتى . راست خوجا بولسا ، خوجىلىق يولىنى تۇتۇپ ، بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىزنى ئۆلتۈرمەيتتى ، قوزغىلاڭغا باشمۇ بولۇۋالمايتتى ، — ئۇ ۋارقىراپ سۆزلەۋاتقانلىقتىن ، تامىقى قىرىلىپ قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى . تىقىلىشىپ تۇرغان ئادەملەر ئېغىر نەپەس ئېلىپ ، تۇردى يۈزبېگىنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى . يۈزبېگى يۆتىلى توختىغاندىن كېيىن ، يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — بىز چېكىدىن ئاشقان ھوسۇل ـ ئالۋانلارغا ، ئەڭ ئېغىر ھاشارلارغا ، قاتمۇقات زۇلۇم ـ زورلۇقلارغا چىدىماي قوزغىلاڭ

---

① «غازات دەرمۈلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 3 ـ سان 28 ـ بەت .

كۆتۈردۇق! بىزنىڭ مەقسىتىمىز: تاپقان ھالال نېمىتىمىزگە ئارامخۇدا، خۇشال ـ خۇرام ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت. مۇۋاپىق باج ـ سېلىق تۆلەشكە قارشى ئەمەسمىز. لېكىن ئاش تېرىپ ئالتە ئاي ياز جاپالىق ئىشلەپ بىر داننىمۇ يېيەلمىسەك بولامدۇ؟! قوزغىلاڭ باشلانغاندىن بېرى تالاي ئىشلار يۈز بەردى. ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئۆلتۈردۇق، سىرتتىن كەلگەن مەككار خوجىلار بىزنىڭ بۇ ئىتتىپاقسىزلىقىمىزدىن پايدىلىنىپ ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭ بىر چەتتە قالدى. ياق! بىز ئىتتىپاقلاشمىساق بولمايدۇ! بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقارمىساق بولمايدۇ! بولمىسا بىز قوزغىلاڭنى باشقا ئاچقالمايمىز! قېرىنداشلار، ئىتتىپاقلىشايلى! ئىتتىپاقلىشايلى! بىر ـ بىرىمىزدىن تالىشىدىغان نېمە بار؟ ئەگەر يەنە بىر ـ بىرىمىزنى ئۆلتۈرىدىغان بولساق، قوزغىلاڭنى قىلماي ئۆي ـ ئۆيىمىزگە تارقىلىپ كېتەيلى! يەنە دەي، قېرىنداشلار، ئىتتىپاقلىشايلى! ئاچ ـ يالىڭاچ قېلىۋاتقان، ئىڭراۋاتقان خەلقىمىزنى، بالا ـ چاقىمىزنى ئويلايلى! — ئۇ ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن، ھاسىراپ قالدى، بىردەم تۇرۇۋېلىپ، يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — يەنە بىر گەپ: ئەخمەتخان خوجىمۇ ياخشى ئادەم ئەمەس. ئۇ خەلقنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئابدۇرۇسۇل بەگ باشلىق بىرقانچە ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ، قوزغىلاڭغا ئېغىر زىيان سالدى. بىز ناھەق تۆكۈلگەن بۇ پاك قانلارنىڭ ھېسابىنى سىڭار كۆزدىن چوقۇم ئېلىشىمىز كېرەك! بۈگۈن ئۇ لەنتى بۇ يەردە بولغان بولسا، بېشى مەھمۇدنىڭ بېشىدەك نەيزىگە سانجىلاتتى. ئۇ شەھەرگە كېتىپتۇ! شەھەرگە ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى تۇتۇپ كېلەيلى!

مەيداندا قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈلدى:

— توغرا! سىڭار كۆزنى تۇتۇپ كېلەيلى!...

كۈنچىقىش تەرەپكە قىزغۇچ شەپەق يېيىلىشقا باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*　　　　*

ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ئوتتۇزئالتە كۈن باش بولغان ئەنجانلىق خوجا تۆردى يۈزبېگى ۋە قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىدا ئۆلدى. ئۇنىڭ نەيزىگە سانجىلغان بېشى ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن سېسىق پۇراق چېچىپ، بارگاھنىڭ ھاۋاسىنى بۇلغىدى. شۇنىڭ بىلەن پېشانىسى تار، كۆزلىرىنىڭ ئاق پاختىسى بولغان، يۇقىرىقى كالپۇكىنىڭ ئىككى چېتىدە شالاڭ بۇرۇتى، ئۇچلۇق ئېڭىكىدە سېغىزخانىنىڭ قۇيرۇقىدەك لىكىلداپ تۇرىدىغان ساقىلى بار باش جەسىتى يېنىغا كۆمۈۋېتىلدى...

پوچى ئۆلتۈرۈلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى قوراللىق قوزغىلاڭچىلاردىن ئون نەچچىسى شەھەرگە كەلدى. ئۇلار سىڭار كۆزنى پۈتۈن شەھەردىن ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپالمىدى. ئەخمەتخان ئىنىس - جىن ئەكەتكەندەك غايىب بولدى.

قوزغىلاڭچىلار باشسىز قالدى. يۇرت چوڭلىرى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ مىڭبېشىلىرى بۇ ئىش توغرىسىدا باش قاتۇرۇۋاتقان كۈنلەردە، كۈرەدىن يەتتە مىڭدىن كۆپ چېرىك كېچىدە قوزغىلاڭچىلار بارگاھىغا بېسىپ كەلدى.

سادىر پالۋان بىرىنچى قېتىم باياندايى سېپىلىنى پارتلاتتى، لېكىن ئېچىلغان شورىدىن قوزغىلاڭچىلار باياندايى ئىچىگە بېسىپ كىرەلمىدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ بۇ قېتىمقى ھۇجۇمى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، كۈرەدىكى چاڭ جاڭجۈن نەچچە مىڭ چېرىك چىقىرىپ باياندايى قەلئەسىنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئابدۇرۇسۇل ئەمىر باتۇرلۇق كۆرسەتكەن بۇ جەڭدە خا دارىن باشچىلىقىدىكى كۈرە قوشۇنلىرى يېڭىلىپ قاچتى. بېيجىڭدىكى خان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، چاڭ جاڭجۈننى تەدبىرسىز دەپ قاراپ، ئورنىغا مىن جاڭجۈننى تەيىنلەنگەندى.

مىن جاڭجۈن: «قوزغىلاڭچىلار ئۆزىنىڭ ئەمىرلىرىنى

ئۆلتۈرۈپ ، بىر - بىرى بىلەن دۈشمەن بولۇپ ، بىر - بىرىنى قىرىشماقتا... » دەپ ئاڭلىدى . ئۇ قوشۇن چىقىرىپ ، قوزغىلاڭچىلارنى يوقىتىشنىڭ تازا ئوبدان پۇرسىتى كەلدى ، دەپ بىلدى . ئۇ لەشكەر باشلىقلىرى كېڭىشىنى ئۆتكۈزۈپ ، قوزغىلاڭچىلارنى ئۈزۈل - كېسىل تارمار قىلىش ئۈچۈن قوشۇن چىقىرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى :

— بەخت بىزگە يۈزلەندى . قوزغىلاڭچىلار باشسىز قالدى . ئۇلار بۈگۈن سەردارلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ، بىر - بىرىنى قىرغىن قىلماقتا . دەرھال ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قوشۇن تارتىشنى لايىق كۆردۈم . كۇ دارىن بىلەن چىڭ لويى بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇش قوشۇنىغا قوماندان بولىدۇ . تېز تەييارلىنىپ ئاتلىنىڭلار !...

قاراڭغۇ كېچە ، شىمالدىن كېلىۋاتقان تاغ شامىلى دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى شىلدىرلىتىپ ، ئۇخلاۋاتقان كېچىنى ئويغىتىدىغاندەك قىلاتتى . لېكىن ، شامالنىڭ كۈچى ئاجىز بولغانلىقتىن ، يوپۇرماقلارنىڭ شىلدىرلىشى كېچىنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇش ئەمەس ، بەلكى ئەللەي بولۇپ تېخىمۇ شېرىن ئۇيقۇغا چۆكتۈرەتتى .

شالاڭ دەل - دەرەخلىك بارگاھ جىمجىت ئۇيقۇدا ياتاتتى . بارگاھنىڭ تۆت تەرىپىدە تۆت قاراۋۇل ئۆيى بولۇپ ، بۇ ئۆيلەردە قاراۋۇللار نۆۋەتلىشىپ ئۇخلايتتى . بارگاھنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى قاراۋۇل ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا قاراۋۇللار ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى . ئارىلاپ - ئارىلاپ بىر - بىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرغان ئاۋازلار ئاڭلىناتتى . بۇ دەل - دەرەخلەر تۈۋىدە ياكى ئوت - چۆپلەر ئارىسىدا ئولتۇرۇپ ئۇگدەك بېسىۋاتقان قاراۋۇللارنى سەگەكلەشتۈرۈشكە تۇۋلانغان ئاۋازلار ئىدى .

بۇ قېتىم كۈرەدىن چىققان چېرىكلەرگە كۇ دارىن باش ،

چېڭ لويى مۇئاۋىن سەردار بولدى . بۇ ئىككىسى خېلى نۇرغۇن ئۇرۇشلارغا قاتناشقان تەجرىبىلىك ھەربىي قوماندانلار ھېسابلىناتتى . ئۇلار ئالدى بىلەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ قاراۋۇللىرىنى يوقىتىپ ، ئاندىن ئۇيقۇدا ياتقان قوزغىلاڭچىلارنى ياتقان يېرىدىلا قىزىل قېنىغا مىلىنىشىنى پىلانلىدى . يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا ، كۆرەدىن چىققان چېرىكلەر قوزغىلاڭچىلار بارگاھىنىڭ كۆنپېيتىش تەرىپىگە يېتىپ كەلدى . كۆ جاڭجۈن ئەللىكتەك چېرىك ئاجرىتىپ ، چېڭ لويىنى باش قىلىپ ، قاراۋۇللارنى يوقىتىشقا ئەۋەتتى .

كۆنپېيتىشتىكى قاراۋۇلخانىغا قاۋاش ئىسىملىك ، ئەللىكتىن ئاشقان قامەتلىك بىر ئادەم باشلىق بولۇپ ، قاراۋۇللارغا قاتتىق تەلەپ قوياتتى . ئۇخلاپ قالغانلارنى قاتتىق جازالايدىغان بۇ ئادەم ، پۈتۈن كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزەتتى . بۈگۈنمۇ ئۇ ، كۈندىكى ئادىتىدەك ، قاراۋۇللارنى بىرنەچچە قېتىم ئارىلاپ چىقتى . شۇ تاپتا ئۇ ، يېڭىلا كېلىپ ، تام سوقۇپ ، ئۈستىنى بورا — چەڭزە بىلەن ياپقان يوغان قاراۋۇلخانىدىكى ئۆزىنىڭ ئورنىدا سوزۇلۇپ ياتاتتى . قاراۋۇللۇقتىن چۈشۈپ ئۇخلاۋاتقان قوزغىلاڭچىلارنىڭ بەزىلىرى پۈشۈلداپ ، بەزىلىرى خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى . قاۋاشنىڭ كۆڭلى تۇيۇقسىزلا بىرنېمىنى سەزگەندەك ئەنسىزلىك ئىچىدە قالدى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇرۇپ ، تالانى تىڭشىدى . ئۇ ئېھتىيات بىلەن كېلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئاياغ تاۋۇشلىرىنى ئاڭلىدى . «كىملەردۇر بۇ ؟» دەپ ئويلىغان قاراۋۇل بېشى ئاياغ تاۋۇشى كېلىۋاتقان تەرەپكە قاراپ قۇلاق سالدى .

«ياق ، بۇ ئۆزىمىزنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئاياغ تاۋۇشى ئەمەس ! — دەپ ئويلىدى قاۋاش ئورنىدىن تۇرۇپ ، تالاغا چىقىپ كېتىۋېتىپ ، — بۇ خۇددى ئوغرىلاردەك كېلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئاياغ تاۋۇشى ! كېلىۋاتقانلار كۆرەدىن چىققان چېرىكلەرمىدۇر ؟…»

ئۇ تالاغا چىقىپ تۇرۇشىغا، كەينى - كەينىدىن بىرقانچە قاراۋۇل ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كېلىپ، كۇرە چېرىكلىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

— قانچىلىك بار؟ — دەپ سورىدى قاراۋۇلبېشى كەلگەن قاراۋۇللارغا قاراپ.

— ئەللىكتەك بارمىكىن؟! چوڭ قوشۇنى بارمۇ، يوق؟ كۆرەلمىدىم.

«دۈشمەن ھۇجۇم قىلماقچىمۇ يا بۇ ئەۋەتكەنلىرى بارگاھىمىزنىڭ ئەھۋالىنى تىڭتىڭلاش ئۈچۈن كەلگەنلەرمىدۇر؟... قانداق بولمىسۇن، بۇ ئەھۋالنى مىڭبېشىغا خەۋەر قىلاي!»

— سەن، — دېدى قاۋاش ئالدىدا تۇرغان بومبا ساقاللىق ئادەمگە قاراپ، — بېرىپ ئەھۋالنى مىڭبېشىغا خەۋەر قىل. بىز كەلگەنلەر بىلەن جەڭ قىلىمىز! قېنى، ماڭ!...

بومبا ساقاللىق قاراۋۇل يۈگۈرۈپ كەتتى.

— سەن، — دېدى قاراۋۇل بېشى قاپقارا بۇرۇتى بار، ساقىلى يوق ئادەمگە تىكىلىپ، — ئۇخلاۋاتقانلارنى ئويغاتقىن، ھەممىسى قوراللىرىنى ئېلىپ چىقسۇن!...

شۇ چاغدا ئېھتىيات بىلەن، ھەر تەرەپكە قورققاندەك قاراپ كېلىۋاتقان كۇرە چېرىكلىرىنىڭ ئالدى كۆرۈندى. قاۋاش قاراۋۇل ئۆيگە كىرىپ، ئۇزۇن ساپلىق نەيزىسىنى ئاچىقىپ، جەڭگە تەييار بولۇپ تۇردى. قالغان قاراۋۇللارمۇ قاراۋۇل ئۆيى ۋە دەل - دەرەخلەرنىڭ دالدىسىغا مۆكۈنۈپ، قىلىچ، نەيزە ۋە توپەك مىلتىقلىرىنى تۇتۇپ كېلىۋاتقانلارنى كۈتتى.

ئارىلىق بارغانسېرى يېقىنلاپ، كۇرە چېرىكلىرىنىڭ ۋەھىمىلىك چىرايىمۇ كۆرۈندى.

— قېنى، ئالغا! — دېدى قاۋاش ئۆينىڭ كەينىدىن يولۋاستەك ئېتىلىپ چىقىپ. قاراۋۇللار قوراللىرىنى كۆتۈرۈپ

چېرىكلەرگە قىيقاس ـ چۇقان بىلەن ئېتىلدى . قاراۋۇلخانا يېنىغا كەلگەن كۆرە چېرىكلىرى بىلەن بارگاھنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى قاراۋۇللار ئارىسىدا قانلىق جەڭ باشلىنىپ كەتتى .

«قاراۋۇلغا كەلدى بۇ نۇرغۇن ئەدۇۋ ،
قاراۋۇلچىلار ھەم بولۇپ رۇبەرۇ .»①

جەڭگاھتىن بىرقانچە چېرىك بۆلۈنۈپ چىقتى . ئۇلار قاراۋۇلخانىغا ئوت قويۇشنى ئالدىن پىلانلىغاندەك ، قوللىرىغا بىرقانچە باغ قۇرۇق شاخ ـ شۇمبا كۆتۈرۈۋالغانىدى . بۆلۈنۈپ چىققان چېرىكلەر ئادەمسىز قاراۋۇلخانىغا بىرىپ ئوت قويۇۋەتتى . بىردەمدە ئۇلغايغان بۇ ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈپ قاراڭغۇ كېچىنى يورۇتۇۋەتتى . قالغان تەرەپلەردىكى قاراۋۇللار بۇ ئوتنى كۆرۈپ ئۆز مەكتىپىشلىرىغا خەۋەر قىلدى . كىيىملىرىنى كىيىپ ئورنىدىن تۇرغان مەكتىپىشلار ئۆز قول ئاستىدىكى قوزغىلاڭچىلارنى دەرھال سەپكە تۇرغۇزدى . بومبا ساقال قاراۋۇلمۇ ئۆز مەكتىپىشىغا خەۋەر قىلىپ ، ئۇلارنىمۇ ئويغاتتى . بارگاھتىكى پۈتۈن قوزغىلاڭچىلار قوراللىرىنى قولغا ئېلىپ جەڭگە تەييار بولدى . كۆرەدىن كېلىپ ، بارگاھنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە تۇرغان چېرىكلەرمۇ لاۋۇلدىغان ئوتنى كۆرۈپ بارگاھقا قاراپ ئاتلاندى . شۇنىڭ بىلەن بارگاھقا بېسىپ كىرگەن كۆرە چېرىكلىرى بىلەن قوزغىلاڭچىلار ئارىسىدا دەھشەتلىك ئارىلاشما جەڭ باشلىنىپ كەتتى .

مىلتىقلار ئېتىلاتتى ، قىلىچ ـ نەيزىلەر بىر ـ بىرىگە تېگىپ جاراڭلايتتى . غەزەپلىك قىيقاس ـ چۇقانلار ياڭرايتتى . يارىدار بولغانلارنىڭ نالە ـ پەريادلىرى ئاڭلىناتتى . بىردەمدە مەيداندىكى گۈل ـ گىياھ ۋە توپىلار قىزىل قان بىلەن بويالدى .

① «غازات دەر مۇلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 3 ـ سان 35 ـ بەت .

كۆرە چېرىكلىرى بارغانسېرى ئۈستۈن كېلىپ ، قوزغىلاڭچىلار بەرداشلىق بېرەلمەي چېكىنىشكە باشلىدى ، بۇ جاسارەت ۋە باتۇرلۇقنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدىن ئەمەس ، سان جەھەتتىن ئاز بولغانلىقىدىن بولدى . كەينى ـ كەينىدىن يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقەلەر ، ئۆزئارا قىرغىنچىلىقلار قوزغىلاڭچىلارنى قايغۇ ـ غەمگە چۆكتۈردى . ئۇلار : «قوزغىلاڭ بىر چەتتە قالدى ، ئۆزىمىزنى قىرىشقا باشلىدۇق» دېيىشىپ بىر قىسمى ئۆيلىرىگە كەتكەنىدى .

سادىر ۋارقىراپ كەتتى . ئۇ : «قېرىنداشلار ، چېكىنمەڭلار ! چېكىنسەكلا ئۆلىمىز ! بىزنىڭ ھاياتلىق يولىمىز ئاخىرغىچە جەڭ قىلىشتىن ئىبارەت ! » دەپ قايناپ سۆزلىدى . كۆرە چېرىكلىرى بىلەن ئۇزۇن نەيزە تۇتۇپ ئېلىشىۋاتقان موللا بىلالنىڭ بېشىغا بىر ئوي كەلدى . ئۇ جەڭ مەيداندىن چىقىپ ، خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ بارگاھىغا يۈگۈردى . تەرلەپ ـ پىشىپ ، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلگەن شائىر ياگۇر پالۋاننى تېپىپ ئۇنىڭغا ئەھۋالنى دېدى . ياگۇر پالۋان ئۆز قوشۇنلىرىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ، دەرھال جەڭگە ئاتلاندۇردى .

«مۇنى كۆردى تۇنگان دىلاۋەرلىرى ،
يالاڭاچ بولۇپ كىردى پور دىللارى . »①

خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن ، كۆرە چېرىكلىرىنىڭ ھەيۋىسى توزغاقتەك توزۇپ كەتتى . ئۆز قېرىنداشلىرى خۇيزۇلارنىڭ ياردەمگە كەلگەنلىكىنى كۆرگەن قوزغىلاڭچىلار كەينىگە بۇرۇلۇپ ، كۆرە چېرىكلىرىگە يولۋاسلاردەك تاشلاندى . ئۇزۇن ئۆتمەي ، كۆرە چېرىكلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي كەينىگە چېكىندى . قوزغىلاڭچىلار بارگاھىدا

---

① «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 3 ـ سان 35 ـ بەت .

ئۇلارنىڭ يەتتە يۈزدىن كۆپ ئۆلۈكى قالدى...
كۆرە چېرىكلىرىنى سۈر ـ توقاي قىلىپ قوغلاپ كېتىۋاتقان قوزغىلاڭچىلار خېلى بىر يەرلەرگىچە بېرىپ، كۈنچىقىش تەرەپ چوغدەك گۈلگۈن رەڭگە كىرىۋاتقاندا شاد ـ خۇرام قايتتى.

*　　　*

ئەلا پالۋان سولاقتىن بوشىنىپ چىقتى، لېكىن ئۇ قوزغىلاڭغا باش بولمىدى. ئۇ، يۇرتىغا قايتىپ كەتمەي، قوزغىلاڭچىلار ئارىسىغا كەلدى. ئۇ كەلگەن كۈنى بارگاھ شاد ـ خۇراملىققا چۈمۈپ، خۇددى توي ـ بايرام بولغاندەك بولدى. كېچىسىمۇ گۈلخانلار يېقىلىپ تا يېرىم كېچىگىچە گۈلخانلار چۆرىسىدە ئۇسسۇل ۋە ناخشا قىزىپ كەتتى...
بولۇپ ئۆتكەن جەڭ قوزغىلاڭچىلارغا بىر سەردار بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇتتى. شۇنىڭ بىلەن يۇرت چوڭلىرى ۋە قوزغىلاڭچىلارنىڭ مەسلىھەتچىلىرى كېڭىشىپ، قازى ئەسكەر موللا شەۋكەت ئاخۇننى قوزغىلاڭغا باش قىلىشنى لايىق تاپتى. بۇ پىكىر قوزغىلاڭچىلارغا يەتكۈزۈلگەندە، قارشى چىققۇچىلار بولمىدى، ھەممىسى بىر ئېغىزدىن قوللىدى.
يېقىندا يېغىپ ئۆتكەن يامغۇرنىڭ نەم ۋە خۇشبۇي پۇرىقى دىماغلارغا ئۇرۇلاتتى. ئاسماندا پارچە ـ پارچە ئاق بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرەتتى. گاھ بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىپ كەتكەن قۇياشنىڭ نۇرى، بۇلۇتلار ئاستىدىن ئېتىلىپ چىقىپ ئىلى ۋادىسىنى يورۇتسا، يەنە قۇياش بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىپ كېتىپ، زېمىننى ئالا ـ بۇلالاشتۇراتتى، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلاردىكى چاقناۋاتقان يامغۇر تامچىلىرى زېمىنغا سىيرىلىپ چۈشەتتى.
«موللا شاۋكەت ئاخۇنۇم كېلىۋاتىدۇ!...»
تۇيۇقسىز چىققان بۇ خەۋەر قوزغىلاڭچىلار بارگاھىدا خۇددى

گۈلدۈرمامىدەك ياڭرىدى . چېدىر ـ چېدىرلاردىن ، ئاق ئۆيلەردىن ، گەمىلەردىن قوزغىلاڭچىلار يۈگۈرۈپ چىقىپ ، خادىك هارۋىنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازى كېلىۋاتقان تەرەپكە قاراشتى...

موللا شەۋكەت ئاخۇنۇمنى باش قىلىشقا بىردەك كېلىشكەندىن كېيىن ، يۇرت چوڭلىرى ۋە مىڭبېشىلىرىدىن بىرقانچە ۋەكىل سايلاندى . ئۇلار كېچە قازى ئەسكەرنى ئاچىقىلى غۇلجىغا يول ئالدى . ئۆزۈندىن بېرى يۇقىرىراق مەنسەپ تەمەسىدە يۈرگەن قازى ئەسكەر كەلگەنلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ، «ئوڭۇمۇ ، چۈشۈمۇ ؟ » دەپ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى . ئۇ ئويلانمايلا رازىلىق بېرىپ ، قوزغىلاڭچىلار بارگاھىغا بېرىشقا ئالدىرىدى . قوزغىلاڭچىلارنىڭ يېڭى باشلىقى بىر كېچىنى ئۇخلىيالماي دېگۈدەك ئۆتكۈزۈپ ، ئالدىن بارغان ۋەكىللەر بىلەن بىللە كەلدى .

شالاڭ دەل ـ دەرەخلەر ئارىسىدىن ئۆتكەن يولدا كېلىۋاتقان خادىك هارۋا كۆرۈندى . بىر جۈپ قارا ئاتنىڭ بوينىدىكى قوڭغۇراقلار بىر خىل جاراڭلاپ ، بۇ چەكسىز تۈزدىكى جىمجىتلىقنى بۇزاتتى . يېڭىلا يامغۇر يېغىپ ئۆتكەنلىكتىن ، كېلىۋاتقان هارۋا ، هارۋىنىڭ ئىككى يېنى كەينىدىكى ئاتلىقلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ ئاياغلىرىدىن توپا ئۆرلىمەيتتى . ئەكسىچە سىرىق لاي چاق ۋە تۇياقلىرىغا چاپلىشاتتى .

ئىچىگە ۋە كەينىدىكى ئەگمە يۆلەنچۈككە ئارتىلدۇرۇپ چوغدەك گىلەم سېلىنغان خادىك هارۋىدا موللاشەۋكەت ئاخۇنۇم بىلەن شەمشىدىن خەلپەم يانمۇيان ئولتۇراتتى . تۇردى يۈزبېگى ۋە قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئەنجانلىق خوجىنى ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىپ قويغانلىقىنى ئاڭلىغان خەلپەم خۇشال بولۇپ بۇلاقبېشى مەھەللىسىدىن شەھەرگە كەلگەنىدى . ئۇ شەھەردە تۇردى يۈزبېگى بىلەن كۆرۈشۈپ مەھمۇدنى يوقىتىش جەريانىنى تولۇق ئاڭلىدى ، كېيىنكى كۈرەدىن چىققان چېرىكلەر بىلەن بولغان جەڭنىمۇ

بىلدى . قازى ئەسكەرنى قوزغىلاڭغا باش قىلماقچى بولغانلىقىدىن خۇشال بولغان شەمشىدىن بۇلاقبېشىغا قايتىپ كەتمەي ، ۋەكىللەر بىلەن بىللە ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە باردى . بۈگۈن يەنە موللا شەۋكەت بىلەن بىللە قوزغىلاڭچىلار بارگاھىغا چىقتى .

ئىچىگە ئاق چۈنچەن پەشمەت كىيىپ ، بېلىنى سېرىق چۇچىلىق ياغلىق بىلەن باغلاپ ، ئۈستىگە ئۇزۇن ، يالاڭ ، ئالدى ئوچۇق تون كىيگەن موللا شەۋكەت ئاخۇنۇم بېشىغا قاسقاندەك يوغان سەللە يۆگەپ ، هارۋىنىڭ يۆلەنچۈكىگە يۆلىنىپ ھەر تەرەپكە قاراپ كېلەتتى . ئوتتۇرا بويلۇق ، مۇرىلىرى كەڭ ، قورساق سالغان يۈزى سوزۇنچاق ۋە قىزىل ، پۈچۈقراق بۇرنىنىڭ ئۈچ تەرىپى يوغان ، قويۇق ساقال - بۇرۇتلۇق ئاخۇنۇم بىلەن بۇلاقبېشىلىق خەلپەم چۈشكەن هارۋا ئۇدۇل كېلىپ ئەنجانلىق خوجا تۇرغان ئاق ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى . سۇنغان ئىشىكى قايتىدىن ياسالغان ، ئىچى پاكىز تازىلىنىپ ، يېڭى گىلەم سېلىنغان بۇ كىگىز ئۆيدە ئەمدى موللاشەۋكەت ئاخۇنۇم تۇراتتى . ئادەتتە قاپقى ئىچىلماي يۇرىدىغان قوزغىلاڭچىلارنىڭ بۇ يېڭى باشلىقى هارۋىدىن چۈشۈپ ئالدىدىكى مەيدانغا يىغىلغان قوزغىلاڭچىلارغا قارىدى .

— خۇش كەپتىلا ، موللا شەۋكەت ئاخۇنۇم ! — دەپ ۋارقىرىدى دولقۇنلاۋاتقان قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىچىدىن بىرى ، كەينىدىنلا بۇ سۆزنى قوزغىلاڭچىلار تەكرارلاپ توۋلىدى . ئاخۇنۇمنى ئەكەلگەن ۋەكىللەر «ئۆزلىرى بىرنېمە دېمەمدىلا !» دېگەندەك خەلپەمگە قارىدى . خەلپەم بىر يۆتىلىۋېلىپ سۆزىنى باشلىدى :

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، قېرىنداشلار ! — دېدى ئۇ ، ئىككى قولىنى باغلاپ ، سەللىلىك بېشىنى سەل ئالدىغا ئېگىپ ، — سىلەر مەككار پوچىنى ئۆلتۈرۈپ توغرا قىلدىڭلار ! ئارقىدىن كۆرەدىن چىققان نەچچە مىڭ چېرىكنى يېڭىپ تىللاردا داستان

بولغۇدەك تۆھپە ياراتتىڭلار ! مەن سىلەرنى قۇتلۇقلايمەن !...

مەيداندا چاۋاكلار جاراڭلاپ ، قوزغىلاڭچىلار بارگاھى تۋي - مۇراسىم بولۇۋاتقاندەك تەنتەنىگە چۆمدى . شەمشىدىن خەلپەم مەيدان جىمىغاندىن كېيىن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— بۇنداق ئۇلۇغ قوزغىلاڭغا باش بولمىسا بولمايدۇ ، ھۆرمەتلىك موللا شەۋكەت ئاخۇنۇم كۆپنى كۆرگەن ، تەجرىبىلىك ۋە بىلىملىك ئادەم ! ۋەكىللىرىڭلار بىرىپ تەلىپىڭلارنى بۇ ئەزىزگە يەتكۈزۈۋىدى . خەلق غېمىنى يەيدىغان بۇ ئۇلۇغ دەرھال قوشۇلدى ، بۇگۈنلا ئالدىڭلارغا چىقتى . مەن ھەربىرىڭلارنىڭ موللا شەۋكەت ئاخۇنۇمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ، تولۇق تەييارلىق قىلىپ ، پات ئارىدا كۇرەنى ئازاد قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن ! مېنىڭ سۆزۈم تۈگىدى .

شەمشىدىن خەلپەم ئاخۇنۇمغا قاراپ : «سىلى بىر - ئىككى ئېغىز سۆز سۆزلىمەمدىلا ؟» دېدى . موللا شەۋكەت : «بولىدۇ !» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ ، قوزغىلاڭچىلارغا قارىدى . ھەرخىل چىراي ، ھەرخىل قەددى - قامەتتىكى ئادەملەر پىچىرلاشقان سۆزلىرىنى توختىتىپ ئاخۇنۇمغا تىكىلدى .

— مەن قاتتىق قول ئادەممەن ! مېنىڭ ھەرقانداق ئەمر - پەرمانىمنى مەيلى سىپاھلار بولسۇن ، مەيلى ئاددىي قوزغىلاڭچىلار بولسۇن بويۇنتاۋلىق قىلماي ئورۇنداشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن ! مېنىڭ دېگەنلىرىمنى ئورۇندىمىغانلار سۆزسىز قاتتىق جازالىنىدۇ...

ئۇ خېلى ئۇزاق سۆزلىدى . دائىم چىرايى تۈتۇلۇپ يۈرىدىغان موللا شەۋكەت سۆزىنى تۈگەتكەندە ، قۇياش تازا چىڭقىچۇش بولغانلىقىنى كۆرسەتتى .

# ئون تۆتىنچى باب

# كۈرەشنىڭ ئېلىنىشى

كىچىككىنە شىرە ئۈستىگە قويۇلغان مىس شامداندا ئۈچ تال شام ياناتتى . ئاق ئۆينىڭ ئىچى كۈندۈزدەك يورۇق بولمىسىمۇ ، ئايدىڭ كېچىدەك يورۇپ تۇراتتى . قوش قەۋەت كۆرپىدە ئولتۇرغان موللا شاۋكەت بېشىغا ئاق بۆك ، ئۈچىسىغا كەڭ ۋە يېڭى ئۇزۇن ئاق كۆڭلەك كىيىپ ، بىر جەينىكى بىلەن شىرەگە تايىنىپ خىيال سۈرەتتى . ئۇنىڭ يوغان بۇرنىنىڭ ئۈچىدا تەر تامچىلىرى چاقنايتتى . تومۇز كىرگىلى خېلى كۈن بولۇپ قالدى . كۈن ۋە تۈنلەر خۇددى كۆيۈۋاتقاندەك ئىسسىپ دەم ئالماقمۇ تەس بولۇپ كەتتى . ئاخۇنۇم ئىككىنچى قېتىم ئاقسۇ خوجىلىرى بىلەن بىرلىشىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىنىڭ تېكەس موڭغۇللىرى بىلەن جەڭ قىلىپ قۇربان بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ، ئۆز ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىدىن ھەسرەتلەندى .

«تامام مۇئمىنان بولدى يولغا راۋان ،
تەكەسنىڭ تۈزىدە كۆرۈندى تۇمان...
توسۇپ راھنى مۇغلار قىلدى جەڭ ،
تەكەس تۈزىگە قان بىلەن بەردى رەڭ .
ئوسمان خەلفەمىز ئىككى ئوغلى بىلە ،

خوجام نىياز ئاخۇن كى تۇردى بىلە .
كى سادىق ، سادىر ، سېتى بارچەسى ،
شەھىد بولدى ئۇل يەردە ئەللىك كىشى... »①

«ئىككى قېتىم نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن ئاقسۇغا ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتكەن بولساممۇ ، نەتىجە بولمىدى . بۇ قېتىم ئالدىنقى قېتىمقىسىدىن ئادىمى كۆپ ئۆمەك ماڭدۇرۇۋىدىم ، تېخى مۇڭغۇللارنىڭ قولىدا ھەممىسى شېھىت بولدى . تەلىيى ئوڭ كېلىپ قۇتۇلۇپ قالغان دارا خاتىپ ھەممىنى سۆزلەپ بەردى . ‹ئاھ ، يارانتقان پاك پەرۋەردىگارىم ! ، — ئاخۇنۇم شۇنداق بىر خۇرسىندىكى ، ئىچى دەردكە تولۇپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى . ئۇنىڭ قىزىل چىرايى تاتىرىپ كەتتى ، — ھېلىتىنلا ئىشىم ئوڭغا تارتمايۋاتقىنى نېمىسى ؟ ! مېنىڭ تەلىيىم شۇنچىلىك شورمىدۇر ؟ !... ياق ! مەن چوقۇم مۇرادىمغا يەتمەي بولدى قىلمايمەن ! بۇگۈن ئوشۇقۇم ئالچۇ قوپمىسا ، ئەتە چوقۇم ئالچۇ قوپىدۇ ! تەڭرىم ، مەن سېنىڭ مەدەت ۋە قوللىشىڭغا موھتاجمەن !... »

ئۇ سۆزىدىن توختاپ ، بارماقلىرىنى ئاغزى بىلەن ھۆلدەپ ، شامنى پەرلىگەندىن كېيىن ، يەنە قاپاقلىرى تۈرۈلگەن جىددىي ھالەتتە قايتىپ ، شىرەگە بىر جەينىكى بىلەن يۆلەنگەن ھالدا خىيالغا كەتتى . ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرى شاملارنىڭ لىپىلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتىدا بولسىمۇ ، بېشى ئۆزىنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە قاتاتتى .

«ئابدۇرۇسۇل بەگمۇ ، مەزەمزاتمۇ ، ئەنجانلىق پوچىمۇ ئۆلتۈرۈلدى . قوزغىلاڭغا باش بولۇش ئاسان ئەمەس ! ‹يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس ، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس › دېگەن

① «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 3 ـ سان 31 ـ بەت .

ھېكمەتلىك گەپ بار . ھەرقانداق دانا ۋە باتۇرغىمۇ سادىق مەسلىھەتچىلەر كېرەك ! ماڭا ھەممە جەھەتتىن يار - يۆلەك بولىدىغان سادىق ئادەملىرىم بولمىسا ، مەنمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمايمەن ، — موللا شەۋكەت بىر ئۇھ تارتىپ خىيالىدىن توختاپ قالدى . ئاق ئۆينىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن قاراۋۇللارنىڭ ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . ئاخۇنۇم ئاڭلانغان ئاياغ تىۋىشلىرىدىن خاتىرجەملىك ھېس قىلىپ ، خىيالىنى داۋاملاشتۇردى ، — ھازىرغىچە يېنىمغا كۆڭلۈمدىكىدەك بىرمۇ ئادەم تارتالمىدىم . بۇنداق كېتىۋەرسەم بولمايدۇ . ھېلىقى ... ئىسمى نېمىدى ... ھە... ھە ... ئەخمەتخان خوجا دېگەننى مەزەمزات ھېكىممۇ ، مەھمۇد خوجىمۇ ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى . بىكىسى بولمىسا ، بۇ ئادەمنى ئۇلار ئىشلىتەتتىمۇ ؟ ! ئۇ ھازىر نەدىدۇر ؟ ! پوچى ئۆلتۈرۈلگەن كۈنى قېچىپ كېتىۋىدى ، ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئىز - دېرىكى بولمىدى . مەن ئىزدىتىپ باقاي . نەدىلىكىدىن خەۋەر كەلسىلا ، ئادەم ئەۋەتىپ يېنىمغا ئالدۇرۇۋالاي... »

تۇيۇقسىز ئاق ئۆينىڭ ئالدىدا ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى . ئاخۇنۇم خىيالىدىن توختاپ ۋاڭ - چۇڭغا قۇلاق سالدى .

— موللا شەۋكەت ئاخۇنۇم بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدىم .

— سەن قانداق بىغەرەز نېمىسەن ؟ بىزگە ئاۋۋال كىملىكىڭنى ، نېمە مەقسەت بىلەن كەلگەنلىكىڭنى دېمەمسەن ؟ سېنىڭ نام - ئەھۋالىڭنى بىلگەندىن كېيىن ، موللا شەۋكەت ئاخۇنۇمغا خەۋەر قىلىمىز . ئۇ ئالىيلىرى : كىرسۇن ، دېسە ، ئاندىن كىرىسەن ! بۇ ھەرقانداق ئادەم ئۇسۇپ كىرىۋېرىدىغان جاي ئەمەس ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى تۇرىدىغان مۇھىم دەرگاھ !...

— ئەخمەتخان خوجام ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ ، دەپ ئاخۇنۇمغا خەۋەر قىلىڭلار !...

«قىيامەت يېقىنلىشىپ قالدىمۇ نېمە؟ — دېدى قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، تالادىكى گەپ ـ سۆزلەرگە قۇلاق سېلىۋاتقان ئاخۇنۇم ‹ئەخمەتخان خوجام› دېگەن ئىسمىنى ئاڭلاپ، — ئەخمەتخان خوجىنى خىيال قىلىۋاتسام، ئالدىمغا ئۆزى كەپتۇ...»

موللا شەۋكەت ئىشىككە قاراپ ۋارقىرىدى:

— ھەي!... كەلگەن ئادەمنى ئالدىمغا كىرگۈزۈۋېتىڭلار!...

ئاق ئۆينىڭ ئىشىكىدىن ئېگىشىپ ئېگىز بويلۇق، قورساق سالغان، يەلكىلىرى كەڭ، سىڭار كۆز كىرىپ كەلدى. ئۇ بوسۇغىدىلا توختاپ، شىرەگە تايىنىپ ئولتۇرغان موللا شەۋكەتكە قارىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — دېدى ئۇ، قول باغلاپ، بېشىنى ئازراق ئېگىپ، بېشىغا ئاق سەللە يۆگەپ، ئۈستىگە يالاڭ، ئۇزۇن، قارا رەڭلىك چاپان كىيگەن، پېشانىسى تار، يۈزى كەڭ، ئىككى مەڭزى تومپىيىپ چىققان، ئۇزۇن بۇرۇتلۇق، چاڭگا ساقاللىق خوجا، ئالدىنقى قىماردا ئۇتتۇرۇۋېتىپ، كېيىنكى قىمارغا «يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم» دەپ كەلگەن قىمارۋازغىلا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن قورقۇش، ۋەھىمە دېگەنلەر كۆرۈنمەيتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — دەپ ئەخمەتخاننى خۇددى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك تىكىلدى ئاخۇنۇم، سىنچىلاپ قاراپ.

مىجەزى، ئوي ـ خىيالى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بىر خىل ئادەملەر بىر ـ بىرىنى ئوڭايلا تونۇۋالايدۇ. سىڭار كۆز يېزىلاردا، تونۇش ـ بىلىشلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە قېچىپ ـ مۆكۈنۈپ يۈرگەن كۈنلەردە موللا شەۋكەتنىڭ قوزغىلاڭغا باش بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان. ئۇ ئاخۇنۇمنى خېلىلا ئوبدان چۈشىنەتتى. مىجەزى چۈس، دائىم تۈتۈلۈپ يۈرىدىغان بۇ ئادەمنىڭ تولىمۇ

شەخسىيەتچى ، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدىغان ، ھوقۇق ـ ئابرۇي دېسە جان بېرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى . بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئۆزىدەك ئادەملەرنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان . ئەخمەتخان ھېچكىمگە كۆرۈنمەي ، كېچىسى بېرىپ ئاخۇنۇم بىلەن كۆرۈشۈشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسىمۇ ، بىرقانچە كۈن ئەنسىرەپ يۈردى . قېچىپ ـ مۆكۈنۈپ يۈرۈشتىن جاق تويغان خوجا ئاخىر بېرىش قارارىغا كېلىپ ، قارا ئېتىغا مىندى...

تېخىچىلا تاپىسىدا قول باغلاپ تۇرغان ئەخمەتخان موللا شەۋكەتكە قاراپ تۇرۇپ سۆزىنى باشلىدى :

— جانابلىرىنىڭ قوزغىلاڭغا باش بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ، قېچىپ ـ مۆكۈنۈپ يۈرگەن يېرىمدىن ئۇدۇل ئالدىلىرىغا كەلدىم . مېنى نېمە قىلىسەن دېسىلە ، مانا مەن ئالدىلىرىدا تۇرۇپتىمەن . لېكىن ، شۇنى سەمىلىرىگە سېلىپ قويايكى ، سىلىگە مېنىڭدەك ئادەم تولىمۇ زۆرۈر ، بولمىسا بۇ يەردە پۇت تىرەپ تۇرالمايدىلا !

— ئولتۇرۇڭ ! — دېدى بېشىنى كۆتۈرگەن ئاخۇنۇم سىگار كۆزگە قاراپ . ئۇنىڭ تىكىلگەن يوغان كۆزلىرىدىن خوجا ئۆزىنى قوبۇل قىلىدىغان ، قوبۇل قىلمايدىغان تۈيغۇ ۋە مەنىلەرنى كۆرەلمىدى . «ئولتۇرۇڭ» دېگەن سۆزىمۇ ھېچقانداق ھېسسىيات ئىپادىلىمەيتتى .

ئەخمەتخان موللا شەۋكەتنىڭ «يوقىلىڭ !» ياكى قاراۋۇللىرىنى چاقىرىپ «تۇتۇڭلار !» دېمىگىنىدىن ، ئۆز تەقدىرىنىڭ يامان تەرەپكە بۇرۇلمايدىغانلىقىنى بىلىپ ، شىرەنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە كېلىپ ، ئىككى پۇتىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ، ئاخۇنۇمغا قارىدى .

— مەن مەزەمزات ھاكىمبەگكىمۇ ، مەھمۇت پوچىغىمۇ جان ـ دىلىم بىلەن خىزمەت قىلدىم ، — دەپ سۆز باشلىدى خوجا ، موللا شەۋكەتنىڭ گەپ ـ سۆز قىلماي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، — مەن سىلىگىمۇ ، جانابلىرى ، ئۇلارغا خىزمەت

قىلغاندىكى سادىقلىقىمدىنمۇ ئارتۇق سادىقلىقىم بىلەن خىزمەت قىلىشنى خالاپ كەلدىم . ئەگەر مېنى ئۆزىيانلىرىدا ئېلىپ قالغىلىرى بولمىسا ، هازىرلا كېتىمەن ! — سىڭار كۆز سۆزلىرىم قانداق تەسىر قىلىۋاتىدىكىن دېگەندەك ، ئاخۇنۇمغا قارىدى . موللا شەۋكەت بىر قېيىن ئىشنى ئويلاۋاتقاندەك قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ، شامغا قاراپ خىيال سۈرۈۋاتاتتى ، — بىلەمدىلا ، ئابدۇرۇسۇل ئەمىرنى قوللايدىغان يالاڭ تۆشلەر مېنى كۆرسىلا تۇتۇۋېلىپ يەۋېتىدۇ . ئۇلار ئاددىي پۇقرالارنىڭ هامىيلىرى ! بىز بولساق سۆڭەكىمىز تازا ، يۇقىرى تەبىقە ئادەملىرى ، ئۇلار بىلەن بىزنىڭ قېنىمىزنى مىڭ يىل قايناتسىمۇ قوشۇلمايدۇ . سىلى ماڭا باشپاناھ بولسىلا ، ئۇلار ماڭا چېقىلالمايدۇ . شۇڭلاشقا ، مېنى يانلىرىدا ئېلىپ قېلىشنى خالىمىسىلا ، هېچكىمگە كۆرۈنمەي قانداق كەلگەن بولسام ، يەنە شۇنداق هېچكىمگە كۆرۈنمەي كېتىۋالغىنىم ياخشى !...

موللا شەۋكەت بىر تەرەپتىن خوجىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىسا ، بىر تەرەپتىن خىيال سۈردى . ئۇ : «ئەخمەتخاننى ئېلىپ قالسام ، بۇ يەردىكىلەر ماڭا قارشى چىقىپ كېتەرمۇ ؟ » دېگەننى ئويلاپ ، ئاخىرى : «مېنىڭ دېگىنىم هېساب بولۇشى كېرەك ! باشتىلا هەممەيلەننى مۇشۇ هاكىممۇتلەقلىققە كۆندۈرۈشۈم زۆرۈر ، بولمىسا كېيىن سۆزۈم ئۆتمەيدىغان لاتا بولۇپ قالىمەن !... » دېگەن قارارغا كەلدى .

— سىلىنى ئېلىپ قالاي ، لېكىن قويىدىغان شەرتىم بار ! — دېدى قويۇق ، كەڭ ساقىلىنى سىلاپ ئاخۇنۇم ، — بىرى ، مەن نېمە دېسەم ، شۇنى قىلىدىلا ! ئەگەر مېنىڭ دېگىنىمگە قوشۇلمايدىغان بولسىلا ، باشقىلار بار يەردە قارشى چىقماي ، ماڭا ئايرىم دېسىلە ! ماڭا خۇددى ئۆزلىرى دېگەندەك ، مەزەمزات ۋە ئەنجانلىقتا قىلغان سادىقلىقلىرىدىن ئېشىپ ، جان پىدالىق بىلەن خىزمەت قىلىدىلا ! يەنە بىرى ،

كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى ماڭا كېلىپ تولۇق ۋە ئەينەن دەيدىلا ! كۆڭۈللىرىگە قانداق سۆز ، قانداق ئوي كەلسە ، مەندىن يوشۇرمايدىلا ! ئەگەر يۇقىرىقى ئىككى شەرتىمگە كۆنسىلە ، مەن سىلىنى ئېلىپ قالىمەن . شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قوياي ، ھازىر كۆنمەن دەپ ، كېيىن ئالىلىق قىلسىلا ، مېنىڭدىن ياخشىلىق كۆرمەيدىلا ! مەن قاتتىق قول ئادەم ، ئۇ چاغدا سىلىنى بوش قويۇۋەتمەيمەن ! ئۆلتۈرۈۋەتمىسەممۇ ، مېيىپ ـ ناكار قىلىۋېتىمەن !

— ئىككى شەرتلىرىگە تولۇق ئەمەل قىلىمەن ! — دېدى ئاخۇنۇمنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن ئالدىراپ ـ تېنەپ ئەخمەتخان ، — ئەگەر سىلىگە ئالىلىق ياكى قارا يۈزلۈك قىلسام ، مېنى نېمە قىلىمەن دېسىلە ئىختىيارلىرى !...

سېگار كۆز يەنە قوزغىلاڭچىلار بارگاھىدا پەيدا بولدى . نۇرغۇن ئادەملەر كىرىپ ، خوجىنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى دېگەن بولسىمۇ ، موللا شەۋكەت ئاخۇنۇم ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدى ، ھەتتا ئۆزىگە يانغان بەزىلەرنى ئاق ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى . بارا ـ بارا ئەخمەتخان موللا شەۋكەتنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى بولۇپ قالدى .

*　　　*

كۈرەنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كۈكشۈن ، سۇلاما ئاتلىق ئامباللارنىڭ باشچىلىقىدىكى موڭغۇللار توققۇزتاراغا يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى...

شەھەر ساراسىمە ئىچىدە قالدى . توققۇزتاراغا يېقىنلاپ قالغان موڭغۇللار بىرقانچە كۈن ئىچىدە غۇلجىغا يېتىپ كېلەتتى . كېلىۋاتقان موڭغۇللارنىڭ خەۋىرى كۈرە يېنىدىكى قوزغىلاڭچىلار بارگاھىغا يەتكەن بولسىمۇ ، موللا شەۋكەت زۇۋان سۈرمەي جىم

يېتىشۋالدى . مەيلى غۇلجا ئاھالىلىرى بولسۇن ، مەيلى كۇرە يېنىدىكى بارگاھتىكى قوزغىلاڭچىلار بولسۇن ، بىر - بىرلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە... «موللا شەۋكەت ئاخۇنۇم موڭغۇللارغا قارشى چېرىك چىقارمامدىكەن ؟ نېمىشقا بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ گەپ قىلمايدۇ ؟ » دېيىشىدىغان بولۇپ قالدى ، ئاخىرى غۇلجا شەھىرىنىڭ چوڭلىرى چىدىيالماي كۇرە يېنىدىكى بارگاھقا بېرىپ يېتىۋالغان ئاخۇنۇمغا ئۇزۇن خەت يازدى .

«كۆرۈڭ شەۋكەت ئاخۇن بۇ خەتنى ئوقۇپ ،
كى لەشكەر ئىبەرمەس ئىدى سۇست تۇتۇپ . »[1]

غۇلجا چوڭلىرىنىڭ خېتىمۇ موللا شەۋكەتنىڭ ئاغزىنى ئاچالمىدى . بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ ، ئۆز يۇرتداشلىرىنىڭ غېمىدە پۇچىلىنىۋاتقان توققۇزتارالىق سەردارلاردىن ئەلى بەگ ، ھوشۇرباقى بەگلەر ئاخۇنۇمنىڭ ئالدىغا كىردى .

«دېدى : ‹يۇرتىمىزنىڭ يولى كۆپ يىراق ،
كى بىز بارغۇچە يۇرت كۆرەرلەر پىراق .
چېرىكنىڭ تولاسى تامام مۇندادۇر ،
كى مۇغ كەلسە ئول كەنتتە كىم جەڭ قىلۇر ؟
كى مىڭ ئىككى يۈزلەشكەرىم مۇندادۇر ،
چۇ ئۈچ يۈز كىشى ، مالىمىز ئۇندادۇر .
بۇگۇن لەشكەرىم بىرلە رۇخسەت بېرىڭ .
ۋە ياكەنتىمىز ئەھدەسىنى ئالىڭ ! › »[2]...

موللا شەۋكەت ئاخۇنۇم ئامالسىز ئۇلارنىڭ بېرىشىغا

①② «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 - يىل 4 - سان 20 - بەت .

قوشۇلدى .

«دېدى ئاخۇنۇم : ‹لەشكەرىڭنى ئالىپ ،
بۇ كۈن ئەرتەگە قالماغىل بار يېتىپ . › »[1]

شۇ كۈنلا ئەلى ۋە ھوشۇر باقى بەگلەرنىڭ توققۇزتارالىق قوشۇنلىرى يولغا چىقتى . ئۇلار بىلەن بىللە ئەلاخان پالۋانمۇ ئۆز قوشۇنلىرىنى ئېلىپ ئاتلاندى .

«ئەلاخان بىلە توختى ئاخۇن ھامان ،
ئالىپ يۈردىلەر لەشكەرى بىكەران .
ئالىپ نەچچە ئاق ئۆي ، ئالا بارگاھ ،
راۋان بولدى تېز سۇيى توققۇزتارا… »[2]

گۈل ـ گىياھ ، دەل ـ دەرەخلەردە يېڭىدىن كېلىۋاتقان كۈز ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتاتتى . يېڭىدىن سارغىيىشقا باشلىغان دەل ـ دەرەخ ، ئوت ـ چۆپ ، گۈللەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ياز ئاخىرلىشىپ ، كۈز كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر بېرەتتى .

قوشۇنلار قاش سەھراسىغا يېتىپ كەلگەندە ، موڭغۇللارنىڭ بەشسالا دېگەن يەردىن ئۆتۈپ ، نىلقا تەرەپكە كەتكەنلىكى ھەققىدە خەۋەر كەلدى . قوزغىلاڭچى قوشۇنلار موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ چېرىكلىرىنى قوغلاپ نىلقا تەرەپكە يول ئالدى . لېكىن ئۇلار موڭغۇللاردىن خەۋەر ئالالمىدى ، ھەتتا ماڭغان ئىزىنىمۇ كۆرەلمىدى . غۇلجىدىن كېلىۋاتقان قوزغىلاڭچى قوشۇنلاردىن خەۋەر تاپقان موڭغۇللار ھىيلە تاكتىكىسىنى قوللىنىپ ، بەشسالا ئارقىلىق نىلقىغا قاراپ ماڭدى . قوزغىلاڭچى قوشۇنلارنىڭ كەينىدىن نىلقىغا قاراپ يولغا چىققانلىقىدىن خەۋەر تاپقان

①② غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 4 ـ سان 20 ـ بەت .

موڭغۇللار ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بۇراپ، توققۇزتاراغا كەلدى. ئۆزلىرىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ، كەينىگە يانغان قوزغىلاڭچى قوشۇنلار توققۇزتاراغا كەلگەندە كېچىكىپ قالغانلىقىنى كۆردى: هويلا ۋە ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى هاڭگىرقاي ئېچىلغان، قاچا - قۇمۇچلار سۇنۇپ، ئورۇن - كۆرپىلەر چېچىلغان. قىرغىنچىلىقنىڭ ئېچىنىشلىق مەنزىرىلىرى قوزغىلاڭچىلارنىڭ يۈرىكىنى ئازابلىدى. ئۇلار ئاتلىرىنى دېۋىتىپ، موڭغۇللارنىڭ كەينىدىن يەنە قوغلاپ ماڭدى...

* *

قاراڭغۇ قىش تۈگەپ، كۈنلەر ئىسسىپ چىرايلىق باهارمۇ باشلاندى. دەل - دەرەخلەر، گۈل ۋە گىياهلار يېشىل يوپۇرماق چىقىرىپ، باغۇبوستان، دالا - تۈزلەردە رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلدى. كاككۇكلار ياشارغان تېرەكلەردە قاقاقلاپ كۈلۈپ، بۇلبۇللار ئىشقى بەزمىسىنى ئەۋجىگە چىقاردى.

قوزغىلاڭنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ئويلاپ قويمايدىغان موللا شەۋكەت كۈرەنى ئېلىش هەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، كۈنلەرنى گاه شەهەردە، گاه بارگاهتا ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. قوزغىلاڭچىلار كۈنلەرنىڭ بىكار ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئىچى تىتىلداپ، ئۆزلىرىنى قويىدىغان يەر تاپالماي يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ئىككى - ئۈچى بىر يەردە بولۇپ قالسىلا، موللا شەۋكەتتىن ئاغرىنىپ سۆزلىشەتتى:

«ئۇرۇش دېگەننى بىلمەيدىغان، قوزغىلاڭ ۋە خەلقنىڭ غېمىنى يېمەيدىغان بۇ قاپىقى يامان ئاخۇنۇمنى ئادەم تېپىلمىغاندەك قوزغىلاڭغا باش قىلغان بارمۇ؟! بىز ئۆيلۈك - ئوچاقلىق، تىرىكچىلىكى بار ئادەملەر! كۈنلەرنى بۇنداق بىكار ئۆتكۈزۈپ بۇ يەردە يېتىۋەرسەك قانداق بولىدۇ؟! بىزگە قوزغىلاڭ قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشىغۇ!...»

www.uyghurkitap.com

نارازىلىق بارغانسېرى كۈچىيىپ باراتتى. بۇ نارازىلىقلار ئاخۇنۇمنىڭ قۇلىقىغا يەتكەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا قۇلىقىنى يوپۇرۇپ، ئاڭلىمىغانغا سېلىپ، قاپىقىنى تۈرۈپ يۈرەتتى. بىكارچىلىقمۇ دۇنيادا بىر ئازاب! ياخشى كۈنلەرنى كۆرەرمىزمىكىن، دەپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن دېھقانلار بىكارچىلىقتىن زېرىكتى. بۇ ئەھۋال بارگاھتىكى خېلى كۆپ ئادەملەرنىڭ سەۋر قاچىسىنى تاشتۇرۇۋەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە شائىر موللا بىلالمۇ بار ئىدى...

يوغان گەمىنىڭ ئىچىنى پانار يورۇتاتتى. قوزغىلاڭچىلار تىقىلىشىپ ئولتۇرۇپ، بەس ـ بەس بىلەن ئۆز كۆڭۈللىرىنى سۆزلەيتتى. يەرنى كولاپ، ئۈستىنى يېپىپ ياسىغان يوغان گەمىدە ئاچچىق تاماكىنىڭ ئىسى لەيلەپ يۈرەتتى. بەزى بۇرۇتلۇق ئېغىزلاردىن كۆك ئىس پۈرقىراپ، خۇددى دەردتەك چىقاتتى.

— بۇ موللا شەۋكەت دېگەن زادى نېمىنى ئويلايدۇ؟ ئۇنىڭ كۆڭلىدە قوزغىلاڭ ۋە خەلق بارمۇ؟ بىر قىش بىكار ئۆتۈپ كەتتى، كۈرەنى ئېلىش ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى...

— «موڭغۇللار بېسىپ كېلىۋېتىپتۇدەك» دېگەن خەۋەر چىققىنى بىرقانچە كۈن بولۇپ قالدى. لېكىن، بىزنىڭ بۇ مۆرىمەس باشلىقىمىز غىڭ قىلماي يۈرۈۋاتىدۇ!...

قوشۇمىسى تۈرۈلگەن، قارا كۆزلىرى چاقناپ كەتكەن، بۇغداي ئۆڭلۈك، قىرىق — قىرىق بەش ياشلاردىكى ئېگىز بويلۇق ئادەم ئورنىدىن تۇردى.

— ياق! مېنىڭ جىمجىت يۈرۈۋېرىشكە سەۋر ـ تاقىتىم قالمىدى. بىز ياخشى كۈنلەرنى كۆرەرمىزكىن، زۇلۇم ۋە ئالۋان ـ سېلىقلاردىن قۇتۇلارمىزكىن، دەپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ چىققان! بۇ قوزغىلاڭ بىزنىڭ قوزغىلىڭىمىز — دېھقانلارنىڭ قوزغىلىڭى! موللا شەۋكەتلەرنىڭ قوزغىلىڭى ئەمەس! ئۇلارنىڭ ھەممىلا زاماندا قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن! موللا شەۋكەتلەر بىزنىڭ غېمىمىزنى يېمەيدۇ! بىز ئۆزىمىز ئۆز غېمىمىزنى قىلىشىمىز كېرەك! مەن ئەلاخاننى ئەمىر قىلىشنى تەكلىپ

قىلىمەن! ئەگەر بۇ پىكرىمىزگە ئاخۇنۇم قوشۇلمىسا، ئۇنى قوزغىلاڭنىڭ باشلىنىقلىقىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئەلا پالۋاننى باش قىلايلى!...

— توغرا! مەن قوشۇلىمەن! — دېگەن سادالار گەمە ئۈستىنى ئېچىنۋەتكىلى ئاز قالدى.

— ئەلاخان ئەمىر بولسۇن! ئەگەر بۇ پىكرىمىزگە ئاخۇنۇم كۆنمىسە، ئۇنى باشلىنىقلىقتىن ئېلىپ تاشلاپ پالۋاننى ئۆزىمىزگە باش قىلايلى!...

تەرەپ - تەرەپتىن چىقىۋاتقان ئاۋازلار، ھەر ياقتىن ئېقىپ كېلىپ بىر چوڭ ئېقىننى ھاسىل قىلغاندەك، بىر كۆڭۈل، بىر نىيەتنى ئىپادىلەيتتى.

قامىتى خۇش پىچىم، بۇرۇتى ھىلال ئايدەك، ئوتتۇز - ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ تۇرغان بىر ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ ھاياجان بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— قوزغىلاڭ باشلانغىنىغا ئىككى يىلدىن ئاشتى. بۇ ئىككى يىلدا ئاران غۇلجا بىلەن باياندايىنى ئازاد قىلدۇق. قالغان ۋاقتىمىزنى ئۆز - ئۆزىمىزنى ئۆلتۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزدۇق. ناھەقتىن ناھەق ئەخمەت خەزىنىچىبەگ بىلەن ئۇنىڭ بىر جۈپ غۇنچىدەك نەۋرىسى ئۆلتۈرۈلدى. كەينىدىن خەلقنىڭ غېمىنى يەيدىغان خەلقنىڭ ئەمىرى ئابدۇرۇسۇل بەگ تۆھمەت بىلەن جېنىدىن ئايرىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىچى تار مەزەمزات قولىدىن ياخشىلىقلار كېلىدىغان خىزىردەك موللا ناسىر ئەلەمنىڭ جېنىنى باشقىلارنىڭ قولى بىلەن ئالدى. ھوقۇق ۋە بايلىق تەمەسىدە ئەنجاندىن كەلگەن مەھمۇد پوچى مەزەمزاتنى ئۆلتۈرۈپ، بىزگە باش بولىۋالدى. قارا نىيەت پوچمۇ تىرىك قالمىدى. مۇشۇ قانلىق ئۆلتۈرۈشلەر قوزغىلاڭنى تولىمۇ كەينىگە سۈرۈۋەتتى، — ئۇ ھەسرەت بىلەن بىر ئۇھ تارتىپ سۆزىدىن توختىدى. بۇرۇتى ھىلال ئايدەك بۇ كىشى كۆپچىلىككە تەكشى قاراپ چىققاندىن كېيىن، سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى، — كۆرە، سۈيدۈڭ، قورغاسلارنى تېخى ئالالمىدۇق، ئىلى ۋادىسىنى تولۇق

ئازاد قىلالمىدۇق . ئىككى يىلنىڭ ئەڭ كۆپ كۈنلىرى خۇددى چۆلگە ئاققان سۇدەك بىكار ئۆتۈپ كەتتى . بۈگۈن يەنە جەڭ بىلمەيدىغان ، دائىم تۇرۇكلۇك تۇرىدىغان قاپقىدىن قار ياغىدىغان ئاخۇنۇمنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرساق ، بۇ قوزغىلاڭنىڭ قويرۇقىنى قۇم باسىدىغان ئوخشايدۇ . «غوجامنىڭ قورسىقى توق ، قولى بىلەن ئىش يوق» . بىز ئۆزىمىز قىلغان قوزغىلاڭنىڭ غېمىنى ئۆزىمىز قىلمىساق زادىلا بولمايدىكەن ! ئەلاخان نۇرغۇن جەڭلەرگە قاتناشقان ، پالۋان ئاتىقىنى ئالغان ئادەم ! ئۇ ھەممىمىزنىڭ سەمىمىي ۋە سىرداش دوستى ! توغرا ، ئەلاخان ئەمىر بولسۇن ! مەن ئەلاخاننىڭ ئەمىر بولۇشىنى ئۇزۇندىن بىرى ئارزۇلاپ كېلىۋاتىمەن ! بىزنىڭ بۇ پىكرىمىزگە ئاخۇنۇم قوشۇلمىسا ، كەشنى توغرىلىسۇن ! بىز پالۋاننى ئۆزىمىزگە باش قىلىمىز ! ھەممىمىزنىڭ پىكرى ئاللانىڭ قۇياشىدەك بىر يەردىن چىقماقتا ! مېنىڭچە ، ئىچىمىزدىن تۆت ـ بەشنى ۋەكىل قىلىپ ، موللا شەۋكەتنىڭ ئالدىغا كىرگۈزەيلى ! ئۇلار بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى ئاخۇنۇمغا يەتكۈزسۇن !...

— توغرا ! مەن قوشۇلىمەن ! — دېگەن ئاۋازلار يەنە گەمە ئىچىدە گۈلدۈرمامىدەك گۈلدۈرلىدى .

بىر چەتتە كۆپچىلىكنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان شائىر ئورنىدىن تۇردى . ئۇنىڭ بېشىدا چىرايلىق يۆگەلگەن ئاق سەللە ، ئۇچىسىدا قارا ، ئۇزۇن پەرجە بولۇپ ، بۇغداي ئۆڭلۈك چىرايىدىن نۇر تۆكۈلۈپ تۇراتتى . ئۇنىڭ قارلىغاچ قانىتىدەك ئۇزۇن ۋە قاراقاشلىرى تېگىدىكى قوي كۆزلىرى خىيال بىلەن ئۇچقۇندايتتى . نازىم كۆپچىلىكنىڭ تىنچلىنىشىنى كۈتۈپ بىردەم جىمجىت تۇردى . گەمىدىكىلەر تىنچىپ ، ھەممىسى موللا بىلالغا قارىغاندىن كېيىن ، ئۇ سۆزىنى ئالدىرىماي سالماقلىق بىلەن باشلىدى :

— دېيىلىدىغان گەپلەرنىڭ ھەممىسى دېيىلدى . راست ، قوزغىلاڭنىڭ تەقدىرىنى قولىمىزغا ئالىدىغان ۋاقىت بولدى . مەن سىلەرنىڭ پىكرىڭلارغا يۈزدەيۈز قوشۇلىمەن . ئەلاخان ئەمىر

بولسۇن ! بۇنىڭغا موللا شەۋكەت ئاخۇنۇم كۆنمىسە ، ئۇنى باشلىقلىقتىن قالدۇرۇپ ، پالۋاننى ئۆزىمىزگە باش قىلايلى ! هازىر ئەھۋال خەتەرلىك ! ئۆتكەن يىلى موڭغۇللارنىڭ هۇجۇمىدا نەچچە مىڭ توققۇزتارا خەلقى ئۆلدى . موڭغۇللار يەنە ئالىتاغىل تۇۋلاپ كېلىۋېتىپتۇدەك ، قولىمىزنى قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرساق يەنە بىرقانچە مىڭىمىز ئۆلمەمدۇ ؟ ! ئۆتكەن يىلى موللا شەۋكەت سۇسلۇق قىلىپ بىرنەچچە مىڭ توققۇزتارالىقنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولدى . بۇ يىلمۇ ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرساق زادى بولمايدۇ !...

— راست ، بولمايدۇ ! تېزدىن ئەلاخاننى ئەمىر قىلايلى ! ... —دېگەن ئاۋازلار يەنە كۆتۈرۈلدى . نازىم سۆزىدىن توختاپ تۇۋلاۋاتقانلارغا قاراپ تۇردى .

— توختاڭلار ، بۇرادەرلەر ! شائىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلايلى ! — دېدى بىرەيلەن ئورنىدىن تۇرمايلا ، قاتتىق ۋارقىراپ .

— ياق ! بىز زۇلۇم ۋە زورلۇققا جاق تويۇپ قوزغالدۇق ! بىزگە ياخشى كۈنلەر كەلسىلا بولدى ! ئالۋان - سېلىقتىن قۇتۇلساق ، زۇلۇم كۆرمىسەك ، خارلانمىساقلا بولدى ! بىز ئۆز قوزغىلىڭىمىزنى قىلايلى ! كىم بىزنىڭ قوزغىلاڭ قىلىشىمىزغا يول قويمىسا ، ئۇنى باشلىقلىقتىن قالدۇرۇپ ، قوزغىلاڭ قىلىشىمىزغا ھەقىقىي رەھبەرلىك قىلالايدىغان ئادەمنى تاپايلى ! ئەلاخان بىزگە باش بولسا بولىدۇ ! مەن موللا شەۋكەتنىڭ ئالدىغا ۋەكىل كىرگۈزۈشكە قوشۇلىمەن ! لېكىن ، قاپىقى يامان ، ئۆز سۆزلۈك ۋە جاھىل ئاخۇنۇم ئالدىغا كىرگەن بىرقانچە ۋەكىلنىڭ سۆزى بىلەنلا پالۋاننى ئەمىر قىلمايدۇ . بارگاھتىكى بارلىق قوزغىلاڭچىلار قوزغىلىپ ئاق ئۆينىڭ ئالدىغا بارايلى ، ۋەكىللىرىمىز كىرىپ بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى ئاخۇنۇمغا يەتكۈزسۇن ! موللا شەۋكەت بىزنىڭ كۈچ - قۇدرىتىمىزنى كۆرگەندىلا ، ۋەكىللىرىمىزنىڭ دېگىنىگە قوشۇلۇشى مۇمكىن . بۇ مېنىڭ پىكرىم !...

موللا بىلالنىڭ سۆزىنى گەمىدىكىلەر بىر ئېغىزدىن

www.uyghurkitap.com

قوللىدى . كۆپچىلىك كېلىشىپ موللا بىلال باشلىق بەش ۋەكىلنى سايلاپ چىقتى . ۋەكىللەر ئىچىگە باشتا سۆز سۆزلىگەن ئېگىز بويلۇق ئادەم بىلەن بۇرۇتى ھىلال ئايدەك ئادەممۇ كىردى . بۇگۈنكى كېڭەشكە قاتناشقانلار ئەتىسى پۈتۈن بارگاھنى ئارىلاپ ، كېلىشكەن پىكرىنى يەتكۈزدى . ئۆگۈنلۈككە ئەتىگەندە ناشتىدىن كېيىن ، بارگاھتىكى پۈتۈن قوزغىلاڭچىلار قوزغىلىپ ئاق ئۆينىڭ ئالدىغا بارىدىغان بولدى .

* *

خەلق كۈچ ـ قۇدرىتى ئالدىدا ھەرقانداق زوراۋانمۇ تىترەيدۇ . بارگاھتىكى قوزغىلاڭچىلار ئاق ئۆينىڭ ئالدىغا قىيقاس ـ چۇقانلار بىلەن دەۋرەپ كەلگەندە ، موللا شەۋكەتنىڭ يوغان كۆزلىرى چەكچىيىپ قىزىل چىرايى تاتىرىپ كەتتى . موللا بىلال باشلىق بەش ۋەكىل ئاق ئۆيگە كىرگەندە ، ئاخۇنۇم پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئەقىل ـ ھوشىنى يوقىتىپ ، ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن بۇياققا توختىماي مېڭىپ يۈرەتتى . ئۇ كىرگەن ۋەكىللەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ، بىر ھازا يوغان سەللىلىك بېشىنى سىلىپ ئولتۇردى .

«ياق ، دېسەم ، ئورنۇمدىن ئايرىلىپ قېلىشىم مۇمكىن . كەلگەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئەلپازى يامان . مەيلى ئەلا ئەمىر بولسا بولسۇن ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كۆرەنى ئېلىۋالاي ! ئاندىن ئۇنى بىرەر گۇناھ ئارتىپ قالدۇرۇۋەتسەم بولىدىغۇ !؟… »

ئاخۇنۇم بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ۋەكىللەرگە قارىدى ، ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرىدە كۆكۈچ نۇر ۋىلىلدايتتى .

— مەن ئۆزۈممۇ مۇشۇ بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە ئەلا پالۋاننى ئەمىر قىلماقچى بولۇۋاتاتتىم . سىلەرنىڭ ئويۇڭلار بىلەن مېنىڭ ئويۇم بىر يەردىن چىقتى . بولىدۇ ، ئەلاخان بۈگۈندىن باشلاپ ئەمىر بولسۇن !

بەزى ئادەملەر نېمىدېگەن ھىيلىگەر كېلىدۇ !؟ ئۇلار بىر

يۇمىلاپ پەرىشتىگە ئايلانسا، بىر يۇمىلاپ جادۇگەرگە ئۆزگىرىدۇ. ئەلا پالۋانغا چىش-تىرنىقى بىلەن ئۆچ بولۇپ كېلىۋاتقان ئاخۇنۇم بىردىنلا ئەلاخاننى ياخشى كۆرىدىغان، ھەتتا ئۇنى ئەمىر قىلىشنى كۆڭلىدە بېكىتكەن ئادەمگە ئايلىنىۋالدى. مەيلى قانداق بولسا بولسۇن، ئەلاخان مىلادىيە 1867-يىل 5-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئەمىر بولدى. ۋەكىللەر موللا شەۋكەتنىڭ ئاق ئۆيىدىن چىقىپ، خۇش خەۋەرنى يەتكۈزگەندە، مىغىلداپ تۇرغان قوزغىلاڭچىلار قىيقاس-چۇقان كۆتۈرۈپ، خۇشاللىقلىرىنى باسالماي قالدى، بەزىلەر قوزغىلاڭ غەلىبە قىلغاندەك بېشىدىكى بۆك ۋە مالخايلىرىنى ئاسمانغا ئاتتى...

ئەلاخان ئەمىر بولۇپ ئىككى كۈندىن كېيىن، بىر چاغلاردا ئابدۇرۇسۇل ئەمىر تۇرغان يوغان چېدىردا كۈرەنى قانداق ئېلىش توغرىسىدا كېڭەش ئۆتكۈزدى.

تالادا قاتتىق بوران چىقىۋاتاتتى. قارا بوران گاھى بۆرىدەك ھۇۋلىسا، گاھى ئوق تەگكەن ئېيىقتەك ھۆركىرەيتتى. چېدىرنىڭ ئاق برىزېنتى بوران كېلىپ ئۇرۇلغاندا غەلىتە ئاۋاز چىقىرىپ ئىچىگە كۆمتۈرۈلۈپ، جازىسى غىچىلداپ كېتەتتى.

ھەرخىل چىراي، ھەرخىل قەددى-قامەتلىك مىڭبېشىلار چېدىرنى ياقىلىتىپ سېلىنغان كۆرپىلەردە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇراتتى. قامىتى خۇش پىچىم، قاشلىرى كەڭ، قېلىن ۋە قارا، كۆزلىرى لاچىننىڭ كۆزلىرىدەك يېنىپ تۇرىدىغان، بۇغداي ئۆڭلۈك، بەش-ئالتە كۇنلۇك ھىلال ئايدەك بۇرۇتىنىڭ ئىككى ئۇچى سەل ئۇستىگە قايرىلغان، تازا قۇرامىغا يەتكەن ئەمىر چېدىرنىڭ شىمالىي تەرىپىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، مىڭبېشىلارنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلايتتى. ئۇنىڭ قىياپىتى ۋە روھىي ھالىتىدىن قەيسەرلىك چىقىپ تۇراتتى.

— سىلەرنىڭ، ئۇكا، ئەمىر بولغىنىڭ جاھان ئىش بولدى. مەن قوزغىلاڭدىن، راستىنى دېسەم، زېرىكىپ قېلىۋىدىم، نەدىكى ئۇرۇش دېگەننى بىلمەيدىغان سەللىلىكلەر بىلەن يوغان

قورساقلار بىزگە باش بولۇۋېلىپ، بىزنىڭ تەقدىرىمىز بىلەن قىلىچە كارى بولمىدى. ئۇلار ئۆزئارا قىرغىن قىلىشىپ، قوزغىلاڭ دېگەننى تاختىۋېشىغا ئېلىپ قويدى، — دىمىغىدا سۆزلەيدىغان «قاڭرۇق» لەقەملىك سادىر ئەلاخاننىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرۇپ قايناپ سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان يوغان كۆزلىرى ئۇچقۇنداپ، بۇغداي ئۆڭلۈك چىراي يالقۇنلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى، — كۈرەنى قانداق ئېلىشقا كەلسەك، مېنىڭچە، ئۇ، پىشىپ ساپىقىدىن ئۈزۈلەي دەپ قارىغان قوغۇنغىلا ئوخشاپ قالدى. ئىگىلىگەن ئەھۋاللىرىمغا قارىغاندا، كۈرە ئاچارچىلىق ئازابىدا جان تالاشماقتا. ئۆزىمىزنى بىر رەتلەپ، دەرھال ھۇجۇم باشلىساق، كۈرەنى چوقۇم ئالالايمىز. كۈرەنى ئېلىشنىڭ ئالدىدا ساندۇڭ جاڭزىنى[1] ئازاد قىلايلى. چۆرىسى ھەيۋەتلىك سېپىل بىلەن قورشالغان ساندۇڭ جاڭزىدىمۇ چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى خىلى كۆپمىش. ساندۇڭ جاڭزىنى ئېلىپ، كۈرەنى قورشىۋېلىپ، خۇدانىڭ قۇتلۇق بىر كۈنى ھۇجۇم باشلىساق، كۈرەگە چوقۇم قىيقاس- چۇقان بىلەن بېسىپ كىرەلەيمىز!

سادىر سۆزىنى تۈگىتىپ، ئۆچكە ساقىلىنى سىيپاپ، ئولتۇرغان مېھمانلىرىغا قارىدى. بۇ ئاددىي لېكىن، ئەقىل ۋە كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان قامەتلىك ئادەم ئۆزىنىڭ تىللاردا داستان بولغان ئاجايىپ قەھرىمانلىقلىرى بىلەن قوزغىلاڭغا قاتنىشىپ ئەل- يۇرتنىڭ سۆيۈپ سۆزلەيدىغان ھېكايىسىگە ئايلاندى. شان- شۆھرەت تەكەببۇرلۇقىدىن قىلچىلىك ئەسەر كۆرۈنمەيدىغان «قاڭرۇق»، قوزغىلاڭنىڭ غېمىنى يەپ بۇ بارگاھقا ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي موك يېتىپ، موك قوپۇپ ئوغۇللىرى بىلەن بىللە جەڭ قىلىۋاتاتتى. ئۇ بولۇپ ئۆتكەن ئىچىمىزدىكى قانلىق ۋەقەلەردىن غەزەپلىنىپ، بۇ يەردىن

[1] ساندۇڭ جاڭزا — يەر ئىسمى، 1867- يىل 5- ئاينىڭ 27- كۈنى ئېلىنغان.

كېتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنىڭ:

ئالۋانغا سۇرۇك بەرمەي،
يايى قامچىلاپ چىققان.
بۇ زۇلۇمغا چىدىماي،
سادىر ئاتلىنىپ چىققان.

دېگەن قوشىقىنى يادىغا كەلتۈرۈپ، سۆيۈملۈك ئەل - يۇرتىنىڭ جانجان غېمىدە كەتمىدى. يېشى ئاتمىشتىن ئېشىپ قالغان بۇ پالۋان جان پىدالىق بىلەن قوزغىلاڭنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ئەقىل ۋە باتۇرلۇقىنى بېغىشلاۋاتاتتى.

— مەن سادىركامنىڭ سۆزىگە قوشۇلىمەن! — دېدى ئوتتۇز ياشلاردىكى كېلىشكەن مىكىبېشى سۆز باشلاپ، ئۇنىڭ قوشۇما قاشلىرى تېگىدىكى قارا كۆزلىرى يېنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى، — ئالدىدا ساندۇڭ جاڭزىنى ئالماي بولمايدۇ. ئۇنى ئالمىساق، كورەگە يول ئېچىلمايدۇ. سادىركام دېگەندەك، بۈگۈن كورە ئاشلىقتىن قاتتىق قىينالماقتا. كورەنى تۆت تەرەپتىن قورشىۋېلىپ، تەسلىم بولۇشقا ئۈندىسەك، بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپ باش ئەگمەسمۇ؟! ئاچارچىلىق بىلەن جان قايغۇسىدا قالغان كورەنىڭ تەسلىم بولۇش ئېھتىماللىقى بار، دەپ قارايمەن. كورەنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەيدىغان بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ، ئۇنى ئوقيا ئوقىنىڭ ئۇچىغا ئوبدان باغلاپ، قەلئەنىڭ ئىچىگە ئاتايلى، جاڭجۇننىڭ جاۋاب بېرىدىغان مۆھلەت كۈننى بەلگىلەپ كۈتەيلى. ناۋادا، جاۋاب بولمىسا، ئاندىن ھۇجۇم قىلساقمۇ بولىدىغۇ؟!

كۆپچىلىك ئالدىدا ساندۇڭ جاڭزىنى ئېلىشقا، ئاندىن كورەنى تۆت تەرەپتىن قورشىۋېلىپ تەسلىم بولۇش مەكتۇپى ئەۋەتىشكە قوشۇلدى...

قوزغىلاڭچىلار ئىككى كۈن تەييارلىق قىلىپ، قۇياش

چىقىپ ئالتۇن نۇرى دەل ـ دەرەخلەردە كۆلۈۋاتقان بىر ئەتىگەنلىكى ساندۇڭ جاڭزىغا قاراپ ئاتلاندى. ساندۇڭ جاڭزا كۆرەنىڭ ئالدىدىكى قاراۋۇلغىلا ئوخشايتتى.

«ساندۇڭ جاڭزىغا بارچە ئاتلاندىلار،
تۈمەن ـ تۈمەنلەپ يىتىپ باردىلار…
كى دەرۋازا مەشرىققە تىز قويدى ئوت،
تۇتۇنلەر ھاۋا ئۇزرە بولدى بۇلۇت…
بۇ كۈن فاتقۇچە، كىچە تاڭ ئاتقۇچە،
دەم ئالماي قىلىپ جەڭنى تا ياتقۇچە.»①

قوزغىلاڭچىلارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بىرەلمىگەن چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى ساندۇڭ جاڭزىنى تاشلاپ، كۆرەگە قاراپ قاچتى. بۇ جەڭدە ھەسەن ـ ھۇسەن دەيدىغان قوشماق بەگلەرنىڭ ھەسەنبەگ دىگىنى قۇربان بولدى. شائىر نازىم ئىنىسى ھۇسەنبەگنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتىنى تۆۋەندىكىدەك غەزەل قىلدى:

«رەفىقا، يىغلاماي نەيلەي قىرىنداشىمدىن ئايرىلدىم،
گۇمان ئەتمە تىرىك دەپ، تەن قالىب باشىمدىن ئايرىلدىم.
نىچۇك ئەتكۇم، قايان كەتكۇم، نىچۇك مەقسەد سارى يەتكۇم،
كۆيۈمچان، مىھرىبانىم بىرگە يولداشىمدىن ئايرىلدىم.
نەدىن مەن ئۇرمايىن كىم ئوتلۇغ ئاھلار بىناۋادۇرمەن،
كىم يىغلاپ، كىمە ئىيتايكى مۇڭداشىمدىن ئايرىلدىم…
كى بى دەرد، بىتەمىز، بى فەھىم ئادەملەر ماڭا كۈلگەي،
كىرەسىنە تەشنەلەبدۇرمەن ئىچەر ئاشىمدىن ئايرىلدىم.
ھۇسەيىن بەگنىڭ پىغانىنى بىلالى نەزمىگە ئالدى،
قىرىدىم قەسىد ـ ئەشئار بىرلە چۇن ياشىدىن ئايرىلدىم.» ②

---

①② «غازات دەرمۈلكى چىن» داستانىدىن، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 4 ـ سان 26 — 28 ـ بەتلەر.

ساندۇق جاڭزىنى ئالغان قوزغىلاڭچىلار توختىماي ئىلگىرىلەپ كۈرەنى تۆت تەرەپتىن قورشىۋالدى .

*　　　*

قوزغىلاڭ باشلانغىنىغا ئىككى يىلدىن ئاشتى . بۇ جەرياندا سىرتتىن بىر تال دان كىرمىگەن كۈرە ، شۇ كۈنلەردە يەيدىغان ئاشلىقى تۈگەپ ئاچارچىلىق ئازابىدا قاتتىق قىينىلىۋاتاتتى . ئۇلار ئات ـ كالا ، قوي ـ ئۆچكە ، توخۇ ـ ئۆردەك ، غازلىرىنى يەپ تۈگىتىپ ، جاڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ ئامبىرىغىلا قاراپ قالدى . خانلىقنىڭ ئامبىرىدىمۇ ئاشلىق تۈگەپ قېلىۋاتاتتى . كىرگۈزمەي يەۋەرسە ، دۇنيانىڭ ئۆزى ئاشلىق تولغان بىر ئامبار بولغان تەقدىردىمۇ بىر كۈنى قۇرۇپ بىر تال دانمۇ قالمايدۇ . كىرگەن چاشقان ھەتتا يامانلاپ چىقىدۇ .

مەن جاڭجۈن بۈگۈن كېچە تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمىدى ، كۆزلىرى يۇمۇلۇپ ئەمدىلا ئۇيقۇغا كەتسە قارا بېسىپ ۋارقىراپ ئويغىنىپ كېتەتتى . يېنىدا ياتقان خوتۇنىنىمۇ چۆچۈتۈپ ئويغىتىۋەتتى . ئۇ تېخى ياتقان ئۆينىڭ پەنجىرىسى ئوبدان يورۇمايلا ئورنىدىن تۇرۇپ ، كىيىملىرىنى كىيىپ تالاغا چىقتى . ئۇ خالادىن چىقىپ ، ھويلىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى يۇملاق ئىشىكتىن باغقا كىردى . مەن جاڭجۈن خىش ياتقۇزۇلغان يول بىلەن مېڭىپ گۈل نەقىشلىك شىپاڭغا چىقتى . جاڭجۈننىڭ بېشىدا پوسما شەكىللىك خەنزۇچە قارا بۆك بولۇپ ، ئۈستىدە ئېتىكىنىڭ ئىككى يېنى يىرتىق ، ئالدى دۈگىلەك لاتا تۈگمىلىك ئاق چۈنچەن كۆڭلەك بىلەن ئېغى بار ئىشتان تۇراتتى . مەن جاڭجۈن خېلىدىن بېرى بۇ شىپاڭلىق باغقا چىقمىغان بولۇپ ، بۈگۈن نېمىشقىدۇر چىققۇسى كېلىپ قالدى . ئۇ يوغان ، قىزىل تۈۋرۈكلەرنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرغان ، ئۇزۇن ئورۇندۇق ئورنىدىكى قىزىل تاختايغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ، دەل ـ دەرەخلەرگە قارىدى . ئادەمنى يەيدىغان ۋەھىمىلىك جىمجىتلىق قېرى مەن جاڭجۈننىڭ قىينىلىۋاتقان روھىنى تېخىمۇ ئازابلاپ ، ئۇنى

ئورنىدىن تۇرغۇزۇۋەتتى. جاڭجۇن ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ شىپاڭ ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. يەنىلا ئۇ خاتىرجەم بولالمىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئاخشام سېپىل ئۈستىدە كۆرگەنلىرى كېلىۋېلىپ زادىلا كەتمەيتتى. مىلتىق، قىلىچ، نەيزىلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈۋاتقان قوزغىلاڭچىلار مىن جاڭجۇننى شۈركۈندۈرۈۋەتتى. ئۇ باغنىڭ شىمالىي تېمىدىكى ئىشىككە قاراپ ماڭدى. سەل مۈكچەيگەن مىن جاڭجۇن «جاڭجۇن بېغى» دەپ ئاتىلىدىغان باغقا چىقتى. چوڭ باغنىڭ چۆرىسىدىكى قارىياغاچ، ئاق تېرەك، ئەرمۇدۇن، دولانا قاتارلىق دەرەخلەر يېشىل يوپۇرماقلىق شاخلىرىنى مىدىرلاتماي ۋەھىمىلىك جىمجىتلىق باسقان ئالەمدە روھىي جەھەتتىن تىتىلداپ ئۆزلىرىنى قەيەرگە قويۇشنى بىلمەيۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئاستا مېڭىپ باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زەڭگەر كۆل بويىغا كەلدى. قىرغاقتىكى قوزۇقلارغا باغلانغان قولۋاقلار ئاستا تەۋرىنىپ تۇراتتى. جاڭجۇننىڭ كۆزىگە زۇمرەت كۆل خۇدى خىيالدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ يەنە بۇ خىيالنىڭ ئۈستىدە قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈۋاتقان قوزغىلاڭچىلارنى كۆردى. مىن جاڭجۇن چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ، بۇ يەردىنمۇ ئۆزىگە ئارام تاپالماي، كەينىگە ياندى. كۈنچىقىش ئۈپۈقى ئوت كەتكەندەك لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتاتتى. جاڭجۇن بۇنداق تاڭ مەنزىرىسىنى بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغاندەك قاراپلا قالدى. ئۈپۈقنى كۆيدۈرگەن ئۇلۇغ ئوت قەيەردىن چىقىۋاتقاندۇر؟ ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يەر تېگىدىن قىزىرىپ چىقىۋاتقان چوغدەك قۇياش كەلدى. بىردىنلا بۇ ئوتلۇق قۇياش كېچە كېلىپ كونا سېپىلنى تۆت تەرەپتىن قورشىۋالغان قوزغىلاڭچىلاردەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ مۇزلىغاندەك تىترەپ قەدىمىنى تېزلەتتى، لېكىن ئىچ ـ ئىچىدىن چىقىۋاتقان تىترەك توختىدى...

مىن جاڭجۇن تېخىچىلا كۆيۈۋاتقان ئۈپۈققا ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان ھالدا قاراپ كېلىۋاتاتتى. مانا، قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈپ ئۈپۈققا چىقىۋاتقان چوغدەك قۇياش كۆرۈندى. مىن جاڭجۇن چىدىيالماي كۆزلىرىنى قۇياشتىن قاچۇردى. ئالەم

يورۇپ ئاسمان، ئىككى تەرەپتىكى تاغلار، دەل ـ دەرەخلەر قىزغۇچ يالقۇن بىلەن جۇلالاندى…

جاڭجۇن يەنە شىپاڭنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ رەڭدار گۈللىرىدىن ئۆزىگە ئاراملىق ئىزدىگەندەك قارىدى. ئۇ رەڭگى سەل ئۆڭگەن گۈل ـ نەقىشلەردىن يەنىلا ئۆزىگە ئاراملىق تاپالمىدى.

مەن جاڭجۇن ئۆيىگە كىرىپ، ناشتىلىققا ئولتۇردى. تېخى ئاچارچىلىقنىڭ ئازابىنى كۆرۈپ باقمىغان بۇ ھۆكۈمدارنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ قالغاندەك، تۇزۇكرەك بىرنېمە يېمەي ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئۆيىدىن چىقىپ، ھويلىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى ھەشەمەتلىك ئىشخانىسىغا قاراپ يول ئالدى. قوش قاناتلىق ئىشىكنىڭ يېنىدا تۇرغان ياش چېرىك دەرھال ئىشىكنى ئېچىپ، بىر چېتىگە ئۆتۈپ تىك تۇردى. جاڭجۇن بېشىنى سالغان ھالدا ئىشخانىسىغا كىرىپ، ئۈستىدە دەستىلەنگەن دەپتەر ۋە ھۆججەتلەر، ھەرخىل پەي قەلەملەر سېلىنغان بامبۇك قەلەمدان، قارا سىياھ ئېزىدىغان تۆت بۇرجەك قارا قۇتا قاتارلىقلار تىزىلىپ تۇرغان يوغان ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇردى.

جەنۇبقا قارىغان ئىككى يوغان گۈللۈك پەنجىرىدىن قۇياش نۇرى چۈشۈپ، ئىشخانىنىڭ ئاستىغا سېلىنغان يوغان خوتەن گىلىمىنىڭ رەڭدار گۈللىرىنى چاقنىتاتتى. ئۇچىسىغا تولۇق جاڭجۇنلۇك كىيىمىنى كىيگەن مىن جاڭجۇن ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئىككى قولىنى ئۈستەل ئۈستىگە ئېلىپ، چوڭقۇر خۇرسىندى. قاشلىرى كۆتمەك، كۆزلىرى ئالما ئۇرۇقىدەك، چىرايى تاتىراڭغۇ، بۇرنى پۇچۇقراق جاڭجۇن بېشىنى سەل بۇراپ، پەنجىرىگە قاراپ ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈشكە باشلىدى: «ئامباردىكى ئاشلىقمۇ تۈگەپ قالدى. كۆرەدە ئاچارچىلىق باشلاندى. ئەگەر ئاشلىقىمىز بولۇپ، چېرىكلىمىز يېگەن ـ ئىچكەندەك تۇرغان بولسا، قوزغىلاڭچىلار كۆرەنى زادىلا ئالالمايتتى. كۈچ ـــ ماغدۇرى تۈگىگەن چېرىكلىرىمىز قوزغىلاڭچىلار بىلەن قانداق جەڭ قىلالايدۇ؟! پەقەت مېنىڭ ئالاھىدە بېقىۋاتقان خەنزۇ چېرىكلىرىملا جەڭگە چىقالايدۇ، يامان

www.uyghurkitap.com

كۆندە ئەسقاتىدۇ ، دەپ قارىغان بۇ چېرىكلەرنىمۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ جەڭگە سالمايمەن ، پەقەت بولالمىغاندىلا ئاندىن سېپىلدىن چىقىرىپ ، قوزغىلاڭچىلارغا ھۇجۇم قىلدۇرىمەن !… » ئۇ خىيالدىن توختاپ ھويلىغا قۇلاق سالدى ، ئىشخانىغا كېلىۋاتقان ئاياغ ئاۋازى ئاڭلانمىدى . مىن جاڭجۇن يەنە خىيالىنى داۋام قىلدى : «ھازىرقى ئەھۋالدا جەڭ بىلەن جاننى ساقلاپ قېلىش تەس . ياخشىسى ، ئەلچى چىقىرىپ ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۆڭلىنى بىلىپ باقايمىكىن ؟ !… »

جاڭجۇننىڭ خىيالى يەنە ئۈزۈلۈپ قالدى . ئىشخانىغا مۇلازىم يىگىت ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ كەتكەن بىرىنچى دەرۋازىنىڭ قاراۋۇللار باشلىقىنى باشلاپ كىردى . ئورۇقلاپ ، كۆزلىرى ئىچىگە ئولتۇرغان ئوتتۇرا بويلۇق مانجۇنىڭ ئەلپازىنى كۆرگەن مىن جاڭجۇن «قوزغىلاڭچىلار كۆرەڭگە ھوجۇم قىلدىمۇ ، نېمە ؟ » دېگەندەك ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالدى .

— نېمە گەپ ؟ — دېدى ئۇ ، رەڭگىرويى ئۆچۈپ .

— كۆرەدىكى بارلىق چېرىك ۋە پۇقرالار ئالدىنقى دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ ، ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ ، — دېدى دەرۋازىنىڭ قاراۋۇللار باشلىقى دۇدۇقلاپ ، ھاۋا يېتىشمەيۋاتقاندەك پات ـ پات توختاپ سۆزلەپ .

— ماڭا دەيدىغان سۆزىنى بىلمىدىڭمۇ ؟ — دېدى جاڭجۇن يۈرىكى ئورنىغا چۈشكەندەك ، ئالدىدىكى ئورۇقلاپ كەتكەن ئوتتۇرا بويلۇق مانجۇغا تىكىلىپ .

— ئۇلار :

«دېدى : جىھاد ئەيلەمەككە ماجال قالمادى ،
تېخى ماڭغالى بىزدە ھال قالمادى . »①

پۇقرا ۋە چېرىكلەر يەنە : «يەيدىغىنىمىز تۈگىدى ، ئەمدى قانداق قىلىمىز ، ئاچلىقتىن ئۆلىمىزمۇ ؟ جاڭجۇننىڭ قورسىقى توق ، بىز بىلەن ئىشى يوق ، بولۇۋاتىدۇ» دەپ چۇقان كۆتۈرۈۋاتىدۇ …

---

① «غازات دەرمۈلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 4 ـ سان 29 ـ بەت .

مىن جاڭجوڭ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى : «كەلگەن پۇقرا ۋە چېرىكلەرنىڭ ئالدىغا چىقايمۇ؟ چىققىنىم بىلەن نېمە دەيمەن؟ ئامبارىدىكى ئاشلىقمۇ تۈگەپ قالاي دېدى...» جاڭجوڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇلازىمىغا قارىدى :
— سەن بېرىپ ئاشلىق ئامبىلىنى باشلاپ كەلگىن !...
— خوپ ! — دەپ ياش مۇلازىم تالاغا قاراپ يول ئالدى .
— سەن ئاۋۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ تۇرغىن ! ئاشلىق ئامبىلى كەلسۇن !...
يېشى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ ، ئورۇقلاپ ، كۆزلىرى ئىچىگە كىرىپ ، قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىغان بىرىنچى دەرۋازىنىڭ قاراۋۇللار باشلىقى جاڭجوڭ كۆرسەتكەن ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇرۇپ ، ئېغىر خورسىنىپ قويدى .
ھايال بولماي ياش مۇلازىم ئاشلىق ئامبىلىنى باشلاپ ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى . پۈت تەرىپى ۋە گەۋدە تەرىپىگە قارىغاندا ئۇزۇنراق ئاشلىق ئامبىلى جاڭجوڭنىڭ ئۈستىلىگە يېقىنلاپ كېلىپ ، ئېگىلىپ سالام قىلدى .
— سەن چىقىپ ، كەلگەن پۇقرا ۋە چېرىكلەرگە مېنىڭ پەرمانىمنى يەتكۈزۈپ ، جان بېشىغا بىر قېتىم يېرىم - يارتا تۇيغۇدەك ئۇن تارقىتىپ بەرگىن . ھەرقايسى قوشۇنلارنىڭ خوجىلىق باشلىقى كېلىپ ، چېرىك سانىغا قاراپ ئۇن - ماي ئالسۇن . چېرىكلەرگە پۇقراغا بېرىلگەندىن ئازراق كۆپەيتىپ بېرىلسۇن ! بولدى ، بېرىڭلار !
ئاشلىق ئامبىلى بىلەن بىرىنچى دەرۋازىنىڭ قاراۋۇللار باشلىقى قوش قاناتلىق ئىشىكنى ئېچىشىغا ، ئالدىراپ كەلگەن جاڭجوڭ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرغۇچى ئامبىلى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى . باشقۇرغۇچى ئامبال ئاشلىق ئامبىلىنى كۆرۈپ دەرھال ئۆزىنى بىر چەتكە ئالدى . بېشىنى ئېگىپ ، بىر چەتتە ھۆرمەت بىلەن تۇرغان باشقۇرغۇچى ئامبالنىڭ چىرايىدىن : «مېنىڭ ئەمىلىم ئۆزلىرىنىڭ ئەمىلى بىلەن تەڭ بولسىمۇ ، سىلىگە يول بېرىپ ھۆرمەت قىلغانلىقىمنى بىلسىلە !» دېگەندەك مەنە ئىپادىلىنەتتى . ئاشلىق ئامبىلىنىڭ چىرايىدا بولسا : «شۇ

www.uyghurkitap.com

كۆنلەردە ماڭا ئېگىلمەي ياشيالامسەن؟» دېگەندەك تەكەببۇرلۇق كۆرۈنەتتى .

ئىككىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنلا ، باشقۇرغۇچى ئامبال بىر سېرىق لىپپايلىق مەكتۇپنى تۇتۇپ ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى . مەن جاڭجۇن كىرگەن ئېگىز بويلۇق ئامبالغا ئەمەس ، ئۇنىڭ قولىدىكى خەتكە قارىدى .

— نېمە خەت بۇ؟

— قوزغىلاڭچىلار ئەۋەتكەن خەت!...

— نېمە؟ — كۆزلىرى يوغىناپ كەتكەن جاڭجۇن ھەيرانلىق بىلەن باشقۇرغۇچى ئامبالغا قارىدى .

— قوزغىلاڭچىلار بۈگۈن ئەتىگەن ئوقيا ئوقىغا باغلاپ سېپىل ئىچىگە ئېتىپتىكەن ، شىمالىي دەرۋازىدىكى قاراۋۇللار باشلىقى ئەكىلىپ ماڭا تاپشۇردى . مەن دەرھال ئۆزلىرىگە ئەكىردىم ، ئاغزىنىمۇ ئاچمىدىم .

مەن جاڭجۇن ئېگىز بويلۇق ئامبال ئىككى قوللاپ سۇنغان خەتنى ئېلىپ ، بىر تەرىپىنى يىرتىپ ، ئىچىدىكى تۆت پۈكلەنگەن قەغەزنى ئالدى . ئۇ خەتنى باشقۇرغۇچى ئامبالغا بېرىپ «ئوقۇ!» دېدى . مانجۇ ئامبال خەتنى تەرجىمە قىلىپ ئوقۇدى :

«مەن جاڭجۇن جانابلىرى!

بىز كېڭىشىپ ، ئۆزلىرىنى تەسلىم بولۇشقا چاقىرىپ بۇ خەتنى ئەۋەتتۇق . سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلار بىزگە ئايان . يەيدىغان ئاشلىقىڭلار تۈگەپ ، ئېغىر ئاچارچىلىق ئازابىنى تارتىۋاتىسىلەر . ئەگەر تەسلىم بولساڭلار ، سىلەرنى ئۆلتۈرمەيمىز!

يەنىلا كۆرەدە ياشاۋېرىسىلەر![1] دەرھال ئاشلىق بىلەن تەمىنلەيمىز! سىلەرگە ئەتە بىر كۈن ئويلىنىش ۋاقتى بېرىمىز ، ئۈگۈنلۈككە ناشتىغىچىلىك جاۋاب بەرمىسەڭلار ، بىز

---

[1] موللا بىلال ئۆزىنىڭ «غازات دەرمۈلكى چىن» داستانىدا مۇنداق يازغان :

جاڭجۇنگە ئىلتىپات قىلىپ قەلئەسىن
تامامىن قىلۇر ئۆلۈمدىن ئەمىن .»
«شىنجاڭ تەزكىرىچى» ژۇرنىلى 1995 - يىل 4 - سان 30- بەت.

ھۇجۇممىزنى باشلايمىز .

ئەمىر : ئەلاخان »

ئۆزى ئەلچى ئەۋەتىپ ئىبغىز ئىچىشتىن بۇرۇن ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىبغىز ئىچىپ خەت ئەۋەتكەنلىكىدىن خۇشال بولغان مىن جاڭجۇن باشقۇرغۇچى ئامبالغا قارىدى .①

— سەن بارلىق مۇلكىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلارغا خەۋەر قىلىغىن . ئۇلار خەۋەرنى ئاڭلاپلا مەجلىسخانىغا كەلسۇن ! قوزغىلاڭچىلارنىڭ خېتىنى مۇزاكىرە قىلىمىز .

— خوپ ! — دەپ باشقۇرغۇچى ئامبال كەينىگە بۇرۇلۇپ ، ئىشىككە قاراپ يول ئالدى…

بىر ئاش پىشىمدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئىچىلغان كېڭەش مىنىڭ قوزغىلاڭچىلارغا ئەلچى ئەۋەتىش پىكرىگە قوشۇلدى . ئەتىسى ئەتىگەندە جاڭجۇن تەيىنلىگەن باش ئەلچى چىلىڭ لويى بىلەن بىرنەچچە دالويى قوزغىلاڭچىلار بىلەن سۆزلەشكىلى كۇرە سېپىلىنىڭ ئۇستىگە چىقتى…

* *

قوزغىلاڭچىلارنىڭ ۋەكىللىرى — ئەللىك ياشلاردىن ئاشقان ، قامەتلىك ، كۇرە يېنىدىكى قوزغىلاڭچىلار بارگاھىنىڭ كۇنپېتىش تەرىپىدىكى قاراۋۇلخانىنىڭ باشلىقى قاۋاش قازى ، كېپەكيۇزلىك بەگزات مىرابلار كۇرە سېپىلىنىڭ ھەيۋەتلىك دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەلدى .

قۇياش چۈشتىن ئۆتۈپ ، نامازدىگەر يېقىنلاپ باراتتى . يېشىل ئالەمنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم چاقنايتتى . يوپۇرماق چىقارغان دەل ـ دەرەخلەر ئاستا شىلدىرلاپ قوزغىلاڭچىلارنىڭ ۋەكىللىرىنى قىزغىن قارشى ئېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . يوغان ،

① «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 4 ـ سان 30ـ بەت .

ئېگىز بويلۇق قاۋاش قازى ، مۇرىسىگە كېلىدىغان زىلۋا بويلۇق بەگزات مىراب بىلەن يانمۇيان مېڭىپ ، خۇشال پاراڭلىشىپ كېلەتتى . ئېرىق بويلىرىدىكى گۈل ـ گىياھلار ئۇلارغا پىچىرلاپ سالام قىلاتتى . ئىككىسى مەن جاڭجۇن بىلەن كۆرۈشۈش جەريانىنى موللا شەۋكەت بىلەن ئەلاخانغا سۆزلەپ بېرىشكە ئالدىراپ ، ئاخۇنۇمنىڭ ئاق ئۆيىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى…

باش ئەلچى چىڭ لويى ۋە بىرقانچە دالويلار سېپىلنىڭ شىمالىي تېمىغا چىقىپ ، قوزغىلاڭچىلار ۋەكىللىرى بىلەن سۆزلىشىشنى تەلەپ قىلدى . ئەمىر موللا شەۋكەت بىلەن كېڭىشىپ ، قاۋاش قازى ، ئونيارلىق خۇدابەردى بەگ ، كېپەكيۈزلۈك بەگزات مىرابلارنى كۆرە ئەلچىلىرى بىلەن سۆزلىشىشكە ئەۋەتتى . قوزغىلاڭچىلارنىڭ ۋەكىللىرى سېپىل تۈۋىگە كەلدى . چىڭ لويىنىڭ سۆزىنى تىلماچ ئۆرۈپ بەردى .

— جاڭجۈن سىلەردىن گۇناھىنى تىلەيدۇ . ئۇ يەنە ئۈچ كۈن ۋاقىت بېرىشنى سورايدۇ . بىز ئۈچ كۈندىن كېيىن سىلەرگە ئېنىق بىر جاۋاب بەرسەك !

قوزغىلاڭچىلارنىڭ ۋەكىللىرى مەسلىھەتلىشىپ ، ئۈچ كۈن ۋاقىت بېرىشكە قوشۇلدى . بىرىنچى قېتىملىق ئۇچرىشىش مانا شۇنداق تۈگىدى .

ئەتىسى يەنە ناشتىدىن كېيىن ، ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى سۆزلەشتى . كۆرە ۋەكىللىرى تۈنۈگۈنكىدەك سېپىل ئۈستىدە ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ۋەكىللىرى سېپىل تۈۋىدە تۇرۇپ ، مەن جاڭجۇن بىلەن ئەمىرنىڭ سۆزلىرىنى بىر ـ بىرىگە يەتكۈزدى . ئەلاخاننىڭ سۆزلىرى ئوقيا ئوقىغا باغلاپ ئەۋەتكەن مەكتۇپتىكى سۆزلەر بىلەن ئوخشاش بولۇپ ، يەنە بىر قېتىم تەكىتلىگەنىدى . مەن جاڭجۇن : «قوزغىلاڭچىلار يېنىمغا ئىككى ۋەكىل كىرگۈزسە ، يۈز تۇرانە پاراڭلاشسام» دېگەنىدى . قاۋاش قازى مەن جاڭجۇننىڭ تەلىپىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ، ئۆزى بىلەن بەگزات مىراب كىرىدىغان بولدى . ئۇلار خۇدابەردى بەگكە : «بىزنىڭ كۆرەگە كىرىپ كەتكەنلىكىمىزنى دەرھال بېرىپ موللا شەۋكەت بىلەن ئەلاخانغا يەتكۈزۈڭ . ئۇلارنىڭ رۇخسىتىنى

ئالمىغانلىقىمىزدىن رەنجىمىسۇن . بىز مىن جاڭجۇننىڭ سەممىيىتى زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ باقماقچى بولدۇق» دەپ ئىككىسى سىپىل دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭدى...
خۇدابەردى بەگ قاۋاش قازى بىلەن بەگزات مىراب ئىچىلگەن سىپىل دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەتكۈچە قاراپ تۇردى .

خۇدابەردى بەگ بارگاھىنىڭ چېتىدە ، يوغان بىر قارىياغاچنىڭ تېگىدە قاراپ تۇراتتى . ئۇ كېلىۋاتقان قاۋاش قازى بىلەن بەگزات مىرابنى كۆرۈپ بارگاھ تەرەپكە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى . ئاق ئۆيدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان موللا شەۋكەت ، ئەلاخان ۋە بىر قانچە مىڭبېشىلار هاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ كىرگەندە خۇدابەردى بەگدىن قازىلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ، دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئاق ئۆيدىن چىقتى . ئۇلار ئاق ئۆيگە يېقىنلاپ قالغان قاۋاش بىلەن بەگزاتنى كۆرۈپ ، ئاق ئۆي ئالدىدا كۈتۈپ تۇردى .

قاۋاش قازى بىلەن بەگزات مىراب يىراقتىنلا قول باغلاپ ، ئۇنلۇك سالام قىلىپ ، يېقىنلاپ كەلدى . كۈتۈپ تۇرغانلارمۇ ئىككىسىنىڭ سالىمىغا جاۋاب قايتۇرۇپ ، ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ قىزغىن كۈتۈۋالدى .

— سىلەرگە خەۋەر قىلىپ ، رازىلىقىڭلارنى ئالالمىدۇق ، — دېدى قاۋاش قازى ئالدىدا ئاخۇنۇمغا ، ئاندىن ئەمىرگە قاراپ ، ئۇنىڭ سەممىيلىك يېغىپ تۇرغان بۇغداي ئۆڭلۈك چىرايىدا ئۆزرىخاھلىق بىلدۈرۈۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى ، — بىزنى كەچۈرۈڭلار !...

— قېنى ، ئاخۇنۇم ، باشلىسىلا ، ئۆيگە كىرىپ پاراڭلىشايلى ، — دېدى ئەلاخان يېنىدا تۇرغان موللا شەۋكەتكە قاراپ .

ئاخۇنۇم يوغان بۇرنىنى بىر تارتىپ قويۇپ ، مۇلازىمى ئىشىكنى ئېچىپ تۇرغان ئاق ئۆيگە يول ئالدى . كەينىدىن ئەلاخان ۋە باشقىلار ياش ۋە مەنسەپلىرىگە قاراپ ئۆيگە كىردى . ھەممەيلەن ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئەلاخان ئاق ئۆينىڭ شىمالىي تەرىپىدە قاتارلىشىپ ئولتۇرغان ئۇچ ۋەكىلگە قارىدى .

— قېنى ، مىن جاڭجۇن بىلەن قىلىشقان سۆھبىتىڭلارنى

بىزگە سۆزلەپ بېرىڭلار !...

سىم ساقال، ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قاۋاش قازى بىر يۆتىلىۋېلىپ سۆز باشلىدى:

— بىز كۇرەگە كىرىپ، جاڭجۈن مەھكىمىسىگە بارغۇچە سۆز قىلىشمۇ خۇشياقمايدىغان، ئورۇقلاپ كەتكەن، ھەتتا يۈزىگە قونغان چىۋىننى قوغلىۋېتىشكىمۇ دەرمانى يەتمەيدىغان ئادەملەرنى كۆرۈپ، كۇرەدە ئاچارچىلىقنىڭ ھەقىقەتەن ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق. كۇرە بىر ۋەھىمىلىك جىمجىتلىققا چۆكۈپ، ھەممە يەردە ئۆلۈم ھۇۋلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى، — قاۋاش قازى سۆزىدىن توختاپ، يانچۇقىدىن يوغان، ئاق ياغلىقىنى ئېلىپ يۈزىنى ئېرتتى. كىگىز ئۆينىڭ ئىچى راستىنلا ئىسسىق ئىدى، — بىزنى جاڭجۈن ئۆزىنىڭ ھەشەمەتلىك ئىشخانىسىدا كۈتۈپ تۇرۇپتىكەن. بىز كىرىپ رەسىم - قائىدە بىلەن كۆرۈشتۇق. ئولتۇرغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن مىن جاڭجۈن سۆز باشلاپ، بىزدىن ئۆز گۇناھىنى كەچۈرۈشنى سورايدىغانلىقىنى دېدى. «جاڭجۈن مەھكىمىسى ئىچكىرىدىن بىر يارماق كەلمەي، ئېغىر ئەھۋالدا قالدى. پۈتۈن مۈلكي ۋە ھەربىي ئەمەلدار ۋە چېرىكلەرنىڭ مائاشىنى ۋە تەمىناتىنى بەرمىسە بولمايتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا جاڭجۈن مەھكىمىسى سىلەرنىڭ كۈنۈڭلار بىلەن ھېسابلاشماي، ئالۋاننى ھەسسىلەپ كۆپەيتتى. سىلەرنىڭ بۇ ھوسۇلنى تۆلەشكە ئامالىڭلار بولمىغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇڭلار، بۇنىڭدا راستىنلا بىز ئەيىبلىك !...

جاڭجۈن خېلى ئۇزاق سۆزلىدى. ئۇ يەنە: «مەن سىلەرنىڭ تەلىپىڭلارنى تولۇق ئورۇندايمەن. سېپىلنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئېچىپ، بارلىق سىپاھلارنى چىقىرىپ بېرىمەن» دەپ ۋەدە قىلدى. ئاخىرىدا ئۇ: «سىلەر بىزنى ئۆلتۈرمەيمىز. كۇرەدە تىنچ ـ ئامان ياشاۋېرىدىغانلىقىمىزغا كاپالەت قىلىمىز دېدىڭلار. مەن بۇ سۆزۈڭلاردىن تولىمۇ خۇشال بولدۇم. ئەمما، راستىمنى دېسەم، ئەندىشەممۇ يوق ئەمەس: ئۇلار بىزنى ئەل قىلىۋالغۇچە شۇنداق دەۋاتامدىكىن؟ بىزگە قارىتا ئۆچمەنلىك بىلەن تولغان

ئادەملەر بىزنى كەچۈرۈشى مۈمكىنمۇ؟ دېگەن ئوي كۆڭلۈمدىن كەتمەيدۇ» دېدى. مەن جاڭجۈنگە: «سۆزىدىن يېنىۋالىدىكەن، دەپ بىزدىن قورقماڭ! بىزدە: ‹يىگىت سۆزىدىن، يولۋاس ئىزىدىن قايتمايدۇ› دېگەن گەپ بار. بىز دېگەن سۆزىمىزدىن زادىلا قايتمايمىز!» دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئەندىشىسىنى كۆتۈرۈۋېتىشكە تىرىشتىم، سۆھبەت جەريانى تالاش ـ تارتىشسىز، چىرايلىق ئۆتتى، — قاۋاش قازى سۆزىدىن توختىدى، — راست، مۇھىم بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن. ئەتە ناشتىدىن كېيىن جاڭجۈن بىرىنچى قەدەمدە بىر تۈركۈم سىپاھلارنى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە مال ـ مۈلكى بىلەن بىزگە چىقىرىپ بېرىدىغان بولدى. ئۇ: «مەن چىقىرىپ بەرگەن سىپاھلارغا ئوبدان مۇئامىلە قىلىشىڭلارنى ۋە ئۆلتۈرۈۋەتمەسلىكىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن گەپنى نەچچە تەكرارلاپ ئېيتتى. بەلكىم بۇ ئىشنى جاڭجۈن بىزنى سىناش ئۈچۈن قىلىۋاتامدىكىن؟ دەپ ئويلىنىپ قالدىم.

قاۋاش قازىنىڭ سۆزى تۈگىگەندە ئەلاخان ئاخۇنۇمغا قارىدى. ئاق ئۆينىڭ تۆرىدە، قوش قەۋەت كۆرپىدە باداشقان قۇرۇپ، بولۇۋاتقان گەپ ـ سۆزلەر خۇشياقمىغاندەك ئولتۇرغان قويۇق ساقال ـ بۇرۇتلۇق، قىزىل يۈزلۈك موللا شەۋكەت رەسمىيەت ئۈچۈنلا ئاغزىنى ئاچتى:

— سىلەر خىزمەت كۆرسەتتىڭلار! مەن سىلەرنى تارتۇقلايمەن، — ئۇ توختاپ، كەلمىگەن يۆتىلىنى كۆچەپ يۆتەلدى، — قېنى، ئەتە مىن دېگەن ئەبلەخ سىپاھلىرىنى چىقىرىپ بېرەمدۇ، يوق؟ كۆرەيلى، راستتىنلا چىقىرىپ بەرسە، ئۇنىڭ سەمىمىيلىكى ھەقىقىي بولىدۇ! چىقىرىپ بەرمىسە، ئۇنىڭ بىلدۈرگەن سەمىمىيلىكى ساختا بولۇپ چىقىدۇ.

موللا شەۋكەت سۆزىدىن توختىدى. ئەمىر ئاخۇنۇمنىڭ سۆزىدىن كېيىن سۆز باشلىدى. ئۇنىڭ كەڭ، قېلىن ۋە قارا قاشلىرى تېگىدىكى لاچىنىنىڭ كۆزلىرىدەك كۆزلىرى چاقنايتتى.

— ئاخۇنۇم دېگەندەك، مىن جاڭجۈننىڭ سەمىمىيلىكى بارمۇ، يوقمۇ؟ ئەتە كۆرىمىز. ئۇ ئەتە بىر تۈركۈم سىپاھلىرىنى

چىقىرىپ بىرىشىمۇ مۇمكىن . بىز بۇنى كۆرۈپ ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۇنىڭغا ئىشىنىپ كەتمەيلى . مېنىڭ بۇ كۆرسەتكەن «سەممىيلىكى» ئىچىدە جىن بولۇشى ئېھتىمالغىمۇ يېقىن . قوزغىلاڭچىلىرىمىز ھەرقانداق ئەھۋالدا جەڭگە تەييار بولۇپ تۇرسۇن !...

شۇ چاغدا نامازدىگەرگە ئېيتىلغان ئەزان ئاڭلاندى .

* *

مىن جاڭجۇن دېگىنىدەك قىلدى . ئەتىسى ئەتىگەندە چاڭ جاڭجۇن ، تۇ دارىن ، يى دارىن ، سا دارىن ، خاغا لاداي ، جاغالاداي ، باغالاداي ، ئەغالادايلارنى خوتۇن ، بالا ـ چاقىلىرى ۋە مال ـ دۇنياسى بىلەن چىقىرىپ بەردى . ئاخۇنۇم بىلەن پالۋان كېكىشىپ كۆرەدىن چىققانلارنى غۇلجا شەھىرىگە ئەۋەتىۋەتتى .

قوزغىلاڭچىلار سېپىل دەرۋازىلىرىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈپ ئۈچ كۈن ساقلىدى ، لېكىن بىرمۇ دەرۋازىسى ئېچىلمىدى .

ھاۋا ئوچۇق ، قۇياش ئۆزىنىڭ ئىسسىق نۇرى بىلەن راھەت ۋە ھۇزۇر ئاتا قىلغان قارىياغاچ ، سۆگەت ۋە ئاق تېرەك قاتارلىق دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى تەبەسسۇم قىلاتتى . كۆڭۈل ـ كۆكسى كەڭ تەبىئەت ئۆز باغرىدا بولۇۋاتقان قانلىق جەڭلەردىن خەۋىرى يوقتەك ئۆز گۈزەللىكىنى بۇ مۇنبەت داللاردا جەۋلان قىلاتتى . دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ئاستا شىلدىرلىشىپ مۇھەببەتلەشسە ، تاختا بولغان بۇغداي مايسىلىرى ، يېشىل شاللىقلار ، تېرىلگەن قوناقلار ئۈنۈپ چىققان ئېتىزلىقلار ئۆزلىرىگە ئۇرۇلۇۋاتقان سەلكىن شامالدا پىچىرلىشىپ ، كۆڭۈل سۆزلىرىنى سۆزلىشەتتى . تەبىئەتتىن كېلىۋاتقان خۇش پۇراق بۇ گۈزەل ۋە سېخىي زېمىننى شېرىن ھېسسىياتلارغا چۆمدۈرەتتى .

قامەتلىك قاۋاش قازى ، خۇدابەردى بەگ ۋە بەگزات مىرابلار موللا شەۋكەت ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ ، كۆرە سېپىلىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭدى . ئۇلار ئېتىزلار ئارىسىدىكى

چىغىر يوللار بىلەن مېڭىپ ، سېپىلغا يېقىنلاپ كەلدى .

سېپىل سوقۇلغان چاغلاردىلا ، ئۇنىڭ چۆرىسىگە خۇددى ئاقئۆستەڭنىڭ كەڭلىكىدەك كەڭلىكتە خەندەك كولاتقان بولۇپ ، سۇ بولسا بۇ خەندەك سۇغا تولدۇرۇلاتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى تەرىپى سالاسۇنلۇق ياغاچ كۆۋرۈك ياسىلىپ ، شىمالىي دەرۋازىغا كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كىرگىلى بولاتتى . ئۈچ ئەلچى كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ ، دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ توختىدى . سېپىل ئۈستىدىكى چېرىكلەر تۈپەك مىلتىق ۋە ئوقيالىرىنى بەتلەپ ئېتىشقا تەييار بولۇپ تۇراتتى .

قاۋاش قازىنىڭ ئاۋازى بوم ۋە ياڭراق بولۇپ ، ئادەتتىمۇ ئۇ ، پاڭ ئادەمدەك سۆزىنى خېلىلا ئۇنلۇك سۆزلەيتتى . ئۇ ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ ، سېپىل ئۈستىگە قاراپ بار ئاۋازى بىلەن توۋلىدى :

— چىڭ دالويى چىقسۇن ! ئۇنىڭغا دەيدىغان گېپىمىز بار !

سېپىل ئۈستىدىكى چېرىكلەر قاۋاش قازىنىڭ سۆزىنى چۈشىنەلمىدى بولغاي ، ئۆزئارا بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ كەتتى . ئارىدىن ئۇنچىلىك كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي ، سېپىل ئۈستىگە بىر چېرىك چىقتى .

— نېمە دەيسىلەر ؟ — دەپ ۋارقىرىدى شىبە چېرىك ، سېپىلدىن تۆۋەنگە — قاۋاش قازىلارغا قاراپ تۇرۇپ .

قاۋاش قازى بايا دېگەن سۆزىنى يەنە ۋارقىراپ تەكرارلىدى .

— سىلەر كۆۋرۈكتە تۇرۇپ ساقلاڭلار ! بىز ئادەم ئەۋەتىپ چىڭ لوينى چاقىرىپ كېلەيلى ! — دېدى شىبە چېرىك توۋلاپ .

ئۈچ ئەلچى كۆۋرۈك ئۈستىگە كېلىپ ، سالاسۇندا قاتار ئولتۇرۇپ ، چىڭ لوينىڭ كېلىشىنى كۈتتى .

— يىڭناغۇچتەك ئورۇق چىڭ لوينى جاڭجۇن مەھكىمىسىدىن چاقىرىپ كەلگۈچە بۇ يەردە خېلى ئولتۇرىدىغان بولدۇق - دە ! — دېدى ھەممىدىن ياشراقى بەگزات مىراب سېپىل تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ .

— قانداق قىلىمىز ، كۈتۈشتىن باشقا نېمە ئامال ! ؟ — دېدى خۇدابەردى بەگ قوزغىلاڭچىلار تۇرغان دەل - دەرەخلىك تەرەپكە تىكىلىپ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر ئاش پىشىمغا يەتمىگەن ۋاقىت ئۆتكەندە سىپىل دەرۋازىسى ئېچىلدى. چىڭ لويى بىلەن ئوتتۇرا بويلۇق ئۇيغۇر تىلماچ چىقىپ، كۆۋرۈك يېنىغا كەلدى.

— سىلەر سىپىل دەرۋازىلىرىنى ئېچىپ بېرىمىز، دەپ ۋەدە قىلىۋېدىڭلار، ساقلىغىنىمىزغا ئۈچ كۈن بولدى. ئېچىپ بەرمىدىڭلار. بۇ بىزنى ئالدىغانلىقىڭلار ئەمەسمۇ؟! — دېدى قاۋاش قازى چىڭ لوينىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ.

تىلماچ قاۋاش قازىنىڭ سۆزىنى چىڭ لويگە ئۆرۈپ بەردى. چىڭ لويى قوللىرىنى ھاۋادا ئوينىتىپ، يۇزىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ سۆزلەشكە باشلىدى. تىلماچ توختىماي ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئۆرۈپ تۇردى:

— بىزنىڭ جاڭجۈن سىلەردىن بەكمۇ قورقىدىكەن: يەنە بىرقانچە كۈن سەۋر قىلىپ تۇرسۇن، دەرۋازىنى چوقۇم ئېچىپ بېرىمىز! دېدى، — چىڭ لوينىڭ مونچاقتەك پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ھىيلە - مىكىر تۆتۈنى ئۆرلەيتتى. قاۋاش قازىنىڭ يۈرىكى يىڭناغۇچتەك چىڭ لوينىڭ سۆزلىرىدىكى سەمىمىيەتسىزلىكنى كۆرۈپ كۈرەلىكلەرنىڭ جىمجىت يېتىۋېلىشىدىن گۇمانلىنىپ قالدى.

— سەمىمىيلىك مۇناسىۋەتنى ياخشىلايدۇ، سەمىمىيەتسىزلىك مۇناسىۋەتنى يامانلاشتۇرىدۇ. بۇ سۆزۈمنى جاڭجۈنگە يەتكۈزۈڭ. راستىنلا سىن جاڭجۈن سەمىمىيلىكى بولسا، سىپىل دەرۋازىلىرىنى ئېچىپ تەسلىم بولسۇن! — ئۇ بىر تىنىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بىز سىلەرگە يەنە ئىككى كۈن ۋاقىت بېرەيلى! بۇ ئىككى كۈن ئىچىدە سىپىل دەرۋازىلىرىنى ئېچىپ بەرمىسەڭلار، بىزدىن يامانلىماڭلار!...

قاۋاش قازىنىڭ سۆزى تۈگە - تۈگمەي سىپىل ئۈستىدە تۇيەك مىلتىق ئېتىلىپ، ئۇنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازى ھەممە ياقنى ياڭرىتىۋەتتى. ئۇچۇپ كەلگەن رەھىمسىز ئوق خۇدابەردى بەگكە تېگىپ، ئۇنىڭ جېنىنى ئالدى. بۇنى كۆرگەن قاۋاش قازى

چىدىيالماي ، چىلىق لويىگە يولۋاستەك ئېتىلىپ بېرىپ تۇتۇۋالدى . قاچقىلى تەمشىلىۋاتقان چىلىق لويىنى ئاستىغا بېسىپ ، بېلىدىكى پىچىقىنى غىلاپىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ خۇددى مالنى بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلىۋەتتى . ئۇنىڭ بوغدىيىكى ئالاھىدە پۇلتىيىپ چىققان گېلىدىن چىققان قارا قان توپىنى بۇلغىۋەتتى . قامەتلىك قاۋاش قازى بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىچ - ئىچىدىن ئۆرلىگەن غەزەپنىڭ ياۋايى كۈچىدە ، ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا قىلىۋەتتى . ئۇ ، چىلىق لويىنىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ ، كۆۋرۈكنىڭ چىقىپ تۇرغان تۈۋرۈكىگە ئېسىپ قويدى . ئىككىسى تىلماچقا خۇدابەردىنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرتۈپ ، بارگاھقا يول ئالدى . ئۇلار بارگاھقا يېقىنلاپ كېلىپ ، ئۆزلىرىنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغان موللا شەۋكەت ، ئەلاخان ۋە بارلىق قوزغىلاڭچىلارنى كۆردى…

* *

«كۈرە چېرىكلىرى ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتىدۇ ! ئويغىنىڭلار ، قېرىنداشلار !»

قاراۋۇللارنىڭ تەرەپ - تەرەپتىن ۋارقىرىغان ھەيۋەتلىك ئاۋازلىرى كېچە جىمجىتلىقىدا خۇددى گۈلدۈرمامىدەك ياڭرايتتى .

ئاسماندا نۇرلۇق يۇلتۇزلار جۇلالىنىپ چاقنايتتى . ئۇلار زېمىندىكى ئاۋازلاردىن چۆچۈپ چىمىلداۋاتقان ئەرش قىز - يىگىتلىرىنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشايتتى . يېنىك چىقىۋاتقان شىمال شامىلى يوپۇرماقلارنى بىلىنەر - بىلىنمەس شىلدىرلىتىپ ، ياڭراۋاتقان ئاۋازلاردىن چۆچۈگەندەك ھەر تەرەپكە قاچاتتى . تازا ئۇيقۇ تاتلىق بولىدىغان تۈن قاراڭغۇسىدا ئەنسىزلىك بىلەن ياڭراۋاتقان ۋارقىراشلار چېدىر ، ئاق ئۆي ۋە گەمىلەردىكى كىيىمىنى سالماي ياتقان قوزغىلاڭچىلارنى ئويغىتىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرغۇزاتتى . ئۇلار يانلىرىدىكى قوراللىرىنى

www.uyghurkitap.com

قوللىرىغا ئېلىپ ، تېخىچە قاراۋۇللارنىڭ سادالىرى ياڭراۋاتقان تالاغا ئېتىلىپ چىقاتتى...

قاۋاش قازىلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئەلاخان مىڭبېشىلارنى يىغىپ تۆۋەندىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى :

— بىرقانچە سىپاھىلىرىنى چىقىرىپ بەرگىنىگە قاراپ ، مىن جاڭجۇنگە ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ . بۈگۈنكى خۇدابەردى بەگنىڭ ئۆلۈمى بىزگە بىر ئاگاھلاندۇرۇش بولدى . كۆرەنىڭ جىمجىت يېتىۋېلىشىدا بىر شۇملۇق باردەك قىلىدۇ . كېچىلىرى ياستۇقنى قىرلاپ ئۇخلاشقا بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ . مەن شۇنداق پەرمان چۈشۈرىمەن : بۈگۈن كېچىدىن باشلاپ بارلىق قېرىنداشلىرىمىز كىيىملىرىنى سالماي ، قوراللىرىنى يېنىغا قويۇپ ياتسۇن ! قاراۋۇللار بىر ھەسسە كۆپەيتىلسۇن !...

ئەلاخان قاراۋۇللارنىڭ بىرىنچى قېتىم ۋارقىرىشى بىلەنلا ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ تالاغا چىقتى . ئۇ مىڭبېشىلىرىنى چاقماق تېزلىكىدە ئاق ئۆينىڭ يېنىغا يىغىپ ، بولىدىغان جەڭنى ئورۇنلاشتۇردى . پالۋان قوزغىلاڭچىلارنىڭ يېرىمىنى كېلىۋاتقان كۆرە چېرىكلىرىگە قارشى ئاتلىنىشقا بۇيرۇپ ، يېرىمىنى جەڭگە كىرىشكە تەييار بولۇپ تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇردى .

— چېرىكلەر قاچقان ھامان ، ئىز بېسىپ قوغلاپ كۆرە ئىچىگە كىرىپ كېتەيلى ! بۇ كۆرەنى ئازاد قىلىشىمىزدا تېپىلمايدىغان ئەڭ ياخشى پۇرسەت ! قولدىن بېرىپ قويۇشقا زادىلا بولمايدۇ . ئاتلىقلار كۆرە چېرىكلىرى قېچىشى بىلەن قوزغىلىپ ئۇلار بىلەن بىللە كۆرەگە كىرىۋالسۇن !...

سېپىلنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىدىن چىقىپ ، قىيا ـ چىيا ۋارقىراپ قوزغىلاڭچىلار بارگاھىغا كېلىۋاتقان چېرىكلەر مىن جاڭجۇننىڭ ئالاھىدە باققان چېرىكلىرى بولۇپ ، ھەممىسى دېگۈدەك ھاراق ئىچىپ تازا قىزىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى . ئۇلارنىڭ ئالىتاغىل ئاۋازلىرى بارگاھقا يېقىنلاپ كېلەتتى .

ئىككى تەرەپتىن كەلگەن قىيقاس - چۇقانلىق قىيان بىر-بىرىگە دەھشەتلىك ئۇرۇلدى ، قىلىچ ۋە نەيزىلەردىن چاقماق چېقىپ ، تۇپەك مىلتىقلاردىن گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىدى . جەڭ باشلانسىلا ئۆزىنى تۇتالماي قىزىپ كېتىدىغان ئەلاخان قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئالدىدا قىلىچىنى ھاۋادا ئوينىتىپ ، جەڭگە يولۋاستەك ھۆركىرەپ كىرىپ كەتتى .

«كىرىپ بىر تەرەپتىن ئەمىرى زامان ،
يەنە توختى ئاخۇن جاھان پەھلەۋان .»①

توختى ئاخۇن ئەخمەتخان خوجىنىڭ ئىنىسى بولۇپ ، كېيىنكى جەڭلەردە ئۇنىڭ داڭقى چىقىپ ، باتۇرلۇقى ئېغىزلاردا سۆزلەندى . بۇ جەڭدىمۇ ئۇ ، كۇرە چېرىكلىرى ئىچىگە بىرىنچى بولۇپ بۆسۈپ كىرىپ ، چاپ - چاپقا ئۆتتى ، ھەش - پەش دېگۈچە ئۇنىڭ قىلىچى قىزىل قان بىلەن بويالدى .

كۈنچىقىش تەرەپ ئاستا ئاقىرىشقا باشلىدى . ئۇپۇقتا نۇرلۇق چولپان يۇلتۇزى كۆرۈندى . ئۇ ئېتىزلىقلار ، دەل - دەرەخلىكلەر ئارىسىدا بولۇۋاتقان قانلىق جەڭگە ، ئالتۇن كىرپىكلىرىنى قېقىپ قورققاندەك قارايتتى .

جەڭ بارغانسېرى كۈچىيىۋاتاتتى . گۈل - گىياھ ۋە يەر ئۆلگەنلەرنىڭ قىزىل قېنى بىلەن بويىلىۋاتاتتى . يارىدارلارنىڭ ئىڭراشلىرى جەڭ بولۇۋاتقان دالىنىڭ ھەممىلا يېرىدىن ئاڭلىناتتى . كۇرە چېرىكلىرىمۇ جان - جەھلى بىلەن قوزغىلاڭچىلارغا قارشى قاتتىق جەڭ قىلىۋاتاتتى .

ئۇپۇق گويا تۆكۈلگەن قانلاردىن قىزارغاندەك گۈلگۈن رەڭگە كىردى . ئۇزۇن ئۆتمەي ، چوغ رەڭلىك قۇياشمۇ يەر ئاستىدىن

---

① «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 - يىل 4 - سان 30 - بەت .

كۆتۈرۈلۈپ ئۇپۇققا چىقتى . ئۇ ۋە ھەممەيلەن جەڭ بولۇۋاتقان دالىسىغا تىكىلدى . لېكىن ، بۇنداق جەڭلەرنى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە تالاي ـ تالاي كۆرگەن قۇياش ئاستا ـ ئاستا ئۆز رەڭگىگە كېلىپ يۇقىرى ئۆرلەشكە باشلىدى .

كۆرە چېرىكلىرى سان جەھەتتىن قوزغىلاڭچىلاردىن ئاز بولۇپ ، ئاخىرى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى . ئۇلار ئاستا ـ ئاستا چېكىنىشكە باشلىدى . بۇنى كۆرۈپ دەل ـ دەرەخلەر ئارىسىدا تۇرغان ئاتلىق ، پىيادە قوزغىلاڭچىلار قىيقاس ـ چۇقان بىلەن ھۇجۇمغا ئاتلاندى . چېرىكلەر ئەمدى ئالدى ـ كەينىگە قارىماي سېپىل دەرۋازىسىغا قاراپ قاچتى . قوغلاپ كەلگەن ئاتلىقلار كۆرە چېرىكلىرىگە ئارىلىشىپ سېپىل ئىچىگە كىردى . پىيادە قوزغىلاڭچىلارمۇ يېتىپ كېلىپ ، قەلئە ئىچىگە گۇركىرىگەن قىياندەك ئاقتى .

«بۇياندىن كىرىپ توقەنەك بەگ ھەممە ،
كى بەل لەشكەرى مۇسىيار بەگ ھەممە .
ئەزىم شاھ ، ئەلىم شاھ ، ئەمىر شاھ ھەممە ،
مەمەت شاھ ، خوجا شاھ ، تۆمۈرشاھ ھەممە...
كى بىر كوچىدىن غۇلجا پەھلەۋانلارى ،
ئارائۆستەڭ دەلىرى جاۋانانلارى...
چۇلۇقاي ، بۆلۇكەي ، مازارلىق تامام ،
يەنە بارتوقايدىن تامام خاس ـ ئام .
يەنە قاش ، سۇپتاي بەھادىرلارى ،
كى قورغاس ئىلىنىڭ كى پۇر زورلارى .
كى تۇنگانى ئاخۇن چېرىكى تامام ،
كى يالغۇز ياغاچ ، كاندىن خاس ـ ئام...
شەھەرباغ ، قوغۇنچى ۋە قاينۇق ھەممە ،
جاغۇستاي ، دۆلاتۇ ، خوناخاي يەنە .

ئىككى بوغرالىق بىلەن غالجات ئىلى ،
ئاچانوقۇ ، شۆڭقار ، كەتمەن بىلى .
كى داردامتو بىرلە ئودۇتۇ تېغى ،
دۇبۇن لەشكەرى كەلدىكى ئەنبۇھ تېخى...
كى نەئرە جىگەربەند چېكىپ هاي ـ هۇي ،
نىچۇك تەڭ بولۇر ئەجدىها بىرلە ئۇي ...
كى قانغا بويالىپ ، بولۇپ لالە رەڭ ،
كى بىر كېچە ـ كۈندۈز قىلىپ سەخنى جەڭ . » ①

مىن جاڭجۇن ئۆزىگە ئوت قويۇپ ئۆلۈۋالدى ، قوزغىلاڭچىلار جاڭجۇن مەھكىمىسى ۋە باشقا ئورۇنلاردىكى بايلىقلارنى خالىغىنىچە ئالدى ، ئەمىر ئەلاخان ئۇلارنى توسۇمىدى .

تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى باشقۇرىدىغان جاڭجۇن مەھكىمىسى ئورۇنلاشقان كۈرە 1867 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا قوزغىلاڭچىلار قولىغا ئۆتتى...

① «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 4 ـ سان 31 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئون بەشىنچى باب

# ئاخۇنۇم بىلەن سىڭار كۆزنىڭ تەقدىرى

كۆرە ئېلىنغاندىن كېيىن، دەرھال قوشۇنلارنى رەتلەپ، سۈيدۈك ـ قورغاسلارغا يۈرۈش قىلىپ ئىلى ۋادىسىنى ئىشغال قىلىش كېرەك ئىدى. لېكىن، موللا شەۋكەتنىڭ نىيىتى ئۇنداق بولمىدى. ئۇ پۈتۈن ئىلى ۋادىسىنى ئىشغال قىلىشنى ئەمەس، بەلكى كۆرە ئۇرۇشىدا ئابرۇيى ھەسسىلەپ ئۆسكەن ئەلاخاننى ئەمىرلىكتىن قالدۇرۇشنى ئويلىدى. موللا شەۋكەتنى توققۇزتارا ۋەقەسىدە تەدبىرسىز دەپ ھېسابلىغان قوزغىلاڭچىلار ئىلاجىسىز ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ كېلىۋاتاتتى، بولمىسا ئاللىقاچان رايى قايتىپ بولغانىدى. ئۇلار ئۆز كۆڭلىدە ئەلاخاننى قوزغىلاڭغا باش قىلىشنى خالايتتى. موللا شەۋكەت بىلەن قوزغىلاڭچىلار ئەلاخان ھەققىدە ئەنە شۇنداق بىر ـ بىرىگە تۈپتىن ئوخشاشمايدىغان ئىككى خىل ئويدا بولۇۋاتقان كۈنلەردە، ئاخۇنۇم: ئەلاخان گۇناھ ئۆتكۈزدى دەپ ئۇنى ئەمىرلىكتىن قالدۇردى. بۇ ئىش ئاخۇنۇمنى قالدۇرۇپ، ئەلاخاننى ئۆزلىرىگە باش قىلىشنى خالايدىغان قوزغىلاڭچىلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى...

قوزغىلاڭچىلارنىڭ ۋەكىللىرى، مىڭبېشىلار موللا شەۋكەتنىڭ ئالدىغا توپ ـ توپ كىرىپ، ئەلاخاننىڭ ئۆزلىرى بىلمىگەن گۇناھىنى تىلىدى. بىراق ئاخۇنۇم ئۇلارنىڭ

پىكىرلىرىنى رەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ پەرمانىدا چىڭ تۇردى. خۇيزۇلارنىڭ چوڭلىرىدىن ياگۇر پالۋان باشلىق بىرقانچىلىرى كىرىپ ئەلاخاننى ئەمىرلىكتىن ئېلىۋېتەمەسلىكنى ئۆتۈندى. خۇيزۇ مۆتىۋەرلىرىمۇ ئاخۇنۇمنىڭ يېنىدىن ئاچچىق يۇتۇپ يېنىپ چىقتى.

— نېمىدېگەن زۇۋان ئۇقمايدىغان تەرسا ئادەم بۇ! — دېدى ئېگىز بويلۇق ياگۇر پالۋان موللا شەۋكەتنىڭ يېنىدىن يېنىپ چىقىۋېتىپ.

ئاسمان زەڭگەر رەڭدە، قۇياش ئۇنىڭ يۈزىگە نۇرىنى سېپىپ جۇلالاندۇرۇۋەتتى. تومۇز كۈنلىرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان، ئەتىگەندىن باشلاپلا ئىسسىق بولۇۋاتقان كۈنى ناشتىدىن كېيىن، غۇلجا شەھىرىنىڭ چوڭلىرىدىن جالالىدىن خەلپەم، مەنسۇر بەگ، بەيتۇللانىڭ ئىمامى مەشھۇر داموللام قاتارلىق ئوندىن كۆپ ئادەم ھاكىمبەگ مەھكىمىسىدىكى موللا شەۋكەتنىڭ ئىشخانىسىغا كەلدى.

ئاخۇنۇم ئاستىغا تولدۇرۇپ گىلەملەر سېلىنغان ھەشەمەتلىك ئىشخانىنىڭ كۈنپېتىش تۆرىدە، قوش قەۋەت كۆرپىدە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى شىرە ئۈستىدە قېلىن بىر كىتاب ئېچىقلىق تۇراتتى. ئېچىلغان ئىشىكتىن كىرىپ كېلىۋاتقان جالالىدىن خەلپەمنى كۆرگەن موللا شەۋكەت ئورنىدىن تۇرۇپ ئاپئاق ساقاللىق خىزىردەك قېرىغان مويسىپىتنىڭ ئالدىغا قول باغلاپ كەلدى. ئۇ جالالىدىن خەلپەم بىلەن قول ئېلىپ كۆرۈشۈپ، تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىدى، خەلپەمنى ئۆزى ئولتۇرغان تۆر تەرەپكە تەكلىپ قىلغان ئاخۇنۇم قالغانلارغا قاراپمۇ قويمىدى.

جالالىدىن خەلپەم بىلەن موللا شەۋكەت قاتار ئولتۇردى، قالغانلار سارايىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئورۇن ئالدى.

— ھەزرىتىم! — موللا شەۋكەت يوغان سەللىلىك بېشىنى

www.uyghurkitap.com

جالالىدىن خەلپەمگە بۇرىدى ، — بۇ ئىسسىقتا ئۆزلىرى نېمىگە ئاۋارە بولۇپ كەلگەندىلا ! ؟ ئادەملىرىدىن بىرىنى ئەۋەتىپ دېگەن بولسىلا بولاتتىغۇ ! ؟ — دېدى موللا شەۋكەت خەلپەمنىڭ شۇنچە كۆپ ئادەم بىلەن نېمىگە كەلگەنلىكىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغان بولسىمۇ ، بىلمەسكە سېلىپ .

— هەي !... ئۆزۈمنىڭ ئىشى بولسا ، ئالدىلىرىغا كەلمەيتتىم . ئەل ـ يۇرتنىڭ غېمى ئولتۇرغۇزمىدى ، — دەپ ئالدىرىماي سۆز باشلىدى ئاپئاق ساقىلى مەيدىسىگە چۈشكەن ، چىرايى نۇرانە خەلپەم ، ئۇنىڭ ئاپئاق قاشلىرى تېگىدىكى قاپقارا كۆزلىرىدىن نۇر چېچىلاتتى ، بۇغداي ئۆڭلۈك چىرايىدىنمۇ نۇر ياغاتتى ، — ئاڭلىسام كۆپ يۇرت چوڭلىرى ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقلىرى كېلىپ ئۆزلىرىگە دېگەن بولسىمۇ ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى رەت قىلىپ ، ئەلا پالۋاننى ئېلىپ قالماپتىلا ! ئەلا پالۋان بولمىسا ، سىلى كۈرەنى ئالالايتتىلىمۇ ؟ ! ئۇ غەلبىلىك ئۇرۇش قىلالايدىغان دانا ۋە باتۇر ئادەم ! ئۇنىڭدەك بىرىنىڭ يانلىرىدا بولغىنى بىلسىلە ، بەختلىرى ! تېخى سۈيدۈڭ ، قورغاسلار ئېلىنمىدى ، ئەلاخان سىلىگە يەنىلا كېرەك ! بىز سىلىگە ، شۇنداقلا ئەل ـ يۇرتقا كۆيۈنۈپ ، پالۋاننى ئۆز يانلىرىغا قايتۇرۇپ كەلسىلە ، دەپ كەلدۇق !...

— هەزرىتىم ، باشقا هەرقانداق تەلەپلىرى بولسا سۆزسىز ئورۇندايتتىم ، رەنجىمىسىلە ، ئەلاخاننى يېنىمغا قايتۇرۇپ كېلەلمەيمەن ، ئۇ كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزدى ، — دېدى موللا شەۋكەت خەلپەمدىن كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ ، شىرە ئۈستىدىكى كىتابقا قاراپ تۇرۇپ .

— پالۋان زادى نېمە گۇناھ ئۆتكۈزدى ؟

— ئۇنىڭ گۇناھىنى بىر ئۆزۈملا بىلىمەن !

— دېگىلى بولمايدىغان قانداق گۇناھتۇر ئۇ ؟

— رەنجىمىسىلە ، دەپ بېرەلمەيمەن !

جالالىدىن خەلپەم ئەقىللىق، كۆپنى كۆرگەن، كۆپ ئوقۇغان ئالىم ئادەم بولۇپ، موللا ناسىر ئەلەمدىن قالسىلا، ئىلىدا ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى. ئۇ موللا شەۋكەتنى ئوبدان چۈشىنەتتى. ئەلاخاننى ئەمىرلىكتىن چۈشۈرۈۋەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بىلەتتى. ئەلاخاندا نېمە گۇناھ بولسۇن! ؟ ئۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئالدىدا مېڭىپ جەڭ قىلىپ، كۈرەنى ئازاد قىلىشتا ئالاھىدە تۆھپە ياراتتى. نام - ئابرۇيى ئەل- يۇرت ئىچىگە باھار شامىلىدەك تارقىغان ئەمىر، ئىچى تار ئاخۇنۇمنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. ئەلاخان بولسىلا، ھازىرقى ئورنىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى بىلگەن موللا شەۋكەت، ئۇنى ئەمىرلىكتىن قالدۇردى. ئەل - يۇرتنى ئىشەندۇرگۇدەك گۇناھ ئارتالمايدىغانلىقىنى بىلگەن مەككار ئاخۇنۇم: «گۇناھىنى ئۆزۈم بىلىمەن» دەپ ئوچۇق بىرنېمە دېيىشكە پېتىنالمىدى.

— ئاخۇنۇم! — دېدى جالالىدىن خەلپەم موللا شەۋكەتكە بۇرۇلۇپ قاراپ، ئۇنىڭ قوي كۆزلىرىدىن سەممىيلىك نۇرى تۆكۈلەتتى، — ھەرقانداق بىر ئۇلۇغنىڭ يېنىدا دانا ۋە باتۇر ئادەملىرى بولمىسا، ئۇزۇنغىچە ھۆكۈم سۈرەلمەيدۇ. ئەقىللىق ۋە جەسۇر ياردەمچىلىرى بولغان ھاكىملار خاتىرجەم بولىدۇ. ئەلاخان سىلىگە ئەنە شۇنداق دانا ۋە قەيسەر ياردەمچى بولالايدۇ. ئەگەر ئەلاخاننى يانلىرىغا دەرھال قايتۇرۇپ كەلمىسىلە، ئەل - يۇرت سىلىدىن قول ئۈزىدۇ. سىلىنى ئۆزلىرىگە باش قىلغان ئەل - يۇرت، يەنە سىلىنى باش بولۇشتىنمۇ قالدۇرالايدۇ! بۇنىمۇ ئويلىسىلا! بىز سىلىنىڭ غەملىرىنى يەۋاتىمىز، ئەل - يۇرتنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالمىسۇن، دەۋاتىمىز!…

— مېنىڭدىن رەنجىسىلىمۇ مەيلى، ھەزرىتىم، ئامالىم يوق، ئەلانى قاشتىن ياندۇرۇپ كېلىپ، يەنە ئەمىر قىلالمايمەن! — دېدى موللا شەۋكەت ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ.

جالالىدىن ھەزرەتىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغان بىغەرەزنىڭ ئۆز سۆزلىرىنى ئاڭلايدىغانغا كۆزى يەتمىگەن باشقىلار ئېغىز ئاچمىدى. ئاخىرى جالالىدىن خەلپەم ئورنىدىن تۇردى. قالغانلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، موللا شەۋكەتنىڭ يېنىدىن ئاچچىق يۇتۇپ چىقىپ كەتتى…

*　　　　*

مەيلى سەن داڭقى چىققان باتۇر بول ياكى نام - شۆھرىتى قۇياش نۇرىدەك ئالەمگە تارقالغان دانا بول، سېنىڭدىن ئەلنىڭ كۆڭلى قالسا، بىر تىيىنگە ئەرزىمەيدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالىسەن! موللا شەۋكەت ئاخۇنۇم ئەنە شۇنداق بولدى.

مەيلى يۇرت چوڭلىرىنىڭ بولسۇن، مەيلى خەلقنىڭ بولسۇن موللا شەۋكەتتىن كۆڭلى قالدى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاچچىقى كەلدى. ئۇلار ئاخۇنۇمنى قوزغىلاڭنىڭ باشلىقلىقىدىن قالدۇرۇپ، ئەلاخان پالۋاننى ئورنىغا قويماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن توپ - توپ يۇرت كاتتىلىرى، خەلق ۋە قوزغىلاڭچىلار ئەلاخاننىڭ يۇرتى قاشقا قاراپ ئاتلاندى. پالۋاننىڭ يېزىسى چوڭلار، خەلق ۋە قوزغىلاڭچىلار تولۇپ كەتتى. ئۆي - ئۆيلەردە، باغۇ بوستان، دەل - دەرەخلەر سايىلىرىدە ئولتۇرغان ئادەملەر ئەلاخانغا ئۆز كۆڭۈللىرىنى ئېيتىشنىڭ ۋاقتىنى كۈتۈپ تۇراتتى. بۇ يەرگە سادىر پالۋانمۇ، موللا بىلال شائىرمۇ كەلدى.

سادىر پالۋان بىرقانچە ئادەملەر بىلەن ئەلاخاننىڭ ئۆيىگە كىردى. ئۇلار ئەلاخان بىلەن كۆرۈشۈپ، ھال - ئەھۋال سوراشتى. قاڭرۇق ئىشىك يېنىدا ئولتۇرغان ئەمىرگە قاراپ سۆز باشلىدى:

— ئۇكا! دۇنيادا ئەل - يۇرتنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ھۆرمىتىدىن ئۇلۇغ بەخت بولمايدۇ، خۇشاللىق بولمايدۇ! بۈگۈن خەلقنىڭ

كۆڭلى موللا شەۋكەتتىن قىلىپ، سىنى ئۆزلىرىگە باش قىلىۋېلىشنى خالىماقتا. سەھرايىڭغا كەلگەن خەلقنى كۆرۈۋاتقانسەن؟! ئۇلار ساڭا: «بىز سىزنى ئۆزىمىزگە باش قىلدۇق!» دەپ كۆڭلىنى ئىزھار قىلماقتا. ئۆز خەلقىنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئوغۇل، ئۆز خەلقىنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرمايدۇ. مەن سېنى: خەلقىنىڭ غېمىنى يەيدىغان خەلق ئوغلى! دەپ بىلىمەن. قېنى، تۇر ئورنۇڭدىن، سۆيۈملۈك خەلقىمىزنىڭ ئالدىغا چىقايلى! سەن ئۇلارغا ئۆز كۆڭلۈڭنى ئېيتقىن!...

قاڭرۇق ئەلاخاننى باشلاپ هويلا ئالدىغا چىقتى. دەرۋازا ئالدىغا توپلانغان خەلق خۇددى ئىلى دەرياسىدەك دولقۇنلايتتى.

ئادەملەر تەرەپ - تەرەپتىن ۋارقىرايتتى. تومۇز ئىسسىقىدا تەرلەپ - قىزىرىپ كەتكەن ئادەملەر كۆڭلەكلىرىنىڭ يېڭى بىلەن يۈز - كۆزلىرىنى ئېرتىپ توختىماي توۋلايتتى:

— ئەمدى بىزگە مولا شەۋكەتنىڭ كېرىكى يوق! بىزگە سىز باش بولسىڭىز بولدى، ئەلاخان!...

كۆزلىرى ياشقا تولغان ئەلاخان ئىككى قولىنى باغلاپ، خەلققە ئېگىلىپ سالام قىلدى.

— رەھمەت، رەھمەت! — دەيتتى هاياجانلانغان، لاچىنىنىڭ كۆزلىرىدەك كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئېقىۋاتقان پالۋان قىيىقاس — چۇقان كۆتۈرۈۋاتقان جانجىگەر قېرىنداشلىرىغا تىكىلىپ، — ماڭا بۇنچىلىك ئىشەنچ ۋە ھۆرمەت بىلدۈرگەنلىكىڭلاردىن تولىمۇ هاياجانلىنىپ، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. ئۆيدە سادىر ئاكام ماڭا: «مەن سېنى خەلقىنىڭ غېمىنى يەيدىغان خەلق ئوغلى، دەپ بىلىمەن، راستتىنلا سەن خەلقىنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئوغۇل بولساڭ، خەلقىنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرمايسەن!» دېگەنىدى. مەن سىلەرنىڭ سادىق ئوغلۇڭلار! سىلەر ئوتقا دېسەڭلار ئوتقا، سۇغا كىر دېسەڭلار سۇغا كىرىشكە تەييارمەن!...

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ سۆزى تېخى تۈگىمىگەنىدى . يۇگۇرۇپ كەلگەن ئادەملەر ئەلاخانىنى كۆتۈرۈۋالدى . ئۇلار كۆتۈرگەن پېتى ئۇزۇن كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە مىغىلداۋاتقان خەلقنىڭ ئىچىگە ئەكەلدى . خەلق پالۋاننى ئاسمانغا ئېتىپ ، ئۆزلىرىگە باش بولغانلىقىنى خېلىغىچە مۇبارەكلىدى...

تۈنجى ھاكىمبەگ مۇساگۇڭ سالدۇرغان ھاكىمبەگ مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدا قاشقا بارالمىغان خەلق دولقۇنلىناتتى . ھەر تەرەپتىن كۈلكە ـ چاقچاقلار ، چۇقانلار ياڭرايتتى . خىزىردەك چىرايى نۇرانە ، ئاپئاق ساقىلى مەيدىسىگە چۈشكەن جالالىدىن خەلپەم ، موللا مەشھۇر ئىمام باشلىق شەھەر چوڭلىرى ھەيۋەتلىك مەھكىمە دەرۋازىسىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە قاراپ تۇراتتى .

كۆيۈۋاتقان كۈن نامازدىگەرگە يېقىنلاپ ، بىلىنەر ـ بىلىنمەس سالقىن تارتىۋاتاتتى . دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپيۇرماقلىرى سالقىننى سەزگەندەك ، تۇيۇقسىز چۆچۈپ شىلدىرلاپ قوياتتى . ئاسمان بۇلۇتسىز بولۇپ ، كۆكۈچ رەڭدە جۇلالىناتتى .

ئادەملەر قىزىرىپ تەرلەپ كەتكەن بولسىمۇ ، يەڭ ۋە قولياغلىقلىرى بىلەن توختىماي يۈز ـ كۆزلىرىنى ئېرتىپ ، ئۆزئارا پاراڭلىشاتتى ، چاقچاقلىشىپ كۈلۈشەتتى . ئىلىنىڭ چاقچاق كۈلكىسىمۇ ئالاھىدە ، ئۇلار پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قاقاقلاپ كۈلەتتى . ئىككى ئىلىلىق بىر يەردە بولۇپ قالسىلا ، چاقچاقلىشىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان . ئۇلار ھەتتا قەبرىستانلىقتىمۇ چاقچاقلىشىپ ، ئەرۋاھلارنى كۈلدۈرۈۋېتىدىغۇ ؟ بولۇۋاتقان قىزىق چاقچاقلاردىن كۆتۈرۈلگەن كۈلكە ئوتلۇق ھاۋانى دولقۇنلاندۇرۇپ ، يىراق ـ يېقىنلارغا كېتەتتى .

«كېلىۋاتىدۇ !» دېگەن تۇيۇقسىز چىققان جاراڭلىق ئاۋاز ، چاقچاق ، كۈلكە ۋە پاراڭلارنى سۇ سەپكەندەك توختىتىپ ، ھەممە

كۆزلىرىنى مەھكىمە ئالدىدىكى چوڭ كوچىنىڭ كۇنچىقىش تەرىپىگە قاراتتى . راست ، ئۇلار كۇتۇۋاتقان ئەلاخانلار كېلىۋاتاتتى .

جالالىدىن خەلپەم ، موللا مەشھۇر ئىمام قاتارلىقلار ئادەملەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ ، يول ئۇستىگە چىقتى . ئادەملەر بۇ ھۆرمەتلىك چوڭلارغا باش ئېگىپ ، قول باغلاپ يول بەردى . ئەلاخان تېخى يېقىنلاپ كەلمەيلا ، قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ كېلىۋاتقان چىرايلىق ئېتىدىن چۈشۈپ ، ئېتىنى يېتىلەپ ماڭدى . ئۇنىڭ يېنىدىكىلەرمۇ ئاتلىرىدىن چۈشۈپ ، چۇلۇۋۇرىدىن يېتىلەپ ، ئەلاخاننىڭ كەينىدىن ئەگەشتى .

پالۋان يېتىپ كېلىپ ، ئېتىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تاشلاپ ، يۇگۈرۈپ دېگۈدەك جالالىدىن خەلپەمنىڭ ئالدىغا كەلدى ، ئۇ قول باغلاپ باش ئېگىپ سالام قىلىپ ، ھال ـ ئەھۋالىنى سورىدى ، دەرھال خەلپەمنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ قولتۇقىدىن يۆلىۋالدى .

— سېنىڭ ، ئوغلۇم ، باش بولغىنىڭ جاھان ئىش بولدى . موللا شەۋكەت دېگەن بىر بولمىغان ئادەم ئىكەن ! نۇرغۇنلىغان ئەل ـ يۇرتنىڭ چوڭلىرى ئالدىغا كىرىپ ، سېنى قاشتىن قايتۇرۇپ كېلىپ ئەمىر قىلىش ھەققىدە ئېيتسىمۇ ، جاھىللىق بىلەن ئۆز پەرمانىدا چىڭ تۇرىۋالدى . خەلق ئۇلۇغ ، ئاق ـ قارىنى ، ياخشى ـ ياماننى بىلىدۇ . ئاخىرى موللا شەۋكەتتىن كۆڭلى قالغان خەلق ، سېنىڭ قېشىڭغا كەتتى . مەنمۇ باراي دېۋىدىم ، بىراق ، قېرىلىق ئاتقا مىندۈرمىدى . سېنى قارشى ئالىمىز ! باش بولغانلىقىڭنى مۇبارەكلەيمىز !

جالالىدىن خەلپەمنىڭ سۆزلىرى ئەلاخاننى يەنە بىر قېتىم قاتتىق ھاياجانغا سالدى .

— رەھمەت ، ئاتا ! سىلىنىڭ ھازىر دېگەن سۆزلىرى ماڭا بىر ئۆمۈر ساۋاق بولىدىغان بولدى . راست ، خەلق ئۇلۇغ ، ئۇ ياخشى ـ ياماننى ، ئاق ـ قارىنى ئايرىۋالالايدىغان دانا !

ھەر تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن جاراڭلىق سادالار چوڭ كوچا ئاسمىنىدا ياڭرايتتى :

— ئەلاخاننىڭ قوزغىلاڭغا باش بولغانلىقىنى مۇبارەكلەيمىز !

— ياشىسۇن ئەلاخان !...

بىردىنلا سەلكىن شامال يۈگۈرۈپ ، دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى شىلدىرلاپ كەتتى...

* *

مولللا شەۋكەت قوزغىلاڭنىڭ باشلىنىشىدىن قالدۇرۇلۇپلا قالماي ، يەنە موڭغۇل ئاقسۆڭەك قوشۇنلىرىنىڭ توققۇزتاراغا يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ قوشۇن چىقارماي نەچچە يۈز توققۇزتاراللىقنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان گۇناھى ئۈچۈن سولاققا ئېلىندى . ئەلاخان ئەخمەتخان خوجىنى چاقىرتىپ كېلىپ : «ئەمدى سىز ، ئەي خوجام ، بىزگە دۇئا قىلىپ ، ئۆيىڭىزدە جىم يېتىڭ !» دەپ گۇناھىدىن ئۆتتى . ئەلاخاننىڭ سىڭار كۆزىنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈشى ، ئۆزى ئەمىرلىككە تەيىنلىگەن توختى ئاخۇننىڭ يۈزىدىن بولدى . ئەخمەتخان توختى ئاخۇنۇمغا تاغا بولاتتى . شۇنىڭ بىلەن سىڭار كۆز ئۆز يۇرتى چىغلىقمازارغا كەتتى .

قوزغىلاڭ جەريانىدا ئۇيغۇر ۋە خۇيزۇلار ئىتتىپاق بولدى . بىراق ، خۇيزۇلارنىڭ باشلىقى ياگۇر پالۋان ، پۈتۈن ئىلىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى بولۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ كېلەتتى . ئۇ ئۆز ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا سەۋەب تاپالماي ، ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقىنى بۇزالماي يۈرەتتى...

يۇلتۇز ۋە باشقا جايلاردىكى موڭغۇللار كۈرەنىڭ قوزغىلاڭچىلار قولىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، قاتتىق ھەسرەت چەكتى . ئۇلار : «دەرىخ ، ۋادەرىخ ! كېچىكى

قـۇرتلار بۆگۈن ئەجدىھا بولدى . ئەمدى بىزلەرنى دەم تارتىپ يۇتۇۋېتەرمۇ ؟ » دەپ قوزغىلاڭچىلاردىن قانداق قىساس ئېلىشىنىڭ كـويـىـغـا چۈشتى . بەزى موڭغۇللار : «ھازىر قوزغىلاڭچىلار سـۈيـدۈڭـنـى ئـېلىپ ، قورغاستا جەڭ قىلىۋاتىدۇ . سەھرا ـ كـەنـتلـەردە قـېـرىلار ، خوتۇن ـ قىزلار ۋە باللارلا قالدى . ساقلايدىغان چېرىكلىرىمۇ ئاز . بىز ئاتلىنىپ سەھرا ۋە كەنتلەرگە ھۇجۇم قىلساق ، مال ـ دۇنياغا ئىگە بولۇپلا قالماي ، خوتۇن ـ قىزلىرىنى تۇتقۇن قىلىپ كېلىمىز . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار داغى ھەسرەتتە قالىدۇ… » دېيىشتى . شۇنىڭ بىلەن ئاغىياز[①] ۋە باشقا جايلارنىڭ موڭغۇللىرى بىرلىشىپ ، سەھرا ـ كەنتلەرنى بۇلاشقا ئاتلاندى .

«تەكەس بىرلە كەلدى بۇ قالماقلار ،
قوشۇلدى مۇڭا نەچچە ئايماقلار…
كى بىر كۈن ئىدى ۋاقىت ھاممام بۇغ ؛
تەكەس ساريدىن چىقتى چاڭ بىرلە تۇغ…
كى غالجاتدا مۇغ سوقۇش ئەيلەدى ،
بۇغالجات ئېلى تەركى ھوش ئەيلەدى…
كى ئەربىرلە خاتون كى نەچچەند تەنان ،
شەھىد بولدى بۇ كەنت ئارا بەردى جان .
بۇ غالجاتنىڭ مالى ـ مەنالىن ئالىپ ،
ئاغاياسقا كەتتى بۇ موغلار يانىپ . »[②]

موڭغۇللارنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشىغا ئۇچرىغان كەتمەن ، ئاچاناقۇ ، غالجات ئېلىنىڭ ئامان قالغان چوڭلىرى ئەلاخانغا خەت يـېـزىـپ ، موڭغۇللارنىڭ ياۋۇزلۇقلىرىنى بايان قىلدى . يىگىلا

① ئاغىياز — موڭغۇلكۈرەدىكى جاي ئىسمى .
② «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 4 ـ سان 35 — 36 ـ بەتلەر .

سۈيدۈك ۋە قورغاسلارنى ئېلىپ كەلگەن پالۋان، بۇ خەتنى ئوقۇپ غەزىپىنى باسالماي قالدى. ئۇ شۇ زامان ئاغىياز موڭغۇللىرىغا قارشى قوشۇن تارتىش قارارىغا كەلدى. مېھرىدىن مىڭبېشى نۇرغۇن قوزغىلاڭچى قوشۇن بىلەن بېرىپ ئاغىياز موڭغۇللىرىنى باستۇرۇپ غەلىبە قىلىپ قايتتى.

يۇلتۇز ۋە باشقا جايلاردىكى موڭغۇللار ئاغىياز موڭغۇللىرىنىڭ تەقدىرىنى ئاڭلاپ، كېڭەش ئۆتكۈزدى: كۆكشۇن ئامبالنى باش قىلىپ، كۇنەسىنىڭ تۆمۈرلۈك دېگەن يېرىگە ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ قوشۇنلىرى يىغىلىپ، غۇلجىغا قاراپ ئاتلىنىدىغان بولدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئەلاخان ۋە ئەمىر توختى ئاخۇنلار قوشۇنلارنى باشلاپ، كېلىۋاتقان موڭغۇللارغا قارشى ئاتلاندى. ئۇلار سىنتايغا كېلىپ، بارگاھ قۇرۇشىغا، موڭغۇللاردىن مەكتۇپ كەلدى. ئەلاخان بۇ مەكتۇپنى ئوقۇپ ئولتۇرغان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ لاچىنىنىڭ كۆزلىرىدەك كۆزلىرى چاقناپ، چىرايى غەزەپتىن يالقۇن چاچتى.

موڭغۇللار خېتىدە: بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىز يامانىنىڭ يامىنى، بارسىلا سىلەرنى تارمار قىلىدۇ، ياخشىسى:

«كى ئالدىمغا تىزرەك كېلىپ يالبارىڭ،
كى ئالتۇن ـ كۈمۈش، ياخشى قىزلار بېرىڭ!»①

دېگەنلەرنى يازدى.

ئەلاخان بىلەن توختى ئەمىر قوزغىلاڭچى قوشۇنلارنى دەرھال ئاتلاندۇرۇپ موڭغۇللارغا ھۇجۇم قىلدى. جەڭ تولىمۇ كەسكىن

① «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 4 ـ سان 35 ـ، 36 ـ بەتلەر.

بولدى .

«كى باران سۈيىدەك بولۇپ ئاقتى قان ،
كى بىرنەچچە قالماق قۇتۇلدى ئاران .»①

قوزغىلاڭچى قوشۇنلار موڭغۇللارنى بىر كېچە ـ كۈندۈز قوغلاپ ، ئاخىرىدا غەلىبە قۇچۇپ قايتتى . بۇ جەڭگە ياگۇر پالۋان ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن قاتناشتى...

ئەلاخان ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىدا قوش قەۋەت كۆرپىدە ئولتۇرۇپ قانداقتۇر بىر ئىشنى ئويلاۋاتتى . ئۇنىڭ بېشىدا بېغىررەڭ مانچېستېر دوپپا ، ئۇچىسىدا چۇنچەن پەشمەت بولۇپ ، ئىككى مەڭزىدىن قان تېمىپ تۇراتتى ، چىرايلىق ياسالغان قاپقارا بۇرۇتىنىڭ ئىككى ئۇچى ئۇستىگە قايرىلىپ ، تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈنەتتى ، ئۇچلۇق ئېڭىكى پاكىز قىرىلغان بولۇپ ، قارا قاشلىرى تېگىدىكى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن خىيال چېچىلاتتى . شۇ چاغدا ئىشىكنى چېكىپ ياش مۇلازىم يىگىت كىرىپ ، تاپىسىدىلا قول باغلاپ تۇرۇپ ، ياگۇر پالۋاننىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى .

— كىرسۇن ! — دېدى ئەلاخان خىيالىنى توختىتىپ ، بېشىنى كۆتۈرۈپ .

مۇلازىم يىگىت چىقىپ كېتىپ ، هايال بولماي بېشىغا ئاق يىپەك دوپپا ، ئۇستىگە ئېتىكى تىزىغا كېلىدىغان قارا پەشمەت كىيگەن ، ئېگىز بويلۇق ، قاشلىرى ئىنچىكە ، كۆزلىرى يوغان ، ئىنچىكە بۇرۇتلۇق ، سىم ساقاللىق ياگۇر پالۋان ئىشىكتىنلا سالام قىلىپ كىرىپ كەلدى . ئەلاخان ئورنىدىن تۇرۇپ ، مېهمان

① «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 4 ـ سان 36 ـ بەت )

www.uyghurkitap.com

بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئىككىسى بىر - بىرىدىن ئۈزۈلدۈرمەي ھال - ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، ئـەلاخان خۇيزۇلارنىڭ پالۋىنىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار ئولتۇرغاندىن كېيىنمۇ يەنە تىنچلىق - ئامانلىق سوراشتى. گەرچە ياگۇر پالۋاننىڭ چىرايى ئوچۇق كۆرۈنسىمۇ، تېگىدە بىر سىرلىق رەنجىش كۆرۈنەتتى، ئۇنىڭ سۆزلىرىمۇ ئوچۇق - يورۇق چىقمۇاتقاندەك قىلسىمۇ، كۆڭۈل ئاغرىنىشى سېزىلەتتى.

— ھە ··· پالۋان، مۇبارەك قەدەملىرى بىز تەرەپكە يېتىپ قاپتىغۇ، بىرەر مۇھىم ئىش بارمىدى؟ — دېدى ئەلاخان ياگۇرغا خۇش چىراي قاراپ.

— ياق، ئالاھىدە مۇھىم ئىشىمۇ يوق، ئۆزۈم سالام بېرەي دەپ كەلدىم، — دېدى ياگۇر پالۋان سول كۆزىنى سەل - پەل قىسىپ.

ئىككىسى بىردەم تاغدىن - باغدىن سۆزلىشىپ ئولتۇردى. يـاگۇر ئاخىرى كۆڭلىدىكى گېپىنى دېيىشكە تەييارلىنىپ بىر قىسقا يۆتىلىۋالدى:

— ئەلاخان! بۇ قېتىمقى موڭغۇللارغا قارشى جەڭدە، بىز مـوڭـغۇللاردىن نۇرغۇن ئولجا ئالدۇق، شۇنداققۇ؟! — دېدى ياگۇر پالۋان ئەلاخانغا جىددىي تىكىلىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئەمدى بايىقى رەنجىش ۋە ئاغرىنىشلار ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەلاخان ياگۇر پالۋاننىڭ سۆزلىرىدىن ئەجەبلەنگەندەك ئۇنىڭغا قارىدى:

— ئـالـغـان ئـولجىمىز ئاز ئەمەس، بۇنى سورۇشتۇرۇپ قاپسىزغۇ، پالۋان؟ ···

— مېنىڭ لەشكەرلىرىم، بىزگە ئولجا ئاز تەگدى، دەپ، ئەلاخان، ئۆزلىرىدىن رەنجىۋاتىدۇ.

— ئـاز تـېـگـىپ قالغان بولسا، ياگۇر پالۋان، كېيىنى

تولدۇرۇپ بېرەي ! بۇ بىر كىچىك ئىش بىزنىڭ بىللە قان تۆكۈپ ، بىللە قۇربان بېرىپ ، بىللە جەڭ قىلىپ كەلگەن دوستلۇق مۇناسىۋىتىمىزگە زادىلا تەسىر يەتكۈزمىسۇن ! ئىناقلىق ، دوستۇم ، ھەممىدىن ئەلا ! مەن ھازىرلا خەزىنە بېگىنى چاقىراي ، سىلەر تەلەپ قىلغان نەرسىلەرنى تولۇقى بىلەن بەرسۇن !

ياگۇر پالۋان ئىشىنىڭ بۇنداق ئوڭۇشلۇق ھەل بولىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى . ئۇ : «پالۋان بىزنىڭ تەلەپ قىلغان نەرسىلىرىمىزنى ئاسانلىقچە بەرمەيدۇ ، نۇرغۇن تالاشلاردىن كېيىن بىر قىسمىنى بېرىشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپ كەلگەچكە ، ئەلاخاننىڭ كەڭ قورساقلىقىدىن ھەيران قېلىپ ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى . ئۇ ئىلى ۋادىسىنىڭ ھوقۇقىنى ئىگىلەش ئارزۇسىدا دەيدىغان سۆزلىرىنىمۇ دېيەلمەيدىغانلىقىغا قاتتىق ئەپسۇسلاندى .

— مەن ئۆزۈمنىڭ خەزىنىچى بېگىمنى ئەۋەتەي ، ئۇ سىزنىڭ خەزىنىچى بېگىڭىز بىلەن كېلىپ كۆرۈشسۇن !...

— بولىدۇ . مەن خەزىنىچى بېگىمىزگە ئېيتىپ قوياي !...

— خوش ، مەن قايتاي ! — دېدى ياگۇر پالۋان ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ ، — بىمەھەل كېلىپ ۋاقتىڭىزنى ئالدىم !

— چۈشمۇ بولۇپ قالاي دېدى ، ئۆيگە بېرىپ كېتىڭ ! — دېدى ئەلاخان ئورنىدىن تۇرۇپ ، ياگۇرنىڭ ئالدىغا كېلىپ .

— خۇدايىم بۇيرۇسا بىر كۈنى ئالاھىتەن كېلىپ مېھمان بولۇپ كېتىمەن !

— ئەمسە ، مەن سىزنى كۈتىمەن !

— بولدى ، تۇرۇپ قېلىڭ ، ئەلاخان .

پالۋان ياگۇرنى ئىشىككىچە كېلىپ ئۇزىتىپ قويدى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*　　　　*

يەنە بىر قىش ئۆتۈپ كەتتى .

«كۆنى يىل باشى كەلدى نەۋرۇز ئولۇپ ،
سەمەن زارلىق ئارا ئەفرۇز ئولۇپ .
چىمەن غۇنچەسى ئاچىلۇر چاغلادى ،
زەبان بۇلبۇلى سايراماق خاھلادى... »①

نورۇز ئۆتۈپ ، باھار ئەمدىلەتىن باشلىنىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، توختى ئاخۇن ئەمىر ئەلاخاننىڭ ئۆيىگە كەلدى .

قۇياش گويا بىر كۈنلۈك سەپىرىنى تۈگىتىپ ، ئۆز ئارامگاھىغا ئالدىراپ كىرىۋاتقان ، ئىككى چەتتىكى تاغلار ، داللار ۋە باغلار ، دەل - دەرەخ ، زېمىندىن يېڭىلا چىققان گىياھلار چوغ رەڭلىك ھال شەلپەر يېپىنىپ ، ئاجايىپ چىرايلىق بىر رەڭدە جۇلالىناتتى .

يېڭىلا مەھكىمىدىن كەلگەن ئەلاخان ئەمىرنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ ، ياسىداق مېھمانخانىغا باشلىدى . ئىككىسى ھال - ئەھۋال سورىشىپ ، ئۇياقتىن - بۇياقتىن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى . مۇلازىم يىگىت مىس ئاپتۇۋا بىلەن چىلاپچىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ ئۇلارنىڭ قوللىرىغا سۇ قۇيدى ، ئارقىدىن شىرە قويۇپ ، داستىخان سېلىپ ، بىر جانان تاۋاقتا ئۈستىگە قېزا ۋە سۇرلەنگەن گۆش بېسىلغان ، خۇشبۇي پۇرىقى تارقىلىپ تۇرغان پولۇنى كۆتۈرۈپ كىرىپ شىرەگە قويدى . زەنجىۋىل سېلىنغان پولۇ ئات مېيىدا قىلىنغان بولۇپ ، ئىنتايىن

---

① «غازات دەرمۈلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 - يىل 4 - سان 39 - بەت .

ئىسسىق ھېسابلىناتتى .

«ئەمىر ئالدىدا قويدى بۇ ئاشنى ،
يېدى كۆپ كۆتەرمەي ئەمىر باشنى .
بۇ ئاشنىڭ مىزاجى ئىدى كۆپ ئىسسىغ ،
ئەمىر تويغۇچە يەپ كېكەردى ساسىغ .»①

داستىخانلار يىغىلىپ ، مۇلازىم يىگىت يەنە قوللارغا سۇ ئالدى . ئەلاخان بىلەن توختى ئاخۇن قوللىرىنى پاكىز يۇيۇپ ، ئېغىزلىرىنى چايقاپ ، ئاچچىق دەملەنگەن چاينى ئىچىپ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشتى . ئۈچ شام يېنىۋاتقان چىرايلىق مىس شامدان شىرە ئۈستىدە خۇددى ئۈچ تال سېرىق گۈل چىلانغان گۈلدانغا ئوخشاپ تۇراتتى . ئەمىر دەيدىغان سۆزلىرىنى تۈگىتىپ ، ئەلاخان بىلەن خوشلىشىپ ئورنىدىن تۇردى .

«ئەمىر بولدى ئول دەم ئۆيىگە راۋان ،
شۇ كەم ئاغرىدى بولدى باشى گەران .»②

ئۇ ئۆيىگە كېلىپلا بولالمىدى . بېشى ئاجراپ كېتىدىغاندەك قاتتىق ئاغرىپ ، ئەمىرنى قاقشىتىۋەتتى . ئايالى ئاق لۆڭگىنى سوغۇق سۇغا چىلاپ پېشانىسىگە قويسىمۇ قىلچىلىك پايدىسى بولمىدى . توختى ئاخۇن گاھ قىزىپ ، گاھ مۇزلاپ ، ھېلىلا جېنى چىقىپ كېتىدىغاندەك ھالەتكە كېلىپ قالدى . ئۇ ئىڭراپ يېتىپ : ئەلاخان ماڭا زەھەر بېرىپتۇ ، دەپ ئويلاپ قاتتىق گۇمانلاندى .

---

①غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 39 ـ سادىن .»

② «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 4 ـ سان 39 ـ بەت .

كېچىلەپ كەلگەن تېۋىپلارنىڭ دورىسى سەھەرگە يېقىن توختى ئاخۇنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلتۈردى...

ئۇ چۈشكە يېقىن ئويغىنىپ، كىچە تارتقان ئازابىنى ئەسلىدى. توختى ئاخۇن ئۆزىنى ئەلاخاندىنمۇ ئەقىللىق ۋە باتۇر ھېسابلايتتى. بۇ ئوتتۇرا بويلۇق ئادەم ئەلاخان بىلەن دىمەتلىك بولۇپ، يېقىن دوستلاردىن ھېسابلىناتتى. ئەمىر ئۆزىگە كېلىدىغان ئامەتنى ئەلاخانغا كەلتۈرگەن قارىغۇ تەقدىردىن ئاغرىناتتى. بۇ خىيال كۆڭلىگە كەلسىلا، كۆڭلى غەش بولۇپ، چوڭقۇر ئۇھ تارتاتتى.

«بەلكىم، مېنىڭ ئويۇمنى ئەلاخان بىلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. مەن بەزى گەپ - سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىمدە سەزدۇرۇپ قويغان بولۇشۇم ئېھتىمالغا يېقىن. شۇڭلاشقا ئۇ، ماڭا زەھەر بېرىپ، مېنى كۆزدىن يوقاتماق بولغان...» دېگەنلەرنى ئويلىغان ئەمىر، ئەخمەتخان خوجىنى ئەسلەپ قالدى.

سىگار كۆز توختى ئاخۇننىڭ ئانىسىنىڭ ئىنىسى بولۇپ، بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا ئورنىدىكى ئاتىسىمۇ ھېسابلىناتتى. ئۇ تاغىسىغا مەكتۇپ يېزىپ ئەلاخاننىڭ ئۆزىگە زەھەر بەرگەنلىكىنى ئېيتماقچى بولدى...

ئەمىرنىڭ مەكتۇپى قولىغا تېگىشى بىلەنلا خوجا تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ: «ئەلاخان توختى ئاخۇنغا زەھەر بېرىپتۇ...» دېگەن گەپنى تارقىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل جىم ياتقان ئەخمەتخان يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ، چىغلىقمازار، ئارائۆستەڭ ۋە قاشلاردىن بىر تۈركۈم بۆك ئال دېسە باش كېسىدىغانلارنى يىغىپ شەھەرگە ئاتلاندى.

ئۇ ئۆز ئادەملىرى بىلەن كۆز باغلانغاندا شەھەرگە كىلىپ، سېپىلنىڭ سۇ دەرۋازىسىدىن كىردى. ئۇ ئالدى بىلەن موللا شەۋكەت ئاخۇنۇمنى سولاقخانىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش ئويىغا

كېلىپ ، موللا ناسىر ئەلەم ياتقان سولاقخانا ئالدىغا كەلدى . ئۇ ئادەملىرى بىلەن ئىچىدىن ئېتىلگەن سولاقخانا دەرۋازىسىنى چېقىپ كىرىپ ، قىزىل قىيامەت قىلىۋەتتى . كېچىدە قارايدىغان گۇندىپاي ۋە قاراۋۇللارنىڭ كۆپىنى ئۆلتۈرۈپ ، موللا شەۋكەتنى قۇتۇلدۇردى . قىزىل يۇزى سارغايغان ، قويۇق بۇرۇت ـ ساقىلى ئۆسۈپ تېخىمۇ چاڭگىلاشقان ئاخۇنۇمنى باغرىغا باسقان سىڭار كۆز ، بۇ يەردىن چىقىپ ئادەملىرى بىلەن بىللە هاكىمبەگ مەهكىمىسىگە يول ئالدى .

ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى . يېڭىلا يېغىپ ئۆتكەن يامغۇر ئەمدىلەتىن قۇرۇغان يوللارنى خېلىلا پاتقاقلاشتۇرۇپ ، ئاتلارنىڭ ئايىغىدىن لاي چاچرىتاتتى . خوجىلار كەلگەندە ، مەهكىمە دەرۋازىسى ئالىلىقاچان تاقىلىپ ، ئەلاخان ۋە باشقا ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى ئۆيلىرىگە كېتىپ ، بۇ هەشەمەتلىك هويلىدا ئېغىر جىمجىتلىق هۆكۈم سۈرەتتى .

— ئاخۇنۇم ، — دېدى خوجا يېنىدا تۇرغان موللا شەۋكەتكە قاراپ ، — ئەلاخاننىڭ ئۆيىگە بارايلى . ئۇنىڭ ئۆيىدە بولسا ئىككى ـ ئۈچ قاراۋۇل ـ مۇهاپىزەتچىلىرى باردۇر ؟ ! هازىر ئۇنىڭ هارام جېنىنى ئالىدىغان ئەڭ ياخشى پەيت . سىلى قانداق قارايدىلا ! ؟

— بولىدۇ ، خوجام ! — دېدى موللا شەۋكەت ئېگىز بويلۇق سىڭار كۆزگە چاڭگا بۇرۇت ـ ساقاللىق ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ قاراپ .

— قېنى ، يىگىتلەر ، ئېتىمىزنىڭ بېشىنى ئۇردا مەهەللىسىگە بۇرايلى...

قىيقاس — چۇقان بىلەن بىر توپ هەددىدىن ئاشقان هۇررەكلەر قاراڭغۇ كېچىدە ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ئەلاخاننى ئۆز ئۆيىدە ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ماڭدى .

*　　　*

ئوتتۇرىدىكى شىرەدە ئۈچ شام يېقىلغان مىس شامدان تۇراتتى . ئەلاخان تامىقىنى يەپ بولۇپ ، ئايالى ۋە باللىرى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى . شۇ چاغدا ئىشىكتىن كۆزلىرى چىقىپ كېتەي دەپ قالغان مۇلازىم يىگىت ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كىرىپ كەلدى .

— ئۆزلىرىنى ، — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ ، — بېگىم ، ئەخمەتخان خوجام بىر توپ ئادەملەر بىلەن ئۆلتۈرگىلى كېلىۋېتىپتۇدەك ، دەرھال بىر يەرگە يوشۇرۇنغان بولسىلا !

— سىڭار كۆز مېنى ئۆلتۈرگىلى كېلىۋېتىپتۇمۇ ؟ ! ياخشى ، كەلسۇن ! قانچىلىك ئادىمى باردەك ؟

— بىلەلمىدىم . بىرەيلەن كېلىپ ، خوجىنىڭ ھاكىمبەگ مەھكىمىسىگە بېرىپ ، سىلىنى ئۇ يەردىن تاپالماي ، ئۆيلىرىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى .

ئەلاخان ئورنىدىن تۇردى .

— سەن چىقىپ ، ھويلىنىڭ دەرۋازىسىنى تاقىۋەتكىن . ھويلىدىكى مۇھاپىزەتچىلەر ۋە بارلىق ئەركەكلەرنى بىر يەرگە يىغقىن ، مەن ھازىرلا چىقىمەن .

ئۇ رەڭگىرويى ئۆڭگەن ئايالى ۋە قورقۇپ يىغلىشىۋاتقان ئوغۇل - قىزلىرىغا قاراپ ئاغزىنى ئاچتى :

— قورقماڭلار ، ئاتاڭلارغا ھېچنېمە بولمايدۇ . مەن دېگەن ئىككى تۈگمەن تېشىنىڭ ئارىسىدىن پۈتۈن چىققان ئادەم ! ئىشىك - دېرىزىلەرنى مەھكەم ئېتىپ ، مەن كەلمىگۈچە ھەرقانداق ئادەمگە ئېچىپ بەرمەڭلار ! — ئۇ كىچىك ئوغلىنىڭ ماڭلىيىغا سۆيۈپ ، قىلىچى ئېسىقلىق تۇرغان قوزۇققا قاراپ ماڭدى . ئۇ تېرە بەلۋاغنى بېلىگە باغلاپ ، خېلىدىن بېرى تۇتمىغان قىلىچىنىڭ سېپىنى تۇتۇپ قويدى…

ئۇ ئۆيدىن چىققاندا تۇپەك مىلتىق ۋە ئارا ـ گۇرجەكلەرنى تۇتقان بەش- ئالتە ئادەم پېشايۋاننىڭ يېنىدا تۇراتتى . پالۋان پېشايۋاندىن چۇشۇپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى .

— سەن ، — دېدى ئۇ ، يېنىغا قىلىچ ئاسقان قەددى ـ قامەتلىك مۇھاپىزەتچىسىگە قاراپ ، — دەرھال بېرىپ مەھكىمىنىڭ مۇھاپىزەتچى قوشۇنىنى باشلاپ كەلگىن !

— خوپ ! — دېدى ـ دە ، مۇھاپىزەتچى ئېغىلغا كىرىپ ، بىر ئاتقا توقۇم سېلىپلا مىنىپ ، مۇلازىم يىگىت ئېچىپ تۇرغان دەرۋازىدىن قۇيۇندەك چىقىپ كەتتى .

— سىلەر كۆزلەر كۆپ بولسا ، يىگىرمە ـ ئوتتۇزدۇر ، بىز ئۇلارنى ھويلىغا كىرگۈزمەي كوچىدىلا تۇتۇپ تۇرساق ، مۇھاپىزەتچى قوشۇن يېتىپ كېلىدۇ . ئۇ چاغدا بىرىنىمۇ قاچۇرماي ، ھەممىنى تۇتۇۋالىمىز !...

كۆپ ئۆتمەي ئەخمەتخانلار ئەلاخاننىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كېلىپ توختىدى . ئۇلارنىڭ قىيقاس ـ چۇقانلىرى بۇ شەھەر ئىچى مەھەللىسىنى ياڭرىتىپ ، كېچىنى چۆچۈتۈۋەتتى . قارىيىپ كۆرۈنگەن ئاسمان گۇمبىزىدە سان ـ ساناقسىز يورۇق يۇلتۇزلار ئالتۇن كىرپىكلىرىنى قېقىپ چاقنايتتى . شەھەرنىڭ شىمالىدىكى تاغلاردىن ئۇچۇپ كەلگەن بەھۇزۇر شامال دەل ـ دەرەخلەرنىڭ بىخلانغان شاخلىرىنى ئاستا سىلكىپ قېچىپ كېتەتتى .

ئەلاخان قىلىچىنى سۇغۇرۇۋېلىپ ، يوغان ئاق دەرۋازىنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى . قالغان ئادەملىرىمۇ ھويلىنىڭ كوچا تېمى يېنىغا بېرىپ ، قولىدىكى قوراللىرىنى چىڭ تۇتقان ھالدا ، كەلگەنلەر تامدىن چۈشۈشى مۇمكىن ، دېگەندەك قاراپ تۇردى .

— دەرۋازىنى سۇندۇرۇپ ئېچىڭلار ! — دېگەن خوجىنىڭ بوم ئاۋازى ئاڭلاندى . بىر قانچە ئادەم تەڭلا كېلىپ دەرۋازىغا

ئۇرۇلدى . لېكىن يوغان لىم تىرەپ قويۇلغان دەرۋازىنى ئاچالمىدى .

— دەرۋازىنىڭ كەينىگە لىملار تىرەپ قويۇلغاندەك قىلىدۇ ! — دەپ بىردەك چۇرقىرىشىپ كەتتى دەرۋازىغا ئۆزلىرىنى يېنىچە ئۇرغانلار .

— تۆپەك مىلتىق بىلەن ئېتىڭلار ! بىرەر يېرى سۇنسا ، ئاندىن كېڭەيتىپ سۇندۇرۇۋەتكىلى بولىدۇ ! — دېدى يەنە سىڭار كۆز . كەينى - كەينىدىن ئېتىلغان تۆپەك مىلتىقنىڭ ئوقلىرى دەرۋازىنىڭ قانىتىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى . ئويماقتەك تېشىلگەن تۆشۈكلەرنى كېڭەيتىپ ، دەرۋازىنى سۇندۇرغىلى زادىلا بولمايتتى .

— بىرلا يول ، تامدىن ئارتىلىپ هويلىغا چۈشەيلى ! — دېدى قاراپ تۇرغان بىرەيلەن ۋارقىراپ .

— بولىدىغان ئەقىل ! قېنى ، باتۇرلىرىم ، تامغا چىقىڭلار ! — ۋارقىرىدى خوجا بار ئاۋازى بىلەن . ئۇنىڭ ئاۋازىدىن تازا تىتىر تىت بولۇۋاتقانلىقى بىلىنەتتى .

بىرقانچىسى تامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئېگىشىپ تۇردى ، يەنە بىرقانچىسى ئېگىشىپ تۇرغانلارنىڭ دۈمبىسىگە چىقىپ ، تامغا ئېسىلدى . تام تۆپىسىگە چىققان بىرىنچى كىشى هويلا ئىچىگە قاراشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى . ئېتىلغان تۆپەك مىلتىقنىڭ ئوقى ئۇنى «ۋاي !» دەپ چىرقىرىتىپ كوچا تەرەپكە ئۇچۇرۇپ چۈشۈرۈۋەتتى .

— چىقىڭلار ! هەممىڭلار يوپۇرۇلۇپ تامغا چىقىڭلار ! ... مېنىڭ گېپىم گەپ : بۇ قېتىم ئەلاخاننى ئۆلتۈرۈشكە قاتناشقان هەرقانداق ئادەمنى ، مەيلى ئۇ ئۆلسۇن ، ياكى تىرىك قالسۇن . ئون قوي بىلەن تارتۇقلايمەن ! بولدى ، يەنە بەش قوي قوشۇپ بېرەي ، تامغا چىقىڭلار ! هويلىدا كۆپ بولسا تۆت - بەش ئادەم

باردۇر ، بىز دېگەن ئوتتۇز ئادەم! باتۇرلىرىم ، ئاللا بىزگە مەدەتكار ، قېنى شىرلاردەك ھۆركىرەپ تامغا چىقىڭلار! توختى ئەمىرنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئەلاخاننى تۇتۇپ ، ئۇنىڭ بېشىنى كېسىۋالايلى! توختى ئەمىر ئەلانىڭ بېشىنى كۆرۈپ شادلانسۇن!

تامنىڭ بۇ تەرىپىدە ، دەرۋازىنىڭ يېنىدا تۇرغان ئەلاخان مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى . ئۇ توختى ئەمىرنىڭ تارقاتقان ئىغۋاسىدىن تولۇق خەۋەر تېپىپ ، ھەيران بولۇپ يۈرەتتى .

«مەن توختى ئاخۇن بىلەن قىيامەتلىك دوست تۇرۇپ ، ئۇنىڭغا زەھەر بېرىدىغان قارا نىيەتلەردىن ئەمەسمەن . بىزنىڭ ئۆيدە يېگەن ئات مېيىدا ئېتىلگەن ، ئات گۆشى بېسىلغان پولۇ ئىسسىق كېلىپ ئاغرىپ قالسا ، توختى ئەمىر ئەلاخان ماڭا زەھەر بەردى ، دەپ خەلقئالەمگە گەپ تارقىتىپتۇ . ئەسلىدە قارا نىيەت توختى ئاخۇننىڭ ئۆزىكەن! ئۇ كۆرۈنۈشتە مېنىڭ قوزغىلاڭغا باش بولغانلىقىمدىن خۇشال بولغاندەك بولسىمۇ ، ئەسلىدە ئىچى ئۆرتىنىپ يۈرۈپتىكەن - دە!...»

«راست ، ئۆزىنىڭ شېكەر مەنپەئىتىنى ‹ئۇلۇغ› ئىززەت - ئابرۇيى ۋە ‹بۈيۈك› شان - شۆھرىتى بىلەن ئىنچىكە ۋە ئەتراپلىق ھېسابلىشىدىغان ئادەملەرنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ . ئۇلار ھەتتا ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن بەرگەن تۇز - تائامىڭدىن قۇسۇر تېپىپ ، ئۈستۈڭدىن ئەڭ ئىپلاس ئىغۋالارنى تارقىتىدۇ . ئۆزلىرى ئەل - يۇرت غېمىدە كۆيەلمەيدىغان بۇ لەنىتىلەر ، ئۆزىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ، ئىززەت - ئابرۇي قازىنىۋاتقان ، شان - شۆھرەتكە بۆلىنىۋاتقان ئادەملەرنى زادىلا كۆرەلمەيدۇ . بۇنداق ئىچى قارىلار قىيامەتلىك دوستى ، بىللە ئويناپ ، بىللە ئۆسكەن ، بىر نانىنى تەڭ يېگەن ، بىللە ئوقۇغان ، قايغۇ - ھەسرەتنى تەڭ تارتىپ بەزمىلەردە بىللە كۈلگەن ئاغىنىسى

بولسمۇ ، يۈزىنى داپتەك قىلىپ ھەرقانداق ئىپلاس تۆھمەتلەرنى توقۇشتىن زادىلا يانمايدۇ . بۇنداق دەردنى مەنمۇ تارتقانلىقىمدىن، بۇ جەھەتتىكى ھېسسىياتىم رېئال ۋە چوڭقۇر ! ئاھ ، قاچان گۆلدەك ئېچىلغان قېرىنداشىمىزنى پايپېشىل يوپۇرماق بولۇپ تېخىمۇ گۈزەل كۆرسىتىدىغان بولارمىز ؟ !… شۇنداق كۈن كەلگەندە ، ئۇيغۇرلار چوقۇم دۇنيانىڭ ئالدىغا ئۆتەلەيدۇ ! »

سىڭار كۆزنىڭ ھۆررەكلىرى تامدىن ئارتىلىپ ھويلىغا چۈشتى . ھويلا ئىچىدە جەڭ باشلىنىپ كەتتى . ئەلاخان خېلىدىن بېرى قىلىچ ئويناتماي ، جەڭنى سېغىنىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى . ئۇنىڭ لاچىنىنىڭ كۆزلىرىدەك كۆزلىرى چاقناپ ، يولۋاستەك ھۆركىرەپ ، ئۇ ئۆزىگە ئېتىلىپ كەلگەنلەرنى بىر - بىرلەپ قىلىچىدىن ئۆتكۈزۈپ ، دوزاخقا چىرايلىق ئۇزىتاتتى .

خوجىنىڭ ھويلىغا چۈشكەن ئادەملىرىنىڭ بىرى يۈگۈرۈپ بېرىپ ، دەرۋازىغا تىرەپ قويۇلغان لىمنى ئېلىۋېتىپ ، دەرۋازىنى ئۇلۇغ ئېچىۋەتتى . ئەخمەتخان باشلىق كوچىدىكى مۇتتەھەملەر ھويلىغا قىيقاس - چۇقان بىلەن كىرىپ كەلدى . جەڭ تېخىمۇ جىددىيلىشىپ ، ئۇر - چاپ قىزىپ كەتتى .

بىر چاغدا قوللىرىغا ئارا - گۈرجەك ، تاياق - توقماق تۇتقان ئادەملەر ئوچۇق دەرۋازىدىن قىيقاس - چۇقان بىلەن كىرىپ كەلدى . ئۇلار ھويلىغا ئېتىلىپ كىرىپ ، خوجا ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىگە تاشلاندى . كىرگەنلەر قىرىق — ئەللىككە يېتەتتى . ھەممىسى ئەلاخاننىڭ يېقىن ئەتراپىتىكى قولۇم - قوشنىلىرى بولۇپ ، ۋەقەدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ، بىر - بىرىنى چاقىرىشىپ ، قوللىرىغا ئۇچرىغان نەرسىنى ئېلىپ ، پالۋاننى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن يېتىپ كەلگەندى .

سىڭار كۆز ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ ، ئاستا قويرۇقىنى تىكمۇۋېتىشنىڭ كويىغا چۈشتى . ئۇ ئاستا - ئاستا

دەرۋازا تەرەپكە قاراپ مېڭىپ، دەرۋازىدىن غىپپىدە چىقىپ كەتتى. ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ تېرەككە باغلاپ قويغان ئېتىنى يېشىپ مىنەي دېيىشىگە، يوغان سۇۋادانىڭ كەينىدىن چىققان موللا شەۋكەت:

— توختىسىلا! مېنىمۇ بىللە ئەكەتسىلە! — دەپ يۈگۈرۈپ كەلدى.

— ئاۋۇ باغلاقلىق ئاتلاردىن بىرىگە مىنسىلە، ئاخۇنۇم! — دېدى ئات ئۈستىگە چىقىپ بولغان سىڭار كۆز پىچىرلاپ سۆزلەپ، موللا شەۋكەت دەرەخلەرگە باغلانغان ئاتلاردىن بىرىنى يېشىپ مىندى. ئىككىسى «چۇھ» دەپ، ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بىر يان كوچىغا بۇرىدى. خوجا بىلەن ئاخۇنۇم سېپىلنىڭ دەڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ، كۈنچىقىشقا قاراپ يول ئالدى. ئۇلار سېپىلدىن چىقىپ ئانچە ئۇزىمايلا، كەينىدىن چىققان «توختاڭلار!» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىدى. ئەخمەتخان بىلەن موللا شەۋكەت تەڭلا كەينىگە بېشىنى بۇراپ قارىدى. ئون نەچچە ئاتلىق مۇھاپىزەتچى قوشۇننىڭ چېرىكلىرى ئاتلىرىنى بولۇشىچە چاپتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.

— ئاخۇنۇم، ئىش چاتاق، ئاتلىرىغا قامچا ئۇرسىلا، تۇڭگان مەسچىتىگە يېتىۋالايلى!...

ئىككىسى تۇڭگان مەسچىتى ئالدىغا كېلىپ، ئاتلىرىدىن چۈشۈپ دەرۋازىنى ئۇردى. ھايال بولماي بىر ئادەم چىقىپ، ئىككىسىنى مەسچىتنىڭ ئىچىگە باشلاپ ماڭدى. كەينىدىن كەلگەن مۇھاپىزەتچى قوشۇننىڭ چېرىكلىرى دەرۋازىنى ھەرقانچە ئۇرۇپمۇ ئاچقۇزالماي يېنىپ كەتتى.

ھويلىدىكى جەڭ مۇھاپىزەتچى قوشۇن يېتىپ كەلمەيلا ئاخىرلىشىپ، سىڭار كۆزنىڭ ئادەملىرىدىن ئۆلگىنى ئۆلۈپ، تىرىك قالغانلىرى تەسلىم بولدى.

ئەتىسى ئەلاخان ئادەم ئەۋەتىپ ياگۇر پالۋاندىن موللا شەۋكەت بىلەن ئەخمەتخاننى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، لېكىن ياگۇر تاپشۇرۇپ بەرمىدى.

«بۇ ئىكەۋنى سۈيدۈڭگە قىلدى راۋان،
كى سۈيدۈڭدە تۇردى كى نەچچەند زامان.»①

*　　　　*

توختى ئاخۇننىڭ شەھەردە تۇرۇۋېرىشكە ئىمكانىيىتى قالمىدى. ئۇنىڭ تارقاتقان ئىغۋاسى، تاغىسى ئەخمەتخاننىڭ قىلغىنى سىبىسىق چاۋىدەك چىتقا يېيىلىپ خەلقئالەمگە پۇر كەتتى، ئۇ يان ئويلىنىپ، بۇيان ئويلىنىپ ئارائۆستەڭگە بېرىپ شەمشىدىن خەلپەمنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلىپ، ئۆزىنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتماقچى بولدى.

«خىيال قىلدى خەلفەم قاشىغا باراي،
ئۆلۈمدىن قۇتۇلماققا تەدبىر قىلاي.»②

ئەمىر شۇنداق قارارغا كېلىپ، بىر كۈنى تاڭ يورۇ - يورۇمايلا ئېتىغا مىنىپ، غۇلجا شەھىرىدىن ھېچكىمگە كۆرۈنمەي غىپپىدە چىقىپ كەتتى. ئۇ يولدىكى سەھرالاردىمۇ توختىماي مېڭىپ، ئارائۆستەڭگە يول ئالدى.

كۈنلەر خېلىلا ئىسسىپ، يەر - جاھانمۇ خېلىلا كۆكىرىپ

① ② «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 - يىل 4 - سان 39 - بەت.
② «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن، شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى ژۇرنىلى 1995 - يىل 4 - سان 40 - بەت.

قالدى . تېرەكلەر پوتلا تاشلاپ ، «بوۋاق» يوپۇرماقلارنى چىقاردى . دالىلار ۋە سەھرالار كۆندىن ـ كۈنگە گۈزەللىشىپ كېتىۋاتاتتى . دېھقانلار ئۆز يەرلىرىدە يازغى تېرىلغۇلىرىنى ئاياغلاشتۇرۇپ قالاي دېدى . ئالدى كۆزگى بوغداي پەرۋىشكە كىرىشتى . خۇشال ۋە جاراڭلىق ناخشىلار باھار كۆلۈۋاتقان زېمىننىڭ ھەممىلا يېرىدە ياڭرايتتى . كېچىكى ھوسۇل ۋە ئالۋانلاردىن قۇتۇلغان دېھقانلارنىڭ يۈرەكلىرى يايراپ ناخشىلىرى باي ـ باياشات ۋە كۆڭۈللۈك تۇرمۇش يارىتىش ئارزۇ ـ ئارمانلىرى قايناپتتى .

ئەمىر چۈشكە يېقىن ئارائۆستەڭگە يېتىپ كەلدى . توپا چىققان سەھرا كوچىلىرىدا ئويناپ يۈرگەن بىرەر ـ يېرىم ئۇششاق بالىلارنى ، سايىداپ ئولتۇرغان ئاپئاق ساقاللىق بوۋاي ، ئاپئاق چاچلىق مومايلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئەمگەك كۈچى بار ئەر ـ ئاياللار كۆرۈنمەيتتى ، دېھقانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئېتىزلارغا كۆچۈپ چىقىپ كەتكەندەك قىلاتتى .

توختى ئاخۇن شەمشىدىن خەلپەمنىڭ ھويلىسى ئالدىغا كېلىپ ، ئېتىدىن چۈشۈپ دەرۋازىنى قولىدىكى قامچىسىنىڭ سېپى بىلەن ئۇردى . كۆپ ئۆتمەي ئوتتۇرا بويلۇق بىر يىگىت چىقىپ سالام قىلدى .

— خەلپەم بارمۇ ؟ — دېدى توختى ئاخۇن يىگىتكە قاراپ .

— بار .

— سىلى بىلەن كۆرۈشكىلى توختى ئاخۇن دېگەن بىر ئادەم كەپتۇ ، دەڭ ! — دېدى ، بۇنىڭدىن بورۇن كەلگەنلىرىدە دەرۋازىنى ئېچىپلا كىرىپ كېتىدىغان ئەمىر ، بۇ قېتىم ئۇنداق كىرىشتىن ئەيمىنىپ ، يىگىتكە يېلىنغاندەك بىچارە قىياپەتتە تىكىلىپ .

يىگىت كىرىپ كېتىپ ھايال بولماي يېنىپ چىقتى .

— شەمشىدىن خەلپەم ، كىرسۇن ! دېدى ، — ئۇ ئەمىرنىڭ قولىدىن ئاتىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى ئېلىپ ، ھويلىغا قاراپ ماڭدى. توختى ئاخۇن بىرەر چاتاق تېرىپ قويۇپ دادىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ كېتىۋاتقان بالىدەك قورقۇپ يول ئالدى . يىگىت ئەمىرنىڭ ئېتىنى ھويلىنىڭ جەنۇبىدىكى ئېغىلغا باغلىغىلى ئەكىرىپ كەتتى . توختى ئاخۇن پېشايۋانغا ئاستا چىقىپ ، بىر قانىتى ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن ئىچىگە كىردى .

قوش قەۋەت كۆرپىدە تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرغان شەمشىدىن خەلپەم توختى ئاخۇننى سوغۇقلا قارشى ئالدى . ئۇ ئەمىرنىڭ بەرگەن سالىمىغا تىلىنىڭ ئۇچىدىلا جاۋاب بەردى . پېشانىسى كەڭ ، قاشلىرى قويۇق ، ئورا كۆز ، ساقال ـ بۇرۇتى چىرايلىق ياسالغان خەلپەم بېشىنى كۆتۈرۈپ توختى ئاخۇنغا قاراپمۇ قويمىدى .

— ئولتۇر ! — دېدى خەلپەم تەسۋىسىنى توختاتماي سىيرىپ ، — قاياقتىن كېلىشىڭ ؟

— شەھەردىن ، — دېدى شەمشىدىن خەلپەمنىڭ قارشى تەرىپىدىكى تامغا بېرىپ ئولتۇرغان ئەمىر .

— شەھەردە تۇرالمايسەن ـ دە ! سېنىڭ شەھەردە تۇرغۇدەك سالاھىيىتىڭ ۋە يۈزۈڭمۇ قالمىدى . مېنى سەھرالىقلار كۈتۈۋالىدۇ ، دەپ ئەمدى بۇياققا چىقتىڭمۇ ؟ ! كەچتە مەسچىتكە چىقىپ بۇلاقبېشىدىكىلەرنىڭ سەن توغرۇلۇق نېمە دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باققىنە ! ئۇلار سېنى : «ئىچى قوتۇر ، كۆڭلى قارا ئادەم ئىكەن !» دەۋاتىدۇ…

توختى ئاخۇن ئۆمىلەپ كېلىپ خەلپەمنىڭ ئالدىدا تىزلاندى ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاقاتتى . بۇ ياش مەككارلارنىڭ رىڭگىدەك ئادەم ئالدايدىغان ياش بولۇپ ، بەزىدە ساددا ، ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنى ئالداپ كېتەتتى . كۆپنى كۆرگەن ، بېشىدىن

تالاي ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتكەن بۇ مويسىپىت ئەمىرنىڭ كۆز يېشىغا پەرۋامۇ قىلمىدى ، تۇرۇلگەن قاپىقىنىمۇ ئاچمىدى .
— مېنىڭدە تېرىقچىلىك گۇناھ يوق . ھەممىنى قىلغان تاغام ئەخمەتخان خوجا ! ئۇ ئەلاخاننىڭ ئۆيىدىن يېنىپ كېلىپ ئاغرىپ قالغانلىقىمنى ئاڭلاپ ، ئەلاخان ئەمىرگە زەھەر بېرىپتۇ ، دەپ سۆز تارقىتىپتۇ ، ئارقىدىنلا ئادەم توپلاپ ئەلاخاننى ئۆلتۈرۈشكە ئاتلىنىپ شەھەرگە كەپتۇ . سولاقخانىدىن موللا شەۋكەت ئاخۇنۇمنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ ، ئەلاخاننى ئۆلتۈرگىلى ئادەملىرى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ . مەھەللىدىكى ئەل ـ جامائەت ۋە مۇھاپىزەتچى قوشۇنلار كېلىپ ، ئۇلارنى سۈر ـ توقاي قىپتۇ . ئاخۇنۇم بىلەن تاغام چىقىپ تۇڭگان مەسچىتىگە كىرىۋاپتۇ . مەن ئۆيۈمگە كەلگەندە ، تاغامغا : «ئەلاخان زەھەر بەرمىدى» دېسەممۇ ئاڭلىماي چىقىپ كېتىپ ، چاتاق تېرىپتۇ !…
— ھۇ قارا ئېغىز ! — دېدى شەمشىدىن خەلپەم خاپا بولۇپ ، — مېنى ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلامسەن ؟ ئەلى ئارقىلىق تاغاڭغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ ، ماڭا ئەلاخان زەھەر بەردى ، دېگىنىڭ يالغانمۇ ؟ بۇنى مەنلا ئەمەس ، پۈتۈن ئەلى خەلقى بىلىپ بولدى .
چاۋىسى چىتقا يېيىلغان ئەمىر نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي كالپۇكلىرىنى قىمىرلىتىپ ئۇمچەيدى . ئۇ شەمشىدىن خەلپەمنىڭ ئالدىدا تىزلانغان پېتى ئولتۇرۇپ قالدى . ئېسىنى يىغقان توختى ئاخۇن يەنە كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ خەلپەمگە يېلىندى .
— شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ئېزىپتىمەن . ئاتا ، مېنى ، قۇتقۇزۇپ قالسىلا ! ئەلاخان سىلىنىڭلا گەپلىرىنى ئاڭلايدۇ . مەن بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق نومۇسسىزلىقنى زادىلا قىلمەيمەن !
— مەن سېنى ، — دېدى خەلپەم ئەمىرگە غەزەپلىك

كۆزلىرىنى تىكىپ تۇرۇپ، — ھازىرلا بىر ئۆيگە قاماپ قويۇپ، ئەلاخانغا خەۋەر قىلىمەن. سېنىڭ گۇناھىڭدىن ئۆتەمدۇ يا قېنىڭنى تۆكەمدۇ، ئۆزى بىرنېمە دېسۇن! — ئۇ ئىشىك تەرەپكە بېشىنى بۇراپ ۋارقىرىدى، — ھاي، كىم بار! بۇياققا كىرىڭلار!...

ئەمىرگە دەرۋازا ئېچىپ بەرگەن يىگىت قول باغلاپ ئۆيگە كىردى.

— مۇنۇ قارا يۈزنىڭ قولىنى باغلاپ، ئامبارغا سولاپ قوي!...

يىگىت ھەيران بولۇپ، بىر خەلپەمگە، بىر ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ياش تۆكۈۋاتقان توختى ئاخۇنغا قارايتتى.

— نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟! دېگىنىمنى قىلمامسەن؟

— ئارغامچا ئەكىرەي!

يىگىت تېزلا چىقىپ كېتىپ، ھايال بولمايلا بىر كەندىر چىگىنى كۆتۈرۈپ كىردى. ئۇ ئەمىرنىڭ قولىنى كەينىگە قايرىپ چىڭ باغلىدى. توختى ئاخۇن قارشىلىق قىلماي جىم ئولتۇرۇپ بەردى.

— تۇرۇڭ! ... — دېدى يىگىت ئۇنىڭ قوللىرىنى باغلاپ بولۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ.

ئورنىدىن تۇرغان ئەمىر بېشىنى سىلىپ، يىگىتنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

شەمشىدىن خەلپەم ئەلاخانغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، توختى ئاخۇننى تۇتۇپ ئۆز ئامبىرىغا سولاپ قويغانلىقىنى ئېيتىپ، ئالدىڭىزغا ئەۋەتىپ بېرەيمۇ، دەپ سورىدى. ئۇيغۇر - خۇيزۇ ئۇرۇشى باشلىنىپ كېتىپ، ئەلاخان شەمشىدىن خەلپەمنىڭ خېتىگە جاۋاب قايتۇرالمىدى. توختى ئاخۇن ئۇيغۇرلار بىلەن خۇيزۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلىشىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىر كېچىسى

ئامبارنىڭ دېرىزىسىنى بۇزۇپ ـ چېقىپ ئېغىلدىكى ئېتىنى توقۇپ مىنىپ قېچىپ كەتتى…

*　　　　*

ياگۇر پالۋاننىڭ ھوقۇق پەرەسلىكى، بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ موللا شەۋكەت ۋە ئەخمەتخانلارنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن بولۇشقا تېگىشلىك بولمىغان بىر ئۇرۇش ئاخىرى بولدى. ئۇرۇمچىدىن داۋۇت خەلپەمنىڭ ئەلچىلىرى سۈيدۈڭگە كەلگەندە، ئاخۇنۇم بىلەن سىڭار كۆز خۇيزۇلارنى ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا ھەرىكەتلەندۈرۈۋاتاتتى. ئىلىنىڭ پۈتۈن ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈش كويىدا بولۇۋاتقان ياگۇر پالۋان ئەلچى دايەنشى بىلەن بۇ ھەقتە كېڭەشتى. ئاخىرى ئۇلار ئۇيغۇرلارغا قارشى جەڭ قىلىشقا كېلىشتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئەلاخان ئۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ياگۇر پالۋانغا مەكتۇپ يېزىپ، ئەلچى ئەۋەتىشنى لايىق كۆردى.

«كى چىرلاتتىلار موللا زۇلىيارنى تېز،  
مۇڭا قوشتى ئۈچ ئەلچى بەگلەرنى نېز.  
بۇ تۆت ئەلچىگە بەردى شۇل نامەنى،  
‹ئالىب بار› دېدى ـ ‹ئۇشبۇ ھەنگامەنى›… »①

بارغان ئەلچىلەر ئۆلۈپ كەتكىلى تاس قالدى، يېزىلغان خەتنىڭ ئۈنۈمى بولمىدى. ئۇلار ياگۇر پالۋاننىڭ بىر مەكتۇپىنى ئەكېلىپ ئەلاخانغا بەردى. ياگۇر ئۆز مەكتۇپىدا: «ھاكىمبەگ

---

① «غازات دەرمۈلكى چىن» داستانىدىن، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 4 ـ سان 40 ـ بەت.

ئوردىسىنىڭ تامغىسىنى تاپشۇرۇش ، غۇلجا شەھىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ، بۇنىڭغا كۆنمىسە ئەلاخان ئۇرۇشقا تەييارلانسۇن...» دېدى . ئەلاخان مىرقاسىم شاھنى چاقىرتىپ كېلىپ :

— خۇيزۇلارغا ئۇن ، گۇرۇچ ۋە قوي يەتكۈزۈپ بېرىڭ ! — دەپ بۇيرۇدى .

«بۇ بەرگەننى يەپ قورساقنى تويدۇرۇپ ،
ئۇرۇش ئەيلەسۇن با شجائەت بولۇپ .»①

مىرقاسىم شاھ ئۇن ، گۇرۇچ ، قويلارنى خۇيزۇلارغا يەتكۈزۈپ بەردى .

«ئالىپ بارغانىن بەردى تۇنگانغا تېز ،
يەنە نامەنى تاپشۇرۇپ بەردى نېز .
كى تۇنگان ئۇلۇغى دېدى : «قاسىدا ،
نەچچە بىزگە يالبارسا بولماس راۋا .
ئارامىزدا يوقتۇر قىلىنچىدىن بۆلەك ،
كى كەزدۇمدا يوق ھېچ نىشدىن بۆلەك .»②

ئەلاخان دوستلۇقنى ساقلاپ ، ئۇرۇش قىلماسلىقنى شۇنچىلىك دېگەن بولسىمۇ ، ياگۇر پالۋان ئىككى يول بىلەن ئەلاخانلارغا قارشى قوشۇن تارتتى . دايەنشى باشلىغان ياگۇر قوشۇنلىرى باياندايي يېنىدا ئەلاخان ئۆزى باشلىغان ئەلاخان قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قاتتىق جەڭ بولدى . ئاخىرى بۇ

---

① «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 4 ـ سان 42 ـ بەت .

② «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 4 ـ سان 42 ـ بەت

ئـۇرۇشـتـا خـۇيزۇلار مەغلۇپ بولدى . باياندايىنىڭ كۆنچىقىش تەرىپىدىكى تۆپىلىككە ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرى دەپنە قىـلـىـنـدى . شۇنداق قىلىپ بۇ ئۇرۇشنىڭ قانلىق خاتىرىسى «شـىـبھىتكارلىق» دەپ ئاتالغان ، ئانچە ئېگىز بولمىغان دۆڭدە قالدى .

مـوللا شەۋكەت ئاخۇنۇم ، ئەخمەت خوجا ، كېيىن قېچىپ بـارغان توختى ئاخۇنلار ياگۇر پالۋان قوشۇنلىرى بىلەن بىللە شەھەرگە يېقىنلاپ كەلدى . بۇ كەلگەن ياگۇر قوشۇنلىرىغا قارشى شەھەردە قالغان قوشۇنلار ۋە خەلق پىدائىيلىرى ئاتلاندى . دايەنشى قـوشـۇنـلىرىنى مەغلۇپ قىلغان ئەلاخان قوشۇنلىرىمۇ ۋاقتىدا ئۆلگۈرۈپ كېلىپ ياگۇر قوشۇنلىرىغا قارشى جەڭگە كىردى .

«بىرى بىرسىگە قىلمايىن مەرھەمەت ،
غەزەپ دەشتىدە ئەيلەشىپ مەنزەلەت .
گاھى بىرسىگە بىرسى غالىپ بولۇب ،
گاھى بىرسىگە بىرسى مەغلۇپ بولۇب .
گاھى بۇ سۈرۈپ ، ئالدىدا ئول قاچىب ،
گاھى ئول مۇنىڭ قانلارىنى ساچىب .
بۇ يەردە قىلىشتى ئەجەب سەختى جەڭ ،
ئاقىب قانى بولدى زەمىن لالەرەڭ .»①

بۇ جەڭدىمۇ ياگۇر پالۋان قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولۇپ ، ياگۇر پـالـۋان ئـۆلـدى ، يېڭىلگەن ياگۇر قوشۇنى خاتا قىلغانلىقىنى تونۇپ ، بىللە ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتىدىغان ئارزۇسىنى بىلدۈردى . خۇيزۇ قوشۇنلىرىنى قايتا تەشكىللەپ ، ئۇنىڭغا جەۋسەننى سەردار

① «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 4 ـ سان 43 ـ بەت .

قىلىپ تەيىنلىدى . غۇلجا يېنىدىكى جەڭدە ئەلاخان توختى ئاخۇن بىلەن قىلىچلىشىپ توختى ئاخۇننى باقىي ئالەمگە چىرايلىق ئۇزىتىپ قويىدى . موللا شەۋكەت ئاخۇنۇم بىلەن ئەخمەتخان خوجام بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ بېشى قايغان ، پۇتى تايغان تەرەپلەرگە قېچىپ كەتتى .

*　　　*

كەينىدىن ئەزرائىل قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك ، تۈن ئازازۇلى ئالەمگە قاپقارا چاچلىرىنى يايغاندا ، موللا شەۋكەت ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ قېچىپ كېلەتتى . ئۇ تەرلەپ ـ پىشىپ ھالىدىن كېتەيلا دەپ قالدى . لېكىن دۇنيادا جاندىنمۇ تاتلىق باشقا نەرسە بارمىدۇر ؟ ! ئاخۇنۇم ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي ھامان تۇرۇپ يۈگۈرەيتتى ، تۇرۇپ ماڭاتتى ، ئەمما زادىلا توختىمايتتى . مانا ئۇزۇن يوللارنى پىيادە بېسىپ كەلگەن موللا شەۋكەت دۆڭمەھەللە دۆڭىدىن سايغا چۈشۈپ ، ئۇنىڭ ياغاچ كۆۋرۈكىدىن ئۆتتى . ئۇنىڭ بۇرنىغا ئۆيىنىڭ پۇرىقى ئۇرۇلدى…

جەڭ تازا قىزىپ ، ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتتى . ئېگىزرەك بىر تۆپىدە ، ياگۇر پالۋاننىڭ يېنىدا تۇرغان موللا شەۋكەت ئەلاخان قوشۇنلىرىنىڭ بارغانسېرى ياگۇر قوشۇنلىرىنى چىلپەڭزە[①] قورغىنىغا قىستاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئىش چاتاق ! ياگۇر قوشۇنىنىڭ يېڭىلىدىغانلىقى ئاخۇنۇمغا كۆرۈنۈپلا قالدى . مەسلىھەتلىشىدىغان ئەخمەتخان خوجىسى جەڭدە يۈرەتتى . قانداق قىلىش كېرەك ؟ ئۇ تۇزگە ئولتۇرۇپ كېلەي دەپ ئېتىنى ئالمايلا بىر خالىي يەرگە قاراپ

① چىلپەڭزە — خەنبىڭ يېزىسىدىكى قەلئەنىڭ ئىسمى ، توققۇز قەلئەنىڭ بىرى .

ماڭدى . پۈتۈن دىققىتى جەڭدە بولۇۋاتقان ياگۇر پالۋان موللا شەۋكەتنىڭ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمىدى . ئۇنىڭ ئويى تۇزگە ئولتۇرغان بولۇپ ، بۇ يەردىن قېچىپ كېتىش ئىدى . ئاخۇنۇم شۇنداق قىلدى ، ئۇ تۇزگە ئولتۇرغان بولۇپ تۆپىگە قارىدى . ياگۇر كۆرۈنمىدى . ئۇ جەڭگە كىرىپ كەتكەن بولسا كېرەك ! پۇرسەت كەلدى ، دەپ بىلگەن موللا شەۋكەت غىپپىدە دەل ـ دەرەخلىك ئىچىگە كىرىپ ، شەھەر تەرەپكە قاراپ قاچتى . ئۇ تەڭگە يوپۇرماقلىرى ئاستا شىلدىرلاۋاتقان دەل ـ دەرەخلەر ئارىسى بىلەن خېلى مېڭىپ ، بىر تۇزگە چىقتى . ئۇ ، توختىماي يۈگۈرۈپ ، ئاخىرى توپىلىق هارۋا يولىغا چۈشتى . ئۇ شۇ قاچقانچە ئۆيىگە يېقىنلاپ كەلدى…

ئاخۇنۇم ماڭالماي قالدى . ئۇ كوچىغا كىرىپ ، بىر هويلىنىڭ ئىشىكى يېنىدىكى ئۇزۇن ياغاچ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى .

«بۇ چاغقا جەڭمۇ تۈگىگەندۇر ؟ ياگۇر قوشۇنلىرى يېڭىلىپ قاچقاندۇر ؟ مېنىڭ قېچىپ كېتىۋالغىنىم جاهان ئىش بولدى ـ دە ! قاچمىغان بولسام ئۆلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالاتتىم . ئۇ چاغدا هېلىقى هارامدىن بولغان ئەلا مېنى تىرىك قويمايتتى ، — ئۇ خىيالدىن توختاپ ، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە قارىدى . ئۇنىڭ كۆزىگە مىدىرلىغان جان كۆرۈنمىدى ، — ئەخمەتخاننىڭ ئەهۋالى قانداقكىن ؟ ئۇ قولىغا چۈشۈپ قالمىغاندۇر ، جەڭدە ئۆلگەنمىدۇر ياكى قېچىپ كەتكەنمىدۇر ؟ ئىشقىلىپ ئامان قالسۇن ، بىچارە !— … ئۇ يەنە خىيالدىن توختاپ ؛ ئەمدى قانداق قىلىمەن ؟ قەيەرگە قېچىپ بېرىپ پاناهلىنىمەن ؟ ئاۋۋال ئۆيۈمگە باراي ، كىيىم ـ كېچەكلىرىمنى يۆتكەپ ، ئاندىن بىرەر سەهراغا چىقىپ تۆت ـ بەش زامان ئادەملەرنىڭ كۆزىدىن يىراق تۇرمامدىمەن… »

ئاخۇنۇم ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭدى، پۇتلىرى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك قىلاتتى. شۇ چاغدا كەينىدىن پالاقلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. جان — پىنى چىقىپ كەتكەن موللا شەۋكەت: «كەينىمدىن ئەلانىڭ ئادەملىرى قوغلاپ كېلىۋاتامدۇ، نېمە؟» دەپ ئويلاپ، ئالدى - كەينىگە قارىماي يۈگۈردى. ئۇ خېلى بىر يەرگىچە يۈگۈرۈپ كەينىگە قارىدى، لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كېلىۋاتقان ئادەملەرنى كۆرمىدى. ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغان ئاخۇنۇم قەدىمىنى ئاستىلىتىپ يولنىڭ چېتى بىلەن مېڭىشنى توختاتمىدى.

ئاسماندا پارچە - پارچە قارا بۇلۇتلار كۈنپېتىشتىن كۈنچىقىشقا ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتى. قىبلە تەرەپتىن چىقىۋاتقان شامال تېرەك ۋە سۆگەتلەرنىڭ تەڭگە يوپۇرماقلىرىنى شىلدىرلىتاتتى. سۈكۈنات ئىچىدە شەھەر ئېغىر نەپەسلىنىپ قاتتىق ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ تاتلىق چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، تۇرۇپ - تۇرۇپ ھاياجانلىق نەپەس ئالاتتى. بۇلۇت توسۇمىغان ئوچۇق ئاسماندا يۇلتۇزلار جۇلالىنىپ، ئاسماننى گويا پارچە - پارچە ئالتۇن گۈللەر ئېچىلغان گۈللۈككە ئوخشىتاتتى...

ئاخۇنۇم يېرىم كېچىلەردىن ئاشقاندا ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ قوشنا - قولۇملىرىنى ئويغىتىۋېتىشتىن ئەنسىرەپ، دەرۋازىسىنىڭ توڭگىسىنى ئاستا ئۇردى، لېكىن ھويلىسىنىڭ شىمالىدىكى پېشايۋانلىق ئۆيلەرنىڭ بىر دېرىزىسىمۇ يورۇمىدى. ئۇ تىتىلداپ، ئۇيقۇسى قاتتىق قوشناچىنى نەچچىنى تىللىۋەتتى. چاكىرى ياتىدىغان ئۆينىڭ دېرىزىسىنىڭ كوچىغا قارايدىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، ھويلىنىڭ جەنۇبىي چېتىنى ياقىلاپ دېرىزە يېنىغا كېلىپ، دېرىزىنى چەكتى. يېنىك خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان چاكىرى تەستە ئويغاندى، چاكار دېرىزە يېنىغا كېلىپ:

— كىم؟ — دەپ سورىدى.

— ئاستىراق ۋارقىرا! قوشنىلار ئويغىنىپ كەتمىسۇن! مەن ... مەن ... موللا شەۋكەت!...

موللا شەۋكەت دېگەن ئىسىمنى ئاڭلىغان چاكارنىڭ ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كەتتى، ئۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ چاپىنىنى كىيىپلا ھويلىغا چىقىپ، دەرۋازا يېنىغا كەلدى.

ئاخۇنۇم پېشايۋاننىڭ ئەڭ چېتىدىكى بويى مۇرىسىگە كېلىدىغان سېمىز توقلىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئىچ كۆڭلىكى بىلەنلا يوتقاندىن چىققان چوكان: «ۋاي، ئاخۇنۇم كەپتىغۇ؟!» دەپ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. ئاخۇنۇم كىگىز ئۈستىگە سېلىنغان گىلەمگە چىقىپ، شام يېقىۋاتقان ئايالىغا قاراپ تۇردى. چوكان ئۆينى يورۇتقاندىن كېيىن، ئاخۇنۇمنىڭ يوغان سەللىسىنى، ئۇزۇن چاپىنىنى ئېلىپ، قوزۇقلارغا ئىلدى.

— قورسىقىم ئېچىپ ئۆلەي دېدىم، يەيدىغانغا بىر نەرسە تەييارلىغىن! — دېدى موللا شەۋكەت ئۆزىنى توقلىنىڭ ئورنىغا تاشلاپ.

— مانا ھازىر تەييار قىلىمەن! — دېدى پاكار توقلى قاش ـ قاپاقلىرىنى سۈزۈپ.

مامۇق ياستۇقلارغا بېشىنى قويۇپ ياتقان ئاخۇنۇمنىڭ كۆزلىرى چاي تەييارلاۋاتقان ئايالدا ئىدى. سېمىز ئايالنىڭ ئاشلەڭپۇڭدەك لىغىرلاپ تۇرغان ساغرىسى موللا شەۋكەتنىڭ شەھۋانىي قۇرتلىرىنى ئويغىتىپ لۆمۈلدىتىۋەتتى. تېخى ھاردۇقى چىقمىغان، پۇتلىرى سىرقىراپ ئاغرىغانلىقتىن كىيىملىرىنى سالغۇدەكمۇ مادارى قالمىغان ئاخۇنۇم بىر ئۇھ تارتىپ كۆزىنى يۇمدى.

يەنە ئۇنىڭ يادىغا ئەخمەتخان خوجا كەلدى.

«ھايات قالغانمىدۇر؟! ھارامدىن بولغاننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغۇچە، جەڭدە ئۆلۈپ كەتكىنىغۇ ياخشىدى! ئىككىمىز خېلى

چـىـقـىـشـىپ قىلىۋىدۇق !··· — ئۇ بىردەم خىيالدىن توختاپ چـوڭـقـۇر خـۇرسـىـنـدى ، — پەلەك بىزگە قاراپ كۈلمىدى ، ئىككىمىزنىڭ تەقدىرى نىمانچە كاجدۇر ؟ !··· »
ئۇ يەنە كۆزىنى ئىچىپ ئايالىنىڭ ساغرىسىغا قارىدى . شىرە قـويـۇۋاتـقـان دىـقماق چوكان ئۇنىڭ شەھۋانىي كۆڭلىگە ئوت قويۇۋەتتى ، بىراق ، يەنىلا ئورنىدىن تۇرغۇدەك ھالى يوقلۇقىنى بىلىپ ، كۆزىنى يۇمدى···
ئاخۇنۇم ئۇخلاپ قالدى . ئوڭدا ياتقان موللا شەۋكەت ئۆينىڭ ئۆگزىسىنى ئىچىۋېتىدىغاندەك خورەك تارتىۋاتاتتى .
— بـېـشىڭنى يەيدىغان ! — دېدى چوكان ، ئېرىگە قاراپ تـۇرۇپ ، — بـۇ ئـېـشـەكـنىڭ خورىكىدىن ئەجەبمۇ قۇتۇلۇپ قېلىۋىدىم . يەنە كېلىپ بېشىمغا ئاغرىق كىرگۈزۈۋەتتى .
توقال ئالدىراپ ـ تېنەپ چاينى تەييارلىدى . ئۇ ئاخۇنۇمنى نوقۇشلاپ تەستە ئويغاتتى .
— نېمە ؟
— چاي تەييار بولدى !···
موللا شەۋكەت تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇرۇپ ، ئايالى تـۇتـۇپ تـۇرغان ئاپتۇۋا ـ چىلاپچىدا قولىنى يۇيۇپ ، بەرگەن لۆڭگىدە قولىنى ئېرتتى .
— پـۈتـۈن بـەدىنىم سىرقىراپ ، ئۇرۇپ چىقىۋەتكەندەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ . قوپقۇچىلىك ھالىم يوق ! شىرەنى مېنىڭ يېنىمغا سۈرگىن !···
چـوكان ئۇنىڭ دېگىنىدەك شىرەنى سۈرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى . قايماقلىق ئەتكەنچاي ئاخۇنۇمنىڭ ئىشتىھاسىنى غـىـدىقلىدى . ئايالى قىزىرىپ پىشقان بىر توقاچنى ئوشتۇپ ، ئۇششاقلاپ ئۇنىڭ چىنىسىگە سالدى .
— سىرىقماي سېلىپ بېرەيمۇ ؟ !

— سالساڭ سال !...

— قېرىغاندا ئۆيدە تىنچ يېتىپ ئۆينىڭ راھىتىنى كۆرمەي ، سىلىگە تاغۇدەشتىلەردە تەمتىرەپ يۈرۈشنى كىم قويۇپتۇ ؟ ! — دېدى ئايال ئېرىنىڭ چېيىغا سېرىقماي سىلىۋېتىپ .

— ئاغزىڭنى يۇم ! ئايال كىشى دېگەننىڭ چېچى ئۇزۇن ئەقلى قىسقا - دە ! مېنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىمنىڭ ھەممىسى سىلەرنى خېنىم ، ئاغىچا قىلىش ئۈچۈن ئەمەسمۇ ؟ ! ئەخمەق !...

— ۋىيەي ! ئاغىچا ، خېنىممۇ بولدۇققۇ ؟ ! بېشىمىزغا ئالتۇن مۈڭگۈز چىققىنى يوققۇ ؟ ! مەن ئۆزلىرىنىڭ غېمىنى قىلىۋاتىمەن !...

ئاخۇنۇم چېيىنى ئىچىپ بولدى . توقلى شىرەنى يىغىشتۇرۇپ ، شامنى ئۆچۈرۈپ يېنىغا كەلدى ، ئايالى چاپىنىنى سېلىپ ، ئىچ كۆڭلىكى بىلەن يېنىغا كىردى . موللا شەۋكەتنىڭ بۇرنىغا گۈپپىدە ئۇرۇلغان ئايالنىڭ پۇرىقى بىلەن قولى تەگكەن يۇمشاق ساغرىسى يەنە ئۇنىڭ شەھۋانىي تۇيغۇلىرىنى غىدىقلىدى .

— ئىچ كۆڭلىكىڭنى سىلىۋەت ، قۇچاقلاپ ياتاي !...

— ئۆزلىرى كىيىملىرىنى سالماپتىلىغۇ ؟...

— مەن تاڭ ئاتماي سەھراغا كېتىمەن ! كىيىملىرىمنى سېلىپ ياتسام ، ئۇخلاپ قالارمەنمىكىن ، دەپ ئەندىشە قىلىۋاتىمەن .

— سىلى كىيىملىرىنى سالمىسىلا ، مېنىڭ سالغىنىمنىڭ نېمە لەززىتى بولسۇن !

— سەنمۇ سال ، مەنمۇ سالاي !...

سېمىز چوكان كىيىملىرىنى سېلىپ ، قىپيالىڭاچ ياتقان ئاخۇنۇمنىڭ قوينىغا كىردى . نەپسى ئىتتىكلەپ كەتكەن موللا شەۋكەت توقلىنى قۇچاقلاپ يېتىپ ئاستا ئۇستىگە چىقتى ... ئۇ

كۆپ ئۆتمەي قاتتىق خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا كەتتى . ئايال ئۇنىڭ خورەكلىرىدىن بىزار بولغاندەك ، يېنىغا ئۆرۈلۈپ كەينىنى قىلىپ ياتتى…

ئۇپۇق يورۇشتىن بۇرۇن تۇرۇپ سەھراغا ماڭىدىغان ئاخۇنۇم ئۇخلاپ قالدى . ئۇ ئويغىنىپ كۆزىنى ئاچقاندا ، قۇياش ئارغامچا بويى ئۆرلەپ ، يېڭى بىر كۈندۈز ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەنىدى . بۇ چاغ بولغاندا تالاغا چىقىش خەتەرلىك ، ياخشىسى ، قاراڭغۇ چۈشۈپ ئەل ياتقاندىن كېيىن ئاتلىنىش كېرەك ! موللا شەۋكەت ئاياللىرىغا ، پەرزەنتلىرىگە ۋە چاكارلىرىغا ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى ھېچكىمگە دېمەسلىكنى قاتتىق جېكىلەپ دېدى . ئۆزىمۇ بۈگۈن قاراڭغۇ چۈشكىچە ھويلىغا چىقماسلىقنى كۆڭلىگە پۈكتى .

چىيىنى ئېچىپ ئورنىدىن تۇرغان موللا شەۋكەت دېرىزە يېنىغا كەلدى . ئۇ بېشىنى سوزۇپ دەرۋازا تەرەپكە خېلىغىچە قاراپ تۇردى . كىرىپ - چىققان بىرمۇ ئادەمنى كۆرمىگەن ئاخۇنۇم تۆرگە سېلىنغان قوش قەۋەت كۆرپىگە كېلىپ ئولتۇردى . ئۇنىڭ قۇلىقى يەنىلا دەرۋازىدا تۇراتتى . بىر ئاش پىشىمدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن دەرۋازا قاتتىق ئۇرۇلدى . خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان موللا شەۋكەت ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ دېرىزىنىڭ يېنىغا يەنە كەلدى . ئېغىل تەرەپتىن كەلگەن چاكار يىگىت كېلىپ دەرۋازىنى ئاچتى . ھويلىغا يېنىغا قىلىچ ئاسقان ئەلاخان بىرقانچە سىپاھ ۋە مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن كىرىپ كەلدى .

— ئاخۇنۇم نەدە ؟ — دېدى ئەلاخان چاكارغا قاراپ .

بايا موللا شەۋكەت ھويلىدىكى ھەممە ئادەمگە جېكىلەپ : «مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى ھېچكىمگە دېمەڭلار !» دېگەندە بۇ چاكار ئات سۇغارغىلى كەتكەچكە ، خوجايىنىنىڭ ئۆيدە بارلىقىنى

يـوشۇرمىدى .

— بار ، ئاخشام كەلدى ! — دېدى ئۇ ، قامەتلىك ئەلاخانغا قاراپ تۇرۇپ .

— چاقىرىپ چىققىن !

چـاكـار پـېشايۋانغا چىقىپ ، توقىلىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— ئاخۇن دادا ! سىلىنى ئادەملەر چاقىرىۋاتىدۇ ! — دېدى ئۇ ۋارقىراپ قوش قاناتلىق ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ .

پـۇت ـ قولى تىترەپ ، چىرايى تامدەك تاتارغان ئاخۇنۇم پېشايۋانغا چىقىپ چاكىرىغا چەكچىيىپ قارىدى :

— ھۇ ئەبلەخ ! مېنىڭ قىزىل تىرنىقىم سېنىڭ بوينۇڭدا قالدى . ئۇ دۇنياغا بارغىنىڭدا ئالىمەن !...

چاكار يىگىت چۈشىنەلمەي ، ھاڭۋېقىپ بىر ئاخۇنۇمغا ، بىر پەستىكلەرگە قارايتتى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، موللا شەۋكەت ئاخۇنۇم— ... دېدى ئەلاخان پېشايۋاننىڭ يېنىغا كېلىپ ، — سىلىدىن بىر ئىشقا پەتىۋا سوراپ كېلىۋىدۇق ، دەپ بېرەرلىمىكىن ؟ !

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ! — دېدى موللا شەۋكەت تېخىچە ئېسىگە كېلەلمەي ، دۇدۇقلاپ ، — قانداق ئىشتى ؟...

—قۇرئان كونىراپ كەتسە قانداق قىلغۇلۇق ؟

— پاكىز بىر خالتا ياكى تاغارغا سېلىپ ، خالتا ـ تاغار بولمىسا پاكىز لاتىغا ئوراپ ئۇنى دەرياغا تاشلىۋەتسە بولىدۇ .

— تۇتۇپ ، — دېدى غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ پالۋان ، — ئەكەلگەن تاغىرىڭلارغا سېلىڭلار ! بۇ قۇرئانمۇ كونىراپ كەتكەن قۇرئان ! دەرياغا ئېلىپ بېرىپ تاشلىۋېتىمىز !

ئەلاخاننىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى يۈگۈرۈپ پېشايۋانغا چىقىپ ، ئاخۇنۇمنى تۇتتى . يەنە بىر مۇھاپىزەتچىسى تۇتۇپ تۇرغان پاختا

www.uyghurkitap.com

تاغىرنى ئۇنىڭ بېشىدىن كىيدۈردى . مۇھاپىزەتچىلەر موللا شەۋكەتنى ياتقۇزۇپ ، پۇت تەرىپىدىن تاغارنىڭ ئاغزىنى شوينىدا ئوراپ باغلىدى . قاۋۇل ، ئوتتۇرا بويلۇق بىر مۇھاپىزەتچى ئاخۇنۇم سېلىنغان تاغارنى كۆتۈرۈپ پېشايۋاندىن چۈشتى .

تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئىشلاردىن ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ پېشايۋاندا ۋە ھويلىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدە تۇرغان ئاخۇنۇمنىڭ ئاياللىرى ، پەرزەنتلىرى ۋە چاكارلىرى نېمە دېيىش ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قاراپلا قالدى .

كوچىغا چىقىپ ئاتلىرىغا مىنگەن ئەلاخان ، سىپاھلار ۋە مۇھاپىزەتچىلەر دەرياغا قاراپ يول ئالدى . قاۋۇل چىرىكنىڭ ئالدىغا قويۇلغان تاغار ئىچىدىكى موللا شەۋكەت بىرنېمىلەرنى دەپ تېپىرلايتتى…

مانا ، ئىلى دەرياسى ، لۆمشىپ شەرقتىن غەربكە قاراپ توختىماي ئېقىۋاتاتتى . ئەلاخان ۋە سىپاھلار ئاتلىرىدىن چۈشۈپ دەريا بويىغا كەلدى . مۇھاپىزەتچىلەر تاغار ئىچىدىكى ئاخۇنۇمنى كۆتۈرۈپ يار بويىدا توختىدى .

— بىھېساب قېرىنداشلىرىنىڭ قېنىنىڭ تۆكۈلۈشىگە سەۋەب بولغان بۇ مۇناپىقنى دەرياغا تاشلاڭلار ! — دېدى ئەلاخان ئەل - يۇرت نامىدىن ھۆكۈم ئېلان قىلىپ .

مۇھاپىزەتچىلەر ئانچە ئېگىز بولمىغان يار ئۈستىدىن تاغار ئىچىدىكى موللا شەۋكەت ئاخۇنۇمنى دەرياغا تاشلىدى[1] . سۆيۈملۈك ئانا دەرىيامۇ بۇ لەنىتىدىن سەسكەنگەندەك ، چۈشۈشى بىلەن قاتتىق چىرقىراپ ، ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ كەتتى…

— ئەل - يۇرتىغا قارا يۈزلۈك قىلغان ھەرقانداق مۇناپىقنىڭ

---

① تۇغقانلىرى دەريادىن ئاخۇنۇمنىڭ ئۆلۈكىنى تېپىپ ، خەلپەم بۇزرۇكۋار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلدى . خەلپەم بۇزرۇكۋار قەبرىستانلىقىدىكى جەسەت سۆڭەكلىرى قارادۆڭ قەبرىستانلىقىغا كۆچۈرۈلگەن ، ئۇنىڭ جەسەت سۆڭىكىمۇ قارادۆڭ قەبرىستانلىقىغا كۆچۈرۈلدى . مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن .

تەقدىرى مانا ، مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك ! — دېدى ئەلاخان ئېتىغا مىنىۋېتىپ···

*　　　*

ياگۇر پالۋان ئۆلگەندىن كېيىن ، قول ئاستىدىكىلەر ئالاقزادە بولۇپ ، چېكىنىشكە باشلىدى . بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئەخمەتخانمۇ ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى . باياتىن ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ قېنى بىلەن قىلىچىنى قانغا بويىغان بۇ مۇناپىق نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ياگۇر قوشۇنلىرى بىلەن بىللە چېكىندى .

«ياق ، ئۇلار بىلەن بىللە چېكىنسەم بولمايدۇ ! ئۇلار چىلپەڭزە قەلئەسىنى كۆزلەپ چېكىنىۋاتىدۇ . تەسلىم بولسىلا ، مېنى تۇتۇپ بېرىدۇ . ياخشىسى···»

خوجىنىڭ كاللىسى جان ھەلەكچىلىكىدە خۇددى تۇگمەندەك قاتتىق ئىشلەپ كەتتى . ئاخىرى ئۇ ، ئادەمنىڭ يادىغا كەلمەيدىغان بىر ئامالنى تېپىپ چىقتى . سىڭار كۆز ئېتىدىن يىقىلغان بولۇپ ، يەرگە چۈشۈۋالدى ـ دە ، ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تاشلاپ ياندىكى ئېرىق ئىچىگە يېتىۋالدى . لېكىن ، بۇنداق يېتىشى ئەپلەشمىگەندەك بىلىنىپ ، ئەخمەتخان تۇرۇپ ئولتۇردى ، ئۇ ئېرىق قىرىدىن بېشىنى چىقىرىپ چۆرىسىگە قارىدى . ئېرىقنىڭ يېنىدىلا بىر خۇيزۇنىڭ جەسىتى ياتاتتى . ئەخمەتخان خۇيزۇنىڭ جەسىتىنى تارتىپ ئېرىق ئىچىگە چۈشۈرۈپ ، مەيدىسىدىكى تېخى تولۇق ئۇيۇپ كەتمىگەن قان بىلەن يۈز ـ كۆزىنى بويىدى ، ئاندىن جەسەتنى ئۈستىگە ئارتىلدۇرۇپ ، ئېرىق ئىچىدە پۇت ـ قوللىرىنى ھەرخىل تاشلاپ ياتتى .

«ئەمدى ماڭا ھېچكىممۇ دىققەت قىلمايدۇ » ئويلىدى ئىچىدە .

راست دېگەندەك ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن ئەلاخاننىڭ

ئادەملىرى ئەخمەتخان ۋە ئۇنىڭ ئۇستىدىكى خۇيزۇغا قاراپمۇ قويماي قېچىۋاتقان ياگۇر قوشۇنلىرىنى قوغلاپ ئۆتۈۋەردى . بىر چاغدا جەڭگاھ ئۆلۈك جىمجىتلىققا چۆمدى . قاقىلدىغان قاغىلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇ ئۇستىدىكى خۇيزۇنىڭ جەسىتىنى بىر چەتكە چۇشۇرۇۋېتىپ ، ئېرىق قىرىدىن بېشىنى چىقىرىپ جەڭ بولغان دالىغا قارىدى . سىڭار كۆز جەسەت ۋە يارىدارلاردىن باشقا مىدىرلىغان بىر جاننى كۆرمىدى .

نامازدىگەردىن ئۆتكەن قۇياش نامازشامغا قاراپ كېتىۋاتاتتى . بىر كۈن يول يۈرۈپ چارچىغان قۇياش ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۆز ئارامگاھىغا قاراپ باراتتى . شىمال تەرەپتىن كېلىۋاتقان لەرزان شامال ئېرىق بويلىرىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ تەڭگە بولغان يوپۇرماقلىرىنى شىلدىرلىتاتتى...

ئەخمەتخان ئېرىقتىن چىقىپ ، بېلىدىكى قىلىچىنىڭ غىلاپى ئېسىلغان تاسما بەلۋاغنى يېشىپ تاشلىۋەتتى . ئۇ سەللىسىنى ئېرىقنىڭ قىرىغا قويۇپ ، بىر جەسەتنىڭ بېشىدىكى ئىككى تەرىپى يېرىق لاتا قالپىقنى ئېلىپ كىيدى . تەلىيىگە ئۇ قالپاق ئۇنىڭ بېشىغا دەل كەلدى . ئۇ بىر چامداپ ـ ئىككى چامداپ ئېرىق بويلاپ ماڭدى . بارغانسېرى ئۇنىڭ مېڭىشى تېزلىشىپ ئادەمسىز خالىي يەرلەر بىلەن غۇلجىغا قاراپ كېتىۋەردى...

ئالەم ئوت يالقۇنى ئىچىدە قالدى . ئوت كەتكەن ئۆيۈقتىن چېچىلىۋاتقان هال رەڭلىك شولا ئىككى تەرەپتىكى قاتمۇقات تاغلار ، بىپايان داللار ، دەل ـ دەرەخلەر ، يېڭىدىن ئۈنۈپ چىققان يېشىل گىياهلاردا جىلۋە قىلاتتى . تەبىئەتنىڭ قۇياش ئولتۇرۇۋاتقان چاغدىكى بۇ گۈزەللىكى خوجىنىڭ هېسسىيات ۋە هاياجان چاقمىقىغا ئوت ياقالمىدى . ئۇ ئۆز هەلەكچىلىكى بىلەن خۇددى شاتۇردەك توختىماي ئىلدام مېڭىپ كېتىۋاتاتتى...

يەرۇ ئاسمان ئارىسىنى ئاستا ـ ئاستا قاراڭغۇلۇق قاپلاپ ،

كۆكتىكى يۇلتۇزلارنى كۆرسىتىپلا قالماي، يەنە چاقنىتىۋەتتى. قاراڭغۇ تۈن بارلىق ۋەھشىيلىك ۋە ئىپلاسلىقلار يۈز بېرىدىغان سورۇن ۋە يوشۇرىدىغان ئامبار. يۈرىكى خېلىلا ئورنىغا چۈشكەن سىڭار كۆز بارغانسېرى قارىيىۋاتقان يەر ئۈستىدە، شەھەر سېپىلىنىڭ دەرۋازىسى تاقىلىپ قېلىشتىن بۇرۇن كىرىۋېلىشنى ئويلاپ، يۈگۈرگەندەك كېتىپ باراتتى. ئۇ دۆڭمەھەللە دۆڭىدىن چۈشۈپ، ساي كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، شەھەر سېپىلىنىڭ كۈنپېتىش دەرۋازىسى — كۈرە دەرۋازىسىغا يېقىنلاپ كەلگەندە، بەيتىللادىن خۇپتەنگە ئوقۇلغان ئەزاننى ئاڭلاندى.

«نەگە بارىمەن؟ — دەپ ئويلىدى خوجا بەيتىللا مەدرىسە تەرەپكە كېتىۋېتىپ، — تونۇشلارنىڭ ئۆيىگە بېرىشمۇ خەتەرلىك! ئەلا ھەر تەرەپكە مېنى تۇتۇش يارلىقى چۈشۈرۈپ بولدى...»

ئەخمەتخاننىڭ كۆز ئالدىغا ھاكىمبەگ ئوردىسىنىڭ ئات قورۇسى كەلدى. ئۇ دۆۋە - دۆۋە بېسىۋېتىلگەن بېدە، ئوت - چۆپلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، بۇ ئوت - چۆپلەر ئەڭ ياخشى يوشۇرۇنىدىغان ۋە سوزۇلۇپ ئۇخلايدىغان يەر ئىكەنلىكىنى بىلدى. بارغانسېرى ھېرىپ ھالىدىن كېتىۋاتقان سىڭار كۆز قورسىقىنىڭ تازا ئاچقانلىقىنى ھېس قىلدى.

«بەيتىللا ئالدىدىكى ناۋايلار ناۋايخانىلىرىنى تاقىۋەتكەنمىدۇر؟»

خوجا بەيتىللا ئالدىدىن ئۆتۈپ، تونۇر ئۈستىدە جىنچىراغ پىلدىرلاپ يېنىۋاتقان ناۋايخانىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ تونۇر بېشىدا ئولتۇرغان ئون تۆت - ئون بەش ياشلاردىكى ئوغۇلدىن:

— بالام، نان بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— نان تۈگىدى.

— راستىنىلا نان قالمىدىمۇ؟ يىراقتىن كېلىۋىدىم، قورسىقىم ئېچىپ بولالماي قالدىم.

— ئۆزىمىز يەيدىغانغا ئېلىپ قويغان ئىككى نانلا بار.
— شۇ ئىككى نېنىڭنى ماڭا بەرگىن، ئوغلۇم! قانچە دېسەڭ شۇنچە پۇلىنى بېرەي!
— دادام خۇپتەن ئوقۇغىلى بەيتۇللاغا كىرىپ كەتتى، كۈتۈپ تۇرۇڭ، چىقسۇن!
— كۈتەلمەيمەن، ئوغلۇم، بارىدىغان يېرىم خېلى بار! ئاللا ساڭا رەھمەت قىلسۇن، ئىككى توقچىڭنى ماڭا بەرگىن!
ئوغۇل ئويلىنىپ قالدى. ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ ئۆز پەرزەنتلىرىنى كۆڭۈل ـ كۆكسى كەڭ، قولى ئوچۇق قىلىپ تەربىيىلەپ كەلدى. ئالدىدا يېلىنغاندەك تۇرغان ئادەمنى مۇساپىر دەپ بىلگەن ئوغۇلنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى. تونۇردىن چۈشكەن ئوغۇل دۇكاندىن قىزىرىپ پىشقان ئىككى ناننى ئاچىقىپ خوجىغا تەڭلىدى. خوجا ئالدىراپ پۇل بېرىپ يولىغا ماڭدى.
— ھەي تاغا، توختاڭ، ئاشقان پۇلىڭىزنى قايتۇرۇپ بېرەي!
سىڭار كۆز كەينىگىمۇ قارىماي كېتىۋەردى.
بەيتۇللا ئالدىدىكى كوچا ئۇزۇنغا بارماي تۆت كوچا ھاسىل قىلىپ ئۇدۇل ئايدۇڭ تەرەپلەرگە سوزۇلاتتى. شائىر موللا بىلالنىڭ مەھەللىسى تېرەكمازار تەرەپتىن كېلىدىغان يول بۇ يولنى كېسىپ ئۆتۈپ، كۈنپېتىشقا يۈزلىنەتتى. مانا شۇ تۆت كوچىنىڭ شەرقىي شىمال دوقمۇشىدا ھاكىمبەگ ئوردىسىنىڭ ئات قورۇسى بولۇپ، ئوردىنىڭ بارلىق ھۆكۈمەت ئاتلىرى مۇشۇ يەردە بېقىلاتتى. خوجا ئات قورۇسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئەتراپىغا قارىدى. ئۇ مىدىرلىغان بىرەر ئادەمنى كۆرمىگەندىن كېيىن، تامغا ئېسىلىپ تەستە ئۈستىگە چىقىۋالدى ـ دە، ئۇ تەرىپىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ شوتا قويۇلغان بىر چۆپ دۆۋىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، شوتا بىلەن ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، شوتىنى پۈتى بىلەن

ئىتتىرىۋەتتى . خوجا ئۆزىنى چۆپنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ ، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ ياتتى . سىڭار كۆز بىردەم يېتىپ هاسىراپ ـ هۆمۈدىگىنىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئولتۇرۇپ ئىككى توقاچنىڭ بىرىنى ئېلىپ يېيىشكە باشلىدى ؛ يېرىمىنى يېگەندىن كېيىن ، چاي ياكى سۇ بولمىغاچقا ، قۇرۇق نان گېلىغا تۇرۇۋېلىپ ئۆتمىدى . ئەخمەتخان قالغىنىنى يەنە ياغلىقىغا ئوراپ چۆپتىن بىر باغ ئېلىپ بېشىغا ياستۇق قىلىپ ياتتى . ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى . ئادەم قاتتىق هېرىپ ـ چارچاپ كەتكەندە ، شۇنداق بولىدۇ . ئۇ يۇلتۇزلارغا قاراپ يېتىپ خىيالغا كەتتى . ئەخمەتخان مەزەمزات بىلەن ئۇچراشقان كۈندىن باشلاپ ، ئاخىرىدا بىر دۆۋە چۆپ ئۈستىگە چىقىپ قالغان مۇشۇ كېچىگىچە قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى ئەسلىدى . ئۇ ئۆز ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئۈچۈن هەرقانداق ۋەھشىيلىك ۋە مۇناپىقلىقنى قىلىشتىن قايتمىغان ئەقىدىسىنىڭ ئاخىرى خارلانغانلىقىدىن قاتتىق خۇرسىندى .

«ئاھ ، خۇدا ! — دېدى سىڭار كۆز ئۆزىگە نەپرەت بىلەن قاراۋاتقان يۇلتۇزلارغا تىكىلىپ ، — مېنىڭ تەقدىرىمنى نېمانچىمۇ كاج ياراتقانسەن ؟ ! سېنىڭ سەۋەب قىلساڭ بېرىمەن ، دېگىنىڭ قېنى ؟ ! بايلىق ئارزۇسىدا ، هوقۇق تەمەسىدە ، شان ـ شۆهرەت خىيالىدا قىلغانلىرىم بىر تىيىنلىق پايدا بەرمىدى . ئاخىرى ئىتتىن خار قىلىپ ، مۇنۇ قۇرۇق چۆپ دۆۋىسى ئۈستىگە چىقىرىپ قويدۇڭ . ئەتىكى كۈنۈم قانداق ئۆتىدۇ ، بىلمەيمەن ! ئەمدى ماڭا ماڭىدىغان يول ، ياشايدىغان كۈن بارمۇ ، يوق ، بۇنىمۇ بىلمەيمەن !… »

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئېقىپ ، ئاخىرى يېشىمۇ تۈگىگەندەك قۇرىدى . بىر چاغدا ئۇ خورەك تارتىپ ئۇخلاپ قالدى ، سىڭار كۆز چۈش كۆردى :

ئەخمەت خەزىنىچىبەگ ، ئابدۇرۇسۇل ئەمىر ، ئۇنىڭ مەسۇم ئىككى ئوغلى ، موللا ناسىر ئەلەم ۋە ئۇنىڭ قولىدا ئۆلگەن قېرىنداشلىرى ئەخمەتخاننى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ ، ھەر تەرەپتىن قوللىرىنى سوزۇپ ، چۇرقىرىشىپ ئېسىلاتتى . ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چېچىلاتتى .

«ئۇ بىزلەرنى ئۆلتۈرگەن ، ئەمدى ھەممىمىز بىر بولۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى ! » دەپ ۋارقىرايتتى خوجىنى ئارىغا ئېلىۋالغان ئادەملەر . ئېتىلىپ كەلگەن ئابدۇرۇسۇل بەگ ئىككى قولى بىلەن سىڭار كۆزنىڭ گېلىنى بوغۇۋېلىپ :«سەن مېنىڭ قېيىناتامنى ، ئىككى ئوغلۇمنى ۋە مېنى ئۆلتۈردۈڭ ! سېنى ئۆلتۈرۈشكە ھەممىدىن مانا مەن مۇۋاپىقمەن ! ⋯ » دەپ ۋارقىرىدى كۆزلىرىدىن ئوت چېچىپ . خىرقىراپ ئۇنى چىقماي قالغان ئەخمەتخان تېپىرلايتتى . «مۇناپىق خوجا سېنى ئۆلتۈرۈپ ، بېشىڭنى كېسىۋالىمەن ، ئاندىن بەيتىللانىڭ ئاركىلىق دەرۋازىسى يېنىغا قۇلىقىڭدىن مىخلاپ قويىمەن ! خەلقئالەم سېنىڭ لەنتى بېشىڭنى كۆرۈپ : بايلىق توپلاش ، ھوقۇق ئىگىلەش ، شان ـ شۆھرەت قازىنىشنى كۆزلەپ ، ئۆز خەلقىنىڭ ھۆرمەتلىك ئوغۇل ـ قىزلىرىنى خارلىغان ۋە ئۆلتۈرگەن ، ئۆز خەلقىگە قارشى چىققان قارا يۈزنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلسۇن !⋯ »

خىرقىراپ ، تېپىرلاۋاتقان ئەخمەتخان چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى .

«ئۇ دۇنيادىمۇ ماڭا كۈن يوق ئوخشىمامدۇ ؟ » دېدى بېشى ساڭگىلاپ كەتكەن سىڭار كۆز ئاھ ئۇرۇپ ⋯ ئۇ يەنە يۇلتۇزلارغا قاراپ يېتىپ ، خورەك تارتىپ ئۇخلاپ قالدى .

*　　　　　　　　*

ھاكىمبەگ ئوردىسى ئاتخانىسىنىڭ قاراۋۇلى كېچىدە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم چىقىپ ، ئاتلارنى ، دۈۋە ـ دۈۋە بېدە ـ چۆپلەرنى ئارىلايتتى . بېدە ـ چۆپلەرنى ئوغرىلارنىڭ ئوغرىلاپ كېتىشى مۇمكىن بولمىسىمۇ ، ئوت كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى .

ئاي قاراڭغۇسى ، يېرىم كېچىلەردىن ئۆتكەندە ، ئاتخانىنىڭ قاراۋۇلى چىقىپ ، ئالدىدا ئېغىلدىكى ئاتلارنى بىر ـ بىرلەپ تەكشۈردى . ھەممە ئاتنىڭ تولۇق ئىكەنلىكىدىن كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ ، دىمىغىدا ناخشا ئېيتىپ ، بېدە ـ چۆپ دۈۋىلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى . شوتا ياتقۇزۇلغان چۆپنىڭ ئۈستىدىن كېلىۋاتقان دەھشەتلىك خورەك ئاۋازى قاراۋۇلنى سەگەكلەشتۈردى .

«چۆپنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۇخلاۋاتقان كىمدۇر ؟ — دەپ ئويلىدى چۆپنىڭ يېنىغا كېلىپ ، ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ يۇقىرىغا قاراۋاتقان قاراۋۇل گاھ ئۆرلەپ ، گاھ ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدىغان خورەككە قۇلاق سېلىپ تۇرۇپ ، — بىرەرىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ قېچىپ يۈرگەن قاتىلمىدۇر ؟ يا ياتىدىغان يېرى يوق غېرىب ـ مۇساپىرمىدۇر ؟ »

ئۇنىڭ كېيىنكى پەرىزىمۇ رېئاللىق بولۇپ ، بەزىدە ئېزىپ ـ تېنەپ بۇ يەرگە بېدە ـ چۆپ دۈۋىسىگە چىقىپ ئۇخلايدىغان غېرىب ـ مۇساپىرلارمۇ ئۇچرايتتى .

بىردەم چۆپ ئەتراپىنى ئايلىنىپ ، چۆپ ئۈستىگىمۇ چىقماي يۈرگەن قاراۋۇل ئۇخلاۋاتقان ئادەمنى قانداق قىلىش ھەققىدە ئويلاندى . ئۇ ئېنىق ، مۇقىم بىر قارارغا كېلەلمەي خورەكنى تىڭشاپ بىردەم تۇردى .

«ئات باقارلارنى ئويغىتىپ چىقاي ! — دېدى ئۇ ، ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ ، — قانداق قىلىش ھەققىدە بىللە مەسلىھەت قىلارمىز . »

ئاتخانىنىڭ قاراۋۇلى بىرى ئىگىزرەك ، بىرى ئوتتۇرا بويلۇق ئىككى ئات باقارنى ئويغىتىپ چىقتى . ئۇچى خوجا ئۇخلاۋاتقان چۆپنىڭ يېنىغا كېلىپ ، ئېڭەكلىرىنى كۆتۈرۈپ ، چۆپ ئۇستىگە قارىدى . سىڭار كۆز گاھى گېلىغا پىچاق سۇرۇلگەن ئۆكۈزدەك خىرقىراپ ، گاھى ياۋا توڭگۇزدەك چىرقىراپ ، گاھ جېنى چىقىپ كېتىۋاتقاندەك ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى .

— كىمدۇر بۇ ؟ — دېدى پىچىرلاپ دېگۈدەك ئوتتۇرا بويلۇق ئات باقار يېنىدىكى قاراۋۇل بىلەن يەنە بىر ئات باقار شېرىكىگە قاراپ .

— ئۇخلايدىغان يەر تاپالماي ، ئىزىپ ـ تېزىپ كىرىپ قالغان غېرىب ـ غۇرۋامىدۇر ؟ ! — دېدى ئىگىزدەك ئات باقار بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ ، — چۆپنىڭ ئۇستى ھەم يۇمشاق ، ھەم ئىسسىق بولىدۇ . بىچارىنىڭ خىيالىغا بۇ يەردىكى چۆپلەر كېلىپ ئۇخلىغان بولۇشى مۇمكىن . بىراق ، خورىكى ئالەمنى بېشىغا كىيىپ ، بىچارىنى پاش قىلىپ قويۇپتۇ . خورىكى بولمىغان بولسا ، قاراۋۇلمۇ بىلمەيتتى . تاڭ ئاتقاندا سىيرىلىپ چۈشۈپ ، تامدىن ئارتىلىپ چىقىپ كېتەتتى .

— قانداق قىلىمىز ؟ شوتىنى قويۇپ ، چۆپنىڭ ئۇستىگە چىقىپ ھەيدەپ چۈشەمدۇق ؟ — دېدى ئىگىزرەك ئات باقار قاراۋۇلغا قاراپ .

— يېنىدا پىچاق بولسىچۇ ؟ ! جېنىدىن تويغان بىرى بولسا ، سېنىڭ بىلەن جان تىكىپ ئېلىشماي ، ئالدىڭغا چۈشۈپ ماڭمايدۇ ! ئۇچىمىز تەڭلا چۆپ ئۇستىگە چىقالمايمىز ـ دە ! بىر ـ بىرلەپ چىقىدىغان گەپ ! ئۇ ئىگىزدە تۇرغاچقا ، پەستىن چىققان ھەرقانداق ئادەمنى تېپىپ چۈشۈرۈۋېتىدۇ...

— ئەمسە قانداق قىلىمىز ؟

— تاڭ ئاتقۇچە نۆۋەتلىشىپ قارايلى ! تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ،

بىر گەپ بولار !...

ئۇلار شۇنداق كېلىشتى . بىرىنچى بولۇپ بويى پاكارراق ئات باقار قارايدىغان بولدى . قاراۋۇل بىلەن يەنە بىر ئىگىززەك ئات باقار ئۇخلىغىلى كىرىپ كەتتى . چۆپ دۆۋىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئات باقار ئەخمەتخاننىڭ خورىكىنى ئاڭلاپ ئولتۇردى . سىڭار كۆزنىڭ ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈلمەي ئۇخلاۋاتقانلىقىنى بىلگەن ئوتتۇرا بويلۇق : تازا چارچاپ هالىدىن كەتكەن بىرنېمىدەك قىلىدۇ . بىر قېتىم مىدىرلاپمۇ قويماي ئۇخلاۋاتىدۇ يا يىراقتىن كەلگەنمىدۇر ؟ !...

كېچە بىلىنەر ـ بىلىنمەي ئۆتۈۋاتاتتى ، ئوتتۇرا بويلۇق ئات باقار چۆپ دۆۋىسى يېنىدا ئولتۇرۇپ ئەسنەشكە باشلىدى . ئۇ ئەسنىگەنسېرى نۆۋەت ئالمىشىدىغان شېرىكى چىقىدىغان ئىشىككە توختىماي قارايتتى ، لېكىن ئىگىززەك ئات باقارلارنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى .

«ئۆزۈم ئويغىتىپ چىقمىسام ئۇ ئۆزى چىقمايدىغان ئوخشايدۇ» دېدى پاكارراق ئات باقار ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ قولىدىكى ئۇزۇن تايىقىنى چىڭ تۇتقان ئات باقار ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ، كەينىگە بۇرۇلدى . ئۇ چۆپ دۆۋىسى ئۈستىدىن كېلىۋاتقان خورەكنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولدى ـ دە ، ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ كەتتى . بىر چاغدا كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئىگىززەك ئات باقار چىقتى...

كۈنچىقىش تەرەپ ئاقىرىشقا باشلىدى . چۆپ دۆۋىسى ئۈستىدىكى خورەك هاكىمبەگ ئوردىسىنىڭ ئات قورۇسىنى بېشىغا كىيىپ باراتتى . قاراۋۇل چۆپ دۆۋىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ، بۇ دەهشەتلىك خورەكتىن ئىچى پۇشۇپ ، دېمى سىقىلدى . ئۆزىنىڭ دەهشەتلىك خورىكى ئۆزىگە خائىنلىق قىلىپ ئۆزىنى تۇتۇپ بېرىدىغانلىقىنى بىلمىگەن ئەخمەتخان تا قۇياش

چىققۇچە ئۇخلىدى…

ئىككى ئات باقارمۇ چىقتى ، ئۇچى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ ، مەسلىھەت قىلىشقا باشلىدى .

— ياخشىسى ، ھاكىمبەگ ئوردىسىغا مەلۇم قىلايلى ، غېرىب ـ مۇساپىر بولسا ئېنىقلاپ قويۇۋېتەر ، يامان ئادەم بولسا جاجىسىنى بېرەر ! — دېدى ئېگىزرەك ئات باقار قالغان ئىككىسىگە قاراپ تۇرۇپ .

ئېگىز ئات باقارنىڭ پىكرى قالغان ئىككىسىگىمۇ ياقتى . ئىككى ئات باقار چۆپ دۆۋىسى يېنىدا قېلىپ ، بىر ئات باقار قاراۋۇل ھاكىمبەگ ئوردىسىغا بارىدىغان بولدى . چۆپ ئۈستىدىن يۆتەلگەن ئاۋاز ئاڭلاندى . قالغان ئىككى ئات باقار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويدى . چۆپ ئۈستىدىكى خوجا مىدىرلاپ ئۆز ـ ئۆزىگە بىرنېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىدى .

— ھاي ! … سەن كىم ؟ — دېدى جىمجىت تۇرۇۋېرىشكە تاقەتى قالمىغان ئېگىز بوي چۆپ دۆۋىسىنىڭ يېنىدىن ئوچۇقچىلىققا چىقىپ .

خوجىنىڭ بېشى كۆرۈندى .

— مەن بىر ئۆي ـ ماكانسىز مۇساپىر ، ياتىدىغان يەر تاپالماي ، كېچە كىرىپ بۇ يەردە ئۇخلىدىم .

— سەن راست غېرىب ـ غۇرۋامۇ ياكى قېچىپ يۈرگەن جىنايەتچىمۇ ، بىز بىلمەيمىز . ھاكىمبەگ ئوردىسىدىن ئادەم كەلگۈچە چۆپ ئۈستىدە يېتىپ تۇرغىن ! راست مۇساپىر بولساڭ ، كەلگەنلەر سوراپ ئېنىقلاپ قويۇۋېتىدۇ .

— ئاللانىڭ مۇبارەك نامى بىلەن قەسەم قىلىپ بېرەي ، مەن يامان ئادەم ئەمەس ، بىر غېرىب ـ مۇساپىرمەن . ھاكىمبەگ ئوردىسىدىكىلەر كەلسە ، مېنى ئۇياققا سۆرەپ ، بۇياققا سۆرەپ ئاۋارە قىلىدۇ . خۇدانىڭ نامى بىلەن ئۆتۈنەي ، قېرىنداشلىرىم ،

مېنى قويۇۋېتىڭلار ، مەن كېتىۋالاي ! — سىڭار كۆزنىڭ ئاۋازىدىن يىغا پۇرىقى كېلەتتى .

— ياق ، كەتكەن ئادەم كەلمىگۈچە قويۇۋەتسەك ، بىز سوراققا قالامدۇق ؟ ! ئۇ كېلىپ «مېنىڭ كەتكەنلىكىمنى بىلىپ تۇرۇپ ، نېمىشقا قويۇۋەتتىڭلار » دېسە ، بىز نېمە دەيمىز ؟ بولامدۇ ! هاكىمبەگ ئوردىسىدىكىلەر كەلگۈچە كۈتۈپ تۇرغىن !…

— جېنىم قېرىنداشلىرىم ! مەن سىلەرنى ئالداۋاتمايمەن ! راستىنلا ئۆي ـ ماكانسىز غېرىب ـ مۇساپىرمەن ! يېنىمدا ئاتام رەهمىتىدىن قالغان ئىككى تىللا بار ، يامان كۈنلەردە ئەسقېتىپ قالار ، دەپ ساقلاپ يۈرەتتىم .

راست ، هىيلىگەرلەر ئاق كۆڭۈل ، سەمىمىي ، بىرنى بىر دەيدىغان ئادەملەرنىڭ يۈرىكىنى زادىلا چۈشەنمەيدۇ . بۇ گۈزەل يۈرەك ساختىلىقتىن ، يالغانچىلىقتىن ، شەخسىي پايدا ـ مەنپەئەتلەردىن خالىي بولۇپ ، بۇ رەزىل ئىللەتلەرنى ئاڭلىسا قۇيقا چېچى تىك تۇرىدۇ . ئېگىزرەك ۋە ئوتتۇرا بويلۇق ئىككى ئات باقارنىڭ كۆڭلىگە چاقماقتەك يېنىپ ئوخشاش بىر خىيال كەلدى :

«راستىنلا بۇ ئادەم غېرىب ـ مۇساپىر بولسا ، هاكىمبەگ ئوردىسىدىكىلەرنىڭ كېلىشىدىن نېمانچە قورقىدۇ ؟ ! ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەهىمىسىنى بىزگە ئىككى تىللا بېرىمەن دەپ ئاشكارىلاپ قويدى . قارىغاندا ، بۇ ئادەم جىنايەتچىدەك قىلىدۇ . بولمىسا ئۇ نېمىشقا ۋەهىمىگە چۈشىدۇ ، قورقىدۇ ؟ !… »

ئىككى ئات باقار بىر ـ بىرىگە قارىدى . ئۇلارنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدە ئوخشاش بىر هېسسىيات ، ئوخشاش بىر يالقۇن چاقنايتتى .

— ئاتا مىراس تىللايىڭنىمۇ ئالمايمىز ، هاكىمبەگ ئوردىسىدىن ئادەم كەلمىگۈچە سېنىمۇ قويۇۋەتمەيمىز ! — دېدى

ئوتتۇرا بويلۇق ئات باقار ئېشىكىنى كۆتۈرۈپ چۆپ دۆۋىسى ئۈستىدە يېرىم چىقىپ تۇرغان ئىككى تەرىپى ئاچاقالپاقلىق ، بىر كۆزلۈك ئادەمگە تىكىلىپ قاراپ .

بىر ئاش پىشىمدەك ۋاقىتمۇ ئۆتمىدى . ھاكىمبەگ ئوردىسىنىڭ بىر ئوتتۇرا ياشلىق ئەمەلدارى بىلەن ئۈچ چېرىك ئاتخانىغا كىرىپ كەلدى . بۇنى كۆرگەن سىڭار كۆزنىڭ جان ـ پېنى چىقىپ كەتتى ، چۆپ ئۈستىدە لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى .

— ھاي ! بۇياققا چۈش ! ئەگەر چۈشمىسەڭ ئوق چىقىرىمىز ! — دېدى قاپقارا بۇرۇتلۇق ئەمەلدار چۆپ ئۈستىگە قاراپ . يەكچەشمە ئورنىدىن تۇردى .

— ھوي ، بۇ ئەخمەتخان خوجىغۇ ؟ ! مەن كورە يېنىدىكى بارگاھتا كۆرۈۋىدىم ، — دېدى مىلتىقلىق چېرىكلەردىن بىرى ، چۆپ ئۈستىگە تىكىلىپ تۇرۇپ .

— راست ، مەن ئەخمەتخان خوجا ! شوتىنى قويۇڭلار ، مەن چۈشىمەن ! — دېدى ئۇ ، چۆپ دۆۋىسىنىڭ چېتىگە كېلىپ ، ئۇنىڭ تىترەۋاتقانلىقى جىم تۇرالمايۋاتقان پۇتلىرىدىن بىلىنەتتى .

ئىككى ئات باقار ئۇزۇن شوتىنى يۆلەپ چۆپ دۆۋىسىگە قويدى . خوجا يەرگە چۈشۈپ ، ئەمەلدار ۋە چېرىكلەرنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— قېنى ، ماڭسىلا ، ئەخمەتخان خوجام ! بىز سىلىنى ھاكىمبەگ ئوردىسىغا ئېلىپ بارىمىز ! — دېدى قوشۇمىسى تۈرۈلگەن ئوتتۇرا ياشلىق ئەمەلدار سىڭار كۆزگە نەپرەت بىلەن قادىلىپ...

ئەلاخان ئەخمەتخان خوجىنىڭ قولغا چۈشكەنلىكىنى دەريا بويىدىن كېلىۋېتىپ ئاڭلاپ ، ئىنتايىن خۇشال بولدى . يىغىلا مۇللا شەۋكەت ئاخۇننى تاغارغا سېلىپ ، دەرياغا تاشلاپ قايتقان پالۋاننىڭ ئالدىغا كەلگەن ئاق يۈزلۈك ئەمەلداردىن خوجىنىڭ



www.uyghurkitap.com

قولغا چۈشۈش جەريانىنى تولۇق ئاڭلىدى.

— ھېلىقى ئىككى ئات باقار بىلەن قاراۋۇلنى چوقۇم تارتۇقلايمەن! — دېدى ئەلاخان ئېتىنى دېۋىتىپ، ھاكىمبەگ ئوردىسىغا تېزرەك يېتىپ بېرىشنى ئويلاپ.

پالۋان ھاكىمبەگ ئوردىسىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ ئالدىراپ ئېتىدىن چۈشتى. ئۇ يۈگۈرۈپ كەلگەن مۇھاپىزەتچى يىگىتكە ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى بېرىپ، ئۆزىگە قاراپ تۇرغان سىپاھلارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— قېنى، ئەخمەتخان خوجامنى ئاچىقىڭلار!

يۈز - كۆزى خۇيز ۇنىڭ قىزىل قېنى بىلەن بويالغان، بېشىغا ئىككى تەرىپى يىرىق لاتا قالپاق كىيگەن سىڭار كۆز بېشىنى سالغان ھالدا ئەلاخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — دېدى ئەلاخان خوجىغا قاراپ، — مەيلى سىلى كىم بولسىلىمۇ، كىچىكلەرنىڭ چوڭلارغا سالام قىلىشى بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتى! مەن بۇ ئادەتنى بۇزۇشنى خالىمىدىم. سىلى ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ قانىغا قەرزىگە بوغۇلغان كەچۈرگۈسىز جىنايەتچى بولسىلىمۇ سالام قىلدىم، — ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ، سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى، — سىلىنى تىرىك قالدۇرغىلى بولمايدۇ! سىلىنى تىرىك قالدۇرسام قوللىرىدا ئۆلگەن قېرىنداشلىرىم مېنى لەنەتلەيدۇ! ئەل - يۇرتنىڭ سىلىگە چىقارغان ھۆكمى: ئۆلۈم! قېنى، دەيدىغان گەپلىرى بولسا دەۋالسىلا! ئوقۇيدىغان نامازلىرى بولسا ئوقۇۋالسىلا! سىلىنى ئۆزۈم ئۆلتۈرىمەن!...

— سىلىنى، ئەلاخان، موللا شەۋكەتكە ئەمىر بولغان كۈنلىرىمدە ئۆلتۈرۈۋېتىمگەنلىكىمگە تولىمۇ پۇشايمان قىلىمەن!...

ئەلاخان قىلىچىنى سۇغۇرۇۋالدى. قىلىچىنىڭ ئۆتكۈر بىسى

www.uyghurkitap.com

قۇياش نۇرىدا جۇلالىناتتى . ئۇ بېشىنى سىلىپ ، يالغۇز كۆزنى يۇمۇپ ، غال ـ غال تىترەۋاتقان ئەخمەتخانغا قاراپ ماڭدى . پالۋاننىڭ كۆز ئالدىدىن خەلق ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئەخمەت خەزىنىچىبەگ ، ئەل ـ يۇرتى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغان ئابدۇرۇسۇل ئەمىر ، بىر جۈپ قوش غۇنچىدەك ئىككى ئوغۇل ، خىزىردەك موللا ناسىر ئەلەم ۋە ئۇرۇشلاردا خوجىنىڭ قولىدا ئۆلگەن جانجىگەر قېرىنداشلىرى بىر ـ بىرلەپ ئۆتتى . ئۇنىڭ لاچىنىنىڭ كۆزلىرىدەك كۆزلىرى ئوت بولۇپ ياندى ، قىلىچ تۇتقان قولى تېخىمۇ كۈچلىنىپ ، تاشلاۋاتقان ئاياغلىرى تېخىمۇ دادىللاشتى . ئەلاخان سىڭار كۆزگە يېقىنلاپ كەلدى ـ دە ، خۇددى يولۋاستەك غەزەپ بىلەن بىر ھۆركىرەپ ، ئۇنىڭ بوينىغا قىلىچ ئۇردى . يەرگە ئۈزۈلۈپ چۈشكەن خوجىنىڭ بېشى ئۆزىدىن قان چېچىپ ، يەر ئۈستىدە بىرقانچە قېتىم سەكرەپ توختىدى...

پالۋان بىر مۇھاپىزەتچىسىگە سىڭار كۆزنىڭ بېشىنى بىر خالتىغا سېلىپ كۆتۈرتۈپ كوچىغا چىقتى . ئۇلارنىڭ كەينىدىن بارلىق سىپاھ ۋە چېرىكلەرمۇ ماڭدى . ئەلاخان باشلىغان ھاكىمبەگ ئوردىسىنىڭ بارلىق ئەمەلدار ۋە چېرىكلىرى بەيتۇللانىڭ ئالدىغا كەلدى . ئاڭغىچە بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئادەملەرمۇ تەرەپ ـ تەرەپتىن بەيتۇللا ئالدىغا كېلىپ ، بەيتۇللانىڭ ئالدىدىكى كوچىدا ئىلى دەرياسىدەك دولقۇنلاندى .

ئەلاخان ئەۋەتكەن مۇھاپىزەتچىنىڭ دىگىنى بويىچە ئالاھىدە مىخ ياساپ كەلگەن تۆمۈرچى ، يەنە بىر مۇھاپىزەتچى ئىككى خىشنىڭ ئارىسىغا توغرىلاپ تۇتۇپ تۇرغان ئەخمەتخاننىڭ يوغان قۇلىقىغا قالپىقى چوڭ مىخنى تۇتۇپ ، بولقىسى بىلەن ئۇردى...

— ئەخمەتخاندەك ئۆز ئەل ـ يۇرتىغا قاراپ ھۇرىدىغان تۈلكىلەردىن قۇتۇلمىساق ، يەنىلا ئىناق ـ ئىتتىپاق بولالمايمىز !

بۇ كۆنلەردە بىزگە ئىناقلىق ۋە ئىتتىپاقلىق ھاياتىمىزدىنمۇ قىممەتلىك !...

دولقۇنلاۋاتقان ئىلى دەرياسى ئەلاخاننىڭ سۆزلىرىنى قوللىغاندەك گۈركىرىدى...

سىگار كۆزنىڭ بېشى بىرقانچە كۈندىن كېيىن سېسىپ چۈشۈپ كەتتى... بەيتىللا ئاركىلىق دەرۋازىسىنىڭ سول تەرىپىدە ، ئادەم بويى ئېگىزلىكىدە قالغان قالپىقى ، يوغان مىخ يېقىنقى زامانلارغىچە ساقلىنىپ تۇرۇپ ، كېيىن ئۇمۇ يوقىدى...

www.uyghurkitap.com

# خاتىمە

## «ئىش ئىلكىمىزدىن كېتىپتىكەن ـ دە»

چارروسىيىگە قارشى چىققانلىقى بىلەن ئەيىبلىنىپ سولانغان يەتتەسۇلۇق بولۇس تازابېك بىلەن پالتابېك دېگەن قازاقلار چېگرىدىن قېچىپ ئۆتۈپ ئىلىغا كەلدى . بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان يەتتەسۇ ۋالىيسى گېنېرال كالپاكوۋىسكى ئەلاخانغا ئەلچى ئەۋەتىپ قېچىپ كەلگەن ئىككى قازاقنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى . ئەلچى پالۋانغا تاپشۇرغان گېنېرالنىڭ خېتىدە تۆۋەندىكىلەر يېزىلغانىدى :

«ئوقۇپ كۆردى نامەدە مۇنداغ دېمىش ،
‹قاچىپ ئوغرىمىز ئاندا بارغان ئىمىش .
تۇتۇپ بەر ئانى قول ـ پۇتىن باغلابان ،
كى سائەتكە قويماي ئىبەرگىل بۇيان .
مەگەر بەرمەسەڭ سىزگە قىلغۇم جاپا ،
تامام خەلقىڭىزنى قىلۇرمەن خاپا .
بارىپ يۇرتىڭىزنى قىلىپ دەستىگىر ،
سېنى ھەم سىپاھلارنى قىلغۇم ئەسىر ›...» ①

ئەلاخان گېنېرال كالپاكوۋىسكىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ ،

① «غازات دەرمۇلكى چىن»داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 4 ـ سان 43 ـ بەت .

تازابېك ۋە پالتابېكلەر قايتۇرۇپ بەرمىدى .

چارروسىيە ئۇرۇش ئېلان قىلىپ ، 1871 ـ يىل ئەتىيازدا زەمبىرەك ۋە مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان قوشۇنلىرىنى كەتمەنگە قاراپ ئاتلاندۇردى...

* *

يەر ـ جاھان ئىسسىپ ، دەل ـ دەرەخلەر يوپۇرماق چىقاردى . ئېتىزلارغا تېرىلغان يازلىق ئاشلىقلار كۆكىرىپ بوي كۆرسەتتى . زېمىن يېشىللىنىپ ، ئاجايىپ چىرايلىق بولۇپ كەتتى . ئاشىق بۇلبۇل باغۇ بوستانلاردا جۇنۇنلىنىپ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ مۇھەببەت ناۋالىرىنى كۈيلەيتتى .

كەتمەن يېزىسىنىڭ ئاقساقىلى سىيىتۋالدى بەگ ئۆز ئۆيىدە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن گۇڭۇر ـ مۇڭۇر چۇشلۇك چېيىنى ئىچىۋاتاتتى . بۇ خوش چاقچاق ئادەم قىزىق گەپلەر بىلەن ئايالى ۋە ئوغۇل ـ قىزلىرىنى كۈلدۈرۈپ ، ئۆي ئىچىنى خۇشاللىققا چۆمدۈرەتتى .

«بالا ـ قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس ، كەلسە پۇت ـ قولىنى ساڭگىلىتىپ» دېگەندەك ، ئۆيگە ئىشىكنىمۇ چەكمەي ، ئاق قالپاقلىق ، ئۆچكە ساقاللىق بىر قازاق ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ كىرىپ كەلدى . ئۇنىڭ چىراي ۋە كۆزلىرىدىن ۋەھىمە ئۇچاتتى .

— كەل !... كەل !... يۇقىرى ئۆت ! — دېدى سىيىتۋالدى بەگ كىرگەن قازاققا ھەيران بولغاندەك قاراپ ، ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ .

— ئالدىرايمەن ! مېلىم ئايدالادا ، قارايدىغان ئادەم يوق قالدى . ئورۇسلار چېگرىغا نۇرغۇن ئەسكەرلىرىنى توپلىدى . ئۇلارنىڭ پەيلى يامان ، چېگرىدىن بېسىپ كىرىدىغاندەك

كۆرۈندۇ ، — دېدى قازاق تاپسىدىلا ، قامچىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ، — دەيدىغىنىم شۇ ! ھەرنېمە بولسا سەگەك تۇرۇڭلار !...

ئاق قالپاقلىق تاغ ئوغلى ئۆيگە قانداق ئالدىراپ كىرگەن بولسا ، يەنە شۇنداق ئالدىراپ چىقىپ كەتتى . ئورنىدىن تۇرۇپ سۇپىدىن چۈشۈپ تۇرغان يېزا باشلىقى قازاقنىڭ كەينىدىن ئۈزىتىپ ئىشىككە قاراپ ئىتتىك ماڭدى...

ئۇرۇش دېسە جېنى سىرقىرىمايدىغان ئەر ـ ئايال بارمىدۇر ؟ چۈنكى ئۇ گۈزەللىك ۋە يېشىللىقنى ، شەھەر ـ يېزا ۋە تىرىكلىكنى ۋەيران قىلىدىغان ، قانغا بويايدىغان بالايىئاپەت ! شۇڭلاشقا ئۇرۇش دېسە ، قاپىقى تۈرۈلمەي ، كۆلىدىغان ئادەم بۇ دۇنيادا بولمىسا كېرەك ! قازاقنى ئۈزىتىپ ئۆيگە كىرگەن سېتىۋالدى بەگنىڭ بۇغداي ئۆڭلۈك چىرايىدا بايىقى كۆلكە ۋە كۆلۈمسىرەشلەردىن زەررىچىلىك ئىپادىمۇ كۆرۈنمەيتتى ، ئۇنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ ، كۆزلىرى خىيال بىلەن چاقنايتتى .

«قانداق قىلىش كېرەك ؟ — دەپ ئويلىدى سېتىۋالدى بەگ سۇپا ئۈستىگە چىقىپ ، شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ، ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرى ئۆزىگە ئۈن ـ تىنسىز ۋەھىمە بىلەن قاراپ تۇرغان ئايالى ۋە باللىرىغا ئەمەس ، ئالدىدىكى تېخى يېرىلمىغان قايماقلىق ئەتكەنچايغا تىكىلدى ، — ياخشىسى دەرھال يۇرت چوڭلىرىنى يىغىپ ئۇلار بىلەن كېڭەشەي... »

ئۇ شۇنداق قىلدى . ئارىدىن بىر ئاش پىشىمدەك ۋاقىت ئۆتۈپ يۇرت چوڭلىرى ئالدى كۈنچىقىشقا قارىغان كونا مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى بۇككىدە سېدىنىڭ ئاستىغا يىغىلدى . يېزىنىڭ چوڭ ئىشلىرى مۇشۇ مەسچىت ، مۇشۇ سېدىنىڭ تېگىدە مۇزاكىرە قىلىناتتى .

سېدە ئاستىدىكى سايىدە چۆرىدەپ ئولتۇرغان ئاق ، چار ۋە قارا ساقاللىق يېزا مۆتىۋەرلىرى سېتىۋالدى بەگدىن قازاق

يەتكۈزگەن خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىردەم ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇشۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ جىددىيلەشكەن چىرايلىرى ۋە يوغان ئېچىلغان كۆزلىرىدىن ھەم غەزەپ، ھەم جاسارەت، ھەم خىيال چېچىلاتتى.

— ئاق پاشا چېگرىغا چېرىك توپلاپتۇ - دە! ئۇ مۇتتەھەم ئۇزاقتىن بېرى كۆزىنى قىزارتىپ بىزنىڭ بۇ ئالتۇندەك زېمىنىمىزغا تىكىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇسۇرغاققا ئارپا نېنى باھانە دېگەندەك، ھېلىقى بىز تەرەپكە قېچىپ كەلگەن ئىككى قازاقنى باھانە قىلىپ، بىزگە تاجاۋۇز قىلماقچى بوپتۇ - دە! كەلسە كەلسۇن، كۆرەرمىز! بىز نېمىلەرنى كۆرمىگەن!؟ يەنىلا ياشاپ كېلىۋاتىمىز! ئۆلۈپ تۈگىمىدۇق! چارروسىيە قوشۇنلىرى بېسىپ كەلسىمۇ يەنىلا تۈگىمەيمىز! سېتىۋالدى بەگ، چېرىكلىرىڭ بىلەن بىللە، تاياق - توقماق، ئارا - گۈرجەك تۇتالايدىغان كەتمەنلىكلەرنى سەپكە تىزغىن! مانا، مەنمۇ تۆمۈر ئارامنى ئېلىپ تىزىلىمەن. كۆك كۆزلەرنىڭ قانچىلىك بىڭسىسى بار ئىكەن، كۆرۈپ باقامدۇق!؟ — يەتمىشلەرگە يېقىنلاپ قالغان، چاچ - ساقاللىرى قاردەك ئاقارغان جاھانباقى بوۋاي ئالدىرىماي، سالماق بىلەن سۆزلىدى. ئۇنىڭ سۆزىنى سورۇندىكىلەر باشلىرىنى لىڭشىتىپ قوللاپ تۇردى.

— جاھانباقىكام توغرا دېدى، — دەپ سۆز باشلىدى بېشىغا سادىر ئاق مالخىيى كىيگەن، گەۋدىلىك ئەمەت ئىسىملىك، ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم، — ئىككى قازاق بىر باھانە! جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا دېگەندەك، ئاقپاشانىڭ قەستى بىزنىڭ ئالتۇندەك زېمىنىمىزدا! ئۇ كېلىمەن دېسە، ياخشىلاپ كۈتۈۋېلىشتىن باشقا نېمە چارە؟! تەييارلىنايلى! يەنە بىرى: مەكتۇپ يېزىپ كۆك كۆزلەرنىڭ كەتمەنگە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىدىن ئەلاخانىنى خەۋەرلەندۈرەيلى! شەھەردىن ياردەمگە قوشۇن كەلسۇن!...

قـﯘيـاشـنـىـڭ ئـىـسـسـىـقىدا ، يوپۇرماق چىقارغان سېدە ئـۆگـدەۋاتـقـاندەك كۆرۈنەتتى . باياتىن ۋىچىرلاشقان قۇشقاچلار نەگىدۇر ئۇچۇپ كېتىپ ، ئاستىدىكىلەرنىڭ پارىڭىدىن باشقا ئۈن ئاڭلانمايتتى . مەسچىت ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئەر ـ ئاياللار سېدە ئاستىدا ئولتۇرغانلارغا قاراپ قوياتتى...

— ئەمسە ، شۇنداق بولسۇن ! — دېدى كۆپچىلىكنىڭ گېپى تۈگەپ ، پىكىرلەر بىر نۇقتىغا كەلگەندىن كېيىن يېزا باشلىقى سـۆز بـاشـلاپ ، — هـەمـمـىـمىز ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ ، يۇرتنى قـوزغـايـلـى ! جـەڭ قـىلالايدىغان ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەممىسى چـاررۇسـىـيە چېرىكلىرىنىڭ كېلىشىنى كۈتسۇن ! مەن ئاسىم خەلپىتىمنى تېپىپ ، ئەلاخانغا ئەۋەتىلىدىغان خەتنى يازدۇرۇپ ، بىر ئاتلىق يىگىتتىن ماڭدۇرۇۋېتەي !...

يـۇرت چـوڭـلـىـرى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ، كەينىلىرىنى قـولـلـىـرى بىلەن قېقىپ بىر ـ ئىككىدىن بولۇپ تارقالدى . سـېـتىـۋالدى بەگ ئالدىراپ ئاسىم خەلپىتىمنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى . بۇ چاغدا قۇياش نامازدىگەرگە يېقىنلاپ باراتتى...

*　　　*

ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۈپ ، تاڭ يېڭىدىن يورۇۋاتقاندا ، چار پـادىـشاھ قوشۇنلىرى چېگرىدىن ئۆتتى . ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ يـۈگـۈرۈپ كـەلـگـەن چېرىكنىڭ خەۋىرىدىن ئورنىدىن تۇرغان سېتىۋالدى بەگ جاڭ ئۇرغۇزۇپ پۈتۈن يېزىنى سەپكە تۇرغۇزدى . قولىغا ئارا ـ گۈرجەك ، تاياق ـ توقماق ئالالايدىغان ئەر ـ ئاياللار كـېـلـىـۋاتـقـان تاجاۋۇزچىلارغا قارشى جەڭگە ئاتلاندى . ئۇلار سېتىۋالدى بەگنىڭ يۈزدەك چېرىكى بىلەن يېزا چېتىگە كېلىپ دۈشمەن قوشۇنلىرىنى كۈتۈپ تۇردى . كۆزلىرى تاڭ چولپىنىدەك چاقناۋاتقان ھەربىر ئەر ـ ئايالنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇقەددەس تۇپرىقنى

قوغداش ئىرادىسى گۈلخان بولۇپ ياناتتى .

مانا ، چاررۇسىيە چېرىكلىرىنىڭ زەمبىرەك ۋە مىلتىقلىرى كەينى - كەينىدىن ئېتىلىشقا باشلىدى . توپ ئوقى چۈشۈپ پارتلىغان يەردىن ئوت - يالقۇن ، ئىس - تۈتەك ، توپا - چاڭ سۈزۈك تاڭ ھاۋاسىغا ئۆرلەپ چىقاتتى . مىلتىق ئوقلىرى ۋىژىلداپ كېلىپ ، نەلەرگىدۇر چۈشەتتى . يېزىنىڭ نۇرغۇن ئۆيلىرى ئۆرۈلدى ، باغلىرى ۋەيران بولدى . يېزا چېتىدە سەپ تارتىپ تۇرغان باتۇرلاردىن ، مەھەللىدە قالغان قېرى - چۈرى ۋە بالىلاردىن ، چارۋا ماللاردىن ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغانلارمۇ ئاز بولمىدى... بىر ھازا زەمبىرەك ۋە مىلتىق ئاتقان چاررۇسىيە قوشۇنلىرى ھۇررا توۋلاپ پىيادە ۋە ئاتلىق ھۇجۇمغا ئۆتتى . ئىچ - ئىچىدىن ئۆرلىگەن غەزىپىنى يوغان ئېچىلغان كۆزلىرىدىن ئوت بولۇپ چېچىۋاتقان كەتمەنلىكلەر چۇقان كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان ئاتلىق ۋە پىيادە تاجاۋۇزچىلارغا يوشۇرۇنغان ئورۇنلىرىدا قوراللىرىنى چىڭ تۇتۇپ قاراپ تۇراتتى .

كۈنچىقىش تەرەپ بىلىنەر - بىلىنمەس قىزىرىپ كېتىۋاتاتتى . تاغ تەرەپتىن كېلىۋاتقان گۈر - گۈر شامال يېزا چېتىدىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى شىلدىرلىتىپ ئۇچاتتى...

مانا سېتىۋالدى بەگنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ياڭرىدى :

— قېرىنداشلار ! مۇقەددەس زېمىنىمىزغا بېسىپ كىرگەن تاجاۋۇزچىلار ئالدىمىزغا كەلدى . قېنى ، جەڭگە چىقىپ ، ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى تازا بىر بېرەيلى ! ئالغا !...

دەل - دەرەخلەر كەينىدە ، ئېرىق ۋە ئويمان - چوڭقۇرلاردا ، تۆپىلىكلەرنىڭ ئارقىسىدا مۆكۈنۈپ ياتقان قوراللىق چېرىكلەر ، كەتمەنلىك ئەر - ئاياللار قىيقاس - چۇقان بىلەن كېلىۋاتقان تاجاۋۇزچىلارغا قارشى خۇددى بوراندەك ئاتلاندى . ھەربىر

www.uyghurkitap.com

يۇگۇرۇپ كېتىۋاتقان كەتمەنلىكنىڭ يۈرىكىدە ئانچان تۇپراق مۇھەببىتى ئوق بولۇپ ياناتتى. ئۇلار شۇ تاپتا ئۆلۈمنىمۇ بىلمەيدىغان، غەزەپ بىلەن ئۆز دۈشمىنىگە ئېتىلغان شىر ۋە يولۋاسلارغا ئوخشايتتى.

قوچاقلاشما جەڭ باشلىنىپ كەتتى. چارروسىيە چېرىكلىرى سان جەھەتتىن خېلىلا كۆپ ۋە ھەممىسىلا مىلتىق ۋە قىلىچلار بىلەن تولۇق قوراللانغان بولسىمۇ، كەتمەنلىك ئەر ـ ئاياللار قورقۇپ قالمىدى. ئۇلار قولىدىكى ئارا ـ گۇرجەك، تاياق ـ توقماق ۋە مىلتىقلار بىلەن پىيادە ۋە ئاتلىق تاجاۋۇزچىلار بىلەن جان تىكىپ جەڭ قىلاتتى. ئەنە، يەڭلىرىنى تۈرۈۋەتكەن بەرنا بىر ئايال ئالدىغا كەلگەن بىر ئاق پادىشاھ چېرىكىنى قولىدىكى تۆمۈر ئارىسى بىلەن دوزاخقا ئۇزىتىۋەتتى. دەھشەتلىك چىرقىراپ يىقىلغان تاجاۋۇزچىنىڭ تۆمۈر ئارا كىرگەن كۆكرىكىدىن قان يامراپ چىقاتتى. جەڭ بارغانسېرى قىزىپ، يېشىل دالىنى قىيقاس ـ چۇقان جاراڭلىتاتتى... باتۇر كەتمەنلىكلەر چۈشكىچە قاتتىق جەڭ قىلدى، لېكىن سان جەھەتتىن ئاز، قوراللىرى ناچار بولغانلىقتىن ئاخىرى بەرداشلىق بېرەلمەي، يېزا باشلىقىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مەھەللىگە چېكىندى. ئۇلار خېلى كۆپ قېرىنداشلىرىنىڭ جەسىتىنى جەڭ بولغان دالىدا قالدۇرۇپ، ئاستا ـ ئاستا چېكىنىپ يېزىغا كىردى. ئۇ يەردىن قېرى ـ چۈرى ۋە بالا ـ چاقىلىرىنى ئېلىپ، كەتمەننى تاشلاپ چىقتى...

تاجاۋۇزچىلار يېزىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، چېكىنگەن كەتمەنلىكلەرنىڭ كەينىدىن قوغلىمىدى. ئۇلار توخۇ ۋە قوي ـ قوزىلارنى سويۇپ، ئىگىسىز قالغان ئۆيلەرنىڭ قازانلىرىغا سېلىپ ئاستىغا ئوت ياقتى. گۆش پىشقۇچە چارروسىيە چېرىكلىرى هاراقلىرىنى ئىچىپ، گارمون چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، كەتمەن كەنتىنى بېشىغا كىيدى...

باتۇر كەتمەنلىكلەر يېزىدىن چىقىپ، ناماز دىگەردىن

ئۆتكەندە شەھەردىن كېلىۋاتقان ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئەلاخان سېتىۋالدى بەگنىڭ مەكتۇپىنى ئالغاندىن كېيىن، توقلەك پالۋاننى باش قىلىپ، ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇننى كەتمەنگە ئاتلاندۇردى. باشلىرىغا بىردەك ئاق قالپاق كىيگەن ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق چېرىكلەر كەتمەنلىكلەر بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. خەلق ۋە چېرىكلەر بىر - بىرىنى باغرىغا بېسىپ كۆرۈشتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان قېرىنداشلىق كۆز ياشلىرى سىيرىلىپ ئانجان زېمىنغا چۈشتى. قوشۇن ۋە خەلق ئۇچراشقان تۈزدە گۇلخانلارنى يېقىپ، كەچكى تاماقلىرىنى بىللە يېدى. توقلەك پالۋان بولۇپ ئۆتكەن جەڭنىڭ ۋە تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇنلىرىنىڭ سەركەردىلىرى بىلەن ئالدىدىكى جەڭنى قانداق قىلىش ھەققىدە كېڭەشتى…

تاڭ قاراڭغۇسى، ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلاپ ياناتتى. ئارىلاپ - ئارىلاپ ئاڭلانغان ئىتلارنىڭ ھۇۋۇلاپ قاۋىشىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. يېزىغا يېقىنلاپ كەلگەن توقلەك پالۋان قوشۇنلىرى ۋە كەتمەن كەنتىدىكى خەلق توختاپ، ئارام ئالدى. يېزىغا كىرگەن چارلىغۇچىلار تاجاۋۇزچىلارنىڭ ياققان گۇلخانلىرى ئۆچۈپ، بەزىلىرىدىن ئىس - تۈتەك ئۆرلەۋاتقانلىقىنى، چۆرىسىدە ئولتۇرغان قاراۋۇللارنىڭ مىلتىقلىرىنى تۇتۇپ ئۈگدەۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار دۈشمەن ئاساسي قوشۇنىنىڭ ئۆيلەردە ئۇخلاۋاتقانلىقىنى بىلدى. يېزىغا بېسىپ كىرىپ، تاجاۋۇزچىلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى ئۆز ئانا تۇپرىقى ئۈچۈن جان تىكىپ جەڭ قىلىدىغان باتۇرلارغا قۇچاق ئېچىپ تۇراتتى…

ئەۋەتكەن چارلىغۇچىلىرىدىن دۈشمەن ئەھۋالىنى ئاڭلىغان قامەتلىك، ئۇزۇن بۇرۇتىنىڭ ئىككى ئۇچى ئۇستىگە قايرىلغان، كۆزلىرى يوغان توقلەك پالۋان قوشۇنلىرى سەپكە تۇرغۇزۇپ،

هۇجۇمغا ئاتلاندۇردى . گويا تۇمەن تۇلپار ئۇچقاندەك ، تۇمەن شىر ـ يولۋاس ئېتىلغاندەك ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇنلار ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن كەتمەنلىكلەر يېزىغا كىردى . ھەيۋەتلىك ھۇررا ۋە قىيقاس ـ چۇقاندىن تاڭ قاراڭغۇسىنىڭ جىمجىتلىقى بۇزۇلۇپ ، جەنۇبتىكى قارايغان ئەزىم تاغلار قاقاقلاپ كۈلگەندەك بولدى . تاجاۋۇزچىلارنىڭ قاراۋۇللىرى قاباھەتلىك چۈش كۆرۈپ ئويغانغاندەك ۋارقىراپ ـ چىرقىراپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ساراڭلاردەك قاچتى . قاراۋۇللىرىنىڭ ئالتاغىل ئۇنىدىن ئويغانغان چارروسىيە چېرىكلىرى ئۆي ـ ئۆيلەردىن يۈگۈرۈپ چىقىپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى . خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك «ئۇر ! چاپ !» دەپ كېلىۋاتقان ئاق مالخايلىق چېرىكلەر مىلتىق ـ قىلىچلىرىنى ھاۋادا ئوينىتىپ تاجاۋۇزچىلارنىڭ جېنىنى ئالىدىغان جەڭ ئىلاھلىرىغىلا ئوخشايتتى . ئاق پادىشاھ چېرىكلىرى ئەس ـ ھوشىنى يىغىپ مىلتىقلىرىنى كېلىۋاتقان باتۇرلارغا قاراتقان بولسىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى . يېتىپ كەلگەن ئەزىمەتلەر ھەش ـ پەش دېگۈچە بىرقانچىسىنىڭ كاللىسىنى يەرگە قامغاقتەك دومىلىتىۋەتتى . بۇ كېلىۋاتقان قۇدرەتلىك بوراننى توسۇپ قالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن تاجاۋۇزچىلار ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قېچىشقا باشلىدى . توقلەك پالۋاننىڭ ئاتلىق باتۇرلىرى قىيقاس ـ چۇقان بىلەن قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ قاچقان دۈشمەننى چاپ ـ چاپ قىلىپ قوغلىدى . يوللاردا تالاي جەسەتلىرىنى قالدۇرۇپ چارروسىيە چېرىكلىرىنىڭ ئاز بىر قىسمىلا چېگرىدىن ئۆتۈپ كەتتى...

تاڭ ئېتىپ ، كۈنچىقىش ئۇپۇقى چوغ رەڭلىك گۈللەرنىڭ گۈلزارلىقىغا ئايلاندى . غەلىبە قىلغان قوشۇن ۋە خەلق كوچىلاردا ناخشا ئېيتىپ ، ئۇسسۇل ئويناپ چىقىۋاتقان نۇرلۇق پەرىشتىنى كۈتۈۋالدى...

*　　　　*

تۆر تامغا تارتىلغان مودەنگۈللۈك گىلەمنىڭ قارشى تەرىپىدە، ھويلىغا قارىغان دېرىزىلەردىن بىرىنىڭ يېنىدا، قوش قەۋەت كۆرپىدە ئولتۇرغان جېلىل ئوغلى بېشىر بەگنىڭ قېتىلغان كۆزلىرىدىن كۆكۈچ نۇر چېچىلاتتى. چوڭقۇر خىيال سۇرۇۋاتقانلىقى قىزىلدىن قالغان چېچەك ئىزى بار قارامتۇل، كەڭ يۈزىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان مۇرىلىرى كەڭ، سېمىز، بېشى يوغان، يېشى ئەللىكلەرگە يېقىنلاشقان بۇ ئادەم مۇناپىقلىق يولىنىڭ باشلىنىش پەللىسىدە ئايلىناتتى. بۇرۇتى ئۇزۇن، كەتمەن ساقال بېشىر بەگ قول ـ ئىلكىدە بار، كۈنلىرى خىجالەتسىز ئۆتىدىغان، لېكىن نەپسى يامان ئادەملەردىن ھېسابلىناتتى. بۇ بەگنى مۇناپىقلىق يولىنىڭ باشلىنىش پەللىسىدە ئايلاندۇرۇۋاتقان دەل ئۇنىڭ نەپسى شەيتىنى بولۇپ، بايلىق، ھوقۇق كېلىدىغان، لېكىن ئەل ـ يۇرت قارغايدىغان بۇ مۇناپىقلىق يولىغا مېڭىشتىن سەل ئەيمىنىپ تېخى ئىنىق بىر قارارغا كېلەلمەي قاتتىق خىيال ئىچىدە ئايلىناتتى...

شۇنداق، بۇ دۇنيادا شەخسىي مەنپەئەتتىنمۇ قۇدرەتلىك ۋە سېھىرلىك كۈچ بارمىدۇ؟! بۇ قۇدرەتنىڭ قولىغا ئايلانغان ئادەملەر ھەرقانداق بالايىئاپەت ۋە خەتەرلەردىن قورقمايدۇ! ئار-نومۇس، ۋىجدان ـ ئىمان دېگەنلەرنى زادىلا بىلمەيدۇ. شەخسىي مەنپەئەت دەيدىغان شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدە قالغان مۇناپىقلار ئاتا ـ ئانىسى، بالا ـ چاقىسى، قوۋم ـ قېرىندىشى، يۇرتداشلىرى، ھەتتا يۇرتىنىمۇ چەيلەپ ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ. ئوچۇقىنى دېسەم، بۇ قارايۈزلەر ئەل ـ يۇرت بىلەن شەخسىي مەنپەئەتنى توقۇنۇشۇپ قالسا، شەخسىي مەنپەئەتنىلا ئەلا بىلىپ، ئەل ـ يۇرتىدىن ئىككىلەنمەي ۋاز كېچەلەيدۇ ۋە قۇربان قىلالايدۇ. شۇ تاپتا ياسىداق سارىيىدا، ھويلىغا قارىغان دېرىزىلىرىنىڭ بىرى

يېنىدا ئولتۇرغان ، ئادەتتە نەپسى يامان ، شەخسىي مەنپەئەتىدىن ئاسان ۋاز كەچمەيدىغان بىشىر بەگمۇ ئەل ـ يۇرتى بىلەن شەخسىي مەنپەئىتى توقۇنۇشقان يولنىڭ بېشىدا چوڭقۇر خىيال سۈرۈپ تۇراتتى . ئۇ بۈگۈن بىر كېچىنى ئۇخلىماي دېگۈدەك خىيال بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتتى . بامدات نامىزىنى ئوقۇشنىمۇ ئۇنتۇغان بەگ ئەتىگەنلىك چېيىنى ئالدىراپ ـ تېنەپ ئىچىپ ، ياسىداق سارىيىغا كىرىپ يەنە خىيال ئىچىدە كېزەتتى . ئۇزۇندىن بېرى ھوقۇق ـ مەنسەپ ۋە بايلىق تەمەسىدە ياشاپ كېلىۋاتقان بۇ ئادەم ھوقۇق ۋە بايلىق ئالدىغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ ۋەسۋەسىسىدە بىر كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپ ، يەنە قىينىلاتتى . جېلىل ئوغلى تۇنۇگۈن چارروسىيىنىڭ ئېلىمىزنىڭ كەتمەن يېزىسىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكىنى ئاڭلىدى . مۇقەددەس زېمىنىمىزغا بېسىپ كىرگەن ئاق پادىشاھ قوشۇنلىرى كەتمەنلىكلەر بىلەن توقۇلەك پالۋانىنىڭ باتۇرلىرىنىڭ بەرگەن زەربىسىگە چىدىيالماي ، چېگرىدىن قېچىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلدى…

«قانداق قىلسام بولار ! — دېدى بىشىر بەگ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ ، — كۈتكەن ھوقۇق ۋە بايلىقنىڭ شاھى بولىدىغان كۈن كەلگەندە ، بۇنىڭدىن ۋاز كەچسەم بولامدۇ؟ ! ياق ! ياق !— … ئۇ ئاخىرقى سۆزلىرىنى قاتتىق قايغۇ ـ ھەسرەت بىلەن ئىڭرىغاندەك چىقاردى ، — بۇ دۇنيا— مەنسەپ ، بايلىق ۋە شان ـ شۆھرەت دۇنياسى . بۇلار بولمىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ بىر تىيىنچىلىك قىممىتى بولمايدۇ ! ياق ! ياق ! مېنى ئادەملەر نېمە دېسۇن ، بۇ يولغا ماڭغىنىم ماڭغان ! مەن مەنسەپ ۋە بايلىقنىڭ بۇيۇك خاقانىغا ئايلانغان چېغىمدا ، مېنى لەنەتلەيدىغان ، ماڭا تۈكۈرىدىغان ئادەملەرنىڭ چىققىنىنى كۆرەي ! ؟ ھەممىسى ئالدىمدا ئېگىلىپ ، پوت ۋە قولۇمنى سۆيىدىغان بولىدۇ ! »

بىشىر بەگنىڭ يوغان كۆزلىرى تېخىمۇ يوغىناپ ، قەتئىي

بىر قارارغا كەلگەن مۇناپىقنىڭ كۆزىدەك ۋىلىلدايتتى . ئۇ بىر ئۇھ تارتىپ ، ھاردۇقى چىققاندەك دېرىزىگە قاراپ كېرىلدى . ئەمدى جېلىل ئوغلى خائىنلىق يولىنىڭ بېشىدا تەمتىرىمەي ، ئاياغ تاشلاپ ماڭدى...

چىرايى تېخىمۇ قارىداپ ، يوغان كۆزلىرى كۆكۈچ نۇر چېچىپ چاقناۋاتقان بېشىر بەگ تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئىشىككە قاراپ يول ئالدى . ئۇ بۇ يولغا قانداق مېڭىشنىمۇ ئويلاپ ، ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇچۇن ھويلىسىغا چىقىپ كېتىۋاتاتتى...

* *

رۇس چېرىكى ئېگىز بويلۇق ، كۆزلىرى قوڭۇر ، ساقال ـ بۇرۇتى قاپقارا ئادەمنى ئالدىغا سېلىپ ، ئۇستى چېدىرچە يېپىلغان ، قېقىلغان قاڭالتىرى قىزىل سىرلانغان بىر قەۋەتلىك ئاق ئۆيگە باشلاپ كىردى . كېچە چېگرادىن بۇ يەرگە ئەكېلىنگەن قىزىل پۇتلۇق تۇتقۇننى كۆزەينەكلىك گېنېرال تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇراتتى . كۆك سىرلانغان قوش قاناتلىق ئىشىكتىن كىرگەن ئادەم تاپىسىدىلا ئەيمىنىپ توختىدى .

ئۇستى جىگەررەڭ خۇرۇم بىلەن قاپلانغان يوغان ئۇستەلنىڭ كەينىدە كۆزلىرى كۆك ، چىرايى سېرىق ، بېشىنىڭ ئالدى تەرىپىدە چېچى قالمىغان ئۇزۇن بۇرۇتلۇق ، ساقالسىز كالپاكۇۋسكى ئولتۇراتتى . ئۇ سۆلتىنى بۇزماي ، ئورنىدىن تۇرماي ، كۆزەينىكىنىڭ ئۇستىدىن تاپىسىدا تۇرغان ئادەمگە سىنچىلاپ قارىدى .

— مۇنۇ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرغىن ، مېھمان ! — دېدى گېنېرال رۇسچىلاپ ، يەنىلا كۆزەينىكىنىڭ ئۇستىدىن قىزىل بۆكلۈك ، چىرايىدىن ئەندىشە تۆكۈلۈپ تۇرغان ئادەمگە كۆلۈمسىرىگەندەك قاراپ ، كالپاكۇۋسكىنىڭ ئالدىدىكى

ئۇستەلنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئورۇق، ئېگىز تىلماچ ئولتۇراتتى. ئۇ گېنېرالنىڭ سۆزىنى تاپسىدا تۇرغان ئادەمگە ئۆرۈپ بەردى. قارا ساقاللىق ئولتۇرايمۇ، ئولتۇرمايمۇ؟ دېگەندەك ئىككىلەنگەن ھالەتتە ئاستا كېلىپ كالپاكۇۋسكى كۆرسەتكەن، ئۇنىڭ ئۇستىلى ئالدىدىكى ياغاچ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

— ئىسمىڭ نېمە؟ — دېدى گېنېرال ئىككى قولىنى ئۇستەلگە ئېلىپ، ئالدىدا ئولتۇرغان ئادەمگە تىكىلىپ. ئورۇق تىلماچ ئۇنىڭ سۆزىنى يەنە ئۆرۈپ بەردى.

— ھوشۇر ئاخۇن! مېنى خوجايىنىم بېشىر بەگ ئەۋەتتى، — دېدى ھوشۇر ئاخۇن «خوجايىنىم» دېگەن سۆزنى ئالاھىدە ئۇنلۇك ئېيتىپ.

چېگرىدا تۇتۇۋېلىپ سوراق قىلىنغان بېشىر بەگ مالىيىنىڭ دېگەنلىرىنى گېنېرال ئاڭلىغان بولسىمۇ، يەنە ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاش نىيىتىدە سورىقىنى باشلىدى.

— سەن چېگرىدىن يوشۇرۇن ئۆتۈپ، مېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىپسەن، ماڭا دەيدىغان قانداق سۆزۈڭ بار. قېنى دېگىن! — دېدى كالپاكۇۋسكى ئالدىدا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئولتۇرغان ھوشۇر ئاخۇنغا قاراپ.

— مېنى خوجايىنىم بېشىر بەگ ئەۋەتتى. مېنى بۇياققا ئەۋەتكەن خوجايىنىم سۇيدۇڭدە سىلەرنى كۈتۈپ قالدى. مەن بۇ يەرگە سىزنى ۋە سىزنىڭ قوشۇنلىرىڭىزنى بىر پاي ئوق ئاتقۇزماي سۇيدۇڭغا باشلاپ بېرىش ئۈچۈن كەلدىم.

ئۇيغۇر تىلماچ كالپاكۇۋسكى بىلەن ھوشۇر ئاخۇننىڭ رۇسچە ۋە ئۇيغۇرچە سۆزلىرىنى ئۆرۈپ بەردى. گېنېرال كۆزەينەكنى ئېلىپ پاكىز قولياغلىقى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ ئاڭلىدى. ئۇ ھوشۇر ئاخۇننىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن كۆزەينىكىنىمۇ سۈرتۈپ بولۇپ، كۆزىگە تاقاپ خۇشاللىقى بىلەن ھوشۇر ئاخۇنغا تىكىلدى.

— سىنىڭ خوجايىنىڭ نېمە ۋەجىدىن ماڭا ياردەم قولىنى سۇندۇ ؟ ! بۇنىڭ تېگىدىكى سىرنى بىلىشكە بولامدۇ ؟ — دېدى كالپاكوۋسكى ھوشۇر ئاخۇننىڭ سۆزلىرىگە قىزىقىپ ، چىرايىغا كۇلكە يۇگۇرتۇپ .

— مەن تېگى - تەكتىدىكى سىرنى تازا بىلىپ كەتمىسەممۇ ، — بىر يۆتىلىپ سۆزىنى باشلىغان ھوشۇر ئاخۇن ئۆزى بىلىدىغان بىشىر بەگنىڭ مىجەز - خۇلقىنى دېيىش قارارىغا كەلدى ، — مېنىڭ خوجايىنىم بايلىق ۋە مەنسەپكە تولىمۇ ئامراق ئادەم . ئۇ بۇ خىزمىتى ئۇچۇن سىلەردىن ئەمەل ۋە بايلىق كۇتسە كېرەك . بۇنىڭدىن باشقا يەنە قانداق سىرى بارلىقىنى بىلمەيمەن .

گېنېرال تىلماچ ئۆرۈپ بېرىۋاتقان ھوشۇر ئاخۇننىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى . ئۇ ھەتتا خۇشاللىقىنى يوشۇرماي ، بەزىدە كۇلۇمسىرەپ كېتەتتى .

— ياخشى ! مەن ساڭا ۋە سىزنىڭ خوجايىنىڭغا ئىشىنىمەن ! شۇنداقلا سىنىڭ بىزنى بىر پاي ئوقمۇ ئاتقۇزماي ساق - سالامەت سۇيدۇڭگە باشلاپ بارالايدىغانلىقىڭغىمۇ ئىشىنىمەن ! بىزنى سۇيدۇڭ ۋە غۇلجىلارغا باشلاپ بارالىساڭ ساڭا ۋە سىنىڭ خوجايىنىڭغا كاتتا مۇكاپات ۋە مەنسەپ بېرىمەن ! — چۇشىدىمۇ كۆرمىگەن بۇ ئامەتتىن كالپاكوۋسكىنىڭ خۇمارى تۇتتى بولغاي ، سېرىق مىستىن ياسالغان يايپلاق پاپىرۇس قۇتىسىنى يانچۇقىدىن ئېلىپ ، ئېچىپ ، ئىچىدىن ئالغان بىر پاپىرۇسنىڭ مۇشتىكىنىڭ ئۇچىنى قولىدا ئېزىپ چىشلىدى . ئۇ سەرەڭگە يېقىپ ، بىر تالنى ھۇزۇرلىنىپ شوراپ ، كۆپكۆك ئىسنى پۇۋلەپ ئۆي ئىچىگە چىقاردى ، — بۇ يەرگە كەلگۇچە چارچاپمۇ كەتكەنسەن . بۇگۇن مېھمانخانىدا يېتىپ ئوبدان دەم ئالغىن…

ھوشۇر ئاخۇننى بىر كالتە چاچلىق رۇس چوكان كىرىپ ئاچىقىپ كەتتى . گېنېرال ئورنىدىن تۇرۇپ كېرىلىپ ، ئىشىككە قاراپ ماڭدى . ئۇ شۇ كۇنى چۇشتىن كېيىن قوشۇن

توغۇمۇ كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كوماندىرلىرى بىلەن يىغىن ئېچىپ ھوشۇر ئاخۇننىڭ دېگەنلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى . يىغىن تالاش ـ تارتىش ئىچىدە خېلى ئۇزاق داۋام قىلدى .

— ئىسمى نېمە ئىدى ؟ ھە ئۇنتۇپ قاپتىمەن . بىر زامانلاردا بىز ئورۇسلاردىن بىر باتۇر چىقىپ ، بېسىپ كەلگەن تاجاۋۇزچىلارنى ، يول باشلاپ بېرىمەن دەپ ئالداپ ھەممىسىنى ھالاكەت يولىغا باشلاپتىكەن . بۇ كەلگەن ئادەممۇ بىزنىڭ ئاشۇ باتۇرىمىزدەك ئادەم بولۇپ ، بىزنى ماراپ ياتقان قوشۇنلىرى ئارىسىغا باشلاپ بېرىپ كۆرگۈلۈكىمىزنى كۆزىمىزگە كۆرسەتمىسۇن ! — دېدى قايناپ سۆزلىگەن شاپ بۇرۇتلۇق رۇس كوماندىرى ، كالپاكوۋسكىغا قاراپ قويۇپ .

— ياق ! — دېدى گېنېرال ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن ، — ھوشۇر ئاخۇننىڭ ھەجىيىشلىرىدىن ، قول باغلاشلىرىدىن ، ئېگىلىشلىرىدىن ، پۈتۈن روھىي ھالەت ، تۇرغان ـ پۇتكىنىدىن بىزنى ھالاكەت يولىغا باشلايدىغان مەككارلىقى كۆرۈنمەيدۇ . ئەكسىچە بىر مەنىۋى قۇللۇق سادىقلىقى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . كەلگەن ئادەم بايلىق ، مەنسەپ ۋە شان ـ شۆھرەت تەمەسىدە ئۆرتىنىۋاتقان بىر بەگنىڭ مالىيىكەن . بىلەمسىلەر ، ئەڭ ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچى ئادەملەرلا بۇنداق يولغا ماڭىدۇ . مەن بىر ـ ئىككى كۈن ئوبدان تەييارلىنىپ ، ئاندىن قورغاس چېگرىسىغا قاراپ يولغا چىقىشنى ئويلاۋاتىمەن…

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ ، گېنېرال كالپاكوۋسكى ئۆزى باشلىغان ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇنلىرى ھوشۇر ئاخۇننى ئېلىپ يولغا چىقتى . ئۇلار چېگرىغا كېلىپ ، كېچىسى چېگرىدىن ئۆتتى ، ئادەمسىز يوللار بىلەن مېڭىپ ، بىر پاي ئوق چىقارماي تۇيۇقسىز سۈيدۈڭگە كىردى .

«كى سۆيدۈك ئىچىگە كىرىپ جاندارال ،
خالايىققا ئەيدى بۇ قىسمى ماقال...
‹ئىلە شەھرىنى بىزگە بەرسۇن › دېدى ،
«ئىبەرسۇن ماڭا تازابېكنى تۇتۇپ ،
قېرىن تويدۇرۇمەن قانىنى يۇتۇپ... › »①

ئەلاخان چار پادشاھ قوشۇنلىرىنىڭ بىر پاي ئوق چىقارماي سۆيدۈڭگە كىرگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ ئاھ ئۇردى . ئۇ ئىچ ـ ئىچىدىن ھەسرەتلىنىپ : «ئىش ئىلكىمىزدىن كېتىپتىكەن ـ دە !» دەپ يىغلاپ كەتتى...

*　　　　*

ئەلاخان تازابېك ، پالتابېكلارنى تۇتۇپ كالپاكوۋسكىغا ئەۋەتىپ بەردى . گېنېرال بۇ ئىككى قازاقنى پۇتىغا كىشەن سالدۇرۇپ ، ئالمۇتىغا ئەۋەتىپ بەردى . كالپاكوۋسكى ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن غۇلجىغا كەلدى . بوينىغا قارا ئارقان سالغان ئەلاخان ئالدىغا چىقىپ تەسلىم بولدى . بۇ ۋەقەلەر 1871 ـ يىل 5 ــ ئايدا يۈز بەردى . ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي چارروسىيە قوشۇنلىرى ئەلاخاننى بالا ـ چاقىلىرى بىلەن ئالمۇتىغا ئەكەتتى . كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن خائىن بېشىربەگ «خارۇنجالىق» دەرىجىسىگە ئىگە بولدى .

چارروسىيە ئىلىنى بېسىۋالغان ئىككىنچى يىلىدىن باشلاپ چىڭ خاندانلىقى چارروسىيە بىلەن ھەرخىل يول ۋە ھەرخىل شەكىللەردە ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدا سۆھبەت ئېلىپ باردى . بۇ سۆھبەتلەر گۇاڭشۈينىڭ 7 ـ يىلى (1881 ـ يىلى)

---

① «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانىدىن ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 1 ـ سان 44 ـ ، 45 ـ بەتلەر .

غىچە ئۈزۈلمەي داۋام قىلدى . شۇ يىلى چىڭ خاندانلىقى بىلەن چارروسىيە ئوتتۇرىسىدا «پېتىربۇرگ شەرتنامىسى» ئىمزالاندى . شەرتنامىدىكى شەرتلەرگە ئاساسەن چىڭ خاندانلىقى چارروسىيىگە توققۇز مىليون رۇبلى[1] (جۇڭگو پۇلىغا بەش مىليون توققۇز مىڭ سەر كۈمۈش) تۆلەم پۇلى تۆلەيدىغان، يەنە ئىلىنىڭ ياركەنت، بورخوجۇدىن قورغاسقىچە، ئۈزۈنتامدىن غالجاتقىچە بولغان نەچچە مىڭ كىلومېتىرلىق زېمىنىنى بېرىدىغان بولدى . چارروسىيە شەرتنامىگە ئاساسەن ئىلىنى چىڭ خاندانلىقىغا قايتۇردى . بۇ «پېتىربۇرگ شەرتنامىسى» نى ئىلى خەلقىگە شىمشارۇف گېنېرال بىلەن مۇئاۋىنى پانتۇسوفلار ئېلان قىلدى . چارروسىيە قوشۇنلىرى كېتىش ئالدىدا ئىلى خەلقىنى قورقۇتۇپ، يەتتەسۇغا كۆچۈشكە مەجبۇرلىدى .

ئاق پاشا لەشكەرلىرى،
ئالتۇن كولاپ، تاش كەستى .
دېھقانلارنى كۆچ - كۆچ دەپ
قىلىچ بىلەن باش كەستى .

ياركەنتنىڭ يولى دەيدۇ،
كۆۋرۈكىدە يوغان تاش .
بىزنى يۇرتتىن ئايرىغان
نېكولايدۇر باغرى تاش .

چارروسىيە قوشۇنلىرىنىڭ مەجبۇرلىشى، «چىڭ هاكىمىيىتىنىڭ كېلىپ ئۆچ ئالىدۇ» دەپ قورقۇتۇشى بىلەن ئىلى خەلقىدىن قىرىق تۆت مىڭ جان يەتتەسۇغا كۆچتى .

---

[1] رۇبلى — روسىيە پۇلىنىڭ بىرلىكى .

ئورۇس هارۋىسى دەيدۇ ،
ئالدى چاقى پەس ئىكەن .
خەقنىڭ يۇرتىدا يۇرۇپ
كۈن ئالماقمۇ تەس ئىكەن .

كۆچ - كۆچ دېسە قورقمامدۇ ،
كۆچۈپ كۆرمىگەن ئەللەر ! ؟
ئۆز يۇرتىغا يېتەمدۇ
بېرىپ كۆرمىگەن يەرلەر ! ؟…

بۇ كۆچكەنلەردىن باشقا ، روسىيىگە بېرىلگەن زېمىنلاردىمۇ يەتتە - سەككىز مىڭ ئادەم قالدى .

يەتتەسۇغا كۆچۈپ چىققان ئىلى خەلقىدىن بەش - ئون يىل ئىچىدە تۆت مىڭدىن كۆپ ئۆيلۈك ئادەم ئۆز يۇرتلىرىغا يېنىپ كەلدى…

گۇاڭشۈينىڭ 8 - يىلى (1882 - يىلى ) سانغۇن جىن جۇڭجىي قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئىلىغا كېلىپ ، ئىلىنى چارروسىيىدىن ئۆتكۈزۈۋالدى . جىن جاڭجۇن ئىلىنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن ، ئىلى خەلقىگە تۆۋەندىكىدەك يارلىق چۈشۈردى :

خان : «ئىلى بۇزۇلغاندا ، سىلەرگە مەرھەمەت قىلىپ ، بارلىق گۇناھىڭلاردىن ئۆتۈپ ، سىلەرنى تىنچلىقا چىللاپ بىر يارلىق چىقارغانىدى . هازىر تاشقى ئىشلار مەھكىمىسى ئىلىنى رۇسلاردىن قايتۇرۇۋالدى . مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن يەنە خاننىڭ مەرھەمىتى يېغىپ ، پۈتۈن ئىلى ئاھالىسىنى ئەپۇ ئومۇمىي قىلىنغانلىقىنى مەلۇم قىلىمەن . بۇ ئىلتىپاتتىن خانىمىزنىڭ قەدرىنى بىلىشىمىز زۆرۈردۇر .

www.uyghurkitap.com

ئىلىدىكى دېھقان ، سېتىقچى ، مالچىلارنىڭ ھەممىسى يەنە بۇرۇنقىدەك ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن خان مەرھەمىتىدە خاتىرجەم ياشىسا بولىدۇ . بۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم ھېچكىمگە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلمىسۇن !… »

ھاكىمبەگ ئوردىسىغا مەزەمزات ئۆلتۈرۈلگەندە ، ئىلياسخان دېگەن ئىسمىنى ئاتاشتىن قورقۇپ «بوۋاق خوجا» دېيىلگەن مەزەمزات ئوغلى ھاكىمبەگ بولدى .

گۇاڭشۈينىڭ 11 - يىلى (1885 - يىلى ) شىنجاڭدا مەمۇرىي ئۆلكە تەسىس قىلىش ، ۋىلايەت ، ناھىيىلەرنى ئايرىپ قۇرۇش باشلاندى . گۇاڭشۈينىڭ 14 - يىلى (1888 - يىلى ) ئىلى ۋىلايەتلىك مەھكىمە ۋە ناھىيىلىك ھاكىم ئىدارىلىرى قۇرۇلۇپ ، ئەمەلدارلار تەيىنلەندى .

2003 - يىل 18 - ئاپرېل ، غۇلجا

**图书在版编目(CIP)数据**

拱北陵的奥秘/买买提江·沙地克著.—乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2006.5
ISBN978—7—5371—5428—4

Ⅰ.拱… Ⅱ.买… Ⅲ.历史长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2006)第019136号

责任编辑：**尼加提·穆合力斯**
责任校对：**阿不力孜·阿巴斯**
封面设计：**阿里甫·夏**

**拱北陵的奥秘**（维吾尔文）
（历史长篇小说）
**买买提江·沙地克　著**

---

**新疆青少年出版社出版**
**（乌鲁木齐市胜利路二巷1号　邮编：830049）**
**新疆新华书店发行**
**新疆金版印务有限公司印刷**
**850×1168毫米　32开本　18印张**
**2006年5月第1版　2007年9月第2次印刷**

---

ISBN978—7—5371—5428—4　**定价：**30.00元
**如有印刷装订问题请直接同出版社调换**